مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىكىدىن
ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئادىل ئېزىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔古典文学概论/海热提江·乌斯曼编著. —乌
鲁木齐：新疆人民出版社，2001.6
ISBN 7—228—06435—6

Ⅰ.维…　Ⅱ.海…　Ⅲ.维吾尔族—古典文学—文
学研究—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.1207.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 031004 号

责任编辑：热依拉·热目赞
责任校对：阿依古丽·沙比提
封面设计：阿迪里江·阿依提

维吾尔古典文学概论　（维吾尔文）

编著　海热提江·乌斯曼
审订：阿迪里·艾则孜

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市印刷厂印刷
787×1092 毫米　16 开本　28.5 印张
2001 年 6 月第 1 版　　2001 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—3,000

---

ISBN7—228—06435—6/I·2389　定价：38.00 元

# مۇندەرىجە


سۆز بېشى ........ 1

مۇقەددىمە ........ 1

I باب. تىل ۋە يېزىق ........ 1

§ 1 . تىل ........ 1

§ 2 يېزىق ........ 7

II باب. قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ........ 13

§ 1 . قەدىمكى قوشاقلار ........ 13

§ 2 . ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ........ 23

§ 3 ئېپوسلار ........ 32

III باب. تارىم-تۇرپان بوستانلىقىنىڭ بۇددا مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات-سەنئىتى ........ 43

§ 1 . تارىم - تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى بۇددا ئەدەبىياتى ........ 43

§ 2 . نوم-سۇترا ئېلىپ كېلىشكە دائىر ھېكايىلەردىكى بۇددا ھېكايىلىرى ........ 44

§ 3 . تارىم - تۇرپان بوستانلىقىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەر ........ 45

§ 4 . بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ........ 45

§ 5 . يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ........ 50

§ 6 . تەرجىمانلار ۋە شەرھشۇناسلار ........ 51

IV باب. ئورقۇن دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ........ 53

§ 1 . ئومۇمىي ئوبزور ........ 53

§ 2 . «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» ، «خۇئاستۇئانىفت» ، «ئىرق بىتىگ» ........ 56

§ 3 . مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ........ 61

V باب. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ........ 75

§ 1 . ئومۇمىي ئوبزور ........ 75

§ 2 . شېئىرىيەت ........ 76

§ 3 . نەسرىي ئەسەرلەر ........ 90

§ 4 . دراماتورگىيە ........ 94

VI باب. قىتان - لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ........ 99

§ 1 . ئومۇمىي ئوبزور ........ 99

§ 2 . شياۋگۇەنيىن، شياۋسېسې ........ 103

VII باب قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ........ 105

§ 1 . ئومۇمىي ئوبزور ........ 105

§ 2 . ئەبۇ ناسىر فارابى ........ 111

§ 3 . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........ 120

§4 . مەھمۇد كاشغەرى ...... 141
§5 . ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى ...... 150
VIII باب موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... 155
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ...... 155
§2 . خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئەدىبلەر ...... 157
§3 . ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغانلار ...... 166
IX باب چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... 172
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ...... 172
§2 . ناسىرىددىن رابغۇزى ...... 177
X باب. تۆمۈرىلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... 189
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ...... 189
§2 . ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەتائى، سەككاكى ...... 193
§3 . ئەلىشىر نەۋائى ...... 204
XI باب يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... 254
§1 . ئومۇمىي ئوبزور ...... 254
§2 . مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ...... 257
XII باب خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات ...... 266
§1 . سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ...... 266
§2 . مۇھەممەد ئىمىن خىرقەتى ...... 275
§3 . مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ...... 284
§4 . مۇھەممەد خاراباتى ...... 300
§5 . نەۋبەتى ...... 306
§6 . ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك نامايەندىلىرى ...... 313
XIII باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...... 315
§1 . سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال ...... 315
§2 . مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ...... 330
§3 . قەلەندەر، ئەھمەدشاھ قاراقاشى ...... 335
§4 . نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى ئاخۇن غەرىبى ...... 346
§5 . ئابدۇرېھىم نىزارى ...... 362
§6 . موللا شاكىر ...... 381
§7 . موللا بىلال نازىمى ...... 391
§8 . موللا مۇسا سايرامى، سابىر ئاخۇن ناقىس، ئابدۇقادىر داموللام ...... 411
§9 . ھۈسەيىنخان تەجەللى ...... 422
پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ...... 430

# سۆز بېشى

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى غەيرەتجان ئوسمان تۈزۈپ، 1996 ـ يىلى سىناق شەكلىدە بېسىلىپ ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك ماتېرىياللار باشقارمىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغان نۇسخىسى ئاساسىدا نەشر قىلىندى.

بۇ كىتابنى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن باشقا ئالىي مەكتەپلەر، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە چوڭلار مائارىپ ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن كەسپىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.

# مۇقەددىمە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمىز دېگەندە ئۇنىڭ بەلگىلىك سەۋەبى بار. مۇئەللىپلەر «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسى بار مىللەت پەقەت ئۇيغۇر مىللىتى»[①] دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېما يارىتالىغىنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقىدا. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىش بىرقەدەر مۇرەككەپ خىزمەت. شۇنداق بولسىمۇ بىز دەسلەپكى قەدەمدە ماتېرىياللار ئاساسىدا، مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە.

ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، گۈزەل، يارقىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا باشلىغان. بۇ خىل گۈزەل ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بىر تەرەپتىن ئېغىز ئەدەبىيات شەكلى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن قىيا تاش سىزمىلىرى (سۈرەتلىرى) شەكلى بىلەن تارقالغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەمگەكچى ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن. لېكىن، تىل ئەدەبىيات - سەنئەتتى ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەنىدى. «ياۋايىلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئېسىل خۇسۇسىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى... تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنى شۇنچە دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىقتىدارنىڭ رولى بىلەن چۆچەك، لەتىپە، رىۋايەت قاتارلىق خاتىرىلەنمىگەن ئەدەبىيات شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئىنسانىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن».[②] بۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات پۈتۈنلەي ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ياراتقان، ئۇ ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىگە ئىگە. كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق مەنبەسى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىياتى ئىدى. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات يالغۇز ئاغزاكىلىق جەھەتتىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەنئەنىسىنى بەرپا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشتەك بۇ تۈپ خاراكتېر جەھەتتىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بىردەك

---

① مىڭ چىڭبى، لۇلۇلۇ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 11 - سان، ئۈرۈمچى.

② ك. ماركس «مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1978 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 54 - 55 - بەتلەر.

بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىيا تاش سىزمىلىرى يېرىم يازما ئەدەبىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، قۇرۇم ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى، ئورقۇن - يېنىسەي (ئېنەساي) دەريا ۋادىلىرى ۋە چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيالىرىغا، جىلغىلىرىغا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، يەنى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، جەڭگى - جېدەللەر، ھەرىكەت - قىلىقلار، كىيىنىش ئادەتلىرى، تېۋىنىش (چوقۇنۇش) ئادەت - يوسۇنلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن سۈرەتلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ سىزىلدى، ئويۇلدى، ياسالدى. مانا بۇلار ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن سۈرەتلىك ئەسەرلەر ياكى قىيا تاش ئەسەرلىرى ئىدى. بۇ قىيا تاش سۈرەت كۆرۈنۈشلىرىدىكى بىرمۇنچە ئادەتلەر، مەسىلەن ھايۋان ئېتىقادچىلىقى، ئاسمان جىسىملىرى (ئاساسلىقى قۇياش) ئېتىقادچىلىقى، جىنسىي ئەزالارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن سەۋىيىدە تەسىرىنى ساقلاپ كەلدى. «ئوغۇزنامە»، «توڭا ئالپ ئەر»، «بۆرە تۆتېمى ئەپسانىلىرى»، «دەرەخ تۆتېمى ئەپسانىلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ئەپسانىلىرى»، «ئوماي ئەپسانىسى»، «قۇلباق ئەپسانىسى» قاتارلىقلار كېيىنرەك قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە قىياتاش سۈرەتلىرى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ.

قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانشۇناسلار خېلى ئىلگىرىلا بايقىغان ۋە ئىلمىي كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مۇشۇنداق قاراشقا ئاساسلانغاندا: «قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خىيالى، تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالىتى ئارقىسىدا ئەپسانىۋى تۇيغۇ بىلەن تويۇنغان تەرتىپ بار… ئەپسانە بىلەن قىيا تاش رەسىملىرى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن… گەرچە ھەر بىر رەسىم بىلەن ھەربىر ئەپسانە ھېكايىسى ئوتتۇرىسىدا قېلىپلىق (گرامماتىكا) مەۋجۇت بولمىسىمۇ، قايسى رەسىمنىڭ قايسى ئەپسانە ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، قىياتاش رەسىملىرىنى ئەپسانە ھېكايىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىمىز» دەپ يازىدۇ فرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس لېۋ سترائوس.①

شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىدىكى مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدا ئىپادە قىلىنغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئومۇمىي (ماكرو) جەھەتتە بۇددىزم ئىدىيىسى تەرغىباتى ئۈچۈن سىزىلغان، بۇددا ئىجادچىلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئىپادە قىلغان دېيىلسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئالىملار، بۇ تاش غار تام رەسىملىرىدە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىيا تاش سىزمىچىلىقىدىكى كۆرۈنۈش ئالامەتلىرى، مىللىي مەھەللىي تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھەرىكەت ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۆز ئەكسىنى تېپىپ تۇرغان دەپ قاراشماقتا. بۇنىڭغا قاراپ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان قەدىمكى تارىملىقلار ۋە قوچولۇقلار، ئۆزلىرىنىڭ ساپ بولغان ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىچىلىقىنى، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تەدرىجىي يوسۇندا يېڭىلاپ بارغان

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 4 - سان 23 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل.

ھەم قوشنا خەلقلەر مەدەنىيىتى ۋە ھەر خىل دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىغان. مىڭئۆيى تام رەسىملىرىدە شىنجاڭلىقلارنىڭ مىللىي، يەرلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭمۇ ئىپادە قىلىنىپ تۇرغانلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسىنى ئازغاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىزگە، شۇنداقلا ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە پايدىسى بار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىلىرى، ئەپسانە - رىۋايەت، ئېپوسلار ۋە مىڭئۆيى تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچى تارىم ۋادىسىدا يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يېزىق تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن - ئاگنى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نەچچە خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇلارنى شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە مۇھىم مەنبە ئاساسى بولغان قوۋملەر ئىشلەتكەن. تارىملىقلار ئىشلەتكەن يېزىقلارنىڭ كۆپى ئاساسەن قوشنا رايونلاردىن كەلتۈرۈلگەن، بۇ يېزىقلاردا يارىتىلغان يېزىق ۋەسىقىلىرىمۇ قوشنا خەلقلەرنىڭ دىنىي دەستۇرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى بولغانىنىڭ سىرتىدا يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار. تەرجىمە ئەسەرلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان.

مىلادى V ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تەرەققىيات جەريانىدا، تارىملىقلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەلگىلىك گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، ئاگنى، قوچۇ قاتارلىق جايلاردىن بۇددا سىڭا، كۇماراجىۋا، ۋېيسا كۇيچى، سىكسانادا، خۇيلىن قاتارلىق داڭلىق بۇددا تەرجىمانلىرى، شەرھشۇناسلىرى ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ئۆز شۆھرىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ رايونىدا تېخىمۇ كەڭ يايغاندى. ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋىساسىلا، ئۇدۇن مەلىكىسى سىمرا قىزى قاتارلىقلار شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، مىللىي يازما ئەدەبىياتنىڭ دولقۇنلۇق باشلانما قاينىمىنى ھاسىل قىلغان.

مانى دىنى مۇھىتىدا يارىتىلغان داستان «خۇئاستۇئانفت» (توۋا دۇئانامەسى) مىلادى V — VII ئەسىر ئارىلىقىدا بوتۇرمىش تارقان تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. ئورقۇن تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە يېزىلغان بۇ داستان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يازما شەكلىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.

ئورقۇن ۋادىسىدىكى شىمالىي قۇملۇق (غوبى - گوبى) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىن تا IX ئەسىرگىچە بولغان بىرقانچە ئەسىر جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ قېتىملىق ھوسۇلىنى يىغقاندىن باشقا، مىلادى VI ئەسىرگە كەلگەندە يېزىق بەلگىلىرىنى تۇرمۇشقا تەدرىجىي تەتبىقلاپ ھۆججەتلەر، جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى خاتىرىگە چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ۋاسىتە قىلغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەھىپىسىنى ئاچتى. تونيۇقۇق، كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، بايانچور مەڭگۈ تاشلىرى، يازما ھالەتتە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياراتقان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان يازما ئەدەبىيات بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك قوۋملار ياراتقان غەيرىي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات تەبىئىي يوسۇندا بىر پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى»نى بارلىققا كەلتۈردى. ئاپرىنچور تېگىن، سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، پىرتانراكشىت قاتارلىقلار تۇرپان ۋە جىمىسارنى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى. مىلادى IX ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان بۇ 1000 يىللىق ئۇزۇن تارىخ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىنى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يىلنامىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلسۇن ياكى پارچىلانسۇن، شىنجاڭغىلا مەركەزلەشسۇن ياكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قوشنا رايونلار، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك— خېنزۇ رايونى، يەتتە سۇ، پەرغانە، ماۋارەئۇننەھر، خوراسان رايونلىرىدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇدۇملۇق ئادەتنى تاشلاپ قويغان ئەمەس. جانبەگ، سەيدۇللا، گۇەن يۈنشى، رابغۇزى، مەۋلانە لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى، قېدىرى، ئايازى، ھىرقەتى، نەۋبەتى، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق، نىزارى، موللا بىلال، موللا نىياز، ناقىس، تەجەللى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر 1000 يىللىق سەلتەنەتلىك ئەدەبىياتنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنلىرىدا مەردانىلىك بىلەن ئۈزۈپ نەتىجە ياراتقان ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئەسىردە ئۆزىگە خاس سالاپەت بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىدە جەۋلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي دىت يېقىدىن بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن، ئۆز جەمئىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئەرلەرنىڭلا قەلبىنى ئىزھار قىلغۇچى مەنىۋى ۋاستە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭمۇ نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، سىلىغ تېگىن، شياۋ گۇەنيىن، شياۋسىبېي، ئامانىسا، زىلەيخا بېگىم، زۇلفىيە كاشغەرى، مۇترىبان كاشغەرى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپىس ۋە جىلۋىدار شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بېيىتقان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتورلار قوشۇنى ھەر ساھە، ھەر تەبىقە ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خاقان، ۋەزىر، شاھزادە، قوماندان، بەگ، قازىلار، پۇقرالار، يەنە مۇئەللىملەر، دېھقانلار، ئوۋچىلار، تېۋىپلار، تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر، ئەما، ئاجىز بىقورۇلار، كاسىپلار ۋە باشقىلار بار.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان.

قىيا تاش سىزمىلىرى، ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، مىڭئۆيي تام سىزمىلىرىدىكى ئوبراز ۋە پېرسوناژلار خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يادلىنىپ، تەسىرىنى ساقلاپ، كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقا كىرىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇماي ئىلاھى ئوبرازى دەسلەپ ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ئوبراز ئىدى. ئۇ ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرىدا ۋە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ

خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە خىسلەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈل ئوماي ئانىغا دائىر تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. توڭا ئالىپ ئەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرلىك ئوبراز، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»لەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا سۆزلىنىپلا قالماستىن، بەلكى «تارىخىي رەشىدى» ۋە نىزارى داستانلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر داڭلىق ئوبراز ئوغۇزخان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەردە، مەسىلەن «ئوغۇزنامە»، «جامىئۇتتە ۋارىخ»، «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك»، «چىڭگىزنامە»، ھەتتا «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. نۇر (يارۇق) ئەپسانىسىنى سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ تېخىمۇ قىزىق، نۇردىن پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانە ئەسلى «ئوغۇزنامە» ۋە «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»دە ئەدەبىيات شەكلى سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان، ئۇ كېيىن «تەزكىرەئى بۇغراخان»دىن تارتىپ، «تارىخىي ھەمىدى»گىچە بولغان ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىزچىل يوسۇندا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئوبرازلارنى سۆزلەشكە بولىدۇ. ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۇزۇن يىللىق خام ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىندى.

ئۈچىنچى، كۆپ خىل تىل - يېزىقتا ئىپادىلەنگەن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى ھەر خىل ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ مىللىي گەۋدىگە قاتناشقان قوۋملەر ئوخشىمىغان تىل - يېزىقلارنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملەرمۇ باشقا مىللەت تىل - يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بەزىلەر شىنجاڭدا تۇرۇپ، قوش تىللىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلەر، باشقا رايونلارغا بېرىپ، باشقا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن «بۇغۇت مەڭگۈ تېشى» سوغدى تىل - يېزىقىدا يېزىلغان، «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان. كۇماراجىۋا، سەيدۇللا، گۇەن يۈنشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت قىلغان، فارابى، مەھمۇد كاشغەرى ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ، ئەرەب تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. نەۋائى، لۇتفى، مىرزا ھەيدەر، سەئىدى، ئەرشى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى ھەم پارس تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نوقۇل ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ئەدەبىيات ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى ئىجادىي، بەدىئىي ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەر خىل بولغان.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلار رېئالىزم، رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، سىمۋولىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرى بويىچە يېزىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. يەنە ئاپتورلار كلاسسىكىزم، گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئېقىملار تەرەپدارى بولۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دىققەت قىلماي ئۆتەلمەيمىز. بەزى ئەسەرلەر نوقۇل بىرەر ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ يېزىلغان، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەردە رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان، شۇنداقلا يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئىككى مېتودقا سىمۋولىزملىق

مېتودىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. ۋەھالەنكى، بىر خىل ئىجادىيەت مېتودى ھامان يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. لېكىن، رېئالىزم باشتىن - ئاخىر ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى بولۇش رولىنى ساقلاپ كەلگەن.

بەشىنچى، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسلۇب، ئەدەبىيات سىستېمىسى يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىشىنى ئاساس قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن، كېيىن دراماتورگىيە قوشۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللەنگەن.

ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار، جۈملىدىن پېرسوناژلاردا مىللىي خاراكتېر، مىللىي سالاپەت ۋە ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان، شۇڭا ئوغۇزخان، تونگا ئالپ ئەر، تونيۇقۇق، مويۇنچۇر، قاراخان، ئۆگدۈلمىش، نەۋرۇز، پەرھاد، رابىيە، نوزۇگۇم قاتارلىق ئوبرازلار تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا ھەر خىل ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوۋچىلار، چوپانلار، دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەر، دانىشمەنلەر، ئەقىللىق يىتىملەر، ئادىل شاھلار، پاراسەتلىك قىزلار، سادىق دوستلار ئوبرازىمۇ روشەن مىللىي خاراكتېرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ مول، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ماھىر ئىدى. ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ مۇئەييەن مۇھىتتىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئالەمشۇمۇل، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇكەممەل ھەم ئۆزگىرىشچان قىلىپ سۈرەتلەپ بېرەتتى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، باش قەھرىماننى خۇددى زۇلمەت كېچىدە بىر نۇرلۇق مەشئەلنى كۆتەرگەندەك، تېگىرقاش ئىچىدە ئۈمىدنى كۆرەلەيدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ئىشەنچىنى ئاشۇرالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى يورۇق تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەملەر ئوبرازىدىن باشقا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ئوبرازلارنى يارىتىش ۋە مەھەللىيلىككە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبار قىلىنغان. مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرىدىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە نۇر؛ ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە؛ زېمىندىكى شەيئىلەردىن تاغ، دەريا، سۇ، يايلاق، بۇلاق، كۆل، تاش، ئورمان، گۈل - گىياھ، چېچەك، ئالما، پىستە؛ ھايۋانلار، يەنى كېيىك، بۆرە، ئات، تۈلكە، شۇڭقار، قوي، بۇلبۇل (سۇندۇلاچ)؛ خىسلەتلىك سانلار، يەنى 3، 7، 9، 18، 40 (ياكى 41)، 360 قاتارلىقلار، ئادەملەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدىن يۈرەك، جىگەر، كۆز، قاش، كىرپىك، چاچ، خال ياكى قامىتى ۋە پۇل - ئاقچىلاردىن، ئالتۇن، كۈمۈش، تىللا، سەدەپ، ئۈنچە، مەرۋايىت قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىيلىك، دائىملىق ئوبرازلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپ سانلىق ئەسەرلەردە ئۈنۈۋېرسال تۇرمۇش مەنزىرىسى كۆرسىتىلىدۇ. يەنى چوپانلىق تۇرمۇش، ئېكىنچىلىك تۇرمۇش ۋە شەھەر تۇرمۇشى قاتارلىقلار. شۇڭا، بىر پارچە ئەسەرنى مەيلى چارۋىچىلار مەيلى دېھقانلار مەيلى كاسىپلار ياكى ئۆلىمالار، بەگ - قازىلار ئوقۇسۇن، ھەممىسى ئۆزىگە خاس مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «رابىيە ۋە سەئىدىن» قاتارلىقلارنى

مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە بىر قاتار ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، داستان، قىسسىلەرنىڭ باشلىنىشى، راۋاجى ۋە ئاياغلىشىشىدا بىر خىل ئۇدۇملۇق ئادەت بار. ۋەقەلىك يۈنىلىشى كۆپ لىنىيىلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايىدۇ. كۆپ چاغلاردا ۋەقەلىك دولقۇنسىمان راۋاجلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى بىلەن تاشقى قىياپىتى ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشتىن ـ ئاخىر ئىلغار (ئاكتىئۇئال) ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

ئۇنىڭدا خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئۆزەك (يادرو) قىلغان ھالدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئىلغار ئامىللار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلق، ۋەتەننى سۆيۈشكە، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكار بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەن. خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ روشەنلىكى خەلقنىڭ ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلىش، ئادالەتكە ئىنتىلىش، يورۇقلۇق ئىزدەش قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. بىرمۇنچە ئەسىرلەردە زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى مەدھىيىلەنگەن. ھەققانىيەتنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىپادىلەنگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق قارا كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا «ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى ئىزھار قىلىش» تەكىتلىنەتتى. سىياسىيغا ۋە ئەخلاق ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. «قۇتادغۇبىلىك»تە شېئىر ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئارمان بايان قىلىنغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى قائىدە سۆزلەش، ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئەزگۈلۈكنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىبلىرى ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قىلدىن نازۇك تەپەككۇر يولى، قىلىچتىن ئىتتىك تىل بىلەن سۆزلەر دېڭىزىغا كىرىپ، نەپىس ۋە تېرەن سۆز ئۈنچە ـ گۆھەرلىرىنى قېزىپ يېزىلغان ئەسەر جاھانغا تاراپ، مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالىدۇ» («قۇتادغۇبىلىك» 909 ـ 61 ـ بەتلەر) دېگەن ئىجادىيەت پرىنسىپى مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى قەھرىمانلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىك، ئادالەت، چىن مۇھەببەت، ئەمگەك، ۋاپادارلىق، ياخشىلىق، راستچىللىق، مەردلىك قاتارلىق ئىدىيىلەرنى تەرغىب قىلىش، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قىلىقلارنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، كېيىن يەنە مەرىپەتچىلىك، ھەققانىيەت، گۇمانىزم، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، ھۆرلۈك ئىدىيىلىرى قوشۇلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رومانتىك مەزمۇنلىرى ئىچىدە غايىۋى ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى تېما ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇنداق غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى قوچۇ ئۇيغۇر شېئىر ـ قوشاقلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى، ھىرقەتى، ئاياز شىكەستە، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق، مۇھەممەد خەراباتى قاتارلىقلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىمۇ نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن، يەنى پۈتكۈل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئومۇمەن شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى ئاساسلىق ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيىتى قىلغان. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىق ئەنئەنە سۈپىتىدە زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، شېئىرىيەت بەزىدە بىردىنبىر ئەدەبىي شەكىل بولۇپمۇ كەلگەنىدى؛ ئۇزاق تارىختا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئاساسەن شېئىرىيەت تارىخى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تاكامۇللۇقنى ئىزدەش ۋە شېئىرغا كوللېكتىپ ئىشتىياق باغلاش تارىخى بولغان. بۇ ھال شېئىرىيەتنىڭ نەسرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى، نەسرىي ئەسەرلەردە ئاساسەن گۆدەكلىك ھالەت ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ شائىر مىللەت (ياكى شېئىرىيەت مىللىتى) سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شېئىرىيەت ئۇيغۇر مەنىۋى تەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئارىسىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭگەن. كەڭ ئەدەبىياتچىلار ۋە كىتابخانلار شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىخلاس قويغان. كەڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ، سەنئەتلىك تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، مەكتەپ، مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان. مەرىكە - سورۇنلاردا دېكلاماتسىيە قىلىنغان. توم - توم دىۋان، باياز، كۇللىياتلار چىداملىق خەتتاتلار تەرىپىدىن ھۆسۈن خەت بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ساقلانغان؛ شېئىرلار «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئوقۇلغان، خەلق ئاممىسى شائىر ۋە شېئىرلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قەدىرلىگەن.

شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم گەۋدىلىك نامايەندىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن، يەنى دىۋان - كۇللىيات تۈزۈش ئېنىق مەقسەت قىلىنغان. لىرىك غەزەل ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ زامانغا بولغان قارىشى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن. داستانچىلىق بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە دەپ قارالغان. ماۋزۇ تاللاشقا دىققەت قىلىنىپ، ئۆزگىچە ماۋزۇ قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، يەنى ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ماۋزۇ قويۇلغان. شېئىرلارنىڭ تېمىسى ئومۇمەن ئەخلاقنى تەرغىب قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلگەن؛ غايىۋى پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت، غايىۋى يار ئوبرازىنى يارىتىش ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

شېئىرىي تارىخ يارىتىش، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشكە خۇشتار بولۇش، ئاپتورلار قىسقىچە تەرجىمھالىنى شېئىرىي مىسرالىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتى دولقۇنلۇق ئۆركىشىنى كۆۋەجىتىپ ئۆتكەن 1000 يىللىق ئۇزۇن بىر جەرياندا، ئەدىبلەر ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان يىللىرىنى ئىزچىل يوسۇندا شېئىرىي تارىخ شەكلىدە، يەنى ئەبجەت ھېسابى بويىچە يېزىپ قويغان، يەنى يىلنامە ئەسەرنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى ۋە ياكى ئوتتۇرىلىرىدىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر يېرىدە تېپىشماقتەك يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئادەت ئىدى.

ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى ھەرخىل ھادىسە، ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەرخىل. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى، تەۋەررۈك ئانا

شەھىرىنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغانلار ئەڭ كۆپ. بۇلاردىن باشقا، نۇر ـ يورۇقلۇققا تەلپۈنۈپ، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، ئارزۇ ـ غايىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇش قىسمەتلىرى، بولۇپمۇ غېرىب ـ بىچارىلىك، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك، ئىشق ـ ھىجران، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش بۇلاردىن باشقا، ئاددىي ـ ساددىلىق، كەمتەرلىكنى، ئېسىل خىسلەت، بەلەن خۇلق ـ مىجەزنى، كۈي ـ ئاھاڭلارنى، ھەتتا ئۆز ئىسىملىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ئومۇمەن، بىز تەخەللۇسلار ئارقىلىق كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالايمىز.

ھەرپى ئوبراز يارىتىش، سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر ماھارەت. ئاپتورلار ھەرپلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، رەت تەرتىپى، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شېئىرلاردا ھەرپى ئوبراز يارىتىشتەك بىر خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھەرپلەر ئارقىلىق سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش، مۇئەمما يەنى تېپىشماق شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ خىل ئادەت يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ، تا تەجەللىگىچە داۋاملاشقان. ھەرپى ئوبراز ياراتقاندا بىرى بىرەر ھەرپنىڭ يەككە ھالدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەنە بىرى ئېلىپبە سىستېمىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپلىك ئورنىغا ئاساسەن ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىر يېزىشتىكى بىر ماھارەت ئىدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەدىئىيلىككە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇلغان، ئۇنىڭ شەرتلىرى كۆپ جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. شائىرلار قاراتمىلىقى بولغان، ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشنى كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

پېكىردىكى مەنە چوڭقۇرلۇقى، ۋەقەلىكتىكى ئاكتىۋاللىق، لىرىك ۋە ئېپىك ئوبرازلاردىكى خاسلىق ۋە تىپىكلىك، يېشىمدىكى مەقسەتدارلىق قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئاساسىدا ئىجابىي ۋە يۈرەكلىك پېكىر بايان قىلغان. مىللىي سالاپەت ۋە قىياپەتكە ئىگە جۇشقۇن خاراكتېرلەر يارىتىلىپ ئوقۇرمەنلەرنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارشى ئاساسىدا تەربىيىلەشكە بىر ئۆلۈش ھەسسىسى قوشۇلغان.

ئاپتورلار ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. جۈملە تۈزۈلۈشى، ئەسەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى، ۋەزىن، تۇراق، رىتىم، قاپىيە، ئىنتىزام، شەكىللىرىگە كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئەدىبلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەدەبىي پرىنسىپ تۇراقلىق يوسۇندا ئىجابىي تەتبىقلانغان.

تەسۋىرى ۋاسىتىلەر كۆپ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولغان. قويۇق مىللىي ئۇسلۇبتىكى تىل، مەزمۇن ۋە شەكىلدىن باشقا تەسۋىرى ۋاسىتىلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. تەسۋىرى ۋاسىتىلەرنىڭ رەڭدارلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ، بىزنى باي ھايات كارتىنىسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتور، مۇئەللىپلەرنىڭ كۆپى دېگۈدەك ئېنسىكلوپېدىستىك شائىر، يازغۇچىلار ئىدى. مۇئەللىپلەر ئەينى شارائىتتا دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى نىسبەتەن مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئەكس

ئەتتۈرگەن. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي، پەلسەپىۋى
مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر مەنىۋى
ھاياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا تۇتاشقان، ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئىدىيە (ياكى پەلسەپە) تارىخ،
ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، فولكلور قاتارلىق پەنلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئەھمىيەتلىكتۇر.
ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنى باشتىن
كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلام بويىچە ئەكس
ئېتىپ ماڭغان. مەسىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر
ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تارىخىي مەنزىرىلەر نامايان قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتى-
نىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ساددا قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇر
ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىدا بولسا پەقەت خاقانلارنىڭ تۆھپىلىرىلا خاتىرىلەن-
گەن بولماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر بايانلار كونكرېت ھەم ئوبرازلىق بايان
قىلىنغان. «تارىخىي كاشغەر»، «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تارىخىي رەشىدى»، «تەزكىرە-
ئى ئەزىزان» «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىقلار فېئودالىزم جەمئىيىتى ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلەردۇر.① دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەرقايسى
ئىجتىمائىي باسقۇچلاردىكى رېئال تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن
كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشاپ، ئىلگى-
رى - كېيىن بولغان ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى،
زوروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ
دىنلارنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتمەي قالمىغان،
ھەتتا بەزى ئەسەرلەر قويۇق دىنىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇلارنى «دىنىي ئەدەبىيات» دەپ
ئاتىلىپ كېلىنگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. شۇ نەرسە تولىمۇ روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىپ، شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۆرپ - ئادەت
مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي مەدەنىيەتنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى توختىغان ئەمەس. ئۇلار بىرلىكتە
ئىلگىرىلەپ، مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىغان. نوقۇل دىنىي مەزمۇنغا ئىگە ئەسەر دەپ قارالغانلار-
دىن خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئەخلاق - ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئوي - پىكىرلىرىنى
بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇر تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قاراشلىرى-
نى مەنبە، ئۆزەك قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت
تەسىرى بىلەن قوشنا رايون خەلقلەر مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇنداق-
چە ئېيتقاندا، شىنجاڭ دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت رايونى
جوڭگۈيۈەن - خەنزۇ مەدەنىيەت رايونى ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى
ۋە گرېك - رىم مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقان رايون. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، بۇ
مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرخىل نىسبەتتىكى ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ساياھەت ئەدەبىياتى جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى سۆزسىزكى قىممەت-

① بۇ يەردە ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

لىكتۇر. يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر دىپلومات رابىبان ساۋما يازغان «رابىبان ساۋما ساياھەت خاتىرىسى»[1]تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن بىر جۇڭگولۇقنىڭ غەرب دۇنياسى ھەققىدىكى تۇنجى ساياھەت خاتىرىسى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا زەللىنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن ساياھەت خاتىرىسى داڭلىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مۇنچە ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەيلە - ساياھەت، يۇرت كېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ تۇرمۇشلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

توققۇزىنچى، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتقا قەدىمدىن بېرى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىلادى V - VII ئەسىرلەردە «خۇئاستۇئانىفت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا روياپقا چىققان. ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، ئاگنى (قارا شەھەر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئېزوپ مەسەللىرى»، «ئىنجىل»[2]، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنزىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «زەپەرنامە»، «قۇرئان»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قابۇسنامە» قاتارلىقلارنى مەۋلانە لۇتفى، موللا خامۇش ئاخۇن، ئابدۇللا مەخدۇم، موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاتارلىقلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققاندى. («قۇرئان» نىڭ تەرجىمانى ئېنىق ئەمەس) بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئېزوپ مەسەللىرى»، «مايتىرى سىمىت»، «قۇرئان»، «قابۇسنامە»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھنامە» قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، يالغۇز ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان زامانلاردا تېخى جۇڭگودا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تىلدىكى تەرجىمىسى ئىشلەنمىگەندى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ تەرجىمە ئەدەبىيات تارىخىنى زور دەرىجىدە بېيىتقانلىقى بىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ چەت ئەل تىل سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تەقلىدىي ئەدەبىيات» يارىتىشتەك بىر خىل ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ دېگەنلىك، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىش دېگەنلىك. بۇنىڭغا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇھەببەت داستانلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق داستانلاردىكى ئوبرازلار باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەيلى تەرجىمە ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى تەقلىدىي ئەدەبىيات بولسۇن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

ئونىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق - غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى تەرەپتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك.

---

① بۇ ئەسەر پارسچە يېزىلغانىكەن.
② بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلدى.

ئۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەتلىك ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن، يەنى ئۇنىڭدىن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بەزى مەشھۇر ئۈلگىلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئىككى داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە پەرھاد ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىنىڭ شەرققە يۈرۈشىدە چىن شاھىغا بەرگەن «جاھاننەما»سى ئارقىلىق ئەرمەن مەلىكىسى شىرىنىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ۋىسال سەپىرى باشلىغان پەرھاد چىن خەلقىنىڭ ھۈنەر - ماھارىتى ۋە گرېك مۇتەپەككۇرى سوقراتنىڭ ئۆگەتكەن ھېكمىتى بىلەن قوراللىنىپ، شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر»دە گرېك شاھزادىسى ئىسكەندەرنىڭ غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىسى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ داراغا قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا تايىنىپ، شەرقتە ئادالەت ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. نەۋائى گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تۆپەيلى تارىختىكى ئىسكەندەردىن تۆپتىن پەرقلىق بولغان غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ھاكىم مۇتلەقلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى «راھەتۇل قۇلۇب» (قەلب ھۇزۇرى) دا چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ئوبرازى يارىتىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىرمۇنچە داستانلار ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر داستاندا چىنلىق پادىشاھ، شاھزادە، مەلىكە ئوبرازى، ھىندى پادىشاھى، شاھزادىسى، مەلىكىسى، ئىران، ئەرمەن، ئەدەن، باغدادلىق ھەر خىل ھەر نۇسخىدىكى ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. بۇلارنى، ئېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، بۇ ئەسەرلەردە چىن خاقانى، خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفىئوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركەردىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا مۇنداق قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش تەس.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا ئېچىۋېتىلگەن بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا يۈزلەنگەن.

ئۇ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىلا ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئەرەب - پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى ئارىسىدا قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى، قوشنا ئەللەر ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىپىك ۋەكىللىككە ئىگە ئەدەبىيات. [illegible]دەبىياتنىڭ تېما، ماتېرىيال، ئىدىيە ۋە باشقا شەكىل ئامىللىرى جەھەتتە «ھەم مېنىڭ، [illegible]م سېنىڭ» بولۇشتەك ھالەت بارلىققا كەلگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەرلىك، مەھەللە ياكى مىللىي ئالاھىدىلىك جۇلالىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئىدىيىلەرمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ۋە يۈكسەك بىر ئەدەبىيات خەزىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەتلەر تولۇق. مەيلى ئ[illegible] مۇتلىك جەھەتتىن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن بىر ئۈلگىلىك ئەدەبىيات بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشىنى

ھەم شەكىللىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىشقا، ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «ئۆتمۈشتىكىلەردىن ئۆگىنىپ، بۈگۈنكىگە تەتبىق قىلىش»، «كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» پرىنسىپى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىزم جەمئىيىتى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا، كونا جەمئىيەتتە ياشىغان مېھنەتكەش خەلقنىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش، ھاياتقا، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش، ئىجتىمائىي قارا كۈچلەر ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەقىل - پاراسەت توپلاش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن نىسبەتتە ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئىرادىسى، كونا ۋە فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ تەسىرى، چۈشكۈنلۈك خاھىشلىرى ئەكس ئېتىپ قالغان. بۇلار مەدەنىيەت مېغىزىنىڭ شاكاللىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئۆگىنىشتە بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ۋاسىتەلىك يوسۇندىكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى نۆۋىتى كەلگەندە تاشلىۋېتىشكە ياكى ئەھمىيەتسىز نەرسە دەپ قاراشقا ھەم سەلبىي دەرسلىك قىلىشقا بولىدۇ.

[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

# I باب. تىل ۋە يېزىق

## §1 . تىل

### 1 ـ ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەۋەلىكى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى، ئۇ ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

بۇ تۆۋەندىكىدەك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئەڭ قەدىمكى دەۋر» (مىلادى V ئەسىرگىچە) ۋە «قەدىمكى دەۋر» (V — XIII ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (XIII — XIV ئەسىرلەر) ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (XV — XVI ياكى XVII ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە «كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» (XVIII — IX X ئەسىرلەر) ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (XX ئەسىر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ[1].

### 2 ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك خانلىقى، ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا قوللىنىلغان تىلدىن ئىبارەت. ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى ۋە راۋاجى. بۇ ئىككى تىلدىكى بىرقانچە تاۋۇشنىڭ ئالمىشىش هادىسىسىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ تىللار ئاساسەن ئوخشاش. ئۆز زامانىسىدىكى تىلشۇناسلار بۇ ئىككى خىل تىل، جۈملىدىن تۈرك تىلىنىڭ ۋارىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئاتاشتا ماهىيەتكە دىققەت قىلغان. مەسىلەن، تەخمىنەن IX ـ X ئەسىرلەردە توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مايترى سىمىت» ناملىق ئەسەردە «تۈرك تىلى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بولسا، تەخمىنەن يەنە شۇ يىللاردا ياشىغان تىلشۇناس سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ (شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ) «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. تەخمىنەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىتاب بولۇپ چىقىپ تۇبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»، تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىغىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئېلىكى ئاتلىغ نوم» دا «ئۇيغۇر

[1] ئا. ت. قايداروۋ (قازاقىستان) «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى»، 1 ـ كىتاب، ئالمۇتا، 1969 ـ يىلى نەشرى.

تىلى» دېيىلگەن[1]. ناھايىتى روشەنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرىدۇ. ئورقۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايترى سىمىت»، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى مانا مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تارىختا تۆنجى قېتىم يېزىقتا تەتبىقلاندى. نۇرغۇن يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلدى. بۇددا، مانى دىنى مۇھىتىدا، سانسكرىت، توخرى (توخار)، سوغدى تىللىرىدىن ھەم خەنزۇ تىلىدىن بىرمۇنچە سۆز - ئاتالغۇلار، سۆز ياساش قوشۇمچىلىرى ۋە قىسمەن گراماتىكىلىق تەركىبلەر قوبۇل قىلىندى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بىۋاسىتە ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالغان.

## 3 - خاقانىيە تىلى

بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئىسلام دىنى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن تىل. IX — XII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان. بۇ تىل قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي رايونى خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ تىلىنى ئاساس قىلغان. بۇ تىلنى مەھمۇد كاشغەرى كەڭ مەنىدە «تۈرك تىلى» دەپ، ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۈرك تىلى» (تۈركىي تىل) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندىن باشقا، «قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە «بۇغراخان تىلى»، «خان تىلى» دېگەن ناملارمۇ ئۇچرايدۇ. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا بولسا «كاشغەر تىلى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. ئادەتتە «خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا تولۇق ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ. خاقانىيە تىلى كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇشۇ تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ تىلنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ.

## 4 - چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

### 1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قوچۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تۈركچىسى قاتارلىقلار) ئاساسىدا شەكىللەنگەن. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت.

XIII ئەسىردىن كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئارىسىدا خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىر خىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن. XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال قىسمى، جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرى ۋە ئەمىر تۆمۈر (1370 - 1405 يىللىرى ئەمىر بولغان) نىڭ

---

① رىنىيفىي، ياسىن ھوشۇر «ئۇيغۇر سىللىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997 - يىلى نەشرى، 4 - بەت، خەنزۇچە.

ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقى ھەم شەرقىي شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە خەلقلەرمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان.[①]

2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

رۇس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد «ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستېلا قىلىپ كەلمەگەن بولسا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەيدۇ[②] چۈنكى، موڭغۇللار غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى، بۇ رايونلاردىكى بىر مۇنچە مۇستەقىل تاجۇ تەختلەرنى، دۆلەت بايراقلىرىنى، دۆلەت چېگرا سەھرالىرىنى ۋە بىر مۇنچە مىللەت، قەبىلە ئايرىمىلىرىنى ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندىكى خانلىقلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىمۇ ھەل قىلالمىغان زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايونلاردا ئاساسەن تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شېۋىلىرىدە، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىن، شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان[③] ۋە ئەسلىدە تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خارەزىملەر ناھايىتى تېز تۈركلەشمەكتە ئىدى. ئەرەب تىلى بولسا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مۇھاجىرلىرى ھەم دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ جايغا يەنە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن بۇلارمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈركلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا، ھۆكۈمران ئائىپىلەر ھەممە قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. يەرلىك تۈركىي تىلىنى (ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلىنى) ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل تىل تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى.[④]

كۆپچىلىك تۈركشۇناسلار ۋە چاغاتايشۇناسلار «چاغاتاي تىلى»نى ئەينى زاماندا تۈركىي تىلنىڭ ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشتۇر.

ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي غولى بولغان. ئالدى بىلەن بۇ تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىيان سۈدەك كېلىۋاتقان چاغدا، ئىمپېرىيىنىڭ يۇقرالىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇڭا، يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە تەسىس

---

① «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 114 ـ بەت.

② بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 152 ـ بەت.

③ بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 143 ـ بەت.

④ ئە. بايتور، غ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 851 ـ بەت.

قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كاتىپلىقىغا ۋە ھېساب - كىتاب خىزمەتلىرىگە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار قويۇلغان. چىڭگىزخاننىڭ 13 - ئەۋلادى ئەبۇلغازى ئەرەبشا مۇھەممەد باھادۇرخان (1605 - 1664) بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ، «چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋارەئۇننەھر، خوراسان، ھەتتا ئىراق قاتارلىق جايلاردا مۆھۈردارلىق، بىتىكچىلىك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى»[1] دەپ يازغان. ئەگەر بىز بۇ ئورگانلارنىڭ مىليونلىغان يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ مەزگىللەردە بۇ رايونلاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نەقەدەر كەڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەگەردە، بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تارىخىي ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بىز يەنە X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سامانىيلار سۇلالىسى (874 - 999) گۇمران بولغاندىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ نورغۇن جەھەتلەردە تاجىك تىلىنىڭ ئورنىنى باسقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللار دائىرىسىدە ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھالەت ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كەلگۈسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقى ئەمەلىيەتتە سېلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە سۈيىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قايتا ئومۇملاشقاندا، بۇ ئومۇمىي تىلنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى.[2]

چاغاتاي تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. تۈركىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى شەمسىددىن سامى (1850 - 1904) «چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇيغۇر تىلى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان ھەم چاغاتاي تىلى دەپ ئالەمگە مەشھۇر بولغان» يەنى «چاغاتاي خانىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان»[3] دەپ يازغان. رۇس ئالىمى ۋ. ۋ. رادلوۋ «چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر»[4] دەپ كۆرسىتىدۇ. رۇس ئالىمى بارتولد چاغاتاي دەۋرىدىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى سۆزلىگەندە «مەدەنىي خەلقلەر ئىچىدە، مۇسۇلمانلار (بولۇپمۇ تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار، پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۇلۇسلارنىڭ ئۇلۇس باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەرلىك ۋاڭ، گوڭ، ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى»[5] دەيدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇلمەئانى»غا يازغان «كىرىش سۆز» دىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىمىز. ئۇ چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان مەۋلانە سەككاكى بىلەن مەۋلانە لۇتفى توغرۇلۇق توختىلىپ

---

① «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك»، 27 - بەت. چاغاتايچە نۇسخا.
② ليۇجېنشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 600 - 601 - بەتلەر. 1986 - يىلى نەشرى
③ ش. سامى «قامۇسۇلئەلەم»، 1889 - يىلى تۈركىيە نەشرى، 3 - توم، 1876 - بەت.
④ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىلى 1 - سان، 3 - بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
⑤ بارتولد «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى»، 76 - بەت. 2000 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى

مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسەھاسىدىن ۋە تۈركىي ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى). بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركىي ئەلفازى» تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىل» دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا» مۇ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك بۇ تەرىپ-نىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلىنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋائىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق تەڭ مەنىلىك قوللىنىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكى بىلەن لۇتفىنىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.[1]تارىخشۇناس ليۇجېشاۋ ھەققانىي ھالدا «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان»[2]دەپ كۆرسىتىشى دەل جايىدا ئېيتىلغان باھادۇر.

چاغاتاي تىلى تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى بەزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا[3]ھەم ئۇ قوللاشقا ئىگە بولماقتا.[4]

## 5 - ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى باسكاكوۋنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى مۇشۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بولىدۇ:

«ئۇيغۇر تىلى (بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كۆزدە تۇتۇلغان - ئا) ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى (X — XII ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (XII — XIII ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (XIII — XIV ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (XIII — XIV ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (XV—XIX ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (XVII—XIX ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن».[5]

دېمەك، ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تارىخىدا ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان، سەۋەب ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىنى

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خېمىت تۆمۈر «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىلى 1 - سان، 19 - بەت.

② ليۇجېشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 612 - بەت.

③ ئا. پولات «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1993 - يىلى نەشرى، 7 - بەت.

④ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992 - يىلى، 3 - بەت.

⑤ ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 71 - بەت.

باشتىن كەچۈرگەن، يېزا ئىگىلىك قەدىمىي چاغلاردىلا ئاساسىي ئىگىلىككە ئايلانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا گۈللەنگەن، شەھەرلىشىش ئىلگىرىلا باشلانغان. بۇ ھال يېزىقنىڭ يارىتىلىشىغا، ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا، يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى ئاساسەن بىردەك، مەسىلەن ئەنگلىيىلىك ئالىم ستەيىن (A. Stein) «... ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي قەبىلىگە قارىغاندا مەدەنىي ھاياتقا قابىلىيەتلىك ۋە خېلى مايىل ئىدى»[1] دېسە، پروفېسسور ك. ئا. بوروكوۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلار مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[2] دەيدۇ. پروفېسسور ئا. يۇ. ياكوۋسكى مەسىلىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ زور كۆپچىلىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تۇراقلىق دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ئۇلار شامان دىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق تاشلاپ، دەسلەپ مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئۆز يېزىقنى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋارە ئۇننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالدى».[3] ئاكادېمىك بارتولد «X ئەسىردە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھېسابلانغان توققۇز ئوغۇزلار» ئىدى دېسە، فرانسىيىلىك ئالىم ر. گروست «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇرلارغا باھا بېرىپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»[4] دىن بولغان، دەيدۇ.

دېمەك، تارىخشۇناس ئەھمەد زەكى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىكرەك، مەدەنىيەتلىرىمۇ يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىللىرى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان».[5] شەيخ شەمسىدىن سامىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى»[6] دېيىشىمۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا. قازاقىستان ئالىمى غ. سەئىدىۋاققاسوف مەسىلە-نى ئەتراپلىق شەرھلەپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇرلار قانۇنىي رەۋىشتە ئۆز تىلى بىلەن پەخىرلىنەلەيدۇ، ماختىنالايدۇ. چۈنكى بۇ تىل داڭلىق تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئەدەبىي تىل بولۇپ شەكىللەنگەن. بىر قانچە خىل يېزىق ئۈلگىلىرىنى، شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كەڭ قوللانغان ھەمدە ئەتراپتىكى باشقا كۆپلىگەن تۈركىي تىللارغا ئۆزىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى تەگكۈزگەن تىل. ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ كېلىۋات-قان تۈگىمەس - پۈتمەس يازما مەنبەئەلەر خەلقىمىزنىڭ ھەققىي مەنىۋى بايلىقىنى تەشكىل قىلىشتىن تاشقىرى قېرىنداش ۋە قوشنا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يورۇتۇشتىمۇ باي مەلۇمات-

---

① «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، 1986 - يىلى 20 - ئۆكتەبىردىكى سانىغا قاراڭ.
② «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى»، ئالماتا، 1948 - يىل نەشرى، 12 - بەت.
③ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1 - قىسىم، 723 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
④ «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.
⑤ «تۈرك تاتار تارىخى»، قازان، 1914 - يىلى نەشرى، 86 - بەت.
⑥ شەمسىدىن سامى «قامۇسۇل ئەئلەم»، ئۈچىنچى توم، 1640 - بەت. تۈركىيە 1889 - يىلى نەشرى.

لارنى بېرىدۇ. بۇ مەنىۋى خەزىنە دۇنياۋى توركولوگىيىدە ئۇيغۇر تىلىغا زور ھۆرمەت ۋە ئابروي ئاتاق ئاتا قىلدى».[①]

## § 2 . يېزىق

### 1 ـ ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە خاقانىيە يېزىقى

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان شىنجاڭدىكى بىر قىسىم قەۋم ۋە خەلقلەر تارىختا بىر مۇنچە يېزىقلارنى قوللانغان.

ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە قوللانغان يېزىقلار ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، براھمى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، قەدىمكى تۈبۆت (تىبەت) يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.[②]

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىككى مەنبەنىڭ ئاساسىي بىر مەنبەسى بولغان تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك قوۋملەر[③] مۇ بىر مۇنچە يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. بۇ خىل يېزىقنىڭ بەزىلىرى قارۇشتى يېزىقى، گرېك يېزىقى، مانى ـ پارابىل يېزىقى، ئەرەب يېزىقى قاتارلىقلار.

1. ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ۋە بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، موڭغۇللار دەۋرى ۋە چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرىلەر پادشاھلىقى دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەردە قوللىنىلغان بىر خىل يېزىق.

بۇ خىل يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر قانچە خىل قاراش بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاراش ئىككى خىل بولۇپ، بەزىلەر بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ، قوشنا خەلقلەرنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تاكامۇللاشتۇرغان دېسە،[④] يەنە بەزىلەر سوغدى يېزىقىدىن ئېلىنىپ، ئىسلاھ قىلىنغان دەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان ئورۇنلاردىكى قىيا تاش سۈرەتلىرىدە خېلى كۆپ ساندا يېزىق ياكى يېزىقسىمان بەلگىلەر بايقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئايرىم يېزىقلاردىكى ھەرپ بەلگىلىرىگە خېلى دەرىجىدە ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ يېزىقسىمان بەلگىلىرىدىن كەلگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋەسىقە مىلادى 7 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ تۇرپاندىكى قەدىمكى ھاسىن تېپىلدى.[⑤] بۇ تۇرمۇش تارقان دېگەن كىشى «خۇئاستۇئانفت» (مانى دىنى توۋا دۇئاناسى) ناملىق ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىگە ئېلىپ، ئۇ يېزىقنى ئەدەبىي تىل ۋە يازما ھۆججەتلەر ئۈچۈن تەتبىقلاشنىڭ ئۈلگىسىنى

---

① غ. سەيدۇاققا سوۋ «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى، 3 ـ سان، ئۈرۈمچى.

② نىشۇرۇجى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ خې جىخۇڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 81 ـ بەت.

④ بۇ ھەقتە ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىق ئالىملارنىڭ بۇ يېزىق ھەققىدىكى بايانلىرىغا قاراڭ.

⑤ ق. ۋەلى «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى 7 ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ۋېنۋۇ) ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ سان، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

ياراتتى. رۇس تۈركولوگى، پروفېسسور مالوۋ «خۇئاستۇئانىفت» مىلادى V، VI ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا مەيدانغا كەلگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ.① قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئاز دېگەندە 18، كۆپ بولغاندا 23 ھەرپ بولغان، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا XVIII ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق ئاساسىدا قىتان، موڭغۇل، نايمان، مانجۇ يېزىقلىرى يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا، تۆمۈرىلەر دۆلىتى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىران تەۋەلىرىدىكى دۆلەتلەردە XVII ئەسىرگىچە، تۈركىيىدە فاتىھ سۇلتان دەۋرىگىچە (1451 - 1481 - يىللىرى) «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن نام بىلەن قوللىنىلغان.

## 2. قەدىمكى تۈرك يېزىقى

قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ھەم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە قوللانغان يېزىق. بۇ ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى، تۈرك - رونىك يېزىقى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى ۋە دولبارچىن يېزىقى دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قاچاندىن باشلاپ قوللانغان، دېگەن مەسىلىگە ئېنىق ئىسپات يوق. بۇ توغرۇلۇق بىر قانچە كۆز قاراش بار.

1) قازاقىستاننىڭ ئىسسىك دېگەن يېرىدىن بىر قەدىمكى جەسەت تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان بىر كۈمۈش تاۋاققا خەت چېكىلگەن. ئارخېئولوگلار بۇ تېپىندىلەرنى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV — V ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، يېزىقنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىلغان جۈملىنىڭ مەنىسىنى يېشەلمىگەن.

2) خوتەن رايونىدا، كېيىنكىلەر «ئاق سېپىل» دەپ ئاتىغان بىر خارابىلىكتىكى سېپىلنىڭ كېسەكلىرىگە تۈرك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرپ بەلگىلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇلار ھىندىستاننىڭ ماۋۇرىيا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 322 - 185 - يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، دېگەن قاراش. بەزى ئارخېئولوگلار «ئاق سېپىل» خارابىسىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قاراشماقتا.

3) كورلىنىڭ چەرچەندىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ۋە ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىن تېپىلغان ھەرقايسى قىياتاش سۈرەتلىرى ئىچىدىكى بەلگىلەر (بۇنىڭدىن 3 - 5 مىڭ يىللار ئىلگىرى) نىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئوخشايدىغان شەكىللىرى بار، دېگەن قاراش.②

ئومۇمەن، يىل دەۋرى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراشلار بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى ئىلمىي خادىملار، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى كۆپچىلىك ھەرپلەرنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ چىققان، دەپ قاراشماقتا.③ بۇنىڭغا قوشنا خەلقلەر يېزىقىدىكى ئالاھىدە...

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالماتانا «پەن» نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 8 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل.

② ئا. خوجا «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى، 1 - سان.

③ نىئۇرۇزجى «تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭى قاراش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىلى، 4 - سان، خەنزۇچە نەشرى.

دىلىكلەرنىمۇ مەلۇم نىسبەتتە قوشقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن كۆز قاراشنىمۇ قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. 38 ـ 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان تۈرك يېزىقى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگىچىمۇ قوللىنىلغانلىقى ئېيتىلماقتا. بۇ يېزىقنى ئەڭ دەسلەپ دانىيەلىك تومسېن بىلەن روسىيىلىك رادلوۋلار يېشىپ ئوقۇپ چىققان.

3. خاقانىيە يېزىقى

بۇ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق. XIII ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىق ھەققىدە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

## 2 ـ ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى يېزىقلار

بىرىنچى براھمى يېزىقى. بۇ يېزىقنى شىنجاڭدا ياشىغان توخارلار (توخرىلار)، ساكلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر قوللانغان.

1) توخار يېزىقى. بۇ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى براھمى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق. بۇ يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر (تىلى توخارچە) كۇسەن، ئاگنى (قاراشەھەر)، قوچۇ، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. براھمى يېزىقىدا يېزىلغان توخار تىلى ئىككى خىل دىئالېكتقا ئايرىلغان. ① كۇسەن (كۇچا) تەرەپلەردە قوللىنىلغان تىل، يەنى «غەربىي قىسىم توخار تىلى»، «كۇسەن تىلى» ياكى «توخار تىلى B دىئالېكتى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ② ئاگنى، قوچۇ رايونىدا قوللىنىلغان تىل، بۇ «شەرقىي توخار تىلى»، «ئاگنى تىلى» ياكى «توخار تىلى A دىئالېكتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاگنىدا ياشىغان ياۋچىلار توخارلارنىڭ بىر قەبىلىسى، ئۇلارنىڭ تىلى توخار تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى.

2) ساك يېزىقى. بۇ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى براھمى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق. بۇ يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر (تىلى ساكچە) بارچۇق، خوتەن، كېرىيەدىكى قەدىمكى ئىزلار ۋە دۇڭخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن تېپىلغان. ساك يېزىقىدا ئىپادە قىلىنغان ساك تىلى ئۇدۇن تىلى، سۇلى (كاشغەر) تىلى ۋە ئۇزۇنتان' (扜弥) تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتقا ئايرىلغان. سۇلى تىلىنى ئىلگىرى بەزى ئالىملار تۇمشۇق تىلى ياكى بارچۇق تىلى دەپمۇ ئاتىغان. توخار تىلى ۋە ساك تىلى ئارىيان تىلىنىڭ ئىككى دىئالېكتى، ساك يېزىقىدا سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نوم سۇترالىرىمۇ خاتىرىلەنگەن.

ئىككىنچى، سوغدى يېزىقى. بۇ مىلادى II ئەسىردىن باشلاپ قوللىنىلغان. بۇنى سوغدىلار ۋە يىپەك يولىدىكى باشقا خەلقلەر ئىشلەتكەن. تۇرپان، خوتەن، كىرورەن قاتارلىق جايلاردىن بۇ يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر تېپىلدى. سوغدى تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلى شەرقىي قىسىم دىئالېكتىغا تەۋە. سوغدى يېزىقى بولسا قەدىمكى پارس ئارشاكىلار سۇلالىسىنىڭ (م. ب 247 ـ، مىلادى 229 ـ يىللار) ھۆكۈمەت تەرەپ يېزىقى ئارامى (ئەرەم) يېزىقىنىڭ تېز يېزىق شەكلى ئاساسىدا سوغدى تىلىنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان.

ئۈچىنچى، قارۇشتى يېزىقى. بۇ يېزىق قەدىمكى پارس ئەھمەنىلەر سۇلالىسىنىڭ (م. ب. 330 ـ 550 ـ يىللار) ھۆكۈمەت تەرەپ يېزىقى ئارامى يېزىقىنىڭ تېز يېزىق شەكلى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ھىندىستاندا قوللىنىلغان. كېيىنچە شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن. تەخمىنەن مىلادى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بۇ يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن قەندىھار تىلى پامىرنىڭ شەرقىگە تارقىلىپ، سۇلى، ئۇدۇن، كىرورەن، كۇسەن ئەللىرىدە قوللىنىلغان، ھەتتا بۇ خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تىلى قىلىنغان.

ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۆدۈن، سۈلى، كۇسەن قاتارلىق ئەللەر براھمى يېزىقى ئاساسىدا ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشكە ئۆتۈپ كەتكەن. پەقەت كىرورەنلىكلەر قارۇشتى يېزىقىدىكى قەندىھار تىلىنى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قوللانغان. بۇ يېزىق بىلەن يەنە سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نوم - سۇترالىرىمۇ يېزىلغان.

تۆتىنچى، گرېك يېزىقى. بۇ قەدىمكى گرېكلار ئىشلەتكەن يېزىق ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، تېز يېزىق شەكلىگە ئىگە. بۇ دەسلەپ باكتېرىيە تەۋەسىدە قوللىنىلغان ھەم مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرگە تەۋە باكتېرىيە تىلىدا ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ساقلىنىپ كېلىنگەن. باكتېرىيە تىلى بولسا ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىئالېكتىغا مەنسۇپ. كىرورەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بۇددا، مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر تېپىلغان بولۇپ، بۇ تېز شەكىللىك گرېك يېزىقىدا يېزىلغان، تىلى باكتېرىيە تىلى. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ۋاقتى بولسا مىلادى VII - IX ئەسىرلەرگە مەنسۇپ.

بەشىنچى، سۈرىيە يېزىقى. بۇ يېزىق دەسلەپ سۈرىيەنىڭ پارمىلا رايونىدا تارقالغان ئارامى يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلى ئاساسىدا ئىشلەنگەن. كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، ئېسترونگېلو (Estrongelo) يېڭى يېزىقى دەپ ئاتالغان. كېيىنكى ئەسىرلەردە سۈرىيە يېزىقى دېيىلگەن. مىلادى II ئەسىردە، سۈرىيە تىلى ئەدىسسا شەھىرىنى مەركەز قىلغان خرىستىيان دىنىنىڭ شەرقىي مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس تىلى قىلىنغان. سۈرىيە تىلى سام - ھام تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سام (سېمىت) تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە، قوچۇ، ئېلى قاتارلىق جايلاردىن گرېك يېزىقىدا يېزىلغان پۈتۈك - ۋەسىقىلەر تېپىلدى. تۇرپاندىن تېپىلغىنى مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى خرىستىيان دىنى دۇئانامىلىرىدىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، پارابىل يېزىقى. (بۇ يېزىق ئىلگىرى مانى يېزىقى دەپ ئاتالغان) بۇ يېزىق دەسلەپ مانى (مىلادى 216 ـ 276 ـ يىللىرى ياشىغان) نىڭ «سابۇغراغان» (سابۇر دەۋرىدىكى مۇقەددەس كىتاب) نى يېزىشتا ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنىڭ تىلى پارابىل تىلى دەپ ئاتالغان. پارابىل تىلى پەھلىۋى تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ پارس تىلىنىڭ جەنۇبىي قىسىم دىئالېكتى بولۇپ، شىمالىي قىسىم دىئالېكتى پارفىيە تىلى دېيىلگەن. پارابىل يېزىقى مانى دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ، جۈملىدىن جۇڭگو رايونىغا كىرىپ كەلگەن. تۇرپاندىن زور بىر تۈركۈم پارفىيە تىلى ۋە پارابىل تىلىدا يېزىلغان مانى دىنى ھۆججەتلىرى، «سابۇغراغان» پراگمېنتلىرى تېپىلدى. بۇلار ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق.

يەتتىنچى، ئەرەب يېزىقى. تەخمىنەن مىلادى V ئەسىردە ئەرەبلەر ئارامى يېزىقىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نابات يېزىقى بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن. مىلادى VII ئەسىرنىڭ دەسلىپىگىچە ئەرەب تىلى ئەرەب يېرىم ئارىلى دائىرىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، تېز سۈرئەتتە سىرتقا كېڭەيگەن. ئەرەب يېزىقى ئىسلاملاشقاندىن كېيىن كۇفىي ۋە نەسخ دېگەن ئىككى خىل يېزىق شەكلىگە ئايرىلغان، تاشپۈتۈك ۋە «قۇرئان» كۇفىي يېزىق شەكلىدە، مەكتۇپ ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر نەسخ يېزىق شەكلىدە يېزىلغان. «تارىخ تەبەرى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى ئەمىر قۇتەيبە پەرغانە ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلغان چېغىدا، مىلادى 713 ـ 714 ـ يىللىرى كاشغەر تەۋەسىگىمۇ دىن تارقاتقۇچىلارنى ئەۋەتكەن چاغدا، شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. ئەمما كەڭ يېيىلالمىغان. سۇتۇق بۇغراخان مىلادى 932 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كۆتۈردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەب يېزىقىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ھۆكۈمەت ۋە ئاۋام يېزىقىغا ئايلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى ئىشلەتكەندىن باشقا ئايرىم ئۆلىما ـ زىيالىيلار ۋە بەزى ئەمەلدارلار ئەرەب تىلىنىمۇ ئىشلەتكەن. ئەرەب تىلى بولسا سام ـ ھام تىللىرى سىستېمىسى سېمىت تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىل. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقىنى «خاقانىيە يېزىقى» دەپ ئاتاش قائىدىسىمۇ بار.

سەككىزىنچى، چاغاتاي يېزىقى. قاراخانىيلار 1212 ـ 1213 ـ يىللىرى مۇنقەرز بولدى. 1324 ـ يىلى ئۇيغۇرلار يېرى چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى. خاقانىيە يېزىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى XIV ئەسىردىن كېيىن ئۆزگىرىپ چاغاتاي يېزىقى نامى بىلەن ئىشلىتىلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى ئۆز تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرغان ئاساستا، ئۆزگەرتىپ، 1950 ـ يىللارغىچە ئىشلەتكەن. چاغاتاي يېزىقىدا 32 ھەرپ بولغان.

توققۇزىنچى، تۇبۇت يېزىقى. بۇ يېزىق سانسكرىت يېزىقى (براھمى يېزىقى؟) ئاساسىدا مىلادى VII ئەسىردە ئىجاد قىلىنغان. تۇبۇتلەر بىلەن ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇبۇت يېزىقىنىمۇ ئىشلەتكەن.

### 3 ـ خەنزۇ يېزىقى

شىنجاڭدا خەنزۇ يېزىقىنىڭ قوللىنىش تارىخى 2000 يىلغا بارىدۇ. بۇ يېزىقنى خەنزۇلار قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرمۇ قوللانغان.

شىنجاڭدىكى بەزى خەلقلەر خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىشى ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى، خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى بويىچە قوللىنىش؛ يەنە بىرى، خەنزۇ تىلىنى پەقەت تاۋۇش بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز تىلىدىكى مەنىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگەن. بۇنى خەنزۇ تىلى بويىچە ئوقۇشقا بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدا مەنىسى چىقمىغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي جوۋ خانلىقى (مىلادى 557 ـ 581 ـ يىللار) نىڭ يىلنامىسى بولغان ۋە لىڭخۇ دېفېن يازغان «جوۋ تارىخى. 50 جىلد. قوچۇ تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر خاتىرە بار. «ئۇلارنىڭ يەنى خۇ (胡人) لارنىڭ ...يېزىقى خۇاشيا (خەنزۇ) لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇ يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. ‹ماۋشى›، (ماۋنەزمىلىرى)، ‹لۇن يۈي›، («مۇھاكىمە ۋە بايان»، كۇڭزى ئەسىرى) ‹شياۋجىڭ›، («ۋاپانامە»، ئاتا ـ ئانىلارغا ھۆرمەت كىتابى) نامىلىق كلاسسىك ئەسەرلىرى مەخسۇس خانلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ».

مەھمۇد كاشغەرى «...ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار.» دېگەن. (كىلياشتورنىي بۇنى ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك) دەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىدە خەنزۇچە خەتنى بىر خىل يېزىق قىلىپ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىلى بويىچە ئوقۇغان. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە خەت ـ چەكلەرنىڭ بىر مۇنچىسىنى ھازىر خەنزۇ تىلى قائىدىسى بويىچە ئوقۇش تەسكە چۈشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ خەت ـ چەكلەرنىڭ يېزىقى خەنزۇچە بولسىمۇ، جۈملە

تۇزۇلۇشى ئۇيغۇرچە ياكى خۇچە بولغانلىقىدىن شۇنداق بولغان.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى بۇ پاكىتلار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۇرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر خىل يېزىقى ھەققىدىكى بايانلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بىرلا پەرقى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خۇلار (بۇ يەردە ئۇيغۇرلار دېگەن مەنىدە.دەپ چۈشەنسە بولىدۇ) خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس، ئۆز يېزىقىنى قوشۇمچە قىلىدۇ، دېسە مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس، چىنچە يېزىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ، دېگەن.

شۇڭا، مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدىغان بۇ يېزىق قەدىمكى تۈرك يېزىقى بولماي خەنزۇ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن.①

---

① ئى. مۇتىئى «مەھمۇد كاشغەرى، رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانى).

# II باب قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

## 1 § . قەدىمكى قوشاقلار

قوشاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا نۇرغۇن گۈزەل ۋە مەزمۇنلۇق قوشاقلار يارىتىلغان. بۇنداق قوشاقلار ئىچىدە XI ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەنلىرىنىڭ سانى خېلى بار.

تەگرە ئالىپ ئەگرەلىم،
ئاتىن تۇشۇپ يۇگرەلىم.
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
كۇچى ئانىن كەۋلىسۇن.
[چۆرىدەپ ئېلىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى.
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
شۇنىڭ بىلەن كۈچى ئاجىزلاشسۇن.]

دۈشمەننى چۆرىدەپ قورشايلى، ئاتتىن چۈشۈپ ئارسلاندەك ھۆركىرىگەنچە يۈگۈرەيلى، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن زەئىپلەشسۇن.①

يۇگۇردى كەۋەل ئات،
چاقىلدى قىزىل ئوت.
كۆيۇردى ئارۇت ئوت،
ساچراپ ئانىن ئۆرتەنۇر.
[يورغا ئات يۈگۈردى،
قىزىل ئوت چېقىلدى.
قۇرۇق ئوتنى كۆيدۈردى،
چاچراپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆرتىنەر]

ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يورغا ئات چاپقاندا ئۇنىڭ تۇياقلىرى.

① م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئىككىنچى توم، 16 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984ـ يىلى نەشرى، ئۇرۇمچى.

دىن ئوت چاقناپ، قورۇق ئوت - چۆپلەر كۆيۈپ كەتتى[1].

بۇ ئىككى كۇپلېت قوشاقتا قەدىمكى زاماندىكى ئورۇش ۋەزىيىتى تەسۋىرلەنگەن. بىز بۇلاردىن ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

## 1 - ئەمگەك قوشاقلىرى

ئەمگەك قوشاقلىرى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئەمگەك كۆزقارىشىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان قوشاقلاردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك - ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى يىغىم - تېرىم، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئېكىنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق شەكىللەرنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە، شۇ خىل ئەمگەك جەريانىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان قوشاقلار بىرگە ئىجاد قىلىنىپ، كەڭ تارقىلىپ، تۇرغان. بۇ خىلدىكى قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن. زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

### ئوۋچىلىق قوشاقلىرى

يىگىتلەرگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان كېيىك ئاۋلاتۇ،
بەززەم قىلىپ ئاۋلالىم.

[يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتتۇرۇپ،
قۇلان - كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئوينايلى]

سەيلى - تاماشانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتتۇرۇپ، ياۋا ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى[2].

ئېتىم تۇتۇپ قوزى چالدى،
ئانىڭ تۇسىن قىرا يۇلدى.
باشىن ئالىپ قوزى سالدى،
بوغوز ئالىپ تۇگەل بوغدى.
[ئېتىم تۇتۇپ تۇۋەن چالدى،
ئۇنىڭ تۈكلىرىنى راسا يۇلدى.

---

① م. كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئىككىنچى توم، 187 - بەت. ئۈرۈمچى نەشرى.
② م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، بىرىنچى توم، 31 - 32 - بەت. ئۈرۈمچى نەشرى.

بېشىدىن ئېلىپ توۋەنگە قايرىدى،
بوغۇزىدىن ئېلىپ تازا بوغدى]

مېنىڭ ئېتىم (بۆرىنى) تۇتۇپ يەرگە باستى، تۈكلىرىنى يۇلدى، بېشىنى ئارقىغا قايرىپ، بوغۇزىدىن ئېلىپ راسا بوغدى[1].

بۇ قوشاقلاردا ئوۋچىلىق پائالىيىتى، يەنى ئادەملەرنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەھشىي هايۋانلارنى ئوۋلاشتىكى چېۋەرلىكى، يەم ـ پاراستى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يارىتىلغان نۇرغۇن ئەمگەك، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر تەسۋىرلەنگەن قوشاقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىسى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» قاتارلىقلاردا، بەزىلىرى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە، يەنە بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىش شەكلىدە ساقلىنىپ كېلىنگەن.

### 2 ـ مۇھەببەت قوشاقلىرى

مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، مەزمۇن تەرەپتىن ئېيتقاندا، يىگىت ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت توغرىسىدا، ئاتا ـ ئانا، يۇرت ـ ۋەتەن، خەلق، ئىلىم ـ پەن، ئەمگەك، ھۈنەر، دوست ـ بۇرادەرلەر قاتارلىقلارغا بولغان سەممىي مۇھەببەت توغرىسىدا قوشاقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقىي مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن مىسال ئالىمىز:

#### ئىشقى مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئۆدىك مەنى قومىتتى،
ساقىنچ ماڭا يومىتتى.
كۆڭلۈم ئاڭار ئەمىتتى،
يۈزۈم مەنىڭ سارغارۇر.

يارغا بولغان ئىشقىي مۇھەببىتىم مېنى ھاياجانغا سالدى، قايغۇ ـ ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا[2].

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،
ئايىق ئايىپ قايماڭىز.
ئاقار كۆزۈم ئۆش تەڭىز،
تەگرە يۆرە قۇش ئۇچار.

سۆيگۈنگە قارىتا شۇنداق دەيدۇ: مېنى ئوۋلىۋالغاندىن كېيىن تاشلىۋەتمەڭ، قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، كۆز يېشىم دېڭىز سۈيىدەك ئاقماقتا (ياش تۇزلۇقلۇقتا دېڭىز سۈيىگە

① م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 31 ـ 32 ـ بەت. ئۈرۈمچى نەشرى.
② م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 194 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.

ئوخشىتىلىدۇ)، ئۇنىڭ چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ[1].

يۇقىرىقى قوشاقلاردا يىگىت بىلەن قىزنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانىدىكى خۇشاللىق - ۋىسال شادلىقى ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سۆيگۈ جەريانىدىكى تەشۋىش، ئىزتىراپ، تەقەززالىق ھېسسىيات ساغلام ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 3 - جەڭ قوشاقلىرى

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە جەڭ پائالىيەتلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى باشقا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، ئۇ قەۋملەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاش، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە تەسىرلىك قوشاقلار كەڭ تارقىلىپ تۇرغان.

ئەرەن ئالپى ئوقىشتىلار،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتىلار.
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنىغا كۈچۈن سىغدى.

يىگىتلەر بىر - بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قاراپ ھومىيىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى، قىلىچلىرى قاننىڭ كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى[2].

ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم.
ئالپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.

غەزىپىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ «قېنى- ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ» دەپ ۋارقىرىدىم[3].

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئەجدادلار ئارىسىدا ئۇرۇش، جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەر توغرىسىدىمۇ قوشاقلارنى توقۇش ئادىتى بولغان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تارىخىي ئۇچۇر بار. ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە» 103 - جىلد «ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى «بەگ قۇلى باتۇرلۇقتا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇرۇش سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باشقىلارغا باشلامچى بولىدۇ. شىماللىقلار (غوبى يايلىقىدىكىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك — نەقىلچىدىن) يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ‹بەگ قۇلى كەلدى› دەپ توختىتىدۇ. توي قىلمىغان

---

① م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، ئىككىنچى توم، 60 - بەت، ئۇرۇمچى نەشرى.
② م. كاشغەردى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 247 - بەت، ئۇرۇمچى نەشرى.
③ م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 169 - بەت، ئۇرۇمچى نەشرى.

قىزلار: «يىگىتىم بەگ قۇلىدەك بولسا ئىدى»، دەپ قوشاق ئېيتىدۇ». بۇ خاتىرە مىلادى Ⅳ – Ⅴ ئەسىرلەردىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كېيىنكى زامانلارغىچە خەلق ئارىسىدا تارقالغان قوشاقلار ۋە داستانلاردا ئۇرۇش – جەڭلەر تەسۋىرلەنگەنلىرىدىن خېلى بار.

## 4 – مۇراسىم ۋە ئۆرپ – ئادەت قوشاقلىرى

مۇراسىم ۋە ئۆرپ – ئادەت قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، ھېس – تۇيغۇسى، خاراكتېر – خۇسۇسىيەتلىرى، ئادەت – يوسۇنلىرى، تارىخىي مۇساپىلىرى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر بەدىئىي خاتىرە. «ئوغۇزنامە»دە مۇراسىم ۋە ئۆرپ – ئادەتكە دائىر مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

...ئوغۇز قاغان ئۇلۇغ قۇرۇلتاي چاقىردى،
نۆكەرلەرىن، ئەلگۈنلەرىن چارلىپ چاقىردى.
كەلىپ كەڭەشىپ ئولتۇردى (ل)ار
ئوغۇزقاغان بەدۇك ئوردۇ(دا)...
(ئوڭ ياغىدا)

(قىرىق غۇلاچ يىغاچنى تىكتۇردى.
ئانىڭ) بېشىدا بىر ئالتۇن (تاغۇق قويدى
ئاداغى)دا بىر ئاق قويۇن باغلادى.
(چو)ڭ ياغىدا قىرىق غۇلاچ ي (ـ)غاچنى تىكتۇردى.
باشىدا بىر كۈمۈش تاغۇق قويدى،

ئاداغىدا بىر قارا قويۇننى باغلادى.
(ئوڭ) ياقتا بۇزۇقلار ئولتۇردى،
چوڭ ياقتا ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.
قىرىق كۈن قىرىق كەچە ئاش (ا)دىلار ئى (چ)تىلەر،
سەۋىنچ تاپتىلار،

ئاندىن سوڭ قاغان ئوغۇللىرىغا يۇرتىن ئۈلە(ش)
تۇرۇپ بەردى.

(356 – 371 – قۇرلار)

...[شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، نۆكەرلىرىنى، ئەل – جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ بار مەسلىھەت ئولتۇرۇشتى، ئوغۇزخاقان چوڭ چېدىردا ...... (ئوڭ تەرىپىگە)،
قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.

ئوڭ تەرەپتە بوز ئوقلار ئولتۇردى،
سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى.
ئىچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى[1]» ...

مانا بۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللىرىنىڭ ئېپوس-لاردىكى تەسۋىرى كۆرۈنۈشى.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم - ئادەتلەردە ناخشا - قوشاق ئوقۇيدى-غانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. مەسىلەن: «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» (魏书・高车传)دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان قاڭقىلار «نورغۇنلىغان چارۋا ماللارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ، ئوت يالقۇنىنى ئايلىنىپ، ... جور بولۇشۇپ ناخشا ئېيتاتتى» دېيىلگەن. بۇلار مىلادى IV - VI ئەسىرلەردىكى ئەھۋاللاردىن ئىبارەت.

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تىمۇ ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىمغا دائىر بىرقانچە كۇپلېت قوشاق نەقىل ئېلىنغان. مەسىلەن:

ئۆرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولو كۆزلەيۇ
ساقىنچ كۆزى كىزلەيۇ،
تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم.

ئۆرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىندەك تىك تۇرماقتا، ساغەرلەر خۇددى كۆز چانقىدەك مەيگە تولدى، قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى[2].

ئوتۇز ئېچىپ قىقرالىم،
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم.
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.

ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرسىتەيلى[3].

شىنجاڭدىكى مىڭئۆي تام رەسىملەردە ھەر خىل مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەسۋىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار توغرىسىدىكى قوشاقلارغا ئائىت ئۇچۇرلار ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئاشۇنداق مۇراسىملارنىڭ ئومۇمىي

① گىلاڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.
② م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 135 - بەت، ئۇرۇمچى نەشرى.
③ م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 193 - بەت، ئۇرۇمچى نەشرى.

كەيپىياتقا ئايلىنىپ، جارى بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ خىل پائالىيەتلەردە ھەم ناخشا ـ قوشاق ۋە مۇزىكىلارنىڭ جور بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل مەشرەپلەردىمۇ ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ ئوقۇلماي قالمايدىغانلىقى، بۇ خىل ئادەتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.①

## 5 ـ تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر قوشاقلار

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ئاساسى. شۇڭا، قەدىمكى كىشىلەر ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇردا مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەندىن باشلاپلا تەبىئەت توغرىسىدا خىلمۇ خىل چۈشەنچىگە كەلگەن، ئۇنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا ئىزدەنگەن. تەبىئەتنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىغا بولغان رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە يول بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە سۆيۈنۈش، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن مەپتۇن بولۇش، تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىش، سېخىيلىقىغا مەدھىيە ئوقۇش؛ شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش، تەبىئەتتىكى سىرلىق نەرسە ۋە كۈچلەر، جۈملىدىن تەبىئەتنىڭ بىنورمال ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش قاتارلىق ھېسسىياتلىرى، ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئوبرازلىق، تەسىرلىك ۋە يارقىن ھالدا ئىپادىلەنگەن قوشاقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى «تېلى قوشىقى» ئەڭ داڭلىق. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تىمۇ بۇ خىل قوشاقلاردىن بىرقانچە كۇپلېت نەقىل ئېلىنغان. مەسىلەن:

تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى،
بارچىم يازىم كەرىلدى.
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يەنە كەلگۇسۇز.

باھارنى تەرىپلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلدى، (يەر يۈزى) گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى؛ گويا جەننەت يېرى كۆرۈلدى، ھاۋا ئىسسىدى، سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى②.

ئاي قاپۇپ ئەۋلەنۇپ،
ئاق بۇلت ئۆرلەنۇپ،
بىر بىر ئۇزە ئۇكلۇنۇپ،
ساچىلىپ سۇۋى ئاغراشور.

ئاي چىقىپ قوتانلىنىش بىلەن ئاق بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىدۇ ـ دە، شارقىراپ سۈيىنى تۆكىدۇ. ئاي قوتانلانغاننى تۈركلەر «يامغۇر ياغىدۇ»

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئا. راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 34 ـ بەت.

② م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 161 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.

دېگەنگە جۈرۈيدۇ[1].

خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بەزى قوشاقلاردىمۇ تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر نادىر نەمۇنىلەر بار. مەسىلەن:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىدە قارلار يېتىپتۇ،
ئاستىدا گۈل ـ باغلىرى.

تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر قوشاقلارنىڭ قاراتمىلىقىنى يەنە بىر جەھەتتىن تەھلىل قىلىساق، بۇنداق قوشاقلاردا ئەجدادلارنىڭ يۇرتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ كەڭ مەنىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى، ۋەتەن تەبىئەتتىن ئۈزۈن ئالغان. مەلۇم بىر مىللەت، تەبىئەتنىڭ مۇئەييەن بىر دائىرىسىدە ماكانلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا، تەبىئەت تەسۋىرىدىكى قوشاقلار ئۆز نۆۋىتىدە ۋەتەن ھەققىدىكى قوشاق بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە.

قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قوشاقلار، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ قوشاقلار تەركىبىدىكى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسەردە خېلى كۆپ دەرىجىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن، ئۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىمىز.

## 6 ـ تېلې قوشىقى

تېلې قوشىقى ـ شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 ـ 534) دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن چىلې (敕勒 يەنى تېلې) لەرنىڭ خەلق قوشىقى بولۇپ، مىلادى V ـ VI ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا تارقالغان، ھازىرغىچە 1400 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولدى. چىلېلار (تېلېلار) ئۆزۈن تەرەققىيات جەريانىدا ئاساسەن شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا ئايلانغان، شۇڭا بۇ بىر كۆپلىبت قوشاق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوشىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تېلې قوشىقى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «چىلېگې 敕勒歌 »، يەنى چىلې قوشىقى دەپ يېزىلغان. چىلې ـ «تېلې» (铁勒) دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان رايوندا ئوخشىمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. مەسىلەن، لى يەنشۈنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» دە «ئېگىز قاڭقىلار قەدىمكى قىزىل دى (赤狄) لارنىڭ نەسلىدىن. ئۇلار دەسلەپ دىلې (狄勒) لار دېيىلەتتى، شىمالدىكىلەر چىلېلار دەپ ئاتايدۇ. شىيا قوۋمدىكىلەر (خەنزۇلار) ئېگىز قاڭقى دىڭلىڭلىرى دەيدۇ» دەپ يېزىلغان. دېمەك، بۇ يەردە ئېيتىلغان چىلې (تېلې) ئۇيغۇرلار بولۇپ، غەربكە يۆتكىلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر تارمىقى.

«تېلې قوشىقى» قەدىمكى تېلېلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

تېلېلەر دەسلەپ دىڭلىڭ، كېيىن ئېگىز قاڭقى دىڭلىڭلىرى، كېيىنچە تېلېلەر دەپ ئاتالغان. دەسلەپ بايقال كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ مىلادى 220 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرقى

---

[1] م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»، بىرىنچى توم، 341 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى،

مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۇلار شىمالىي قۇملۇق (گوبى چۆللۈكى) نىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلىدۇ ۋە سىيانپىلارغا يېقىن جايدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا، تېلېلەرنىڭ كۆپ قىسمى سىيانپىلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرىدۇ. پەقەت قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ۋەزىيىتى تۇراقلىق بولىدۇ. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى داۋۇتى زامانىغا كەلگەندە، (مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) قوغۇرسۇ قەبىلىسى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگ قۇلى باشچىلىقىدا سىيانپىلارغا بەيئەت قىلىدۇ ۋە يىڭشەن (چوغاي) تېغى ئېتىكىدىكى شۇجۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بەگ قۇلى باتۇر، پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، 20 ـ 30 يىل ئىچىدە قوغۇرسۇ قەبىلىسى قۇدرەت تېپىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق بولغان تۇراقلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن سەل كېيىنرەك تېلېلەر ھەر جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنى ۋېيشۇ يازغان «ۋېي خانلىقى تارىخى» دىكى مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا «گاۋزۇڭ پادىشاھ زامانىدا، ئېگىز قاڭقىلارنىڭ بەش قوۋمى جەم بولۇپ، تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇ چوڭ يىغىلىشتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، قۇربانلىققا ماللار سويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ناخشا ياڭرىتىپ، شاد ـ خورام بولۇشىدۇ. ئېيتىشلارچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇراسىمى ھېچقاچان بۇ قەدەر تەنتەنىلىك ئۆتمىگەنىدى» دېيىلىدۇ.

روشەنكى، ئېگىز قاڭقىلار تېلېلەرنىڭ يەنە بىر خىل نامى. دېمەك، بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشنى قىلغانلار تېلېلەر ئىدى. يىڭشەن تېغى ئېتىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشقا قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قاتناشقان بولۇشى كېرەك.

پادىشاھ شاۋۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋرگە كىرىدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ دادىسى شىمالىي ۋېي خانلىقىدا «گۇاڭ لۇ دافۇ» دەرىجىلىك ئەمەلگە تەيىنلىنىدۇ. قەبىلىنى باشقۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي خانى ئۇنى رەسمىي تۈردە بىرىنچى ئەل باشلىغۇچى قەبىلە ئاق ساقىلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ چاغدا بۇ قەبىلىنىڭ يىڭشەن تېغى ئېتىكىدە ماكانلاشقىنىغا بىر ئەسىر بولىدۇ. بۇ جاي، يەنى «تېلېلەر تۈزلەڭلىكى» دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم چارۋىچىلىقمۇ بولغان تۇرمۇشقا ئۆتىدۇ. «تېلې قوشىقى» دا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات، ئۆز يۇرتىغا بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. شۇڭا بۇ قوشاقنى دەل مۇشۇ مەزگىلنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ چاغ مىلادى V ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن بۇ چاغدا تېخى بالا ئىدى.[1] «تېلې قوشىقى» نىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

چىلې (تېلې) ۋادىسى، چوغاي ئېتىكى،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۈپسۈزۈك چەكسىز تاغ ـ دالا،
گۈزەل يايلاققا تولغان قوي، كالا.

---

① م. نىزامى، «تېلېلەر قوشىقى، بىر پارچە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر خەلق قوشىقى». («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى». 1990 ـ يىلى 1 ـ سان.

بۇ قوشاقتا قەدىمكى تېلېلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتى، سۈيۈملۈك ماكانى، تۇرمۇش شارائىتى، ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئىخچام، يەنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تېلېلەرنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ياشىغان سۈيۈملۈك ماكانىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق تېلېلەرنىڭ ئاسايىشلىقتا ياشاۋاتقان گۈللەنگەن تۇرمۇشى مەدھىيىلىنىدۇ. بۇنداق گۈللەنگەن يۇرتىغا بولغان سەمىمىي تۇيغۇسى، چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ.

قوشاقنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ قويۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان. كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ۋە مەردانە خىسلەت بىلەن تولغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى گۈللىنىۋاتقان تېلې قوۋمىنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى، شادلىقى ۋە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىگەن.

### 7 - كىچىك خۇلاسە

خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بەزى تارىخىي قوشاقلار مول ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «خامان ناخشىسى»، «ئورما ئورۇش ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى»، «ئۇستەڭ ناخشىسى»، «چاقچىلار ناخشىسى» قاتارلىقلارنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن.①

يۇقىرىدا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك يوسۇندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قوشاقلارنى ئەمگەك قوشاقلىرى، لىرىك (سۆيگۈ) قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مۇراسىم ۋە ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى قوشاقلىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار قوشاققا ناھايىتى باي خەلق. ئۇلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە رەڭگا رەڭ ۋە مول قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، تۇرمۇشنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەپسۇسكى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تارىخىي قوشاقلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. يازما ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغانلىرى خەلق ئارىسىدا تارقالغانلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە خەلقنىڭ ئاغزاكى ئېيتىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ خاتىرىگە ئېلىنغانلىرى ئىچىدە قەدىمكى زامان دەۋر پۇرىقىنى ساقلىغانلىرىمۇ بار. ئەمما بۇلاردا كېيىنكى زامان تىل ۋە قوشاق ئۇسلۇبى خېلى قويۇق ساقلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، زامانىمىزغىچە ئېيتىلىپ، قەلەمگە ئېلىنغان بەزى قوشاقلارنى، قەدىمكى ساقلىنىپ قالغان قوشاقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش مۇھىم بىر ئىلمىي خىزمەت. زامانىمىز قوشاقلىرى ۋە قەدىمكى قوشاقلارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن، ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەرخىل، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدار، شەكلىنىڭ ئۆزگىچە تۈزۈلۈشىنىڭ رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنى ئوبرازلىق، ھەققانىي

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئا. راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 29 - بەتلەر.

ۋە ساغلام ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، خەلق تىلىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭ روللارنى ئوينىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

## § 2 . ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر

### 1 - ئەپسانىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش تەس. شۇنداق بولسىمۇ، قىسمەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، نىسپىي شەكىلدە پەرقلەندۈرۈپ تۇردۇق. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى قەدىمكى زامان يازما ھۆججەتلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەپسانىلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانىلەر قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن ئەپسانىلەر خەزىنىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇلار ھايۋان ۋە دەل - دەرەخلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، موما - بوۋىلار ئىلاھى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ۋە تەبىئەت (تەڭرىسى) ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر، مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دېگەن تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. ھايۋانلار ۋە دەل - دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

1) ھايۋانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر.

بۇلار ئاساسەن تۆتېم قىلىنغان ۋە تېۋىنغان (چوقۇنۇلغان) ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، ھايۋانات ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن چوقۇنغان ئوبيېكت. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قەدىمكى زامانلاردا قويۇق بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلەرچە چۈشەنچىسىدە بەزى ھايۋانلار ئىقتىدار جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنغان، يەنە بەزىبىر ھايۋانلارنى تۆتېم قىلغان.

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە بۆرە، ئىت، ئېيىق، يىلان، ئۆكۈز، ئات، قۇش قاتارلىقلار ئوبراز قىلىنغان ئەپسانىلەر خېلى بار. ھەتتا بۇنىڭ بەزىلىرىنى تۆتېم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە ئاشۇ ھايۋانغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بىرى بۆرىنى تۆتېم قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ خاتىرە ۋە ئەپسانىلەر قالغان. ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە ئېگىز قاڭقىللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق سۆزلىنىپ «بەزىلەر ئۇلارنىڭ (ئېگىز قاڭقىللارنىڭ — نەقىلچىدىن) ئەجدادى ھونلارنىڭ جىيەنى، ئۇنىڭدىن دىلار، ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى پەيدا بولدى... دەيدۇ، ئاۋام ئىچىدە بەزىلەر ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى ... (كىچىك قىزى) بۆرىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ كۆپىيىپ دۆلەت بولدى دېگەن گەپلەر بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلار خانلىق قۇرغاندىن كېيىنمۇ، بۆرىگە چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، مىلادى 763 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياندا ش ئەمىر لەشكىرى گوزىيى ئۇيغۇر خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغدا، «خاقان ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئەسكەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزغان، گوزىيى بۆرە تۇغىغا تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى» (ئوۋياڭشۇ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»). ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل بۆرە ئېتىقاد-

چىلىقى كۆز قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەپسانە - چۆچەكلەردىن «ئېگىز قاڭقا - ھارۋىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ئاشىنا ئۇرۇقى (قەبىلىسى) نىڭ كېلىپ چىقىشى» (لىڭخۇدېفېن يازغان «جۇنامە»گە كىرگۈزۈلگەن)، «بۆبۆش ھەققىدە» (خەلق ئارىسىدا تارقالغان)، «كۆك يايلىق بۆرە»، «ئوغۇزنامە»، «بۆرە قىز» قاتارلىقلار بار.

ئىت ئېتىقادچىلىقى بۆرە ئېتىقادچىلىقى بىلەن يىلتىزداش. زوئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىت بۆرىدىن ئۆزگەرگەن ۋە ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ كۆندۈرگەن ھايۋان ئىت بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شۈجېن «سۆزلەر ئىزاھى» (说文) ناملىق كىتابىدا «شىمالدىكى دىلار ئىتقا چوقۇنىدۇ»، «قىزىل دىلار ئىت نەسلىلىك» دەپ يازغان. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. مىللەت تومى. ئۇيغۇر» (1986 - يىلى نەشرى) ماددىسىدىكى قاراش بويىچە دىلا ر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى؛ قىزىل دىلار بولسا دىلارنىڭ چوڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىت ئېتىقادچىلىقى «قىزىل گوشۇ ۋە قارا گوشۇ»، «سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىت يولى»، «بۇۋى خېنىم ۋە ئىت يولى»، «ئەسھا بۇلكەھف»، «ئالتۇن سېكىلەكلىك يالماۋۇز»، «تايغان بىلەن بۈركۈت» قاتارلىق ئەپسانە - چۆچەكلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئېيىق ئېتىقادچىلىقىغا دائىر قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ يازما ھۆججەتلەر يوق دېيەرلىك، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى بايقال كۆلى ساھىلى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ئېيىقلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرغان. مەسىلەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن «قەدىمنامە. تەزكىرىلەر» (尚书・大传) دە «شىمالدا دىڭلىڭلار بار، ئۇلارنىڭ شىمالى قېلىن قار بىلەن قاپلانغان دەشتى باياۋان» دېيىلگەن بولسا، «تاغ - دېڭىزلار تەزكىرىسى» (山海经) 18 - جىلد «دېڭىزنىڭ ئىچى» بابىدا «شىمالىي دېڭىز (بايقال كۆلى) نىڭ ئەتراپىدا تاغلار بار… دىڭلىڭلار دۆلىتى شۇ يەردە… ئات مىنىپ سەپەر قىلىشقا ماھىر» دېيىلگەن. چىن شۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» (三国志) دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار بار. بۇلاردىن ئېيىقلار ماكانى بولغان بايقال كۆلى ساھىلىدىكى تۇرمۇش دىڭلىڭلارنىڭ ئېيىق بىلەن قويۇق ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىدىن تەسىر ئېلىشقا قولايلىق ئىمكانىيەتلەرنى ياراتقانلىقىدا گۇمان يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق ئېتىقادچىلىقى چۈشەنچىسى قەدىمكى زاماندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى زاماندىن باشلاپ يېقىنقى زامانغىچە ئاغزاكى ساقلىنىپ كېلىنگەن چۆچەكلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئېيىق باتۇر»، «باتۇر ئېلى سۇلتان»، «ئېيىق بەگ»، «ئېيىق ئىسلام باتۇر»، «ئېيىق سۇلتان»، «باتۇر ئېلى قۇربان»، «ئېيىق قوۋان باتۇر»، «ۋاش شەھىرى» قاتارلىقلاردا ئېيىق بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئالاقىسى سۆزلەنگەن. «باتۇر ئېلى قۇربان» ناملىق چۆچەكتە ئېلى قۇرباننىڭ دادىسىنىڭ ئېيىق، ئانىسىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكى، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، باتۇر بولۇپ چوڭ بولغانلىقى، يۇرتداشلىرىغا قاتتىق زۇلۇم سالغان دۈشمەن كۈچلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خاتىرجەملىك ۋە بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئادىل ۋە قابىللىقى بىلەن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەل گۈللەپ ياشنىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

يىلان ئېتىقادچىلىقى. بۇ خىل ئېتىقاد دىڭلىڭلار قارا سۆق مەدەنىيىتى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى XII - VII ئەسىرلەر ئارىلىقى) دە قويۇق ئىجتىمائىي قىممەت ياراتقان. «ئەجدىھا يىگىت»، «خاسىيەتلىك رەسىم» قاتارلىق چۆچەكلەردە يىلان ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆكۈز (كالا)، ئات ۋە قۇش (ئاساسەن شۇڭقار، بۈركۈت) توغرۇلۇق، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئادەملەر ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېكايە - چۆچەكلەردە بايانلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە «يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ»، «قېرىماس ياشلىق»، «ۋاپادار ئات»، «ئوتۇنچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «ئەقىللىق بۈركۈت»، «تايغان بىلەن بۈركۈت» نامىلىق ئەپسانە ۋە چۆچەكلەردىكى بايانلار ئۇزاق تارىخنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدا ئۆكۈز، ئات ۋە شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى بولغان، ھەتتا شۇڭقار تۆتېم قىلىنغان.

2) دەل - دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر.

دەل - دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ تۆتېم ئېتىقادى چۈشەنچىسىنى مەنبە قىلغان. مەلۇمكى، دەل - دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە ئوزۇقلۇق مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش تۆتېمغا چوقۇنۇشنىڭ بىر قانتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنداق بولۇشتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇزۇن يىل ئۆسۈپ تۇرۇشى، تەكرار ئۆسۈشى ۋە ئىنسانلار ھېچقانداق قارشىلىقسىز مۇقىم مېۋە - ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر دەل - دەرەخلەرگە بىر قەۋەت ئىجتىمائىي قىممەت چۈشەنچىسىنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەل -دەرەخلەرنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلغىنىدا، ھەتتا ئۇلاردىن ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئاپىرىدە بولغان دەپ ئەپسانىلەر توقۇپ قالدۇرۇشقان. مەسىلەن، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ ئەدىب يۈجى «داۋيۈەن شۈگۈلۇ» نامىلىق ئەسىرىدە ۋە ئىرانلىق تارىخچى جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاھ»، فرانسىيىلىك تارىخچى دوسساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» نامىلىق ئەسىرى ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بىر ئەپسانىۋى ھېكايە بولۇپ، ئۇلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قارا قورۇم دېگەن بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغدىن توغلا ۋە سېلىنگا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىپ، كۆنلەردىن بىر كۈنى ئاشۇ ئىككى دەريا ئارىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە شولا چۈشۈپ، دەرەخ ھامىلىدار بولۇپ، بەش ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىق ۋە چىرايلىق كەنجى ئوغۇلنى تاللاپ ئۆزلىرىگە خان قىلىپ تىكلىشىپتۇ. بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى قەدىمكى زاماندا كۆپ تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىنقى دەۋردە ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانىلەردىن «ئىلاھى دەرەخ ئانا» قاتارلىقلاردا دەرەخنىڭ ئادەملەرگە شاپائەت كۆرسەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەنلىكى بىلەن مەزمۇنداش بولغان.

2. موما - بوۋىلار ئىلاھى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئەجدادلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۆتېم ئېتىقادى دەۋرىدىن كېيىن ئەجدادلارغا چوقۇنغان. بۇ خىل ئېتىقاد كاتېگورىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تەرەققىيات تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىلگىرىلەش. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقال - ئاتامانلىرىنىڭ پىداكارانە ئىش - ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىللىقىنى بىلدۈرگەن. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرقانچە ئەۋلاد ئاتامانلارنىڭ ئوبرازى ئۆز ئارا بىرىكىپ، بىرقانچە ئۆلمەس ۋە تىپىك بولغان ئۇلۇغ موما - بوۋىلار ئوبرازى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇماي، قورتقا، ئۆلگىن، ئونغىن، تومارىس، ئوغۇزخان، ئالىپ ئەرتوڭا، بۆگۈخان، قاراخان، بۇغراخان قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان ئەپسانە ۋە ئەپسانىلىك رىۋايەتلەردە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش، ئىجتىمائىي مەدەنىي

ئۆزگىرىشلەر، كەشپىياتلار ۋە باشقا ئۇچۇرلار ئاشكارىلاپ بېرىلگەن ھەمدە ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن باتۇرانە كۆرەش قىلىش روھى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ ئەپسانىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاللىبۇرۇن تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئۆز مىللىتىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا ـ بوۋىسى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. خەلقنىڭ جاپالىق ھالدا ئىگىلىك تىكلەش ئەنئەنىۋى يولىنى ئاچقانلار سۈپىتىدە مەدھىيىلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. بەزى ئەپسانىۋى قەھرىمانلارنىڭ مۇتىنى يىراق دەۋرلەر بىلەن تۇتاشسىمۇ، ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشىغان تەزكىرىچى، تارىخچىلار، شائىر ۋە ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىلىم ـ پەن ۋە تۇرلۇك ـ تۈمەن ھادىسىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى شەرھلەش ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىدە دائىم دېگۈدەك بۇ خىل ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردىن پايدىلانغان ياكى بۇ خىل قەدىمكى ئەپسانىلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرىنى غەرەزسىز ھالدا كېڭەيتىش رولىنى ئوينىغان. بۇ ھال ئەپسانىۋى شەخسلەر خاراكتېرىدە مۇرەككەپ ۋە تارىخىي قاتلاملىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بەرگەن.

3. تەبىئەت (تەڭرىسى) ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئەپسانىلىرى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەن ئىنسانلار توتېم ۋە ئەجداد ئىلاھلىرىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىدە ئىلاھىيەتلىك ئامىللارنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن سىرلىق كۈچلەرنى بىپايان تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىزدەشكە باشلىغان. نەتىجىدە، ئاسمان ـ زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، بوران، قار ـ يامغۇر، تاغ، دېڭىز، دەريا، بۇلاق، كۆل، ئۆڭكۈر، قىر ـ داللار توغرۇلۇق ئاجايىپ ئەپسانىلەرنى توقۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى، سىرلىقلىقى، ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلار توغرۇلۇق ئۆز قاراشلىرىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن. يەر تەڭرىسىنىڭ تۇپراق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، باتۇرلۇقتا ۋە مەردلىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ، يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ ۋە تۇپراقنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. يەر يۈزى ئاسماندىن چىرايلىق ئىكەن، ئاسماندا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر، بەس ـ بەستە سايراۋاتقان قۇشلار ۋە كۆپكۆك يايلاقتا توپ ـ توپى بىلەن يايلاۋاتقان ھايۋانلاردىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ قىز يەر يۈزىدە ياشاپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاھى تۇپراق بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يېڭەلمەي، دەرغەزەپ بولۇپ، بالىسىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان قىزىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ»، يەنە بىر ئەپسانىدە، ئاسمان تەڭرىسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن دەريا ياساپ، سۇ باشلاپ كەلگەن يەر تەڭرىسى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يەر تەڭرىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى تۇپراقنى بۆركۈتكە ئايلاندۇرۇپ، قاچۇرۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئاي ۋە چولپان ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە، بۇلارنىڭ ئەسلى زېمىندىكى گۈزەل قىزلار بولۇپ، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاي ۋە چولپان بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ، ھەتتا ئاي يۈزىدىكى داغنىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن

كېلىپ چىققان دەپ بايان قىلىنغان. كىشىلەر يەرنىڭ تەۋرىنىشىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇنى بىر چوڭ قارا ئۆكۈزنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى، بىرى ئالسا يەنە بىرىگە يۆتكەش جەريانىدا يەر تەۋرەيدىغانلىقىنى ئەپسانە شەكلىدە بايان قىلىپ كەلگەن. تاغ، ئۆڭكۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئېيتىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەردە تەبىئەت ھەققىدە-كى قاراشلار ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «بوغدا تېغىنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق ئەپسانە بوغدا تېغىنىڭ ئەسلى بىر مېھرىبان ئانا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ جاپاكەش ۋە ئىشچان ئوغلىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئەبەدىي ھامىيلىق قىلىش مەقسىتىدە تاغقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئىچىدە «ئۈرۈمچىنىڭ بىنا بولۇشى»[1]، «كاشغەر شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى» («ئافراسىياپ ۋە كاشغەر») قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ رىۋايەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىي مەنبەسىدە ئەپسانىلىك مۇتىف يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن.

4. مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر.

بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ قىممىتىدىن كۆرە، تارىختىن بېرى ئۇ كىشىلەرگە قىزىقارلىق ۋە ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلگەنلىكى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جەسەتنى كۆمۈشنىڭ كېلىپ چىقىشى» توغرىسىدىكى ئەپسانىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسانلار دەسلەپ جەسەتنى كۆممىگەن، قابىل قاتىللىق قىلىپ قويۇپ، نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرغىنىدا، بىر قارغىنىڭ بىر قوناقنى كۆمۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جەسەتنى يەرگە كۆمۈشنى ئۆگەنگەن. دېمەك، ئەپسانىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەرسە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان تونۇشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداق تونۇشلارنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كەلتۈ-رۈپ چىقارغان ۋە بەلگىلىگەن. «ئۆلۈم مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «قەبرە قاتۇرۇش-نىڭ كېلىپ چىقىشى» ۋە «توي مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»[2]توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر قارىماققا ئاددىي، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردەك ۋەقەلىكلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە بەلگىلىگەن ئادەت ۋە قائىدىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىككە ئامالىمىز يوق.

ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەپسانىلەر يەنە باشقىدىن ئىجاد قىلىنىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخ ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆچمەس جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى». بۇ ھال ئەپسانىلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەلۇمكى، ناخشا - ئۇسسۇل چالغۇ - ئەسۋابلىرى بولمىسا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مۇسىقا (مۇزىكا)، ساتار، داپ، ناغرا، راۋاب، نەي ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئەپسانىلەرنى توقۇپ قالدۇرۇشى ئۆزلىرىگە سەنئەت لەززىتى بەرگەن بۇ جانسىز نەرسىلەرگە سېھرىي كۈچ ۋە ھاياتىي زوق ئاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەنئەت تىلسىز بولغىنى بىلەن ئىنساننى زۇۋانغا ۋە ھەرىكەتكە، شۇنداقلا تەپەككۇرغا كىرگۈزەلەيدۇ. بۇنىڭدا ناخشا - ئۇسسۇل، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ رولى سەركەردىلىك ئورۇندا دېيىشكە ئىمكانىيەتلەر

---

① «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.
② «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

يېتەرلىك .

## 2 ـ رىۋايەتلەر

رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلق ئىجاد قىلغان تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەرلىك قەدىمكى يادىكارلىقلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئالاقىدار ۋەقەلەردىن ئىبارەت. خەلق رىۋايەتلەر ئارقىلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھادىسىلەر، ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنى شەرھلەپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رىۋايەتلەرنى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزاكى تارىخى» دېيىشكە بولىدۇ.

1. ئادەملەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

رىۋايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىشلار ۋە شەخسلەر كۆپ ھاللاردا تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ۋە مەلۇم تەرەپتىن دەۋرنىڭ تەلىپىنى نامايان قىلىپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «ئىپارخان رىۋايىتى» قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا. «ئافراسىياپ»، «ئاتاساغۇن»، «رۇستەم» قاتارلىقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبمۇ، بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەل ـ يۇرت، ئۇلۇس ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغانلىقى، خىلمۇخىل تەرەپلەردىن خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن بولغان.

رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز تۈردە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بارىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى قانچىكى زور بولسا، بەدىئىيلىكى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ھاياتىي كۈچى شۇنچە قۇدرەتلىك بولىدۇ. «ئافراسىياپ» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا كۆپ ئەسىرلەر بولغان. ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (940 ـ 1020) نىڭ «شاھنامە» ئەسىرىدە ئافراسىياپنىڭ پەيغەمبەر زەردۇشتتىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ توران ئېلىنىڭ پادشاھى ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. بۇ يەردىكى زەردۇش دىنى (زورۇ ئاستېر دىنى) نىڭ پەيغەمبىرى زورۇ ئاستېر بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردىن VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئافراسىياپنىڭ «ئالپ ئەرتوڭا» دېگەن ئۇيغۇرچە نامىنىڭ بارلىقىنى (بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىمۇ ئۇچۇر بار) ۋە كاشغەرنى ئوردۇكەنت (پايتەخت) قىلىپ دەۋران سۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ قەھرىمان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىجادكار ۋە ئەل ـ يۇرت سۆيەر بىر خاقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ توغرۇلۇق رىۋايەتلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان گۇشاھ» تا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىدا خان بولغان بۆكۈخاننى كىشىلەر ئافراسىياپ دەپ ئاتاشقان. سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلىغان. مۇشۇ چاغقىچە تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستى مەدھىيىلەنگەن. كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە، ئافراسىياپنىڭ بىر ئىجادكار ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ كەشپىياتلىرى ۋە خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن، شۇڭا بۇلار ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن. رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىش جەريانى ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پىش-

شىقلاپ ئىشلىنىش جەريانى بولىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ بىر خىلى، ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەخسەن ئۆز تەسىراتى بويىچە بۇرۇنقى رىۋايەتلەردىكى پېرسوناژلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شاللاپ، ۋەقەلىكلەرنى كۆچەيتىشتىن ئىبارەت. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز مىللىتىنىڭ تېگى - تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ ئالپ ئەرتوڭانىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. ئۇلار ئۆز نەزىرىدە كۆڭۈلگە ياقىدىغان بارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياپ بىنا قىلغان دېيىشكەن. خەلق ئارىسىدىكى بىر قاتار كەشپىياتلار، مەسىلەن گىلەم توقۇش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئەيلەش، قوغۇن تېرىش، بۇغداي تېرىش، قوي سويۇش، باغۋەنچىلىك، كارىز كولاش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق قاتارلىقلارنى ئافراسىياپ كەشىپ قىلغان دېيىلىدۇ. دېمەك، ئافراسىياپ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يېتىشنىڭ تىپى بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تارقىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ - كېڭىيىپ بارغان ۋە ئېپوسقا تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا دەقيانۇس، ئوغۇزخان، قۇرتقا (قوتقا) قاتارلىق رىۋايەتلىك ئوبرازلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك[1]. بۇلار كۆپلىگەن كەسپلەرنى ئىگىلىگەن ماھىر ئۇستىلارغا ئايلىنىپ نامايەندە بولۇپ كەتكەن.

2. تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

بۇنداق رىۋايەت تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى تارىخنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن رىۋايەتلەر تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، شۇنداقلا مەۋجۇت شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇنداق رىۋايەتلەر يېقىندىن بۇيانقى يىللاردا كىشىلەر ئۇنى ھامان راست بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدەك بايان قىلىدۇ ھەم تارقىتىدۇ. ئەلۋەتتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ. ۋەھالەنكى، بايان قىلىش ئۇسۇلى تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ۋە راستتەك بىلىنىدۇ. بۇ خىل ھەقىقىي ئىشىنىش تۇيغۇسى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي سېھرىي كۈچىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئەجدادلار ۋە ئىلاھلاشقان قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئارىسىدىمۇ پرىنسىپال پەرق ئاز. بۇنداق بولۇشى مەيلى ئەپسانە بولسۇن، مەيلى رىۋايەت بولسۇن ئۇلار ئوخشاشلا سەنئەت ئەسىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن ئۇلارغا فانتازىيە ۋە بەدىئىي توقۇلما ئارىلىشىپ كەتكەن. «كۆسەن خانى ئالىپچورنىڭ ئەجدىھانى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشى» (دۆەن چىڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن) يۈكسەك فانتازىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىپچورنىڭ بەھەيۋەت قىياپەت بىلەن خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەجدىھانىڭ شىللىسىگە مىنگىنىدە، ئەجدىھانىڭ بىردىنلا شىرغا ئايلىنىپ كۆككە چىقىپ تۇرۇپمۇ بۇ قەھرىمان يىگىتنىڭ جاسارىتىدىن قورقۇپ، شۈمشىيىپ كەتكەنلىكى، خەلق قەلبىدە ياۋۇز، مۇشتۇمزور كىشىلەر ھەرقانچە كۆرەڭلىگىنى بىلەن، ھەقىقەت كۈچلە-

① «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1، 2، 3 - قىسىم، ئو. سمائىل، غ. ئوسمان، ي. ئىسھاقلار تۈزگەن)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى

رى ئالدىدا ھامان يېڭىلىدىغانلىقىدەك تارىخ لوگىكىسىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

3. يەر ـ جايلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

مۇتەپەككۇر كۇڭزى «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى شەيئىلەر ئەسلى ئىگىسىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ياشاش جەريانىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ئۇزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى قويغان. بۇلار ھەرقايسى يۇرت ـ شەھەرلەرنىڭ، تاغ ـ دەريالارنىڭ ۋە مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ. «ئۈرۈمچى-نىڭ بىنا قىلىنىشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇنى دەسلەپ تىجارەتچىلەر بىنا قىلغانلىقىنى، تىجارەتچىلەرنى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «ئۈرۈمچى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ئەڭ دەسلەپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگەن «ئۈرۈمچىبەگ» دېگەن ئادەمنىڭ نامى بىلەن بۇ شەھەر «ئۈرۈمچى»، كېيىنچە «ئۈرۈمچى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن①. «ئافراسىياپ ۋە كاشغەر» دېگەن رىۋايەت قارىماققا ئەقىلگە ناھايىتى سىغارلىق ۋەقەلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ئىشلار تارىختا بولۇپ ئۆتكەندەكلا، يەنى كاشغەرنىڭ بىنا بولۇشى ئافراسىياپنىڭ دەريادىن بىر يوغان قاش تېشى تېپىۋېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بۇ ھال رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن تارىخ ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تارىختا ياكى ئەمەلىي بار نەرسىلەرگە بېقىنامدۇ ـ قانداق، دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى تاغ-دەريالار ھەققىدىمۇ ئەھمىيەتلىك رىۋايەتلەر تارقالغان. «ئـالتۇن قـان» («دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» كە قاراڭ) رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن زۇلقەرنەيىن ئەسكەر-لىرى كېچىدە تاغ باغرىدا قاتتىق ئېلىشقان، ئاخىرى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلىپ، رەقىبلىرىنى قوغلىۋەتكەن. ئەتىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئۇلجا يىغىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا بارغاندا ئالتۇنلارنىڭ قىپقىزىل قاننىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئەسلىدە رەقىبلەرگە قىلىچ ئۇرۇلغاندا قىلىچ ئۇنىڭ ھەميانىغا تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ «ئالتۇن قان، ئالتۇن قان» دەپ چۇقۇرۇشۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئالتۇن قان» دەپ ئاتالغان. «زەرەپشان» (ئالتۇن ئاقار) دەرياسى نامىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەنە شۇ كاشغەرلىكلەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى نەتىجىسىدە كېلىپ چىق-قان، دېگەن رىۋايەتلەر بار. «تەكلىماكان» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بۇ چەكسىز، قەدىمىي ماكاننىڭ سىرلىقلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

4. ھايۋانلار ۋە ئۇسۇملۇكلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر.

بۇ خىل رىۋايەتلەر ھايۋان ۋە ئۇسۇملۇكلەر توتېمىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ساقىندىلىرىمۇ ياكى ئەپسانىلەر دەۋرى ئاخىرلىشىپ، رىۋايەتلەر دەۋرى ۋە ياكى فېئوداللىق جەمئىيەت گۈللەنگەن دەۋرنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەنمۇ، بۇنى ئايرىماق تەس. نېمىدېمىگەن بىلەن توتېم قىلىنغان ئۇسۇملۇك، ھايۋاننىڭ تەسىرى رىۋايەتلەردە پۈتۈنلەي يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مەيلى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى فېئودالىق جەمئىيەتتە بولسۇن ھايۋان، ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ئىنسانلار قويۇق ئالاقىدە بولغان. ئادەملەر بۇلارغا تاياناي تۇرمۇش كەچۈرەلىگەن. ھايۋانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى،

① «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1، 2، 3-قىسىم، ئۇ. ئىسمائىل، غ. ئوسمان، ي. ئىسھاقلار تۈزگەن)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

شەكىل ئالاھىدىلىكى، ئۆزئارا ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق بەدىئىي توقۇلمىلار ياردىمى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. «قارلىغاچ» رىۋايىتىدە قارلىغاچنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقى ئاچىماق بولىدىغانلىقى ۋە پاشىنىڭ نېمىشقا غىڭشىيدىغانلىقى ئەپسانىلەردىكى نوھ ئەلەيھىسسالامغا باغلانغان ھالدا چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئالەمنى توپان بالاسى باسقان ۋاقىتتا نوھ پۈتۈن جان - جانىۋارلارنى بىر جۈپتىن كېمىگە ئېلىپ چىقىپ قۇتقۇزۇپ قالغان. ئەمما، چاشقان ئۇنتۇلۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كېمىنى تېشىۋېتىپتۇ. كېمىگە سۇ چىقىپ كېتىپ غەرق بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ، شۇ ۋاقىتتا يىلان نوھقا تاتلىق گۆش بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تۆشۈكنى ئېتىپ ھەممەيلەننى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. كېيىن نوھ ئەلەيھىسسالام پاشىنى نېمىنىڭ گۆشى تاتلىقلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. پاشا دۇنيادا ھەممىدىن ئادەمنىڭ گۆشىنىڭ تاتلىقلىقىنى ئېنىقلىۋېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى چوقۇپ ئۈزۈۋېتىپ، سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ، پاشا نوھنىڭ يېنىغا كېلىپ غىڭشىلدىغانىكەن، نوھ: «بۇ نېمە دەيدۇ؟» دەپ ئەتراپتىكىلەردىن سوراپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قارلىغاچ دەرھال: «پاشا ھەممىدىن پاقىنىڭ گۆشى تاتلىقكەن، دەيدۇ» دېگەنىكەن، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن يىلان قارلىغاچقا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ، قارلىغاچ بولسا ئۇچۇپ كېتىپ ئامان قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاشا غىڭشىيدىغان، قارلىغاچنىڭ بولسا قۇيرۇقى ئاچىماق بولۇپ قاپتۇ. بۇ رىۋايەتتە بىرلا قارلىغاچ ئەمەس، يەنە يىلان، پاشا، چاشقان قاتارلىق ھايۋانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىر پۈتۈن ھايۋانلار كوللېكتىپىنىڭ ھەرىكەت تۈزۈلۈشلىرى ۋە خاراكتېرى ئىخچام بايان قىلىپ بېرىلگەن.

ئۈسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۈزۈم، قوغۇن، ئەنجۈر، بادام ۋە بېھى، جۈجەم (ئۈجمە)، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈشى رىۋايەتلەرگە خاس يول بىلەن، يەنى تاسادىپىي ھادىسە ۋە ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ بىزگە رىۋايەتتىكى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن كۈتمىگەن يەردىن چىقىشى، چىنلىق سىزىلىپ تۇرۇشى بىلەن بىللە ئەگرى - توقاي، ئاجايىپ - غارايىپ بولۇشى ئارقىسىدا ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

5. قول ھۈنەرۋەنچىلىك توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. ئۇلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ جىنسىيەت پەرقىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. گىلەم ۋە چىمەن دوپپا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، تارىختىن بېرى بۇ ئىككىلا ھۈنەرنى ئاياللار قىلىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ رىۋايەتلەردە چىمەن دوپپىنى كاشغەر پادشاھىنىڭ چىمەنگۈل ئىسىملىك قىزى، گىلەمنى خوتەن پادشاھىنىڭ «گۈلەم» ئاتلىق مەلىكىسىنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى ھەم بۇ مەھسۇلاتلار شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان.

6. ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

بۇلارنىڭ ئىچىدە «مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى» («دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» كە قاراڭ) توغرىسىدىكى رىۋايەت كۈچلۈك تارىخلىققا ئىگە. بۇ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان مۆچەل يىلنامىسىنىڭ تارىخىي خاسلىقىنى بىلىشتە پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «قىرىق تال چاچ ئۆرۈش» بۇ خىل رىۋايەتنىڭ بىر قانچە خىل ۋارىيانتى بار. گەپ ئۇنىڭ ھەرخىل بولۇشىدىلا ئەمەس. بەلكى، تۇرمۇشتا ئاياللارنىڭ كۆپ تاللىق چاچ ئۆرۈشى ۋە بۇ خىل ئادەتنىڭ رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ

كېلىپ، تۇرمۇشقا ماسلىشىپ كېلىشى. ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، شىنجاڭدا ئۈرۈمە چاچ ئىككى، ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ ھال بىزگە رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا رىۋايەتلەر ھەم رىۋايەتلەردىكى شەخسلەر ئاساسەن تۇرمۇشنىڭ ئۆز ھالىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە رېئال ئامىللارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. زامان - زامانلاردىن بۇيان ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى بېقىپ، روناق تاپقۇزۇپ كەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى خەلققە ھەمراھ قىلغۇزدى. ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە خەلق ئامىسىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان ھەرخىل مۇناسىۋەتلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا تارىخنىڭ مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي ۋە سىرلىق جەريانلىرى بەدىئىي توقۇلما ۋە فانتازىيە ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن. خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر قەبىلە - ئايماقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئەل - يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلە، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش، ئۆرپ - ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئەپسانە - رىۋايەت شەكلىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ مەيدانغا چىققان.

## § 3 . ئېپوسلار

ئۇيغۇرلارغا، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىغا ناھايىتى كۆپ ئېپوسلار سىڭگەن. بۇ ئېپوسلار ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئەدەبىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ ۋە بېيىتىپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئېپوسلاردىن «ئوغۇزنامە»، «تومۇ ئالپ ئەر»، «دەدە قورقۇت»، «گۆر ئوغلى»، «ئالپامىش» قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكى بىلەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

### 1 - «ئوغۇزنامە»

#### 1. «ئوغۇزنامە» ھەققىدە

ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارالغان ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان ئېپوس. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى، يەنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارالغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر.

ئېپوسنىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىسى بولۇپ، بۇلار خىلمۇ خىل شەكىلدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نەسرىي ئۇسلۇبتا، بەزىدە قەدىمكى نەزمىي مىسرالار ئارىلىشىپ كەلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇر مۆھىتى ۋە تىلىدا يېزىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا

كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم نۇسخا. چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرى قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان، ئوغۇزخانمۇ مىللىي قەھرىماندىن ئىسلام دىنى قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ نۇسخىنىڭ 106 ـ قۇرىدا ئوغۇزخاننىڭ «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن» دېگەن جاكارىسى بار. شۇنىسى ئېنىقكى بۇ مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە قەدىمكى نۇسخا (قوشۇمچە بىرىنچى نۇسخا) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس، مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئەنئەنىسى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۇرۇشلار، ئوردا مۇراسىم قائىدىلىرى، خانلىقنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىدىن تارتىپ كىشىلىك پەزىلەت ـ ئىقتىدارىغىچە مول مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەنلىكتىن بۇ نۇسخا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى «پۇقرالار كىتابخانىسى» (Biblioheque Nationale) دا ساقلانماقتا. (نومۇرى supul tus.1001). باشقا تۈركىي تىلدىكى نۇسخىلىرى، پارسچە، تاجىكچە كىتابلاردىكى نۇسخىلىرىمۇ بار. بىز بۇ يەردە نۇقتىلىق قەدىمكى نۇسخا ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن باشقا نۇسخىلاردا توختالمىدۇق.

قىسقىسى، «ئوغۇزنامە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى ئوبرازلىق ۋە قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2. «ئوغۇزنامە» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

ئالدى بىلەن «ئوغۇزنامە» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز. ئېپوسنىڭ مەزمۇنىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» نىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئارىلاش بايان قىلىنغاچقا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىر دەپ بۆلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، مەزمۇن خاراكتېرى ۋە نېمىلەر ئىپادىلەنگەنلىكىگە قاراپ ئۈچ قىسىمغا بۆلدۇق.

بىرىنچى قىسمى، ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ خاقان بولغانغا قەدەر ۋەقەلىكلەر. بۇ قىسىمدا ئوغۇزنىڭ ئايخاندىن تۇغۇلۇپلا، قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ ئادەم بولغانلىقى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى قىياپىتى تەسۋىرلىنىدۇ. باتۇرلۇقى پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللەر بىلەن تويى ۋە بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خانلىقنىڭ خانلىق يارلىقى، يەنى ئوغۇزنىڭ خاقان، تامغىنىڭ خانلىق سىمۋولى، كۆك بۆرىنىڭ جەڭگىۋار شۇئار، يا بىلەن قالقاننى، تۆمۈر نەيزىلەرنى قورال، قۇياشنى تۇغ قىلىپ، ئاسماننى قورغان دەپ بىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق چىقىرىلغان يارلىق مەزمۇنى بار.

ئىككىنچى قىسىم، ئوغۇزخاننىڭ بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدىكى ۋەقەلىكلەر. ئالدى بىلەن بۇ قىسىمدا ئوغۇزخان باشقا ئەللەرگە خانلىق مەكتۇپى يوللاپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خانى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا شەرق تەرەپتىكى ئالتۇنخان بويسۇنىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئۇرۇم پادىشاھى قارشىلىق قىلىدۇ. ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ باتۇر خەلقى دەھشەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ نۇرغۇن ئەللەرنى، ئۇرۇم پادىشاھىنى، جورجىتنى، سىندۇ، تاڭغۇت، سۇرىيە ۋە بارقاننى بويسۇندۇرىدۇ. جازا يۈرۈشى جەرياندا كۆك بۆرىنىڭ چوڭ قوشۇنغا يول باشلىغانلىقى ۋە بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋەقەلىككە باغلىنىپ سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىمدا، ئوغۇزخاننىڭ خانلىق زېمىنىنى ئوغۇللىرىنىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەر. بۇ قىسىمدا ئوغۇزخاننىڭ خانلىق مەسلىھەت-

چىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، خانلىقنىڭ رەسمىي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى يېزىلغان.

ئومۇمەن، «ئوغۇزنامە» نى مەزمۇنىغا قاراپ يۇقىرىقىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلسەكمۇ، لېكىن «ئېپوس پۈتۈنلۈككە، ھەرىكەت بىرلىكىگە، قىسىملىرىدا مۇناسىپلىققا (مۇۋاپىق، تەڭ، باراۋەر) ئىگە بولۇشى كېرەك»[1]لىكى ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇش جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. «ئوغۇزنامە»دە يەنە ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قاراشلار، ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ئىدىيىۋى مەزمۇنمۇ بار. «ئوغۇزنامە» دىكى ئىدىيىۋى مەزمۇننى تۆرلۈك قاتلام، تەركىبلىرىگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

### ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىلىرى.

«ئوغۇزنامە» دە ئەجدادلارنىڭ توتېم ئېتىقادى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ياكى كۆچەپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى دەرەخ كاۋىكىدىكى ساھىبجامال، كۆك نۇر ئىچىدىكى گۈزەل، چوڭ قوشۇنغا يول باشلىغۇچى كۆك بۆرە قاتارلىق مەسىلىلەردە توتېم ئېتىقادى ئەكس ئېتىلگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن كۆك بۆرە گەپ قىلالايدۇ، ئۇ چوڭ قوشۇن ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇ توختىسا قوشۇن توختايدۇ، ئىلگىرىلىسە ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇرۇشتا ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ دائىم غەلىبە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز كۆك بۆرىنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئارىسىدا مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ توتېم بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«ئوغۇزنامە» دە مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسىمۇ ئىپادىلەنگەن. «قىرىق» سۆزى يەتتە يەردە ئۇچرايدۇ. ئوغۇز قىرىق كۈندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەملەر قاتارىغا ئۆتىدۇ. زىياپەتتە قىرىق شىرە ۋە ئورۇندۇق تەييارلانغان. لەشكەرلەر قىرىق كۈن مېڭىپ ئاندىن توختىغان. قىرىق غۇلاچ خادا قاتارلىقلار «قىرىق» سانى بىلەن باغلاپ ئىپادە قىلىنىپ، ئەجدادلارنىڭ سانغا بولغان مۇقەددەس چۈشەنچىسىنى شەكىل قىلغان. ئۇندىن باشقا «ئۈچ»لۈك چۈشەنچىسى بىلەن دۇنيانىڭ يارىلىشىغا شەرھ بەرگەن، يەنى كۆك نۇر ئىچىدىن چىققان خوتۇندىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا كائىناتتىكى ئاساسلىق ئۈچ دانە جىسىمنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان خوتۇندىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا يەر يۈزىدىكى ئۈچ خىل شەيئىنىڭ ئىسمىنى قويغان. دېمەك بۇ خىل سان چۈشەنچىسى ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز يېرىم ئىلاھلاشقان، يېرىم ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئوغۇز ئۆيلەنگەن قىزلار ئىلاھىي قىزلاردۇر. ئۇلار كۆلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ بۇ خىل چوقۇنۇش (ئەجدادلارغا چوقۇنۇش) ئەسەردە يەنە بىر ئىدىيىۋى قاتلام قىلىنغان.

«ئوغۇزنامە»دە يەنە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە شامانىزم تەسىرلىرىنى ئۇچرىتىمىز. تەبىئەتكە چوقۇنۇش مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئەسەردە ئىپادىلەنگەن «كۆك تەڭرىسى» ۋە «كۆك» رېڭى ئۈستىدە توختالماي بولمايدۇ. ئاسمان تەڭرىسى (كۆك) ئەجدادلارنىڭ ئالاھىدە چوقۇنۇش ئوبيېكتى، بۇ خىل چوقۇنۇش «كۆك» رەڭنى ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ كېيىنكى توتېملارغىچە سىڭىشىپ كەتكەن، يەنى بۆرىنىڭ «كۆك» رەڭدە سۈپەتلىنىشى، «ئوغۇز»نىڭ «كۆك» سۆزى بىلەن ئاتىلىشى، يەنە «قۇياش تۇغ بولسۇن» دېيىشى قۇياش ئىلاھىنى غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان. كۈننىڭ يورۇقىغا

---

[1] «بېلىنسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»، 230 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

چوقۇنۇش ئادىتىمۇ بولغان.

«ئوغۇزنامە» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان تەنتەنىلىك مۇراسىم شامانىزم تەسىرىنىڭ قويۇق ھىدىغا تولغان، يەنى ئىككى خادا تىكلەپ، خادىغا ئاق ۋە قارا قويلارنىڭ باغلىنىشى شامانلارنىڭ دىنىي مۇراسىمىدا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيىتى بولۇپ بۇ پائالىيەت ئەسەردە خېلى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئوغۇزنامە» دە ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قاراشلاردىن سىرت ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىلەرنى ۋە ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ھەتتا بىر قىسىم پەلسەپىۋى مەسىلىلەر، ئەخلاق تېمىسى، شۇنداقلا خانلىق تەشكىلىنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلار ئىپادە قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق ئوغۇز قىياننى ئۆلتۈردى، قىياننى شۇڭقار يېدى. شۇڭقارنى ئوقيا بىلەن ئاتتى دېيىلىپ ھەم شۇ توغرىدا سۆز قىلىپ جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىياتىدا غالىبلارنىڭ تاللىنىپ، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ھەممە جانلىقلاردىن باتۇر، غالىب ئىكەنلىكىدە روشەن پىكرىنى سىڭدۇرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ياغا بويسۇنۇڭلار، دېيىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مىللەت ئىچىدە چوڭنى ھۆرمەتلەڭلار دەپ ئەخلاقىي تەربىيە قىلىدۇ. ئوغۇزخان خاقان بولغاندا ئېنىق يارلىق چىقىرىپ ئۆزىنىڭ خاقان بولغانلىقىنى، تامغىنىڭ بەخت، كۆك بۆرىنىڭ بەلگە، قۇياشنى تۇغ قىلغانلىقىنى، يا بىلەن قالقان، تۆمۈر نەيزە قورال بولىدىغانلىقىنى بېكىتىپ خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

«ئوغۇزنامە» يۇقىرىقىدەك ۋە باشقا مول ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى بەدىئىي شەكىل ۋە تىل جەھەتتىمۇ بەزى ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئېپوسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى جايلىرىغا شېئىرىي مىسرالارمۇ ئارىلاشقان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئابزاس سەككىز بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە كەلگەن ھەمدە ئاخىرقى بوغۇمى قاپىيىلەشكەن:

سەنلەرگە بولدۇم قاغان،
ئالالىڭ ياتاقى قالقان.
تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان،
كۆك بۆرى بولسۇق ئۇران.
تەمۇر يىدالار بول ئورمان،

ئاۋ يەردە يورۇسۇن قولان.
تاقى تالۇي تاقى مۇرەن،
كۈن تۇغ بولغىل كۆك قورىقان.
(96 ـ 102 ـ قۇر)

[مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،

ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران.
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،

ئوۋلۇقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران.
ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.]

يەنە مىسالغا ئالساق، ۋەزىر ئۇلۇغ تۈركنىڭ تۈۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزى 13 بوغۇملۇق شېئىر جۈملىسىگە كىرىدۇ:

ئاي قاغانۇم سەنگە ياشاغۇ بولسۇنغىل ئۇزۇن،
ئاي قاغانۇم سەنگە تۇرۇلۇك بولسۇنغىل تۈزۈن؛
بەنگە كۆك تەڭرى بەردى تۈشۈمدە كەلتۈرسۈن،
تالاي تۇرۇر يەرنى ئورغۇڭغا بەردۇرسۇن.
(323 - 337 - قۇر)
[ئەي قاغانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن،
ئەي قاغانىم، سېنىڭ ئەل نىزامىڭغا ئادالەتلىك يار بولسۇن.
كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇقىغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ.]

ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردە بىر قانچە قەبىلە - قوۋملەرنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ماھىيەتلىك ۋەقەلەر بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەردە مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئوغۇزنى ئىلاھلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. ئەسەردە جايىدا قوللىنىلغان ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوغۇزنىڭ باتۇر ۋە مەردانىلىكى ئېچىپ بېرىلگەن. سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ گۈزەللىكى، نازاكەتلىكى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك بۇ ئېپوستا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، كۈرەشلىرىلا كىرگۈزۈلگەن بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، خانلىق سىمۋوللىرى، بەخت چۈشەنچىلىرى، ئەڭ مۇھىمى شۇ زاماندىكى خەلقنىڭ ئېگىدىكى ئېستېتىك چۈشەنچىسى ئەدەبىي يوللار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. بىز بۇ ئەسەردىن بىر تەرەپتىن دۇنيا ۋە مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، خانلىق مۇراسىمى، ئۇرۇش ۋە مىللەت ئېتنولوگىيىسىنى بىلەلىسەك، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ خېلى مۇكەممەل شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

3. «ئوغۇزنامە» دە يارىتىلغان ئوغۇزخان ئوبرازى

ئوغۇز ئوبرازى خېلى مۇكەممەل ئوبراز. بۇ خىل مۇكەممەللىك بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق تاۋلانغان. ئوغۇزخاننىڭ شەخس خاراكتېرى كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا تەدرىجىي ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئوغۇزنىڭ پائالىيىتى بۇ خىل ھالەتنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەينى چاغدىكى باتۇر، قەھرىمان كىشىلەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ۋە ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئالغا يېتەكلىگۈچىسى بولۇپلا قالماي، ئەجدادلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى مۇجەسسەملىگەنلىكتىن ئەجدادلارنىڭ شان - شەرىپى ۋە ئەۋلادلار قىزغىنلىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلانغان.

ئوغۇزخان يېرىم ئىلاھلاشقان، يېرىم ئادەملەشكەن ئوبراز. خەلق قەلبىدە ئۇنىڭ تۆرىلىشى ۋە سۈپىتى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ناھايىتى ئۇستا مەرگەنلىكى، قىلىچۋاز، نەيزىۋاز ۋە مەشھۇر قوماندان، شۇنداقلا ئادىل خاقان ئىكەنلىكى، يەنى ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئادىمىلىك خاراكتېرىدىن ئايرىلمىغان، ھەتتا ياشانغاندا ئۆلۈمدىن سۆز ئاچمىغان بولسىمۇ، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماي، بالىلىرىغا يەر - زېمىننى ئادىل تەقسىم قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھلىق ھالەتكە ئۆتۈپ، مەڭگۈ ياشاش ئىستىكىنى قىلمىغان.

ئەجدادلارنىڭ مىللىي روھى، غايىسى، ئەقىل - پاراسىتى كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئوغۇزخاننى شائىر دېيىش ياكى شائىرلىققا مايىل كىشى دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. چۈنكى، بىر خانلىق يارلىقىنىڭ نەزمە شەكلىدە چىقىرىلىشى، ئوغۇزخاننىڭ ھېچبولمىغاندا شېئىر يەنى قوشاقنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

بۇغۇ يەدى، ئادۇق يەدى، يىدام ئۆلتۈردى،
تەمۈر بولسا، قىئاتنى (؟) شۇڭقار يەدى.
يا ئوقۇم ئۆلتۈردى،
يەز بولسا دەپ دەدى، كەتتى.
(45 - 46 - 47 - قۇر)

[قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى.
ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ،
نەيزەم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى.
شۇڭقار قىئات يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ،
ئوقيايىم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى.]

ئوغۇز ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ پارچىنى ئوقۇپ بىز شېئىرىي سېزىمنى، ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ شېئىرىي پۇراقنى ھېس قىلىمىز.

ئوغۇزنىڭ خەلقىنىڭ بالايىئاپىتى بولغان قىئاتنى يوقىتىشى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى ئېچىپ بەرسە، قاتتىق جەڭلەردە غالىبلارچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشى ئۇنىڭ قەھرىمان، باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەرگە نام ئاتا قىلىشى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى، خانلىق مەسلىھەتچىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئۇنىڭ دانا، يىراقنى كۆرەرلىكىنى بىلدۈرگەن.

دېمەك، ئوغۇزخان «ئوغۇزنامە» دە يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشنى ئاساس سيۇژېت لىنىيىسى قىلغان شەخس بولۇپ، ئۇ دەۋر ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا باتۇر، مەردانە، ئاقىل خەلق قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەيلى ئۇ تارىخىي شەخس ۋە ئىلاھىي ئوبراز بولسۇن، ۋۇجۇدىدا خەلق روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، خەلقچىللىق روھ ۋە غايىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولالىغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ خىل خاھىشنى قەدىرلىشىمىزگە، ساقلىشىمىزغا ھەم مەڭگۈ ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

4. «ئوغۇزنامە» نىڭ تارىخىي دەۋرى

«ئوغۇزنامە» قاچان مەيدانغا كەلگەن، بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان قاراشلار بار، ھەر تەرەپلە-

مە ئەھۋالغا ئاساسەن، بىز بۇ ئەسەرنى ئېپوس دەپ ھېسابلايمىز. ئەدەبىيات تارىخى كلاسسىك-لىرى ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرۇلۇق توختالغىنىدا، ئېپوس «خەلقنىڭ پەقەت گۈدەكلىك دەۋرلىرىدە، ئۇنىڭ ھاياتى تېخى ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپكە، يەنى پوئېزىيە ۋە پروزىغا ئاجرىتىلمىغان چاغدا، خەلقنىڭ تارىخى پەقەت ئەپسانە بولغان زاماندا، دۇنيا ھەققىدە، ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرى پەقەت دىنىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت بولغاندا، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى پەقەت قەھرىمانلىق غەلىبىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن»[1]دەپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بايانلار «ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى بىلىشتە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئېپوستا ھەم پوئېزىيە ئامىللىرى، ھەم پروزا ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولۇشى ئەجدادلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەدەبىياتنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بىخلىنىشقا باشلىغان زامانلارنى ئەسلىتىدۇ. ئىپتى-دائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ رېئال تارىخىي ئەپسانىلىك تۈس ئىچىگە يوشۇرۇنغان، دىنىي ئىدېئولوگىيە بېسىم ئورۇندا تۇرغان. باتۇرلۇق - قەھرىمانلىق كۆرسىتىش قەبىلە - قوۋم ئەزالىرىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىشتا تۈپ مەقسەت قىلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئوغۇزنامە» دە روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئومۇمەن، تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، «ئوغۇزنامە» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋ-رىنى بىلىشتە:

بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى؛

ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىدىيە (ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد) تەرەققىيات تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

مانا مۇشۇلارغا ئاساسەن، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، بۇ ئېپوس ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرغان زامانلاردا بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئەمدىلە-تىن ئويغانغان ئېڭىنىڭ پوئېزىيە ساھەسىدە بىرىنچى پىشقان مېۋىسى»[2]بولۇپ قالغان.

## 2 - توڭا ئالپ ئەر

### 1. رىۋايەتلىك ۋە تارىخىي دېرەكلەر

توڭا ئالپ ئەر - ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئېپوسى ۋە ئېپوستىكى باش قەھرىمان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسىم قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە تاجىكلارنىڭ ئۇنى ئافراسىياپ دەپ ئاتايدى-غانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئافراسىياپ ئەڭ دەسلەپتە «ئاۋېستا» (مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىر بىلەن تۈزىتىشىدۇ) دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئۇنى تۇران ئېلىنىڭ خاقانى، ئىرانلىقلارنىڭ رەقىبى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.[4][3]يۇقىرىقى كىتابتىن تەخمىنەن 2000 يىللار كېيىن يېزىلغان «شاھنامە» دە بۇ خىل كۆز قاراش تېخىمۇ ئېنىق، تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توڭا ئالپ ئەرگىچە سۈرۈشتۈرۈلگەن. بۇ كىتابتا مۇنداق

---

① «بېلىنىسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 220 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

② «بېلىنىسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 220 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

③ يۈەن ۋېنچى «‹ئاۋېستا› ياشت، ئىلاھلار قەسىدىسى ھەققىدە» «چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات مەجمۇئەسى» 11 - توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى 325 - بەت.

④ بەزى مەنبەلەردە ئافراسىياپ «ئاۋېستا» دا «خەرەنە سۈيان» دېيىلىدۇ دېيىلگەن.

دېيىلىدۇ: «تۈرك، ئۇيغۇر، لارنىڭ ئۇلۇغ قاغانى (خاقانى) ئافراسىياپ (توڭا ئالپ ئەر) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ، قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم، دېمەكتۇر»، «كاشغەر، ئوردۇكەند، دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان».[1] «تەزكىرەئىي ساتۇق بۇغراخان» دە ئافراسىياپ قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرىدىكى «بەگلەر تەبەقەسى» نىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. «تارىخىي رەشىدى» دە قاراخانىيلار خاقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئافراسىياپقا باغلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت نۇقتىئىنەزەر بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە موللا موسا سايرامىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇ «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ 119 ـ بېتىدە «بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇغراخانلارنىڭ قولىدا ئىكەن. تا چىڭگىزخان زامانىغىچە بۇغراخانلارنى ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن ئىدى، دېگەن رىۋايەتلەر بار» دېسە، 640 ـ بېتىدە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى... بولۇپ، ئۇنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ زىكرى قىلىنىدۇ»، «تارىخىي ئەمىنىيە» دە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى بولۇپ، ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى» دەپ يازىدۇ.

توڭا ئالپ ئەرنىڭ ياشىغان زامانى ھەققىدە خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر بار. ھەر خىل قەدىمكى كىتابتىكى بايانلار ئۇنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردىن مىلادى VIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي شەخسلەر ھەم ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا كىتابلاردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئافراسىياپ ئەسلىدە ئەفرىدوننىڭ[2] تۇر ناملىق ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھۇشەڭنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئۆز دادىسى مەنۇچەھرنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە چىققان ئىران شاھى نودەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، نودەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاقىۋەت ئىران تەختىگە چىققان ۋە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.[3]

ئومۇمەن، ئافراسىياپنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە زامانى ھەم ئۆمۈر كۆرگەن يىلى بەكمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخشۇناس نارشاخى (959 ـ ؟) «بۇخارا تارىخى» كىتابىدا «پارسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياپ ئىككى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەنمىش، بۇ جادۇگەر نوھ پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان.[4]

توڭا ئالپ ئەر ئەجدادلار نەزىرىدىكى بىر قەھرىمان شەخسنىڭ سىمۋولى. قەدىمكى دەۋردە خەلق ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ئېپوسلار تارقالغان («قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» دە بۇنىڭغا ئائىت مەلۇمات بار.) قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ توڭا ئالپ ئەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان.[5] ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچلىگە ياقىدىغان شەھەرلەرنى ئافراسىياپ بىنا قىلغان دېيىشكەن.[6] خەلق ئارىسىدىكى گىلەم توقۇش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئىيلەش، قوغۇن تېرىش، بۇغداي تېرىش، قوي سويۇش،

---

① م. كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئۈچىنچى توم 502 ـ بەت، بىرىنچى توم 447 ـ بەت.

② فەرىدون ـ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، ئەفرىدون دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

③ «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى»، تاشكەنت، 1978 ـ يىلى نەشرى، بىرىنچى توم.

④ «بۇخارا تارىخى»، 1966 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى.

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن)، 62 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑥ م. كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» كە قاراڭ.

باغۋەنچىلىك، كارىز كولاش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئوت يېقىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى ئافراسىياپ باشلاپ بەرگەنمىش.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئافراسىياپ دانىشمەنلەرنىڭ ئوبرازى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ بىلىملىك، ئەقىللىق، زېرەك، نامى مەشھۇر، پەزىلەتلىك شەخس قىلىنغان. پۈتۈن تۈركى خەلقلەر بەگ (خان) لىرىنىڭ (نەمۇنىلىك) بېگى قاتارىدا سانالغان. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىبرەتنامە ھېسابلانغان.

«شاھنامە»، «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» دە ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە بولسا ئافراسىياپ باتۇر - قەھرىمانلىقتا ۋە جىسمانىي كۈچ - قۇدرەتتە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ مەدھىيىلەنگەن. ئۇنىڭ نامى خەلق ئىچىگە مەشھۇر، قۇدرىتىنى ھەممە ئەللەر بىلىدۇ. ئۇ پەم - پاراسەتلىك، چارە - تەدبىرگە باي، دۈشمىنىگە رەھىمسىز، خەلقىنىڭ ئەمىنلىكىنى ئويلايدىغان پىداكارانە روھقا ئىگە شاھ. شۇنداق بولغانلىقتىن خەلق ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز قايغۇرۇپ ۋە ئېچىنىپ، مەلۇم بىر كۈننى مەخسۇس تەزىيە كۈنى قىلغان ۋە مەرسىيىلەرنى توقۇشقان. بۇ توغرىدا «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» دە بىر قانچە كۇپلېت پارچە خاتىرىلەنگەن.

2. توڭا ئالپ ئەر ئوبرازى.

توڭا ئالپ ئەر - ئافراسىياپ قەھرىمان خاقانلارنىڭ بىرى. ئۇز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، بەخت - سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان. بارلىق زېھنىنى ئەل ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. تەرەققىيپەرۋەر يول تۇتۇپ ئەجدادلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقتىن، ئۇنى ئەل ھىمايە قىلغان. ئۇنىڭدىكى ئەقىل، باتۇرلۇق، تەرەققىيپەرۋەرلىك تىنچلىقسۆيەرلىك قاتارلىق خاراكتېرلەر ئۇنى مىللىي قىزغىنلىقنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىش جەريانىدا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، جەزبىدارلىشىپ، تىللاردا داستانغا ئايلانغان ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسىدا جانلىق تىپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئافراسىياپ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخىي شەخس كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، نورغۇنلىغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ئىرغىپ ئۆتۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مۇكەممەل تىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا ئالپ ئەرتوڭا ئافراسىياپنىڭ تارىخىي ئورنىنى باھالىماقچى بولىدىكەنمىز ئۇنىڭ ئېپوستىكى بىر بەدىئىي تىپ ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

3. ماتېرىياللاردىن ئۆرنەكلەر

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تىكى توڭا ئالپ ئەرگە دائىر ئېپوستىن ئۆرنەكلەر: تېكىستى:

ئالپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز دۇنيا قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئۆلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،

سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

كۆڭلۈم ئىچىدىن ئۆرتەدى،
پىتمىش باشىغ قارتادى،
كەچمىش ئۈدۈك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر.

هازىرقى تىلدىكىسى:

باتۇر ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك هۇۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ.
چىرقىراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتلىدى.
كەچكەن (ئۆتكەن) ئۈدۈك (ئىشق) نى ئەسلەتتى.①
تۈن - كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى توڭا ئالپ ئەرگە ئائىت بېيىتلەر:
277. بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈگ،
توڭا ئالپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈگ.
278. بەدۈك بىلكى بىرلە ئۆكۈش ئەردەمى،
بىلگىلىك، ئوقۇشلۇغ بۆدۈن كۆردۈمى.
279. نە ئۆدرۈم، نە كۆردۈم، نە ئەرسىگ ئەرەن،
ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جەهان.
280. تەژىكلەر ئايۇر ئانى ئافراسياپ
بۇ ئافراسياپ تۇتتى ئەللەر تالا.
بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:
278. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگىلىك.
توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگىلىك،
278. ئېلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،

① ئىشق - سىغىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىملىك، ئەقىللىق خەلقىنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرە خىل، زىرەك ئەر ئوغلان.
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسىياپ،
بۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

بۇگۈنكى زامانغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئافراسىياپقا دائىر رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلگەن.

# III باب. تارىم - تۇرپان بوستانلىقىنىڭ بۇددا مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى

## (مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى IX ئەسىرگىچە)

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي كىتابلىرىدا شىنجاڭ قەدىمكى دەۋردە «شىيۇ» (غەربىي يۇرت)، يەنى «قۇرىغار» دەپ ئاتالغان. بەنگۇنىڭ «خەننامە» دېگەن كىتابىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، مىلادىنىڭ دەسلىپىدە غەربىي يۇرتتا 36 قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى بار بولۇپ، كېيىنچە 50 نەچچىگە پارچىلىنىپ كەتكەن. بەزىدە نەچچە ئونغا يىغىنچاقلىنىپ قالغان. بۇ خانلىقلارنىڭ كۆپى دېگۈدەك تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان.

شىنجاڭنىڭ قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى ئىچىدە كەش بالىق[①] (كاشغەر، سۇلى)، ئۇدۇن، كۇسەن، ئاگنى (قارا شەھەر) ئالدى، ئارقا قوش (قوز) بەگلىكلىرىنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى چوڭ، تەسىرى چوڭقۇر، مەۋجۇت بولغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن. ئادەتتە بۇ بەگلىكلەرنىڭ سەلتەنەت دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى I - III ئەسىرلەردىن مىلادى IX ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىق دەپ قارىلىدۇ.

بەشبالىقلار، ئۇدۇنلۇقلار، كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار، ئالدى ئارقا قوش خانلىقلىرىدىكىلەر ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق قوۋملەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ خانلىقلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دائىرىسىدە ئىزاھلىنىدۇ. شىنجاڭ قەلئەلىك خانلىقلار تارىختا مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، شانلىق غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بولۇپ قالغان.

## § 1 . تارىم - تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى بۇددا ئەدەبىياتى

### 1 - تارىم - تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى IX ئەسىرگىچە تارىم - تۇرپان رايونىنىڭ مەدەنىيىتىدە روشەن ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلگەن، يەنى بۇ يەرگە ھەر خىل ئىرق، تىل، دىن،

---

① سەڭفۇ سېلى تۇزتۇلۇڭ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا «法沙国» (چۈشاگو– كاشغەر) نى «كەش - كاش بالىق» دەپ ئالغان. (ئى. مۇتىئى «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى).

ئەدەبىيات جەم بولۇپ، ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى تېزلەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان.

### 2 ـ بۇددا دىنىنىڭ يېيىلىشى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى

بۇددا دىنى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭغا تارقالغان. تارىخىي كىتابلاردا بۇددا دىنى شىنجاڭغا زادى قايسى يىلى تارقالغان دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان خاتىرىلەر ساقلانغان. بۇنىڭدا مىلادى I ئەسىردە تارىمنىڭ جەنۇبىغا كىرگەن دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى كۈچلۈكرەك. شۇنىڭدىن باشلاپ IX ئەسىرگىچە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خانلىقلاردا بۇددا مەدەنىيىتى، يەنى بۇددا دىنى ئەقىدىسى، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، مۇزىكا (مۇسىقا) ، ئۇسسۇل، رەسساملىق، دىنىي ھېكايىلەر گۈللىنىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا قويۇق بۇددىزم تەسىرى سىڭگەن.

### 3 ـ بۇددا مەدەنىيىتى مۇھىتىدىكى بۇددا ئەدەبىياتى

شىنجاڭدا بۇددا دىنى يېيىلغاندىن كېيىن بۇددىزم ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان. ئۇ زامانىسىدا شىنجاڭدا بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان بىرمۇنچە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار تەرجىمە قىلغان بۇددا ھېكايىلىرى، ساكيامۇنىغا دائىر رىۋايەتلەر ۋە مىڭئۆيلەردىكى چاتما رەسىملەر ھېكايىلىرى تۈپ جەھەتتىن بۇددا ھېكايىلىرى بولۇپ، بۇلار كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرغان. بۇددىست تەرجىمانلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بۇددا سىڭا، كۇماراجىۋا، خۇيلىن قاتارلىقلار بار. بۇددا تەرجىمانلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىخلاسمەن دىن تارقاتقۇچىلاردۇر. ئۇلار شىنجاڭدىن مەركىزى جۇڭگو رايونىغا بېرىپ دىن تارقىتىش جەريانىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شىنجاڭدىكى قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرىدا بۇددا دىنى تارقىلىش جەريانىدا بۇ يەردە يەنە بەزى ھېكايىلەر بارلىققا كەلگەن. مەركىزىي جۇڭگو رايونىدىن نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەنەتكەك (ھىندىستان) گە سەپەر قىلغان مۇخلىس ـ راھىبلار بۇنداق رىۋايەت ـ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ سەپەر خاتىرىلىرىگە خاتىرىلەپ قويغان.

## § 2 . نوم ـ سۇترا ئېلىپ كېلىشكە دائىر ھېكايىلەردىكى بۇددا ھېكايىلىرى

بۇ خىل ھېكايىلەر تۈرىگە «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش» ، «ئۆز بېشىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ، «كۆزىنى ئېلىپ باشقىلارغا بېرىش» ، «ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ، كەپتەرگە بېرىش» قاتارلىقلار كىرىدۇ.

«ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش» بۇ ئەسلى «ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر» ( 大藏经 ) دىكى ھېكايە. «ئالتۇن يارۇق» ، (سۇۋارنا پراپاسا سۇترا) تىكى «ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلىش» ( 舍身品 ) تىمۇ مۇشۇ ھېكايە سۆزلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا يەنە «ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. «ئۆز بېشىدىن

ۋاز كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» بۇ «فاشۇەن تەزكىرىسى» ۋە «بۇددا نەزىرىدىكى ئاينۇرى فۇسانومى» ( 佛说月光菩萨经 ) غا خاتىرىلەنگەن. «كۆزىنى ئېلىپ باشقىلارغا بېرىش» ( 挑眼施人 ) «سوڭيۇن ساياھەت خاتىرىلىرى» ( 宋云行记 ) گە كىرگۈزۈلگەن. «ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ كەپتەرگە بېرىش» بۇ «فاشۇەن تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن.

## § 3 . تارىم ـ تۇرپان بوستانلىقىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەر

بۇ خىلدىكى ھېكايىلەرگە «ئۇچۇۋاتقان بۇددا رىۋايىتى» ( «لوياڭدىكى ساڭراملار ھەققىدە خاتىرە» گە كىرگۈزۈلگەن. ) «ۋايرۇكانانىڭ ئۇدۇن خانىغا نەسىھەت قىلىشى» ( 毗卢旅点化于田王 )، «زەھەرلىك ئەجدىھا كۆلى رىۋايىتى» (بۇلار «سوڭيۇن ساياھەت خاتىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## § 4 . بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى

شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىكىدە سۆزلەشتىن مەقسەت، مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان. بۇددىزم رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغانلىقىمىزدا، يەنى ئۇنى «رەسىملەشتۈرۈلگەن كىتاب» دەپ قارىغانلىقىمىزدا.

### 1 ـ بۇددىزم مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى

شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە «يارالمىش قىسسىلىرى» رەسىملىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «يارالمىش قىسسىلىرى» ئومۇمەن ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايە ياكى قىسسىلەردىن ئىبارەت.

### 2 ـ «بۇددىلارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى قىسسىلەر»نىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى

مىڭ ئۆيدىكى بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك قىسسىلەر ئەينى زاماندا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلغان.

## 3 ـ كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن خەلق روھىيىتى

كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتى بىر خىل دىنىي كارتىنا، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى كۇسەننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى ئېھتىياجىدىن ئايرىلالمايدۇ. تۆۋەندە ماركسىزملىق نەزەرىيىگە ئاساسەن، بۇددا مەدەنىيىتىدىكى كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ خەلقنىڭ روھىيەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەققىدە تونۇشىمىز.

1) كۇسەن خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتور تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى ئەكس ئەتكەن.

بۇددا دىنى ھىندىستاندىن كۇسەنگە كىرگەن چاغدا، كۇسەن جەمئىيىتى قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇراتتى. جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە ياشايدۇ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھونلار ۋە ئۈيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ھونلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ھونلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھېگى①ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھېگى دائىم ئاگنى، چوقۇ (باغراش) ۋە كۆنچى بەگلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج ـ سېلىق ئالاتتى»②دېيىلگەن. ھونلارنىڭ چاكارلار كاھېگى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى دەل بۇ يەردە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئىدى. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسە، «ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، توقلى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىرنەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى.دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئېرىشكەن غەنىيمەت ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادەمنى ئۆزى قۇل قىلاتتى. دېمەك ھونلار جەڭ قىلىدىكەن ھەممە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى» دېگەن.بۇ ئەينى چاغدىكى ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەردە «قۇل» دېگەن سۆز دائىم ئۇچرايدۇ. بىر تارشا پۈتۈكتە يېزىلىشىچە، بىر راھىب يەنە بىر راھىبنىڭكىدىن بىر راھىبنى كىرورەنگە ئېلىپ كەتكەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قۇلىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن مەزكۇر راھىبقا بەرگەن. كېيىن بۇ قۇل ئۆزىنىڭ ئەسلى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىر قۇلنى يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. كېيىن ئۇ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى باشقا بىر قۇل بىلەن قېچىپ كەتكەن. بۇ راھىبلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئارىسىدا قۇل ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تارشا

---

① چاكارلار كاھېگى (僮仆都尉) ھون ئېلى باتىسقانىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچى بېگى، ھونلار غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرگە قۇل نەزەرىدە قارىغاچقا مۇشۇنداق نام قويۇلغان بولسا كېرەك.
② بەنگۇ «خەننامە»، 849 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

پۈتۈكتە «قۇللار»، «بارلىق قۇللار» دېگەن سۆزلەرمۇ يېزىلغان. بۇ پاكىت شۇ چاغدىكى جەمئىيەتتە قۇللار سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا قۇللارنى ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇننىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئىگە بولغان. بىر ئايال قۇل سودىسى ھەققىدىكى توختام خەتتە يېزىلىشىچە، بۇ ئايال قۇلنىڭ باھاسى بىر قىممەت تۆگە ۋە بىر ئەرزان تۆگە، 11 گەز ۋە 12 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى گىلەم قىممىتىگە، ئېنىق بولمىغان بىر نەرسىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولغان؛ توختامدا يەنە «سېتىۋالغۇچى كىشى بىر ئايال قۇلغا تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇنى ئۇرۇشقا، كۆزىنى كور قىلىۋېتىشكە، ئالماشتۇرۇشقا، رەنىگە قويۇشقا، خالىغىنىنى قىلىشقا ھەقلىق» دەپ يېزىلغان. بۇ توختام خېتى ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يېزىلغان. ئۇنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى «ئادەمنىڭ ئۆمرىدەك، يۈز يىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خانلىقلاردا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭمۇ قۇللۇق تۈزۈم ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «قۇللار»، «بارلىق قۇللار» دېگەن خاتىرىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى يىللىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈمنىڭ چۈشكۈنلىشىش ۋە ئاجىزلىشىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىش جەريانى — فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. قارۇشتى يېزىقى تارشا پۈتۈكلىرىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىغا دائىر ئەھۋاللارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەر سودىسىغا دائىر بىر توختامدا، سېتىلىپ بولغان يەردىكى ھوسۇللارمۇ ئالغۇچىنىڭ بولىدۇ. ساتقۇچى كىشى بۇ يەر ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى دەپ، ئالغۇچىدىن «يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە دان ئالالمايدۇ»، يەر ئالغۇچىمۇ يەر ساتقۇچىدىن يەر باھاسى بەدىلىگە ھاراق ۋە ئات ئالالمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. باشقىلارنىڭ يېرىنى تېرىغانلىقى ئۈچۈن يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە «دان» تاپشۇرۇش ھادىسىلىرى ئۇ جايلاردا ئەينى زاماندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن بولغانلىقىدا گەپ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ توختام خەتتە ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىر پارچە شەخسىي خەتتە، خەت يازغۇچى كىشىنىڭ باشقا جايدا بىرقانچە پارچە تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، ئۇنى ھازىر مەلۇم كىشىنىڭ تېرىۋاتقانلىقى، ئەمدى بۇ تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسىنى مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا يەر ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېيتىلغان. خۇددى ئوتاقچىلىق توختىمىغا ئوخشايدىغان بىر قالدۇق تارشىدا، يەرنى تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردا سېرىقياغ تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېنىق يېزىلغان. بىر بەگلىكنىڭ خانى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇيرۇقتا: مەلۇم ئوتاقچىلارنىڭ ئۆزلىرى تېرىپ تۇرغان يەرنى ئەمدى شۇلارنىڭ ئۆز يېرى دەپ ئېتىراپ قىلىشى تەلەپ قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. يەنە بىر بۇيرۇقتا: مەلۇم جىنايەتچى تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۆز ئوتاقچىسىنىڭ گۆش ۋە ھاراقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. «ئوتاقچى» دېگەن سۆز باشقا ئورۇندا باشقىچە مەنە ۋە ئۇقۇمنى ئاڭلاتسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئوتاقچى

تېرىغان يەر باشقىلارنىڭ مۈلكى، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە مۇئەييەن نەرسىلەرنى تاپشۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ئۇ جايلاردا ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۇ چاغلاردا ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغان دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە بۇ بوستانلىقنى بىرلىك قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن خانلىقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئۆزگىرىشىدىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىك ساقلانغان. كۇسەن خانلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا كۇسەن رايونى ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەدرىجىي يوسۇندا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان.

ۋەھالەنكى، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭمۇ بەلگىلىك ئەۋزەللىكى بار، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭمۇ بەلگىلىك ئەۋزەللىكى بار. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىرخىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن ئىبارەت. پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىلا پەرق بار. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقانلىق ئىدى؛ جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى ئۆز ئارا ئۆچمەنلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ خىل قەبىھ ھەرىكەتلەر مەيلى قۇللۇق جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسۇن ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. كۇسەن خەلقى قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەيىبلىگەن. دېمەك، كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى ھېسسىياتى كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل مەنىۋى تەلىپى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

تۆۋەندە «ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» دېگەن چۆچەكنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ «پرامىتا سۇترا» ناملىق ئازاب دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 252 ـ يىلى توخرى دۆلىتىدىن كەلگەن دېيىلگەن بىر بۇددىست تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قىزىل مىڭئۆينىڭ 114 ـ غارىغا سىزىلغان. بۇنىڭ ھېكايىسى مۇنداق: «بىر ۋاپادار مايمۇن بار ئىدى. ئۇ جانلىقلارغا رەھىمدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر جىلغىغا مېۋە ئۈزگىلى بارغاندا، بىر ئادەمنىڭ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، جىرادا ھالسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ ھوشسىز ياتقان ئادەمنى يۆدۈپ ئوتلاققا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى ئادەم ھوشىغا كەلدى. مايمۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى ۋە سەپىرىدە ئامانلىق تىلىدى. مايمۇن چارچاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر دەم ھاردۇق چىقارماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ «مەن ئاچ ـ توق يۈرگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. يەنە مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ مايمۇننى كاۋاپ قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇردى. مايمۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ تاشلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەم ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ 18 قەۋەت دوزاخقا تاشلاندى.

بۇ ھېكايىدە ئېكسپىلاتاتور سىنىپقا ۋەكىل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان مايمۇن ئوبرازىدا تۆۋەن قاتلام خەلق ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئېپلاس نەپسى ئالدىدا ھەرقانداق ئېپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەزگۈچى سىنىپ ئوبرازىنىڭ ئاخىرى دوزاخقا تاشلانغانلىقى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمنى ئاخىرى يوق قىلىۋېتەلەيدىغان ئۈمىدۋارلىق روھى ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ھېكايىلەردە زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلىقى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي كۈچلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكى تەسىرلىك ۋە جانلىق سۈرەتلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا «ئوتتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئۇۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى» دېگەن ھېكايىنى مىسال قىلساق، بۇنىڭدا ئېيىق سەممىي، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، ئۇۋچى پۇرسەتپەرەست، ئاچ كۆز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

بۇ ھېكايىلەردە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پاجىئەلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھەم رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قەبىھ ھادىسىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار كۇسەن خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىلىك تۈزۈمگە نىسبەتەن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بىرقانچە پارچە رەسىملەرنىڭ ھەممىسى يارالمىش قىسسىلىرى رەسىملىرى بولۇپ، ساكيامۇنى بۇددا بولۇشتىن ئىلگىرى يورۇق دۇنيادا باشتىن كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئەمما، كۇسەن رەسساملىرى مۇشۇنداق يارالمىش قىسسىلىرى ھېكايىلىرىنى تاللاپ، كۇسەن مىڭئۆي غارلىرىغا سىزغان ۋاقىتتا، مۇئەييەن سۇبيېكتىپ مەقسىتى بار دەپ قارايمىز. بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئوي كەڭ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت[1].

يۇقىرىقى ئاساسىي ئىدىيەدىن باشقا يەنە:

2) كۇسەن خەلقىنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن جاق تويغانلىقى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

3) كۇسەن خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

4) كۇسەن خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئوڭۇشلۇق بەھرىمەن بولۇشتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش روھى ئىپادىلەنگەن.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، كۇسەن مىڭئۆي غارلىرى سەنئىتى بىر خىل دىنىي سەنئەت. ئەمما، دىنىي سەنئەتمۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، يەنى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئايرىلمايدىغان تەركىبىي قىسىم. شۇڭا، كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ئەھمىيىتى ئىنكار قىلىنمايلا قالماستىن بەلكى ئۇلار كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى پۈتكۈل بوشلۇقتا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، كۇسەن

---

① جۇيىڭرۇڭ «كۇسەن تاش غارلىرى تەتقىقاتى»، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 - بەت. ئۈرۈمچى،

مىڭئۆي سەنئىتىدىكى بىر خىل بىرىكمە ئامىل بولۇپ كەتكەن، شۇنداقلا كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىرىشتۇرگەن.

## 5 § . يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر

### 1 - ئۇدۇن تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

1. قەدىمكى ئۇدۇن تىل - يېزىقىدا نۇرغۇن يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلغان، بۇلار تارىخىي ئەسەرلەر (بەزىلىرىگە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئارىلاشقان)، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تېببىي ھۆججەتلەر، لۇغەتلەر، خەت - چەك، مەكتۇپلار، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنغا ئائىت ھۆججەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەر خىل مەزمۇن ۋە ژانىرلىق بولۇپ، ئۇلار شېئىرىي ئەسەرلەر، ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، بېيىت - قوشاقلار، خان - شاھزادىلەرگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر، لىرىكىلىق قەسىدىلەردىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ ئىچىدە داستانلار، ئۇدۇن شائىرلىرىنىڭ باھار ھەققىدىكى لىرىكىلىرى، ئۇدۇن مەلىكىسى سىمىرا قىزىنىڭ يۇرت سېغىنىش لىرىكىسى، لىرىك مۇھەببەت قوشاقلىرى بار. يەنە «زامباستا» ناملىق داستانمۇ بار.

«زامباستا» داستانى. بۇ نەزىم ۋە نەسر ئارىلاش شەكىلدىكى چوڭ ھەجىملىك ئەسەر. ئۇدۇن ھۆكۈمدارى زامباستانىڭ يارلىقىغا بىنائەن يېزىلغان، مىلادى V ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ ئۇنىڭدا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، جۇملىدىن زۇلۇم سالغۇچى سىنىپقا كۆچلەرگە قارشى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.

3. تارىخىي ئەسەرلەر. «ئۇدۇن ئېلى تارىخى»، «ئۇدۇندىن تەلىم ئېلىش خاتىرىلىرى»، (ئۇدۇننىڭ نام - ئەمەل خاتىرىلىرى)، «ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى» (ئۇدۇن بۇددا دىنى تارىخى)، «ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئېلان خاتىرىلىرى»، «كۆن نومى» قاتارلىقلار.

4. تەرجىمە ئەسەرلەر. بۇنىڭغا «بۇددا تورۇ» ۋە «رامايانا» كىرىدۇ. «بۇددا تورۇ» 200 مىسرالىق شېئىر بولۇپ، ئۇنى كۇسەن شائىرى ماترىگۇتا يازغان، ئۇدۇن شائىرى ۋىساسىلا سانسكرىت تىلى (؟) دىن ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» دىن پارچىلار ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

### 2 - كۇسەن ئاگنى تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر

بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر بار.

1. دىنىي مەزمۇندىكى ھېكايىلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام»، «رەسسام ھېكايىسى»، «بىلىقچى ھېكايىسى»، «دھارما پادا سۇترىسى»، «بۇددا كارىتا كاۋيا سۇترىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «مايترى سىمىت»، «ناندا ھەققىدىكى دراما» قاتارلىق

سەھنە ئەسەرلىرى؛ «شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى» قاتارلىقلار.

3. تىل، لۇغەتلەرگە ئائىت ئەسەرلەردىن «سانسكرىتچە - كۇسەنچە سۆزلۈك»، «كۇسەنچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قاتارلىقلار.

4. تەرجىمە ئەسەرلەردىن «رامايانا» دىكى راماغا ئائىت بىرقانچە ھېكايىنىڭ ئاگنى تىلىدىكى نۇسخىسى قاتارلىقلار.

## §6. تەرجىمانلار ۋە شەرھشۇناسلار

### 1 - تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ۋە تارىخىي ئورنى

قەدىمكى غەربىي يۇرت بۇددا دىنى تەرەققىي قىلغان ئورۇن ئىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا داڭلىق بۇددىستلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار شۇ زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن، بۇددا نوم كالاملىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن سىرت، يەنە ئەنەتكەك - سانسكرىت تىلى، قەدىمكى غەربىي يۇرت تىللىرى، خەنزۇ تىلىنى ئوبدان ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ساھەسىدە كۆپ مېھنەت سىڭدۈرۈپ، نەتىجە ياراتقان.

### 2 - ئارياچانترى

ئۇ قەدىمكى ئاگنى بەگلىكىدە ئۆتكەن بۇددا ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە دراماتورگ، «مايتىرى سىمىت» دراممىسىنى ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىكى نۇسخىسىغا تەقلىد قىلغان ھالدا توقرى (توخرى - توخار) تىلىدا ئىشلەپ چىققان. تەخمىنەن V - IX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان

### 3 - لى يەن، خې تو

لى يەن (ۋاپاتى 798 - 795 - يىللار) كۇسەنلىك ئاتاقلىق مۇئەللىپ، ئۇنىڭ «سانسكرىتچە مۇرەككەپ ئاتالغۇلار» دېگەن خەنزۇچە كىتابى بولغان.

خې تو (VI ئەسىردە ياشىغان) ئۇدۇنلۇق، يېزىقچىلىق ۋە مۇزىكىغا ماھىر. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەمەلدار بولغان، شۇنداقلا خەنزۇ كلاسسىك دەستۇرلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ دەسلەپ خەنزۇشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان شىنجاڭلىق ھېسابلىنىدۇ. خې تو شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «قورولغا كىرىش»، «چاڭئەن كوچىسى» دېگەن شېئىرلىرى بار.

### 4 - بۇددا سىڭا

بۇددا سىڭا (232 - 348) كۇسەنلىك بولۇپ مەشھۇر بۇددا راھىبى. 79 يېشىدا ئوتتۇرا جۇڭگوغا بېرىپ، بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان ۋە چوڭ شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ «تەيۋۇچىيەن قەسرىدىكى كوي»، «مارۇي راھىبقا جاۋاب» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

### 5 ـ كۇماراجىۋا

كۇماراجىۋا (344 ـ 413) كۇسەنلىك بولۇپ كۇسەن خان جەمەتىدىن، بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى. كۇسەن، كەشبالىق (كاشغەر)، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. 385 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەكلىپكە بىنائەن ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ مەركىزى چاڭئەنگە بېرىپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىش، بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى شەرھلەش، تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

كۇماراجىۋا مىلادى 413 ـ يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ بۇددا دىنى تارىخى ۋە غەربىي رايوننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئالىم شېئىرىي ئىجاديەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ پەقەت «ھېكمەتلىك (خىسلەتلىك) باخشىغا نەزرە» بىلەن «ئون تەمسىل» دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

### 6 ـ ۋېيسا كۇيچى

ۋېيسا كۇيچى (598 ـ 682) ئۇدۇنلۇق. ئۇدۇن خان جەمەتىگە مەنسۇپ. داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى، رەسسامى ۋە تەرجىمانى. ۋېيسا كۇيچىنىڭ خاس ئەسەرلىرىدىن «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار»، «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدە»، «سەۋەب ـ نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش ھەققىدە»، «سىرلىق نىلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە بۇددىست شۈەن زاڭ بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلىپ، شەرھ يازغان ئەسەرلەر «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە»، «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 7 ـ سىكساناندا

سىكساناندا (652 ـ 710) ئۇدۇنلۇق، داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە رەسسام. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرا جۇڭگوغا بېرىپ، 80 جىلدلىق «نىلۇپەر سۇترىسى» ۋە «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان.

### 8 ـ خۇيلىن

خۇيلىن (737 ـ 820) قەدىمكى بەشبالىق (سۇلى، كاشغەر) بەگلىكىدە تۇغۇلغان. فېي خۇيلىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باشبالىق خان جەمەتىگە مەنسۇپ. خۇيلىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، چاڭئەندە تۇرغان ۋە 20 يىل تىرىشىپ، 100 جىلدلىق «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى» دېگەن قامۇسنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ بۇددا مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا ئەسەر بولۇپ قالغان.

# IV باب. ئورقۇن دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1 . ئومۇمىي ئوبزور

شىمالىي قۇملۇق (غوبى) ئۇيغۇرلىرى، يەنى توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلار V ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئورقۇن ـ سېلىنگا دەريالىرى ساھىلىنى ئاساسىي بازا قىلغان ھالدا ھازىرقى ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە رايونلىرى، ئالتاي، تەڭرىتاغ رايونلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلار قېرىنداش قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىرمۇنچە يىرىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە سىياسىي گەۋدىلەرنى ھاسىل قىلدى. مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى. دەسلەپ ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقىنى ( 高车国 ، 487 ـ 541) قۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانلىقى (552 ـ 745) تەركىبىدە بولدى، كېيىن توغلا ئۇيغۇر خانلىقى (627 ـ 715 ـ يىللار) ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى (745 ـ 840) قۇردى.

شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئومۇميۈزلۈك يېزىق ئىشلىتىلدى. بۇ يېزىق تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دېيىلىدۇ. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە دەسلەپ شامان دىنى، كېيىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ جەرياندا بۇددا دىنىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە خانلىقى باشقا قوشنا خانلىقلار بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى مەركىزىي خاندانلىق تاڭ سۇلالىسى بىلەن قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۇزۇن يىل ئىناق ئۆتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. مەڭگۇ تاشلار ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بارلىققا كەلدى. بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ۋاستە قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتقا ئايلىنىشىنىڭ جانلىق سىگنالى بولۇپ قالدى.

بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمە ئەدەبىيات (دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش) مۇ تەرەققىي قىلدى. تەرجىمە ئىشلىرىدىن بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئېنىقراق بولغىنىدىن مۇنداق بىر مىسال بار. تۈرك خانلىقىنىڭ تاسبار خانى (572 ـ 581) دەۋرىدە بۇددا دىنى تۈركىي قەبىلىلەرگە تەسىر قىلغان. ئەنە شۇ چاغدا شىمالىي چى بەگلىكىدىن بولغان خۇيلىن ( 惠琳 ) تۈرك خانلىقىغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان.[1] بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ئىبادەتخانا (Samgharama) بىنا قىلىنغان. ليۇشىچىڭ ( 刘世清 ) نى تۈرك تىلىغا ( 涅磐经 ) دېگەن كىشى يارلىققا ئاساسەن «نىرۋانا نومى»

[1] ۋېي جىلڭ «سۇينامە». 84 ـ جىلد. تۈركلەر تەزكىرىسى».

تەرجىمە قىلىپ تاسبار خاقانغا تەقدىم قىلغان.[2][1] لېكىن ئۇ كىتاب قايسى تىلدا ۋە قايسى يېزىقتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. گېڭشىمىن ئەپەندى خەنزۇ تىلىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېسە،[3] گابائىن خانىم سوغدى تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان دەيدۇ[4].

بەزى ئالىملار، تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت تەرەپ سوغدى يېزىقى ۋە تىلىنى قوللانغان دەپ ھېسابلاپ كېلىشمەكتە. بۇنىڭغا مىلادى 577 ـ 580 ـ يىللار ئارىلىقىدا تىكلەنگەن «بۇغۇت مەڭگۈ تېشى»نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ. چۈنكى بۇ ھۆججەت بىرقەدەر قەدىمىيرەك بولغان دەۋرگە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئەمما تۈركلەرگە مەنسۇپ.

ئورقۇن دەۋرىدىكى (تەخمىنەن III ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى ۋە «بۇگۇخان رىۋايىتى»نى ياراتقاندىن باشقا يەنە داڭلىق «تېلى قوشىقى»نىمۇ ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ قوشاق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئورقۇن ـ سىلىنگا دەريالىرى ۋادىلىرىنى ئاساسىي بازا قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن سەل ئىلگىرى، يەنى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يىگشەن تېغى (چۇغاي تېغى) باغرىلىرىدا ياشاپ مىلادى IV ـ V ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن.

شىمالىي قۇملۇق ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇ قوۋملىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش جەريانىدا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۇنىڭ كونكرېت نىشانىسى شۇكى، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بەزى ئەمەلدارلار ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئەنئەنە خېلى بۇرۇن باشلانغان.

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىر تارماق مەنبە بولغان قوۋملەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ سۆزلىسەك، قەدىمكى ھونلاردا ئەدەبىيات مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە مەلۇم ساندا يېتىپ كەلگەنلىرى بار. لىيۇ شۈي يازغان «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، ئوۋ ياڭشۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، مادۇەن يازغان «ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» ( 文献通考 )، شۆجۆجېڭ يازغان «كونا بەش دەۋر تارىخى» ( 旧五代史 )، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» ( « 续通志 » ) قاتارلىق خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلار» دېگەن خاتىرىلەرگە ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ ئىلىم ساھەسىدە ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر مەنبەلىك ئەجدادى دەپ ھېسابلىنىدۇ.[5] خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە ئاشۇ ھونلارنىڭ بىرقانچە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، خەت ـ مەكتۇپلىرى ۋە قوشاقلىرى كىرگۈزۈلۈپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئەپسانە ـ رىۋايەت-

---

① لى بەي ياۋ «شىمالىي چى خانلىقى تارىخى» 20 جىلد، «قوغۇرسۇ چياڭجۇ تەزكىرىسى» ( 斛律光羌举传 ).

② تۈرك خانى شىمالىي چى خانلىقىدىن ئالدۇرغان كىتابلار ئىچىدە يەنە « 净名经 » (چىڭمىڭ سۇترىسى) « 华严经 » (نىلۇپەر سۇترىسى) قاتارلىق سۇترالار ۋە « 十诵律 » (ئون باياnlىق قائىدە) دېگەنلەر بار.

③ گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 30 ـ بەت.

④ بۇ ھەقتە گابائىن خانىمنىڭ «سامانىيلار ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىرانلىقلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1987 ـ يىلى، 5 ـ سان، 14 ـ بەت.

⑤ فېڭ داجېن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار، قاتارلىق ئۈچ كىتاب ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 135 ـ بەت

لەردىن «ئېگىز قاڭقى قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە»[1] ۋە «مۇدۇ تەڭرىقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەت»[2] قاتارلىقلار قىممەتلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

خەت - مەكتۇپ ئەدەبىياتىغا ھون خانلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يوللىغان مەكتۇپلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز. ھۆججەتلەردە بۇ خەت - مەكتۇپلارنىڭ ھون تىلى ئارقىلىق يوللانغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. ئەمما، خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ھون خانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ خاس پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن ھون تىلى بىلەن تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەت - مەكتۇپلار چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇلاردا ھون ئېلىنىڭ خانلىق ئەمرىمەرۇپلىرى، چارە - تەدبىرلىرى ۋە دىپلوماتىك كۆزقاراشلىرى جانلىق، تەسىرلىك ۋە روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «ھون قوشىقى» دېگەن بىر كۇپلېت قوشاقمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ھونلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىنمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەر بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغانلار بىرقانچە يازغۇچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي شارائىتى تۈپەيلىدىن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىگىلەپ، خەنزۇچە ئەسەر يازغان. بۇلار:

ليۇسوڭ (318 - يىلى ۋاپات بولغان) ئالدىنقى جاۋ بەگلىكى زېمىنىدە ياشىغان داڭلىق ھون يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «دەر - گۇماننى ئىپادىلەش» (述怀诗) دېگەن شېئىرى 100 نەچچە پارچە، باشقا مەدھىيە (قەسىدە) لىرى 50 نەچچە پارچە ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن.

قۇتقۇ مۇڭسۇن (مىلادى 368 - 433 - يىللىرى ياشىغان) ھون قوۋمىدىن. ئۇنىڭ ئەجدادى قۇتقۇ قەبىلىسىنىڭ ئاتامانلىرى ئىدى. ئۇ شىمالىي لياڭ بەگلىكىدە ياشىغان ھەم بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان.

خې ليەن بوبو يەنى قۇلان بوربور (مىلادى 425 - يىلى تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس) ھونلارنىڭ تۇغ خانى چۈبېينىڭ ئەۋلادى. مىلادى 407 - يىلى ئۆزىنى تەڭرىخان، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، خانلىقنى «داشيا» (بۈيۈك شيا) دېگەن. 13 يىل سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان. «جىن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى» (全晋文) ناملىق كىتابقا قىسقىراق تۆت پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

ليۇ يۈشى (772 - 842) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن، ھونلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان داڭلىق ئەدىب. ئۇنىڭ «ليۇ بىنكى ماقالىلىرى» ناملىق ئەسىرى بار.

قۇلان جىنمىڭ (贺兰进明)، ھون قوۋمىدىن، مىلادى 728 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە تەشرىپدار بولغان. ئۇنىڭ «كونىچەمەنا» (古意)، «سەپەر مۇشكۇلاتلىرى» (行路难) دېگەن شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تېلى ۋە تۈركىي قوۋملىرىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئاپتورلارمۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يازغان، مەسىلەن: قوغۇرسۇ شىئەن، قوغۇرسۇ فېڭيۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تېلى قوۋمىنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن. دادىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. قوغۇرسۇ شىئەن شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى گاۋخۇن ئالدىدا «ناخشا» دېگەن بىر كۇپلېت قوشاقنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ قوشاق «شىمالىي چى خانلىقى نەزمىلىرى» ناملىق

---

① ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە»گە قاراڭ.

② سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ خەنزۇچە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان.

شىدى لۇۋىن (库狄履温)، ئېگىز قاڭقى قوۋمىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرىدا ئەمەلدار بولغان، ئۇنىڭ بىر كۇپلىت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

قوشۇخان،غەربىي تۈركلەرنىڭ قوشۇ قەبىلىسىدىن. ئانىسى ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ مەلىكىسى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوشۇ قەبىلىسى شىنجاڭدا تۇرغان. قوشۇخان بولسا ئەنشى تۆتتوق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن تۇتۇق بېگى بولغان. «تاڭ سۇلالىسى شائىرلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى»دا قوشۇخاننىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان:

ئېگىز ساما قەھرىدە يەتتە تىكەن چاقنايتتى سۇتون،
قولىدا ئۆتكۈر قىلىچ، تون ئارا كىيزەتتى قوشۇخان.
بېقىپ يىلقىلىرىنى قارا خۇلار[1]يىراقتىن بۆگۈن،
قىلالماس جۈرئەت ئۇلار قەدەم بېسىشقا لىنتاۋ[2]تامان.

دېمەك، ئورقۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرى، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەن، ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا بەزىدە خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىنى ئىشلەتكەن. ئايرىم ھۆججەتلەرنى مۇشۇ تىللاردىمۇ خاتىرىگە ئالغان. مەسىلەن، داڭلىق «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» سوغدى يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان.

بۇ دەۋردە بەزى دىنىي، تارىخىي (تەزكىرە خاراكتېرلىك) ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىقلىرىدىن مانى دىنىغا دائىر ھۆججەت «خۇئاستۇئانفت»، تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ھۆججەت «تەڭرى خاقاننىڭ دىنغا كىرىشى»، ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر ئەسەر «ئىرق بىتىك» قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورقۇن دەۋرىدە ئەدەبىيات خېلىلا تەرەققىي قىلغان.

## § 2 . «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»، «خۇئاستۇئانفت»، «ئىرق بىتىك»

### 1 ـ «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆگۈخان توغرۇلۇق رىۋايەتلەر تارقالغانىكەن. ئۇنىڭ تارقالغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا تارقىلىش ۋاقتى 500 يىلغىچە سوزۇلغان.

بۆگۈخان رىۋايەتلىرى دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارقالغان، كېيىن يەنى XII ـ XIII ئەسىرلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ساقلىنىپ كەلگەن بىرقەدەر تولۇق تۆت خىل نۇسخىسى (ۋارىيانتى) بار. يەنە بىر مۇنچە تارىخىي

[1] بۇ يەردە تۈبۈت قۇلدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[2] لىنتاۋ— قەدىمكى يەر نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە.

ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن ئېپىزوتلار ۋە ئېنىقلىمىلارنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.①

بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي جەريانىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەكس ئەتتۈرۈش بۆگۈخان ئوبرازىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. رىۋايەت قارىماققا بىر تارىخىي تەزكىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ قويۇق ئەدەبىي تۈس ئالغان بىر بەدىئىي ئەسەر.②

بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى. بۆگۈخان رىۋايىتى بەلگىلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، رىۋايەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۆگۈخان ۋە ئۇنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى، ئەتراپتىكى قوشنا قوۋملار ۋە ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقە، خانلىقنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاخىرى پارچىلانغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تارىخىي پاكىتلارغا خېلىلا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ توغرۇلۇق «يېڭى تاڭنامە»، «كونا تاڭنامە»لەرنىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا تارىخىي بايانلار بار.

رىۋايەتتىكى بۆگۈخانىنى كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 759 ـ 779 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئىدىكىن (سەلتەنەت نامى تەڭرى خاقان، مەڭگۈ تاشلاردا «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش قۇچ بىلگە كۆلۈك خاقان» دېيىلگەن) دېگەن خاقانىنى شۇ كىشى بولسا كېرەك دەيدۇ.③ دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېلىدە ئاجايىپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مول مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. خانلىق تېررىتورىيىسى بەكلا كېڭەيگەن، خەلق خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن، مولچىلىق ـ پاراۋانلىق كىشىلەرنى رازى قىلغانىدى. خانلىق ئىقتىسادى يۈكسىلىپ، مەدەنىيەت ئۆز زامانىسىغا يارىشا تەرەققىي قىلغان، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپلا قالماستىن، قوشنا ئەللەر قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ھەتتا دۆلەت تەختى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشتەك ھايات ـ ماماتلىق پەيتلىرىدە ئۇلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن خالىسانە ۋە قېرىنداشلارچە ياردەملەرنى كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ تۈپ ئۆزگىرىشلەر رىۋايەتتىكى باش قەھرىمان بۆگۈخانىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا ئاللىبۇرۇن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان يېزىقلارنى خانلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يېزىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، گۈزەل شەكىللىك ئەدەبىياتىنىمۇ خاتىرىلەشكە باشلىغانىدى. بۆگۈخان رىۋايىتى مانا مۇشۇنداق ئاسايىشلىق دەۋرنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان يىرىك خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، رىۋايەتتە رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىدىيە مېتودى ئارىلاش قوللىنىلغان.

بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بەزى ئوبراز ۋە ئايرىم ۋەقەلىكلەر رېئاللىقنى چىقىش قىلغان.

---

① «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» ھەر خىل كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ مۇنداق ماۋزۇ قويۇلمىغان. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئىلمىي خادىملار مۇشۇ نامنى قوللىنىشماقتا.

② «بۆگۈخان ھەققىدە رىۋايەتلەر»گە قاراڭ (ئەيسەجان ئوسمان تەرجىمىسى) «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى، 3 ـ سان.

③ بۇ قاراشقا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بار.

ئەمما ئۇلارغا كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، ھەيرانلىق بېغىدا سەيلە قىلدۇرىدىغان، شۇنداقلا
تېگىرقاش گىرۋىكىدىن سىلجىتىپ، ھاياتقا قارىتا ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغان
تەركىبلەرمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ئىنسانلار بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىق چۈشىنىپ كەلگەنىدى. بەزىلەرنىڭ
مۇنداق قارىشى ئاڭسىزلىقتىن بولغان بولسا، بەزىلەر قەستەن مۇشۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ
تەرغىباتچىلىرى بولۇشنى ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپە قىلىۋالغان. بوگۇخاننىڭ نۇر، دە-
رەخ، دۆڭلەردىن تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بۇ يەردە نوپۇز، ئابرۇي مەسىلە-
سىلا مەۋجۇت. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خەلق ئارىسىدا رەھبەر ۋە كاھىن (دىنىي رەھبەر)
قەدىمدىن بېرى ھامان يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلۇغۋار سىمالىق ئورۇنغا، كاتتا نوپۇزغا، مۇقەددەسلىك ۋە ئەيمەندۇ-
رۇشلۇك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئىدىيىنى مۇتلەق كۆپچىلىك قوبۇل
قىلاتتى. پەقەت ئاشۇ سىمانىڭ ھەقىقىي سىرىنى، جۈملىدىن ئۇلۇغۋارلىقىغا نۇقسان يەتكۈزۇ-
دىغان زەررىلىرىنى بىلىپ قالغان كىشىلەرلا ئايرىم جايلاردا، مەلۇم ۋاقىتلاردا قوبۇل
قىلمايتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداقلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ غالىب كېلىشى ئازساندا يۈز بېرىپ
قالمىسا، ئومۇمەن ئەمەلگە ئاشمايتتى. بوگۇخاننى سىرلىقلاشتۇرۇش قۇدرەتلىك خانلىقنىڭ
مەۋجۇت بولۇشى، خەلقىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن توپ ئاساس ئىدى. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسى-
دىن پەقەت دىن ۋە ئەدەبىياتلار چىقالايتتى. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى جەريانلىرىدا ئۇزاق
دەۋرلەرنى بېسىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئەلۋەتتە قەدىمكى دەۋردە-
دىن ئۆز كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. شۇڭا، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھاياتى قانداق مۇرەك-
كەپلىكلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ دىنىمۇ شۇنداق غەلىتىلىكلەرگە سۈۋۈشۈپ
بارغان. بوگۇخان رىۋايىتىدە ئىپتىدائىي دىنلاردىكى تۆتېمغا چوقۇنۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى
بولغان ئۆسۈملۈك، دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى خەلقلەرگە خاس بولغان
شامان دىنى ۋە بوگۇخان ئۆزى 763 ـ يىلىدىن باشلاپ، خانلىق دىنى قىلىپ قوبۇل قىلغان
مانى دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى ئاشۇ غەلىتىلىكنىڭ جۈملىسى-
دىندۇر.

بوگۇخان مۇبادا ئادەملەردەك، ئىنساندىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دەپ قارالسا، باشقىلار
ئۆزى بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك بۇ كىشىدىن ئۇنچىۋالا ھېيىقىپ كەتمىگەن بولاتتى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىلاھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولمىسا، ھەرگىزمۇ ئەيمەنمەيدۇ.
مۇشۇ ۋەزىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنىڭ قىلىنغانلىقى رىۋايەتنىڭ
ئۆزىدە ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىسىنى تاپقان. بوگۇخاننىڭ دەرەختىن تۇغۇلۇشى، مانا مۇشۇ
ئەپچىل چارىدۇر. بوگۇخان تۇغۇلغان دەرەخ مۇقەددەس دەرەخ ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ئىنسان-
لارنىڭ مۇقەددەس شەيئىلىرىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى. تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرنىلا
كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى تەرەققىي قىلىشى
بىلەن ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ تۈگەۋاتقانلىقى، بىراق
بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر قانچە يۈز يىل، بىرقانچە مىڭ يىلغىچە كۆكىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا
قارىتا ئاشۇ كىشىلەردە مۇئەييەن ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى. ئۇلارغا ھەتتا بەزى ئۆسۈملۈك-
لەرنى كېسىۋەتسە، يىلتىز ـ غوللىرىنىڭ يەنىلا كۆكلەۋاتقانلىقى، مېۋىسىنىڭ ئۇزۇق، دورا
بولۇۋاتقانلىقىمۇ تەسىر قىلغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دەسلەپ مۇقەد-
دەس بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھەم بۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان خەلقلەردە ئىپتىدا-

ئىي ئېتىقادچىلىقنىڭ ئايرىم تەركىبلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، داۋاملىق ئۆز رولىنى يوقاتمىغان. شۇنداقلا باشقا دىنلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، يېڭى شەكىللەرگە كىرگەن ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان.

بەدىئىي ئەدەبىيات مۇنداق ئاجايىپلىقنى ئۆز ھۆجەيرىلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، نەپىسلىك، جەزبىدارلىق ئاھاڭلىرىغا جور قىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاتقۇچى ئامىلغا ئايلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ھۇزۇر ئالغۇچى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ قالغان.

ئومۇمەن، رىۋايەتتىكى ئاجايىپ - غارايىپلىق، بۇگۇخان ئوبرازىدىكى سىرلىق تەپسىلاتلار ۋە دىنىي مەزمۇنلار رومانتىك دىتىنىڭ مەھسۇلى. يۇقىرىقى ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەر رىۋايەت بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق. ئۇنىڭدا رېئالىزم بىلەن رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجادىيەت مېتودى تەڭ قوللىنىلغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كۈچەيتكەن.

ئۈچىنچى، بۇگۇخان ئوبرازى ئىندىۋىدۇئاللىقى، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتىدە بىر ئاقساقالنىڭ بولمىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئىناقلىق، بىرلىكتىن سۆز ئېچىش تەس ئىكەنلىكى، كېڭەشلەر ئارقىلىق ئاقساقال سايلانغاندىن كېيىن ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشكە باشلىغانلىقى، بولۇپمۇ بۇگۇخاننىڭ خان بولۇشى بىلەن پاراۋانلىق ئۈستىگە پاراۋانلىق قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئېپىزوتلارنىڭ بۇگۇخان رىۋايىتى ۋە باشقا تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەردە قەيت قىلىنغانلىقى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە قەستەن قۇراشتۇرغان غايىبانە پەرىزىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

ئىنسانلار ئومۇمەن ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ بىرەر يولباشچىنى ئۆزلىرىگە ھامىي قىلىپ كەلگەن. بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق خەلقلەرگە ئورتاق قانۇنىيەتلىك ئادەت. كىمىكى، بىرەر تەشكىل قويىندا نەپەسلىنىشنى خالىسا ئۇ ياشاپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار كۆپ بولمىغان، بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، پەقەت رەھبەر سايلانغاندىن كېيىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى ھازىرلانغان، ئۇرۇق - قوۋم ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قوينىغا جەلپ قىلىنغان، بويۇنتاۋلىق قىلىقلىرى چەكلەنگەن، ئاقساقالنىڭ يېتەكچىلىكى قوبۇل قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇراد - مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان. يەنە رىۋايەتتە باشباشتاق جەمئىيەت ئۆرنەك سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بىرلىك، سادىقلىقنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇگۇخان ئوبرازىدا ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك بار. ئۇ يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەملىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاتامانىدەك قاراملىق، باتۇرلۇق، فېئودال خانلاردەك سالاپەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەل باشقۇرۇش ماھارىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قىسقىسى ئۇنىڭدا باتۇرلۇق بىلەن دانىشمەنلىك خاراكتېر بىرلىشىپ كەتكەن. يات قوۋملەرگە قارشى ئۇرۇشتا بۇگۇخاننىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇن قوماندانى بولۇپ سەپەرگە چىقىشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاتامانىنىڭ ئوبرازىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يەنە باشقا يەردىكى بويسۇندۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى ئەۋەتىشى ۋە تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك خانلىق تەختى ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوۋغا قوبۇل قىلىش، نايىپ ئەمەلدار قويۇش

قاتارلىقلار قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت خاقانلىرىنىڭ ئوبرازىنى كىشىلەر سەمىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

رىۋايەتتە بۆگۈخان ئوبرازى قەدەم باسقۇچلۇق هالدا تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. بۇ ئوبراز ئالدى بىلەن تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىلىق تەرتىپى بويىچە هەرىكەت قىلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭىدۇ. رىۋايەتتىكى بۆگۈخان ئوبرازى تارىختىكى ئىدىكىننى پروتوتىپ قىلغان دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيەت جەريانىغا دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا زور ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ بىرقانچە دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە يىغقان. بۆگۈخان ئوبرازىدا غايىۋىلىك، قەھرىمانلىق، پاراسەتلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىپىكلىك قاتارلىق ئامىللار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

بۆگۈخان ئوبرازى ئوغۇزخان، ئالپ ئەرتوڭا ئوبرازلىرىغا ئوخشاش ۋاقىت ۋە بوشلۇقتىن هالقىپ كەتكەن، كەڭ خەلقنىڭ مىللىي قىزغىنلىقى، ئورتاق غايىگە تەلپۈنۈشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى هاسىل قىلغان، هەممىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتقان يۈكسەك ئوبراز.

ئۈچىنچى، رىۋايەتنىڭ كومپوزىتسىيىسى خاسلىققا ئىگە. ۋەقەلىك تەپسىلاتى خرونولوگىيىلىك تەرتىپتە بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ هەرخىل كۆرۈنۈشلىرى، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، بەزىسى غىل - پال، بەزىسى خېلىلا قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەنى تەرتىپلىك بايان شەكلى قوللىنىلغان. رىۋايەت ئېنىق باشلىنىش نۇقتىسىغا، كولمىناتسىيە ۋە ئۇتۇقلۇق يېشىمگە ئىگە. كىشىلەرگە روشەن ئېستېتىك گۈزەللىك زوقى ئاتا قىلالايدۇ. رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پاجىئەلىك پارچىلىنىشى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئاخىرىسىدا بېرىلگەن قىسقىچە يېشىم خاراكتېرلىك خاتىمە كىتابخانغا كۈچلۈك ئىلهامبەخش تەسىراتنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتابخان بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ، ئۈمىدگە تولىدۇ.

دېمەك، بۆگۈخان رىۋايىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانى، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى ئوبرازلىق هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رىۋايەت ئىپتىدائىي ئېپوسلۇق ئامىللىرىنى هازىرلاپ، قەھرىمانلىق داستانلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخىي رىۋايەت شەكلىدىلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىيال، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە بەزى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 2 - «خۇئاستۇئانفت»

«خۇئاستۇئانفت» (يوشۇرۇن تىلەك) نى بۇ تۇرمۇش تارقان دېگەن كىشى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگەن.

بۇ مانى دىنى مەزمۇنىدىكى بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى بولۇپ بىرقانچە يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. ئالىملار بۇلارنى مىلادى V - VII ئەسىرلەر (ياكى V - VI ئەسىرلەر) ئارىلىقىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرنى ئېيتىشقان. بەزىلەر بولسا ئەسەردە ئورقۇن ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىشى بىلەن بىرگە قوچۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دېگەن پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

«خۇئاستۇئانفت» مانى دىنىنىڭ «تۆۋەنامە»سى بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر مانى دىنى ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىز قاڭقى (گاۋچې - گاۋگۈي) دەپ ئاتالغان زامانلاردا رورەن (جوجان) ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى بەگ قۇلى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.①

3 - «ئىرق بىتىك»

بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇئەللىپلىرىدىن ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتاچۇك قاتارلىقلار خاتىرىگە چۈشۈرگەن.

«ئىرق بىتىك» مەزمۇنىغا قاراپ «تەبىرنامە»، «پالنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمما، ئەسەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر پارچە شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«ئىرق بىتىك»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنى تەخمىنەن IX ئەسىرگە ئائىت، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قەلەمگە ئېلىنغان، دەپ قاراشماقتا. «ئىرق بىتىك»نىڭ تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قانچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. تىلى بولسا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ.

ئەسەرنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى نۇسخىسى تولۇقراق بولۇپ، ئۇ 65 بابتىن تۈزۈلگەن. ھەربىر باب «بۇ ئەزگۈ - ياخشى» ياكى «بۇ يامان» دېگەن خۇلاسە ھۆكۈم بىلەن ئاياغلاشقان. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئالىملار مۇنداق تۆت قىسىمغا بۆلۈشكەن.

بىرىنچى، ئادەم ۋە ھايۋانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار.

ئىككىنچى، ئەپسانىۋى سۇژىتلار ۋە تەڭرىلەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلار.

ئۈچىنچى، تەبىئەت تەسۋىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار.

تۆتىنچى، دىداكتىكىلىق مەزمۇنلار.②

## § 3 . مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

### 1 - قىسقىچە چۈشەندۈرمە

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى ھەر خىل شەكىلدىكى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا «مەڭگۈ تاش»لار دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەندە مانا مۇشۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتە خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسەن شەرقىي تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئاشۇ خانلىقلار تېررىتورىيىسىدە بارلىققا كەلگەن مەڭگۈ تاشلار سۆزلىنىدۇ. بۇلار «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېگىن

---

① بۇ ھەقتە رۇس ئالىمى تىخونوۋنىڭ بايانلىرىغا قارالڭ.

② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 - يىلى، ئالمائاتا، «پەن» نەشرىياتى.

مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «تەس مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆپ چاغلاردا باشقا تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ياشىغان. ئورتاق ئەدەبىيات مەدەنىيىتى ياراتقان. شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ۋە قەدىمكى تۈرك ھەم ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ناھايىتى ئاز سۆزلەردىكى فونېما پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پەرق يوق. ئۇيغۇر خانلىقى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇ خانلىقنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىرمۇنچە تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇنداقلا تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارمۇ سۆزىمىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىدا ئىختىلاپ يوق. بىز بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركولوگى، پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆتىمىز: «‹تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى› نىڭ تەۋەلىكى (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن) ئوۋ ياڭشۇەنىنىڭ ‹گۇاجەي توپلىمى. قوچۇلۇق شى جەمەتى تەزكىرىسى›دىكى تونيۇقۇق شى جەمەتىنىڭ (سىلىنگالىق جەمەت) ئەجدادى، دېيىلگەن خاتىرىگە ئاساسەن تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ مەشھۇر ‹تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى›نى شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ‹كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى›، ‹بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى›، ‹ئۇنغۇن مەڭگۈ تېشى›، ‹كۆلچور مەڭگۈ تېشى› قاتارلىقلار تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرق يوق»[1] دېمەك بۇ ئەھۋال پەقەت «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»غىلا خاس ئەمەس.

ھەر خىل ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا يۇقىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان يازما ئەدەبىياتنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن ئەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ.

## 2 - مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى

### 1. تونيۇقۇق

تونيۇقۇق (? 668 - ? 788) نىڭ پەخرى نامى بويىلا باغا تارقان بولۇپ، ئۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيئون، ھەربىي ئىستراتېگىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. تونيۇقۇق ئاشىد قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلە قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئاشىدلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاشىنا قەبىلىسىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككى يېتەكچى ئاق

① لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ئاللانما»، 658 - بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

سۈيگەك قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

تونيۇقۇق ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن. تۈركىي
تىل ۋە يېزىقىدا يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان. ياش چاغلىرىدىن باشلاپ، ھەربىي تەلىم-
تەربىيە، ئەل - ئۇلۇس باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆز قوۋمى ئارىسىدا
يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، بىلگە تونيۇقۇق (ئوقۇمۇشلۇق تونيۇقۇق) دېگەن نام بىلەن
مەشھۇر بولغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادى 683 - يىللىرىدىن باشلاپ سىياسىي ۋە ھەربىي
ئىشلارغا قاتناشقان. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى ئېلتېرىش (؟ - 691) خاقاننىڭ
قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەمدەم بولغان ۋە ئۇنىڭ
سەلتەنەت دەۋرى (683 - 691) دىن تارتىپ، قاپاغان خاقان (؟ - 716) نىڭ سەلتەنەت
دەۋرى (691 - 716)، بىلگە خاقان (684 - 734) نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (716 - 734)
گىچە بولغان ئۈچ تۈرك خاقانىغا باش ۋەزىر بولغان. ئۇلاردىن كېيىنكى بىرقانچە خاقانلار
دەۋرىدىمۇ ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تۇرغان. تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىش
ھېسابىغا ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن تونيۇقۇق ئاۋۋالقىدەكلا ئۇيغۇر خانلىقىدا
مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەيدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا باش ۋەزىر بولغان دېيىلى-
دۇ. «قوچۇلۇق شى جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» دېگەن خەنزۇچە ھۆججەتتە «تونيۇقۇقنىڭ
ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى ئىزچىل يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەن» دېيىلگەن.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (742 - 756) دا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار
رايونىدا سىياسىي توپىلاڭ بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ چاغدا
تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇر خانلىقى دەرھال سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تونيۇقۇق بىلەن ئۇيغۇر
خانزادىسى (ئىدىكىن) نىڭ قوماندانلىقىدا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىدۇ.
تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تونيۇقۇقنىڭ شانلىق تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
«ئۇستاد ۋە ئەلەمگە سادىق بەگ» (大师忠武王) دېگەن شەرەپلىك نامنى تارتۇق قىلىپ
«ئەمىر مىمار»[1] (司空) دېگەن ئەمەلنى بېرىدۇ. لېكىن، بەزى ماتېرىياللاردا تونيۇقۇق-
نىڭ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە ياشىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلمىغان.

تونيۇقۇق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن رېئالىزمچى يازغۇچى ئىدى. ئۇ «تونيۇقۇق مەڭگۈ
تېشى» نى ئۆزى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنى نەسر ۋە نەزمە شەكلىدە
ئىپادىلەنگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (716 - يىلى) تۈركى تىلىدا، يازما ھالەتتە مەيدانغا
كەلگەن دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خاتىرە يەنى بىئوگرافىيە-
لىك (تەرجىمىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر. شۇنداقلا ھەربىي ئاخبارات، يەنى خەۋەر ئەدەبىيا-
تىغا ئاساس سالغان يازما ھۆججەت. ئۇنىڭ ئاپتورى تونيۇقۇق تۈركىي تىل - يېزىقتا
ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ پېشۋاسى. ئۇ يەنە ھەربىي يازغۇچى
بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر. تونيۇقۇق تارقاق، باشباشتاق، قوۋمەك چېچىلىپ
كەتكەن تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىماي، كۈندۈز-
لىرى بىخارامان يۈرەلمەي، ھارماي - تالماي تىرىشىپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاقتۇرۇپ،
تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلەشكە، مۇستەھكەملەشكە كۈچ چىقارغان. ئۇ يىراقنى
كۆرەر، ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە شەخس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادالەت ۋە تىنچلىقنى

[1] خانلىقنىڭ قۇرۇلۇش مەھكىمىسىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى.

سۆيگۈچى ئەرباب ئىدى. ئۇ نۇرغۇن قوشنا قەبىلىلەر، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشتا كۆپ كۈچ چىقارغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە پىداكارلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشتەك قانلىق جەڭگە ئاتلانغان. تۇنيۇقۇق ئۆز قوۋمداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلغۇچى مىللىي زات ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشتا كۆرسەتكەن جاسارىتى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. تۇنيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر خانلىقىدىن تارتىپ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغىچە بولغان ئۇزۇن يىللار ئىچىدە باشتىن - ئاخىر خانلىقنىڭ باش ۋەزىرلىك خىزمىتىنى جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇلار كېيىن موڭغۇل—يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا جەلپ قىلىنىپ، ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسىسىنى قوشقان. تۇنيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئاساسىي جەھەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا تۇنيۇقۇق 120 ياش ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ تەخمىنەن مىلادى 668 - يىلدىن 788 - يىللىرىغىچە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىمىز. بەزى ماتېرىياللاردا 80 ياش دېيىلگەن. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

2. بىلگە خاقان

بىلگە خاقان (684 ـ 734)، ئەسلى ئىسمى بۆگۈ، تۈرك خانزادىسى، ئاشىنا قەبىلە- سىدىن، دادىسى قۇتلۇق ئېلتېرىش خاقان. ئۇ مىلادى 716 - يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋە «بىلگە خاقان» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئوردىدا ئاقسۆڭەكلەر تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ھەربىي ئىستراتېگىيە، خانلىق باشقۇرۇش ۋە تۈركىي تىل- ئەدەبىيات، مەدەنىيىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بىلگە خاقاننىڭ پائالىيىتى كۆپرەك ھەربىي ھەرىكەت ۋە خانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئىپادىلەنگەن. ئۇ تارقاق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 18 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەلتەنەت دەۋرىدە تۈرك خانلىقى قۇدرەتلىك خانلىق سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. بىلگە خاقان ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە ئىدى. تىنچلىق ۋە ئادالەتنى ئىزدەيتتى، بىرلىكنى، تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئۆز قوۋمىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ قوشنا ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي تىرىشقان. 734 - يىلى بىلگە خاقان قازاغا ئۇچرىغاندا تۈرك خانلىقى داغدۇغىلىق تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى لى چۈەن دېگەن ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تەزىيە مۇراسىمىغا قاتناشتۇردى. بىلگە خاقان ھايات چېغىدا ئاغزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان ئۆمۈر بايانى خاتىرىگە ئويۇلۇپ، ھەيۋەتلىك «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» ئورنىتىلغان.

3. يوللۇغ تېگىن

يوللۇغ تېگىن (652 ـ 744) تارىخشۇناس ۋە ئەدىب. ئاشىنا قەبىلىسىدىن، ئاشىنا يوللۇغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىلگە خاقان ۋە كۆل تېگىنلەرنىڭ جىيەنى (يىگەنى)، تۈرك خانلىقى ئوردىسى تەرىپىدىن «تېگىن» ئۇنۋانى بېرىلگەن. بۇ تۈرك خانلىقىدا خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ۋە يابغۇ (باش ۋەزىر) بىلەن تەڭ ئۇنۋان ئىدى. يوللۇغ تېگىن تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. بىرقانچە تۈرك خاقانلىرىغا ياردەملىشىپ، خانلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئۇ تارىخ، تىل - ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب-

لارنىڭ بىرى ئىدى. «كۆل[1] تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلارنى بىلگە خاقاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن رەتلەپ، تاش ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، يادنامە قالدۇرىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۆزىنىڭ تارىخىي، تىل - ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەت جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. يوللۇغ تېگىن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئۇ مەنسۇپ بولغان قەبىلە تۈركى قوۋملەر ئىچىدە جەڭگىۋار، ئالدىن يۈرەر قەبىلە ئىدى. ھەربىي تۇرمۇش ئۆز قەبىلىسىنىڭ دائىملىق پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى، لېكىن يوللۇغ تېگىن قەبىلىداشلىرىنىڭ ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشتىن باشقا، قەلەم بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن.

4 مويۇنچۇر

مويۇنچۇر[2] (? - 759)، قاراخاقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن، ئۇيغۇر خاقانى كۆل بىلگەنىڭ ئوغلى. 747 - 759 - يىللىرىچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. مويۇنچۇر ھەربىي ئىشلار ۋە ئەل باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. قەلەم ۋە ئەلەمگە ماھىر خانزادە ئىدى. ئۇ توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىشلىگەن پىداكار جەڭچى. 756 - 758 - يىللىرى تاڭ سۇلالىسى پادشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 4000 ئاتلىق قوشۇنغا ئوغلىنى قوماندان قىلىپ ئەنلۇشەن توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا ئۈچمەس ھەسسە قوشقان. 758 - يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدا باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ھەيۋەتلىك دانىشمەن، باتۇر بىلگە كۆل خاقان» دېگەن پەخرىي نامنى بەرگەن. مويۇنچۇر بالاساغۇن، بايبالىق (سېلىنگا دەرياسى ياقىسىدا) قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، شىمالىي قۇملۇقتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمە دائىرىدە شەھەرلەشىشكە ئىمكانىيەت ياراتقان. مويۇنچۇر تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (759) نى تەييارلىغان. ئۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. 49 قۇر خەت بار. «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنىڭ بىرمۇنچە ئەھۋاللىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، يەنى بۇ ئارقىلىق بىز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپتە تۈرك يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى (شېئىرىيىتى) نىڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر تاپىمىز. يەنە قەدىمكى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى كۆرۈۋالالايمىز. مويۇنچۇر بۇ تەرەپتىكى تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە.

5. ئىدىكىن

ئىدىكىن (? - 779)، ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن، مەڭگۈ تاشلاردا «ئېڭى ياغلاقار»

[1] بۇ بەزى ماتېرىياللاردا «كۆل» دەپ ئېلىنىدۇ.
[2] بەزى ماتېرىياللاردا «بايانچور» دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن. ئىدىكىن ئۇيغۇر خاقانى مويۇنچۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، 759 ـ يىلىدىن 779 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان ۋە تەڭرى خاقان دەپ ئاتالغان. ئىدىكىن جاسارەتلىك قوماندان، تەدبىرلىك خان، يىراقنى كۆرەر سىياسىيئون، يېتىلگەن ئەدىب ئىدى. ئىدىكىن ئۆز قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش، خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە ئۇيغۇر خانلىقى مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي جەھەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە 763 ـ يىلى ئىپتىدائىي شامان دىنىنى تاشلاپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئىدىكىن تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە قوزغالغان ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن. ئىدىكىن قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇ تەخمىنەن 753 ـ يىللاردىن كېيىن دادىسى مويۇنچۇرنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىنى تارىخىي مۇھىت بىلەن باغلاپ، خاتىرىگە ئېلىپ، مەڭگۈ تاشقا ئويغۇزغان. بەزى جايلىرىنى ئۆز نامىدىن بايان قىلغان.

بۇ ئىلىم ساھەسىدە «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (2) ياكى «تىرخىن مەڭگۈ تېشى» (2) دەپ ئاتىلىدۇ. مەڭگۈ تاشتا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئويۇلغان، 31 قۇر خەت بار. بۇ مەڭگۈ تاش «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (1) نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى، يەنى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى، تارىخىنى، شۇ دەۋردىكى تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ئىدىكىن قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئورۇنغا ئىگە تارىخىي شەخستۇر.

### 6. تۇپەك ئالپ شۇل

تۇپەك[①] ئالپ شۇل، قەدىمكى ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن. مويۇنچۇر ۋە ئىدىكىن بىلەن زاماندىش ھەم ئۇلار جەمەتىدىن. تۇپەك ئالپ شۇل ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋە ئەدىب ئىدى. ئۇ «تەس مەڭگۈ تېشى» (761؟ ـ 762؟) نىڭ ئاپتورى. «تەس مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا مويۇنچۇر، ئىدىكىن قاتارلىق بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار ئاپتور تىلىدىن بېرىلگەن. «تەس مەڭگۈ تېشى» نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى خېلى يۇقىرى. ئۇ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (1) (2) نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال . مەڭگۈ تاشتا تەڭرى خاقاننىڭ ئالدىنقى ئەۋلادى (دادىسى مويۇنچۇر) يەنى ئەل ئىتمىش بىلگە خاقانغىچە بولغان ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ تارىخى يورۇتۇلغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، «تەس مەڭگۈ تېشى» دا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 ـ 840) دىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 280 (380 يىل؟) يىل داۋام قىلغان ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە 150 يىل جەريانىدىكى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن ھەم يات قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى دەۋر ھەققىدىكى خاتىرىلەر تىلغا ئېلىنغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى «تەس مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى زامان تەزكىرى ئەدەبىياتىنىڭ

① «تۇپەش» دەپمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلار بار.

ئۆلگىسى. ئۇنىڭ ئاپتورى تونيۇقۇق ئالپ شۇل ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى ئىگىلىگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتىنى، پۇختا ئىگىلىگەن داڭلىق شەخس ئىدى.

7. ئەل ئۆگەسى، ئىنانچور موقان تارقان.

ئەل ئۆگەسى، ئىنانچور موقان تارقانلار VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ياشىغان تارىخچى ۋە ئەدىبلەر. ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقان، ئوردىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى يېزىقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى «توققۇز ئۇيغۇرخاقانى مەڭگۈ تېشى» نى[1] يېزىپ، خاتىرە قالدۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش ئۈچ خىل يېزىقتا، ئۈچ خىل تىلدا خاتىرىلەنگەن. بىر تەرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى سوغدى تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا يېزىلغان، خەنزۇچە قىسمىنى ئىنانچور موقان تارقان ئويغان. مەڭگۈ تاشنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئېل ئۆگەسى تىكلىگەن. ئۇنىڭدا 22 قۇر خەت بار. 814 - يىلى تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاش مىلادى 808 - 821 - يىللاردىكى ئۇيغۇر خاقانى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقان»نىڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، مويۇنچۇر، ئىدىكىنلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئەنلۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش يولىدىكى تۆھپىسى سۆزلەنگەن. ئىدىكىنىنىڭ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشى، 808 - يىلىدىن 821 - يىلىغىچە خان بولغان تەڭرى خاقان[2] (باۋيى خاقان — ئادالەتنى قوغدىغۇچى) غىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن.

مەڭگۈ تاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، يېزىقى، مەدەنىيىتى ئالاقە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ياخشى ماتېرىيال. ئەل ئۆگەسى، ئىنانچور موقان تارقانلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭغا شاھىد بولغان مەدەنىيەت ئەربابلىرى.

### 3 - مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

مەڭگۈ تاشلارنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر تۈرتكە تەئەللۇق قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بار. شۇڭا ئۇلارنى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىگە سېلىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار ھەرقايسى ئايرىم - ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانلىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر سەرگۈزەشتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرى ۋاسىتىلەر جەھەتتىن ئومۇملۇققا ئىگە. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جۈملىدىن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش مۇمكىن.

مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تۈر - ژانىر، جۈملىدىن شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

---

[1] بۇنىڭ تولۇق نامى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»

[2] ئۇيغۇر خانلىقىدا بىر قانچە خان تەڭرى خاقان دەپ ئاتالغان.

مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرسەك، ئالدى بىلەن ئۇلارنى بىر «ئەدەبىي ئەسەر» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا خېلىلا مۇكەممەل كومپوزىتسىيىگە ئىگە، يەنى باشلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە تۈگەللىنىش جەريانى كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ.

مەڭگۈ تاشلاردا نەسر ۋە نەزم شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان، يەنى قەدىمكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېپوسلىرى شەكلىدە يېزىلغان. «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى نەسرىي مىسرالارنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا مۇنداق ھېسسىياتلىق بېرىلگەن نەسرىي مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز.

«تورۇق بوقالى سەمىز بۇقالى ئىراقتا بوگسەر، سەمىز بۇقا تورۇق بۇقا تىيىن بىلمەز ئەرمىس تېيىن ئانچە ساقىندىم»

يەشمىسى:

«ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا ئۇسۇشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ». مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم.

«تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى» دا شېئىرىي مىسرالارمۇ مەلۇم ھەجىمدە بار. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى شېئىرىي مىسرالار مۇنداق:

«ئىلگەرۈ شەنتوڭ يازىقا تەگى سۇلەدىم،
تالۇيقا كىچىگ تەگمەدىم،
بىرگەرۈ توقۇز ئەرسەنكە تەگى سۇلەدىم،
تۈپۈتكە كىچىگ تەگمەدىم»
(3 - قۇر)

يەشمىسى:

[«ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم، دېڭىز (ساھىلى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئوڭ (جەنۇب) تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم، تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم»].

كېيىنكى بۇ مىسال ئېنىق شېئىرىي مىسرالاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تۆتلا مىسراسى قاپىيىداش كەلگەن. 1 -، 3 - مىسرالىرى 13 بوغۇمدىن، 2 - 4 - مىسرالىرى 8 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ 1 -، 3 - مىسرالىرىنى 8+5، 2 - 4 - مىسرالىرىنى 5+3 بوغۇم قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ بىر كۇپلېت شېئىر رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقتا ئىگە، ئاياغ قاپىيە ئاساس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى 2 - ۋە 4 - مىسرالىرى «ت» ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئارقىلىق باش قاپىيە شەكلىمۇ كۆرسىتىلگەن[1].

يەنە مىسالغا ئالساق:

تون ئۇدماتى،
كۈنتۈز ئولۇرماتى،
قاراتەرىم يۇگۇرتتى.
ئىسىگ كۈچۈگ بەرتىم ئوق.

[مەنىسى، تون ئۇخلىمىدىم، كۈندۈز ئولتۇرمىدىم، قىزىل قېنىم تۆكۈلدى، قارا

---

① بۇ شېئىر بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان، مىسرالىرى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شېئىرىي پارچە، ھەم مۇشەششەش مۇڭگىلىكى بار

تەرىم زەپ ئاقتى، ئىسسىق كۆچۈمنى بەردىمغۇ]
(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» شەرق تەرىپى 51 ـ 52 ـ قۇر)
بۇ يەردىمۇ «كۈندۈز»، «تۈندىن باشقا»، «قىزىل قان»، «قارا تەر»، «ئىسسىق كۆچ» ئوخشاش پاراللېل تەكرارلار پارچىنى ھەم شېئىرىي تۈسكە ئىگە قىلغان ھەم مەنە جەھەتتىن بېيىتقان. يەنە مەسىلەن:

تەڭرى يارلىقادۇقىن ئۈچۈن،
ئۆزۈم قۇتىم بار ئۈچۈن،
قاغان ئولۇرتىم.
قاغان ئولۇرىپ،
يوق ـ چىغانى بۇدۇنىغ
قوپ قوبراتتىم.
چىغانىي بۇدۇنىغ باي قىلتىم،
ئاز بۇدۇنىغ ئۈكۈش قىلتىم.

(«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» جەنۇب تەرىپى 10 ـ قۇر)
[مەنىسى: تەڭرى يار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقان بولۇپ ئولتۇردۇم، خاقان بولۇپ، يوقسۇل خەلقىمنى كۆپ قىلدىم].
يۇقىرىقى مەزمۇن كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە باشقا خىل بىر ۋەزىن بىلەن تەكرارلىنىدۇ:

قۇتىم بار ئۈچۈن،
ئۈلگىم بار ئۈچۈن.
ئولتوچى بۇدۇنىغ،
تىرگۈرۈ ئىگىتىم.
يالاڭ بۇدۇنىغ،
تونلىغ قىلتىم.
چىغانىي بۇدۇنىغ،
باي قىلتىم.
ئاز بۇدۇنىغ،
ئۈكۈش قىلتىم.

(«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» شەرىق تەرىپى 29 ـ قۇر)
ئىككى پارچىدىكى مەزمۇن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. لېكىن بۇلاردىكى ۋەزنى پەرقلىق، ئاۋۇالقىسى ئېغىرراق، داغدۇغىلىق ۋەزنى، كېيىنكىسى خەلق شېئىرلىرىدەك يەڭگىل، ئويناق ۋەزىن، دېمەك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ۋەزنىمۇ باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل بولماستىن، مەزمۇنغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغان.①
يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇنداق مىسرالار تاسادىپىي ماسلاشقان نەزمىي جۈملىلەر بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆز دەۋرىدە شەكىللەنگەن بىر خىل شېئىرىي ئۆرنەكتىن

① ئا. تۇردى «ئورقۇن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 2000-يىلى 2-قىسىم.

گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتىدۇ. مەڭگۈ تاشلارنىڭ يەنە قەدىمكى زامان خاقانلىرى ۋە خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلغان، تەزكىرە ئەدەبىيات ياكى دەسلەپكى بىبلوگرافىيىلىك (تەرجىمىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر دېيىشمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەڭگۈ تاشلارنى نەسر ۋە نەزمە شەكلىدە يېزىلغان، قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىق داستانى ياكى تارىخىي ئېپوسى دەپ بىلىش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلاردا ھايات كۆرۈنۈشلىرى شەخس خاراكتېرلەر تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇلار بايان قىلىش ئۇسۇلىدا 1 - شەخس (مەن)، 2 - شەخس (سەن)، 3 - شەخس (ئۇلار) تىلىدا ئىپادىلەشنى ئېلىپ بارغان.[1]

## ئىككىنچى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

مەڭگۈ تاشلار بەلگىلىك بىر مەقسەتتە يارىتىلغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇددىئا ناھايىتى ئېنىق. ئومۇمەن، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىلغارلىققا ئىگە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى ئۇچۇق رېئالىزم مېتودىنى قوللانغان. رومانتىزملىق مېتودىمۇ بەلگىلىك رەۋىشتە يانداشىپ ماڭغان. ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا ھەقىقىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان ۋە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى چىن، تەسۋىرى بوياقلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

مەڭگۈ تاشلاردا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

(1) قەدىمىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، خاقان قارارگاھلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىپ، (تەڭرىنىڭ خاقانلارغا كۆرسەتكەن ھامىيلىقى بىلەن) خاقانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن؛ خاقانلارنىڭ تەختكە چىقىپ، غەيرىي - رەسمىي قانداش ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلار بايان قىلىنغان؛ ئىچكى نىزا، ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، خەلقنى باي - پاراۋان قىلىش، ياخشى قانۇن تۇرغۇزۇلۇپ، خاقانلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىش يولىدىكى ئىستەك - خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خاقانلىق قۇرۇش مۇستەھكەملەشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىقلارنىڭ بەزى چاغدا مۇنقەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى، تەجرىبە - ساۋاق، بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەسرەت - نادامەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

(2) خاقانلىقنىڭ خاراكتېرى، سەلتەنىتى، كۈچ - قۇدرىتى، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى، ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى، مەنسەپ، دەرىجىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ خاقانلىقتا تۇتقان ئورنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كېلىشىش - كېلىشەلمەسلىكى، توپىلاڭلىرى، بېسىقتۇرۇلۇش ئەھۋالى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئىسىملىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. خاقانلىقنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىققا تەۋە زېمىنلارنىڭ (تاغ - دەريا، يايلاق - تۈزلەڭلىكلەر، تەبىئىي شارائىتلار)نىڭ تەسۋىرى، يەنى پۈتۈن ئەلنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، توپونىمىيىلىك مەلۇماتلار سۆزلەنگەن.

(3) خاقانلارنىڭ تەختكە چىققاندىكى سەۋەب، ۋاقىت، خاقانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ئاساسى، يۈكسىلىشى بايان قىلىنغان؛ خاقان، ۋەزىر، تېگىنلەر،

① ھەرقايسى مەڭگۈ تاشلار ئۆز ئالدىغا پېرسوناژ تىلىنى قوللانغان.

قاتۇنلار (خانىش) نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، تىرىشچانلىقلىرى، ئاتاق (نام) لىرى، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەرىپى، ئۇلارغا مەدھىيىلەر، خاقانلىقنىڭ نەسەبنامىسى، مەڭگۇ تاشلارنى ئورنىتىشتىكى مەقسەت ۋە مۇراسىم، رەسمىيەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ خاقانلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلار قۇرغان، باشقۇرغان ئەلنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى، ھاياتىدا قىلغان چوڭ ئىشلار، ئۇرۇشلار، خاقانلىقنى قۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن؛

(4) ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش، ھوقۇق، سىياسىي ئەخلاق، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، قانۇن - نىزام، ھەربىي سەنئەت، تاكتىكا، يىلنامىلىرى، قىسقىسى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى، تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەنزىرىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن.

قەھرىمانلىق روھ ئىپادىلەنگەن. مەلۇمكى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرلىك «ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا، قەھرىمانلىقتا ئىپادە قىلىنغان»[1].

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت كىشىلەردە قەھرىمانلىق روھنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىنى شەرت قىلغان. چۈنكى، «بوستانلىق ئاھالىلىرى (جۇملىدىن يايلاق كىشىلىرى) ئۆزى بىلەن خانلىقنى بىر گەۋدە دەپ تونۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئىبادەت قىلغان... ئۆز پادىشاھى ۋە خانلىقىنىڭ ئامانلىقى ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسىغا ئايلانغانىدى».[2] خەلق ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ تەڭداشسىز قەھرىمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان، باتۇر، قەھرىمان شەخسلەر خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، چوقۇنۇشىغا سازاۋەر بولغان. قەھرىمانغا بولغان ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ئىدىيە، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت ۋە رىۋايەت، ئېپوسلىرىدا كونكرېت ئىپادىلەنگەن. قوۋم — خەلق ئارىسىدىكى ئۇرۇش تۆھپىسىگە ئىگە باتۇرلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ شەنىگە ئاتاپ دەبدەبىلىك مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەن. ھەشەمەتلىك قەبرىلەر تىكلىنىپ قەبرە تېشىغا ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى پۈتۈلگەن. ئۇلارنىڭ روھلىرى كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ خىل قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاش، قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئەنئەنىسى ئەجدادلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ئۇدۇملۇق ئادەت سۈپىتىدە ساقلانغان.

ھەرقانداق بىر يولباشلىغۇچى (رەھبەر) گە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ماس كېلىشى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان گۇرۇھنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بېرەلىشى لازىم. مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە ئىش كۆرگەندىلا ئاندىن خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى»دا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ.

«ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى

---

① «بېلىنسكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 228 - بەت.

② كېلىمكىت (گېرمانىيە) «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، 206 بەت، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە نەشرى.

ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىدىم، ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلەر - تىرىلىشىمگە باقماي تىرىشتىم؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ، خەلقنى ئوت، سۇ قىلمىدىم، ئىناق قىلدىم، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە، يېلىڭ - يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ، شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە... جەنۇبتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم، كېيىن تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى باي قىلدىم (ئۇلارنى كۈچلۈك خاقانلىقى بار) كۈچلۈك خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم.»

بۇنىڭدىن باشقا «تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى تۆۋەندىكى بايانلارغا قارايلى:

«...شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى يەنىلا مەن ئىدىم. ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئېلتېرىش خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا ... قاپاغان خاقان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم، تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم. كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم. قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (خانلىق) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى كېڭەيتتىم. يېنىپ - يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. ئېلتېرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، خانلىق ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشچانلىقىمنى كۆرسەتكەنلىكىم ئۈچۈن خانلىق يەنىلا خانلىق بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى»

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

«مەڭگۈ تاشلار» دا بىلىمسىزلىك قامچىلانغان، نادانلىق ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىنغان.

«مەڭگۈ تاشلار» نىڭ ئاپتورلىرى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئاڭغا، يىراقنى كۆرەر ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دانىشمەنلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان تەجرىبە - بىلىم ۋە ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان نەزەرىيىلەر بىلەن ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سۇبيېكتىپ دۇنيا قارىشىنى «مەڭگۈ تاشلار» تېكىستىگە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋەتكەن. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بايانلار بار:

«ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بەگلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك... ئىنىسى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ».

«بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «تۈرك بەگلىرى، تۈرك خەلقىم خاقانىڭلاردىن، بەگلىرىڭلاردىن، سۆيۈڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆزۈڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، قايغۇسىز بولالايسىلەر.»

«مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «لېكىن ئاددىي پۇقرالىرىمنى يوقاتمە-

دىم، ئۆيىنى، مال - مۈلكىنى، يىلقىلىرىنى بۇلىۋالمىدىم، ئۇلارنى جازالىمىدىم، ئۇلارغا (بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىشكە) يول قويدۇم، سىلەر ئۆز خەلقىم دېدىم».

«مەڭگۈ تاش» ئەسەرلىرىدىكى بۇنداق نادانلىق بىلەن بىلىملىكنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىپادە قىلىنىشى يۈكسەك جاسارەت، ئۇلۇغۋار روھ ۋە يۇقىرى ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ئاپتورلارنىڭ خەلق ۋە خانلىق ئالدىدىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان سىناق تېشى بولۇشىدىكى ئاساسىي ئامىل ئىدى.

ئومۇمەن، «مەڭگۈ تاش» ئەسەرلىرىدە نادانلىق، بىلىمسىزلىك قاتتىق قامچىلانغان ھەم ئۇلار ئۈستىدىن يۈرەكلىك ھالدا شىكايەت قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاپتورلار مەرىپەتلىك، ئادىل خاقانلار زامانىسىدا خەلقنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، خاقانلىقنىڭ كۈچىيىپ گۈللەنگەنلىكىنى، ئەل - ئۇلۇسنىڭ بەخت - ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، نادان، بىلىمسىز، تەدبىرسىز خانلار دەۋرىدە، چېچىلاڭغۇلۇق، چىرىكلىشىش، باش - باشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى جانلىق ۋە ئەمەلىي سېلىشتۇرما قىلىپ يۈرگۈزگەن مۇلاھىزە ۋە بايانلىرى، ئوقۇرمەن قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سېلىپ، ئۇلاردا روشەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھېسسىياتىنى قوزغىتىدۇ.

ئۈچىنچى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان. ئۇلاردا مەلۇم شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، پائالىيەتلىرى، خاقان، ۋەزىر، قوماندان، قاتۇن (خانىش) قاتارلىقلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۈ تاشلار پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

① پېرسوناژلار ئوبرازى رېئال تۇرمۇشتىن، يەنى تارىخىي شەخسلەردىن تاللىۋېلىنغان، يەنى مەڭگۈ تاشلار رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار ئاساسىدا يارىتىلغان. تۈرك خانلىقىغا تەۋە مەڭگۈ تاشلاردا ئۇماي، بۇمىن، ئىستەمى، تونيوقۇق، تۈرك ئېلتېرىش خاقان، قاپاغان، بىلگە خاقان، كۆل تېگىن قاتارلىق ئوبرازلار، ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلاردا يولىغ خاقان، بۇمان - بۇمىن خاقان①، كۆل بىلگە خاقان، ②مويۇنچۇر، ئىدىكىن (تەڭرى خاقان، بىلگە تارقان) قاتارلىق ئوبرازلار تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇماي ئوبرازىدىن باشقا (ئۇماي ئوبرازىنىڭ ئەسلى زاتىدا رېئاللىق ئېلېمېنتلىرى بولغان) دېگۈدەك، تارىختا ئۆتكەن شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئوبرازلار، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا دەسلەپ يارىتىلغان مىللىي ئوبرازلارغا تەئەللۇق. بۇ ئوبرازلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئالمىشىش جەريانى قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ياخشى ماتېرىيال.

② مەڭگۈ تاشلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى خاسلىققا ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردا نەچچە ئون پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاقان، ۋەزىر ۋە تېگىن - شاھزادىلەردىن ئىبارەت ياكى خانلىقنى تىكلىگۈچى، قۇدرەت تاپقۇزغۇچىلار. ئومۇمىي نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ

---

① بۇمىن خاقان– «تەس مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانىدا يولىغ خاقان ۋە بۇمىن خاقان دېگەن ئەجداد خاقانلىرى ئۆتكەن. بۇ يەردىكى بۇمىن خاقان تۈرك خاقانى بۇمىن خاقاندىن باشقا كىشى ئىدى، ئەلۋەتتە.

② ئۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى كۆل بىلگە بەگ خاقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئورنى ۋە سەرگۈزەشتلىرى ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئايرىم كۆزەتكەندە، ھەر بىر ئوبراز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ تونيوقۇق، بىلگە خاقان، كۆل تېگىن، مويۇنچۇر، ئىدىكىن قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

③ مەڭگۈ تاشلاردىكى ئوبرازلار تىپىكلىككە ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردىكى ئاساسىي پېرسوناژلار، يەنى تونيوقۇق، كۆل تېگىن، بىلگە خاقان، مويۇنچۇر، ئىدىكىن دەسلەپ، ئادەتتىكى شەخسلەر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ (ياكى شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ)، ئەمما ئەمەلىي جەڭ قايناملىرى ئۇلارنى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە قوۋمىنىڭ سەركەردىسى ئورنىغا چىقىرىدۇ، ھەممە دىققەت قىلىدىغان شەخسلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. نوپۇسى كۆپەك، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىگىلىگەن ئاشىنا ۋە ياغلاقار قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بۇ ئوت يۈرەك قەھرىمانلار ئېگىزدە تورۇپ، يىراقنى كۆرەلىگەن، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈككەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلھامبەخش ۋەسىيەتلىرىنى قىبلىنەما قىلغاچقا، ئۇلار قېرىنداش قەبىلە ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلىشكەن. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن كۆپ قېتىم مۇراجىئەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەڭنى تۈرۈپ، كۆكرەك كېرىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سەپنىڭ ئالدىدا كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار چاقىرىقلىرىنى ئاڭلىغان ۋە قەھرىمانە ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن قوۋم ئەزالىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، بىرلىشىپ سەپ ھاسىل قىلىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئۇيۇلمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، مەڭگۈ تاش ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، پۈتۈن خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك ۋە شانلىق قەھرىمانلارغا ئايلانغان. بۇ خىل ئوبرازلار ئەسىرلەر مابەينىدە خەلققە ئىلھام بېغىشلاپ كەلمەكتە.

تۆتىنچى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمكى زامان تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزلەر قېلىپلاشقان، يەنى ئەدەبىي تۈس ئالغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى ساپ تۈركىي سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىلى شەكلىدىن ئىبارەت. سۆز ـ جۈملىلەر بەلگىلىك گراماتىكىلىق قائىدە ئاساسىدا بىرىكتۈرۈلگەن. تەسۋىرلەر، ئىپادىلەش شەكىللىرى روشەن ۋە ئېنىق، بايان قىلىش ئۇسۇلى تەرتىپلىك، ئوي ـ پىكىر ئۇقۇشلۇق. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەدەبىي تىل شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان شېۋە ـ دىئالېكت پەرقلىرىنى ئازايتىپ، ئورتاق مىللىي تىل بەرپا قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز ـ جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. كېيىنكى تەرەققىياتلار مۇشۇ مەنبەنى بويلاپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلىپ كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى خېلىلا يۇقىرى، بۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىرقانچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارغا ناھايىتى مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويساق، بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. مەسىلەن: مەڭگۈ تاشلار ئايرىم كۆزىتىلگەندە، پىكىردە دەماللىققا ئىزچىللىق كەم، بەزى پىكىرلەر چولتا ياكى تەكرار، بۇلار تاش ئۈستىگە خەتنى ئويۇشنىڭ تەسلىكى، كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت مابەينىدە ئۇپراش قاتارلىق ئامىللار بىلەن قوشۇپ تەھلىل قىلىنسا ئۇلارنىڭ يەنىلا خېلىلا ئۈستۈن بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

# V باب. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى[1] (؟850 - ؟1250 ياكى ؟1350 - يىللار) دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھاياتىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولغان دەۋرلەرنىڭ بىرى. تۇرپان بوستانلىقى ئاشۇ دەۋرلەردە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى بۇ رايوندا يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي، شەرقتە لياۋ (قىتان)، شىمالىي سۇڭ، تاڭغۇتلار بىلەن، غەربتە رىم، ئىران، ئەرەب، ھىندىستانلار بىلەن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇرغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ئەركىن قانات يېيىشىغا يول قويۇلدى. بۇددا، مانى، خرىستىئان، داۋجياۋ قاتارلىق دىنلار خالىغانچە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. يەرلىك مۇتەپەككۇر ۋە ئىجادكارلارلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم - مەرىپەت ئىزدەپ كەلگۈچى قوشنا خەلقلەرنىڭ ئىنتىلىش، مېھنەتلىرىمۇ ئالاھىدە قەدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولۇپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا مول مەزمۇنلۇق، رەڭگا رەڭ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تېز بولدى. بۇ چاغدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنى دىنىي ئەدەبىيات ۋە ئاممىباب ئەدەبىيات تەشكىل قىلاتتى.

دىنىي ئەدەبىيات بۇددا، مانى، خرىستىئان ۋە باشقا دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ چاغدا ئەدىب ۋە ئۆلىمالار دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتاتتى، تەرجىمە قىلاتتى. ئەسلى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تەقلىدىي ئەسەر يېزىپ چىقاتتى؛ دىنىي مەزمۇن قىلغان شېئىرلارنى يازاتتى. دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان مەدداھلىق، دىرامچىلىق يولغا قويۇلاتتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاممىباب ئەدەبىياتقىمۇ يۈزلەنگەن. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئاممىباب ئەدەبىياتتا بىلىم، پەند - نەسىھەت، مۇھەببەت قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئىلغار خاھىشچانلىققا ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار.

---

① بۇ خانلىقنىڭ نامى مەنبەلەردە ھەر خىل ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قوچۇ– ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» («دىۋان» ئۈچىنچى توم، 302 - بەت) دېگەن بايانىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئېلىنىشى مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللەشتى، لېكسىكىسى بېيىدى، نازۇك ھېس - تۇيغۇ، قىيىن دىنىي ئاتالغۇ، ئابستراكت سىياسىي ئۇقۇم، مۇرەككەپ نەزەرىيىۋى ئىبارىلەرنى نىسبەتەن توغرا ئىپادىلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي، سىياسىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شان - شەرىپىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بىر ئۇلۇش ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، يېزىقى، سەنئىتى، دىن، نەشرىياتچىلىق، قەغەزچىلىك، مەنبەچىلىك، رەسساملىق، قەغەز قىيىمچىلىق، سودا - سېتىق، بېتىم - توختام، قانۇن، ئەخلاق - ئېتىكا قاتارلىق ساھەلىرىنى ئۆگىنىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

## § 2 . شېئىرىيەت

### 1 - شېئىرىيەت ھەققىدە

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت تەرەققىي قىلغان. ئۆز دەۋرىدىن يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەرنى دەسلەپ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئەڭ ئاۋۋال 1919 - يىلىدىن باشلاپ، لېكوك، ۋ. بانگا، رەشىت رەھمەتى ئاراتلار تەتقىق قىلىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ ر. ر. ئاراتنىڭ 1965 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرغان «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابى قەدىمكى تۇرپان شېئىرلىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانغان ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدىن شېئىرغا ئائىت قىسىملىرىنى مەخسۇس ئايرىپ 649 كۇپلېت تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تۈركچە تەرجىمىسى، مۇھىم ئىزاھلار ۋە فاكسىمىلى بېرىلگەن. بۇرۇن نەسرىي تەرجىمە قىلىنغان بىرمۇنچە تېكىستلەرمۇ ر. ر. ئاراتنىڭ كىتابىدا شېئىر (نەزمە) ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن[①]. ئېلىمىزدە، گېڭ شىمىن، ئى. مۇتىئى، ئا. خوجا، ت. ئايۇپ، ئى. يۈسۈپ، م. زەيدى، د. قەمبىرى، ق. بارات، ئى. تۈمۈرى، ياڭفۇ شۆ، نېئورۇجى، ئا. ياقۇپ قاتارلىقلار بۇگۈنكى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشتا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئاپتورلارغا تەۋەلىك جەھەتتە خەلق ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق شېئىرلار ۋە ئىمزالىق شېئىرلارغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر بىر شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

«دالا ناخشىسى»

— ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

تېكىستى:

1) ئادقاشۇ تۇرۇر قات - قات تاغدا،

---

① ئى. تۈمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 151 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى.

ئامىل ئاغلاق ئارانىيادانتا،
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا،
ئاقار سۇۋلۇقتا،
ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىنالار،
تىرىنلىك قۇۋراغىقتا،
ئادىنىماقىسزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

2) ئىچ تەرىك قات بۇك تاغدا،
ئىرتەكى سۆكى ئارانىياتاندا.
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ،
ئىدى تىكىسىزدە.
ئىمىرت چوغۇرت سۆگۈت ئاراسىنتا،
ئىنچگە - كىيە سۇۋ قىدىغىندا.
ئىلىنمەكسىزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

يەشمىسى

1) تۇتاش كەتكەن قاتمۇ قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانيا - دانتا[①].
ئارتۇچ سۆگۈت[②]ئاستىدا،
(شارقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا.
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا،
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدىغان،
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

2. قاتمۇ قات بۇك - باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا،
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانىياتاندا،
ئېگىز، تىك قىيالار تۇۋىدە،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن،
بۇك - باراقسان دەرەخزارلىقتا.
يىڭنىچە (ئېقىن) سۇلارنىڭ بويىدا،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن ديان‌دا[③]ئولتۇرىدىغان،
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

تېكىستى:

3) سەلىك بۇلۇك تەرىك تاغدا،

---

① ئارانيا — سانسكرىتچە [Aranya]دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «ئورمانلىق، ئورمانلىق تاغ» دېگەن مەنىدە.
② ئارتۇچ سوگۈت — قارا ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ديان — سانسكرىتچە Dhyana دىن كەلگەن سۆز بولۇپ چوڭقۇر خىيال قىلىش، ئىستىقامەت دېگەن مەنىدە.

سەۋىگلىگ ئارانياتاندا.
ساۋرالىپ ئاقار سوۋلۇغ ئەرىپ،
سەپ ـسەم ئاغلاقتا.
سەكىز تۇرلۇگ يىللەر ئۇزە تەبرەنمەدىن،
سەرىلىپ ئانتا.
سەرە يالگۇزۇن نوم مەگىسىن تەگىنگۇلۇگ ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

4 ) كۆكەرىپ تۇرۇر كۆركلۇگ تاغدا،
كۆگۈل ياراشى ئاغلۇق ئورۇنتا.
كۆپ يىگى تەلىم سۆگۈتلۇگ ئەرىپ،
كۆپىرىپ تۇرۇر كۆلمەن سوۋلۇقتا.
كۆز باشلاپ قاچىغلاردىن يىغنىپ،
كۆزىنمىش بىلىنمىشچە ئورۇنلارتا.
كۆسەنچىگسىزىن مەگى تەگىنگۇلۇگ ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.
يەشمىسى:
3 ) يىراق جىلغا، قاتمۇ قات تاغلاردا،
سۆيۈملۈك ئارانياتاندا،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۇن ـ تىنىسىز خالىي يەردە.
سەككىز تۈرلۈك بوراندىنمۇ تەۋرەنمەي،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە.
سەۋر بىلەن يالغۇز نوم ھوزۇرىدىن ھوزۇرلىنىدىغان ،
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

4 ) كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا،
كۆڭۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئورۇندا.
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،
داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا،
كۆز قاتارلىق قاچىغلار[1]دىن خالىي بولۇپ،
(ھەممە نەرسە) كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا،
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھوزۇرلىنىدىغان .

[1] قاچىغ—بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئالتى قاچىغ» دېيىلگەن.

ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا[1].

## 2 - قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى

1. ئاپرىنچور تېگىن. بۇ مانى دىنى مۇھىتىدا ئۇسۇپ يېتىلگەن شائىر. مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ-كىدىن بۇرۇنراق، يەنى X - IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا. شۇ سەۋەبتىن ئاپرىنچور تېگىننىڭ ياشىغان ۋاقتى باشقا شائىرلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق دەپ ھېسابلانماقتا. ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇلاردىن كېيىنكىلەر «مۇھەببەت-نامە» دەپ ماۋزۇ قويغان شېئىرنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

ئەسلى تېكستى:

مۇھەببەتنامە[2]

1) ئا[3]...... ......
ئادىنچىغ ئامراق...
ئامراق ئۆز - كىيەم...

2) قاسىنچىغىمىن ئۆيۈ قادغۇرۇرمەن،
قادغۇردۇقچە قاشى كۆرتلەم،
قاۋشىغاسايۇرمەن.

3) ئۆز ئامراقمىن ئۆيۈرمەن،
ئۆيۈ ئەۋىرۈرمەن ئۇدۇ...چۇن،
ئۆز ئامراقمىن ئۇپۇكسەيۇرمەن.

4) بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم.
بارۇ يەمە ئۇمازمەن،
باغىر ساقىم.

5) كىرەيىن تىسەر كىچىكىيەم،
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن،
كىن يىپار يىدلىغىم.

6) يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن

---

[1] يۇقىرىدىكى شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيىدىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنى ئا. ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ شېئىر ستەيىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا ئا. خوجا، ت. ئايۇپ، ئى. يۇسۇپلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى.

[2] بۇ شېئىر پارچىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «توكەدى ئاپرىنچور تېگىن[ ...ئاپرىنچور تېگىننىڭ ناخشىسى تۈگىدى]...» دېگەن سۆزلەر بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ شېئىرنى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچور تېگىن يازغان بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ.

[3] «......» چېكىت قويۇلغان قۇرلاردىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستە ئۆچۈپ كەتكەن.

ياۋاشىم بىرلە
ياقىشپان ئادرىلمالىم

7) كۆچلۈگ پىرىشتىلەر كۈچ بەرزۈن
كۆزى قارام بىرلە
كۆلۈشۈگىن ئولۇرالىم

يەشمىسى

1) ئا......
بەكمۇ ئامراق...
ئامراق تىگارىم...

2) يارىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن،
قايغۇرغانسېرى قېشى گۈزىلىم (بىلەن) ،
قوۋۇشقۇم كېلىدۇ.

3) ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،
ئويلاپ، ئويلاپ تۇرغانسېرى.
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ.

4) باراي دېسەم (يېنىڭغا) ئامرىقىم،
بارالمايمەن (بېرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق) ،
مېنىڭ باغرىم.

5) (سېنىڭكىگە) كىرەي دېسەم ئوماقىم،
كىرەلمەيمەن (كىرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق) ،
ئىپار ھىدلىقىم.

6) يورۇق تەڭرىلەر ساقلىسۇن،
ياۋاشىم (مۇلايىمىم) بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.

7) كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ (مەدەت) بەرسۇن،
قارا كۆزلۈكۈم بىلەن،
كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى.①

① يۇقىرىدىكى شېئىر لىكوكنىڭ 1919 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تويلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

«مانىغا مەدھىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۇسى رەدنى تىيۇر،
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۇسى رەدنى تىيۇر.
رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەزگۇ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم،
رەدنىدە يىگ مەنىڭ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم.

بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:

تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دېيدۇ،
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دېيدۇ.
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم ـ باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم،
گۆھەردىنمۇ ئېسىل،
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم ـ باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم گۆھەردىنمۇ ئېسىل.

2. پراتيا ياشرى. بۇ كىشىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇلار «ئون تۇرلۇك نەزىر ئۇسۇلى»، «جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزمەك»، «ئېتىراپ»، «توغرا يول». «ياخشى تىلەك»، «ئېشەنچ»، «ياخشى نىيەت»، «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» (بۇنى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز.

ئەسلى تېكىستى:

ئالقۇ ئۆدتە سۆزلەر ئۈچۈن كەنتۇ ئۆزۈم،
ئادىنلارقا كەرگەك بولغاي ساقىنچ ئۆزە.
ئانچا مۇنچا يىغىپ قوشتۇم پراتيا ياشرى،
ئاسىغ بولۇپ تىنلىغلارقا بورقان بولسۇنلار.

بۈگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:

مەن پراتيا ياشرى، ھەر زامان تىلغا ئېلىنىش ئۈچۈن،
باشقىلارغا كېرەك بولۇر دېگەن چۈشەنچە بىلەن،
بۇلارنى ئانچە ـ مۇنچە يىغىپ توپلاپ، نەزمە ئەتتىم؛
جانلىقلارغا پايدىلىق بولسۇن، ئۇلارمۇ بورقان بولۇشسۇن.

بەزىلەر پراتيا ياشرىنىڭ يەنە ئاسىغ تۇتۇڭ دېگەن ئىسمىمۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.[①] ئەمما بۇنى داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

3. چىسۇيا تۇتۇڭ. بۇ شائىرنىڭ 16 كۇپلېتلىق بىر شېئىرى يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭغا «ياڭشاماقلىق بۇدۇغى» (تەكببۇرلۇق بويىقى) دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئۇنىڭ ياشىغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىر كۇپلېت شېئىرنى مىسال قىلىمىز.

① ر. ر. ئارات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» 161 ـ بەت.

ئۆڭ باشلاپ ئادقانغۇلارقا بىلىگلەر قاچار،
ئۆكۈش قارا ئايىغ يولىلۇغ ئۆرۈغۇغ ساچار.
ئۆگلۈك كىشى ئىستىم تۆتچى ياشماقسىز باچار،
ئۆشەلىكسىز يىگ نىرۋاننىڭ قاپاغىن ئاچار.

بۈگۈنكى تىلدىكى تەخمىنەن مەنە يەشمىسى:

ئالدى بىلەن ئازغاشقانلاردىن بىلىملەر قاچار،
كۆپلىگەن قارا، يامان يوللارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار.
ئەقىللىق كىشى ھەرۋاقىت يېڭىلمەسكە دىققەت قىلار،
مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ يۈكسەك نىرۋاننىڭ قاپىقىنى ئاچار.

4. قالىم قايشى. بۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەۋە 30 كۇپلېت شېئىر ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ماۋزۇسى «سامانتا بادراغا نەزىر» (Samfantabhadra) بولۇپ، ئاخىرقى كۇپلېتى خاتىمە دۇئاسى تەرزدە يېزىلىپ، شائىرنىڭ ئىسمى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرىنى داستان دېيىشكە بولىدۇ.

5. بۇيان قاياقال. بۇ كىشىنىڭ شېئىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، كېيىنكىلەر TD8 نومۇر قويۇپ ساقلىغان ۋە بۇ شېئىرغا «خاتىمە دۇئاسى» دەپ ئىسىم قويغان. 59 سىرالىق بۇ شېئىرنىڭ ھەممىسىدە «A» ھەرپى باش قاپىيە قىلىنغان. شائىرنىڭ ياشىغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس.

6. كى كى I . بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلىپ، گېرمانىيىدە ساقلانغان. كى كى I ئىمزاسىدا ئالتە كۇپلېت، تۆت پارچە شېئىر بار. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ شېئىرلار خاتىرىلەنگەن ياپراقچىنىڭ كەينىگە يەنە بىر شېئىر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ 62 كۇپلېت ھەجىمدە. بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ تەكشۈرگۈچىلەر بۇنىمۇ كى كى I يازغان بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان.[1] شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بۇ 62 كۇپلېت شېئىرنى ئابىتا تەڭرى مەدھىيىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن، ئۇنى بۇددا دىنىدىكى باشقا شېئىرلاردىن كونا، X ئەسىرلەردە يېزىلغان، دەپ ھېسابلاشقان[2].

7. ئاتساڭ. بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» دەپ ئاتاپ كېلىشكەن، ئۇنىڭدىن بىر كۇپلېتنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. ئەسلى تېكىستى:

ئاياغۇلۇغ ئومۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا،
ئادىنلارنىڭ ئايىغى ئۇچۇن كۆئۆكەلىگ ئۆز.
ئانچۇلاريۇ قالتى سۇمۇز تاغلار قانى تەگ،
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆرۈكلە ئەت ئۆز بەلگۈرۈر.
ئازۇ يېمە ئول قاڭىمىز باغلاشىئو.

---

① ر. ر. ئارات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» 189 ـ بەت.
② ئى. تۇمۇر «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، 164 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

ئامرىلىپ ئىنچ تەررەمەدىن ئولۇرمىش ئۆدتە،
ئارتى نەلىك سىمەكسىزىن ئالقۇتىن سىگار.
ئاڭسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇكۆزۈنۈر.

بۇگۈنكى تىلدىكى يەشمىسى:

هۆرمەتلىك پاسىبانىمىز ھەر پەيتلەردە،
باشقىلار ئۈچۈن بەخت ئىزلىگەندە،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۈمۈز تېغدەك،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ.
يەنە ئۇ ئاتىمىز شوك ۋە جىمجىت، چازا
قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،
ئۇ ھەرقايسى ئۇلۇسلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈنىدۇ.

بۇ كۇپلېتتا شائىر ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە ئوخشىتىشلارنى خېلى جايىدا قوللانغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ دەۋردە يەنە كۆل تارقان، قارۇنداز، كۈنچۈك ئىدقۇت، كامالا ئانانتا قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەنلىكى، مەنبەلەردە كۆرسىتىلمەكتە.

بۇ دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى (پارابىل) يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

## 3 ـ قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1. ئىدىيىۋى مەزمۇنى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ دەۋر بىلەن ئالاقىدار بولغان شېئىرلار قوچۇ ـ تۇرپان، بەشبالىق ۋادىلىرىدا يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن. بۇلار سان جەھەتتە كۆپ[1]، ھەجمى زور بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىلىرى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ئېلىمىزدە ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار.

شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان شائىرلار ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن. يەنە بىر قىسمىنى بولسا، باشقا تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنداق شېئىر ـ قوشاقلار شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان ياكى كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ دەۋردىكى شېئىر، قوشاقلار دىنىي كۆزقاراش ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئىپادىلىگەن ئاممىباب شېئىرلاردىن ئىبارەت.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شېئىرلاردا دىنىي ئەقىدىلەر، بىلىم قارىشى، ئەخلاق ـ ئەردەم چۈشەنچىلىرى، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەر، ھېكمەتلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

---

[1] ئەنگلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇددىزم مۇھىتىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىلا 949 كۇپلېت.

كونكرېت تەسۋىرلەر: دىنىي ئەقىدىلەر، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش، جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك، ياخشىلىق قىلىش، دىن پېشۋالىرىنىڭ پەزىلەتلىرى بويىچە كىشىلەرنى تەربىيىلەش، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسان روھى مۇناسىۋىتىنى باغلاشتۇرۇپ، ھاياتلىقنىڭ قىممەت ـ ئېتىبارىنى ئۇلۇغلاش (قىسمەن ئەھۋالدا تەركىيدۇنياچىلىقنىمۇ، كەلگۈسى دۇنيانىمۇ تەرىپلەش)، يۇرت ـ ۋەتەن سۆيگۈسى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا تەبىئەت مەنزىرىلىرى، دوستلۇق رىشتىسى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى، تەۋسىيەلەر، قەسىدىلەر، مەرسىيەنامىلەر، تىلەك ـ ئارزۇلار، جەڭ تەسۋىرلىرى، جۇدالىق زارى ۋە باشقا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كىچىك ھالقىلىرى تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ[1].

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار ۋە رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلىمىز.

بىرىنچى، رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار

بۇ يەردە ئېيتىلغان «رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئاممىباب شېئىرلار» ئادەتتە دىنىي تۈس بولمىغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلار ئۆزىنىڭ تىل، تەسۋىرى ۋاستىلەر، مەزمۇندىكى كۆپ قىرلىق ۋە موللۇق، تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىنلىق، شەكىللىرىدىكى خىلمۇ خىللىقى بىلەن قەدىمكى زامان شېئىرىيەت سەھىپىسىدە كۆزنى چاقنىتىدۇ. بۇ خىل شېئىرلاردا ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى، بىلىم قارىشى، مۇھەببەت قارىشى، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار بىلەن دوست بولۇش ھەققىدىكى توغرا تەشەببۇسلىرى، ئاياللارنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى قاراشلىرى، سۆز ـ ئۇتۇقنىڭ گۈزەل بولۇشى توغرىسىدىكى ئۆلچەم ـ پرىنسىپلار، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىلغا بۆلۈپ قىسقىچە سۆزلەيمىز.

(1) بىلىم ـ مەرىپەتچىلىك مەزمۇندىكى شېئىرلار

بىلىم مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلاردا ئىنساننىڭ بىلىم ئۆگىنىشى كېرەكلىكى سۆزلەنگەن. پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا ئادەم بەختلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلانغان ھەم ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن بىلىملىك ئەر بېلىگە بىر قارا تاش قىستۇرۇۋالسا، ئاق قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىز ئالتۇن قىستۇرۇۋالغان بولسا، تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ[2]، دېگەن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق، بىلىملىك بىلەن نادانىنىڭ پەرقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

(2) پەند ـ نەسىھەت (ئۆگۈت) مەزمۇندىكى شېئىرلار

پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردا گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق مەدھىيىلەنگەن، ناچار قىلىقلارنى قىلماسلىقتا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. بۇلارنىڭ تېمىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «پەزىلەتلىك

---

① ل. تۇمۇزى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 152 ـ بەت.

② ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 304 ـ بەت.

كىشى خۇددى گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى گويا ئۆتۈك ئىچىدىكى ئۆلپاق (پەتەك)كە ئوخشايدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى بۇ شېئىردا ئىنسان بالىسىغا ئومۇمىي بولغان شەخسىي خاراكتېر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلگەن بولسا، «ھەقىقەت توغرا بولسا، ئۇنىڭغا جاننى بېرىش كېرەك، ھەقىقەت مەڭگۈ ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەت ئاتقان ئوق، ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىش كېرەك»[①] دېگەن مەزمۇندىكى شېئىردا رېئال تۇرمۇش لوگىكىسى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمدى «ئەيىبسىز ئاياللارغا، ئەرلەر بويىنىنى ئېگىش كېرەك، ئۇنداق ئەخلاقلىق ئايال بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈش كېرەك»[②] دېگەن مەزمۇندىكى شېئىردا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى بولغان ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايالنىڭ ئىناق ۋە باراۋەرلىك ئەخلاقىي نورمىسى ئاساسىدا ھايات ئۆچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

(3) مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

روشەنكى، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئىنسانىي خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھېس ـ ھاياجىنىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى شېئىرلار ئەنئەنىۋى تېما سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز يارىتىلىپ كېلىنمەكتە. مۇھەببەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆزى ھېرىسمەن بولغان تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە چوڭقۇر ۋە سەمىمىي مۇھەببەتتە بولۇپ كەلدى. بىز بۇ يەردە ئاساسەن قىز ـ يىگىت، ئەر ـ ئاياللارنىڭ سۆيگۈ (ئىشقى) مۇھەببەت مەسىلىسىگە بېغىشلانغان شېئىرلار توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلار جۇملىسىگە ئاپرىنچور تېگىننىڭ «مۇھەببەتنامە» دېگەن شېئىرىنى ساناشقا بولىدۇ. بۇ شېئىردا جۇدالىق ئازابىنى تارتقان ۋاپادار ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى ئەسلەپ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىزار بولغانلىقى، ئۆز نىگارىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى، سېغىنىش تۇيغۇسى، شۇنداقلا ئۆز مەھبۇبىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، خاتىرجەم، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تەڭرى ۋە پەرىشتىلەردىن مەدەت تىلەشتەك بىر خىل ئىلتىجاسى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىر ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئەر ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئايالىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بايان قىلىپ يازغان، دەسلەپكى يېگانە شېئىر بولۇش بىلەنمۇ قىممەتلىكتۇر.

(4) ئادىل شاھنى مەدھىيىلەش مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

ئادىل شاھنى مەدھىيىلەش مەزمۇنىدىكى شېئىر ـ قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن ئېلىمىزگىچە، قەدىمكى زاماندا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەقدىرى ئادىل شاھنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەنە بىر جەھەتتىن ئادىل شاھقا باغلاپ تۇردى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئادىل شاھنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇغاندا قۇرۇق، كۆپتۈرمە مەدھىيە ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ئىززەتلىنىشىگە تېگىشلىك رولى قەيەردە، بۇ مەسىلە

---

① ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 306 ـ بەت.
② ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 306 ـ بەت.

روشەن ئوبرازلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن[1]. مەسىلەن، «سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى شېئىردا ئۇ پادىشاھنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ «ئالتۇندەك پاكىز»، «مەرۋايىتتىن ساپ»، «دانا» ۋە مېھرىبانلىقىدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[2].

(5) تەبىئەت تەسۋىرى مەزمۇندىكى شېئىرلار

تەبىئەت تەسۋىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يۇرت، ۋەتەننى تەسۋىرلەش، يەنى مەدھىيىلەش، كۈيلەش دېگەنلىك. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ئورمان ـ يايلاقلىرى، ئېكىنزار ـ بوستانلىقلىرى ۋە خەلقىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى، دىنىي نۇقتىدا تۇرۇپ، ئىستىقامەت قىلىدىغان ئورۇنلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، بۇنىڭغا يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ شېئىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كونكرېت ئىبارىلەر، جانلىق تەسۋىرلەر ۋە ھېسسىياتلىق مىسرالار بىلەن كۈيلىگەن نەمۇنىلىك شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ خىل پىزاژ تەسۋىرىدىكى شېئىرلار كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بەلگىلىك رول ئوينىغان.

ئىككىنچى، دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئېتىقادتا ئەركىن بولغان. بۇ يەردە بىر قانچە دىنلار، جۈملىدىن شامان دىنى (قالدۇق تەسىرى)، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، نىستورىئان دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى (بەزىدە چەكلەشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ)، داۋجياۋ دىنى قاتارلىقلار بەلگىلىك تەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرغان. ئەدىبلەر ئەينى دەۋرنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسى بولغان دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نورمال ھادىسە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋقە، دۇنيا قاراشلىرىنى كۆپ چاغلاردا دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن تۇرۇپ بەلگىلەشكەن. كىشىلىك دۇنياسىدا ياشىغان ھەربىر ئادەمگە ئۆز دەۋرىنىڭ سىنىپىي تامغىسى بېسىلىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىدا ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ پۇرىقى بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى «خۇراپىي نەرسە» دەپ چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئۇلاردىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

(1) بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىي ئەقىدىسى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك شېئىرلار بۇددا دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل شېئىرلار ئاساسەن بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرىنى، دىن پېشۋالىرىنى مەدھىيىلەش (شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش)، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش، شۇنداقلا تەركىدۇنياچىلىقنى، كەلگۈسى دۇنيانى تەرىپلەش قاتارلىق مەزمۇنلار تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاتساڭنىڭ بۇددا دىنىي ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى بولغان «بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر»غا مەدھىيە ئوقۇپ يازغان 14 كۇپلېتلىق شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئاۋاتانساكا سۇترىسىنىڭ پەزىلىتىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە مەدھىيە ئوقۇش ئارقىلىق، جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك، ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، بىلىمگە ئىنتىلىش، قەيسەر بولۇش ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. چىسۇياتۇتۇڭنىڭ «رەڭۋاز سۆزمەنلەر»[3] (32

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 300 ـ بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 299 ـ 300 ـ بەتلەر.
③ ش. ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 97 ـ 98 ـ بەتلەر.

مىسرا) دېگەن شېئىرىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇنى شائىر قويۇق دىنىي ئاتموسفېرادىن نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ يازغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى دىققەت بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا، بىلىملىك ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق بولۇشقا، باشقىلارغا تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا باھا بەرمەسلىككە، ئىشنى ئويلاپ قىلىشنىڭ لازىملىقىغا ئۈندەشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىدىغان بولساق، بۇ شېئىرمۇ قارىماققا بۇددا مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىردەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا، دىنىي كۆزقاراشلار ئەمەس. بەلكى تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۈرەتلەنگەن. ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان زاھىدلار روھى قىياپىتى ۋە ئۇ زاھىدلار ئىستىقامەت قىلىدىغان جىلغىلار، ئورمانلىقلار، دەريا بويلىرى ۋە كۆل بويلىرىنى بەكمۇ چىرايلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ شېئىر ئەينى چاغدىكى تۇرپاندىكى بېزەكلىك قاتارلىق جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى (بولۇپمۇ ئۆلىمالار ھاياتىنى) كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ.

(2) مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا قارىغاندا مانى دىنىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان. سۇڭا، مانى دىنىغا نىسبەتەن بىرقەدەر چوڭقۇرراق ئىخلاسى بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇرپان بوستانلىقىغا كۆچكەندىن كېيىن بۇ يەردە مانى دىنىنىڭ تەرەققىياتىدا تېزلىتىش بولغان. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى مانى دىنى مۇھىتىدا يورۇقلۇققا چىققان. «تەڭرى» («ئىلاھىيە» دەپمۇ ئېلىنغان) ناملىق شېئىردا تاڭ تەڭرىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش مەزمۇن قىلىنغان. ئاپرىنچور تېگىننىڭ «مەدھىيە» دېگەن شېئىرى تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش، يېلىنىشنى مەزمۇن قىلغاندىن سىرت، ئۆلۈمنى، دوزاخنى تەسۋىرلەشنىمۇ مەزمۇن قىلغان. يەنە بەزى شېئىرلاردا ئوبرازلىق تىل، تەسۋىرى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مانى دىنى ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان، بويسۇنمىغان، گۇناھكارلارنىڭ ئۆلۈمىنى، دوزاختىكى ھالەتلىرىنى بەكمۇ دەھشەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. كىشىلەرنى مانىغا تېۋىنىشقا، تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇشقا چاقىرغان. دېمەك، دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان يۇقىرىقىدەك شېئىرلاردىن قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دىنىي قارىشى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

2. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شېئىرىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. نەچچە ئون شائىرلار ئۆتكەن، نۇرغۇن لىرىك شېئىرلار ۋە داستانلار، ئېپوسلار يېزىلغان، توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان، رەتلەنگەن. بىز بۇ ماۋزۇدا ئاساسەن لىرىك شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. لىرىك شېئىرلارنى ئىمزالىق شېئىرلار ۋە ئىمزاسىز شېئىرلار دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىمزالىق شېئىر دېگىنىمىز يۇقىرىقى ماۋزۇلاردا سۆزلەپ ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسمى بىلەن باغلانغان شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمزاسىز شېئىر دېگىنىمىز ئاپتورى نامەلۇم شېئىرلارغا قارىتىلغان. ئىمزاسىز شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى خەلق قوشاقلىرى تۈركۈمىگە تەئەللۇق، بەزىلىرىنىڭ ئاپتورى ئېنىقلانمىغان.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ، مەزمۇنى مول، شەكىل تۈزۈلۈشى كۆپ

خىل بولغاچقا، ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇنچە تەرەپلەرگە باغلاپ، چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىز ئىخچاملىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتا ئارقىلىق قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي يوسۇندا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئاممىباب شېئىرلار بولسۇن، مەيلى دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلار بولسۇن، ھەممىسى رېئاللىقنىڭ يا ئۇ يول بىلەن، يا بۇ يول بىلەن ئىپادە قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلىگەن «قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى» دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىدۇق. ئومۇمەن، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى كىشىلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

2) ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇلاردا تەبىئەت، جەمئىيەتنى سۆيۈشكە، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشكە، ئۆز ئەقىدىسى، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە سادىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان نۇرغۇن ئېسىل مەزمۇنلار بار. بىلىم، ئىجاد، ئەمگەك، ئادالەت، مۇھەببەت، ئەخلاق كۈچەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. بۇ خىل مەزمۇنلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىدىكى شېئىرلاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ بار. دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ ئېتىقاد، ساپدىللىق، ئەزگۈلۈك، ۋاپادارلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان قىممەتلىك مۇزمۇنلار بار. شۇڭا ئۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

3) مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن،[①] ئېپىك شېئىر ۋە لىرىك شېئىر دېگەن ئىككى ژانىر بويىچە تەرەققىي قىلىپ بارغان. بۇ يەردە دېيىلگەن ئېپىك شېئىر داستانچىلىققا ۋە بەزى ۋەقەلىك شېئىرلار قارىتىلغان. لىرىك شېئىرلار بېيىت، غەزەل، ئۈچلۈك (يەنى ئۈچ مىسرالىق شېئىر)، تۆتلۈك، ئالتىلىك، سەككىزلىك، قەسىدە، مەرسىيە، رۇبائىي (يۇقىرى تەلەپ قويغىلى بولمىسىمۇ)، ناخشا ـ قوشاق قاتارلىق شەكىللەرگە ئىگە.

بۇ شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بەزىلىرى يەنە بىر مۇنچە تۈرگە ئايرىلغان. مەسىلەن، باش قاپىيىلىك شېئىرلار، ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلار، مىسرا بوغۇملىرى ئەركىن شېئىرلار (ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالىق) ياكى چاچما شېئىرلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا «شېئىر ـ قوشاق» دېگەن ئاتالغۇنىڭ 11 خىل ئاتىلىشى، يەنى ۋارىيانتى بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. (1) قوشۇغ ـ بۇ قوشاق، شېئىر، قەسىدە مەنىسىنى بەرگەن. بۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدۇر. (2) قۇۋزان ـ ناخشا مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان. (3) قوشما ـ شېئىر تۈزمەك مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان. (4) تاقماق ـ تۈزمەك، قوشاق مەنىسىدە. (5) تاقشۇت ـ يۇقىرقى بىلەن ئوخشاش. بۇ ئىككى ئاتالغۇ يەنە بېيىت، ئىككىلىك مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. (6) ئىر (يىر) ـ ناخشا، ئىرلىماق، ناخشا ئېيتماق مەنىسىدە. (7) كۈگ ـ ① شېئىرنىڭ ۋەزنى مەنىسىدە ② كۈي، ئاھاڭ مەنىسىدە؛ ③ ھەر يىلى شەھەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدىغان ھەزىل،

---

① ئادەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى شېئىرىيەت، پروزا ۋە دراماتورگىيە دېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلگەن

قىزىقچىلىق، كۆلكە مەنىسىدە؛ ④ ناخشا؛ ⑤ ساز مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنغان. (8) پاداك، (9) شلوك، (10) كاۋى قاتارلىقلار چەتئەل تىللىرى، (سانسكرىت تىلىدىن بولۇش ئېھتىمال) دىن كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئۇلار ئوخشاشلا نەزمە، شېئىر، مىسرا دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنغان. (11) باش، باشىق — بۇلار ئىلاھ (ئىلاھقا مەدھىيە ئوقۇيدىغان شېئىر مەنىسىدە) قا مەدھىيە، قەسىدە مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ۋەزىن، تۇراق، بەھىر، قاپىيە، رىتىملىرىمۇ كۆپ خىللىقتا ئىدى. شېئىرلار كۆپرەك بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان. ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، «ئىرق بىتىك»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ شېئىرىيەت شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن،[1] بەلكى دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا زور يېڭىلىنىشقا ئىگە بولغان. ئۇ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تىكى شېئىر - قوشاقلار بىلەن پاراللېل ھالدا تارقىلىشى بىلەن بىرگە «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»[2] قاتارلىق داستانلارنىڭ يارىتىلىشىغا، ئەنئەنىۋى شېئىرىي مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق بولغان. ئومۇمەن، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىلغار مەزمۇننى ئىپادىلەشكە پۇختا، كۆركەم ۋە تۇراقلاشقان شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلانغان.

4) تىلنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا نەچچە مىڭ سۆز - ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئۇقۇملاردىن تارتىپ، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى، دىنىي جەھەتلەردىكى نازۇك، ئىنچىكە، مۇرەككەپ ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشكىچە بولغان جەرياندا ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان. بۇ سۆزلەر شېئىرلارنىڭ مىسرا، رىتىم، قاپىيە، بوغۇم، بەھىر، ئىنتىزام، ۋەزىنلىرىگە تولىمۇ ماسلاشتۇرۇلغان. شېئىرلاردىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، يەنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق ۋە كىتابىي سۆزلىرىنىڭ تاۋلانغان لەھجىلىرىدىن كەلگەن. بەزى سۆزلەر مەدەنىي ئالاقە، ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن قوشنا خەلقلەر تىللىرى مەسىلەن، توخرى، سانسكرىت، خەنزۇ، سوغدى تىللىرىدىن كىرگەن . قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ سۆز - ئاتالغۇلىرى قىسقا، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق، جۈملە تۈزۈلۈشى تەرتىپلىك ۋە مەنتىقىي راۋانلىققا ئىگە. شېئىرىي سۆز - ئاتالغۇلار ئېنىقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆز-جۈملىلەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك، جايىدا پايدىلانغان. ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك سوراق، ئىغىمىزىم، سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، تەكرارلاش قاتارلىقلار شېئىرىي پىكىرنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مىلادى IX ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

---

① بۇ ئىككىلا يادىكارلىقتا شېئىرىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن.
② بۇ ئىككى داستاننىڭ بىر مۇنچە مىساللىرى باش قاپىيىلىك شېئىر شەكلىدە يېزىلغان.

# 3 § . نەسرىي ئەسەرلەر

## 1 ـ قىسقىچە چۈشەندۈرمە

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئاساسەن تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇنداق دېگەنلىك، بۇ دەۋردە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلمىدى دېگەنلىك ئەمەس. «ئوغۇزنامە» (ئۇنىڭ بەزى ئابزاسلىرى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان) ۋە نەچچە ئونلىغان لىنگۋىستىكا (خەت ـ چەك، ھۆججەت) خاراكتېرىدىكى يازما ماتېرىياللار بۇ دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان، كۆچۈرۈلگەن، تارقىتىلغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى، جۈملىدىن دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقا خەلقلەرنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا قاتنىشۋاتقان غەيرىي تىللىق بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكى ئاممىباب ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى. بۇنداق ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىتلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىدىن قالسا مانى دىنى ۋە نىستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. تېپىلغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايە، قىسسىلەر، رىۋايەت ۋە تەمسىللەر بايان قىلىنىش ئارقىلىق بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى تەشۋىق قىلىناتتى. ئۆز زامانىسىدا بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش سانالغاچقا، بۇ ئەسەرلەر قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور رول ئوينىدى. بۇ دەۋردە خرىستىئان دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرمۇ تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، «ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە پارچىلىرى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇلار ھازىر چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. قوشنا خەلقلەرنىڭ ئاممىباب ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمى مۇشۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ھىندى خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام» قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئېزوپ مەسەللىرى»[1] مۇشۇ دەۋردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## 2 ـ سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ

### 1. سىڭقۇ سېلىنىڭ ھايات پائالىيىتى

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىب، جۈملىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى، بىر قانچە يىرىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى. سىڭقۇ سېلى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە) جۇڭغارىيە ۋادىسىدىكى جىمسار تەۋەسىدە) تا تۇغۇلغان، X ئەسىرلەردە ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ.[2] ئۇ قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بۇددا نوملىرى ھەققىدە مول مەلۇماتى بار، تەرجىمانلىقتا ياخشى ماھارەت يېتىلدۈرگەن، ئەدەبىياتتىن ئوبدان خەۋىرى بار كىشى ئىدى. سىڭقۇ

① بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلدى.
② بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ئورقۇن ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قاراشماقتا.

سىلىنىڭ تۆھپىسى ئاساسەن تەرجىمە ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» «سەككىز يۈكمەك» (؟) «ئەت، ئۆزۈگ كۆڭۈل ـ ئۇگ كۆرمەك ئاتلىغ نوم ـ تەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك ئاتلىق نوم» (پارچە). يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە نوم پارچىلىرىمۇ تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئۇ تەرجىمە قىلغان. سىڭقۇ سىلى بۇ تەرجىمە ئەسىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق»نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىكى ماخاساتۋى تېگىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوقۇغان ھەر مىسراسى يەتتە خەتلىك بىر كۇپلېت مەرسىيە شېئىرىنى ئۇلۇك تەرجىمە قىلماستىن، قەدىمىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قوشاق شەكلىگە سېلىپ، تۆت مىسرالىق، ئىككى كۇپلېت، تىلى ساددا، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىيات تولۇق ئەكس ئەتكەن قوشاق قىلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلغان.

رىۋايەتتىكى ئوبرازلار ئاغزىدىن ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، جۈملىلىرىنىڭ ئاخىرى كۆپىنچە قاپىيىداش بولۇپ، شېئىرىي تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەسەر گەرچە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سانسكرىتچە نام ـ ئاتالغۇلار قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا توغرا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قاراپلا تەرجىمان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا يالغۇز خەنزۇچە نۇسخىغىلا ئاساسلانماي، بەلكى ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ياكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلانغان دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

2. «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدە

«ئالتۇن يارۇق» قىسقارتىلغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق ـ يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك)»

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئون ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى، 397 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى قاتارلىق بىر قانچە نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەر خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىي ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايىلەر، قىسسىلەر سۆزلەنگەن.

ئەسەردىكى مۇھىم رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە چامبۇدۋىپ (سانسكرىتچەJambudvhpa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (Maharatha) نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتۋى (Mahasattva) تېگىننىڭ يەتتە ئەنۈكى (ئەنۈك ـ قەدىمكى ئۇيغۇرلار يولۋاس بالىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ) بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۇلەر ھالەتكە يەتكەن چىشى يولۋاسنى ئۆز جېنىدىن كېچىپ گۆش ۋە قېنىنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسىرلىك بايان قىلىنغان. رىۋايەتتە، بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئەقىدىسى ئابستراكت سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر، چۈچۈك ھەم راۋان تىل ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئالتۇن يارۇق»تىن پارچە

(607) ئانتا ئوترۇ تەڭرى تەڭرىسى بورقان ئىنجتىپ يارلىقادى: ئانانتا! ئۆڭرە ئەرتمىش ئۈندە بۇ چامبۇدۋىپ ئۇلۇستا ماخارادى ئاتلىغ ئىلىگ قان بار ئەرتى. ئول يمە ماخارادى-ئىلىگ قان ئەتىنگۈ ئۇلۇغ باي بارىملىغ تىساڭلارى ئاغىلىقلارى ئى تارىغ ئەد تاۋار

ئۆزە تولۇ، ئالپ ئاتىم سۈلۈگ كۈچىگە تۈكەللىگ، تۆتتىن سىگار يىر ئۈرۈنوغ ئىمىش باسمىش، ئۆكۈشكە ئاياتمىش ئاغىرلاتمىش، ئۆزۈك ئۈستا كۈنى نومچە تورۇچە باشلاتاچى، ئىمەرىگە قاماغ بۇ دۇنيادىن قاراسىن ئاشمىش ئۆكلىتمىش، قوپتىن سىگار ياغىسىز ياۋلاقسىز ئەركى. ئول ئانتاغ ئۇشۇقلۇغ چوقلۇغ يالىنلىق كۈچلۈگ ئىلىگ قانىنىڭ ئۇلۇغ قانونىنتا توغمىش كۆرگەلى سەۋىگلىگ كۆرگلۈگ، مەڭزلىگ ئۈچ ئوغلانى ئەرتى. ئالىڭ ئىلكى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخابالى ئەرتى. ئىكىنتىسى ئورتۇن ئوغلىنىڭ ئاتى ماخادىۋى ئەرتى. ئۈچۈنچى ئالىڭ كىچىلىگى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخاستىۋى ئەرتى.

هازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى

ئاندىن كېيىن تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بورقان مۇنداق دېدى: ئانانتا! بۇرۇن[1] بۇ چامبۇدۋىپ ئېلىدە[2] ماخارادى[3] ئاتلىق ئېلىك خان بار ئىدى. ئۇ ماخارادى ئېلىگ خان ناھايىتى كاتتا باي بولۇپ، ئامبارلىرى ئاشلىق، خەزىنىلىرى مال ـ دۇنيا بىلەن تولغانىدى. ئۇ باتۇر، مەرگەن، قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە، تۆت ئەتراپىدىكى يەر ـ زېمىننى بويسۇندۇرغان. ھەممىسىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. ئۇ دائىم توغرا نوم بويىچە، قانۇن ـ تۈزۈملەر بويىچە ئەلنى باشقۇرۇپ، ئەتراپتىكى پۇقرالارنى ئاۋۇتقان. ھەممە ئەتراپنى دۈشمەنسىز قىلغانىدى. مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئېلىك خان چوڭ خوتۇنىدىن ئۇماق، چىرايلىق، كۆركەم ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخابالى، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخادىۋى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخاستىۋى ئىدى.[4]

## 3 ـ ئىككى تېگىن ھېكايىسى

«ئىككى تېگىن ھېكايىسى» نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: سەيلىگە چىققان ئاق نىيەت تېگىن كۆپلىگەن جاپاكەش جانلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتىسى ماخارىتتىن ئېلىگنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، خەزىنىدىكى بايلىق بىلەن پۈتۈن جاپاكەشلەرنى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مال ـ دۇنيانىڭ مەنبىيى بولغان دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئەڭگۈشتەر، ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقىپ نامراتلارغا تارقاتماقچى بولۇپ دېڭىزغا بارىدۇ ھەم نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ چىقىدۇ. بىراق ھەسەتخور ئىنىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ يېنىغا مەن تاپتىم دەپ ئېلىپ بارىدۇ، ئاكىسىنى بولسا ئۆلدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خەلق ئارىسىغا كىرىپ بىر تەرەپتىن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەدىقە يىغىپ پۇل تېپىپ كۆپلىگەن نامراتلارنى ئاچ ـ زارلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئەقىل ـ پاراستى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە يول باشلاپ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، قارا نىيەت تېگىنىنىڭ سۇيىقەستىدىن گۇمانلانغان ئاتىسى ماخارىتتىن ئېلىگ ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايە ۋەقەلىكى ئاخىرلىشىدۇ.

---

① ئانانتا ـ ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ قابىل شاگىرتى.
② چامبۇدۋىپ ـ دۆلەت نامى.
③ ماخارادى ـ سانسكرىتچە سۆز.
④ بۇلار ئا. خوجا، ت. ئايۇپ، ل. يۇسۇپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

باش قەھرىمانى باراناس شەھەر دۆلىتىنىڭ خانى ماخارىتتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەدگۈ ئۆگلى تېگىن (ئاق نىيەت شاھزادە) بۇددا دىنىنىڭ «باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى سۈپىتىدە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى ئايىغ ئۆگلى تېگىن (قارانىيەت شاھزادە) بولسا، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، سۈيىقەستچى، ھىلىگەر ۋە قەبىھ ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدە بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ، ئاق نىيەت تېگىن ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھېكايىنىڭ جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. ھېكايە تىلىنىڭ ناھايىتى راۋانلىقى، قەدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ خىلمۇخىللىقى، نۇرغۇن جۈملىلەرنىڭ قاپىيىلىك ۋە ئاھاڭدار چۈشەندۇرۇلۇشى ھەم ئاساسلىق ئىككى ئوبراز نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىغا قاراپ، بۇ ھېكايىنى توخرى تىلى (قەدىمكى كۇچا ياكى قەدىمكى قارا شەھەر تىلى) دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن دېيىش مۇمكىن.①

## 4 - چاستانى ئېلىگ بەگ

ئەسەرنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق. قەدىمكى ھىندىستاندىكى ئۇچايان (Ujjayini) بالىق دېگەن شەھەردە تەلەتى قورقۇنچلۇق ياۋۇز يەك - شەيتانلار ئادەملەرنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ. خەلق بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەر كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۇققان شەھەرنىڭ ئېلىگ بېگى چاستانى (Caastna) بارلىق كۈچىنى يىغىپ، ياۋۇز يەكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ يۈرىكىنى توختىتىپ، باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان جاسارەتكە كېلىدۇ - دە، قەبىھ يەكلەرنىڭ سۈيىقەست، تەھدىتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن بۇسۇپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ. بارلىق يەكلەرنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزىدۇ. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى چاستانى ئېلىگ بەگ خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايىئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ھەم ئۈمىد - ئىشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي ۋە ئىنتايىن ھىيلىگەر يەكلەر ئۈستىدىن پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە جانلىق بايان قىلىنغان.

«چاستانى ئېلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان. كېيىن بۇددا قىسسىلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئورتاقلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەسىرى دەپ پەرەز قىلىشقا مۇئەييەن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن.

«چاستانى ئېلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن دىنىنىڭمۇ ئەسلى مەنبەيى رېئال ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن

---

① توخرى تىلىدىن دېيىلىشىدىكى سەۋەب «باراناس» دېگەن شەھەر نامى توخرى تىلىدىكى «Baranas» دېگەن نامدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، «Baranas» سانسكرىتچە Varanasi («دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر» دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەنلىكىدىندۇر.

مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، بۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلەرمۇ رېيال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىلمۇخىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بولۇپ تۇرغان ئەلۋەتتە. بۇنداق شارائىتتا كىشىلەر ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنى، شۇنداقلا بىرەر قۇتقۇزغۇچىنىڭ بەختكە ئېرىشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دىنغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلغان خەلق ئاممىسى، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋېتىپ، غايىۋى مەزمۇنلىرىدىن چەكسىز زوقلانغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇددىزم ھېكايىلىرىدىكى قەھرىمان چاستانى ئېلىگ بەگنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى ئۇيغۇرلارنى ئىلھاملاندۇرغان، ئاخىرى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولغان. دېمەك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان «چاستانى ئېلىگ بەگ ھېكايىسى» ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئوبدان ئۈلگىسىگە ئايلانغان.

## § 4 . دراماتورگىيە

### 1 - قىسقىچە چۈشەندۈرمە

شىنجاڭدا سەنئەت ئويۇنلىرى، سىركچىلىك ۋە درامچىلىق قەدىمكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

درامچىلىقنىڭ ئىپتىدائىي ئالامەتلىرى سىرك - سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار بار. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ - قىيالىرىغا ئويۇلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. بۇلارنىڭ تارىخىنى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ھايۋان سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئادەملەر، قانات - قۇيرۇقلۇق ئادەملەر، موللاق ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان، سەكرەۋاتقان ئادەملەر، پۇت - قولىنى كېرىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەملەر ۋە بېشى ئادەم، تېنى ھايۋان قىياپىتىدىكى ئادەملەر ئوبرازى قاتارلىقلار بار.

قورۇقتاغ قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە رەسمىي سىرك ئويناۋاتقان ئادەم رەسىملىرى بولغان، مەسىلەن، بىر رەسىمدە بىر ئادەم چېپىپ كېتىۋاتقان تۆگە ئۈستىدە تىك ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، قانداقتۇر قىزىق بىر خىل سىرك ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر رەسىمدە، بەستلىك بىر ئادەم ئىككى پۇتىنى سەل كېرىپ، سول قولى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى يەرگە، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بېشىدىن ئېگىز تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان؛ ئۈستىدىكى ئادەم ئىككى قولى بىلەن پەستىكى ئادەمنىڭ بىر (سول) قولىنى چىڭ تۇتۇپ، باش ۋە بېلىنى تۈز قىلىپ، ئاسمانغا قارىتىلغان ئىككى پۇتىنى چىرايلىق ھەرىكەت شەكلىدە ئېگىپ تۇرغان. ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىدا پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قارىتىپ، قىزىقارلىق سىرك ئويناۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش — بۈگۈنكى كۈندىكى مۇشۇ خىلدىكى سىرك نومۇرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بەدەن شەكلى، ھەرىكەت قىياپىتى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن چوڭ پەرق يوق.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا بايقالغان سىركچىلىككە

دائىر قورچاقلار ئوبرازىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكلىرى بار. مەسىلەن، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن سىرك ـ سېھرىگەرلىك ئويناۋاتقان «سىركچى قورچاقلار» دىن خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇلارنىڭ بىرى بېشىدا ئېگىز بىر خادىنى تىك تۇرغۇزۇپ، ئىككى غولىچىنى كەڭ كېرىپ، (بىر قولى سۇنۇپ كەتكەن،) تىزلىنىپ ئولتۇرغان جايىدىن ئاستا ئۆرە تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان، بۇ سىركچى ماھىر سەھنە ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدە بولۇپ، ناھايىتى زېرەكلىك ۋە پەم بىلەن قىزىق سىرك ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن، يەنە ئىككى سىركچى قورچاقنىڭ بىرى ئۇزۇن سوزۇلغان ئىككى قولىدا يەرگە تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك ئېگىز كۆتۈرۈپ موللاق ئېتىشقا باشلىغان، بۇنىڭ يەنە بىرى (ئىككى قولى سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەينىدىكى مۈرە ئېگىزلىكىدىكى توسۇقتىن كەينىگە تىك موللاق ئېتىپ ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقان جىددىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر ساقال ـ بۇرۇتلۇق قېرى سىركچى قورچاق (بىر قولى مۈرىسىدىن سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرگە دەسسەپ، بىر پۇتى ۋە قولىنى تۈز، ئۇزۇن سوزۇپ سول تەرەپكە قاراپ قويۇندەك تېز پىرقىراۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ.

بۇلاردىن سىرت كۇچادىن تېپىلغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ئىچىدە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بەزى پاكىتلارمۇ بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئىككى پارچە سۈرەت بولۇپ، ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن سۆڭەك كۆلى كومزىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىرىنى ياپونىيىنىڭ ئوتانا (大谷) شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1906 ـ يىلى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ توغرۇلۇق خەۋەرنى 1957 ـ يىلى ئېلان قىلغان. يەنە بىرىنى فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1907 ـ يىلى قولغا چۈشۈرگەن. ئالدىنقى كومزەكتە بىر قانچە كىشىنىڭ مەيداندا ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم يۈزىگە نىقاب تاقىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، دراما ئويناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى كومزەكتە تۆت ئادەمنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇلارمۇ نىقاب تارتىۋالغان. رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش. بۇلار قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا دراما ئويناشتەك بىر خىل سەنئەت شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[1]

شىنجاڭنىڭ، تارىم ۋادىسى قەدىمكى زاماندا يالغۇز ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ بۇرۇن دراما ئوينالغان جايلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تارىختا شىنجاڭ درامىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ درامىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بەنگۇ «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى» دە خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا سىرك ـ سېھرىگەرلىك (角抵, 奇戏) بارلىقىنى ئېيتقان. ۋاڭ شۈەنلىن يازغان «جىننامە. لۈگۇاڭ تەزكىرىسى» دە شىنجاڭدا ئەينى چاغدا «سىرك ئويۇنى» (奇伎异戏) بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئومۇمەن خەن دەۋرىدىن باشلاپ، سىرك، سېھرىگەرلىك، ۋە باشقا ھەر خىل سەھنە ئويۇنلىرى، درامىلار غەربىي يۇرتتىن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ سېھرىگەرلىك، دراماچىلىق ئىشلىرىغا غايەت زور تەسىر

① «شىنجاڭنىڭ دراماچىلىق مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ دراماچىلىق مەدەنىيىتى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن. 1988 ـ يىلى خەنزۇچە سىغ مەتبەئە نۇسخا، بىرىنچى توپلام، 148 ـ 147 ـ بەتلەر.

كۆرسەتكەن. بۇ ھال سېھرىگەرلىك، درامىچىلىقنىڭ پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە دراما تەتقىقاتچىسى ۋاڭگۇۋېي قاتارلىقلار بىر قاتار ئىزدە-نىشلەردە بولغان ۋە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان. لوشاۋۋېن ئەپەندى بولسا مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەربىي يۇرت سېرىك - سېھرىگەرلىكىنىڭ شەرققە سىلجىشىنى جوڭگو سېرىك - سېھرىگەرلىكىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ... غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلار قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئاساسلىق دىنلار ئەڭ ئاۋۋال گۈللەنگەن رايون ھەم دۇنيا سېرىك - سېھرىگەرلىكى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان سېرىك - سېھرىگەرلىك يۇرتى».[①]سۇڭ سۇلالىسى (960- 1279) ئەلچىسى ۋاڭ ئەپەندى (939 - 1006) «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا «توققۇزىنچى ئايلار ئىدى. پادشاھ، شاھزادە ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىزنىڭ كۆنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى ئويۇن بىلەن قارشى ئالدى. پادشاھ بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ بىللە ئويۇن كۆردى، كۆڭۈللۈك زىياپەت ياكى گۆگۈم چۈشكىچە داۋاملاشتى» دەپ يازغان.

بۇنىڭدىن باشقا ھازىر ساقلىنىپ قالغان توبۇت يېزىقىدىكى «ئۇدۇن ئېلىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ئۇدۇن رايونىدا دراما ئوينىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان (قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا دراما دېگەن سۆز «nätaa» دېيىلگەن)

يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن قەدىمكى كۇسەن - ئاگنى تىلى ۋە سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان دراما پارچىلىرى (مىلادى 618 - 907 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ) تېپىلدى. ئالدىنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپلىرىدىن «مايترى سىمىت» (Maitreya samiti nataka)، «ناندا ھەققىدىكى دراما» (难陀本行集剧本، Nandacarianātaka)، ئۇنىڭدىن باشقا ئارانېمى (Aranemi) پادشاھقا مۇناسىۋەتلىك دراما پارچىسى؛ كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپلىرىدىن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مامىڭنىڭ «سارى-پۇترا پراكارانا» (Sāriputra Prakarana، «舍利弗篇» 马鸣著) دراما ئەسىرى قاتار-لىقلار.[②]

## 2 - «مايترى سىمىت»

### 1. پرتانراكشىت

پرتانراكشىت قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، جۈملە-دىن «مايترى سىمىت» ناملىق يىرىك سەھنە ئەسىرىنى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان كىشى. تەرجىماننىڭ تولۇق ئاتىلىشى پرتانراكشىت كرماۋا-ژىك (Prajnaraksita karmavasika). بەزىلەر پرتانراكشىتنى Ⅷ - Ⅸ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان دەپ قارىشىدۇ، شۇنداقلا بەزىلەر ئىلى رايونىدا دېسە، بەزىلەر قوچۇ (تۇرپان) رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەپ ھېسابلايدۇ. پرتانراكشىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، توخرى تىلى سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى، پىشقان ئەدەبىي تەرجىمان، بۇددىزمدىن ئوبدان خەۋىرى بار بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە

---

① لوشاۋۋېن«غەربىي يۇرت سېركچىلىكىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 5 - سان، 62 - بەت، خەنزۇچە نەشرى.

② گىلاڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى دراممىسى «مايترى سىمىت» (قوبۇل نۇسخىسى) تەتقىقاتى» «شىنجاڭ دراما مەدەنىيىتى»، 1988 - يىلى، خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا، 147 - بەت.

قوشقان. بۇ ئەسەرنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگەن تۇتۇق ئايىلى تۇزۇن بىلەن بىرگە كۆچۈرتكۈزگەن.

2. «مايترى سىمىت»

«مايترى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر.

ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. بۇ ئەسەردە مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنى نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچى تەڭرى — كەلگۈسى بۇرقان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

«مايترى سىمىت» قول يازمىسىدا ئۇنىڭ قايسى تىللاردىن ۋە كىملەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئۈچىنچى بۆلۈمنىڭ خاتىمىسى مۇنداق چۈشۈرۈلگەن:

ئالقۇ شاساتارلارىغ ئۇتكۇرمىش تۇپكەرمىش ۋايباش شاستىر بوشغۇنمىش ئارياچىنتىرى بودىس (ا) تۋا كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توقرى تىلىنچە ياراتمىش پرتاراكشىت (ك) رماۋاژىك توقرى تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋەرمىش مايترى سىمىت نوم بىتىگدە ئانىروتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى ئاتلىغ ئۈچۈنچ ئۈلۈش تۈكەدى.

ھازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى:

بارلىق شاستىرلارنى[①] پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچانتىرى بودساتۋا ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن[②] توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتانراكشىت كرماۋاژىك توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋادانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.

دېمەك، ئالدى بىلەن سولمى (قارا شەھەر دەپ قارىلىدۇ) لىق ئارياچانتىرى بۇ ئەسەر- نىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرى تىلىغا، ئاندىن پرتانراكشىت توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«مايترى سىمىت» نىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىسى (قول يازما نۇسخىسى) ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1959 - يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان نۇسخا بىر قەدەر تولۇق.

دراما قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«مايترى سىمىت» بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، ئارياچانتىرى بۇ ئەسەرنىڭ سانسىرىتچە نۇسخىسىغا ئاساسەن توخرىچە نۇسخىسى- نى ئىجاد قىلغان، يەنى سانسكرىتچىدىن توخرىغىچە ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن. توخرىچە نۇسخى- لارنىڭ بىرىدە ئەسەرنىڭ نامى[③] «Maitreya samiti nataka» دەپ يېزىلغان. توخرىچە نۇسخى- لاردا يەنە ۋەقەلىك ئورنى، پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

---

① شاستىرى — سانسكرىتچە ئاتالغۇ. بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان سۇترانىڭ تەپسىرى.
② ئەنەتكەك تىلى — سانسكرىت تىلىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ناتاكا - دراما دېگەن مەنىدە.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا بىلەن توخرىچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن مۇتەخەسسىسلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىنىڭ توخرىچە نۇسخىسىغا مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، ىبراق ئۇسلۇب جەھەتتە پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئەسەرنىڭ قوْمۇل نۇسخىسىدا، ھەر بىر بۆلۈم (پەردە) نىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىلا كۆرسىتىلگەن. ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا شۇ بۆلۈمنىڭ نامىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ توخرى تىلىدىكى سەھنە ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ قوْمۇل نۇسخىسىنىڭ ھەر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەنلىكى، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەرنىڭ نامى «مايتىرى سىمىت نوم بىتىگ» دەپ[1] يېزىلغانلىقى ۋە بۇ ئەسەردە ئۇچرايدىغان «كۆرۈنچ» (كۆرۈنۈش) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ.

«مايتىرى سىمىت» نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: «مايتىرى سىمىت» دراممىسى سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بادارى براھماننىڭ چۈشىدە «ۋايشىراۋانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.[2]

---

[1] نوم بىتىگ ـ نوم بۈتۈك: كەلگ مەنىدىن ئېيتقاندا ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق دىن تەرغىب قىلىدىغان ئەسەر دېگەن مەنىدە.

[2] «مايتىرى سىمىت» نىڭ قوْمۇل نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىشتا ش ئۇ ئا ر تەۋسىدە ئا. خوجا، ئى. يۈسۈپ، د. قەمبىرىلەرنىڭ ئەمگىكى چوڭ بولدى. بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىز ئاساسەن شۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ، بەزى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى. ئوقۇغۇچىلار، بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي ماتېرىياللارنى شۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كۆرسە بولىدۇ.

# VI باب. قىتان - لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1 . ئومۇمىي ئوبزور

قىتانلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي تەرىپىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. مىلادى IV ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسى (سارمورېن دەرياسى) ۋە تۇخې دەرياسى (لۇخا دەرياسى) ۋادىلىرىدا قىتانلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان. قىتانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر توڭغۇس تىپىدىكى خەلق دېسە، بەزىلەر موڭغۇل تىپىدىكى قەبىلە، يەنە بەزىلەر تۈرك تىپىدىكى قەبىلە دەپ قارايدۇ[1].

قىتانلار تارىخىي تەرەققىياتتا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز زورىيىپ تۇرغان. 552 - يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا، بىر قىسىم قىتان قەبىلىلىرى بۇ خانلىق تەۋەسىدە بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتانلار بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يۈز يىلغىچە ياشىغان[2]. ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن قىتانلار بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان. 901 - يىلى ئاپاگىنىڭ قىتانلارغا ھۆكۈمران بولۇشى بىلەن قىتان مىللىتىنىڭ تارىخى يېپيېڭى سەھىپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىتان خانلىقى (916 - 1125) ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىرىنى قۇرۇپ، ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

قىتانلار خانلىق قۇرغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئاساسى ۋە سەۋەبى بار. گەپنى يەنىلا قەدىمكى دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

موڭغۇل دالىسىدا ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتانلارنىڭ بۇ خانلىققا قارىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. دەل شۇ چاغدا ئۇيغۇر خانلىقى رۇسى دېگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارنى قىتانلارغا نازارەتچى ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن يەنە زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارمۇ ئۇ يەرگە بارغان. 840 - يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن قەبىلىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن. قىتانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر ئەمەلدارلىق ئىمتىيازىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسى ساھىلىغا قايتىپ كەتمەي، ئاۋۋالقىدەكلا قىتانلار يېرىدە قېلىپ، قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. بىر مەزگىللىك ياشاش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۇيغۇرلار بىر قەبىلە بولۇپ زورايغان ۋە بىر قانچە جەمەتكە بۆلۈنگەن. «شۇلۇ» بىر ئۇيغۇر جەمەتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلار قىتانلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇدا - باجا بولۇشالايدىغان يۇقىرى ئىمتىيازنى مۇستەھكەملىگەن. شۇلۇ يۆلىدۇ خانىشىنىڭ ئوغلى،

---

① ئە. بايتۇر. غ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 721 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى.
② فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، ئالتىنچى توم، 23 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

قىتانلارنىڭ تەيزوڭ خانى ياللۇغ دېگۇاڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ، «خانىش (ئانىسى شۇلۇ يۈلىدۇنى دېمەكچى — نەقىلچىدىن) نىڭ جەمەتى چوڭ، كونا ئارچىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس» («ئومۇمىي ئۆرنەك»، 286 ـ جىلد، «كېيىنكى خەن تەزكىرىسىنىڭ بىرىنچىسى» «通鉴» 286 «后汉纪一») دېگەن.

تۆتتۇ يازغان «لياۋ تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «تەيزۇنىڭ چۇن چىن خانىشى شۇلۇ ئۇرۇقىدىن، يوشۇرۇن ئىسمى يىلى، ئەركىلەتمە ئىسمى يۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى (مۇنۇلار): ئۇيغۇر رۇسى ۋېي نىڭشىلىنى تاپقان، ۋېينىڭ (شىلى) جېنسىمېيلىنى تاپقان، جېنسى (مېيلى) پوگومېيلىنى تاپقان، پوگو (مېيلى) يۈندى جىياۋاڭ (لياۋ تەيزۇ ياللۇغ ئاباگىنىڭ بوۋىسى يۈندىشى — نەقىلچىدىن) نىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇلار قىتانلارنىڭ ئولڭ تەرەپ قەبىلىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. پوگونىڭ ئىسمى يۈەن بولۇپ، ياۋلىيەن ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى بولغان.» دېمەك، شۇلۇ يۈلىدۇ مىلادى 879 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، رۇسى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىلىرى، يەنى تۆتىنچى بوۋىسى بولۇپ، ئارىلىقتا ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەن. ھەربىر ئەۋلاد 30 يىلدىن ھېسابلانغاندا، بۇنىڭغا تەخمىنەن 100 يىل بولغان. يەنە بۇنىڭغا رۇسىنىڭ ئۇستورۇلۇپ، يۆتكىلىپ ماكانلاشقان ۋاقتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمەن شۇلۇ يۈلىدۇ خانىشنىڭ ئەجدادى قىتانلارغا بېرىپ ماكانلاشقان ۋاقتى مىلادى 750 ـ 760 ـ يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن چاغلىرى ئىدى.

شۇلۇ يۈلىدۇ قىتانلارنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى لياۋ تەيزۇ خانى ياللۇغ ئاباگىغا ياتلىق بولغان. دادىسى يۈەن ياۋلىيەن قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئازاگېزىسى (ئەمەل نامى — ئاتامان مەنىسىدە بولسا كېرەك) بولغان. ياللۇغ ئاباگى 907 ـ يىلى خان دەپ ئاتالغاندا، ئۇ «زېمىن خانىش» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرنى توپلاپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى ئىشلىگەن. 913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاباگىغا قارشى ئىنىسى لاگى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئىسيانچىلار بىرقانچە قەبىلىلەرنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بولغاچقا كۈچىمۇ خېلى زور ئىدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە ئاباگى ئالدىن يۈرەر قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ، لاگى قاتارلىقلارنى قوغلاش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. شۇلۇ يۈلىدۇ ئوردا مۇھاپىزەت لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، يېنىدىشى باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. يەنە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئاباگى خانلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ ـ سۇتۇقىنى ۋە ئاباگىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «قۇتلۇق چېدىرى» نى قايتۇرۇپ كېلىدۇ[1].

916 ـ يىلى ئاباگى (لياۋتەيزۇ) قىتان قولدارلىرىنىڭ باش رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى خانلىق تۈزۈمىنى تىكلەيدۇ، پادىشاھلىق نامىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى «تەڭرى خان» دەپ ئاتايدۇ، خوتۇنى شۇلۇ يۈلىدۇغا «لاياقەتلىك، دانىشمەن زېمىن خانىش» دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قىتان پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي، دۆلەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا شۇلۇ خانىش قاتنىشىدىغان بولغان ۋە سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر خانىش شۇلۇ يۈلىدۇ ئەقىللىق، باتۇر، لەشكىرىي ئىشلارغا پىششىق بولغاچقا،

---

① فەن ۋېنلەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، ئالتىنچى توم، 40 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

يېڭىدىن تىكلەنگەن ئاباگى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن لەشكىرىي تەييارلىقلارنى پۇختىلىغان. ئەينى چاغلاردا قىتانلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلىغان. قەبىلىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان. قىتان ئارمىيىسىنىڭ غوللۇق قىسمى پادىشاھنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى زەربىدار قوشۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاباگى بۇ قوشۇننى «پىشى قوشۇن» («پىشى» قىتانچە سۆز بولۇپ، قەيسەر، باتۇر دېگەن مەنىدە) ۋە «خاس قوشۇن» دېگەن قىسىملارغا بۆلگەن. «پىشى قوشۇن»، «زېمىندىكى نادىرلاردىن تاللانغان» بولۇپ، 30 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىل تاپقان. «خاس» ( 珊属 ) «ئەتىۋارلىق» دېگەن مەنىدىمۇ بولۇپ، بۇ شۇلۇ خانىش تەرىپىدىن تاللانغان 20 مىڭ چەۋەندازدىن تەشكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە «خاس قوشۇن» شۇلۇ خانىشنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا بولاتتى.

شۇلۇ يۈلىدۇ ئاساسىي قوشۇننى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقتىن لياۋ تەيزۇ ئاباگى داڭ شاڭ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ چاغدا سىرۋېيلارنىڭ خۇاڭ تۇ (سېرىق باشلار)، چوبو ئىككى قەبىلىسى مەخپىي پىلان تۈزۈپ، قىتانلارنىڭ خان ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇلۇ خانىش خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، قەھرىمانلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇننى تارمار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەڭ قەبىلىداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

شۇلۇ يۈلىدۇنىڭ قىتان خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرى سان - ساناقسىز. بۇنىڭ ئىچىدە 925 - يىلى قىتانلارنىڭ شەرقىدىكى بوخەيگە يۈرۈش قىلىشىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. شۇ يىلى قىتان خانى ئاباگى، خانىش شۇلۇ يۈلىدۇ، شاھزادە بېبېي، ئىككىنچى ئوغلى دېگۇاڭ قاتارلىقلار بىرگە بارغان. بۇ ئۇرۇش دەھشەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا قىتانلار پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىغان. ئاخىرى قىتان قوشۇنى غەلىبە قىلغان. خانىش بۇ ئۇرۇشتا كۆپ ئەقىللەرنى كۆرسەتكەن.

926 - يىلى 7 - ئايدا لياۋخانلىقىنىڭ ئاباگى بوخەيلىكلەرنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن فۇيۇ دىيارىدا ئۆلگەن. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن خانىش شۇلۇ يۈلىدۇ نايىب شاھ بولۇپ، خاقانلىقنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتقان. 927 - يىلى 11 - ئايدا ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان ئەمىر لەشكەر يالۇغ دېگۇاڭ خانىش شۇلۇ يۈلىدۇنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. خانىش شۇلۇ يۈلىدۇ 953 - يىلى 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئوي - پىكرى قىتانلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىش، ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىش، ھالقىلىق پەيتلەردە تەدبىر بەلگىلەش بىلەن بولغان. بۇنىڭغا مۇنداق بىرقانچە مىسال كۆرسەتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. خانىش ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى يېشىپ ۋە باشقا تېگىنلەرنى قايرىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئوغلى يالۇغ دېگۇاڭنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇزغان. شۇ چاغدا ئاباگىنىڭ يەنە بىر ئوغلى يېلۇبېي ھەم خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. دىيلى قاتارلىق يۇقىرى ئابرۇيلۇق قىتان ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى قوللايتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، خانىش دىيلىنى «شەرقىي قىتان خانىغا يان باستى» دېگەن پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، دېگۇاڭنىڭ ئورنىنى ئوڭۇشلۇق قوغداپ قالىدۇ. دېگۇاڭ تارىختا لياۋ تەيزوڭ دەپ ئاتىلىپ، 947 - يىلىغىچە خان بولىدۇ. بۇ جەرياندا، خانىش ئوغلىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىغا مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. دېگۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن خانىش ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئارزۇلۇق ئوغلى لىخۇنى خانلىق

تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولۇپ، نۇرغۇن ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەتتا لىخۇ بىلەن ئىككىسى سارمۇرىن دەرياسى بويىدا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ئۆكتىچى گۇرۇھ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ئېلىشماقچى بولىدۇ. ئەمما، قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى سەۋەبلىك، چوڭ شاھزادە يوكاڭۋاڭ (بۇنىڭ ئانىسى باشقا، لىخۇ بىلەن دادا بىر) تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە لياۋشىزوڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

لياۋ خانلىقىنىڭ ئاباگى خان دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا شۇلۇ يۇلىدۇ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ پاكىتى يەنە مۇنداق. فەن ۋېنلەن يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» ئالتىنچى تـوم، 68 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن. «خانىشنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئىماق-ناھىيىلىرى بولاتتى. خانىش شۇلۇ (يۇلىدۇ—نەقىلچىدىن) كۆنچىقىشتىكى جايلارنى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا، ئەسىر ئالغان قۇللارغا يىكۇن ئايمىقىنىڭ گۇاڭيى ناھىيىسىنى قۇرۇپ بەرگەنىدى (ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يايلىقى ئىدى). بۇ ئەسىرلەر شۇلۇ خانىشنىڭ ‹خۇسۇسىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغان، ئىدى›، «پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ قول ئاستىدىكى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭمۇ ‹قارام› قۇللىرى بولاتتى».

لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ياللۇغ ئاباگى قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم مەسىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشى قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىسىمۇ، ئەمما ئەينى تارىخىي شارائىتتا قىتان جەمئىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، شۇنداقلا قىتان خەلقىنىڭ يۈكسەك ۋە ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قىتانلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ قالماستىن، بەلكى خانلىق تەۋەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ئارىلىشىشىنى ياخشىلىدى ۋە تېزلەتتى. ئاباگىنىڭ خانىشى شۇلۇ يۇلىدۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆزلىنىشىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر خان بىلەن بىرگە بولدى. چارە ـ تەدبىرلەرنى بىرلىكتە تۈزدى، ئالدىنقى سەپتە بىللە جەڭ قىلدى، قىتانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قاتتىق ۋە دەھشەتلىك توسۇقلارنى باتۇرلارچە بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىتانلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېزلەتتى. ئاباگى ئۆلگەندىن كېيىن لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەم ئىقتىسادى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن. پروفېسسور سۇبېيخەي خانىشقا باھا بېرىپ «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچەس تۆھپىدۇر، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۇنتۇلمايدىغان مۇھىم ئايال سىياسىيئون، ھەربىيشۇناس، بىر ئەۋلاد مەشھۇر ئاياللار سەھىپىسىنىڭ ئاچقۇچى» دەپ يازغان.

شۇلۇ يۇلىدۇدىن باشقا، يەنە نەچچىلىگەن ئۇيغۇرلار قىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سەھنىسىدە پائال تۇردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارىخ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان. قىتانلارنىڭ 200 يىللىق تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۇ قەبىلىسىدىن توققۇز خانىش چىققان، 22 نەپەر ئۇيغۇر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بولغان.

بۇ خانىشلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپىرى بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

## § 2 . شياۋگۇەنىيىن، شياۋسىبىي

قىتان خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئىككى شائىر، يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار شۇ دەۋردىكى باشقا ئۇيغۇر سىياسىيئونلىرى، زىيالىيلىرى ۋە قىتانلار بىلەن بىرلىكتە قىتان دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن زور كۈچ چىقارغان.

### 1 ـ شياۋگۇەنىيىن

شياۋ گۇەنىيىن (1039 ـ 1075) ، تەخەللۇسى يى دې، ئۇيغۇر رۇسىنىڭ 11 ـ بوغۇن ئەۋرىسى. ئۇنىڭ دادىسى شياۋخۇي قىتان خانلىقىغا باش ۋەزىر ۋە زوراغا (لەشكىرىي قوماندان) بولۇپ ئىشلىگەن.

شياۋگۇەنىيىن قىتان خانى داۋزۇڭ— يوللۇغ خوڭجى (1055 ـ 1101 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) غا ياتلىق بولغان. 1055 ـ يىلى خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن.

شياۋگۇەنىيىن، ھۆسىن ـ جامالدا تەڭداشسىز، كۆپ خىل سەنئەت تالانتى بار، سۆز قىلىشقا ماھىر، پىپا چېلىشقا ئۇستا، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلارنى يېزىشقا قابىل، درامىنىڭ كۈي ـ نەغمىلىرى ئۈچۈن بېيىت تۈزۈشتە چېۋەر بىر ئايال ئىدى. ئەينى زاماندا قىتانلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قويۇق ئۇچرىغان بولۇپ، شياۋگۇەنىيىنمۇ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، شېئىرلارنى خەنزۇچە يازغان.

قىتانلار كۆچمەن مىللەت بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار ئوخشاشلا ئوقيا مەرگەنلىرى ئىدى. شياۋگۇەنىيىن دائىم يوللۇغ خوڭجىغا ھەمراھ بولۇپ، ئوۋغا چىقار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇلار قىتانلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى يوڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدە) دىكى يېمۇ تېغى ئېتىكىدىكى يوۋخولىندا ئوۋچىلىق قىلغان، ياللۇغ خوڭجى ئەتراپقا قاراپ خۇشال-لىقتىن نەزمە تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، شياۋگۇەنىيىن «يوۋخولىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار» «伏虎林应制» دېگەن شېئىرنى نەق مەيداندا يازغان.

شېئىردا قىتانلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتە جەڭ قىلىپ، زەپەر قۇچقان، ھەرقانداق يەردە رەقىبلىرىنى مەنسىتمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى، سادda ۋە ساغلام ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭدىن خانىشنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى بىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شياۋگۇەنىيىننىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ درامىنىڭ كۈي ـ نەغمىلىرى ئۈچۈن بېيىتمۇ يازىدىكەن.

ئۇنىڭ «كۆڭۈل ھويلىسىغا قايتىش» ( 回心院 ) دېگەن 10 كۇپلېتلىق بىر بېيىتى ساقلىنىپ قالغان، يەنە «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ( 怀古 ) ، «نامدىن جۇدا بولماق» ( 绝命词 ) قاتارلىق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. شائىرەنىڭ شېئىرلىرىدا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە تېرەن پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن.

### 2 ـ شياۋسىبىي

شياۋ سىبىي (? ـ1121) ، شياۋ گۇەنىيىن جەمەتىدىن، يەنى روسىنىڭ نەچچىنچى ئەۋلاد ئەۋرىسى. ئۇمۇ قىتان ئوردىسىدا خانىش بولۇپ تۇرغان، شۇنداقلا بىر تالاي سىياسىي

ئىشلارغا ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر سىياسىيئونغا خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

شياۋ سىسي قىتان خانلىقىنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان. ئۇ بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغان، ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن «ھەجۋىيات» ( 讽刺歌 ) ، «تارىخنى كۈيلەش» ( 咏史 ) دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى بار. «ھەجۋىيات» دېگەن شېئىرىدا ئېرى — قىتان خانى يوللۇغ يەنشى (1055 ـ 1101) نىڭ زور سىياسىي مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى يوشۇرماستىن مەسخىرە قىلىدۇ، «تارىخنى كۈيلەش» دېگەن شېئىرىدا چىن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ 206 ـ يىللار) ئاخىرقى مەزگىلىدىكى چۈشكۈن سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئەيىبلەش ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق يوللۇغ يەنشىنىڭ خاتالىقلارنى تۈگىتىشكە، مەغلۇبىيەت يولىغا كىرىپ، چىن سۇلالىسىدەك ئەھۋالغا قالماسلىقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ شېئىرلاردىن شائىرنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە ئايىلى، بەزمىخور خانىش ئەمەسلىكى، بەلكى تارىخ، سىياسىي ۋە ئەدەبىياتقا پىششىق، دۆلەت، خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان سىياسىي ئەرباب ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

شياۋگۇەنىيىن ۋە شاۋسىسىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئېلىمىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بىر ئۇلۇش ئورۇنغا ئىگە. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، سىياسىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دادىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك جاسارىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى ۋە رولىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# VII باب. قاراخانيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1 §. ئومۇمىي ئوبزور

### 1 ـ ئىجتىمائىي ئەھۋال

قاراخانيلار تەخمىنەن 850 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

تاشقى موڭغۇلىيىنى ئاساس قىلىپ خانلىق قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى 840 ـ يىلىدىن باشلاپ خاقانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بولغان ئىلى، يەتتىسۇ ۋە چۇ ۋادىسى رايونلىرىدا يېڭى بىر ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئۇ دەسلەپ بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە كاشغەر تەۋەسىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇپ، بىر پۈتۈن ھاكىمىيەتكە ئايلانغان. 893 ـ يىلىدىن باشلاپ، خاقان ئوغۇلچاق كاشغەرنى پايتەخت قىلغان. شۇنداق قىلىپ، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدا توققۇز ئوغۇز، ياغما، قارلۇق قابىلە-لىرى ئاساسىدا چوڭ بىر ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھاكىمىيەت «ئۇلۇغ»، «كەڭ» ۋە «شىمال» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانيلار» دەپ ئاتالغان. بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «كۆك ئارت ـ پامىر ئۇيغۇرلى-رى» ( 葱岭回鹘 ) دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان.

قاراخانيلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

قاراخانيلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى چېگرىسى شەرقتە ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن جايىدىن، غەربتە ئارال دېڭىزى، شىمالدا يارىش (جۇڭغارىيە)، ئالمالىق، يەتتىسۇ رايونلىرىدىن، جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب رايونلىرىدا خوتەن ۋە چەرچەن، چارقىلىق رايونلى-رىنى، ۋاخان كارىدورى ۋە ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ۋاڭ بو يازغان «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار بايانى» ( 宋会要 ) دا قاراخانيلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاتار زېمىنلىرىگىچە تۇتۇشىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. قاراخانيلار كۆل بىلگە باھادىر قىدىرخان، ئوغۇلچاق قىدىرخان دەۋرىدە گەرچە سامانيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋارەئۇننەھرنى ئىشغال قىلمىغان بولسىمۇ، شەرقتە كۇسەن (كۇچا) ۋە قوچۇ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، سېرىق ئۇيغۇر رايونلىرى بىلەن تۇتاشقانىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن باشلاپ، كۇسەن ۋە قوچۇدىكى بۇددا ۋە مانى ئۇيغۇرلىرى مۇستەقىل ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان؛ سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماۋارەئۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سامانيلار تېررىتورىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن ۋە ئاخىرى 999 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانيلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان.

قاراخانىيلار تۇتقان كەڭ زېمىن مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچىسى، كاشغەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى، سەمەرقەند ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم، بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپلا قالماستىن[1]، بەلكى ئاساسىي ئاھالىسى توققۇز ئوغۇز، قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەردىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر، سوغداق (سوغدى) قاتارلىق ئىران تىلىنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ بار ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، يەنى بۇددا، مانى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنى دەسسىدى، شىمالدىكى بىر قىسىم جەڭگىۋار كۆچمەن، چارۋىچى قەبىلىلەر ئېكىنچىلىك رايونلىرىدىكى دېھقان ۋە سودىگەر قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتتى، يېڭى ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردىكى مەدەنىي مۇھىت.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەدەنىيەت ساھەسىدە زور بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بالاساغۇن، كاشغەر، سەمەرقەند قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى.

XII ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر) ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانىي پادشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، غەربىي قاراخانىيلار خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كاشغەردە بىرقاتار مەدرىسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان. بۇلار، ساچىيە مەدرىسى (مەدرەسەئى ساچىيە)، بەزى مەنبەلەردە بۇ سۇتۇق بۇغراخان زامانىدا بىنا قىلىنغان دېيىلگەن. جامال قارشى ئۆزىنىڭ «مۇلھەقاتۇس‌سۇراھ» (سۇھاھ) ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسە نامىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى ئۇزۇن ئىزدەپ، سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

ساچىيە مەدرىسى قاراخانىيلاردىن كېيىن بولۇپمۇ نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدار مەسئۇد بەگ 1255 ـ 1260 ـ يىللىرى بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەسئۇدىيە» مەدرىسىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا «سائادەت» كۇتۇپخانىسىنى سالدۇرغان. جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسىگە «ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەر ئوقۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئارستوتىل، سوقرات، فارابى، ئىبنى سىنا ۋە خارەزمى پەلسەپە-

---

① ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

لىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»[1]

ھەمىدىيە مەدرىسى (مەدرىسەئى ھەمىدىيە) — كاشغەر دۆلەتباغدىكى مەدرىسە بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ، مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاتاقلىق مەدرىسە. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تە «ئۇستازىم» دەپ تىلغا ئالغان «ھۈسەيىن ئىبنى خەلەق كاشغەرى» بۇنىڭغا مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەدرىستە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن ۋە باشقا ساھەدىكى ئادەملەردىن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

مەھمۇدىيە مەدرىسى (مەدرىسەئى مەھمۇدىيە) — قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يازلىق سەيلىگاھ بولغان كاشغەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئوپالدا، «مەھمۇد كاشغەرى» مازىرى يېنىدا خارابىسى بولۇپ، شۇ يەردە بىنا قىلىنغان. مەزكۇر مازار تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەھمۇد كاشغەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن مۇشۇ مەدرىستە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئۇلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە كاشغەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسىلەردە ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار، ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزگە ئايلانغان. شۇڭا جامال قارىش ئۆز زامانىسىدىكى كاشغەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر — كاشغەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغان» دەپ يازىدۇ.

باشقا تارىخچىلارمۇ ئۆز دەۋرىدە كاشغەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى (بولۇپمۇ خاقانلار، مەشھۇر ۋەزىرلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەدرىسە بىنالىرى) خېلى ھەشەمەتلىك سېلىنغان.

ئادەتتە چوڭ مەدرىسىلەردە نۇرغۇن ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلار، مۇدەررىسلەر دەم ئالىدىغان ھۇجرا، ئوقۇغۇچىلار ياتاقخانىلىرى بولغان.

مانا مۇشۇنداق مەدەنىي-ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان ئىسلام مۇدەررىسلىرى بۇددا دىنىنىڭ خۇپىيەچىلىك مەزھىپى تۈپەيلىدىن مەنىۋى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تامامەن يېڭى بىر مەنىۋى دۇنيا ئېلىپ كەلگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يالغۇز بىر خۇدالىق دىنى ئېتىقادىنىلا ئېلىپ كېلىپ قالماي، بەلكى يېڭى بىر مەدەنىيەتنىمۇ ئېلىپ كەلگەن[2].

## 2 - ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلام

---

① «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخ مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) 1987 - يىلى، 10 - 11 - سانلار.

② كاشغەردىكى مەدرىسلەر توغرىسىدىكى بۇ بايانلار ئى. مۇتئى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. («بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى، 3 - سان)

قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان خاقانىيە يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتىسۇ، خارەزم ھەتتا ئوغۇز دالىسىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئۆگۈدەي ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى.

قاراخانىيلار قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىرەك ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدە مۇھەممەد مۇسا خارەزم (780 ـ 850) دېگەن ئۇلۇغ ئالىم ئۆتكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە بولسا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانى، ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەدىبلەردىن ئىلگىرى چۇ چۇ، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. تۈركىي كىشى ئەيلاقى بولسا X ئەسىرلەردە ئۆتكەن[1] بولۇپ ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان سەككىز مىسرالىق شېئىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى مەلۇم ئەمەس[2].

قاراخانىيلار دەۋرىدە يەنە ئابدۇلغاپپار بىننى ھۇسەيىن، ئىمامىدىن كاشغەرى، مەجىددىن بىننى ئەدانانى، مۇھەممەد ئەل سەمەرقەندى، نارشاخى، ئەبۇسەئىدئەل ئىدرىسى قاتارلىق ئالىم ـ ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئابدۇلغاپپار بىننى ھۇسەيىن كاشغەرى (؟ ـ 1082) كاشغەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم. ئۇ «تارىخىي كاشغەر» (قەشقەر تارىخى)، «مىسكەنى ئۇستادىيان»[3] (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى) دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. «تارىخىي كاشغەر» دە قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر تارىخىي رىۋايەتلىك مەلۇماتلار بار.

مەجىددىن مۇھەممەد بىننى ئەدانانى «تۈركىستان ۋە چىن تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. بۇ كىتابتا قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ نەسەبلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ ئەسەردىن پارچىلار كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلانغان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنى (973 ـ 1050) قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىرون يېزىسىدا تۇغۇلۇپ[4]، ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان ئاتاقلىق ئالىم، مەشھۇر ئاسترونوم، ماتېماتىك، جۇغراپىيىچى، گېئولوگ، فىلولوگ، تارىخچى، ئېتنوگراف، دورىگەر ۋە شائىر بولۇپ، 150 تىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن 45 پارچىسى ئاسترونومىيە، ماتېماتىكىغا بېغىشلانغان. بىرۇنى گالىلېدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ نيۇتوندىن 600 يىل ئىلگىرى جىسىملارنىڭ يەرگە قاراپ تارتىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت، ماددىلار دائىم ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا بولىدۇ. دېگەن ئىلمىي كۆزقاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرۇنى تىللارنى «ياخشى تىل»، «يامان تىل» دەپ بۆلۈشكە بولمايدۇ. ھەر بىر خەلق ئۆز تىلىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ، چۈنكى ئۇ شۇ تىلغا ئادەتلىنىپ

---

① مەنبەلەردە، بۇ شائىرنىڭ تاجىك ـ پارس شائىرى رۇداكى (865/855 ـ 941) غا زامانداش ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.
② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمائاتا 1983 ـ يىلى نەشرى.
③ بۇ ئەسەرلەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، ئەمما ئۇ ئەسەردىن پارچىلار كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلانغان.
④ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 713 ـ بەت.

كەتكەن، ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، تىللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىر دەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

بىرۇنىنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆزقاراشلىرى شۇ دەۋردە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ بەرگەن①.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتى خېلى ئۇزۇن زامانلار قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان.

ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەلفارابى (مىلادى 966 ـ يىلى ۋاپات بولغان ؟) فاراب (ئوترار) شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇ «دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇلئەرەب» ناملىق بىر ئەرەبچە لۇغەت تۈزگەن. تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان بۇ ئالىمنىڭ كىتابىدىن مەھمۇد كاشغەرى پايدىلانغان. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تە تۈركىي سۆزلەرنى رەتكە تىزىشتا قوللىنىلغان سىستېما ئەرەب لۇغەتچىلىكىدە ئەنە شۇ ئالىم دەسلەپ قوللانغان سىستېما بولۇپ، شۇ دەۋردىكى باشقا ئەرەبچە لۇغەتلەردە بۇ سىستېما ئۇچرىمايدۇ. (دانكوۋنىڭ «دىۋانۇلۇغەتتتۈرك»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىدىكى «مۇقەددىمە»سىگە قارالسۇن)②.

ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرى (973 ـ 1093)، مەھمۇد كاشغەرى بۇ كىشىنى «شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرى» نامى بىلەن ئاتاپ، «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ كاشغەردىكى «ھەممىدىيە» مەدرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچىسى) ئىدى. ئۇ «قۇرئان»نى تەپسىرلەپ، ھەدىس شەرھلەپ ئەسەرلەر يازغان③. قاراخانىيلارنىڭ بىرقانچە خاقانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيىمىز» (ئۆزلىرىگە مەدەت ئالغۇچى ـ نەقىلچىدىن) دەپ ھۆرمەت قىلغان. ئۇ 200 پارچە ئەتراپىدا رىسالە يازغان.

مەھمۇد كاشغەرىدەك چوڭ ئالىمنى يېتىشتۈرگەنگە قارىغاندا ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن بولۇپمۇ، ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان قابىلىيەتلىك مۇدەررىس ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل جاپپار ئەل كاتىپ ئەل سەمەرقەند مەشھۇر سەمەرقەند تارىخچىسى ۋە يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ مەسئۇد بىننى ئەلى قىلىچ تاۋغاچ خان (1156 ـ 1162 يىللىرى خان بولغان) غا بېغىشلاپ «ئەرەزۇل سىياسەت فى ئەغدەرۇل رىياسەت» (دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىرى) ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە سۇلتان سەنجەر، قىلىچ تاۋغاچ خاننىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەبۇبەكرى مۇھەممەد بىننى جاپپار نارشاخى (؟ ـ 959) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بولۇپ، مەشھۇر «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

ئەبۇ سەئىد ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى (؟ ـ 1015) «قەندىيە» (تولۇق ئىسمى «كىتابول قەندفى تارىخ سەمەرقەندى») ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى، 3 ـ سان.
② ئى. مۇتىنى «مەھمۇد كاشغەرى، رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1995. يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانى).
③ جامال قارشى «مۇلھىقا تۇس سۇراھ».

بۇ چاغدا ماۋارە ئۇننەھررايونلىرىدىن ئەمەك بۇخارى (? ـ ۋاپاتى 1149) ، سۇزان سەمەرقەندى (? ـ 1173) ، رەشىدى سەمەرقەندى قاتارلىق شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

رىۋايەتلەردە رابىيە كاشغەرى دېگەن شائىرەنىڭ ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان[1] (? 888 ـ 956) مۇ قەلەمكەشلەردىن ئىدى. مەنبەلەردە ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە تەزكىرى خاراكتېرىدىكى تارىخىي كىتابلارنى يازغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[2].

بۇغراخان ھەسەن، يەنى ھارۇن (991 ـ 993 ـ يىللىرى خاقان بولغان)[3] ئەدەبىيات خومار كىشى ئىدى. موللا ھاجى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا ئۇنىڭ ئېيتقان بىرمۇنچە نەزمىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ نەزمىلەرنى ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ئىككى تىلدا ئېيتقان. ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى.

ئەلى ئارسلانخان، بۇ كىشىمۇ قاراخانىيلار نەسلىدىن، خانلىقنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئىدى. ئۇ شېئىر ئوقۇشقا ماھىر بولغان. «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بار.

يۇسۇپ قادىرخان (1024 ـ 1032 ـ يىللىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن، يەنى ھەسەن (بۇغراخان) نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا نەزمە ئوقۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بىرقانچە مىسرا شېئىرى «تەزكىرەئى بۇغراخان» غا كىرگۈزۈلگەن.

نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى، ئۆزىنىڭ XII ئەسىردە يازغان «مەجمە ئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر) ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانىيلار پادشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانى، غەربىي قاراخانىيلار خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى خىزىر بىننى ئىبراھىم (1079 ـ 1081 ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا ھەر دائىم شائىرلارنىڭ شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن، تالانتلىق شائىرلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شېئىر مۇسابىقىسىدە خىزىر بىننى ئىبراھىم بىر شائىردىن «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن» دەپ سوراپتۇ. ئۇ شائىر «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە راۋان يېزىلغان. ئەمما، سەل تۇزى كەمرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

خاقان شائىرلارنى بەس مۇنازىرىگە سېلىپ قويماق بولۇپ، يەنە باشقا بىر شائىردىن «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى قانداق» دەپ سورىغان. شائىر «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا خاقان شائىر رەشىدگە «سەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ـ ئىككى بېيىت ئېيتىشقا توغرا كەلدى» دېگەن. شائىر رەشىد خاقانغا تەزىم قىلىپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

---

① سۇتۇق بۇغراخان 930 ـ يىلىدىن 956 ـ يىللىرىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان.

② ئا. سابىت «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىسلام دىنى» ، («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىلى، 2 ـ سان).

③ بەزى مەنبەلەردە مىلادى 992 ـ يىلىدىن 998 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان دېيىلىدۇ.

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى
تۇزى يوقلۇقىدا ئەيىبكە بۇيرۇدۇڭ راستتۇر، بۇگۇمان،
شېئىرلىرىم شېكەر، ھەسەلگە ئوخشايدۇ،
ھەسەل بىلەن شېكەردە تۇز بولسا يامان!
سېنىڭ چامغۇرۇڭ، ئوت ـ چۆپۈڭ ئوخشاش،
دېمەك سەن ئۈچۈن كېرەك تۇز، ئەي نادان!

دېمەك، شائىر رەشىد ئوقۇغان شېئىر خاقانغا ياققان. شۇنىڭ بىلەن خىزىر بىننى ئىبراھىم ھەربىرىگە 250 دىنار قويۇلغان تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنار (تىللا) نى شائىر رەشىدكە بېرىشكە بۇيرۇغان[1].

شائىر رەشىد ئوقۇغان شېئىردا خاقاننى ماختىغان ئەمەس، پەقەت، خاقان شائىرنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى تارتۇقلىغان.

بىز بۇ تارىخىي مەلۇماتتىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بىلىۋالىمىز. بىرى، قاراخانىيلار-نىڭ خاقانلىرى ۋە خانلىق ئوردا ئەدەبىيات ئەھلىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان، ئىككىنچى، شۇ دەۋردە داڭلىق رەشىد دېگەن شائىر ئۆتكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇر تىلىنى ئىجادىيەت قورالى قىلىشتىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قوللانغان. فارابى ئەرەبچە، پارسچە تىلنى ئىشلەتكەندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان. يەنە بىرمۇنچە مۇئەللىپلەرمۇ شۇنداق قىلغان.

جەۋھەرىي، يەنى ئىسمائىل ئىبنى ھىمادىل فارابى— (IX ئەسىر) فاراب (جەۋھەر دېمۇ ئاتالغان) تا تۇغۇلغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان تىلشۇناس ئىدى. ئۇ «سۇھاھ»[2] (تاجۇللۇغە ۋە سىھاھۇلئەرەبىيە — تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەل-لىك) دېگەن كىتابنى ئەرەبچە يېزىپ چىققان.

ئەبۇناسىر ئىبىن مۇھەممەد ئەسسائالىبى (961 ـ 1038) «يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يېگانە دۇردانىلەر) ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى، تەزكىرى-چىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن.

## §2 . ئەبۇ ناسىر فارابى

### 1 ـ فارابىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى فامىلىسى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبنى تارقان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەد فارابى.

فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى) سىر دەرياسى-

---

① نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى «مەجمەئۇننەۋادىر» ئۆزبېكچە نەشرى، 46 ـ 47 ـ بەتلەر.
② «ئال سىھاھ» دېمۇ ئاتىلىدۇ، مەنىسى «گۈزەل».

نىڭ شىمالىدىكى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار، جەۋھەر) شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربى قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 - يىلى) ماھى رەجەپتە (12 - ئايدا) سۇرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى نەسەب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارغا[1] مەنسۇپ ئىدى.

فارابىنىڭ يۇرتى ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەب ئىستېلاچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ سىر دەريا، يەتتە سۇ ئارىسىدىكى مۇھىم قارارگاھلىرىدىن بىرى ئىدى. قاراخانىيلار خاندانلىقى شاتو (沙驼) تۈركلىرى بىلەن غوبى يايلىقىدىن غەربىي يۇرتقا سۈرۈلگەن 15 قەبىلە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كۆچەيتىلىپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ماۋارە ئۇننەھرنى ئىشغال قىلغان مۇسۇلمان سامانىيلار خاندانلىقىغا قارشى ئاساسىي ئىستىھكام بولۇپ قالغانىدى. فارابىنىڭ دادىسى ۋە بوۋىلىرى بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بولغان.

تۇنجى قاراخانىيلار سۇلتانى بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانىيلار شاھى نوھ ئىبنى ئەسەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىسپىجابنى تالىشىش جېڭىگە فارابىنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق قاتناشقان. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانىينىڭ 893 - يىلى باھار پەسلىدە تالاس - بالاساغۇنغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى ۋاقتىدا فارابىنىڭ دادىسى تارخان ئوغۇلچاق قىدىرخاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسمائىل سامانىي تالاستىن چۇ دەرياسىغىچە بولغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى ئىگىلىۋالدى. فاراپ شەھىرى شۇ قاتاردا سامانىيلار قولىغا ئۆتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى («ئۆزبېكىستان س س تارىخى» دا ئون مىڭ كىشى دېيىلگەن) ئەسىر سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوغۇلچاق قىدىرخان كاشغەر (ئوردا كەنت) كە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھال فارابى ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئوغۇز ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىۋېتىشكە ئېلىپ كەلدى.

قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاراخانىيلار مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى «قولدىن كەتكەن ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىش» يولىدا كۆپ قېتىم سامانىيلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقىۋەتتە سامانىيلار قاراخانىيلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەتتە سۇ رايونى ۋە ماۋارە ئۇننەھىر قاراخانىيلارنىڭ غەربىي شىمالىي ۋە غەربى قىسمى بولۇپ قالدى.

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى ئۆز يۇرتىدا ئۆتتى. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ئۇلى ھېسابلىناتتى. كېيىنچە فارابى تاجىك، پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا شەكىللەنگەن پارس ئەدەبىي تىلى پېرسىيە ئەھمەنىر سۇلالىسىنىڭ شۆھرەتلىك شاھى دارا نامىدا «دارا - دەرى تىلى» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئىسلام شەرقىدە

---

① جوڭ دىنۇ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىسىدىن ئوچېرىكلار»، 187 - بەت، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

«ئەرەب تىلى»، «دارا» نامىدىكى پارس تىلى، «خاقانىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىي تىلى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ۋاستىسىگە ئايلانغانىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىدا گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئەخلاق، ماتېماتىكا، مۇزىكا(مۇسىقا)، فىزىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مەرۋى ئىلمى گۇرۇھىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىغا مايىل ئىدى. فارابى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 30 يىلى فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى.

فارابى تەخمىنەن 30 ياش ئەتراپىدىكى يېتىلىش دەۋرىدە، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەينى زامان ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ئويغىنىش ئوچىقى باغدادقا كەلدى. فارابى ئەرەب تىلىنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىراجىدىندىن تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئارقىدىنلا باغدادتا ياشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەندى.

فارابى داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە باغدادتىن ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئاتاقلىق خرىستىئان ئالىمى يوھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن لوگىكا، ئارستوتىل پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكىسىغا ئائىت تەلىم ئالدى.

فارابى تەخمىنەن 921 - 922 - يىللىرى ھەرراندىن باغدادقا كەلدى. ئۇ X ئەسىرنىڭ 20 -، 30 - يىللىرى باغدادتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرى شۇ يەردە يېزىلغان.

فارابى 941 - يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە، ئاندىن دەمەشققە كېتىپ قالغان. دەمەشقتە شىمالىي سۈرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە (915 - 967) فارابىنى ئۇستاز تۇتقان. ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلىگەنىدى.

فارابى 948 - يىلى دەمەشقتىن مىسىرغا بېرىپ ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇپ، زور ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، 949 - يىلى دەمەشققە قايتىپ كەلدى.

فارابى شۇندىن كېيىن دەمەشقتە ئون يىلغىچە ياشىدى. بۇ، ئالىمنىڭ ئاخىرقى تەۋەررۈك دەۋرى ئىدى.

مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، فارابى باغدادتىن ھەلەپ شەھىرىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆز ماكانى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ قايتقان. ئۇ چاغدا بۇخارادا مەنسۇر ئىبن نوھ باشچىلىقىدىكى سامانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. فارابى مەنسۇر ئىبن نوھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» (ئەتتەلىمات ئەسسانى) دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان.

فارابى 950 - يىلى 12 - ئايدا دەمەشق سىرتىدا بىر قىسىم قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتىنى سەيپۇل دەۋلە دەمەشق شەھىرىنىڭ «بەبەس سەغىر» ناملىق دەرۋازىسى يېنىدىكى سېپىل تۈۋىگە دەپنە قىلدۇرغان.

ئەبۇ ناسىر فارابى 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان[1].

## 2 - فارابىنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە

[1] ئا. م. ئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى.

ساقلىنىپ قالغان شېئىرىي مىراسلىرى ئۇنىڭ پىكرىنى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەشتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ناتۇرال پانتىزملىق، گۇمانىزملىق ئىدىيىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. فرانسۇز ئەرەبشۇناسى كاررا دېۋونىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەۋلانە دەرۋىشلىرى ئوقۇيدىغان خانىقا ناخشىلىرى ئارىسىدا فارابى نەزمىلىرى ساقلانغان. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى ئەللەردە ساقلانغان بىر قىسىم شېئىرىي مىراسلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

فارابى شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يالقۇنلۇق ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆز خەلقى ۋە يۇرتىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت ھەم سېغىنىشى، ئىلىم ـ پەنگە بولغان تەشنالىق، ئالەم توغرىسىدىكى ئۆزىگە خاس پانتىزملىق ئىدىيە گۈزەل ئىبارە ۋە رىتىمدار مىسرالار بىلەن ئىخچاملاشتۇرۇلغان.

«ھەم چېكىنگەن، ھەممە تەتۈر بۇ زامان دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۈگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.

ھاجىتىم بىلسەم ئۆزۈمنىڭ خانىغا راھەت كېرەك،
نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالقانىغا.
بىرىندا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىكى نۇر بەرقىدىن،
زوق ھوزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.

يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قېدىم ئەللەرئارا،
مېۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا».

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتى ئەينى زامان فېئوداللىق پارچە ھاكىمىيەتچىلىك مۇھىتىنىڭ قاراڭغۇ تەسۋىرىنى ئىپادىلىسە، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بېيىتلىرى فارابىنىڭ مۇشۇنداق قاراڭغۇ جاھالەتلىك مۇھىت ئىچىدە تېگىرقىماي ئىلىمدىن نۇر ئىزلىگەنلىكىنى، بۇ ئىلىم نۇرىنىڭ مەنىلەر خەزىنىسى بىلەن ئىدالىشىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا گويا ساما ئۇسسۇل بەزمىلىرىدىنمۇ كۆپرەك ھوزۇر بېغىشلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېيىتى فارابىنىڭ قەدىمكى بابىلئون ۋە گرېك ـ رىم ئىلىم ـ مەدەنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقىغا بېشارەت قىلىنغان.

بۇ شېئىر فارابىنىڭ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۆزلۈكىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىزدىنىش يولى ۋە ئۆگىنىش روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«ئىككى شېشە جام بىلەن بولدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئادا،
ھەممىلا مەشغۇللۇقۇمنى تولدۇرۇپ قويغان ئاڭا.
بىرقەدەھدە قاپ ـ قارا تۇرسا سىياھىم لىپمۇ لىق،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شاراپىمدۇر يانا.

بىرىگە تولدۇرغۇنۇم گەر بولسا ھېكمەت گۆھىرى،
بېرىدىن غەم - قايغۇنى يۇيدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا»

فارابى بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ ئەينى زامان مۇھىتىغا نارازىلىقىنى، غەم - قايغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. فارابى سىيادان (دۆۋەت) بىلەن قەدەھنى مەجازى ۋاستە قىلىپ، ئىلىم بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ھەمجەھەتلىكىگە بىشارەت قىلغان.

«ھەي قېرىنداش خالىي تۇر، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا،
ھەق - ئادالەتنىڭ قېشىدىن سەن ماكان تۇت دائىما.
بۇ جاھان مەڭگۈ تۇرار ساڭا مەقام - جايمۇ ئەمەس.
زەربى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېچكىممۇ يانا.

قالغۇسى مۆجىز بولۇپ ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ،
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تىرەن مەزمۇن پاراسەتلەر ئاڭا.
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا».

فارابى ئالدىنقى بېيىتتا ئۆزى نەزەردە تۇتۇۋاتقان كىشىلەرگە ناھەقلىقتىن چەتنەپ، ھەق، ئادالەت مەيدانىدا مەڭگۈ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلسا، ئىككىنچى بېيىتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، مەيلى ھەرقانداق كاتتا ياكى ئاددىي كىشى بولمىسۇن ئۆلۈم مۇقەررەرلىكىدىن، ھاياتتىن ئايرىلىش ۋە زەربە قىسمەتتىن خارابلىنىش مۇمكىنلىكىدىن خالىي ئەمەس دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى بېيىتىدا، پەقەت مەزمۇنى چوڭقۇر، ئۆزى ئىخچام پاراسەتلىك سۆز، ئەسىر مەڭگۈ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تەۋەررۇك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئۆزى نەزەردە تۇتقان كىشىنى سەگەكلىتىدۇ. تۆتىنچى بېيىتىدا، ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ھەرقانداق كاتتا زاتنىڭ ھەتتا پۈتۈن زېمىنىنىڭ پايانسىز كائىناتتا پەقەت بىرتامچە سۇ ياكى بىر نۇقتىچىلىق كىچىكلىكىنى، شۇڭا كىشى ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ماكان ۋە زامان قەدرى - قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ شېئىر تەبىئەت پەلسەپىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك قارىشى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادنى نەزەردە تۇتۇشنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، كۆپ قىرلىق كرىستالدەك مول مەنە بىلەن تولغان.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى ناتۇرال پانتېئىزملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

«يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبىيى نۇر رەببىيا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.
ھەربىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلى ھەم جەمدۇرماڭا.
ھەي زۆھەل ھەم ئاتارۇد ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزلەپ ھامان سۆھبەت ساڭا.»

فارابى بۇ شېئىرىدا تەڭرى ـ رەببى نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئەينى زاماندىكى يەتتە پلانېت ھېسابلانغان قۇياش، ئاي، زۇھەل، ئاتارۇد، مۇشتەرى، مىررىخ، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ ھەربىرى بىر زاتقا (ئۇنسۇرغا) سىما ئىكەنلىكىنى، بۇ زاتلارنىڭ ھەممىسىمۇ يەنىلا تۆت زات (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) جەۋھەرلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. فارابى ئۇلۇغۋار گۇمانىست سۈپىتىدە بۇ يۇلتۇزلاردىن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەلۇمكى، ئەينى زاماندا يەتتە يۇلتۇز ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ھېسابلانغان. (بۇ ئادەت ھازىر ياپونىيىدە ئەينەن قوللىنىلماقتا) ھەربىر يۇلتۇز ئوت، سۇ، ئالتۇن، ياغاچ، تۇپراق قاتارلىق نەرسىلەرگە سىما قىلىنغان. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانىيەتكە ئاپەتلىك ۋە بەزىلىرى مەنپەئەتلىك دەپ قارالغانىدى. يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ قاراشنى ئىزچىللاشتۇرغان. ئەلىشىر نەۋائى «سەبئەئى سەييارە» (يەتتە سەييارە) داستانىدا بۇ قاراشنى تېخىمۇ بەدىئىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرگەن.

فارابى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ يەنە مۇنداق شېئىري مىسرالارنى قالدۇرغان.

«شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات.
ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق ئۇندىن نىجات.
يەر بىلەن بەھر دېڭىزلار تۇرىدۇ ھەمراھ بولۇپ،
رەببىنا، ئاسمان ـ دېڭىز مەركەزلىرىمۇ قاتمۇ قات.

قايداسەن، بولدى ماڭا نۇقسان ـ گۇناھ ئۈلپەت بۈگۈن،
پەيزى رەھمەت بەخش ئېتىپ قىلغىن گۇنايىمدىن ئازاد.
رەببى، شەيئىم پاكلىقىن بولسا مەگەر مۇمكىن مېنى،
ئانا سىر ئۇنسۇرلىرىدىن قالمىسۇن جىسمىمدا دات»

فارابى بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتىدا شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، سەۋەبىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك مۇمكىنلىكلەرنىڭ بارلىقى، قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ھەمجەھەتلىكى ۋە ئالەمنىڭ كۆپ سىستېما، كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئالەمنىڭ كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكى قارشى پەقەت پلانېتلار سىستېمىسى ۋە يەر مەركەزلىك قاراشلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان شارائىتتا غايەت زور ئالدىن كۆرۈش ۋە ئىلمىي قاراش ئىدى.

فارابى بۇ شېئىرنىڭ كېيىنكى ئىككى بېيىتىدا ماددىي دۇنيا ھەققىدە سۆزلەپ ئۆزىنىڭ گۇناھكار بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تەڭرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن تۆت زات ۋە ئۇنىڭ داتلىرىنى تازىلاش مۇمكىن بولسا، شۇنداق تازىلاپ بۇ گۇناھكارلىقتىن خالاس قىلىشنى كىنايە ۋاستىسى بىلەن تەلەپ قىلغان. روشەنكى، ئىنسان ماددىي تۇزۇلمىدىن خالاس بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

فارابى ئۆز يۇرتىنى ئۇمۇربويى قەلبىدە تۇتقان. ئۇ مىللىي كىيىنىش ۋە ئۆز مۇزىكىسىنى چېلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئادىتىنى تاشلىمىغان. ئۇ تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئۆزىنىڭ قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«چەكسىمۇ زەخمەت ـ مۇلاقەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى،
زوق ئۈمىد ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.

قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار ـ ئەل گەر تەگەرز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان»

فارابى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، ئەينى زامان فېئوداللىق جاھالىتىدىن تولىمۇ بىزار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان.

«قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزار مەن كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى.
بەخت باشلانسا يەتكىيلەر زاۋاللىقتا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنس بىز ئۆز جىنسىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.

شېئىرنىڭ كېيىنكى بېيىتىدە ئۆلۈم روھىنىڭ ئاسمان دەرگاھىغا قايتىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى تەبىئەت جىنسلىرىنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى دېگەن ئىلغار ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
فارابى ئۆمۈر بويى ئالەم قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇ تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقىلاردا يېشىلمەي كەلگەنلىكىنى، ئۆزىمۇ بۇ سىرنى ھەقىقەتەن تولۇق يېشەلمىگەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن.

«پىشمايىن سىرى ۋۇجۇدى خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھەرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئېقىل يورۇق چېچىپ مەنە ئېيتسىمۇ ھەركىم ئاڭا،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.

فارابى شېئىرلىرى چوڭقۇر مەنە، گۈزەل شەكىلنىڭ ئاجايىپ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن شېئىرلار يازغانلىقى مەلۇم. فارابى ياراتقان پەلسەپىۋى شېئىرىيەتنىڭ بۇ نادىر ئۈلگىلىرى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئۆمەر ھەييام شېئىرىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بولغان[1].

① بۇ ھەقتە «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە»گە قاراڭ (ئا. م. ئىمىن تەرجىمىسى) «تارىم» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى، 4 ـ سان.

## 3 ـ فارابى شېئىرىيەتتە ۋەزىن، قاپىيە ۋە تىل توغرىسىدا

فارابى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق پەلسەپىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، شائىر بولۇشى بىلەن بىللە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت «كىتابۇششىئىر» (شېئىر كىتابى)[①]، «رىسالەفى قانۇن سىنائەتتەششىئىر» (شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە)[②]، «كالام لەھۇفى ئەششىئىر ۋەلقەۋافىي»[③] (شېئىر ۋە قاپىيىلەر توغرىسىدا سۆز) قاتارلىق خاس ئەسەرلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىملىق ئەسەرلىرى «ئىھسالۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى) ۋە «كىتاب ئارەئى ئەھلۇلمەدىنەتىل فەزىلەت» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى توغرىسىدا) ناملىق ئەسەرلىرىدە تېماتىك يوسۇندا توختىلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا شېئىرىيەت ئىلمىنى تىل ئىلىملىرى تۈركۈمىنىڭ يەتتىنچى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇندىن كېيىن تىل بىلىمگە يېقىنلىقى دەرىجىسى بويىچە شېئىرىيەت (پوئېتىكا) تۇرىدۇ. ئۇ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، «بىرىنچى قىسمى — ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولغان شېئىري ۋەزىنلەرنى»، «ئىككىنچى قىسمى — ھەرقانداق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىدارلىقى» ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، «ئۈچىنچى قىسمى شېئىرىيەتتە قانداق نەسرىي سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى ۋە قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ»[④]. فارابىنىڭ قارىشىچە، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەينى زاماندا تىل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان شېئىرىيەت ئىلمى ۋە شېئىري شەكىل ۋەزىن ـ بەھرلەر، قاپىيە شەكىللىرى ۋە شېئىري تىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەتقىق قىلاتتى.

فارابى شېئىرى ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. فارابى: «قايسى بىر سەنئەتتە بولمىسۇن قانداق مۇھاكىمە قانۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ تىلغا ئېلىنغان سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپى ئۈچۈن خۇددى قانۇن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەر مىقدار، سۈپەت ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلغان بارلىق قوراللارنى قانۇن دەپ ئاتاشقان»[⑤]، شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان «قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر»، «ۋەھالەنكى بۇ قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ»[⑥] دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى ۋەزىن مەسىلىسىنى بېيىت شەكلىدىكى شېئىري جۈملە ۋە ئۇنىڭ رىتىم، تۇراق ۋە ئاھاڭدارلىقى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ شېئىري جۈملىنىڭ ئۇبرازلىق، تەقلىدىي سۈپەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە «ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەرنىڭ رىتىمدار، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى»، «شېئىردىكى بېيىتلەرنىڭ ھەر بىر بۆلىكىدىكى ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسىمدىكى تەرتىپ ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك». «بېيىتتە-

---

① بۇ كىتابنىڭ قوليازما نۇسخىسى چېخوسلوۋاكىيە براتىسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتى كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.
② بۇ كىتابنىڭ قوليازما نۇسخىسى لوندوندىكى «ئىندىئان ئافىس» كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.
③ بۇ كىتاب ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.
④ «ئەلفارابىنىڭ پەلسەپۋى رىسالىلىرى»، 1972 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 116 ـ117 ـ بەتلەر (1937 ـ يىل قازاقچە نەشرى، 125 ـ 127 ـ بەتلەر).
⑤ فارابى «پەن ۋە ئەقىل توغرىسىدا» 57 ـ بەت.
⑥ ئەبۇناسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى» 16 ـ بەت.

كى بىر تەرەپتىن دەپ نېمە ئۈستىدە بولسا ئۇنى ئوبرازلىق تەرزدە ئىپادىلىگەن بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن بېيىتلەر ئۆزئارا ئاھاڭدار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ»، ئەگەر «سۆز ـ جۈملىلەر بىر-بىر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىددىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر خىل ئاھاڭدار ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، مۇنداق سۆز تىزمىلىرى ھېسابلانمايدۇ، ئۇنى شېئىرىي سۆز ـ مۇلاھىزە دېيىش كېرەك، خالاس»① دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ شېئىرىي تېكىست بىلەن نەغمە (مۇزىكا) نىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋەزىن، رىتىم بۇزۇلۇشىغا ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

فارابى قاپىيە مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيىسى تەرزدە تىلغا ئالغان. ئۇ: «شېئىرىي سۆز ـ جۈملىلەردە يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىش بىلەن بىللە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزدىن ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك»② دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى شېئىرىي تىل مەسىلىسىدە ئالاھىدە توختالغان. فارابىچە، شېئىرىيەت تىلى ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشى لازىم. ئۇ ئەينى زاماندىكى تەقلىدسىز، ئوبرازسىز، قۇرۇق، مەشھۇر ۋە يەككىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك شېئىرىي ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ئەينى زامان بەدىئىي ھاياتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى. فارابىنىڭ كۆرسىتىشچە: «خىتاب— ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىدى ۋاسىتىلەر قوللىنىلىدۇ... ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى بولىدۇ»③. ئەمما ئۇلار ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە تولىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىككە تەسىرى تولىمۇ مۇبالىغىلىك، ئالدى ـ قاچتى گەپ پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئەگەر شېئىرىي يوسۇندا، باشقىچە ئېيتقاندا يېپىق ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلسا، ئۇ جامائەتچىلىك ئارىسىدا شېئىرىي ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. فارابى شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابىي، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبارە ۋە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈشنى «شائىرنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ خىتابى يولىغا مايىل بولغانلىقى»④ دەپ خاراكتېرلەيدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى قانۇن سىنائەتئەشېئىر» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ۋەزىنگە ياكى ۋەقەلىكىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى ۋەزىن بويىچە تۈرگە ئايرىش جەھەتتە مۇزىكاشۇناسلار بىلەن ئارۇزچىلار ئالاھىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىلدا بولۇشىغا قارىلىدۇ، ۋەقەلىككە قاراپ تۈرگە ئايرىش بويىچە ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى، شېئىرىي ئىدىيىلەرنى نازارەت قىلغۇچىلار، شېئىرىي ئېقىملارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىش ئېلىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى پارس ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى مەدھىيات، ھەجۋىيات، شېئىرىي تېپىشماق، كۈلكىلىك شېئىرلار، غەزەلىيات ۋە ۋەسفى (لىرىك) شېئىرىي شەكىللەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە قەدىمكى گرېك شېئىرىيىتىدىكى تراگېدىيە، دىئاگرامما، ساتىرا، پوئېما، ئېپوس، كومېدىيە، دراما قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس

① يۇقىرىقى كىتاب 13 ـ 15 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب 13 ـ 15 ـ بەتلەر.
③ يۇقىرىقى كىتاب 16 ـ 17 ـ بەتلەر.
④ يۇقىرىقى كىتاب 16 ـ 17 ـ بەتلەر.

مەزمۇن ۋە تۈزۈلمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ[①].

## 3 § . يۈسۈپ خاس ھاجىپ

### 1 ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1085/6—1019/20)[②] ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. جۈملىدىن ئېنسىكلوپېدىيىلىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى، كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. داستاندا، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئەسىرىنى كاشغەردە تاماملىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى، شۇنداقلا بىر مەزگىللىك تۇراقسىز بولغان دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن.

دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە خەلقنىڭ غېمىنى ئويلايدىغان شائىر 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا[③]، تەخمىنەن 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن غايەت زور ئۈمىد ۋە ئىلھام تۈرتكىسى بىلەن كاشغەردە «قۇتادغۇبىلىك»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ تاماملاپ، ئۇنى بىرقانچە يىل ساقلاپ، ئۆزگەرتىپ كېيىن تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەن[④] (1074/5 ـ 1102/3 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) يەنى ھەسەن بۇغرا خانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان شائىرنىڭ داستانىنى كۆرۈپ، شائىرغا «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن ھەم ئۇنى ئوردا ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. ئۇ ئوردىدا 18~20 يىلغىچە ئىشلەپ، 1085/6 ـ يىلى كاشغەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرىدىكى پايناپ دېگەن جايدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشلىق ۋە يېتىلىش جەريانىدا قانداق تەلىم ئالغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىراق ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ھېس قىلىشىمىزچە، ئۇ «تالانتلىق»، «ئېسىل پەزىلەتلىك»، «ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان»، «چېچەن ھەم كېلىشكەن، دۆلەتمەن»، «يۈكسەك كامال تاپقان»، «بىلىملىك ۋە تەقۋادار»، «پاك بولغان سەردار» ئىدى. بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ «خاس ھاجىپ— خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى» دەپ ئۇنۋان بەرگەن.

ئۇ، تارىخ، پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ـ ئەخلاقشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردە بىلىمى بار ئەرباپلىقى ئۆز ئەسىرىدىن مەلۇم. ئۇ يەنە بىرمۇنچە تۈركىي دىئالېكتلارنى بىلگەندىن سىرت

---

① فارابىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى بۇ ماتېرىيال پروفېسسور ئا. م. ئىسىن ئەپەندىنىڭ ماتېرىيالىدىن ئېلىندى.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى بۇ يىلنامە كاشغەرلىك ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ (XIX ئەسىر) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللا يارىلارنىڭ «بەھرۇل ـ ئەنساب» (نەسەب دەرياسى) دېگەن كىتابلىرى ئاساسىدا ئېلىندى. «بۇلاق» 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 141 ـ 142 ـ بەتلەر.

③ تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ 1074 ـ يىلى تامام بولۇنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

④ ئۇنىڭ ئىسمى ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل ئېلىنغان.

ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ بىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

قىسقىسى، ئالىم بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئەقلىي ئىقتىدارىغا تايانسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە مۇراجىئەت قىلغان. بۇنچىلىك كاتتا ئەسەرمۇ خېلى زور دەرىجىدىكى ئىستىداتنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2 ـ «قۇتادغۇبىلىك»

### 1. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەدەنىيەت ئاساسى

#### 1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم، تەبىئەت، دۇنيا، ھايات توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانىدا ئەكس ئېتىلگەن ئالەم، تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە جەمئىيەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىدە ئالدى بىلەن ئالەم، تەبىئەت، شۇنداقلا ئۆزىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدا ئەكس ئەتكەن مەسىلىلەرنى ئىزاھلىماي بولمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئالەم، تەبىئەت توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلەر بايان قىلىنغان. شائىر ئەجدادلارنىڭ ئالەمنى چۈشىنىش، تەبىئەتنى سۆيۈشتەك ھەم رېئال، ھەم دىنىي قارىشىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تەرەققىيات جەريانىدىكى ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. «تەبىئەت دۇنياسىدىن روھىيەت دۇنياسىغىچە، روھىيەت دۇنياسىدىن تەبىئەت دۇنياسىغىچە بولغان ئايلانما جەريان ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ ئۆزگىچە نۇسخىسىنى ياراتقان».[1] ئۇنىڭ باھار پەسلىنى كۆچەپ تەسۋىرلىشى يالغۇز تەبىئەت تەسۋىرىلا ئەمەس بەلكى تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن جەمئىيەت رېئاللىقىنى چەمبەرچاس باغلىغان ھالەتتە، تەبىئەتكە قايتا مۇراجىئەت (تەسۋىر) بېرىش يولى ئارقىلىق گارمونىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن. ئۇدغۇرمىشنىڭ روھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا يېقىنلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «قانائەت»تىن ئىبارەت بىر خىل پسىخىكىلىق ھالەتكە قويۇلۇشى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ جۇملىدىن تەبىئەت مۇقەددەسلىكى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى كۆزقارىشىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت تەسۋىرى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى بۇرۇنلا تارقىلىشقا باشلىغان. داڭلىق «تېلى قوشىقى» مىلادى V ـ VI ئەسىرلەردىلا مەركىزىي جۇڭگو خەنزۇ ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلغان. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ۋە «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تىكى قوچۇ ۋە كاشغەر مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن شېئىر ـ قوشاقلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئىختىيارسىز ئىلھاملىنىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتنى تەسۋىرلىشى ناتۇرالىستىك ئۇسلۇبتا ئەمەس. ئۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى ھەم ئىجتىمائىيلاشقان تەبىئەتنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىگەن.

بۇ ئات ئۈستىدە ياشاپ، شامان، مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى بىلەن قۇرغاق ۋە قاغجىرىغان چەمبىرەك ئىچىدىكى بوستانلىقلاردا تىرىكچىلىك قىلغان تۇرپان ۋە تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدىكى بۇددا ئۇيغۇرلىرى، شۇنداقلا ئىككى خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ جۇغلانمىسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن قاراخانىيلار مەدەنىيىتىنىڭ داستاندا روشەن ھالدا ئەكس ئېتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

① د. مەھمۇد «قۇتادغۇبىلىك»تە تەبىئەت تەسۋىرى ۋە ئەجداد روھى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997 ـ يىللىق 6 ـ سان.

مەلۇمكى، «تەبىئەت گۈزەللىكى ئادەملەشكەن تەبىئەت» (ماركس «1844 - يىلدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق پەلسەپە قول يازمىلىرى») ئىنسانلار تەبىئەت ئىچىدە ياشايدۇ. تەبىئەت ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. تەبىئەت ئىنسانىيەتكە بايلىق ۋە ياشاش مۇھىتى ھەم شارائىتىنى بەخش ئېتىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ مۇنداق ساخاۋەتلىك تەبىئەتتىن زوقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك تەبىئەتنى ئىنسان گۈزەللىكى، ئەركىنلىكى ۋە بەخت قاتارلىقلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ. شائىر يۈسۈپنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى مىسرالىرى تەبىئەت ئوغلىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئاساسىي ئىككى قەھرىمان كۈنتۇغدى، ئايتولدىلارنىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كۈن، ئايغا چوقۇنۇش ھەم ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ھېسابلانغان ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى كۈنخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئايخان ئىدى، يەنە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئايخان. بۇ خىل ئەنئەنە كېيىنكى چاغلارغىچە تارقىلىپ كەلگەن داستان - قىسسەلەردىمۇ ۋە ئەپسانىلەردىمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، «يۈسۈپ ۋە ئەھمەد» قىسسىسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرى كۈنخان ۋە ئايخان. «كۈن ۋە ئاي» ئەپسانىسىدە كۈن ۋە ئاينىڭ ئوبرازى بار[1].

«قۇتادغۇبىلىك»تە دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ كۈنگە تەققاس قىلىنىشى، خاقان ياردەمچىسى، يەنى ۋەزىرىنىڭ «ئاي» دەك سۈپەت ئېلىشى ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولسا، ئۇزاق يىللار داۋاملاشقان «تەڭرى» سۆزىنىڭ «ئاللا» دېگەن سۆزگە ئورۇن بوشاتقاندىن باشقا «بايات» دېگەنگە ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرچە «تەڭرى» ئۇقۇمىدىكى ئاتالغۇنىڭمۇ پاراللېل ئىشلىتىلگەنلىكى مىللىي ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىشنىڭ بەك تېز بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئېتىقاد تىكلەش مىللەت مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى قۇرۇشتا چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىسىمۇ، ئەمما ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا مىللەتنىڭ قېنىغا يىغىلغان مىللىي مەدەنىيەت روھى.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تۆت تادۇ» قارىشى شائىرنىڭ تەبىئەت قارىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. يۈسۈپ ساددا ماتېرىيالىزمچى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى «تۆت تادۇ» تەلىماتى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي فورمىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «تۆت تادۇ»سى ماددىي دۇنيادىكى ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوتتىن تەركىب تاپىدۇ، شائىر يۈسۈپ بۇنىڭدىن كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق ئۆزئارا باغلىنىشلىق تۆت پېرسوناژنى ياراتقان. بۇ پېرسوناژلار بىر خىل سىياسىي قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلىپ، قانۇن، بەخت، ئەقىل - ئىدراك ۋە قانائەتنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مۇھىتىغا بولغان تونۇش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆتمۈش ۋە زاماندىش بەزى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا ياندىشىپ، ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ ماددىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت تادۇدىن تۈزۈلگەن دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاي ۋە پەسىللەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئون ئىككى بۇرچنى تۆت تادۇغا تەقسىملەپ مۇنداق يازىدۇ.

① ئا. ھېبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، 551 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

143. ئۇچى ئوت ئۇچى سۇ ئۇچى بولدى يەل،
ئۇچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل.
[ئۇچى ئوت، ئۇچى سۇ، ئۇچى بولدى، يەل.
ئۇچى بولدى تۇپراق، ئاژۇن بولدى ئەل.]

شائىر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن زېمىندىكى بارچە مەۋجۇداتلارنى ئاللا ياراتقان دېگەن «قاراش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئالەمنىڭ مەنبەسىنى كونكرېت چۈشەندۈرگەندە بۇ ئالدىنقى شەرتنى يۈسۈپ ئۇنتۇپ، ئۆز داستانىدا: رېئال دۇنيا مەڭگۈلۈك، ئالەمنىڭ مەنبەسى ماددا، بۇ ماددىي مەنبە سۇ، تۇپراق، هاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. تۆت تادۇنىڭ ئۈزلۈكسىز زىددىيىتى ۋە بىرلىكى سەۋەبىدىن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك هەرىكىتى ۋە يېڭىلىنىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزئارا زىددىيەت ۋە بىرلىك هاياتلىق هادىسىسىنى پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

60. بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆت تادۇ تەگ تۇرۇر،
تۈزەلسە تادۇچىن تىرىگلىك بولۇر.
[بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك ئىرور،
تۈزۈلسە تادۇ چىن هاياتلىق بولۇر.]

دېمەك يۈسۈپ خاس هاجىپ هاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. تېخىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، ئۇ تۆت تادۇنى تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرگەن. ئادەملەردىكى فىزىئولوگىيىلىك هادىسىلەر، مەسىلەن تۇغۇلۇش، كېسەل بولۇش، سالامەتلىك، قېرىش، ئۆلۈش قاتارلىق هادىسىلەرنى تەبىئىي هادىسە دەپ قارايدۇ هەمدە تۆت تادۇ، تۆت خۇسۇسىيەت، تۆت خىلت، تۆت مىجەزنىڭ ئۆزئارا رولىنى ئاساس قىلىپ فىزىئولوگىيىلىك هادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە تۆت تادۇ، تۆت خىلت، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل ۋە تۆت مەزگىل (بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق) هەم شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەهۋالى ئارقىلىق چۈشكە تەبىر بېرىدۇ. چۈش كۆرۈش ۋە چۈشتە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈشنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، بەدەن قۇۋۋىتى، پەسىل، يېشى، روھىي هالىتى، سالاهىيىتى، تۇرۇۋاتقان شارائىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ شۈبهىسىزكى، دىنىي سالاهىيەتچىلىكنى ۋە روھ ماددىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ئىدېئالىزملىق قاراشنى دادىللىق بىلەن ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەجەللىك زەربە.

دېمەك، يۈسۈپ خاس هاجىپ فارابى ۋە ئىبنى سىنا تەرىپىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۆت زات (تادۇ) قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە كلاسسىك پەلسەپىۋى تۈسكە كىرگۈزدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كېيىنكى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مۇهىم بىر تەركىبى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەلسەپە ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلدى[1].

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئاسترونومىيە توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك پىكىرلەر ئېيتىلغان. قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، يۈسۈپ خاس هاجىپ داستانىدا قۇياش ۋە سەييارىلەرنىڭ ناملىرىنى ئەزەلدىنلا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان يۇنان ـ لاتىنچە ياكى ئەرەبچە ئاتىماستىن، بەلكى كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاسترونومىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاددىي

① ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 31 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

ئىنكاسىدۇر.

ئومۇمەن، شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرۇج بايانىدا» دېگەن مەخسۇس بابنى كىرگۈزۈشتىن مەقسەت، ئۆز خەلقىنىڭ ئەسىرى ئاسترونومىيىلىك ۋە قىسمەن مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش ھەم بايقاش تەجرىبىلىرىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىي پەلەكشۇناسلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش[1] قاتارلىق بىرقاتار ئەھۋاللاردىن بولغان.

2) بىلىم، قۇت، ئەخلاق، ئېتىكا، دىداكتىكا ھەققىدىكى قاراشلار ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بىلىم ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ، داستاننىڭ بىرقانچە باب ھەم باشقا كۆپلىگەن سەھىپىلىرىدە بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، بىلىم بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ، بىلىم بىلەن بەخت - سائادەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تەسىرلىك يوسۇندا بايان قىلىنغان. (Ⅵ ، X ، XⅡ بابلار ۋە 208، 209، 1679، 1680، 1681، 1682، 1683، 4021، 4022، 1846، 1835، 1994، 1993، 2185، 2188، 2790، 2788 قاتارلىق بېيىتلار).

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلىم ۋە ئەقىلگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار خاقاننىڭ نامىنى دائىم بىلگە، بۆگۈ دەپ ئاتايتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىلگە دەپ ئاتالغانلار كۆپرەك ئىدى، بۇلار بىلىملىك، دانىشمەن دېگەنلىك بولاتتى. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بىلىم ۋە ئۇنىڭ قىممىتى مەدھىيىلەنگەن كۆپلىگەن شېئىرلار، ماقال - تەمسىللەر بار.

«قۇتادغۇبىلىك»تە «بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە يەنە «بىلىم—قۇت - بەخت نەزەرىيىسى»نىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم بىلىم بىلەن قۇتنى باغلاپ، كىشىلەر بىلىمنى ئىگىلىگەندىلا «مۇكەممەل بولالايدىغان»لىقى، «نام چىقىرىپ»، «كاتتا ئورۇنغا ئېرىشىدىغان»لىقى، «جىمى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق» بولۇپ، «بەختكە ئېرىشەلەيدىغان»لىقىنى كۆرسەتكەن.

«قۇت» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تارىخىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا ئالىي ھۆكۈمدار (تۆرە) لارنىڭ نام - تەۋسىفى سۈپىتىدە پۈتكۈل خانلىقنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىدېئالى ۋە سۈپىتى بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن دۆلەت ئاتىسى—ھۆكۈمدارنىڭ نامىمۇ «تەڭرىقۇت» (قۇتات ئىلاھى)، «ئىدىقۇت» (تەڭرى ئوغلى) ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان. «تەڭرىقۇت»، «ئىدىقۇت»نىڭ سىمانتىكىلىق مەنىسىدىن مەلۇمكى، ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ھامىيسى بولغان ھۆكۈمدار (تۆرە) تەڭرىدىن قۇت ئالغۇچى ۋە ئەلگە قۇت ياراتقۇچىدۇر. (قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرىدا يەنە «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش»، «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەن سەلتەنەت ناملىرى كۆپ قوللىنىلغان). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ دىئالېكتىك قانۇنىيەتنى يۈكسەك بىر پەلسەپىۋى سىخېمىدا سۈرەتلەپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرىدە ھۆكۈمدار (كۈنتۇغدى) بىلەن قۇت (ئايتولدى) نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى مۇھىم ئانا تېمىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەخت، قۇت ۋە بىلىم بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسى-

---

① م. ئوبۇلقاسىم «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 - يىللىق 1 - سان، 85 - بەتلەر.

دا يەنە قوشاق ۋە ماقال - تەمسىللەر تارقىلىپ تۇرغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بىر شېئىردا «بىلىم ئىگىلىسەڭ بەخت ساڭا ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن مەزمۇن بار. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە بولسا «قۇت بەلگىسى بىلىك» (بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم) دېيىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «دىۋان»دىكى خەلق ھېكمىتىدىن پايدىلىنىپ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتاب نامىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «ئەردەم باشى تىل» (پەزىلەت بېشى تىل)[①] دېگەن ماقالىنى داستاندىكى بىر بابنىڭ مەۋزۇسى قىلىپ تاللىغان. «دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن «قۇت بەلگىسى بىلىك» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەر خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىدىن شۈبھىلەنگىلى بولمايدۇ.

دېمەك، شائىر يۈسۈپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي كىتابىغا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ نام بەرگەن. ئۇنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى ‹بەخت بىلىمى›، بولاتتى (بۇگۈنكى كۈندە ئۇ ‹بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى›، دەپ ئاتالدى)، شېئىرىي ئەسەرنىڭ نامىدىنلا شائىرنىڭ بەخت بىلەن بىلىمنى بىرگەۋدىگە ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.[②]

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئەخلاق - ئېتىكا، دىداكتىكا ۋە ئاتىلار سۆزى — دانالار ھېكمەتلىرىگە بېرىلگەن سەھىپە ئاز ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا كۆزقارىشى، پىكرىنى كۈچلۈك، پاكىتلىق ۋە يارقىن بايان قىلىش ھەم ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاقساقال (تۆرە)لار، دانىشمەنلەر ۋە ئۆز زامانداشلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئىبرەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھېكمەتلىرىدىن، خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ قايسى ماۋزۇدا سۆز باشلىسا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكمەتلەر، ماقال - تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى، بىلىمدانلىرى، دانىشمەنلىرى، شۇنداقلا ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر، ئەدىبلەر، ئەل ئەدەبىياتى ئۇستىلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ياكى بىۋاستە بېرىلگەن بۇ ھېكمەت، ماقال - تەمسىللەرنىڭ بىر قىسمى ئەينەن بېرىلگەن بولسا، بىر قىسمى شېئىر قاپىيىسى، ۋەزىن تەلىپى بويىچە ئىجادىي ئىشلىنىپ، ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە سۆزى نەقىل ۋە ئىبرەت تەرىقىسىدە ئېلىنغان نوپۇزلۇق ئەمەلدارلار خاقان (3126 - بېيىت)، تۈرك خانى (3817 - بېيىت)، تۈرك بۇيرۇقى، تۈركىي ۋەزىر (1163 - بېيىت)، خاس كېڭەشچى (2941 - بېيىت)، ئۆتۈكەن بېگى (1962 - 2682 - بېيىتلەر)، ياغما بېگى (1758 - 4947 - بېيىتلەر)، ئۈچ ئوردا بېگى (1594- بېيىت)، ئۈچ ئوردۇ خانى (2966 -، 3815 -، 5569 - بېيىتلەر)، ئېلى بېگى (1779 - بېيىت)، ئېلى ئاتلىقى (841 -، 1629 -، 2319 - بېيىتلەر)، ئېلى ئەركىنى (4752 - بېيىت)، ئېلى كاتىپى (2698 - بېيىت)، بۆكە يابغۇسى (5043 -، 5523- بېيىتلەر) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

داستاندا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان ئالپ ئەرتوڭا شاھلارنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇنىڭ دانا سۆزلىرىمۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا بايان

---

① م. كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، بىرىنچى توم، 438 - بەت.

② لاڭ يىلاڭ، «قۇتادغۇبىلىك، ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، 139 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

قىلىنغان (5861 ـ دىن 5868 ـ گىچە بېيىتلەر).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانالار ھېكمەتلىرى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن (ماقال ـ تەمسىللەردىن) ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى مىسرالار ئەسەرنىڭ ھەر سەھەپىسىدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇلار ئەسەردە ئالدىنقى پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسى تەرزىدە «ئىرسالۇل مەسەل» دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىرى ۋاستە ئارقىلىق بېرىلگەن 180 دىن كۆپرەك تۆتلۈكلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «قۇتادغۇبىلىك» ئالەم ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۆلەت، سىياسىي قانۇن ھەققىدىكى كۆزقاراش ۋە تەشەببۇسلارنى شەرھلىگەن، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى ئېڭىنى ئاساس قىلغان. ئەسەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز ۋە (ئەپسانە)، چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. «ئۇمۇمەن، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ قارىشى ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان»[①].

3) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

ھەرقانداق دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ (بولۇپمۇ قەدىمكى زاماندا) نادىر ئەسىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆزى ئۈچۈن قوللىنىش پرىنسىپى ئاستىدا ئۆزگىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزگىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىۋېرسال ئىجادىيەت يارىتىدۇ. ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىك قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ شۇنچە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بۇ مەدەنىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.[②]

«قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇنداق چوڭ ھەجىملىك داستان بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇرلاردا مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا خېلى تەرەققىي قىلغان يازما ئەدەبىيات بار ئىدى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىلگىرىمۇ نامەلۇم شائىرلار مۇشۇنداق ئەندىزىلىك شېئىر ۋەزىندە نۇرغۇن شېئىر ـ داستانلار يازغانلىقى مەلۇم. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باش تېمىسىدىن باشقا داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ فولكلورىدىكى ئېستېتىك قاراشلاردىن تۇغۇلغان، شۇنداقلا يەنە «ئالپ ئەر تۇڭا» (ئافراسىياب) ئوبرازى توغرىسىدىكى ئىجابىي تەسۋىرلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ھاياتىغا ۋە ئېتنىك مەنبەلىرىگە باغلىق ئېپىك داستانىنىڭ بەزى ئامىللىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەكىل جەھەتتە، «قۇتادغۇبىلىك» تە قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن قالغان بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئەجەم (ئىران) مەسنەۋىلىرىدە ئادەت بولمىغان ياكى يول قويۇلمىغان بىر شەكىل، يەنى مەسنەۋى تەرزى ئارىسىدا تۆتلۈك — مۇرەببە

---

① خې چېڭشۇن: «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، 223 ـ، 224 ـ، 225 ـ، 226 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

② خې چېڭشۇن: «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا»

ياكى «قىتئە»لەرنى قىستۇرۇش شەكلى بىلەن يېزىلغان. دېمەك، داستاننىڭ مەسنىۋى تەرزدە يېزىلىشىدا، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق ـ بېيىت، قەسىدە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان دەپ پەرەز قىلىمىز①.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلار چۈشەنمەيدىغان ھەر خىل يېڭى ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىگەندە كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. بۇنداق ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئۇسۇللار مەركەزلىك ھالدا ئەقىل ـ ئىدراك ۋە پەلسەپىۋىلىككە تولغان ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق ھەر خىل شەيئىلەرگە بولغان تونۇشنى ئىپادىلەشتە گەۋدىلىنىدۇ②. داستاندىكى سىمۋول قىلىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي تەسۋىرى ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان بىر قاتار ئوبرازلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنىلا ئەمەس، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىكى يۇقىرى سەۋىيىسىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن③.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، كۆپ دەۋرلىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۈرەش قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت دۇردانىسى، ئۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ھاۋاسىدا، مەركەزلىك ھەم كونكرېت ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئىلمىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەۋرەتكىلى بولمايدىغان ئورنىنى تىكلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»نى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەم شائىر يۈسۈپنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن شۇنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتمال، مۇتەئەسسىپ، كونىلىققا يېپىشىۋالىدىغان، بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ئالىم ئەمەس. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار غايە ھەم ئېچىۋېتىش ئىدىيىسى بار. شۇڭا ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە باشقا مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى قىممەتلىك تەركىبلەرنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىن بار مەدەنىيىتىدىن سىرت پارس، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋردە ئەكس ئەتكەن.

ئۇ تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى ياكى ھەر خىل تەركىبلەرنى نوقۇللا بىرلەشتۈرۈپ، ئاددىيغىنا قۇراشتۇرۇپ قويماستىن، بەلكى شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ ھەم ئۇنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ تامامەن يېڭى، مۇكەممەل، نادىر بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

## 2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن ياكى بەدىئىي شەكىلدىن قارايلى «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى قاراخانىيلارنىڭ

① ئى. تۇرسۇن «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئۇسلۇبى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، 247 ـ 254 ـ بەتلەر.

② ر. قادىر «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى»؛ «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، 481 ـ بەت.

③ ئى. ئەھمىدى «‹قۇتادغۇبىلىك›تە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، 792 ـ بەت.

ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئومۇمەن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ قارىشى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» مۇقەررەرلىك جەھەتتىن قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، تاسادىپىيلىق جەھەتتە داستان مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەلۇم بىر مەزگىللىك دەۋر داۋالغۇشى ۋە چېكىنىشىنىڭ مەھسۇلى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلۇشى غوبى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شىنجاڭغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ قالدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرتقا يۆتكەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار، تۈركىي قەبىلىلەر ۋە باشقا يەرلىك قوۋملەر بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىپ، بىرلىكتە ياشاپ، ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت»[1] بولىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، ئالتاي ۋە ئورقۇن ۋادىلىرىدىكى تۈركىي - موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ، XII ئەسىردىكى نايمانلارنىڭ ۋە XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»[2] بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە «كلاسسىك مەدەنىيەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايسى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئالىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلغان: بىرىنچى، يېزىق قوللىنىش ۋە تارقىتىش. ئىككىنچى، ئەدەبىي تىلنى غەربكە تارقىتىش. ئۈچىنچى، مەتبەئەچىلىكنى غەربكە تارقىتىش. تۆتىنچى، ياراتقان تارىخىي مەدەنىي ھۆججەتلىرىنىڭ موللىقى، بەشىنچى، دىنىي مەدەنىيەتنى تارقىتىش[3]. بۇنى تېخىمۇ كەڭرەك بايان قىلغاندا:

1) شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئالاھىدە يۈكسەلگەن.

2) ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىش باسقۇچىغا كۆنۈپ بولغان.

3) ئۇيغۇرلارنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىكى مەخسۇسلاشقان، سودا ئىشلىرى كەسپلەشكەن.

4) تېبابەتچىلىك تەرەققىي قىلغان.

5) پەن - تېخنىكىدا ئەينى ۋاقىتتا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

6) ئۇيغۇرلاردا ئاڭ بولۇپمۇ مىللىي ئاڭ يۈكسەلگەن.

7) ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك ۋە دۇنيا قاراشلىرى ھەرخىل چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

---

① جۇچىڭباۋ «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» 89 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

② گرېنۇست (فرانسىيە) «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، 147 - بەت، چەتئەل خەلق خەلق نەشرىياتى، شىنخۇا، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ لى يوڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىي شانۇ - شەۋكەت ياراتقان مەرىپەت ئۇستازلىرى»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىلى، 1 - 2 - بىرلەشمە سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

8) ئۇيغۇرلار مول يازما ئەدەبىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان. دېمەك بۇ خىل ئەۋزەللىك گىگانت ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يەنە بىر ئاساس بولغان.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن تارىخىي مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، ئىقتىسادىي، سىياسىي ھوقۇقى، ئەخلاقى، مائارىپ ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئېتنىك ئوبرازىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز زامانىسىنىڭ بىر «جاھاننەما» سى سۈپىتىدە تونۇتقۇزدى.①

قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. مەلۇمكى، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك ئۆركەشلەپ ئاققان سۇدەك ئالغا قاراپ مەۋج ئۇرۇپ ماڭىدۇ، ئۇنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. مۇقەررەر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھامىنى ئەمەلگە ئاشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ باي مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئوزۇقلىنىپ «قۇتادغۇبىلىك» تەك گىگانت ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ نەتىجىسى. مۇقەررەرلىك تاسادىپىيلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، تاسادىپىيلىق مۇقەررەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىز مۇقەررەرلىكنى تاسادىپىيلىقتىن ئىگىلىشىمىز لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قىرانلىق چاغلىرىغا قەدەم قويۇپ، جەمئىيەتتىكى چوڭ ھەق، چوڭ ناھەققە دىققەت قىلىۋاتقان، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەقىل پاراسەتتە تازا تولۇۋاتقان مەزگىلدە قاراخانىيلار خانلىقىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا مۇناسىپ بولمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلىگۈچى تارىخىي ھادىسىلەر يۈز بېرىشى بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ قالغان. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غۇۋغالار مۇشۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل ئىدى. 1032 ـ يىلى ماۋارەئۇننەھردە تۇرۇشلۇق غەرب ۋالىيسى ئىبلى تېگىننىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. غەرب خاقانى ئىبلى تېگىن 1934ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىقتان ۋە غەرب قىسىمدا قايتا ـ قايتا خاقان ئالماشقان.

شەرقىي قىسىمدا يۈسۈپ قادىرخان (1024 ـ 1032 ـ يىللىرى خاقان بولغان) دىن كېيىن تا 1074/5 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم خاقان ئالماشقان، جەمئىيەت خېلىلا قالايمىقانلىشىپ قالغان. كىشىلەر روھىي جەھەتتىكى ئىشەنچ ۋە يۆلەنچۈكتىن مەھرۇم قالغان، خانلىق نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتنىگەن، ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قارامىلىق باسقان. شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشى بويىچە «دۇنيا ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان»، «كىچىكلەردە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغلاردا بىلىم يوق»، «قوپال، نادانلار كۆپىيىپ، ئەدەپلىكلەر ئازايغان»، «نامرات، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق، جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى چىقمايۋاتقان» ئەھۋال ئومۇمىي تۈس ئالغانىدى.

---

① ئا. م. ئىمىن «، قۇتادغۇبىلىك، نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، «تارىخىي سىرلار ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان»، بىرىنچى قىسىم 71 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

تاسادىپىي پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش ئالىملارنىڭ كەشىپ قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىك بۇ سۆيۈملۈك ئېلىدە تۇيۇقسىز چاقىغان چاقماقتەك يۈز بېرىۋاتقان تاسادىپىي ئەھۋاللار، يەنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كۆرۈپ قەلبى بىئارام بولىدۇ، خەلقىنىڭ تەقدىرى، خانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن غەم يەپ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە پۇچۇلىنىدۇ. «ۋاپا قەھەتچىلىكى بولۇپ، دۇنيا جاپا بىلەن تولغان» (6568 - بېيىت) لىقنى كۆرۈپ، زەرداب يۇتىدۇ.

ئىنسانپەرۋەر شائىر ئەل - يۇرتقا چەكسىز مەسئۇلىيەتچان ھېسسىياتى بىلەن جەمئىيەتنى تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، باياشات، گۈزەل، ئىناق بىر غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكىدە كۆپ ئويلىنىپ، قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھدىن تارتىپ، پۇقرالارغىچە ماس كېلىدىغان ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن، ھەم باي غايىۋى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر داستانى «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا بىرقانچە يىل ساقلاپ، شەرقىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان، ئالىملارنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، دىيانەتلىك پادىشاھ بۇغراخان ئىبنى ھەسەنگە تەقدىم قىلىپ ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىسىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىغان.

### 3. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

#### 1) داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

«قۇتادغۇبىلىك» ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولغان ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى. ئۇ 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەت، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت، بەخت - سائادەت ۋە قانۇن، بىلىم بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلار نامايان قىلىنغان. يەنە بىر قاتار ئىلغار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆز دەۋر رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلانغان. ئۇ روشەن خەلقچىللىققا، كۈچلۈك تەربىيىۋىلىككە ئىگە، نەزەرىيىۋىلىكى ئىلمىي بولغان ئەسەر.

بىز ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ياكى مەركىزىي ئىدىيىسىنى شەرھلەشتىن ئىلگىرى ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

بىر زامانلاردا كۈن تۇغدى ناملىق بىر ھۆكۈمدار كەڭ بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ جاھانغا داڭقى يېيىلىدۇ. ئاي تولدى ئىسىملىك ياش ۋە ئاقىل، بىلىملىك بىر كىشى كۈن تۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈمدار) نىڭ بۇ پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىراق سەپەردىن كېلىدۇ.

بىر زامان مۇساپىرچىلىقتا يۈرىدۇ. ئايتولدى كۈسەمىش ئىسىملىك دوستىنىڭ ياردىمىدە ئېلىگ ھاجىپىي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھاجىپ ئۇنى كۈنتۇغدى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەت - مۇنازىرىلەر جەريانىدا كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق - پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئايتولدىنىڭ ئادىل قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. خەلق تىنىچ، پاراۋان ياشايدىغان ۋەزىيەت شەكىللە-

ىدۇ.

بىراق، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئايتولدىنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل - پاراسەتتە، بىلىم - پەزىلەتتە دادىسىدىن قېلىشمايدىغان ئوغلى ئۆگدۈلمىش باسىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئەمەلىي ئىش جەريانىدا، دادىسىدىنمۇ ئوشۇقراق تۆھپە كۆرسىتىپ مەملىكەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۆگدۈلمىش مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرەر ياردەمچى بولغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، بىر غاردا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىنى بىسىپ چۈشىدىغان ئودغۇرمىش ئىسىملىك بىر زاھىدنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۈنتۇغدىغا ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۇ زاھىدنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس نامە بىلەن ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىدۇ. زاھىد ئۆزى كەلمەي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت ناھايىتى قاتتىق يېزىلغانلىقىغا قارىماي، كۈنتۇغدىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئۆگدۈلمىشنى ئىككىنچى قېتىم خەت بىلەن ئەۋەتىدۇ. زاھىد يەنە كەلمەيدۇ. كۈن تۇغدى ئېلىگ «ھېچ بولمىسا دىدارىنى بىر كۆرەي» دەپ ئۆگدۈلمىشنى ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئارىسىدا قاتتىق مۇنازىرىلەر بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا زاھىد كېلىدۇ. كۈنتۇغدىغا نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر - مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئەمما سارايدا قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۇلبىسىگە قايتىپ قازا قىلىدۇ. زاھىدتىن قالغان ھاسىنى كۈنتۇغدى ئېلىگ، ئىۋرىقنى ئۆگدۈلمىش تەۋەررۈك قىلىۋالىدۇ. ئۆگدۈلمىش يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسان بەختىگە سەرپ قىلىدۇ.

شائىر شۇنداق بىر ۋەقەلىكنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستىنى «بىلىم - ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە ئۆگدۈلمىش - «دۆلەت»كە، ئودغۇرمىش «قانائەتكە» سىمۋول قىلىنىپ، پىكىرلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلىگەن. ئەسەرگە ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى بىرىنچى ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ئىككىنچى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن قاراش. ئۈچىنچى خان، پادىشاھ، بەگلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە دۆلەت قانۇنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنى يۈكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئادالەت گەۋدە قىلىنغان باراۋەر ئىناق، خاتىرجەم غايىۋى جەمئىيەت سۈرەتلەنگەن. خىسلەتلىك يېرى شۇكى، ئەسەردە بۇنداق غايىۋى جەمئىيەتنى سۈرەتلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول ئۈستىدە دادىل ئىزدەنگەن. بۇ يول — قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمدۇر. قانۇن — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان تىرەك. ئەخلاق — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە. بىلىم — قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس. داستان باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچ تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشى ۋە مۇنازىرىسى بولۇپ، مۇئەللىپ مۇشۇنداق سۆزلىشىش ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، جەمئىيەتتىكى تەبىقە، گۇرۇھلارنىڭ ئور-

نى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى — ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچ چىقىرىپ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تەرغىباتچىسى-لىق رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملەپ چىققان. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك ۋە يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن توققۇز نەپەر پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان. بۇلار قانۇن ـ ئادالەتنىڭ سىمۋولى — كۈنتۇغدى؛ بەخت ـ سائادەت سىمۋولى — ئايتولدى؛ بىلىم ـ ئەقىلنىڭ سىمۋولى — ئۆگدۈلمىش؛ ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى — ئودغۇرمىش؛ پايتەختتە مۇساپىر ئايتولدى بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان ئاددىي پۇقرا — كۈسەمىش؛ بىلىملىك ئايتولدىنىڭ پايتەختكە كەلگەنلىكىنى كۈنتوغدى ئىلىككە تونۇشتۇرغۇ-چى تۈز كۆڭۈل ئادەم ئوردا ھاجىپى؛ ئودغۇرمىشنىڭ مۇرىتى، خىزمەتچى بوۋاي قۇمارۇ؛ ئات باقار يىگىت X X؛ ئاددىي خىزمەتچى — ياش ئوغلان X X، بۇلاردىن ئالدىنقى تۆت پېرسوناژ ئاساسىي قەھرىمانلاردۇر، قالغان بەش پېرسوناژ بۇلارغا قارىغاندا ئازراق تەسۋىر-لەنگەن.

كۈنتۇغدى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى باش قەھرىمان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقانىنىڭ سىمۋولى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل ـ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل يۇرتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس، شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى بارچە پۇقراغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان، يۇرت ـ جامائەتنىڭ دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بەدىئىي غايىۋى ئوبراز. كۈن تۇغدى ھەققىدە داستاندا مۇنداق تەسۋىرلەر بار.

بەگ ئەردى ئاڭۇندا بۇگۇ بىلگە باش،
بۇ بەگلىك ئۆزەلە ئۆزۈن بولدى ياش.

بۇ كۈن تۇغدى ئەردى ئاتى بەلگۈلۈگ،
ئاڭۇندا چاۋىقمىش قۇتى بەلگۈلۈگ.

قىلىنچى كۈنى ئەردى قىلىقى ئوڭاي،
تىلى چىن پۈتۈن ھەم كۆزى كۆڭلى باي.

بىلىكلىگ بەگ ئەردى ئوقۇشلۇغ ئودۇغ،
ئەسىزكە ئوت ئەردى ياغىقا يودۇغ.

يادا كۈر كۆۋەز ئەردى قىلىقى كۈنى،
كۈنىگە كۆتۈردى بۇ قىلىقى ئانى.

بۇ يەڭلىغ بەگ ئەردى بۇ بىلگى ئۆزە،
تىرىلدى يورىدى قىلىنچىن تۈزە.

سىياسەت قىلىۇر ئەردى ھىممەت بىلە،
بۇ ھىممەت ياراشۇر مۇرۇۋۋەت بىلە.
(405 ـ، 406ـ، 407ـ، 408ـ، 409ـ، 410ـ، 411ـ بېيىت-لەر)

[دۇنيادا بىر دانا ـ بىلىمدان بار ئىدى،
ئۇ ئۆزۈن يىل بەگلىك قىلىپ ئۆتتى،
بۇ نامى مەشھۇر كۈنتۇغدى ئىدى.
جاھانغا داڭقى چىققان بەختىيار ئىدى،
تەبىئىي دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم،
سۆزلىرى چىن ـ ھەق، كۆزى ـ كۆڭلى باي ئىدى.
بىلىملىك، ئىدراكلىق، سەزگۈر بەگ ئىدى،
يامانلارغا ئوت، دۈشمەنگە ئاپەت ئىدى.
ئۇ باتۇر ۋە مەغرۇر بەگ ئىدىكى، بىلىملىرى بىلەن
ياشىدى، توغرى ـ ھەرىكەت قىلدى.
غەيرەت ـ ئىشتىياقى بىلەن سىياسەت يۈرگۈزدى،
ئىشتىياق ـ ئالىيجانابلىققا يارىشىدىغان ئىش]

شائىر تەسۋىرىدىكى كۈن تۇغدى يەنە «كۈن ۋە ئايدەك يورۇپ، دۇنيادا پارلاپ تۇرىدىغان»، «كىم ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولسا، ئۇنى يۈكسەلدۈرىدىغان»، «ئەتراپىغا دۇنيادىكى ھەرخىل ئەقىل ئىدراكلىق، بىلىملىك كىشىلەر زىچ توپلانغان» (415ـ، 416ـ، 4117 ـ بېيىت)، «ئەلنى تۈزەپ، ئوڭشاپ، خەلقنى بېيىتقان، ئۇنىڭ زامانىدا بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچكەن» (449 ـ بېيىت) ئۇلۇغ ئىنسان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئايتولدى ـ «قۇتادغۇبىلىك»تە بەخت ـ سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. بۇ ئوبراز ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىرى ئۇ غايىۋى دۆلەتتىكى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسى، يەنە بىرى بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى بىلگۈچى دانىشمەن؛ ئايتولدى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسىلا ئەمەس؛ بەلكى غايىۋى دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمدار (كۈنتۇغدى) غا ئەلنى ئادىل باشقۇرۇش ئۈچۈن تۇرلۇك چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسەتكۈچى ئاقىل. بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىشچان بەخت ـ سائادەتنى مۇقىم ۋە چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن غايىۋى قەھرىمان. داستاندا ئايتولدى توغرۇلۇق مۇنداق مىسرالار بار:

بىر ئايتولدى ئاتلىغ ئەر ئەردى تەتىك،

ئەشتتى بۇ چاۋغ ئەتىندى ئەتىك.

يىگىت ئەردى ئوغلان قىلىنچى ئامۇل،
ئوقۇشلۇغ بىلىكلىگ ھەم ئۆگلۈگ كۆڭۈل.

يۈزى كۆركلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار،
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىلى تۇز تامار.

قامۇغ تورلۇگ ئەردەم توكەل ئۆگرەنىپ،
يورىپ ئەردى ئەردەم ئەلىگكە ئالىپ.
(462-، 463-، 464-، 465-بېيىتلەر)
[ئايتولدى ئاتلىق بىر زەكى ئادەم بار ئىدى،
(ئېلىگ) داڭقىنى ئاڭلاپ، تەييارلىق كۆردى.
ئۇ ياش، يۇمشاق پېئىل بىر يىگىت ئىدى،
ئەقىل - ئىدراكلىق، بىلىملىك ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك ئىدى.
ئۇنىڭ يۈزى (شۇنچىلىك) چىرايلىق ئىدىكى، قارىسا كۆزنى چاقاتتى.
سۆزلىرى يۇمشاق ئىدى، تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى.
ئۇ بارلىق پەزىلەتلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ،
بۇ پەزىلەتلەرنى ئىگىلەپ يۈرەتتى.]

داستاندا ئايتولدىغا كۈنتۇغدىنىڭ ناھايىتى ئىشەنگەنلىكى توغرۇلۇق توختىلىپ «ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك ئۇنۋان بېرىپ، تامغا [تۇتقۇزدى] توغ، دۇمباق، بىلەن ساۋۇتىمۇ بەردى»، «پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇنىڭ قولىنى ئۇزۇن قىلدى، دۈشمەنلەر بويۇن ئېگىپ، [ئۇ يەردىن] يوقالدى» (1035-، 1036-، 1037- بېيىتلەر) دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۆگدۈلمىش «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ئىز باسارى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، ئۆمۈمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ئەقىل ھەم بىلىم بىلەن ھەل قىلىدىغان، ھەم بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدىغان، شان - شۆھرەت تالاشمايدىغان، ئۆزىدىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە چىن كۆڭلىدىن دەۋەت قىلىدىغان، ھەتتا ئۆزى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگىنىشنى كىشىلىك بۇرچ دەپ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب غايىۋى پېرسوناژ، شۇنداقلا ئادالەتلىك جەمئىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل خانىنىڭ سادىق ۋە ئەقىلدان ۋەزىرى، ئۆزىنىڭ دادىسى ئايتولدىدىن يۇقىرىراق ئىستېداتقا ئىگە، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز، جۈملىدىن ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئاقىل - دانا ئالىم، ھىممەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى.

ئۇدغۇرمىش «قۇتادغۇبىلىك»تە ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى بىر غاردا

ئىستىقامەت قىلىدىغان زاھىد، ناھايىتى مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز. ئۇ بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنا يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە يېپىنچا، ئۆلگەندە كېتىدىغان بىر غۇلاچ يەر بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، يۇرتداشلىرىنىڭ تەقدىرىگە كېچە - كۈندۈز دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئويغاق، سەگەك دانىشمەن، پەيلاسوپ، جۈملىدىن چوڭ ئالىم. ئودغۇرمىش يۇقىرى مەنسەپ، مەئىشەتلىك ھاياتنى ياقتۇرمايدىغان، ئادەمنىڭ ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشىنى بىمەنە ئىش، تائەت - ئىبادەتلا ئىنساننىڭ ئەھمىيەتلىك مېھنىتى دەپ ھېسابلايدىغان زاھىد بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىدە يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتىگىمۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدىغان توغرا نىيەتلىك شەخس. ئۇ ئاقىل ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى كېرەك، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت دېگەن پىكىرلىرىگىمۇ (ئاخىرى) قايىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ماڭغان يولۇڭلار توغرا ئىكەن، سىلەر شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىڭلار، دەپلا قالماستىن، بەلكى ئەل - يۇرتنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر بىر مۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشنىمۇ ۋىجدانىي بۇرچ دەپ تونۇيدىغان، ئىلغارلىق ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي ئوبراز.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئارىسىدىكى دراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنى، جۈملىدىن دۆلەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بەزىبىر ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رېئاللىقنى پەردازلاپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ھەم سۆكىدۇ. ئادالەت، پەزىلەتلىك، بىلىملىكلەر كۆپ بولغان غايىۋى بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە يارىتىلغان بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئوبرازلار شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ بەدىئىي ئوبرازلار شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغانكى، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۆزىنى مۇرەككەپ دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىلىك قاراش، ئىجتىمائىي پىكىر ۋە غايىۋى مەزمۇنلار ناھايىتى مول، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تىپىك ۋە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچى، ئەلنى باياشات، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېيىشى، كىيىشى ۋە تۇرالغۇ - جايغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، خان - بەگلەرنى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشكە، دېھقان، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەن قاتارلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق-

قا دەۋەت قىلغان ھەمدە جەمئىيەتكە بىۋاستە ماددى بايلىق يارىتقۇچىلارنىڭ رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «ھەربىر قىمىرلىغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ»، «بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىشى، ئۇلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم، دەپ ھېسابلىغان.

مۇئەللىپ پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، تەمەخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق سودا يوللىرىنى قوغداش، سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم رولىنى تەكىتلەش، شۇنداقلا ئىقتىسادنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ (خەزىنىچى...) ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماسلىق، ئادىل بەگ ئەمەلدارلارنىڭ تېجەشلىك بولۇشىنى تەكىتلىگەن ئۇ ھەتتا بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، مال باھاسىنى ئۇقۇش، تىجارەت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، ھۆكۈمراننىڭ يارامىلىق كىشىلەرنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قويۇش، تۆھپىسى بارلىرىنى مۇكاپاتلاش چارىسىنى شەرھىلىگەن.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىش، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش.

داستاندا ھۆكۈمرانلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر ئېنىق ئايرىلغان. قانۇن دەل ئۇلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاستە. ئۇنى مېھرىبانلىق ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا يۈرگۈزۈش، قانۇننى تۈزۈشتە، ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، خەلقنىڭ كاللىسىدا قانۇنغا نىسبەتەن ھۆرمەت ھېسسىياتى تۇرغۇزۇش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەسىلىلىرىدە ئۆزىنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىلغار قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇننى تۈۋرۈككە ئوخشاتقان.

ئۈچىنچى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەكىتلەپ، بىلىملىكلەرنى كۆپەيتىش.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابى «قۇتادغۇبىلىك»تە كۆپ سەھىپە ئىشلىتىپ، بىلىم، پەزىلەت، بەخت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلىدى. شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش يولى توغرىسىدا گەپ قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مەقسىتى بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىدا ئىدى. ئۇ بىرەر دۆلەتتە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قەدەر ھەممىلا ئادەم بىلىمنى قەدىرلىسە، ھېكىملەر، ئالىملارنى قەدىرلىسە، ئۇنداقتا بۇ دۆلەتنىڭ كەيپىياتى كۈنسايىن يۈكسىلەتتى. بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ پادىشاھ تالانتلىق ئادەملەرگە تەشنا بولغان، ئاقىللارنىلا ئىشقا قويغان بولاتتى. بۇ ھالدا دۆلەت بېيىپ، خەلق كۆپىيەتتى. جەمئىيەت بەخت ـ سائادەت نۇرى بىلەن پۇركىنەتتى. يۈسۈپ بەخت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ نەزەرىدە تۇتقىنى يالغۇز شەخسنىڭ بېيىشىدىكى بەخت، سائادەت ياكى بالايىئاپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جان ـ دىلى بىلەن كۆيۈنگىنى دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ بەختى ئىدى.①

تۆتىنچى، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقنى چوڭ تېمىلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ ئەخلاقنىڭ پادىشاھتىن تاكى قەلەندەرگىچە بولۇشىنى، ئەخلاقنىڭ جەمئىيەت، دۆلەت، قانۇن، بىلىم ئائىلە، ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ

---

① لاك يىلىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى»، 141 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى.

ھەربىر ھالقىسى، ھەربىر ھۆجەيرىسىدە ئەخلاقنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشلىرى-نىڭ يوللىرىنى ئىنچىكە ھالەتلەرگىچە بايان قىلىپ بەرگەن.

بەشىنچى، بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ ھەممە ئادەم ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك دانىشمەن ۋە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئىستەكلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان بەخت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بۇ شائىر كۆڭۈل قويۇپ بېكىتكەن ئەسەر نامى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوق مەركىزى قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم»، دېگەنلىك. دېمەك، شائىر «بەخت بىلىمدىن كېلىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتنى ئۆز ئەسىرىگە نام قىلىپ قويغان، شۇنداقلا داستاننىڭ كۆپ سەھىپىلىرىدە بەخت ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاش، بۇ گۇمانىستىك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈپ ئارزۇسى. بۇ ئارزۇ قانداق شارائىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شائىر تەسەۋۋۇر قىلغان غايىۋى دۆلەت «ئادىل پادىشاھلىق»تا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شائىر يۈسۈپ تەسەۋۋۇرىدىكى بۇ ئادىل پادىشاھلىق چىن - ئادالەت، ھايات، بەخت، دۆلەت - سائادەت، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت ۋە قانائەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. يۈسۈپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئادىل پادىشاھلىق مۇشۇ تۆت خىل خىسلەت چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان، دۆلەت بىلەن خەلق، پادىشاھ بىلەن پۇقرالار، ئەقىل بىلەن بىلىم، ئەخلاق بىلەن تۇرمۇش، سىياسەت بىلەن قانۇن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئادالەتلىك غايىۋى جەمئىيەتتۇر. ئومۇمەن، شائىر «تىنچ ۋە گۈللەنگەن» غايىۋى دۆلەت - ئادىل پادىشاھلىقنى ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندە «قوزا بىلەن بۆرىنىڭ ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن» دىكى ياكى «قوزا بىلەن بۆرە بىر جايدا سۇ ئىچكەن»لىكى تەسۋىرى ئارقىلىق سۈرەتلىگەن.

دېمەك، يېتۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ داستانىدا كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي ماھارىتى بىلەن بىر تەرەپتىن رېئال جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈكسەك دانالىقى بىلەن جەمئىيەتنى (پادىشاھلىقنى) ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىراقنى كۆرەرلىكى ئارقىلىق يېڭىچە بىر ئادىل پادىشاھلىق — غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

2) «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي شەكلى

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان،① بۇ داستاننىڭ تىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى «خان تىلى»، «تۈركىي تىلى» دەپ ئاتىغان، مەزكۇر داستانغا ئەينى زاماندا يېزىلغان بىر «مۇقەددىمە»دە «بۇغراخان تىلى» دېيىلگەن. بۇلار ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، بۇلار «ئۇيغۇر تىلى»نىڭ ھەرخىل ناملىرى ئىدى. بەزىلەر قارلۇق ياكى چىگىل تىلىدا يېزىلغان، دېيىشكەن. بۇ مۇنداقچە ئېيتىپ قويۇلغان كۆزقاراش بولۇپ، ئىلمىي ئاساسى ئاجىز.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلىنى بىلىش ئۈچۈن «خاقانىيە تىلى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا

---

① «قۇتادغۇبىلىك، كە مۇقەددىمە» ئالتىنچى بەت، [نەشرگە تەييارلىغۇچىلار سۆزى]، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 - يىلى نەشرى.

توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» خاقانىيە تىلىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر.

خاقانىيىنىڭ مەركىزى ئۆلكىسى بولغان كاشغەرىيەدە قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بار ئىدى. بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ مەنبەسى ئورقۇندىن باشلانغان. قوچۇ - كاشغەر زېمىنلىرىدە يىلتىز تارتقان ۋە كۆكلەپ مېۋە بەرگەنىدى... خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي شارائىتىدا ئاللىقاچان قەبىلىلەر تىللىرى رامكىسىدىن چىقىپ بولغان ئىلەتلەر تىللىرىغا ئۇيۇتقا بولغان «ئۇيغۇر تىلى» ئاساسىدا بىر پۈتۈن ئومۇمىي «خاقانىيە تىلى» قېلىپلاشقانىدى.

«خاقانىيە تىلى» قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا باي ۋە تەرەققىي قىلغان تىل ئىدى. لېكسىكىسىنىڭ باي ۋە مەنىلىرىنىڭ ئېنىق ھەم جانلىق، گراممانكىا قائىدىلىرىنىڭ پۇختا، ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرىنىڭ ئىپادىچان ۋە يەككىل بولۇشى، مورفولوگىيە ۋە فونېتىكا جەھەتلىرىدە ئىمكانقەدەر نورمال ۋە بىردەك بولغانلىقى مەزكۇر تىلنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئۇقۇيلۇق تۇغدۇرۇپ، قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.[①]

«قۇتادغۇبىلىك»تە 6000 دىن ئارتۇق توپ سۆز ۋە ياسالما سۆز بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر 500 ئەتراپىدا. كىتابتا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئاسترونومىيىلىك ئىسىملار ۋە ئابستراكت پەلسەپە سۆزلىرى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى لۇغەت بايلىقى ۋە مەدەنىيەت ئېگى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شېئىرىي ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستان، يەنى شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ بىر نۇقتا، لېكىن ئۇ چوڭ بىر ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر يۈسۈپ ئۆز ئەسىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستان ژانىرى ئۇسلۇبىدا يېزىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا يەنە بىرمۇنچە شېئىرىي ژانىر ۋە شەكىللەرنىمۇ قوللىنىپ ئەسەرنى مۇكەممەل بىر شېئىرىيەت قامۇسىغا ئايلاندۇرغان. بۇلار:

① داستان، ② مۇنازىرە شەكىللىك شېئىر، ③ غەزەل، ④ شېئىرىي دراما ⑤ نامە ژانىرى ⑥ تۇيۇق ⑦ قەسىدە ⑧ ساتىرا ⑨ ئىلگىيە ⑩ رۇبائىي ⑪ مەرسىيە، ⑫ تەبىئەت لىرىكىسى (پېزاژ لىرىكىسى).

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ۋەزنى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئاساسەن مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۆتلۈك (3800 - 3801 - بېيىتلەر) ۋە ئاخىرىدىكى لىرىك ئىلاۋىنىڭ ئىككىسى (I، II) مۇتەقارىپنىڭ مۇسەممەنى سالىم (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن) روكنىدا، قالغان بېيىتلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەقارىپنىڭ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مۇسەممەنى مەقسۇر (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل) روكنىدا يېزىلغان. داستاننىڭ ھەممە مىسرالىرى ئارۇزنىڭ بەھر (مۇتەقارىپ بەھر) قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئاھاڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيىلىگۈچى سۆزلەرنىڭ تولۇق ئاھاڭدارلىقى بىلەن تىلنىڭ جانلىق ۋە مەنتىقىلىقى زىچ جىپسىلاشتۇرۇلغان. قاپىيە سەنئىتىنىڭ كۆركەم،

---

① ئى. تۇرسۇن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىلى 4 - سان، 138-، 139- بەتلەر، ئۇرۇمچى.

نەپس ۋە رەڭدار قىياپىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەلۇمكى، ئارۇز ۋەزنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا X - XI ئەسىردىن باشلاپ ئىستېمال قىلىنىشقا باشلىغان. ئۆز مىللىي ئەدەبىيات زېمىنىدىن ئوزۇق، كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ يېتىلگەن مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى ئەينى دەۋردە شەرقنىڭ يىرىك تىپىك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ۋە شەرق نەزمى ئارۇزنىڭ ئەڭ ئاھاڭدارى ھېسابلىنىپ «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ نام ئالغان مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىپ چىققان.[1]

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى نەزمىلەرنىڭ قاپىيىسى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئاساسەن ئاياق قاپىيە شەكلىدە، بەزى مىسرالار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي قاپىيە شەكلى — باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي مېتودى.

«قۇتادغۇبىلىك» رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا رومانتىزم ۋە سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودىمۇ ياندىشىپ ماڭغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلغان يىلى، ھەجمى، قەدىمكى قول يازما نۇسخىسى، سۆز سانى تۆۋەندىكىچە:

«قۇتادغۇبىلىك» مىلادى 1069 - 1070 - يىللىرى، ھىجرىيە 462 - يىلى كاشغەردە يېزىلغان؛ 85 باب، 6.645 بېيىت، 13.290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرى ۋە نەزمى مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)؛ ئۇنىڭ ۋېنا (1439 - يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن)، قاھىرە ۋە پەرغانە (ياكى نەمانگان) نۇسخىسى بار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى (1439 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، قاھىرە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقى (ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى) دا، پەرغانە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقىدا يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسلى ئەسەرنى قايسى يېزىقتا يازغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇ ھەر ئىككى خىل يېزىقنى بىلگەن. داستاننىڭ ئىككى خىل يېزىقتىكى نۇسخىسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، كېيىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ئەينەن كۆچۈرۈپ قويغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياۋى قىممىتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئىستېبدات، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تامامەن يېپيېڭى بىر ئەسەر، «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىچىدە ئۇنىڭ نەمۇنىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ يەردىكى ئەدەبىياتنىڭ غولىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان ئىدى. XI ئەسىردە «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تېما، سيۇژىت، بەدىئىي شەكىل، تەسۋىرلەش كۆلىمى، ژانىر ۋە ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىدىكى تارىخىي گۈزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن چاغدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو (خەنزۇ ئەدەبىياتى كۆزدە

---

① ق. كەرىمۇۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى ترانسكرىپسىيە ۋە تەۋسىپى ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىگە قارالسۇن، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى، 1971 - يىل نەشرى. («ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە «قۇتادغۇبىلىك»»، 790 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.)

تۈتۈلىدۇ — نەقىلچىدىن) قاتارلىق ئەللەردە (ۋە ياپونىيەدە - نەقىلچىدىن) يازما ئەدەبىيات مەيدانىغا كەلگەن، هازىرقى تەرەققىي تاپقان باشقا مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتى (بۇ يەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىلچىدىن) بار ئىدى.[1]

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز دەۋرىدىمۇ، هازىرمۇ چوڭ تەسىرگە ۋە يۇقىرى باھاغا ئىگە بولغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ كىتابقا قوشۇلغان بىر مۇقەددىمىدە: «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنداق پىكىرگە كەلدىلەركى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلى ۋە تۈركىي سۆزلەر بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتاب يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھ ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، كىتابنىڭ غايەت ياخشى ۋە كۆركەملىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ۋە ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (دۆلەتنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى)، ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھېكىملىرى «ئەينۇلمەملىكە» (مەملىكەت ئەينىكى)، مەشرىقلىقلار «زىنەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» (تۈركلەر شاھنامىسى) دەپ ئاتىغان بولسا، بەزىلىرى «پەندنامەئى تۈرك» (تۈركلەر نەسىھەتنامىسى) دەپ ئات قويدى. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىدى». بۇلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆز دەۋرىدىلا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە چىڭگىزخانىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» يازدۇرغانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 - يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بېيىتلارغا تەقلىدىي يېزىلغان تۆۋەندىكىدەك بېيىتلارنىڭ بولغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ:

كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
بۇ ئوز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.

بۇ بېيىت «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق:

ئوقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ سۆز كۆركى كۆز.

بۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب، تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن نەسرىدىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۆلەت سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر جەھەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] لىيۇبىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىلى 4 - سان، 101 - بەت.

# § 4 . مەھمۇد كاشغەرى

## 1 - مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

مەھمۇد كاشغەرى (? 1019 / 20 - ? 1113/4) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

مەھمۇد كاشغەرى كاشغەر (كونا شەھەر ناھىيىسى) نىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق (بۇ كەنت كېيىنچە «قۇمباغ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان) كەنتىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ فېئودال خانزادە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، يەنى ئۇ ئاتا تەرەپتىن خاقان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، دادىسى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد. مەھمۇدنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرى؛ ئانا تەرەپتىن ئالغاندا، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدىكى دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجا سەيپىددىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈبى رابىيەنىڭ ئوغلى.

مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى كاشغەردە ئالغان. ئۇ دەۋردە كاشغەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر بىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئالىملار بۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. كېيىن مەھمۇد كاشغەرى بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى ھەم نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان[1]؛ تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئىسلام تارىخىنى، پەلسەپىسى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىمۇ پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن؛ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ئىگىلىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. كاشغەر، بالاساغۇن، خارەزم، پەرغانە، بارسغان، تالاس، ئىسپىجاب، قوچۇ، بەشبالىق، ئىلى دەريا ۋادىلىرى ۋە موڭغۇل، گەنسۇ دالىلىرىغىچە بولغان پايانسىز تېررىتورىيىلەرنى كېزىپ كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلمىي ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن كاشغەرگە قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە جايلاشقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان تاۋاپ قىلىپ كەلگەن «ھەزرىتى موللام مازىرى» مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھىدۇر[2].

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بۇ ئەسىردە يەنە «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋفى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار نەھۋىسى — سىنتاكسىسنىڭ جەۋھىرى) ناملىق باشقا بىر ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «پەلسەپە» تومى. جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى بىرىنچى توم، 1987 - يىلى نەشرى، 556 - بەت، خەنزۇچە.

② مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا ئىلگىرى ھەر خىل قاراشلار بار ئىدى. 1980 - يىللاردىن كېيىن ئېلىمىزدا بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئى. مۇتىئى، م. ئوسمانلارنىڭ «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى تاللاپ ئېلىندى. («تارىم» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى، 3 - سان.)

سۆزلەيدۇ، ئەمما ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

## 2 ـ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»نىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى. ئۇ 1072 ـ 1077 ـ يىللىرى يېزىلغان. مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى».②① مەھمۇد كاشغەرى كاشغەردىن باغداتقا بېرىپ ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»③ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى يازغان.

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»كە تەخمىنەن 7500 پارچىدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) كىرگۈزۈلگەن، 242 پارچە شېئىر ـ قوشاق توپلانغان، 200 پارچىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل يىغىلغان، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن، مەھمۇد كاشغەرى سۆزلەم، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىپ، بۇلارنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان، يەنى ئەسەرنى ئەرەبچە يازغان ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويغان.

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى چوڭ جەھەتتىن نەسرىي ئەسەرلەر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېيتىشىش — مۇنازىرە ژانىرىغا تەئەللۇق، يەنى درامىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە پارچىلارمۇ بار.

1) نەسرىي ئەسەرلەر

«دىۋان»④دىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، ۋە سەجئەلەر⑤دىن ئىبارەت. «دىۋان»دا نەچچە ئون پارچە ئەپسانە ـ رىۋايەت بار. ئۇلارنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

① تەڭرى ـ مەبۇدلار توغرىسىدىكى ئەپسانە، مەسىلەن، قۇلباق ئەپسانىسى، ئۇماي ئەپسانىسى، ئىلاھى دەرەخ ئەپسانىسى قاتارلىقلار.

② قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

شۇ خاقان ھەققىدىكى رىۋايەت، شۇنداقلا زۇلقەرنەين قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تىركەشكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر. بۇ رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر خاقانى، شۇنىڭ پەن ـ پاراسىتى ۋە جاسارىتى، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن.

③ قەبىلە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

---

① مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» بىرىنچى توم، 7 ـ بەت.

② «دىۋان»نىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش ئۈچۈن مىسال ئېلىنغان ئۆرنەكلەر ش ئۇ ئا ر «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تومىلىرىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى نەشرى.

③ يۇقىرىقى كىتاب بىرىنچى توم، 5 ـ بەت.

④ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ.

⑤ سەجئە — قاپىيىلىك نەسر.

«دىۋان» دا تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، تۈركمەن، چىگىل، تۇبۇت قاتارلىق ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم رىۋايەتلەر بېرىلگەن. بۇ رىۋايەتلەر بەلگىلىك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي قىممەتكىمۇ ئىگە.

① ھەرخىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

«دىۋان» دا يەر - جاي، دەريا ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلەن، ئوردۇ كەنت، بارچۇق، قازۋىن، ئەرتىش، تاشكەنت، بارمان قاتارلىقلارنىڭ ئىسىم بولۇپ قېلىشى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق رىۋايەتلەر بار.

يەنە يېمەك - ئىچمەك، بالىلار ئويۇنلىرى، مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە باشقا شەيئىلەر توغرىسىدىمۇ قىسقا، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك رىۋايەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەن-گەن.

2) شېئىرىي ئەسەرلەر

«دىۋان» دىكى شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئېپىك شېئىرلار ۋە لىرىك شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ[①].

بىرىنچى، ئېپىك شېئىرلار

«دىۋان» دىكى ئېپىك شېئىرلار ئېپوس ۋە داستان پارچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مەسەل (مەسەللىك داستان) لارمۇ بار.

توڭا ئالپ ئەر توغرۇلۇق شېئىرىي پارچىلار قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ پارچىلاردا قەدىمكى قەھرىمان توڭا ئالپ ئەر، يەنى ئافراسىياپ توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ.

داستانلار تۈركۈمىگە بىكەچ ئارسلان تېگىن داستانى (پارچە) ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى سۆزلەنگەن شېئىرىي پارچىلار كىرىدۇ. يەنە باشقا داستانلاردىن پارچىلارمۇ تېپىلىدۇ.

ئىككىنچى، لىرىك شېئىرلار

«دىۋان» دا لىرىك شېئىرلار بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنى مەزمۇنىغا قاراپ

① ناخشا - قوشاقلار (مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى، تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر قوشاقلار— پىزاز لىرىكىلىرى)

② مەرسىيەلەر (بۇ يەنىلا توڭا ئالپ ئەر ۋە باشقا نامەلۇم بىر قەھرىمانغا ئوقۇلغان مەرسىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ).

③ ساقىنامىلەر

④ ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز[②] (بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاپىيىداش كەلگەن) لەر دېگەن تۆت تۈركۈمگە ئايرىيمىز.

3) مۇنازىرە شېئىرلىرى

«دىۋان» دا قىش بىلەن يازنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسىگە دائىر، يەنى «قىش ۋە ياز» دېيىلىشكە تېگىشلىك پارچىلار بار. بۇلارنى ئاددىي سەھنە ئەسىرى، يەنى دراملىق ئالاھىدى-لىككە ئىگە پارچىلار تۈرىگە تەئەللۇق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، سەھنە ئەسەرلە-

---

① «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە جەمئىي 242 كۇپلېت (بىرىنچى تومدا 117، ئىككىنچى تومدا 48، ئۈچىنچى تومدا 77) شېئىر بار.
② «دىۋان» دا مىسال ئېلىنغان ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر 200 پارچىدىن ئارتۇق.

رىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى مۇنازىرە — دىئالوگ ئىدى. بۇ خىل شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى يەنە ئۇلارنى مەسەل ياكى مەسەللىك داستان دەپ بىلىشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ.

«دىۋان» دىكى «قىش ۋە ياز» داستان ياكى ئېپىك شېئىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كونا شېئىرىيىتىدە مۇنازىرە شەكلىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«دىۋان» دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى مول مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئوبرازلىق يوسۇندا يورۇتۇپ بەرگەن.

«دىۋان» دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى. «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئىلغار مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن. تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» غا كىرگۈزگەن ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇزۇن يىللار تارقىلىش جەريانىدا تاۋلانغان، تاللانغان، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب ئىنزھارى، سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئىپادىسىگە ئايلانغان.

مەلۇمكى، چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئۇ ئىلغارلىق، ساغلاملىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چىنلىقتىن ئايرىلغان ھەقىقىي ئەدەبىياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات چىن بولغاندىلا، ئاندىن بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ چىن بولۇش - بولماسلىقى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي قايىل قىلىش كۈچى، ھاياتىي كۈچىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

«دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسلانغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ رەتلەپ، تاللىشىدىن ئۆتۈپ «دىۋان» دىن ئورۇن ئالغان.

مەيلى رىۋايەتلەر، ئېپوس، داستانلار بولسۇن، مەيلى ناخشا - قوشاقلار بولسۇن، ئۇلارنى ئوخشاشلا چىنلىق ئۆلچىمى بويىچە باھالاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يەر - جايلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن كۆرە، ئالىملار ئۇلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق رولىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ كېلىشمەكتە. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسكە ئالساق كۇپايە، ئۇ مۇنداق يازغان: «ئومۇمەن، مەھمۇدنىڭ تۈرلۈك شەھەرلەرگە دائىر بەرگەن قىسقا مەلۇماتلىرىدىن (بەزىلىرىنى بەزى رىۋايەت دەپ قارىدۇق — نەقىلچىدىن). ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر بۇ زاتنىڭ قولىدا بارلىقى ئوقۇلىدۇ... مەسىلەن ‹مۇقەننا›، دېگەن ئادەم ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلار تۇرىدىغان ‹ئىنچۇكەنت›، شەھىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شەھەر ئاشۇ قوۋمنىڭ تەۋەسىگە ئەرەب ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن خاراب بولغان»[1].

دەرۋەقە «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» يېزىلىشتىن 300 يىل بۇرۇن يەنى مىلادى 776 - 784 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا، قارشى دەريا ۋادىسىدا ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى

---

① ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى».

مۇقەننا رەھبەرلىكىدە خەلق ھەرىكىتى بولغانىدى.

ئۇنداق بولسا، تۆۋەندە بىر پارچە قوشاقنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

يىگىتلەرگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ،
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.[1]

[يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ، قۇلان ـ كېيىك ئۆۋلىتىپ، بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى]

بۇ قوشاقتا تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. كونىلاردا «ياش ئىشقا، قېرى ئاشقا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. مەيلى ئائىلە، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى، سەيلە ـ تاماشىلاردا بولسۇن، ئېغىر ئىشلارنى يىگىتلەر قىلىدۇ، بۇ ھازىرغىچە ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن.

مەھمۇد كاشغەرى كىچىكىدىن ئىناق، ئەخلاقلىق بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان، پەزىلەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن تەسىر ئالغان بولغاچقا، تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ياخشىلىق بىلەن قاباھەتلىك، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ھەققانىيەت بىلەن ناھەقچىلىك مەسىلىلىرىدە ئۆزىگە خاس مەۋقەسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «دىۋان»غا كىرگۈزگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ھەققانىيەتنىڭ، ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «دىۋان»دا چۈشكۈنلۈك، شەھۋانىيلىق، ھورۇنلۇق، نادانلىق تەرغىب قىلىنىدىغان ئەدەبىي پارچىلار زادى ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھال نۆۋەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى توپلاشتىكى مەۋقەنى توغرىلاشتىمۇ ئۈلگىلىك رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي پارچىلارنىڭ شەكىل تۈزۈلۈشى.

«دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە.

رىۋايەتلەرنى سۆزلىسەك، ئۇلار ھەجىم جەھەتتە قىسقا، يىغىنچاق، بەلگىلىك ئوي ـ پىكىر مەنتىقى تەرتىپ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن جەرياني كېڭەيتىلىدۇ، ئاخىرىدا مۇئەييەن بىر مەقسەتكە يېتىپ، مەزمۇن تۈگەللىنىدۇ. تۆۋەندە «چىگىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«چىگىل. ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى، بۇلارنىڭ چىگىل دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىمىش: زۇلقەرنەين ئارغۇ ئېلىگە كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار ماڭغۇسىز دەرىجىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەين پارس تىلىدا ‹اين چەكل است ـ نېمىدېگەن يامان پاتقاق› دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. بۇ قورغان ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىنچە ئەتراپلارغا يېيىلغان ئىكەن...»[2]

---

① «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»، بىرىنچى توم، 348 ـ بەت.
② «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، بىرىنچى توم، 511 ـ بەت.

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا بىر قەدەر ئەتراپلىقراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«دىۋان»دىكى شېئىرلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر شەكىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرنەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار يالغۇز دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىلا بۇرۇلۇش قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى، بۇ خىل تەسىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكىل تۈزۈلۈشىگىچە بېرىپ يەتتى. مەھمۇد كاشغەرى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، «دىۋان»غا كىرگۈزگەندە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى 140 يىللار بولۇپ قالغان. بۇ جەرياندا قويۇق ئىسلام دىنى ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بەزى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ئەمما، مەھمۇد كاشغەرى ئاساسلىق دىققىتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بۇرىغان.

ئېغىز ئەدەبىياتى كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە. «دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن ئۇچرىمىغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىمكان بېرىدۇ.

شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈـمىز.

1) ۋەزىن ئالاھىدىلىكى.

«دىۋان»دىكى شېئىر كۆپى دېگۈدەك بارماق (بوغۇم) ۋەزىنىدە، ئاز بىر قىسمى ئارۇز ۋەزىندە يېزىلغان.

بارماق ۋەزنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي ۋەزنى بولۇپ سانىلىدۇ. ئورقۇن مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى نەزمى مىسرالار، «ئوغۇزنامە»دىكى نەزمى مىسرالار ۋە قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلغان.

بارماق ۋەزنى جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ، شوخ ۋەزىن، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، پسىخىك خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدۇ. شىمالىي قۇملۇم ئۇيغۇرلىرى كۆچمەن تۇرمۇش رىتمى ئاساسىدا شېئىرىي ئەسەرلىرىنى مۇشۇ ۋەزىن شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلىگەن. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى ۋەزىن شەكلىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن.

ئارۇز ۋەزنى — بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي ۋەزىنلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرـلار ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزىنـنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئارۇز ۋەزنىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان. بىز يۇقىرىدا «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئاساسەن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەسەرلەر ئىدى دەپ ئۆتكەن ئىدۇق، «دىۋان»دا بېرىلگەن:

ئالغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىڭ ئۇلە.
(ئەي ئوغۇل مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سال، پەزىلەت تىلە،
ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات)

بۇ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىردىن، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىش ئۇيغۇرلاردىمۇ بولغان دېگەن پىكىرنى ئىپتىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ.

«دىۋان»دا قەيت قىلىنغان 242 كۇپلېت بېيىت شېئىرىي مىساللاردىن 69 بېيىت ئارۇز ۋەزنىنىڭ «بەھر تەۋىل» تۈرىگە كىرىدىغان بەست، رەجەز، رەمەل، ھەجەز بەھرلىرى ۋە «بەھر قەسىر» تۈرىگە كىرىدىغان مۇزارائىد، مۇتەقارىپ، مۇقتەزەب قاتارلىق بەھرلەرنىڭ ئۆلچىمىگە توغرا كېلىدۇ.

2) قاپىيە شەكىللىرى

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلار ھەرخىل قاپىيىدە يېزىلغان.

(1) باش قاپىيىلىك شېئىرلار.

باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا بىر قانچە خىل شەكىل قوللىنىلغان.

① باشلانما سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

<u>ئەردەم</u> تىلە ئۆرگە نىبەن بولما كۆۋەز،
<u>ئەردەمىنى</u> ئۆگرە نىبەن ئىشقا سورا. (AA)

② باشلانما سۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ مىسراسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،
ئايىق ئابىب قويماڭىز.
ئاقار كۆزۈم ياش تەڭىز،
تەگرە يۈرە قۇش ئۇچار. (BAAA)

③ باشلانما سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسراسى قاپىيىداش كېلىش شەكلى. مەسىلەن:

ئىگلەدى مەنىڭ ئاداق،
كۆرمەدىب ئوغرى تۇزاق.
ئىگلەدىم ئاندىن ئۇزاق،
ئەملەگىم ئەمدى تۇزاق. (CABA)

④ باشلانما سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە تۆتىنچى مىسراسى قاپىيىداش كېلىش. مەسىلەن:

يالۋىن ئانىڭ كۆزى،
يەلكىن ئانىڭ ئۆزى.
تولۇق ئايىن يۈزى،
ياردى مەنىڭ يۈرەك. (ACAB)

⑤ باشلانما سۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسراسى قاپىيىداش كېلىش. مەسىلەن:

تەركەن قاتۇن قۇتىڭا،
تەگۈر مەندىن قوشۇغ.
ئايغىل سىزنىڭ تابۇغچى،
ئۈتنۈر يېگى تابۇغ. (CBAA)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، باشلانما سۆزلىرىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى مىسراسى (BACA)، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسراسى قاپىيىلەشكەن ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى مىسراسى بىر خىل قاپىيە، ئۈچىنچى تۆتىنچى مىسراسى بىر قاپىيە (BB—AA) لەشكەن شېئىرلارمۇ بار.

دېمەك، باش قاپىيىدە سەككىز خىل ئەتراپىدىكى شەكىل قوللىنىلغان. ئەمما بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئاياغ قاپىيە شەكلىمۇ بولغان.

(2) ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلار

«دىۋان» دىكى ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇخىل.

① تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن شېئىرلار. مەسىلەن:

ئىتىم تۇتۇپ قۇدى چالدى،
ئانىڭ تۇسىن قىرا يۇلدى.
باشىن ئالىپ قۇدى سالدى،
بوغۇز ئالىپ تۇكەل بوغدى. (AAAA—)

② ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن شېئىرلار. مەسىلەن:

چاغدى بەرب قۇشلاتۇ،
تايغان ئىدىپ تىشلاتۇ.
تولكى، توڭۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلەن ئۈگلەلىم. (ABAA—)

③ ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالىرى قاپىيىداش كەلگەن شېئىرلار، مەسىلەن:

تۇتچى ياغار بۇلۇتى،
ئالتۇن تامار ئارىغ.
ئاقسا ئانىڭ ئاقىنى،
قاندى مەنىڭ قانىغ. (ACAB)

④ ئېپىك شېئىرلار، داستانلار ۋە بەزى لىرىكىلارنىڭ ھەربىر كۇپلېتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش قاپىيىدە كەلگەن بولسا، تۆتىنچى مىسراسى كېيىنكى

كۇپلېتلارنىڭ تۆتىنچى مىسراسى بىلەن ئوخشاش قاپىيىلەنگەن. مەسىلەن:

باھار يامغۇرى
قار، بۇز قاموغ ئەرۋشدى
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى.
كۆكشىن بۇلىت ئۆرۈشدى،
قايغۇق بولۇپ ئەگرۈشۈر.

ئاي قوپۇپ ئەۋلەنۇپ،
ئاق بۇلىت ئۆرلەنۇپ.
بىر - بىرى يۈزە ئۆكلۈنۈپ
ساچلۇب سۇۋى ئەگرەشۈر.

ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى.

«دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئەرەب تىلىدا بېرىلگەن.

تىل ئالاھىدىلىكى دېگەندە، ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەرەبچە يەشمە بېرىلگەن شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىمىز. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، شېئىر - قوشاقلاردا ئىشلىتىلگەن تىل قەدىمىيلىككە ئىگە، خەلقىنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغان، ئوبرازلىق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆپ قوللىنىلغان تىلدۇر.

قەدىمىيلىككە ئىگە دېگىنىمىز، «دىۋان»دىكى بەزى شېئىرىي پارچىلار مەسىلەن، توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدىكى ئېپوستىن ئېلىنغان پارچىلار تولىمۇ يىراق دەۋر بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ پارچىلاردىكى سۆز - جۈملىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خەلقنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغان دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا «چۇچۇ» دېگەن بىر كىشىنى تۈرك شائىرى دېگەندىن باشقا، يازغۇچى - شائىرلار توغرۇلۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرمىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپى خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئەدەبىي پارچىلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز - جۈملىلەر ئەلۋەتتە خەلقنىڭ جانلىق تىل خەزىنىسىدىن ئېلىنغانلىقى بىلىنىدۇ. بۇ سۆز - جۈملىلەرنىڭ چارۋىچىلىق، ئېكىنچىلىك ۋە ھۈنەر - كەسىپكە دائىرلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىش — تەپەككۇردا چوڭقۇرلۇقنى، چۈشەندۈرىدۇ ۋە بىلىمدە مول بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «دىۋان»دىكى شېئىر - قوشاقلار ياكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوبرازلىق تىل بىلەن يېقىملىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن بىر كۇپلېت كۆرۈپ ئۆتەيلى:

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز،

قارا مەڭىز قىزىل يۈز.
ئاندىن تامار تۆگەل تۈز،
بۇلنار يەنە ئول قاچار.

[خۇمار كۆزلۈك، قارا مەڭلىك، قىزىل يۈز مېنى ئەسىر قىلدى، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك تامىدۇ، مېنى ئەسىر قىلدىيۇ، ئۆزى قاچتى.]
بۇ قوشاقتا مەھبۇبىنىڭ پورتېرتى ئوبرازلىق سۈرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر خىل گۈزەللىك لىباسى كىيدۈرۈلگەن.

ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ سۆز قىلىش بىپايان تۈزلەڭلىك، ياپپېشىل يايلاق ۋە ئەركىن، ئازادە تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇملۇق ئادەتلىرىدىن بىرى. ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋول قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىرلىك، جانلىق، ئېنىق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي، ئوبرازلىق تەسۋىرى خاتىرىسى بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلار يوقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەرلەردىن ھېسابلانغاچقا، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، بەزىلىرى بولۇپمۇ ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاغزاكى يوسۇندا ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ كېيىنكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەندىزىلىك ئۈلگە بولۇش رولىنى يوقاتمىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بولۇپمۇ قوشۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق قوشاقلىرىدىكى شەكىللەرنىڭ كۆپى «دىۋان» دىكى شېئىر - قوشاقلارنىڭ شەكىللىرىگە ئوخشايدۇ.

## § 5 . ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى

### 1 - ئەھمەد يۈكنەكى

ئەھمەد يۈكنەكى (?1110 — ?1180) نىڭ تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى. زاماندا شلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ، ئەدىب ئەھمەد ياكى ئەھمەد يۈكنەكى دەپ ئاتالغان.

شائىرنىڭ دادىسى مەھمۇد، يۇرتى — يۈكنەك[1] دېگەن يەر ئىدى. ئۇ تۇغما ئەما كىشى بولسىمۇ، لېكىن يېتۈك ئەدىب، فازىللارنىڭ كاتتىسى بولۇپ يېتىشكەن. ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.[2] بەزىلەر قاراخانىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولسا كېرەك دەپ ھېسابلاشقان.[3] ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى، ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق يېگانە ئەسىرى يېتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ يەنە

---

① بۇ يەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

② «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» (1994 - يىلى چېڭدۇ نەشرى، 738 - بەتتە) دا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ياشىغان يىللىرى 1110 - 1180 - يىللار دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك.

③ تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم ئەھمەد يۈكنەكى تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن ماكىبەگ - بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگنى ئىلىكخانلار - قاراخانىيلار جەمەتىدىن، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىلىكخانىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلىغان.

«ھىبەتۇل ھەقايىق» دېگەن نامىمۇ بولغان.①

شائىرنىڭ ياشىغان ۋاقتى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىللىرى ھەققىدە ئېنىق پاكىت يوق. پەقەت داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ ئىلمىي پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئىزدەنگەن ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان.

ئەسەر 14 باب.② ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت بابى كىرىش قىسمى، كېيىنكى ئون باب ئاساسىي مەزمۇن قىسمى.

شائىر ئۆز ئەسىرىنى «تۈركىي كىتاب» دەپ ئاتىغان. ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان③ دېگەن كىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋىسىدە بولسا مۇنداق دېگەن

تامامى ئەرۇر كاشغەر تىلى بىلە،
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە.
ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەركىشى،
بىلور ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى.

ئەسەرنى يېقىنقى زامان ئىلمىي خادىملىرى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنى داستان دەپ قارىغان. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا داستانلارغا زادى ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان، يەنى ئۇنىڭدا ئۆتۈش كەتكەن ۋەقەلىك باغلىنىشى، توقۇنۇش، كونكرېت ۋە سالاھىيەتلىك پېرسوناژلار ئوبرازى كۆزگە چېلىقمايدۇ.

بۇ داستان پەلسەپىۋى ياكى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى مەزمۇن ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە ئىپادىلەنگەن. شائىر ئوبيېكتنى كۆپرەك لىرىكىلىق يول بىلەن سۈرەتلەيدۇ. بۇ ھال، داستاننى سىياسىي، ئەخلاقىي لىرىكىلىق چاتما شېئىرلار تۈركۈمى ياكى توپلىمى دەپ قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇنى دادىل ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر «بىلىم، ئەخلاق، ئادالەت» چۈشەنچىسىنى بىر تال قىزىل يىپتەك داستاننىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئۆتاشتۇرىدىغان ئوبراز ۋاستىسى دەپ تونۇپ، شۇنى چۆرىدىگەن ئاساستا بىر قاتار ئىجتىمائىي قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئومۇمەن، شائىر ئەسىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، كەمتەرلىك، كۆيۈمچانلىق، ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بىلىمسىزلىك، توخۇ يۈرەكلىك، قاباھەتلىك، تەكەببۇرلۇق، ۋاپاسىزلىق، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدىب ئەسىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋرىدىن نارازى بولۇپ، ھەجۋى

① بۇ ئەسەر بەزىدە «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇ نام ئۇنىڭ C، B نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدىن كونا ھەم تولۇق بولۇپ، شۇ نۇسخىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېيىلگەنلىكى ھەم بۇ نام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر مۇشۇ نام ئىشلىتىلمەكتە.

② ئەسەر جەمئىي 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولىدۇ. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

③ بۇ كىشىنى بەزىلەر XV ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ۋە شائىر كىشى بولۇپ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى رەتلەپ، كۆچۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان، دەپ ئېنىقلاپ چىققان. XIV ئەسىردىكى شائىر مەۋلانە سەككاكى ئارسلان خوجا تارقان دېگەن كىشىگە قەسىدە يازغان ئىدى.

تىل بىلەن قاتتىق پاش قىلىپ، سۆكىدۇ.

داستان قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ قىممىتى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يالغۇز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاقىسى، ئۆزگىرىش جەريانىنى بىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ داستاندا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان باش قاپىيە شەكلى كۆپ كۇپلېتلاردا كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن:

بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا.
بىلىگ بىرلە بولنۇر سائادەت يولى،
بىلىگ بىل سائادەت يولىنى بۇلار،[1]

لېكىن، داستاننىڭ كۆپ مىسرالىرى ئاياق قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان.

ئومۇمەن، «ئەتە بەتۇلھەقايىق» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك بىر ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2 ـ ئەھمەد يەسەۋى

ئەھمەد يەسەۋى (؟ 1086 ـ 1116) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. ئۇ سوفىزمنىڭ روھانىيەتچىل تەركىيدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان «يەسەۋىيە ـ جەھرىيە ـ قادىرىيە» ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەئەسسۇپ پىكىر ئېقىمىنىڭ تارىخىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

يەسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن يەسەۋىزمىلىق سوفىزم ئىدىيىلىرىنى تۇنجى بايان قىلىپ، دىنىي مەزمۇندىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «بۇغراخان تىلى» (خاقانىيە تىلى) بىلەن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخىي قىممەت ياراتتى.

يەسەۋى قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىدىكى سايرامدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھمۇد بولۇپ، دادىسى سايرام شەھىرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىبراھىم يەسسى دېگەن كىشى. ئانىسى قاراچاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

يەسەۋىنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخ قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ «ئارسلان بابا» ناملىق ئىشاننىڭ قولىدا داۋاملىق تەربىيىلەندى. ئۇ كىشى قازا قىلغاندىن كېيىن يەسەۋى سايرام شەھىرىدىن بۇخارا شەھىرىگە كېلىپ، مەشھۇر

---

[1] بۇ يەردىكى شېئىرلار غ. تۇرسۇن، ت. ئايۇپلار نەشرىگە تەييارلىغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلىدىكى نەشرى ئاساس قىلىندى.

تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. يۈسۈپ ھەمەدانى قازا قىلغاندىن كېيىن بۇ مەشھۇر ئىشاننىڭ ئورنىدا ئەھمەد يەسەۋى خەلىپىلىك قىلىپ داڭ چىقاردى. بۇ جەرياندا ئەھمەد يەسەۋى تولىمۇ تەركىيدۇنياچىلىق بىلەن تولغان قاراشلىرى يەسەۋىچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

يەسەۋى مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئىشان سۈپىتىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شەيخلىق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شۇنچىلىك زور شۆھرەت قازاندىكى، ھەتتا «مەدىنىدە مۇھەممەد، تۈركىستاندا خوجا ئەھمەد» دېگەن سۆزلەر تارقالغان.

يەسەۋى ئۆز يۇرتىدا — تۈركىستاندا ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوشۇرۇنغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقنى ئىستەپ، 63 يېشىدا چىللە خانىغا كىرىپ، روزى تۇتۇپ، ئىستىقامەت قىلغان بولسىمۇ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى — 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

تۈركىستان شەھەر ئەتراپىدا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا، مۇستاپاقۇل، ۋە دادىسى ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى قاراچاچ ئانىنىڭ قىزلىرى جامال خانىم، گەۋھەر خۇشتارخانىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، «نەسائىمول مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىدىن شەيخزادە ئاتايى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئاتانىڭ ئوغلى ھېسابلانغان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەبرىسى ۋە يەسەۋىلەرگە ئائىت مول مال - مۈلۈكلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (جوجىغان ئۇلۇسىنىڭ) خانلىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاپ - تالانغاندى. تۆمۈر توختامىشخان ئۈستىگە قىلغان جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن 1395 - 1397 - يىللىرى بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، يەسەۋىلەر قەبرىلىرىنى كېڭەيتىپ نەقىشلەپ ياساتقۇزدى. ئەھمەد يەسەۋى قەبرىگاھلىقى 1980 - يىللاردا خەلقئارا سەيلە ساياھەت ئۈچۈن قايتا رېمونت قىلىنىپ ئېچىلدى.

يەسەۋىنىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» (پەلسەپىلىك شېئىرلار توپلىمى) ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. «دىۋانى ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سوپىزملىق ئىدىيە ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكلى ئىككى گەۋدىلىك قىممەت ياراتقان. ئۇنى ھەم ئەدەبىيات، ھەم پەلسەپە ئىدىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەد يەسەۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ ماھىيىتى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەقسىدى مۇشۇ ماھىيەتنى بىلىش — ھەقىقەتكە ئېرىشمەك، دەيدۇ.

ئىلمىي خادىملار ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق رايونىدا XI ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بىر قېتىملىق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى بولغان، دەپ ھېسابلاشماقتا. شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن ئەڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى ئەھمەد يەسەۋى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوپىستىك ئىدىيىلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن، ئاجايىپ بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ دۇنياسىدا ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە» دىن ئىبارەت پۈتۈن تەرىقەتچىلەر تىلىغا ئالىدىغان ئۆزگىچە خاس سۇلۇكنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئەھمەد يەسەۋى ھېكمەتلىرىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاساسىي روھ دىداكتىك نەسىھەت روھىدەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جىسمى پەند - نەسىھەتلىرى بىرلا مەقسەتكە، يەنى

مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش مەقسىتىگە قارىتىلغان. چۈنكى «ھەقنى سۆيگەن ئاشىقلار» يولدىن ئېزىپ نەپسى دۇنيا ئۈچۈن ئىمان ساتارلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭچە بۇ دۇنيادا پاكىز ئەقىدىنى، پاكىز ۋۇجۇد، پاكىز قەلبنى، قىسقىسى، ئىنسانىي پەزىلەتنى بىرلا نەرسە — نەپسى (ئادەمنىڭ تويماس نەپسى) يۇيۇپ تاشلايدۇ. پەقەت نەپسانىيەتلا ئىنساننى ئۆزىگە خاس گۈزەل ماھىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، نىجاسەت ئازگىلىغا ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. شۇڭا، ئىنسان نەپسانىيەتتىن كېچىپ ئىشق يولىغا كىرىشى، دەردتىن قورقماسلىقى لازىم.

دەردتىسىز ئادەم ئادەم ئەمەس، مۇنى ئاڭلاڭ،
ئىشقسىز ئادەم ھايۋان جىنسى، مۇنى ئاڭلاڭ.

شائىرنىڭ دېيىشىچە، ئىشق يولىنى تاشلاپ، نەپسانىيەت يولىغا ماڭغۇچىلار «ھايۋان جىنسىدىن» بولۇر، ئىنسانىي پەزىلەتتىن مەھرۇم قالۇر.

نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تىيىپ - تىزىپ گۇمران بولۇر.
ياتسا - تۇرسا شەيتان بىللە ھەمراھ بولۇر...

مانا بۇ شائىرنىڭ نەسىھىتى، مانا بۇ شائىرنىڭ «تەرىقەت»تى، مانا بۇ شائىرنىڭ خىتابى.

يەسەۋى مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ئىدىيال (غايە) بايرىقى ئاستىدا ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن تەرىقىتى — پەلسەپۋى دۇنيا قارىشىنى تىكلىدى.

ئومۇمەن، يەسەۋىنىڭ «ھېكمەت»لىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتابخان ئۇنىڭدا سوپىلىقنى تەرغىب قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلار، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش، يوقىرى قاتلامدىكىلەرگە بولغان نارازىلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان پىكىرلەرنىمۇ بايقايدۇ. بۇ پىكىرلەر شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى چۈشىنىشتە بىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مىسرالارمۇ دىققەتتىن يىراق ئەمەس. يەسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىدە:

غەرىبلەرنى كۆرگەن يەردە ئاغرىتمەڭىز،
غەرىبلەرگە ئاچچىقلىنىپ سۆز قاتماڭىز.
زەئىپ كۆرۈپ غەرىبلەرگە تاش ئاتماڭىز،
بۇ دۇنيادا غەرىبلىكتەك بالا بولماس.

دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە:

سۇننەت ئىرمىش، كافىر بولسا، بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

دەپ كىشىلەرنى بىر - بىرىگە مېھرىلىك، رەھىمدىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

# VIII باب. موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## § 1. ئۇمۇمىي ئوبزور

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي تۆھپىسى.

يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) موڭغۇللار ئوتتۇرا ـ مەركىزىي جۇڭگو رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ قۇرغان سۇلالە ئىدى.

موڭغۇل قەبىلىلىرى ئەسلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، دەسلەپتە تېخى رەسمىي يېزىق ئىشلەتمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ھۆكۇمرانلىق قىلغان بەزى خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر تۆۋەنرەك سەۋىيىدە ئىدى. ئۆزلىرىدىن ئۇستۇن مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان خەنزۇلارغا ھۆكۇمرانلىق قىلىشتا بىرمۇنچە ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا يېتىشىۋېلىش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھۆكۇمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر ۋە قوشنا مىللەتلەردىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە ئەينى چاغدا خېلىلا ئوبدان ھەل قىلىنغان، يەنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى، ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان زىيالىيلارنى، سىياسىي ئەربابلارنى ۋە باشقا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىگە جەلپ قىلغان. ئالدى بىلەن موڭغۇللار ئۈچۈن يېزىق يارىتىلغان. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق بولۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى 1204 ـ يىللاردا چىڭگىزخان نايمانلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق بولۇپ قالغان.

يۈەن دەۋرىدە موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا كەڭ كۆلەملىك جەلپ قىلىنغان ۋە خىزمەتلەرنى دادىل، يۈرەكلىك ئىشلىگەن. موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن يالغۇز يېزىقلا قوبۇل قىلىپ قالماستىن، بەلكى سىياسەت بەلگىلەش، دۆلەت تۈزۈمى، مالىيە ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى قاتارلىق چوڭ ئىشلاردىمۇ يېتەرلىك ياردەملەرنى ئالغان. 1269 ـ يىلى قۇبلايخان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا باشقا يېزىق ئىشلىتىش توغرۇلۇق خانلىق سەلتەنىتى بىلەن يارلىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىت بولسا كېرەك.

مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بۇ دەۋردە يەنىمۇ زور ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ بېرىپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىجادىيىتىنىڭ يېزىق شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى، يەنى ئالدى بىلەن موڭغۇللار كۆپ سانلىق خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خەنزۇلار سان جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك شۆھرىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان ۋە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆز ئوبيېكتى— كىتابخانلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، يەنىلا ئىجادىيەتنى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن قىلىش ئەقىللىي ساۋات ھېسابلىناتتى. شۇڭا، مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئاساسىي ئىجادىيەت يۆنىلىشى قىلىپ تاللىۋالغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار تارىختىن بېرى ئىناق ئۆتۈپ چوڭقۇر تارىخىي ۋە مىللىي دوستلۇق ئورناتقان.

موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى چىڭگىزخان (1162 - 1227) تارقاق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سېلىۋاتقان بىر پەيتتە تۇرپاندىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى (خانى) بارچۇق ئارت تېگىن چىڭگىزخاننىڭ كارامەت غەيرىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە نىيەت باغلايدۇ. 1211 - يىلى ئۇ شەخسەن ئۆزى چىڭگىزخان ئوردىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى تاۋاپ قىلىدۇ، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېگىنگە نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلىدۇ، بەشىنچى ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە قىزى مەلىكە ئەل ئالتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە دوستلۇق مۇناسىۋەتتى ئورنىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، جۈملىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى تۆھپىلىرىنى كونكرېت بايان قىلساق: تىل - يېزىق، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي ئىشلار، مالىيە - ئىقتىساد، ئەدلىيە - قانۇن، تەرجىمە ئالاقە، مائارىپ ۋە تەلىم - تەربىيە، دىن، يېزا ئىگىلىك، يېمەك - ئىچمەك، تېبابەتچىلىك، دىپلوماتىيە، قاتناش - ئالاقە، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوينىغان رولى تىل - يېزىق ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان. نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى قۇرغان دۆلەتلەردە ئاتا بەگلىك (خان - شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازى)، مۇئەللىملىك ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، قېرىنداش موڭغۇل خەلقى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ موڭغۇللار دەۋرىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە مۇھىم ھەسسىلىرىنى قوشقان. تۆۋەندە مۇشۇنداق كىشىلەردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

چىڭگىزخان دەۋرىدىكى مۇئەللىملەر.

تاتا تۇڭا. بۇ ئادەم قوچۇلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە باشقا بىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى. شۇ زامانلاردا ئالتاي تاغلىرى بىلەن خانگاي تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغان نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تاياڭخان (كۈنخان) بۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان ۋە ئوردىنىڭ خانلىق تامغىسىنى تۇتقۇچى مۇھۆردارلىققا بەلگىلىگەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى نايمان قەبىلىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئالغاندىن كېيىن چىڭگىزخان تاتاتۇڭانىڭ

خىزمىتى ۋە ئىقتىدارىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ئوردىسىنىڭ تامغىسىنى تۇتقۇچى مۆھۈردارلىققا بەلگىلەيدۇ. باشقا خەلقلەر ئۈچۈن ئىشلەشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان يېزىقشۇناس تاتا تۇڭا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، تۇنجى ئەۋلاد موڭغۇل زىيالىيلىرى (ئاساسەن شاھزادىلەر) نى تەربىيىلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق «چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئادەم بولسا، تاتاتۇڭامۇ ئۇلار ئۈچۈن يېزىق يارىتىپ، بىر مىللەتنى — يېزىققا ئىگە، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى بىلەن خۇددى شۇنداق ئۇلۇغ ئەرباب» دېگەن باھاغا مۇيەسسەر بولىدۇ. دېمەك، تاتاتۇڭا ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار تارىخىدىكى ئۇلۇغ يېزىقشۇناس ۋە پېداگوك، ئۇيغۇر - موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخىي دوستلۇقىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان كاتتا ئەرباب، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك شەخس.

تاتا تۇڭادىن باشقا قارايىغاچ بۇيىرۇق، يورۇڭ تۆمۈر، سىبان، سەككىز، كېئورگى (كوركوز؟)، سەۋنچ قاتارلىق ئاتا بەگلەر ئۆتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۆئەللىملەر.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان خانبالىق (بېيجىڭ) نى مەركەز، مەركىزىي جۇڭگو رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىققان.

چىڭگىزخان ۋاقتىدا ئەتىۋارلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ ئەينى چاغ پەن - مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئەللىملەر خېلى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئارغۇن سالى (1244 ـ 1307) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تۈبۈت تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن يەنە نوم - دەستۇرلار، تارىخشۇناسلىق، مۇھەككەر - مۇھەننەس (ھونكىر - مۇنكىر) ئىلمى، مۇنەججىملىك، سېھىرگەرلىك، يەتتەنامەشۇناسلىق، دورىگەرلىك ۋە كۈتۈنۈش ئىلمى قاتارلىقلارنىمۇ پۇختا بىلگەن. ئارغۇن سالى قۇبلايخانغا ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپ ۋە تەستىقلىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان، جۈملىدىن ئۇ مەملىكەتنىڭ مائارىپ ساھەسىنى باشقۇرىدىغان باش ئەمەلدار بولۇپ، بىر مەزگىل ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىگەن.

بۇ دەۋردە يەنە مۇڭسۇس (1206 ـ 1267)، ليەن شىشەن (؟ 1230 ـ 1280)، سارابان، چوسكىخودزېر قاتارلىق مەشھۇر مۆئەللىملەر، ئالىملار ۋە پېداگوكلار بار بولغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇر، قارلۇق تارىخچىلىرىدىن ليەن خۇيشەن قىيا، سارابان، يۈجۇ، چولپان سالى، قۇتلۇق دۇرمىش، ئارۇن تۆمۈر، بايان قاتارلىقلار، تەرجىمانلاردىن ئۇراساڭ (ئەنزاڭ) پراجناشرى (بىلا تاشىل)، كاروناداس قاتارلىقلار تەسىرلىك ئورۇندا تۇرغان.

## § 2 . خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئەدىبلەر

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ

ئەسەرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇ تىل يېزىقىدا يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر تولىمۇ چۈشىنىشلىك. موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىچكى جايلار (جوڭيۈەن) دە بولغان، ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى موڭغۇل خانلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، خىزمەت كۆرسەتكەن مۈلكى ئەمەلدارلار ياكى ھەربىي قوماندانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا پات - پات قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، بىرمۇنچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالماي، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى، خۇش پېئىللىقى ۋە تىرىشچان، قىزغىنلىقى بىلەنمۇ زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىمىزكى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى «يارلىقلاردا، مۇراسىملاردا، ئارمىيىنىڭ، خانلىقنىڭ يىغىنلىرىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن» ئۇيغۇرلار «ئۆز تىل - يېزىقىنىڭ باشقا مىللەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى» بىلەن شەرەپ ھېس قىلاتتى ھەمدە «يېنىدا ئىشلىگەندە يېقىن بېرىۋالماي، تاشقىرىدا قاتار تۇرغان»، شۇڭا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىش تامامەن ئەكسىچە بولغان. ئۇلارمۇ بۇ ئاچقۇچتىن دەل ۋاقتىدا پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان مەزگىلدە خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالمايدۇ، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان. بۇ جەرياندا، بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار خەنزۇچە يادىكارلىقنى ۋە كۇڭزىچىلارنىڭ كىتاب - دەستۇرلىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنى، مەدەنىيەتنى قەدىرلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن. ليەن شىشەنگە ئوخشاش «كۇڭزىچىلار ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىش»نى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ۋاپات بولۇش ئالدىدا «مەن ساقىيالمايدىغان بولدۇم، ئوغلۇم مېنىڭ ئىرادەمگە ۋارىسلىق قىلسۇن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئۇيغۇرلار تارىخىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ تەلىم بېرىشى ئارقىسىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىجادىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلار خەنزۇ تىلى بىلەن ئىجاد قىلغان، كۇڭزىچىلارنىڭ ئېسىل كىتابلىرىنى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تېگى - تەكتىگىچە بىلگەن ۋە ئۇنىڭدىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيىسى ۋە مەزمۇنىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتقان. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا مىللەت تىللىرى، جۈملىدىن خەنزۇچە تىلدا يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.

### يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە

يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ناھايىتى كۆپ. ئەدىبلەردىن گۇەن يۈنشى، سەيدۇللا، مازۇچاڭ، شۆئاڭفۇ، ليەن شىشەن، گاۋكېكوڭ، جاۋشىيەن، ماشىدى، شىن ۋېنفاڭ، شې ۋېنجى قىيا، ليەن پۇكۇي، چىنانقىيا، شې يۈمى، شې جىدۇ، نەيشەن، سەن باۋجۇ، بىيەن لۇ، تېگىن ساڭيا، ليەن خېڭ، كەيلىباش، مارۇن، شىڭ شىمىڭ،

دادۇلۇ، بايان بۇقا تېكىن، بىرلىشا، شاشۇەنۇبىڭ، ليەن دۇن، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ، شې بەيلىياۋلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئىسىملىكتىنلا روشەنلىشىدۇكى، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى كۆپ، ئەدەبىي ئەسەرلىرى مول بولغان. ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان 28 خەنزۇ ئەمەس ئەدىبنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭلىق مىللەتلەردىن ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئەتراپىدا ئالىم بولغان.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. شۇڭا، يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، شۇڭا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇلار تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن شېئىر - نەزمىلەرنى يازغان. بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاپراق كېتىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىرى، بېيىت، نەزمە شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، خىيانەتچى - ئەمەلدارلارنىڭ شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەل تاغ - دەريالار ھەققىدە لىرىك شېئىرلارنى يازغان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن گۇەن يۈنشى، سەيدۇللا، شۇئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەي شەن، شې يۈلى، شې بەي لىياۋ، شې جۈدۇ، شيا شۈەن ۋېڭ، ليەن دۇن، گاۋكېكوڭ، ليەن شىشەن، مارۇن، ماشىدې، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ قاتارلىقلار بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋردىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان، ۋەھالەنكى كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە»لەردە 100 لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان.

### 1 - مازۇچاڭ

مازۇچاڭ (1278 - 1339) كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەردىن بىرى. كې شاۋمىن «يېڭى يۈەن تارىخى» دېگەن كىتابتا مازۇچاڭنى قوملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان دەپ يازغان.

مازۇچاڭ ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسىمۇ، دادىسىمۇ يۈەن ئوردىسىدا ئەمەل تۇتقان. ئۇ يەتتە يېشىدا خەت تونۇپ، بىلىم ئېلىشقا كىرىشكەن. بىر ئاز چوڭ بولغاندا

سىچۈەندىكى خەنزۇ كۆگىزچى جاگىينى ئۇستاز تۇتقان. 1315 ـ يىلى جايلاردىن تونۇشتۇرۇلغانلارنىڭ خۇلاسە ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغان، (يۈەن سۇلالىسى قانۇن ـ پەرمانلىرى بويىچە، بىرىنچىلىك موڭغۇللارغىلا بېرىلەتتى). شۇنىڭ بىلەن خەنلىن مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىسى، تەپتىش بېگى بولغان. مازۇچاڭ كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئورۇندا ناھەقچىلىكنى پاش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن چەتكە قېقىلغان، ھەتتا بىر مەزگىل مەنسەپسىز قالغان. مازۇچاڭ ئۆز تارىخىدا خەنلەن مەھكىمىسى خىزمەتكارى، رەسىم ـ يوسۇن ۋەزىرى، مەركىزىي دىۋان ۋازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شەنشى مەمۇرىي رايونلۇق باش مۇپەتتىش ياردەمچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ماۋزۇچاڭنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ «شىتيەن توپلىمى» ناملىق 15 جىلدلىق ئەسەر يازغان. ئۇ شىتيەن تېغىدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە شۇ نامنى قويغان. «يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر»گە 21 پارچە نەسرىي ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ «يىگىزۇڭ خاتىرىلىرى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «خاننىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى»، «چىڭخۇا ئىشلىرى تەپسىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «لىي خۇۋجىن ئەينىكى»، «يىللار خاتىرىسى»، «قاراغايلىق ساراي خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بولغان.

ماۋزۇچاڭ ئەسەرلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىدى. ئۇ بوۋىسى، دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، خەنزۇچە كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنگەن. يەنە تېخى مەشھۇر كۆگىزچىلارنى ئۇستاز تۇتقان. شۇڭا ئۇنىڭ يازغانلىرىلا ئوبدان ماقالە بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۇسلۇب جەھەتتە چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئېقىم ھاسىل قىلغان. ماقالىلىرىدىكى تەسەۋۋۇر قالتىس كەڭ، تىل جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يازغان چوڭ ـ كىچىك ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى روشەن، قايىللىق ئىدى. ئۇنىڭ «چىغىرىقنى دەسسەپ سۇ چىقىرىش»، «ئاياللار زارى»، «يىپەك سوزانە»، «ئات باقار» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە تازا لەززەت بېرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئىدى. مۇئەللىپ بۇ شېئىرلاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ، باي، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك رەزىل تۇرمۇشىنى پاش قىلغان ۋە ئەيىبلىگەن.

مازۇچاڭ «خې شى دىيارىدىكى نەزمە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

تۇرىدۇ تىلمەن تېغى ئاستىدا خېشى مەۋج ئۇرۇپ،
يېشى ئون سەككىزدە قىزلار چېچىنى ئالغان تۈرۈپ،
لالىدەك كۆركەم ئېگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،
جۈپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ،
يول ئالار غەرب دىيارىغا تۆگىگە دۈردۈن بېسىپ،
قايتىشار بايلىققا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ،
ئالدىغا مومدىنمۇ ئاپئاق قوي يېغىنى قويۇشۇپ،
ئىچىشەر مەيزاپنى ئۇندا كاسىنى لىق تولدۇرۇپ.

## 2 ـ گۈەن يۈنشى

گۈەن يۈنشى (1286 ـ 1324) داڭلىق نەسرىي غەزەل يازغۇچى، ئاتاغلىق خەتتات،

ئۇستا مۇزىكانت ۋە رەسسام، ماھىر غەزەلچى، پىشقان دراماتورگ، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

گۈەن يۈنشى خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۈەن يۈنشى ( 贯云石 )، گۈەن يۈنشى قىيا ( 贯云石海涯 ) دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز ئۇيغۇرچە «كۈن سەۋىنچ» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ. ئۇ سۈەنجەي ( 酸斋 ) يەنى تاڭسىق، ئاچچىق چۈچۈك دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان.

گۈەن يۈنشىنىڭ ئانا يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمىي ئۇيغۇر شەھىرى جىمسار ئىدى. ئۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغانىدى. قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى، ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. شۇنداقلا بۇددا پەلسەپەچىسى ئىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۆھپە قوشقان.

گۈەن يۈنشىنىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تالانتى بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

گۈەن يۈنشى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر ( 诗 )، دراما ( 曲 )، بېيىت ( 词 )، ماقالە ( 文 ) قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئۇ نەسرىي غەزەل ( 散曲 ) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

گۈەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان. يۈەن دەۋرىدىكى ياڭ جياۋ يىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» ( 阳春白雪 ) ۋە «تىنچ كۈيخانا» ( 太平乐府 ) قاتارلىق كىتابلارغا ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى كىتابقا ئەسىرى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، «باھار قارلىرى»غا كىچىك نەسرلەردىن 36 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن بىر پارچە كىرگۈزۈلگەن. «تىنچ كۈيخانا»گە كىچىك كۈيلەردىن 30 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئالتە پارچە كىرگۈزۈلگەن. گۈەن يۈنشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياڭ جياۋ يىڭ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شۈزەيسىننىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ «سۈەنتيەن كۈيخانىسى» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما»غا گۈەن يۈنشىنىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. گۈەن يۈنشىنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

گۈەن يۈنشى ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى ئاكتىۋال ئىدى. زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشىنى ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق تېما. ئۇ ياشاش جەريانىدا ئاۋام خەلق ئارىسىغا چۆكتى. ئەسەرلىرىدە ھەممە دەۋردە ئورتاق مىزانغا ئايلانغان نام-مەنپەئەت تالىشىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكتى. ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇملۇق مۇھىتىدىن ئايرىلىپ تەنھا - خاتىرجەم، ھۆرلۈك ئاستىدا ياشاشتەك ئارزۇسىنى نامايان قىلدى. بىز ئۇنىڭ «جىڭجياڭىن نەزمىلىرى» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

تۆھپىسى تۇرسىمۇ، مۇندا بولدى خەشەك،
قالدى مۇشكۇلاتقا ئۆرتىنىپ يۈرەك.
تۇنۇگۈن بولغانتى دىۋان ئىچرە ۋەزىر،
بۈگۈنى ئايلاندى گويا داڭگال - كېسەك.

مەن كەبى كەتتى ئىزدەپ پىنھان كۆشەك .①

بۇ شېئىر يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ۋەزىر ئەمەلدارلارغا بېغىشلانغان بولۇپ ئەمەل تۇتقۇچىلارغا ھامان خەۋپ ـ خەتەر خىرىس قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، تۆھپىكار ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ماھىيەت جەھەتتە ئاپتورنىڭ ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغىنى يۈەن ئوردىسىدىكى ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، ئالدامچىلىق، نام ـ مەنپەئەت تالىشىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئۇلىنى كولاشتەك چىرىك رەزىل ئەھۋاللاردۇر.

گۆەن يۈنشى غەزەللىرىدىكى يەنە بىر كۆزگە تاشلىنىدىغان تېما ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇھىتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. مىسال ئۈچۈن شائىرنىڭ «باھارنى ئۇزىتىش» ناملىق غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

پاتتى قۇياش، ئۆكسىدى پاختەك،
گۈزەل باھار يوقالدى قايان؟
توزۇپ شاپتۇل چېچەكلىرىمۇ،
ئايازلارنى قىلماقتا ئايان؟!

سىردىشىمەن يىراق تاغ ئورمان،
گىياھلىرىڭ خۇشبۇي باراقسان.
ئەگەر پاتسا ئاداققى شەپەق،
تال توزغىقى ئۇچىدۇ قايان؟

تارىسىنى ئۈزۈۋەتتى كىم،
چېلىنغاندا پىپا شوخ لەرزان؟!
ئىلەڭگۈچكە يۆلىنەر قەلبىم،
دېرىزىدىن ئاينى قىپ گۇمان.②

بۇ كىچىك غەزەلدە، شائىر باھارغا سوئال قويۇش ئارقىلىق باھارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە كىشىلەرنىڭ باھار بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى ھەسرىتىنى يازغان بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن شائىرنىڭ باھارنى قەدىرلەيدىغان ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### 3 ـ سەيدۇللا

سەيدۇللا (?1304 ـ ?1355) مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى. تاۋزوڭىيى «تارىخىي كىتابلار

① «غەربىي رايون تارىخىدىن سۆز» ئىككىنچى قىسىم. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 128 ـ 129 ـ بەتلەر.
② «گۆەن يۈنشى ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرى پەشىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 28 ـ 29 ـ بەت.

جەۋھىرى» ناملىق كىتابىدا «سادۋلا (سەيدۇللا — ئەقىلچىدىن) نىڭ ئىسمى تىەنشى بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدى» دەپ يازغان. سەيدۇللانىڭ «يەنە مەن توپلىمى» دىگەن داڭلىق كىتابى بار. سەيدۇللا خەلقچىللىق روھىغا باي، رېئالىزمچى شائىر ئىدى. ئۇ بىر قاتار شېئىرلىرىدا رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» ناملىق شېئىرى مۇنداق باشلانغان:

تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر، قويدۇم قەدەم دەريا تامان،
نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئۈزىنىشار ئاشۇ زامان.
كۆزلىرىم كۆردى يىراقتىن دەل - دەرەخلەر قارىسىن،
ئاستا - ئاستا تارقىلىپ ئاق پەردەك شۇ چاغ تۇمان.

بۇ شېئىردا شائىر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كەيپ - ساپا، ئىسراپخورلۇقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەمەل ۋە پايدا تالىشىپ ئۆزلۈكسىز قوزغىغان قىرغىنچىلىقلىرىغا غەزەپلىك خىتاب قىلىدۇ.

«تىلەمچى قىز قوشىقى» دىگەن شېئىردا شائىر يۈەن سۇلالىسى تىەنلىنىڭ ئىككىنچى يىلى (1329) دىكى «ھەممە يەر جۇتلىشىپ، ئاچ - زىرىن پۇقرالار يامراپ كەتكەن» لىكىنى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن بەند بولۇپ، گۈل چېكىلگەن يۇزۇر كىيىملەرنى، ئېسىل تەلپەكلەرنى كىيىشىپ، بۇلبۇلغا ھېرىس بولۇپ، راۋاقلاردا بەزمە، سورۇن تۈزۈشۈپ «باھار شامىلىغا چۈمگەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» غا شەيدا بولۇشقانلىقىنى، ھايات - ماماتلىق تىركىشىشتە قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ بولسا، بالا - چاقىلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن شەھەرلەرگە كىرىپ نارەسىدە باللىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇشقانلىقىنى؛ بىراق، باللىرىنى ساتالماستىن «توپىدىنمۇ خار» ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاچلىق ئازابىدا ئۆزۈن مەنزىللەرنى نالە - پەرياد بىلەن باسقانلىقىدەك رېئاللىقنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۈرەتلىگەن. بۇ خىل ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر شائىردا «جۇت باسقان مەھەللىدە» «كېزەر كۈندۈزدە ئىت - قۇشلار، ۋەيرانە كەپە - ساتمىلاردا، گۆرگۆمدا ھۇۋلار يىلپىزلار» دەيدىغان تەسىراتنى قوزغىغان. شائىرنىڭ قەلبىدە لاۋۇلدىغان غەزەپلىك ئوت يالقۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرىدۇ:

خۇاڭ خې كەبى ئېقىپ كۆز ياش، قۇرىدى ئاخىر،
ئەجەب خۇشخۇي چىرايىڭلار — نېچۇك بۇ تەقسىر؟
شاھى توندا يايرىشىدۇ مەسخۇش جانابلار،
پۇقرا ھالى — يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر.

شەرقىي جەنۇب دىيارىدىن سىرت باركەن ئەندىشە،
گۇەنشەندىنمۇ ئىشتىلدى شۇنداق غەم - غۇسسە،

قۇمدا قالغان بېلىق ھەمدە چۈمغاق[1] نالىسى.
مۇڭلۇق كۆڭۈل ئۇڭلىنىدۇ قايسى ۋاقىتچە.

شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلىدۇ ھەم ئۇنى قامچىلايدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھالىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. شائىر «ئۆز غۇرۇرى بىلەن شانۇ - شەۋكەتلىكلەرنى مەسخىرە قىلىپ، باھار شامىلىغا چۆمگەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىغا كۆڭۈل بەرمەي» دېغانلىقنى ئىپادىلىگەن، ئۇ «شايى - توندا يايرىغان مەستخۇش جانابىنىڭ، پۇقرا ھالى — يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر» دەك ئەھۋالىغا نارازى ئىكەنلىكىنى، «بېيىپ خەلق ياشىسا ئاسايىشتا، چۇرقىرىشىپ ئويىنار ئۆسمۈر كوچىلاردا» دېگەندەك كەيپىياتقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان.

سەيدۇللا «مەنجاڭ خوڭ. جىنلىڭدا[2] ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ماۋزۇلۇق بېيىتىدا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈندىن ھەسرەتلىنىدۇ، ئۇ ھەم ئىپتىخارلىنىدۇ، ھەم مەيۈسلىنىدۇ. ئۇ جىنلىڭنىڭ تاغ - دەريالىرىنى جانلىق تەسۋىرلەش جەريانىدا، تاغلارنىڭ داۋاملىق يېشىللىقتا يۈركۈنۈپ تۇرۇشىنى، زۇمرەت سۇلارنىڭ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇشىنى، ئاسايىشلىقنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سەيدۇللا شېئىرلىرىدا ئۇرۇشلارغا چېتىلىدىغان (مۇناسىۋەتلىك) شېئىرلارمۇ بار. شائىر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا مۇقىم، خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۈمىد قىلىش ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن.

شائىر ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئېرىشكەن ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق پاش قىلىدۇ، ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقىدا ئازابقا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ ۋە ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە قاتتىق خىتاب قىلىدۇ.

ئومۇمەن، سەيدۇللا شېئىرلىرى تارىختىن بېرى ئەدىبلەر ۋە خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلگەن. رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ تۆتىنچى توم ئەسىرىدىكى «پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە سەيدۇللارنىڭ «شىتوچىڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

## 4 - نەيشەن

نەيشەن (1310 - 1368) قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان شائىرلاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى چۆچەك ئىدى.

نەيشەننىڭ «جىن تەي توپلىمى» ناملىق ئەسىرى بار. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇسلۇبى رەڭدار، مەزمۇنى چوڭقۇر ئىدى. نەيشەننىڭ «شىنشاڭلىق موماي» ناملىق شېئىرى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇنداق باشلانغان.

چېچى پاخماق شىنشاڭلىق موماي يۈرەر يالىڭاياغ،
كەنت ئىچىدە ياشانغان ئۇ چاپىنى قۇراق.

---

① چۈمغاق — سۇدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش. بۇ يەردە چۈمغاق سۇدا ياشايدىغان قۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
② جىنلىڭ بۈگۈنكى نەنجىڭ.

كۈندۈزدە ئوماچ ئېتىپ ئېتىزغا چاپسا،
تالڭ ئاتقۇچە يىپ ئېگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق.
بۆزنى سېتىپ چېرىك ھەققى[1] غەملەيدۇ بەزەن،
موپاڭ چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم.
كەلسە ئامبار چاپار مېنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن،
بېرەلمىسەڭ، چاپان سېلىپ قامچا يەيدۇ تەن.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھەسرەت - نادامەتلىك روھىي كەيپىياتى ۋە موھتاجلىق ئاستىدىكى دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېھقاننىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىقىنى تۆلەشكە يەتمىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن تاياق - دەشنام يېگەنلىكى، تۆل موماينىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھاشارغا–سەيسىگە ئىشلەپ، ئايلاپ ئۆيىگە قايتالمىغانلىقى، ئاچلىق ۋە قەھرىتان سوغۇقنىڭ بىردەك ئازابلىغانلىقى، قەرز تۆلەش ئۈچۈن نەۋرىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنكى قىسمىدا بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ رەڭ-مۇرەڭ بىمەنە تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلىدۇ. نەي شەننىڭ «شىنشاڭلىق موماي» ناملىق شېئىرى رېئالىزملىق روھقا ۋە باي خەلقچىللىق ئىلغار خاھىشقا ئىگە ئەسەر. ئۇ ئەينى چاغدىلا كەڭ ماختالغان ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

5 - گاۋكېگوڭ

گاۋكېگوڭ (1310 - 1248) كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ۋە رەسسام. شائىرنىڭ «فاڭ شەن توپلىمى» بار.

گاۋكېگوڭنىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئەمەس، ئەمما شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى نىسبەتەن يۇقىرى. ياڭ گۇەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مۇنداق باھالايدۇ: گاۋ ھەزرىتىمنىڭ رەسىملىرى كاتتا، شېئىرلىرىنىڭ قاپىيىداشلىقىمۇ ناھايىتى ياخشى، خۇددى ۋاڭ مۇجى (ۋاڭ ۋېي) جەنچۈەندە، لىبوشى (لى گۇاڭلىن) ۋەنكۇدىكى سالدا ئولتۇرۇپ تەسەۋۋۇر بىلەن مەنزىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يازغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئاجايىپ بىر خىل پۇراق بار. («يۈەن سۇلالىسى ئەسەرلىرىدىن تاللانما، گاۋكېگوڭ تەرجىمىھالى»دىن ئېلىندى)

گاۋكېگوڭنىڭ ئەسەرلىرى ھەقىقەتەنمۇ ۋاڭ ۋېينىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «شېئىر بىلەن رەسىم بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قاپىيىداشلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە. مەسىلەن: «جۇڭبېي راۋىقىدا رەسىم سىزىش» شېئىرىنى ئالساق:

يامغۇر توختاپ، بۇلۇت تارقاپ كەچقۇرۇن،
قاشتېشىدەك تۇرار چوققا پارقىراپ.
كىرىپ كەلدى بەھەيۋەت پىڭجۇ تامان.
يالغۇزلا سال تۇمان ئارا يالتىراپ.

---

① چېرىك ھەققى– ئەسكىرىي سېلىق.

بۇ شېئىردا ئۇزۇن ۋاقىت بۇلۇت تۇمانغا ئەسىر بولغان، ئەمما قاش قارايغاندا تۇيۇقسىز ھاۋا ئېچىلىپ شەبنەملەر بىلەن يۇيۇلۇپ، مەرۋايىتتەك پارقىراپ كەتكەن بىر تاغ چوققىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. گاۋكېگوڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، دائىم دېگۈدەك بىر ئىككى مىسرا بىلەنلا پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيتتى. مەسىلەن: «قەيسەر راھىبقا تەقدىم» دېگەن شېئىرىنى مىسالغا ئالساق:

شېئىر خۇمار راھىب ئېتىكاپ خالىماي،
سېتىۋالدى بېلىقچىلار كېمىسى.
بۇلۇت كەبى بىر ئىزدا تۇختىماس،
دەريا يۇ كۆل، گۈل ـ چېچەكتۇر ھەۋىسى.

بۇ شېئىردا شېئىر يېزىشقا ئامراق راھىبنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ راھىب شېئىر يادلاشقا ئامراق بولۇپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇشنى خالىمايدۇ، شېئىر بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە بۇلۇتقا ئوخشاش گاھى دەريا ـ كۆللەردە سەيلى قىلسا، گاھى مېيخۋا گۈلىنى تاماشا قىلىپ شېئىرىي تۇيغۇنى ئىزلىمەكچى بولىدۇ.

## § 3 . ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغانلار

### 1 ـ كى كى قۇرسا ئىچقۇ

كى كى قۇرسا ئىچقۇ قەدىمكى جانبالىقلىق ئەدىب بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋە ئىدى. جانبالىق ھازىرقى سانجى شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدا ئاق سۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەئەللۇق مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ناملىق بىر داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىن خاندىن تارتىپ تايپىنۇ (Taypinu) خانغىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.[1] بۇ مەڭگۇ تاش 1334 ـ يىلى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدا 61 كۇپلېت شېئىر بار. ئۇلار تۆت مىسرادىن جەمئىي 257 مىسرا. بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان ئاياغ قاپىيە شەكلىمۇ كۆرسىتىلگەن.

مەڭگۇ تاشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسى خەنزۇچە ئويۇلغان. ئەمما ئۇ ئۇيغۇرچە نەسەبنامىنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئايرىم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان (1260 ـ 1294) تەختكە چىقىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا چاغاتاي خاقانلىقى ۋە ئۆگدەي خاقانلىقى شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار بىرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئۇزۇن

---

[1] بۇ مەڭگۇ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدە ساقلانماقتا.

جەڭلەر نەتىجىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ ئائىلىسى تۇرپاندا تۇرالماي گەنسۇ يوڭچاڭ (مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان يەر) غا كۆچۈپ بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھىمايىسىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. «مەڭگۈ تاش»نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەڭگۈ تاش ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن شېئىرىنى، تىلىنى، تارىخىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئورنىتىلغان يىلى ۋە ئاپتورى توغرۇلۇق ئەسەرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلگەن.

ئىت يىل ئونۇنچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۇ كۈن ئۆزە
تولپ توكەل بۈتۈرۈ تۇرغۇزۇلدى مەن جام بالىلىقلىغ
كىكى قۇرسا ئىچقۇ بىتيۇ تەگدىم لۈيىپ ساۋ...
ئىتتۈرمىش ياڭ تىلىڭ سىردىيو تەگىندىم ساتو
ھازىرقى زامان تىلىدىكى يەشمىسى:
ئىت يىلى (1334) ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە
تولۇق ـ توگەل پۈتۈپ تىكلەندى مەن جانبالىقلىق
كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازدىم، لېۇشۆسى...
بۇيرۇتقان مەن ياڭ تىلىڭ چەكتىم، ياخشى.[1].

2 ـ كى كى[2] I

(1295 ـ 1345) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاڭقى قەبىلىسىدىن، يۇرتى قوچۇ ئېلى. ئۇ يۈەن دەۋرىدە بېيجىڭدا تەخمىنەن 1328 ـ يىلىدىن 1344 ـ يىلىغىچە مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان. كېيىن چاڭجىاڭنىڭ جەنۇبىدا تۇرغان. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، كىتابلارنى ئوقۇشقا خۇشتار، بىلىمى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئىدى.

كى كى I «ئامىتا يۇرديانا سۇترا» دېگەن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرنى خەنزۇ تىلىدىن ئىجادىي يوسۇندا شېئىرىي شەكىلگە سېلىپ، يەنى باش قاپىيىلىك، ھەر بىر كۇپلېتى تۆت مىسرالىق شېئىرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ ئىشلەپ چىققان.

ھازىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتا يۇر ديانا سۇترا»نىڭ ئۈچ خىل شەكىلدىكى نۇسخىسى، يەنى ‹1›، نەسرىي (سەنۇېر) شەكىلدىكى ‹2›، «ئامىتا با سۇترا» ئىچىدىكى

---

① بۇ مەڭگۈ تاش ھەققىدە، گىڭ شىمىن «تارىخېئولوگىيە» (كاۋگو) ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. كېيىن ق. بارات، لىۇ يىڭشىڭلار قايتا ئىزدىنىپ، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئايرىم ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىلدى.

② قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «كى كى» نامى بىلەن ئاتالغان بىرقانچە ئەسەر بار. شۇنداق بولغاندا ئۈچ ئادەمنى «كى كى» دېپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار بىر ئادەمسۇ ياكى ئۈچ ئادەمسۇ بۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك. شۇڭا بىز كىشىنى «كى كى I» دەپ ئاتاپ تۇردۇق. بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا بۇ «كى كى» نامىلىق شائىرلار خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «巎巎» (كۇي كۇي) بىلەن بىر ئادەم ئىكەن. بۇ ھەقتە ياڭ فۇشۆنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا نەزەر» نامىلىق ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نامىلىق خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 2000 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(نەسرىي شەكىلدىكى) نۇسخىسى ،3، نەزمى شەكىلدىكى نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم[1].

«ئامىتا يۇردىيانا سۇترا» بۇددىزمنىڭ «كىرسىز، پاك ئورۇن»[2] ئەقىدىسىنىڭ ئۈچ نومىنىڭ بىرى[3]. تۆۋەندە بۇ ئەسەردىن مىسال كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ئەسلى نۇسخىسى

تاي پاي لىن شى تىپ ئاتل (ى) بغ:
تايشىڭ نومنۇڭ ئىچتە:
تالۇلاپ يىغىپ م (ە)ن ككى ككى:
تاقشۇتقا ئىنتۇرۇ تەگدىم.
بۇگۇنكى تىلدىكى يەشمىسى:
ئۇلۇغ ئاق نىلۇپەر گۈرۈھى دەپ ئاتىلىدىغان،
ماھايانا ( مەزھىپىگە خاس) نومنىڭ ئىچىدىن
تاللاپ يىغىپ، مەن كى كى
شېئىر شەكلىگە كەلتۈردۈم.

3 ـ كارۇناداس

كارۇناداس يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس، 1311/2 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ سانسكرىت، خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە تۈبۈت تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەم بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى مۇكەممەل بىلىپ قۇبلايخاننىڭ مەشھۇر تەرجىمانى سۈپىتىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ سىياسىي جەھەتتىمۇ پىشقان ئادەم بولۇپ پادىشاھلارنىڭ ئەلنى ياخشى باشقۇرۇشى ئۈچۈن، ئەقىل كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدىكى بىر قىتىملىق مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغان. كارۇناداس «ھىندىستان، تۈبۈت نومىلىرى ھەققىدە» ( 西天西番经论 ) دېگەن كىتابنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، پادىشاھقا تەقدىم قىلغان، پادىشاھ ئۇنى ئۇيما باسما خەت شەكلى بىلەن بېسىپ چىقىرىش توغرىسىدا يارلىق چىقارغان ھەم ھەرقايسى بەگ ـ ۋەزىرلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى بەلگىلىگەن.

كارۇناداس يەنە شېئىرمۇ يازغان. ئۇنىڭ «ئۆتۈنچ دۇئاسى» ناملىق 17 مىسرالىق بىر شېئىرى خانبالىقتا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ شېئىر 1302 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن جۇڭگودىن ئېلىپ كېتىلىپ، بېرلىن تۇرپان ھۆججەتلىرى فوندىدا ساقلانغان، 1975 ـ يىلى گېرمانىيىلىك پېتىر زىمې «ۋېنگرىيە شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»نىڭ ئالدىنقى ساندا ئېلان قىلغان.

ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

---

① چەت ئەللەردە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئى. يۈسۈپ بۇ ئەسەرنىڭ شېئىرىي نۇسخىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. بۇ كىتابتىكى بايانلار مۇشۇ ماقالىدىن ئېلىندى.

② كىرسىز، پاك ئورۇن—قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە «كىرسىز ئارىغ ئورۇن» دېيىلىدۇ. بۇددىزمنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەرپىچە، كىرسىز، پاك ئورۇن بۇددا (بۇرخان) تۇرىدىغان ئورۇن (دۇنيا) ھېسابلىنىدۇ.

③ قالغان ئىككى نوم «ئاپارىمىتا يۇر سۇترا» ۋە «ئامىتا با سۇترا»لاردىن ئىبارەت. بۇلار جۇڭگو بۇددىزمىدىكى «كىرسىز، پاك ئورۇن» مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

قاغان خانىمىزنىڭ ئانقولايۇ ئوق،
قاتۇنىنىڭ ئالتۇن ئورۇغلارىنىڭ
ئادالىرى تۇدالىرى ئامرىلىپ ئۇزۇن ياشاپ،
ئالپ بولغۇلۇق بۇرخان قۇتىن بولماقلارى بولسۇن.
ئالقۇقاماغ تىنلىغ ئوغلانلارى يمە،
ئارىغ ئىمۇق ئۇنۇش يولغا يورىيۇ[1].

## 4 - يول تۆمۈر يۇچىڭ

يول تۆمۈر يۇچىڭ 1330 - يىلى يۈەن سۇلالىسى يۇنىنىدە يۇرۇش قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ يۇنىنىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا قۇنشىئىم بۇتساتۋا ( 观世音菩萨 ) غا چوقۇنىدىغان ئايالىغا ئاتاپ بىر پارچە شېئىرىي سالام خەت يازغان.

مەزكۇر سالام خەت قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى باش قاپىيە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. قىسمەن جايلاردا باش قاپىيە بىلەن تەڭ ئاياق قاپىيىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلغان بولۇپ 80 قۇر، ئۇنىڭغا «ئۆگدى يۈكۈنچ شلوك ئەرۇر» (مەدھىيە ۋە يۈكۈنۈش شلوكى)[2] دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

بۇ «سالامنامە»نىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، سالام خەت ئىككى چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. (ماۋزۇ بىرىنچى قۇر، ئاخىرقى سۆز 80 - قۇر بۇنىڭ سىرتىدا): 45-قۇرغىچە قۇنشىئىم بۇدساتۋانىڭ تەققى - تۇرقى، ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىش ۋە مەدھىيىلەش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ؛ كېيىنكى قىسىم 45 - قۇردىن 80-قۇرغىچە بولغان 35 قۇردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن يۇنىنەن رايونىغا لەشكىرىي ئىشلار ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن يول تۆمۈر يۇچىڭنىڭ ئايالىنىڭ ئېرىنى (تېكىستتە ئۆز «بەگىم» دەپ ئېلىنغان) قۇنشىئىم بۇدساتۋانىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئامان - ئېسەن ئاتا - ئانىسى، تۇغقانلىرى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلىشنى تىلەپ يازغان شېئىرىي سالام خېتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سالام خېتىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ مەزمۇنغا قارىغاندا يول تۆمۈر يۇچىڭ ئۆزىنىڭ سالام خېتىنىڭ ئاخىرىغا ئايالى ئۆزىگە ئەۋەتكەن سالام خەتنىمۇ قوشۇۋەتكەن بولسا كېرەك.

مەزكۇر سالام خەت ھەجىم جەھەتتە قىسقىراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، يۈەن دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەش ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى، ئۇيغۇر سالام خەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ،

---

① گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 86 - بەت.

② شلوك–سانسكرىت تىلىدىكى «Sloka» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «مەدھىيە»، «تەرىپلەش» مەنىسىدە. بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدا «Gatha» (خەنزۇ تىلىدا 偈 دەپ مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان) بىلەن تەڭداش بولۇپ، بۇددا نوملىرىدىكى بىر خىل ژانىرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ژانىردىكى ئەسەرلەر مۇقىم خەت سانى ئوخشاش تۆت جۈملىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئومۇمەن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى سانسكرىت تىلى بويىچە ھېسابلىغاندا 32 بوغۇمدىن تۈزىلىدۇ. (ئەمەلىيەتتە پەقەت مۇشۇ خىللا تېپىك «شلوك» ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بىر خىلى تۆت مىسرادىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەربىر مىسرا بەشتىن يەتتىگىچە سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شلوك» بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە «ناقشۇت» دەپمۇ ئېلىنغان.

نوقۇل ھالدىكى سالام خەتلەردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ[1].

## 5 ـ شى لەنلەن خېنىم

شى لەنلەن خېنىم ياكى شى لەنلەن باخشى (1267/8 ـ 1331/2) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر راھىبە. ئۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. شى لەنلەن ئۇنىڭ ئىسمى، «باخشى» ئۇستاز دېگەن مەنىدە بولۇپ، موڭغۇل — يۈەن ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ قويغان نامدىن ئىبارەت.

شى لەنلەن باخشى موڭغۇل ـ يۈەن ئوردىسىغا ئون نەچچە يىل كىرىپ ـ چىقالىغان، تۆت ئەۋلاد موڭغۇل خانى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۈچ خانىش زامانىدا خىزمەت ئارتقۇزغان بولۇپ، ئابرۇيى يۇقىرى، ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرىگە ئايلانغان. شۇڭا، بەگ ـ تۆرىلەر ۋە ئايال ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «باخشى» دەپ ئاتاشقان.

شى لەنلەن باخشى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان «بۇددا ۋاتامساكا ماخاۋاي پۇليا سۇترا»، «لىڭيەن سۇترىسى» ( 楞严经 )، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ساددارما پۇندارىكا سۇترا» ( 法华经 )، «ئالتۇن يارۇق» ( 华光明经 )، شۇنداقلا تۈبۆت تىلىدا يېزىلغان «پراجناغا ئوقۇلغان سەككىز مىڭ مەدھىيە» ( 般若八千颂 )، «بەش مۇھاپىزەتلىك تارانى» ( 五护陀罗尼 ) قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق بۇددا نوم سۇترىلىرىنى يېزىپ ئالتۇن ھەل بىلەن بېزەپ چىققان.

ئۇ يەنە دادۇ (بېيجىڭ) دا مىياۋ شەن ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان، ۋۇتەيشەندىكى فومىڭ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ياساتقۇزغان، بېيجىڭ شىشەندىكى لوڭ چۈەن ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن ياسىغان. ئۇ تىبەتتىكى ۋۇدا ئىبادەتخانىسى، قوچۇدىكى جەننەت ئىبادەتخانىسى، جىڭچېڭ ( 京城 ) دىكى ۋەن ئەن ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن ئىسرىقدان ياردەم قىلغان. ئۇ ئىبادەتخانا سېلىش، ئەسلىھەلەرنى ئوڭشاش قاتارلىقلار ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ ئاقچە سەرپ قىلغان. ئۇ «ھەقىقىي پاك مېھرىبان ئۇستاز» دېگەن شەرەپ نامىغا مۇيەسسەر بولغان[2].

شى لەنلەن باخشىنىڭ ئىلىمىزنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## 6 ـ سىلىغ تېگىن

سىلىغ[3]تېگىن ئۆز دەۋرىنىڭ راھىبەسى ۋە شائىرەسى. ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر رايونىدا ياشىغان. ئەينى زاماندىن قالغان «يېتىكەن[4]سۇترا» ناملىق بىر نومنىڭ ئاخىرىدا «يەنە گۆي

---

① مەزكۇر سالام خەت پروسسىيە ئېكىسپېدىتسىيىسى جەريانىدا تۇرپاننىڭ مۇرتۇق رايونىدىن بايقالغان. ھازىر گېرمانىيىنىڭ بېرلىن تۇرپان يادىكارلىقلىرى فوندىدا ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە چەت ئەللەردە ۋېنگىرىيىلىك تۈركشۇناس جورجى ھازاي، دوكتور پېتېر زىيمې، ياپونىيىلىك پروفېسسور ئودا جوتېن ( 小田寿典 ) قاتارلىقلار ئىزدىنىشتە بولغان. ئېلىمىزدە دوكتور ئابدۇرىشىت ياقۇپ ئۇنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلدى.

② بۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللارنى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى»؛ لى گوشاڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى، 2 ـ سان، 123 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭلار.

③ بۇ بەزى مەنبەلەردە «سىلىغ» دەپ ئېلىنغان، ئىلگىرى مەن «سىلىغ» دەپ خاتا قوللانغان ئىكەنمەن.

④ يېتىكەن—يەتتە تىكەن دېگەن مەنىدە.

بۇرۇچلۇق» دەپ ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئالتە كۇپلېتلىق بىر خاتىمە دۇئاسى بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە سىلىغ تېگىننىڭ نامى ئۈچ يەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ 1313 - يىلى يېزىلغان.

بۇ شېئىردا شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىنى زامانىنىڭ خانلىرىغا، بارلىق جانلىقلارغا بېغىشلاش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئاغرىق - سىلاقتىن قۇتۇلۇش ۋە «قايتا تۇغۇلۇش» ۋاقتىدا يەنە قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالماسلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىدۇ.

تۆتلۈك، بەشلىك، ئالتىلىك مىسرالار بويىچە ئەركىن يېزىلغان بۇ كۇپلېتلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قائىدىسى بويىچە تولاراق باش تەرىپى قايىپلەشتۈرۈلگەن[1].

## 7 - ۋاپىسى باخشى

XIII ئەسىردە قوچۇ تەۋەسىدە ياشىغان بۇددا مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ «كۆڭۈل تۇزۇن ئوقۇتتاچى نوم بىتىگ ياكى ئاڭنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم بىتىگ» (ئاڭنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم) ناملىق بىر پارچە ئەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى شەرھلەنگەن.

شىناسى تېگىن نىمىس تىلىدا ئېلان قىلغان «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئەسەرلىرى» (بۇداپېشت 1980 - يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئەينى تېكىستىنى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەرجىمانلاردىن ئۇراساڭ (ئەنزاڭ) پراجناشىرى (بىلاناشىل) قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يازغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن[2].

① چەت ئەللەردە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنغان. ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ق. بارات «قەدىمكى ئۇيغۇر راھىبەسى سىلىغ تېگىن» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلدى.

② ياڭ فۇشۆ «يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا نەزەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2000 - يىلى، 4 - سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

# IX باب. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1 . ئومۇمىي ئوبزور

### 1 - سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال

چىڭگىزخان (1162 - 1227) باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىپايان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىنى ئىگىلەپ، ئاخىرىدا ئوغۇللىرىغا بۇ زېمىنلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى باشقۇردى.

چاغاتاي ئۇلۇسى مىلادى 1224 - يىلى چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن. چاغاتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق زېمىنلارنى كونكرېت كۆرسەتسەك، ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونى، جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىغىچە بولغان ماۋارە ئۇننەھر رايونى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق كۇسەن (كۇچا) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ئىبارەت. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ سىياسىي مەركىزى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمالىق شەھىرى ئىدى. چاغاتاي خان بەزىدە يەنە قاياس شەھىرىدە تۇراتتى.

چاغاتاي خان ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئۇلۇسنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ باشقۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستان ۋە ماۋارە ئۇننەھر رايونىنى خارەزىملىك ئۇيغۇر سودىگەر مەھمۇد يالاۋاچ ئارقىلىق باشقۇردى. ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىنى مەركەز قىلغان ماڭلاي سۈيە رايونىنى دوغلات قەبىلىسى ئارقىلىق باشقۇردى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى رايونىنى بولسا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارقىلىق باشقۇردى.

1238 - يىلىدىن كېيىن مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچ باش دارۇغاچىلىققا تەيىنلەنگەن. مەسئۇدنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى دادىسىنىڭكىگە قارىغاندا كەڭرەك بولغان. ئۇ ماۋارە ئۇننەھرنىڭ باش دارۇغاچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە، يەنە قاراغوجا (قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى رايونلىرى)، بەشبالىق، خوتەن، كاشغەر، ئالمالىق، ھەييال (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدا)، سەمەرقەند، بۇخارا ۋە جەيھۇن (ئامۇ) دەريا ۋادىلىرى قاتارلىق رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيتتى[1]. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تا مىلادى 1289 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆتىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق ماڭلايسۈيە رايونى بولسا ئاساسەن شەرقتە تاربۇغۇر (ھازىرقى بۈگۈر)، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، غەربتە پەرغانە ئويمانلىقى ۋە بەدەخشان، شىمالدا ئىسسىق كۆل، جەنۇبتا چەرچەن قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «ماڭلايسۈيە» چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىگىلەيتتى[2]. بۇ رايوننىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىدى. كۇچا رايونىدىن تا قامۇل (ھازىرقى قۇمۇل) ۋە ھازىرقى گەنسۇ

---

① ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى توغرىسىدا 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 187 - بەت، 1984 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

② مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 155 - بەت.

ئۆلكىسىنىڭ جىيايۇگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان جايلار بولسا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، چاغاتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق ماڭلايسۇيە رايونىنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيتتى①.

XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرى، قازاقىستاننىڭ قىسمەن جايلىرى، شۇنىڭدەك ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونى غەربىي چاغاتاي خانلىقىغا، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ رايونى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى، «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالدى②.

1360 ـ يىللىرى تۇغلۇق تۆمۈر (1330 ـ 1363 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خانلىقنى قايتا بىرلىككە كەلتۈردى. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە پارچىلاندى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا (1399 ـ ?) تەختكە چىقىپ، ماۋارەئۇننەھر رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ قىلىندى. خىزىر خوجا ئالمىلىقنى تاشلاپ كۇچاغا، ئاندىن جالىش ـ قارا شەھەرگە، ئاخىرىدا بەشبالىققا كېلىپ، بەشبالىقنى ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختى قىلدى. خىزىر خوجا رەھبەرلىكىدىكى چاغاتاي خانلىقى جاڭ يەنيۇي قاتارلىقلار يازغان «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا «بەشبالىق خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

موڭغۇللار غەربىي يۇرت (قۇرىغار) غا ئىگە بولغان چاغدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن باشقا رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى (جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى) دېگۈدەكلا ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، قاڭلى، تۈركمەن، قىرغىز قاتارلىق بىرقانچە ئون تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ھەم تاجىك قەبىلىلىرىنىڭ ماكانى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇللار غەربىي يۇرتقا كەلگەندە، بۇ جايدىكى قەبىلە — ئۇلۇسلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرىدا تۇراتتى. ئىقتىسادىي نۇقتىدىن قارىغاندا چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇقرالىرىنى دېھقان ئائىلىلەر ۋە چارۋىچى قەبىلىلەر دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە ماۋارەئۇننەھر رايونىدا ياشايدىغان خانلىقنىڭ دېھقان پۇقرالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدا ياشايدىغانلار خانلىقنىڭ چارۋىچى پۇقرالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تارىخى بۇندىن بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەزگىللەرنى مۇقەددىمە قىلىدۇ. بۇ دائىرىدىكى سودا پائالىيىتى ۋە شەھەر تۇرمۇشىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇر باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ دائىرىدە ھاكىمىيەت تىكلىگەن بىرمۇنچە سۇلالىلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇشۇ پۇختا قەلئەلەرنى تايانچ نۇقتا قىلىپ يۈرگۈزگەن.

چاغاتاي خانلىقى ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاقنىڭ ئىككىسىنى، يەنى يارىش ـ جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىنى سورىدى. بۇ ئوتلاقلار خانلىق دائىرىسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي پائالىيەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ ئوتلاقلار ساكلار، ھونلار، دىڭلىڭلار، چوڭ ياۋچىلار، تېلېلەر، رورەنلەر، تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي تارىخىي سەھنىسىمۇ بولغان③.

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر دارىخى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 811 ـ بەت.

② لىۋجى شاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 565 ـ بەت، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ لىۋ جى شاۋ «چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى، 1 ـ سان، 158 ـ بەت.

چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بولغان مەھمۇد يالاۋاچ، مەسئۇد يالاۋاچ ھەم ئورتۇپ دۇغلاتى قاتارلىقلار موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مىسلىسىز ۋەيران قىلىنغان بۇ رايوننى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ماددىي ۋە سىياسىي ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى، يەنى ئۇلار ئالدى بىلەن يەرلىك قوۋم، قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە يول قويدى؛ يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئىشەندى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق تايانچىسى دەپ قارىدى؛ بولۇپمۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۈركىي ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ، تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا يول قويدى، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بۇ سىياسەتنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى؛ مەسىلەن، مەسئۇد يالاۋاچ دارۇغاچلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن چاغدا، چاغاتاي خانىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت، ئۈرگەنچ، خوجەند قاتارلىق جايلاردا بىرمۇنچە يېڭى شەھەر ۋە قورغانلارنى بىنا قىلدۇردى. قورغانلارنىڭ ئەتراپىدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، يېڭى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە باغ - ۋارانلارنى كۆپەيتتى. ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ۋادىسىدا بىرمۇنچە سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇردى. نەتىجىدە، ماۋارە ئۇننەھر رايونىنىڭ خاراب بولغان ئىگىلىكى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىپ، چاغاتاي ئۇلۇسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە خېلى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇڭا بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادىتىنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى تېزلەتتى، ھەتتا بارلاس، دوغلات قەبىلىلىرى ناھايىتى تېز ئارىدا يەرلىك تۈركىي قەبىلىلەرگە سىڭىپ كەتتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەسئۇد يالاۋاچ ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا ماۋارە ئۇننەھر ۋە ماڭلايسۈيە رايونىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۇ مىلادى 1238 - يىلى داروغاچلىق مەنسىپىگە ئىگە بولۇپلا چاغاتاي خانىنىڭ تەستىقى بويىچە بۇخارا ۋە كاشغەر شەھىرىدە «مەدرىسى مەسئۇدىيە» ناملىق ئىككى چوڭ ئوقۇش يۇرتى تەسىس قىلدى[1]. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد بەگ كاشغەردىكى مەدرىسكە 1255 - 1289 - يىللىرى ئۆزى شەخسەن رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇخارادىكى «مەدرىسى مەسئۇدىيە» گەرچە مىلادى 1273 - يىلى ئەجەم (ئىران) رايونىدىن كەلگەن موڭغۇللار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلدى. مىلادى 1289 - يىلى مەسئۇد يالاۋاچ ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇنىڭ مېيىتى دەل ئەنە شۇ بۇخارادىكى «مەدرىسى مەسئۇدىيە» نىڭ يېنىغا قويۇلدى. كاشغەردىكى مەسئۇدىيە مەدرىسى بولسا، كۈندىن كۈنگە روناق تېپىپ، ماۋارە ئۇننەھر، ماڭلايسۈيە، ھەتتا ئىران - ئەجەم رايونىغىمۇ مەشھۇر بولغان چوڭ بىر ئالىي ئوقۇش يۇرتىغا ئايلاندى. لېكىن، شەرقتە داڭلىق بۇ مەدرىسە، مىلادى 1388 - يىلى تۆمۈر كاشغەرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا تامامەن خارابىزارلىققا ئايلاندى.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەندىن كېيىن بۇ رايوندا سودا - سانائەت، پۇل - مۇئامىلە ۋە باشقا تەرەپلەردىمۇ بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ماۋارە ئۇننەھر ۋە ماڭلايسۈيە رايونلىرىنىڭ تاشقى سودىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇرۇنقى يىپەك يولى يەنە قايتىدىن جانلاندى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى خان بالىق (بېيجىڭ) شەھىرىدىن قاراقۇرۇم شەھىرىگە ۋە قاراقۇرۇم شەھىرىدىن ئالتاي تاغلىرى، ئىمىل شەھىرى، ئالمالىق شەھىرى ئارقىلىق ساراي شەھىرىگە (ھازىرقى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى ئاستىراخان شەھىرىنىڭ يېنىدا) ھەم بۇ جايدىن ياۋروپاغا قاتنايدىغان «شىمالىي يىپەك يولى» ۋە قەدىمكى

① بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە» خەنزۇچە 1984 - يىلى نەشرى، 187 - بەت.

«يىپەك يولى»نى بويلاپ قاتنايدىغان «جەنۇبىي يىپەك يولى»دا يېڭى بىر گۈللەنگەن ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. مەسئۇد يالاۋاچ بۇخارادا پۇل مۇئامىلە مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مىستىن پۇل قۇيدۇردى.

ئومۇمەن، مىلادى 1224 - يىلى شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇلۇسى ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ماۋارە ئۇننەھر ۋە ماڭلايسۇيە رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا چاغاتاي خان خىلمۇخىل ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ رايونلارنى بىر مەركەزلىك تىنچ شارائىت بىلەن تەمىنلىدى[1].

چاغاتاي خان ھۆكۈم سۈرگەن يىللار ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئالاھىدە بىر تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ھاكىمىيەت سورىغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزۇن بىر دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. «چاغاتاي دەۋرى»دە قوللىنىلغان تىل «چاغاتاي تىلى»، شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

تارىخىي ماتېرىياللار بويىچە، چاغاتاي دەۋرى ئاساسەن مىلادى 1224 - يىلى چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ئۇلۇسى (1224 - 1309)، چاغاتاي خانلىقى (1309 - 1348)، موغۇلىستان خانلىقى (1348 - 1514)، يەركەن خانلىقى (1514 - 1680)غا قەدەر بولغان تۆت يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، چاغاتايلار ھەققىدىكى بىرمۇنچە ئەسەرلەردە چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدە شەكىللەنگەن ۋە غەيرىي چاغاتاي ئەۋلادى بولغان ئەمىر تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۆمۈرىلەر خانلىقى، تۆمۈر ئەۋلادى ئەبۇسەئىد تەرىپىدىن قۇرۇلغان خۇراسان دۆلىتى (1451 - 1507)، تۆمۈر ئەۋلادى زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھىندىستان بابۇرىيە ياكى بۈيۈك موغۇل خانلىقى (1497 - 1761) قاتارلىق خانلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرمۇ چاغاتاي دەۋرى دېگەن ئۇقۇم ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان تەرىپىدىن شەرقىي ياۋروپا ياكى قىپچاق سەھراسىدا قۇرۇلغان ئالتۇن ئوردا ياكى قىپچاق خانلىقى، كېيىنكى دەۋردە ئەنە شۇ باتۇخاننىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى ئۆزبېك خان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۆزبېك خانلىقى (1312 - 1540) دەۋرىمۇ چاغاتاي دەۋرى دېگەن مەزمۇندا بايان قىلىنىدۇ. دېمەك چاغاتاي دەۋرى، تارىختا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تىل ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرى جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ رايونىدا تا مىلادى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي مىراسلار دەل ئەنە شۇ چاغاتاي ئەدەبىياتى تۈرىگە كىرىدۇ[2].

## 2 - مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات نامايەندىلىرى

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئىتى بىر گۈللىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

چاغاتاي خانلىقى، جۈملىدىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خانلىقلاردا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى ھاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە تىلى قىلىنغان، شۇنداقلا موڭغۇل، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. يېزىق بولسا ھەر خىل بولغان.

«چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى». بۇ چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان قانۇن دەستۇرى بولۇپ، ئۇ «چىڭگىزخان ياسىقى»، «چىڭگىزخان كىتابى»، «بىلىك ياساق»، «ياساق» (جاساق) دەپ ئاتالغان. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى دانىشمەنلەر

---

[1] ئە. بايتۇر، غ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 816 - بەت.
[2] ئە. بايتۇر، غ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 848 - بەت.

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان. ئۇلار كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىغاندىن باشقا (بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن) يەنە بۇ ئەسەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن موڭغۇللارنىڭ قانۇنىنى ھەم «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دەپ ئاتىغان.

جانىبەگ ۋە «جانىبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى». جانىبەگ (1180— ?1270) ئۆگدۈلمىش ئوغلى ئىسسىق كۆل بويىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1195 ـ يىلى چىڭگىزخان ئوردىسىغا كەلتۈرۈلگەن. تەخمىنەن 1210 ـ يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىپ، ئاخبارات توپلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جوجى (1177 ـ 1225) ۋە باتۇ (1209 ـ 1256) خانلارغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ، تەخمىنەن 1260 ـ يىللىرى «جانىبەگ. نىڭ كەچۈرمىشلىرى» (تولۇق ئىسمى «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى») نى يېزىپ چىققان. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا بۇ قىسىمنىڭ باش قىسمىدىن بىر بابىلا مەلۇم. ئەسەردە چىڭگىزخان، جوجىخان ۋە باتۇخانلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى جانىبەگنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ بايان قىلىنغان.

يۈسۈپ سەككاكى (1160 ـ 1228) ئالمالىق شەھىرىدە ياشىغان ئالىم ۋە سىياسىيئون. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزمى سەككاكى. ئۇ «مىفتائۇل ئۇلۇم» (ياكى «مەتئىلئۇلۇم») ۋە «تەلخىس» ناملىق كىتابلارنى يازغان. يۈسۈپ سەككاكى يەنە شېئىرىيەت، ئىستىلىستىكا ۋە مۇقام ساھەسىدىمۇ مېھنەت قىلغان.

«مىفتائۇل ئۇلۇم» (1190 ـ يىلى) ئەرەب تىلىدا يېزىلغان سەرف، نەھۋى، مەئانى، تىل ـ ئەدەبىيات، مەنتىق، پاساھەت، مۇسىقا (مۇزىكا)، پەلسەپە، ئاسترونومىيە قاتارلىق 12، 13 تۈرلۈك ئىلىم توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىنغان.

جامال قارشى (1230 ـ ?1315) تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس بولۇپ، ئالمالىق شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1263 ـ يىللاردىن كېيىن كاشغەردە ياشاپ، «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» نىڭ مۇدەر. رىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1282 ـ 1300 ـ يىللىرى كاشغەردىكى ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم جەۋھەرى (ئىسمائىل ئىبنى ھىمادىل فارابى جەۋھەرى) نىڭ ئەرەبچە «سۇھاھ» ناملىق تۆت توملۇق كىتابى ئاساسىدا «سۇراھ» («مۇلھىقەتۇل سۇراھ» ياكى «سۇراھ مىنەل سۇھاھ») ناملىق كىتابنى ئىخچاملاپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن قاراخانىيلارغا دائىر ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ بايان قىلىنغان.

پالۋان مۇھەممەد (1247 ـ 1326) خارەزمنىڭ كونا ئۈرگەنچ شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ شائىر، پەيلاسوپ ۋە پالۋان كىشى ئىدى. پالۋان مۇھەممەد چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەسنەۋى ۋە رۇبائىي ژانىرىدا گۈزەل ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان.

ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرى. كاشغەردە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ياشىغان ئالىم. ئۇ مىسىر «باي بارسىيە» مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان ۋە 1363 ـ يىلى «تاجۇلسەئادەت ۋە ئەنۋانۇلسە. يادەت» (سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى) ناملىق بىر كىتاب يازغان.

ئابدۇرېھىم ھاپىز. XIV ـ XV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «دىۋانى ھاپىز تۈركى» ناملىق توپلىمى يېتىپ كەلگەن. ئۇ لىرىك شېئىرلاردىن جەملەنگەن.

مۇھەممەد خارەزمى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى (قىپچاق خانلىقى ? 1242 ـ 1480 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» (1353 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرى بار.

«مۇھەببەتنامە» 11 قىسىمدىن تۈزۈلگەن، 4 ـ، 8 ـ، 11 ـ پارچىلىرىغا پارسچە مىسرالار ئارىلاشقان، قالغانلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

سەيفى سارايى. (1321 ـ 1391) ساراي شەھىرىدە ياشىغان شائىر ۋە تەرجىمان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. شائىرنىڭ «سۆھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق داستانى، «گۈلىستان بىت تۈركى»، «سىدبادنامە» (سەئىد مالىك قىزۋىنىنىڭ ئەسىرى) ناملىق تەرجىمى ئەسەرلىرى بار.

قۇتىب. ئالتۇن ئوردا خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

بۇ دەۋردە ھېسامىددىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى، ھەيۋەت ئالا، ئەھمەد بىن ئوييۇب ئەل بالاساغۇنى، ئەييۇب بىننى ئەھمەد بالاساغۇنى، سىدى ئەھمەد («تەئەششۇقنامە»نىڭ ئاپتورى)، ئەلى (XIII ئەسىر، «قىسسەئى يۈسۈپ»نىڭ ئاپتورى)، دۇربېك (XIV ئەسىر، «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا»نىڭ ئاپتورى) قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ياشىغان.

«قۇرئان» XII ـ XVI ئەسىرلەر ئىچىدە بەش، ئالتە قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## § 2 . ناسىرىددىن رابغۇزى

### 1 ـ رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى»

رابغۇزى تەخمىنەن 1279 ـ 1351 ـ يىللىرى ياشىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ناسىر (ياكى ناسىرىددىن)، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بۇرھاندىن، رابغۇزى تەخەللۇس دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «رابغۇزى» — «رابات»، «ئوغۇز» دېگەن ئىككى ئىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ناسىرىددىن (نەسىر) بۇرھاندىن ئوغلى رابغۇزى دېگەن ئىسىم بىلەن كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر دەپ قارايدىغانلار بار. بەزىلەر كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى تۇتۇركىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان «قاراخان پادشاھىم مازىرى»نىڭ يېنىدىكى «رابات مەسچىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[1]. ئەمما ئۇ ئۆمرىنىڭ قىرانلىق چاغلىرىنى خارەزمدە ئۆتكۈزگەن.

رابغۇزى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن يەنە تارىخقىمۇ قىزىققان.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن. مەقسۇت مۇندا پەيغەمبەرلەر قىسسەسى ئېردى. ۋەلاكىن ئادەمدىن بۇرۇن ياراتىلغانلار بار ئۈچۈن ئاندىن ئاغاز قىلدىم، ئىستەكلىككە ئاسان بولسۇن تېپ ‹قىسسەئى رابغۇزى› ئات قويدۇم».

ئەمما، ئەسەردە ئاسان پەيغەمبەرلەر تارىخىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەسەر كېيىنچە باشقىلار تەرىپىدىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسەسى) دەپ ئاتىلىپ قالغان، دېگەن قاراش بار.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە ئەسەرنىڭ نەزمى شەكلىدە يېزىلغان «خاتىمە»سىدە

يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغە كىم بىتىلدى بۇ كىتاب،
توغمىش ئەردى ئول ئوغۇزدە ھۇت سائادەت يۇلتۇزى.

دېيىلگەن. ئېنىقكى بۇ ئەسەر ھىجرىنىڭ 710 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1311 ـ يىلى 2 ـ

[1] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى، 3 ـ سان.

ئايدا يېزىلغان.

ئاپتور ئەسەرنى يېزىپ «توك بۇغاخان» دېگەن كىشىگە تەقدىم قىلغان. بۇ توغرۇلۇق كىتابتا مۇنداق خاتىرە بار.

«يازىپ ئىلتىتىم ناسىردىن توكبۇغا تابۇغىنە تىلەيۇرمۇ، تىلەمەسمۇ بىلگۈلۈك، بىلسۇن ئۆزى»

تارىخچىلار توك بۇغاخان دېگەن كىشى 1326 ـ يىلى يەنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تەختكە چىققان تارمارشىن خاننىڭ ئوردىسىدىكى بىر مۆتىۋەر كىشى دەپ ئېنىقلاپ چىققان.

ئەسەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قولىيازما نۇسخىلىرى ۋە قازان، تاشكەنت باسما نۇسخىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلار ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. بۇ قول يازمىلاردا يېزىلغان تارىخ ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن تارىخى ئوخشاش ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تىلى، ھەجمى، ھەتتا ھېكايىلەرنىڭ بايان قىلىنىش تەرتىپى جەھەتتىن روشەن پەرقلەرگە ئىگە. بۇلارنى ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن تارىخىغا قاراپ ئومۇمەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى قەدىمكى نۇسخىسى، يەنە بىرى چاغاتاي تىلىدىكى نۇسخىسى.

قەدىمكى نۇسخىسى دېگىنىمىز، ئومۇمەن رابغۇزى يازغان دەۋرنىڭ تىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ نۇسخىلارنىڭ تىلىنى ئادەتتە خاقانىيە تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا تەۋە دەپ قاراشقا ياكى خاقانىيە تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تىلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چاغاتاي نۇسخىلىرى دېگەندە، ئومۇمەن XVII ـ XX ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇسخىلىرى بېرىلگەن ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسەرنىڭ تىلى كۆچۈرۈش جەريانىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن ئاساسەن چاغاتايلاشتۇرۇلغان، يەنى ئەسلى رابغۇزى يازغان قولىيازما تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئاساسەن ئەرەب ۋە پارسچە سۆزلەر ئالغان، ھەتتا ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇن مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىلىق ئامىللار قوبۇل قىلىنغان. شىنجاڭدا ئەڭ كۆپ تارالغان، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان نۇسخىلىرىمۇ مۇشۇ چاغاتاي تىلى نۇسخىلىرىدۇر.

«قىسسەسۇل رابغۇزى» مەيلى تىل تەتقىقاتى جەھەتتىن، مەيلى ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىن بولسۇن، ھەرقانداق بىر يادىكارلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئورنىنى تولدۇرۇشقا بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تارىخىي يادىكارلىق. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرىمىز.

«قىسسەسۇل رابغۇزى» يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك XIV ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلغان ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئامىللىرى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئامىللىرىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى بۆلۈش ۋە بايان قىلىشتا جەزمەن قاراپ چىقمىساق بولمايدىغان بىر قىممەتكە ئىگە، يەنى ئۇ تۈركىي تىللارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى دەۋردىن يېقىنقى زامانغا ئۆتۈشى جەريانىدا ئۇنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق جەھەتتە قايسى ئامىللار يوقىلىپ، قايسى ئامىللار قوشۇلۇپ، قايسىلىرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئەڭ مۇھىم ئاساس بولىدىغان بىر قىممەتكە ئىگە يادىكارلىق.

«قىسسەسۇل رابغۇزى»نىڭ مەيلى قەدىمكى نۇسخىسى بولسۇن ياكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە يەنە ناھايىتى كۆپ نۇسخىلىرى بار.

بۇلارنى تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن چوڭ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئىچىدە خېلى كۆپ پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى نۇسخىلىرىنىڭ بەزىلىرى XV – XIV ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن بولسا، چاغاتايچە نۇسخىلىرىنىڭ بەزىلىرى XVIII ئەسىردە، بەزىلىرى XVIII – XIX ئەسىردە، ھەتتا بەزىلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن. شۇڭا، ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۇلاردا بەلگىلىك دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى كۆرۈلمەكتە. ئەگەر بىز ئۇلارنى كۆچۈرۈلگەن دەۋرگە ئاساسەن تەرتىپكە تىزىپ، سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسەرنىڭ نۇرغۇن قولىيازما نۇسخىلىرى بار. بۇلار بىر كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ئەمەس، ھەتتا ئېنى بىر نۇسخىسىمۇ بىر قانچە خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. باشقا – باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن پەرقلەر بار. بەزى نۇسخىلىرى قانداق تاۋۇشلارنىڭ قوللىنىلغانلىقى ياكى نۆۋەتلەشكەنلىكى، قانداق سۆزلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى ياكى نۆۋەتلەشكەنلىكى، قانداق گراماتىكىلىق قوشۇمچە مەنىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى ياكى نۆۋەتلەشكەنلىكى بىلەن ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دىئالېكتىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەجمى ئەڭ چوڭ ئەسەردۇر. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قول يازما نۇسخىلىرى 250 ۋاراق 500 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر بىر بەتكە 21 قۇر خەت يېزىلغان. شۇڭا، ئۇ مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغىتىنى ئىشلەشتە بولسۇن ياكى گراماتىكىسىنى ئىشلەشتە بولسۇن، بىزنى ئەڭ مول تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھەر خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ نۇسخىلار سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دىئالېكت لۇغىتىنى ئىشلەش جەھەتتە، بىزنى ئەڭ مول ۋە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەسەردە «قۇرئان» دىن نۇرغۇن ئايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى قوشۇپ بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ بىزنى تەرجىمە تەتقىقاتى جەھەتتىنمۇ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە بولىدۇكى ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا قېرىنداش تىللار بىلەن، شۇنداقلا تۇغقان ئەمەس تىللار بىلەن ئۇچراشقان، مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلاردىن سۆز، ھەتتا گراماتىكىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن تىللارنىڭ بىرى ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدۇر. شۇڭا مەيلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرغۇن ھالىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنى شۇ مۇناسىۋەتلىك تىللار بىلەن، جۈملىدىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

بۇ ئەسەر ئادەتتە ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالماقتا. شۇڭا بۇ چوڭ ھەجىمدىكى ئەمگەك ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات تارىخىدا نەسرىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىنمۇ بىزنى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ[1].

## 2 – «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

[1] ئەسەرنىڭ تىلى توغرىسىدىكى باياناتلار م. سايىتنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ تىلى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 – يىلى، 3 – سان)

بۇ قىسسە 72 بابتىن ئىبارەت بولۇپ[①]، باش قىسمىدىكى ۋەقەلەر ئەسلى يەھۇدىيلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە «ئىنجىل»دا تىلغا ئېلىنغان. بۇلار كېيىنچە ئەرەبلەر ئارىسىدا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بەزىلىرى رەسمىي يوسۇندا ئەرەب فولكلورىغا ئايلانغان ۋە «قۇرئان»غا كىرىپ «قۇرئان» ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇلغان، جۈملىدىن بەزى ئوبرازلار «قۇرئان» كۆزقارىشى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئىلاھلاشقان ئوبرازلاردىن بولۇپ قالغان[②]، ھەتتا جاھانغا مەشھۇر تارىخىي شەخس ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ (36 ـ بابتا) ئىلاھلاشقان ئىسلام قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ، قالغان سەككىز بابى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ چاھارىيارلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بەزى ۋەقەلەر ئىسلام دىنى روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەنى ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. يۇقىرىقى بابلار ئىچىدە يەنىلا ئىسلامىيەتنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

قىسسىنىڭ ۋەقەلىك تارىخى (خرونولوگىيىلىك) تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەمئىيەتتە سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشى، دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن زورۇ ئاستېرئىزم (ئاتەشپەرەستلىك)، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى، ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ دىننى ئۆزىگە قورال قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، چاھارىيارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئوماۋىيەلەر (مىلادى 661 ـ 750 ـ يىللار ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب ئىمپېرىيىسى) دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھۋالى دىنىي تۈسكە ئىگە كارتىنا ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

ھەرقانداق يازغۇچى ئىجادىيىتىدە ئېستېتىك غايە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، يازغۇچى شۇ ئېستېتىك غايىگە تايىنىپ تورۇپ دۇنيانى كۆزىتىدۇ، يازماقچى بولغان تېمىسىنى تاللايدۇ، تېمىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈش، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تىپىك شارائىتتىكى بەلگىلىك ھەرىكىتى، ئەسەرنىڭ سيۇژېت، قۇرۇلما ـ لىنىيىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سيۇژېت، لىنىيە قۇرۇلمىسىنىڭ چېنى بولغان توقۇنۇشلار ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان كومپوزىتسىيىسىنى قۇراشتۇرىدۇ. بۇ كومپوزىتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان تەندىنسىيىلىك ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ياكى بۇنى باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىكىسىنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈپ، ئاخىرى تىپىك

---

① ئەسەرنىڭ قانچە بابلىقى مەسىلىسىدە، بىرقانچە يىلدىن بېرى يەنە 44 باب (قىسسە) دېگەن باياناتلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ ئەسەرنى نەشر قىلغاندا، قىسقارتىپ ھەم بابلىرىنى كىرىشتۈرۈۋېتىكەنلىك تۇرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى چەت ئەل ئالىملىرى ئومۇمەن ئەسەرنى 72 باب دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. بۇ كىتابنىڭ ئىلگىرىكى نەشرلىرىدە، 44 باب (قىسسە) دېيىلگەن، بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلدى ـ ت.

② رابغۇزى ئەسەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى قانداق مەنبەدىن پايدىلانغانلىق مەسىلىسىدە بىرقانچە خىل كۆزقاراش بار. بەزىدە ئۇ «قۇرئان» ۋە ئەرەب فولكلورىدىن بىۋاسىتە پايدىلانغان دەپ قارىلىدۇ. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى م. گ. گىيۇز ئوغلى «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» سيۇژېتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «XIII ـ XIV ئەسىرلەردە بۇ سيۇژېت ئوتتۇرا ئاسىيادا نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى»، ناملىق كىتابىدىن ئورۇن ئالدى. ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى، ئېھتىمال، ئەبۇئىسھاق نىشاپورنىڭ «قىسسەئى ئەنبىيا» ناملىق كىتابىنىڭ پارسچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان، پارسچە نۇسخىسى بولسا ۋاھاب ئىبنى مۇنەببىھنىڭ ھىجرىيە V (مىلادى XII) ئەسىردە يازغان ئەرەبچە نۇسخىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك.» («يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنىڭ تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدىكى سيۇژېتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان، ئورۇسچە) دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇقتىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بەدىئىي كارتىنا، بەدىئىي ئوبرازلاردا توپلىنىپ، گەۋدىلەندۈرۈلۈپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنىدۇ. رابغۇزى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە ئۇقتىئىنەزەر بىلەن «قىسسەئى رابغۇزى»نى يېزىپ چىققان.

قىسسە مەزمۇنلىرى دىنىي تۈس بىر قەدەر قويۇق بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەقەلىكلەرنىڭ زىددىيەت تەرەققىياتى رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە خاس ياكى دىنىي چۈشەنچە ۋە دىنىي تەپەككۇر لوگىكىسى بويىچە قانات يايغان. ئەمما بۇ ئەسەردىكى توقۇنۇشلار ۋە زىددىيەتلەر باشقا خەلقلەرنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىغا ئوخشىمايدۇ، يەنى ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر پەقەت بىر «ئاللاھ»نىڭ «قۇدرىتى» بىلەنلا بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جېنى بولغان توقۇنۇش (كومپلېكت) مۇ ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى «ئاللاھ»نىڭ «قۇدرىتى» بىلەن مەيدانغا چىقىرىلىپ، سۇژېتلار دىنىي چۈشەنچىلەر ئاساسىدا قانات يايدۇ. مەسىلەن: «ئادەم» (ئەلەيھىسسالام) تۇپراقتىن يارىتىلغان،[①] ئۇ ئەرشكە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر «ئاللاھ»نىڭ ھۆكمى بىلەن سەجدە قىلىدۇ. ئەمما، شەيتان «ئوت»تىن يارالغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى تۇپراقتىن يارالغان «ئادەم»دىن ئۈستۈن تۇتۇپ، سەجدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ (ئۇ ئەسلى پەرىشتە ئىدى) پەرىشتىلىك سۈپىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، شەيتانغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قىسسىدە ئادەمگە قارشى كومپلېكتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىسسىدە سۇژېتلار قانات يايدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان زىددىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شەيتان قىسسىسىدە دىنلار پەيدا بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى كومپلېكتنىڭ ئاساسىي زىددىيەت تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ دىنلار پەيدا بولغاندىن كېيىن غەيرىي دىنلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ ئارقا تىرىكى خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىن قارىغاندا ئوتمۇ، ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، ئوتنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئىگىلىنىشى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈرلۈكى قەدىمكى گرېك ئەپسانىسى «پرومېتى»نىڭ ئوت ئوغرىلىشىدا بەدىئىي ھالدا تىپىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

قىسسىدىكى «تۇپراق»تىن يارالغان «ئادەم» بىلەن «ئوت»تىن يارالغان «شەيتان» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى قارىمۇقارشىلىق، ئادەمنىڭ ئوتنى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى كۈرەشلەر ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلىدۇ، ھاۋا ئانا ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلىدۇ. داغدۇغىلىق توي بولىدۇ،[②] ئۇلار جەننەتتە تۇرىدۇ. جەننەتتە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇغداي يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستاننىڭ سەرەندىب تېغىغا، ھاۋا ئانا ئەرەبىستاندىكى جىددە تېغىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، 300 يىل ئازاب چېكىدۇ،[③] ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرىدىن گىياھلار ئۈنىدۇ. كېيىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئادەمدىن ھال سورايدۇ… ھەم ئاللا ئۈچ تال بۇغداي ئەۋەتىدۇ. ئاللانىڭ بېھىشتىن ئات، قوي، تۆگە چىقىرىپ بېرىشى، ئادەمنىڭ «ئۈچ تال بۇغداي»نى كۆپەيتىشى، ئۆكۈزلەرنى قوشقا قوشۇپ يەر ھەيدىشى، قۇچقارنى يەپ، ساغلىقلارنى بېقىشى، يۇڭىدىن كىيىم توقۇپ كىيىشى ۋە باشقىلار ……[④] سۆزلىنىدۇ.

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 10 - بەت.
② «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 18 - بەت.
③ «قىسسە سۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 24 - 28 - بەتلەر.
④ قىسسەسۇل ئەنبىيا»،قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى، 29 - بەت.

مانا بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئالدىدا چارۋىچىلىق، كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلىرى-نىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىدە دېھقانچىلىق، بۇغداي تېرىپ ئۆستۈ-رۈش ئەمگىكىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىسسىدە دىنىي تۈس بىلەن كەڭ تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى كارتىنىلاردىن جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى بېسىپ ئۆتكەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق، ئاتىلىق قەبىلىچىلىك باسقۇچلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى قىسسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت دەسلەپكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ كارتىنىسى مۇنداق بېرىلگەن مەسلەن:

جەبرائىل بېھىشتىن بىر چاڭگال ئالتۇن كەلتۈرۈپ، بىر تاغقا چاچىدۇ... تاغ ئالتۇن كانىغا ئايلىنىدۇ... ئادەم بالىلىرى ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولىدۇ ......ھەم ھەر بىرى بىردىن ھۈنەر ئىگىلەيدۇ. بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

مانا بۇ كارتىنىلاردىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدىكى مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

قىسسىدە ئادەم 500 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، نەسلى كۆپىيىپ «ئاللا» ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ①. بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيۇشقانلىقىغا سىمۋول قىلىنسا، ئارىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەردىن ئادەم ئۆزىنىڭ بىرىنچى پادىشاھ ئىكەنلىكىمۇ بايقىلىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرەلەيدۇ. قىسسىدە نوھ ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى بالىلىرىغا مۇنداق تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ:

قىسسىدە: «ھەزرىتى نوھ دۇنيانىڭ يېرىمىنى — ئۇمىد دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى، بەلىخ، بۇخارا، ئىراق، شام، خۇراسان، سامان، رۇم، باغداد، مىسىر، مەككە - مەدىنە، يەمەن، ئەدەن، ئانتاكىيە، قۇستەنتىنە......قاتارلىق ئۇلۇغ مەملىكەتلەرنى سامغا بەردى.

ئەندىجان، سەمەرقەند، ئۆرگەنچ، قىرغىز، قازاق، قالماق، موغۇل زېمىنلىرىنى... يافەسكە بەردى.

كونجال، تۇبۇت، بالتى، بۇلۇر، كەشمىر، ھىندىستانلارنى ھامغا بەردى» دېيىلىدۇ②.

بۇلارنى گەرچە ھېچقايسى ئىمپېرىيىگە تەقمۇ تەق تەققاسلىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن يەرلەرنى مۇنداق چېگرىلارغا بۆلۈش بىزگە يىرىك دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى ۋەقەلەر يەنە ئەرەب يەرلىرىدىكى فىرئەۋنلار بىلەن بولغان كۆرەش-كە مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈز بېرىدۇ.

رابغۇزى ئېستېتىك غايە جەھەتتە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى (دىنىي نەزەرىيىسى) گە يانداش-قانلىقى ئۈچۈن قىسسىدىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» نىڭ پەيغەمبەرلىرى (مۇھەممەد پەيغەم-بەرنىڭ پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدىغان ياكى ئىسلام ئېتىقادى تەسۋىرلىنىشكە باشلىنىدىغان 38 - قىسىمغىچە) نىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەت ئۈچۈن كۆرەشكە «قەھرىمانلار» قىلىپ تەسۋىرلىنىشتىن قەتئىينەزەر، قىسسە سيۇژېت لىنىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋەقەلەردىن ئەرە-بىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتىقاد قىلىپ بېشىدىن كەچۈرگەن دىنلار تارىخىنى، بەزىلىرىنى غىل - پال، بەزىلىرىنى (بولۇپمۇ قىسسىدىكى ۋەقەلىكلەر ئاساسەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ماكانى سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر...ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن) خېلىلا تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 398 - بەت.

② «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («نوھ ئەلەيھىسسالام قىسسەسى») «بۇلاق» 1988 - يىلى، 4 - سان، 11 - بەت.

نەمرۇدنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، كۆك خۇداسىغا ئوق ئېتىشىنى[1] ئېپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ ئىسلاملاشقان تۈستە ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، (توققۇزىنچى قىسسىدە) قىسسىنىڭ يەنە بىر يىپى (بىرىنچى قىسسە) دە، قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ھابىلنىڭ قويىنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت پىشۇرۇپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلەنىدۇ. توققۇزىنچى قىسسىدە بولسا پادىشاھ نەمرۇدنىڭ ئىبراھىم پەيغەمبەرنى تۇتۇپ كېلىپ تۆت ئاي ئوتۇن دۆۋىلەپ ئۇنى ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوت ياقىدۇ. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئوت دەرھال سۇۋۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا راھەت بېغىشلايدۇ. ئىبراھىم ئىككى رەكەئەت ناماز ئوقۇيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۇستىدە ئۈچ كۈن ئولتۇرىدۇ. پادىشاھ نەمرۇدنىڭ قىزى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ «لائىلاھە ئىللەللا، ئىبراھىم خەلىلۇللا!» دەپ ئوتقا كىرىدۇ،[2] ئۇنىڭغا ئوت ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. نەمرۇدنىڭ ئادەملىرى قىزنى ئۆلتۈرمەك بولغاندا، ئاسماندىن شامال بىلەن بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ قىزنى كۆھىقاپقا ئېلىپ كېتىدۇ...[3] بۇ زورۇئاستىر دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قىسسىدە خرىستىئان دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇش چېگرىسى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. ھەر ئىككىلىسى بۇدپەرەسلىكنىڭ پەيدا بولۇش يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەشىنچى قىسسىدە ئادەمدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى نوھ تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ زامانىدا ئادەم ناھايىتى كۆپەيدى، بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۇستىدە مېڭىپ بارغىلى بولاتتى.[4]

بۇددا چوقۇنۇش ھەققىدە سۆز بولغاندا ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن باللىرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، تاشتىن بۇت ياساپ، ئادەمنىڭ سىماسىغا ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا باللىرىنى چوقۇندۇرىدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇتقا چوقۇنۇش كېلىپ چىققانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ[5].

قىسسىدە ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلىقى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ، مەسىلەن ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھاۋا ئانا بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا توي قىلىدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ۋە ئادەملەر بىلەن سوئال قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ، يېشىلمىگەن سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم جاۋاب بېرىدۇ. بۇ بابتا ئادەم ئەلەيھىسسالام ناھايىتى چوڭ بىلىم ئىگىسى، ئالىم سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ،[6] جۈملىدىن ئۇنىڭغا ئىبلىس نامىنى ئېلىپ، بوينىغا «تەۋقەلەنەت» چۈشكەن ھازازۇلدىن باشقا ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلىدۇ[7].

نوھ توپان بالاسىدا كېمە ياساپ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەتتا ئىبراھىم ئوتتىمۇ كۆيمەيدۇ. پەرىشتىلەر ئادەم بولۇش ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ھارۇت، مارۇت دەپ ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئادەملەرچە ھايات كەچۈرىدۇ. جۈملىدىن قىسسىدە ئادەم نەسلىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق كۈرەشتە ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن مەغرۇر، ھىيلىگەر شەيتانلاردىن غالىب كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى يېڭىپ چىقىدۇ.

بىلىم ۋە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، بولۇپمۇ لوقمان ھەكىم ئوبرازلىرىدا نۇقتىلىق مەدھىيىلىنىدۇ. نادان ئىستىبدات

---

[1] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 76 ـ بەت.
[2] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 72 ـ بەت.
[3] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 73 ـ بەت.
[4] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 74 ـ بەت.
[5] «قىسسە سۇل ئەنبىيا» 8 ـ بەت.
[6] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 22 ـ بەت.
[7] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 15 ـ 26 ـ بەت.

فېئودال، پادىشاھلار باشتىن ـ ئاخىر يازغۇچى قەلىمى ئاستىدا پاش قىلىنىپ، نەپرەت نەيزىسىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىدۇ.

رابغۇزىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا فارابى ئوتتۇرىغا قويغان ئوتوپىك «غايىۋى ئىدىئال شاھ» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىملىك غايىۋى ئادىل شاھ» ئىدىيىسى ۋارىسلىق قىلىنغان ھالدا دىنىي كۆزقاراش بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇ تەسۋىرلىگەن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەر، پادىشاھلار ئوبرازىدىن كۆرىمىز.

ئەسەرنىڭ 20 ـ قىسسىسىدىكى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. قىسسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئۇ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر قەھرىمان بولۇپ، باشقا ئىجابىي پېرسوناژلارغا ئوخشاش تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن.

داۋۇت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمان، ئۇ قىسسىدە قوي باققانلىقى، شىرنى مىنىپ قارشىلىق قىلمايدىغانلىقى، تاغلاردا قولىدىكى تەسبىھىنى تارتىپ ماڭسا، تاغلار ۋە ئېدىرلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.[1] داۋۇتنىڭ شاھلىق تەختكە چىقىشمۇ قەھرىمانلىقىنىڭ تۈپەيلىدىن بولىدۇ. قىسسىدە بايان قىلىنىشىچە، داۋۇت زامانىدا تالۇت، جالۇت دېگەن ئىككى زالىم پادىشاھ بولۇپ، ئىككىسى تىنماي ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. تالۇت جالۇتنى يېڭىش ئۈچۈن ئەشمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا بارىدۇ. شۇ ئەسنادا بىر نىدا كېلىپ، ئى تالۇت، ئاۋۇ شاختىكى ياغنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ باق، ئۇ ياغ كىمنىڭ ئالدىدا قاينىسا جالۇتنىڭ كۈشەندىسى شۇ ئادەم بولغاي، دېيىلىدۇ. تالۇت ياغنى كىشىلەر ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بىر ـ بىرلەپ قويىدۇ، ياغ قاينىمايدۇ... داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ياغ قاينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت جالۇت بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. «جالۇتنىڭ بويى 60 گەز، توغرىسى 20 گەز»[2] بولسىمۇ، داۋۇت ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دىنسىزلارنى تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتىدۇ.[3] داۋۇت تالۇتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ۋەدىسىدە تۇرماي، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىگە قارشى بولغان تاغدىكى دۈشمەننى مۇسۇلمان قىلىپ، خەتنىسىنى قىلدۇرۇپ كەلگىن، دەيدۇ. داۋۇت مەردلىك بىلەن ئۇنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئامالسىز قالغان تالۇت ئاخىرى ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ ئۇنى پادىشاھلىققا شېرىك قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلق داۋۇتقا مايىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن تالۇتنىڭ رەشكى قوزغىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. داۋۇت ئەمدى قەھرىمانلار ئەمەس، بەلكى سەزگۈر، ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. داۋۇتنىڭ خوتۇنى بىر تۇلۇم سۇ ئېلىپ چىقىپ، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئۈستىگە داۋۇتنىڭ تونىنى ياپىدۇ ـ دە، ئۆزى يېنىدا ياتىدۇ. داۋۇت پەستە ياتىدۇ. كېچىسى تالۇت كىرىپ ھېلىقى تۇلۇمغا شەمشەر ئۇرىدۇ... داۋۇت ئۆلدى دەپ خۇشال بولىدۇ. ئەمما، ئەتىسى داۋۇتنىڭ تىرىكلىكىنى ئاڭلايدۇ. تالۇت ناھايىتى ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە قاتتىق ئەندىشە، ئازاب ئوتى ئىچىدە قالىدۇ. بىر كۈنى داۋۇت تالۇتنىڭ تەختىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال ئوقنى قىستۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەتىسى بۇنى كۆرگەن تالۇت «بۇ يەرگە داۋۇت كىرىپتۇ، ماڭا زىيان يەتكۈزمەي چىقىپ كېتىپتۇ، ئەگەر يامان خىيالى بولىدىغان بولسا مېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى» دەپ پەرەز قىلىپ، قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 261 ـ 262 ـ بەتلەر.
② «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 262 ـ 263 ـ بەتلەر.
③ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 262 ـ 263 ـ بەتلەر.
④ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 262 ـ 263 ـ بەت.

قىلىدۇ.[4] شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نۇرغۇن گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، ئەمما گۇناھىدىن قورقۇپ، كېچىسى گۆرىستانلىققا بېرىپ، يىغلاپ پەريات قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر ياخشى ئايالنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەشمۇئىل ئەلەيھىسسالامدىن: ئۆز گۇناھىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئوغۇللىرى بىلەن بېرىپ «دىنسىزلار» بىلەن جەڭ قىلىش لازىملىقىنى ئۇقىدۇ ھەم جەڭگە كىرىپ، جەڭدە ئۆلىدۇ[1]. داۋۇت بۇ يۇرتقا شاھ بولىدۇ[2]. قىسسىدە تەسۋىرلىنىشىچە داۋۇت دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. ئۇ ئادىل سوتچى، كېچىسى يوقراچە ياسىنىپ ئەل - يۇرتنى كېزىپ ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرىدىغان ئادىل دېموكرات، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تۆمۈرچىلىكنى كەسىپ قىلغان ئەمگەكچى ۋە ئۇستا كاسىپ (شۇڭا تۆمۈرچىلەرمۇ ھازىرغىچە داۋۇتنى پىر دەيدۇ) سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. قىسسىدە ئۇ «زەبۇر»نى ئوقۇسا، پۈتۈن جانىۋارلار جەم بولۇپ كېلىپ تاقات قىلالماي، بىھوش بولۇپ يىغلايتتى، ھەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختايتتى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.[3] قىسسىدە يەنە داۋۇت خاتالىقىنى سەزگەن ھامان تۈزىتىشكە قەتئىي بەل باغلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىتنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر ھەسسىنى ئىبادەت، ئىككىنچى ھەسسىنى پادىشاھلىق، ئۈچىنچى ھەسسىنى تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ[4].

قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن داۋۇتنىڭ يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان مەرد قەھرىمان، خەلق ئىشلىرىغا قارىتا ئادىل پادىشاھ ھەم ئەمگەكچى، ھەم ھۈنەرۋەن، ھەم ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە شاھ سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئادىل شاھ توغرىسىدىكى قارىشى داۋۇتنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى سۇلايمان ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل قاراش «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» قىسسىسىدىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا ئېغىر سالماقنى مۇھەببەت تېمىسى تەشكىل قىلىدۇ، ئاز بولمىغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ.

قىسسىنىڭ ناھايىتى كەڭ لىنىيىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت ۋەقەلىرىدىن «ئادەم بىلەن ھاۋا»، «يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخا» «ئايۇپ بىلەن رەيىم بانۇ»لارنى مىسال قىلغىلى بولىدۇ.

مۇئەللىپ دۇنيا قاراش جەھەتتە «بىر ئاللا سىنتىرىزم»دىن ئۇزۇقلانغان سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ «تەجەللى» ئېستېتىك پرىنسىپىغا تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن قارشى قىلىپ قويمايدۇ. جۈملىدىن ئىنساننىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىنسانىي مۇھەببىتىنى «ئاللا»غا بولغان مۇھەببىتى بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇنى ئىلاھىي كۈچ بىلەن چەكسىز مۇبالىغە قىلىپ، غايىۋىلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىپ، ھاۋانى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ نۇرىدىن بىر زەررە ئېلىپ ئۇنى 100 گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 99%نى ھاۋاغا بېرىدۇ.[5] دېمەك ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەللەردىن بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتە ھەشەمەتلىك توي قىلىدۇ: ئۇلار جابرائىل،

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 265 - بەت.
② «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 265 - بەت.
③ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 265 - بەت.
④ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 266 - بەت.
⑤ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 20 - بەت.

پەرىشتە ۋە شەيتانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئادەم بىلەن ھاۋا ۋىسالىغا يېتىشىپ، جەننەتتە ياشايدۇ. ئەمما، جەننەتتە يېيىش مەنئى قىلىنغان بۇغداينى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، ئاللا ئۇلارنى جازالايدۇ ۋە ئادەمنى ھىندىستانغا، ھاۋانى «جىددە» تېغىغا تاشلايدۇ. ئادەمنىڭ بۇ دەردى پىراق ئىچىدە تۆككەن كۆز ياشلىرى سۇ بولۇپ ئاقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاچچىق چۈچۈك دورا پەيدا بولىدۇ[①]. ...... 300 يىل سادىقلىق بىلەن بىر - بىرىنى كۈتۈپ، قاتتىق مۇشەققەتتە ھايات كەچۈرىدۇ. ئەمما، ئاللا بۇ 300 يىل جەريانىدا بۇ ئەزىز بەندىلىرىگە جەبرائىل، پەرىشتىلەر ئارقىلىق شەپقەت كۆرسىتىپ ۋە 18 خاسىيەتنى ئاتا قىلىپ[②] قايتىدىن مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ رىۋايەت «تەۋرات»تىن، «ئىنجىل»غا، ئاندىن «قۇرئان»غا ئۆتكەن ۋە ئەرەب رىۋايە-تىگە ئايلىنىپ، ئىسلام تۈسىنى ئېلىپ تېخىمۇ قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە قىلىنغان.

دېمەك: «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ناھايىتى كەڭ، مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل، ئاجايىپ غارايىپ، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىغا رېئاللىق ئارىلاشقانلىقى ئادەم، بىلىم، مۇھەببەت، ئەمگەك، باتۇرلۇق، ئادىللىق، گۈزەل غايە مەدھىيىلەنگەنلىكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، بىر قىسىم مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ شاكىلىغا تەڭ، خالاس.[③]

---

① يۇقىرىقى كىتاب 28 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 41 - بەت.

③ «قىسسە سۇل ئەنبىيا»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدىكى بۇ تەھلىل شېرىپىددىن ئۆمەر ئەپەندى يازغان ماتېرىيال ئاساسىدا قايتىدىن ئىشلىنىپ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى. شېرىپىددىن ئۆمەرنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ماتېرىيالى ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» (شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان.

# X باب تۆمۈرىلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## § 1 . ئومۇمىي ئوبزور

**1 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە قوشقان تارىخىي تۆھـ پىسى**

1 . ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ (1370 ـ 1507) قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردىلا تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىدىكى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىگە كىرىپ ماكانلىشىپ، ئۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكىگە قاتناشقان. مىلادى Ⅲ ـ Ⅳ ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇ دىڭلىڭلار زورىيىپ، سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا 60 مىڭ ئەسكىرى بار خانلىق تىكلىگەن. دىڭلىڭلار تېلى ۋە ئېگىز قاڭقى دەپ ئاتالغان Ⅳ ـ Ⅵ ئەسىرلەردە نۇرغۇن تېلى ۋە ئېگىز قاڭقى قەبىلىلىرى ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردا ياشىغان.

ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشىمىغان كۆلەمدە ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغان ۋە نۇرغۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ جايلاردا ياشىغان. غەربىي قىتان (لياۋ) سۇلالىسى ۋە چاغاتاي خانلىقى، ئېلخانىلار زامانىسىدا شىنجاڭدىن يەنە زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ ئەسلى زېمىن دائىرىسىدىكى يەرلەرگە كىرىپ يەرلەشكەن.

**2 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلە- رىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى.**

تۆمۈرىلەر دەۋرى تۆمۈرىلەر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ماۋارە ئۇننەھر ۋە خوراسان رايونىدا تەشكىل تاپقان. بۇ خانلىق بەزى ماتېرىياللاردا چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە كىرگۈزۈۋې- تىلىدۇ.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەدەنىيىتى باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغان. جۈملىدىن بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن سىئىددىدىن كاشغەرى، سۇلتان مالىك كاشغەرى، ئەھمەد ھاجىبەگ، غىياسىدىن باخشى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئۆلىمالار، ئەتائى، لۇتفى، مەۋلانە سەككاكى، نەۋائى، سۇھەيلى قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەر ياشاپ ئۆتكەندىن باشقا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يەنە نۇرغۇن ئەدىبلەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

1) تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى

تۆمۈرىلەر دۆلىتىدە ھەر خىل ئىرق، كۆپ خىل تىلغا تەۋە خەلقلەر ياشايتتى. ئۇلارنىڭ

مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىمۇ ھەر خىل ئىدى.

تۆمۈر (تىمۇر، ئەمىر تۆمۈر، تۆمۈرلەڭ، ئاقساق تۆمۈر، ئەمىر تۆمۈر گوراگان، دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە مايىللىقى، جۈملىدىن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويغانلىقى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلىم - مەرىپەتتە قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبارغا ئىگە بولدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلى. بۇ دەۋردە بۇ تىل چاغاتاي تىلى، تۈركى تىلى دېگەن ناملار بىلەن ئېتىبارلىنىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدە رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر يېزىقى. تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئىككى خىل ئىدى. بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ يەنە بىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، يەنى چاغاتاي يېزىقى. بۇ ئىككىلا يېزىق، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۆمۈرىلەرنىڭ ئوردىسىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئالاقىلەرگىچە قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق يېزىقلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. چاغاتاي يېزىقىمۇ شۇنداق بولغان.

ئۈچىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى. بۇ پەلسەپىۋى قاراش ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆمۈرىلەر دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە سەئىدىدىن كاشغەرى ۋە سۇلتان مالىك كاشغەرى قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەدەبىيات قاراشلىرى جۈملىدىن پەلسەپىۋى قاراشلارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»لار ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئەرەب، پارس پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئەدەبىيات قاراشلىرى بىلەن پاراللېل ھالدا ئۆزىنىڭ مۆتىۋەر ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان.

دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۆمۈرىلەر دەۋرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، جۈملىدىن ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك شۆھرىتىنى نامايان قىلغان.

### 2) تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى ۋە رولى

قەدىمىي شەھەر ھىرات (جۈملىدىن سەمەرقەند) نىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئىتى بۇرۇندىنلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئەينى چاغدا ھىرات ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسى دەسلەپتە ئەرەبلەشتۇرۇۋېتىلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىر خىل پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش مۇمكىن بولمىغان. شۇنداق بىر شارائىتتا XVI ئەسىردىن باشلاپ ھەر خىل مىللىي تەركىبلەردىكى ئاھالىلەردىن قايتا تەشكىل تاپقان ھىراتنىڭ يېڭى شەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرى مۇھىم رول ئويناپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى سەمەرقەند ۋە ھىرات ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپچىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان قورالىغا ئايلانغانىدى. ئۇيغۇرلارلا مۇشۇ تىل - يېزىقنى ئىشلىتىپ قالماي باشقا خەلقلەرمۇ، ھەتتا خاقانلىقنىڭ ئوردىلىرىدا، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرىدا، خاقان - ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە باشقا ئاقسۆڭەكلەرمۇ قوللانغان.

نەۋائى «مەجالىسۇننەفائىس» دا ئۇيغۇر (تۈركى) تىلىدا شېئىر يازغان ھەرەمى، قەلەن-

دەر، كامالى، لەتىفى، پەلۋان ھۈسەيىن، مەۋلانە ھىلال، مىرسەئىد، مۇھەممەد ئېلى، مىرزابەگ، نەۋائىنىڭ ئۇستازى، شۇ زامانىنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرى ۋە ئالىمى بولغان سەئىد ھۈسەيىن ئەردە شىر، مەۋلانە ئاشىقى، شەرفى، گادايى قاتارلىقلارنى ساناپ كۆرسىتىپ، شېئىرلىرىدىن ئۈرنەكلەر بېرىدۇ. بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىرنى شۇنىڭدىن ھەم كۆرگىلى بولىدۇكى، تۆمۈرىلەرنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خېلىل مىراز، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا، شاھ غەرىب قاتارلىقلار ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلىدا شېئىر يازاتتى. نەۋائى يۇقىرىقى ئىسىملار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالغان «مەجالىسۇننەفائىس» دا ھۈسەيىن بايقارا شېئىرلىرىغا مەخسۇس باب ئېچىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈپ كەڭ تونۇشتۇرىدۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ھۈسەيىن» تەخەللۇسلۇق شېئىرىي دىۋانى بار.

3) ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى

سەئىددىن كاشغەرى

س. كاشغەرى (1377 - 1456) كاشغەردە تۇغۇلغان، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ماۋارەئۇننەھر ۋە خوراسان رايونىدا پائالىيەت قىلغان. بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشكەن. ھىراتتا مۇدەررىس بولغان، بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. مەشھۇر شائىر ئا. جامىغا ئۇستاز بولغان. نەۋائىمۇ ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئىپتىخارلانغان.

سۇلتان مالىك كاشغەرى

س. م. كاشغەرى تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق ئۆلىماسى. ھىرات ۋە سەمەرقەندكە ھاكىم بولغان شائىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دادىسى.

ئەھمەد ھاجىبەگ تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى مۇزىكانت ۋە قابىل ئەمەلدار. سۇلتان مالىك كاشغەرىنىڭ ئوغلى. ھىرات ۋە سەمەرقەندكە ھاكىم بولغان ھەم سەمەرقەندتە نەۋائىغا ئاتىدارچىلىق قىلغان. «ۋەفائىي» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان ھەم شېئىرىي دىۋانى بولغان. ئۇ شېئىرلارنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس - تاجىك تىلىدا يازغان. «12 مۇقام»غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن «ۋەفائىي» تەخەللۇسلۇق شائىر مۇشۇ ئادەم بولسا كېرەك.

شاھ قۇلى ئۇيغۇر

ش. ق. ئۇيغۇر تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى، مەلۇم ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ مىرزىسى. نەۋائى «مەجالىسۇننەفائىس»تا پارىسچە شېئىرلىرىدىن پارچە بەرگەن.

غىياسىددىن باخشى

غىياسىددىن كىچىك (؟ - 1454) كىچىككىنە باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خوراساندا ياشىغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. خوراسان ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب تىل - يېزىقى بويىچە كاتىپلىق خىزمىتىنى بېجىرگەن. بىر مەزگىل سەبزىۋار (تاجىكىستاندا) شەھىرىگە ھاكىم بولغان، ئىلمىي ئىجادىيەت، شېئىرىيەتكە قىزىققان. بەزىلەر «تارىخىي خانىي»نى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن مۇشۇ كىشى يازغان دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنىڭ دادىسى ئىدى.

مىرسەئىد كەبۇلى ۋە مۇھەممەد ئەلى غەرىبلەر نەۋائىنىڭ تاغىلىرى بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بەزى نامايەندىلىرى (ۋەكىللىرى)

### مۇھەممەد بابۇر

بابۇرنىڭ تولۇق ئىسمى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (ياكى بەبىر، 1483 ـ 1530)، ئاتا تەرەپتىن ئەمىر تۆمۈر، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. ھىندىستاندىكى «بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى» (1526 ـ 1761) نىڭ ئاساسىنى سالغۇچى. ئۇ مەشھۇر ھۆكۈمدار ۋە شائىر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن «بابۇرنامە»، «مۇبەييەن»، «دىۋان» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان، «خەتتى بابۇرىي» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنى تۈزگەن.

### يۈسۈپ ئەمىرى

ئۇ XV ئەسىردە ماۋارە ئۇننەھردە ياشىغان شائىر. ئۇ شېئىرلارنى چاغاتاي تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى تاجىك ـ پارس تىلىدىمۇ يازغان. شائىرنىڭ «دىۋانى ئەمىرى»، «دەھنامە»، «بەڭ ۋە چاغىر» (نەشە بىلەن مەي مۇنازىرىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «بەڭ بىلەن چاغىر» ي. ئەمىرىنىڭ مۇنازىرە ژانىرىغا تەئەللۇق ئەسىرى. ئۇ نەسر، نەزمە ئارىلاش يېزىلغان، بىر قىسىم نەزمىلىرىنىڭ بەزى مىسرالىرى پارسچە يېزىلغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدا ئىپادە قىلىنغان.

شائىر بۇ داستاندا مەي بىلەن نەشىنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش ئارقىلىق، بىر قاتار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، ئاخىرى مەينى غالىب ئورۇنغا چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلىك توقۇنۇشنى پەسكويغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولىدۇ. داستان مەسەل خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قويۇق ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە. شائىر بۇ ئەسىرى ئارقىلىق، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئايرىم تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان. ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغان جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«دەھنامە» ي. ئەمىرىنىڭ داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆھبەتداشلارنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. داستاندا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەر، بولۇپمۇ، چىن مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەتمەنلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

### يەقىنى

يەقىنى XV ئەسىردە ماۋرە ئۇننەھردە(؟) ياشىغان تۈركىي شائىر. ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. «ئوق ۋە يا» ناملىق مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستاننىڭ ئاپتورى.

«ئوق ۋە يا» بۇ يەقىنىنىڭ داستانى بولۇپ، مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەر. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، پارسچە شېئىرلارمۇ قىستۇرۇلغان. شائىر بۇ داستاندا ئوق بىلەن يانى ئۆزئارا مۇنازىرىلەشتۈرۈپ، ئۇلار ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان زىددىيەتنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرى ئوقنى غالىب ئورۇنغا چىقىرىدۇ.

### ئەھمىدى

XV ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر. «سازلار مۇنازىرىسى» (سازنامە) ناملىق مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستاننىڭ ئاپتورى. «سازلار مۇنازىرىسى»دە شائىر تەمبۇر، ئۇد، چاڭ، قوبۇز، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز قاراش-

لمرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مىجەز - خۇلقىنى سۈرەتلەيدۇ. ئاخىرىدا يورۇقلۇقنىڭ زۇلمەتنى تۇغلىغانلىقىغا ئەنتەنە قىلىدۇ.

مەجلىسى

مەجلىسى XV - XIV ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر. مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئەسلى خارەزملىك بولۇپ، كېيىن بۇخارادا ياشىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شائىرنىڭ «سەيفۇل مەلىك ۋە بەدىئۇل جامال» ناملىق داستانى بار. داستاندا مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ ئارزۇلۇق شاھزادىسى سەيفۇل مەلىك بىلەن سەرەندىل پادىشاھى بەدىئۇل مەلىكنىڭ قىزى بەدىئۇل جامالنىڭ ئىشقى- مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى تەسىرلىك يوسۇندا تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندا سەيفۇل مەلىك ئوبرازى كەڭ مۇھىت ئىچىگە قويۇپ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇ قارىماققا نوقۇل ئاشىق، ئىشقى - ھەۋەستىن باشقىنى ئويلىمايدىغان يىگىتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى، سۆز - ھەرىكىتى ۋە قىياپەتلىرى ئەخلاق بابىدا كامالەتكە يەتكەن، شجائەت يېقىدىن قەيسەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ۋاپادار، راستچىل، مەرد، ساداقەتمەن، ئەقىللىق ياشلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بەدىئۇل جامالمۇ لىتاپەتلىك، بىغۇبار، روھىي دۇنياسى ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان ئۇيانچان قىزلارنىڭ ئوبرازى.

تۆمۈرىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەتى ئىچىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يازغان بىر قىسىم ئەدىبلەر:

بۇلار ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خېلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا، شاھ غەرىب قاتارلىقلار. ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ھۇسەيىن بايقارا ھەم مەشھۇر ھۆكۈمران، ھەم داڭلىق شائىر.

ھىراتتا تۈزۈلگەن بىرمۇنچە ئەدەبىي توپلاملار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، مەسىلەن، «بەختىيارنامە» (1432)، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» (1432)، «مىراجنامە» (1437) قاتارلىقلار. «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» لارمۇ X V ئەسىرلەردە ھىراتتا بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن.

## 2 § . ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەتائى، سەككاكى

### 1 - ئەبەيدۇللا لۇتفى

1. ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

مەۋلانە لۇتفى (؟ 1366 - 1465) خۇراسان رايونىدا ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا بايراقدار بولغان چوڭ شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيەت سەھنىسىدە «لۇتفى» تەخەللۇسى بىلەن شۆھرەت قازانغان. يەنە مەنبەلەردە «مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملار لۇتفىنى كاشغەردىن بولسا كېرەك دەپ يېزىشىدۇ. يەنە بەزىلەر، شائىرنىڭ:

يالغۇز ھىرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار.

دېگەن شېئىرىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى خوتەنلىك دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، شائىر ئۆمرىنى ئاساسەن خوراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ھىراتتا ئۆتكۈزگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا لۇتفىنىڭ پارس - تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما، كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن «دىۋانى لۇتفى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى[1]، «مەشھۇنۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق ئەسىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ يەنە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى يازغان «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە «تۈركىگۇيى» (تۈركىي تىلىنىڭ ماھىرى) ئىدى. تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلار، ھەتتا ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىدەك ئەربابلارمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھۆرمەت بىلەن قارايتتى ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيتتى. شۇڭا نەۋائى ئۇنى دەۋرىنىڭ «مەلىكولكالامى» (سۆز پادىشاھى)، «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسەھاسى، تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسى» دەپ ئاتىغانىدى. يەنە «فەسىھ ۋە بەلىغ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدىب»، «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىمىز» دەپ باھا بەرگەن.

لۇتفىنىڭ ھاياتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ كېيىنكى يىللاردا ھىرات ئەتراپىدىكى دېھكانور دەپ ئاتالغان بىر سەھرا مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، نامراتلىق دەردىنى خېلى تارتقان. شۇنداقتىمۇ، نامراتلىق لۇتفىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتىنى يوقۇتۇپ كېتەلمىگەن. ئاشۇنداق مۇھىتتا لۇتفى داۋاملىق ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. لۇتفىنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقالغان. ئۇيغۇر «12 مۇقام» نىڭ تېكىستلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ بولۇشى يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەينى چاغلاردىكى يەركەن ھاكىم بېگى تاجى مۇھەممەد ھىدى بەگ لۇتفىنىڭ «مەشھۇنۇلھەقايىق»[2] دېگەن ئەسىرىنى 1892 - يىلى نەسرىي يول بىلەن شەرھلىگەن ۋە ئۇنىڭغا «دەخلۇلجان ئەبىۋا بۇلجاھان» دەپ نام بەرگەن. لۇتفى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

«دىۋانى لۇتفى» شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى. ئۇنىڭغا غەزەل، قەسىدە، قىتئە، تويۇق ۋە رۇبائىيلار كىرگۈزۈلگەن[3][4]. لۇتفى لىرىكىلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئىپادە قىلىنىشى سۆيپىتى بىلەن شائىر ئىدىيىسىنى يەتكۈزگۈچى ماتېرىيال بولالايدۇ. شائىر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئادالەت، چىن سۆيگۈ، مۇھەببەت، خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرىنى ئۇلۇغلايدۇ. لۇتفى شاھرۇخقا بېغىشلانغان قەسىدىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بىر مۇنچە غەزەللىرىدە سەممىي، پاك، گۈزەل، ئىشچان، ئۇياتچان يار - مەھبۇبقا تەلپۈنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈم قىسمىتىدىنمۇ قورقمايدىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، چىن مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى، بولۇپمۇ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. لۇتفى ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشكەن يارنى تەڭداشسىز گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ

---

① بۇ داستاننىڭ بىر قول يازمىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدىن بايقىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلى، 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 1957 - يىلى قەشقەردىن تېپىلغان.

③ «دىۋانى لۇتفى» نىڭ تولۇق نۇسخىسى تېپىلمىغان. تولۇقسىز بۇ توپلامدا جەمئىي ئىككى قەسىدە، 280 غەزەل، بىرقانچە قىتئە، تويۇق، رۇبائىيلار بار.

④ 1813 - 1814 - يىلى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن «باياز» غا لۇتفى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بىلەن بىرگە ئۇ يارنى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ كىشىسى دەپ بىلگىنىدە چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەنلىكى بىلىنىدۇ. دېمەك، شائىر ئۆزى يىراق يۇرتتا تۇرسىمۇ، ئانا يۇرتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

قاش ـ كۆزۈڭ غارەتىدە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىۋەت تاپتىم سوراغىن چىنى تۈركىستان سارى.

......

كۆڭلۈمنى قىلدى زۇلفۇڭ بىقارادۇرمەن،
گاھ رۇمۇ گاھ چىندا تاپارمەن سوراغىنى.

ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

ساچىڭدىن چۈن ئوغۇرلار مۈشك خۇش بۇي،
قىلۇرلەر بەند ـ بەند ئانى خوتەندە.

ئومۇمەن لۇتفى شېئىرلىرىدا «خوتەن» گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، گۈزەل يارنىڭ يۇرتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

رۇبائىي ژانىرىدا يېزىلغان شېئىرلار لۇتفى ئىجادىيىتى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا لىرىك ژانىرلار ھېسابلانغان رۇبائىي، تۇيۇق (تەجنىس)، قىتئەلەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇلار لۇتفى زامانىسىغىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ كەلمىگەن. لۇتفى ئىجادىيىتىدە بۇ ژانىرلار شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، لۇتفىنى بۇ ژانىرلارنى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە شەكىللەندۇرگۈچى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا ئېلىپ كىرگۈچى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ①②.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە ئىخچام شېئىرىي تىل بىلەن چوڭقۇر پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان تۆت مىسرالىق رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بەرگەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. رۇبائىي ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزمۇن جەھەتتە پەلسەپىۋىلىك، ئوبرازچانلىق، لوگىكىلىق تەپەككۇر پۈرىقى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. شەكلى جەھەتتە بولسا تۇراق، رىتىم، ۋەزىنلىرى ۋە ئاھاڭدارلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ قاتتىق بولىدۇ. شائىر بۇ خىل شېئىرىي شەكىلنى پۇختا ۋە جانلىق ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق روھىنى ئاجايىپ لىرىك تۈستە ئىپادىلىدى.

2. «گۈل ۋە نەۋرۇز»

«گۈل ۋە نەۋرۇز» 120 باب، 2400 مىسرا، ئۇ 1411 ـ يىلى يېزىلغان. لۇتفى بۇ

① شىرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» 308 ـ بەت. 1988 ـ يىلى نەشرى.

② تۈركىي شېئىرىيەتتە لۇتفىدىن بۇرۇن پەھلىۋان مۇھەممەد (1247 ـ 1326) نىڭمۇ رۇبائىي يازغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

داستاندا نەۋشاد ئېلىنىڭ پادىشاھى فەررۇخنىڭ ئوغلى نەۋرۇز بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى مۇشكىنىنىڭ قىزى گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن. داستاندا نەۋرۇز، گۈل، بۇلبۇل، بەھمەن، سەۋسەن، فەررۇخ، مۇشكىن، چىن خاقانى، زەڭگى قاتارلىق ئوبرازلار يارىتىلغان. داستاندا تىلغا ئېلىنغان بەزى ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، نامى ۋە ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ، شائىر داستاننى سىمۋولىزم ياكى رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا بىر خىل مەسەللىك ئالامەت مەۋجۇت دەپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى، جۈملىدىن داستان يېزىلغان تارىخىي دەۋرنى ئېسىمىزگە كەلتۈرسەك، ئۇنىڭدا رېئالىزملىق خاھىشنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارىيالمايمىز.

گۈل — فەرخار دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى، لاتاپەتلىك، ۋاپادار، جىگەرلىك ۋە ئەقىللىق قىز. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالى بىلەن نەۋرۇزنىڭ چۈشىدە ئايان بولىدۇ ۋە ئىشق سەۋداسىنىڭ ئوتىغا مۇپتىلا بولىدۇ. ئاشىقى نەۋرۇزنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزى ئۈچۈن غەيرىي ھېسسىيات ئالامىتى دەپ ئەمەس، بەلكى تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ھېسسىيات دەپ بىلگەن گۈل ۋىسال پەيتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ يولدا، ھەتتا قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا كىرىپ، جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ. گۈل خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە دېتاللار يەنى ئەقلىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى جىسمانىي جەھەتتىكى باتۇرلۇق، قايتماس ئىرادىلىك روھ ئۇنىڭ ئوبرازىغا چېكىلگەن رەڭدار نەقىش بولۇپ، پات ئارىدا ئۇپراپ كەتمەيدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

نەۋرۇز — ئوتلۇق ئىشقى ھېسسىياتقا ئىگە شاھزادە. ئۇ چۈشىدە گۈلنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ، ئىشق سەۋداسى، ئىنسانىي ھېسسىياتقا نائىل بولىدۇ. ئۇ ئۆزى گۈزەل دەپ بىلىپ، سۆيگەن مەھبۇبىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك قايناملىرىدا ئۈزۈشكە كىرىشىدۇ. داستاندا، نەۋرۇز نوقۇل ئىشقى مۇھەببەتنىڭ كۈرەشكۈچىسى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، ئاخىرى ئارازلىقلارنى تۈگىتىپ، پارچىلىنىش، داۋالغۇش ئالامەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك ۋە ئىناق دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

نەۋرۇز — نوقۇل ھالدا چىن سۆيگۈ، مۇھەببەتنى ياقلىغۇچى ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سىمۋولىستىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەشكەن، ئاخىرىدا خەلق دۈشمەنلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، خەلقنىڭ مۇقەددەس ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يورۇقلۇققا چىقارغۇچى، خەلقنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن، «دېموكراتىك ئىنقىلابچى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇ تەرەپلەر نەۋرۇز ئوبرازىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى.

شائىر لۇتفى رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ خۇددى زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زېمىندا بىردىنلا قۇياش كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولۇپ، جىمى جانلارغا شادىيانىلىك بەخش ئەتكەندەك، ئەينى دەۋردىكى قاباھەت، جاھالەت قاپلىغان، قىيامەتلىك جەمئىيەتتىكى جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە قالغان خەلق ئاممىسىغا، نەۋرۇزدىن ئىبارەت غايىۋى قەھرىماننى يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا تەسەللىي بېرىدۇ. ئۇلارنى كۈرەشكە چاقىرىدۇ ۋە بۇ ھەققانىي غايىلەرنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ.

نەۋرۇز داستاننىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ئۇ، چىن سۆيگۈ مۇھەببەتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ شۇم بۇيىلىرىنى دەھشەتلىك تورىدە قامچىلايدۇ. مەسىلەن، ئۇ چۈشىدە مەلىكە گۈلگە ئاشىق بولغاندىن كېيىن گۈلنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ئېغىر ۋە مۇشكۇل جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەيدۇ.

نەۋرۇز ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنەماسى قىلغان. ئۇ ھەمىشە مۇشكۇلاتقا يولۇققان غېرىب ـ غۇرۋالارغا شاپائەت ياغدۇرىدۇ. مەسىلەن، نەۋرۇز دەريادىن ئۆتكەندە، بېلىقچىنىڭ غەرىب ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆزىنى قۇل قىلىپ سېتىش ھېسابىغا بېلىقچىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

نەۋرۇز مەردلىك، ساداقەت، سېخىلىق، ۋاپادارلىقنى ئۆزىگە مەڭگۈ يار قىلىدۇ. مەسىلەن، بەھرام ئەمەل تالىشىپ ئارازچىلىق يۈز بەرگەندە، نەۋرۇز ئۆز ئەمەلىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، بىر قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

نەۋرۇز ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. مەسىلەن، يەمەن، ئەدەن، فەرخار، تەۋشاد قاتارلىق تۆت ئەلنى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ، تىنچلىقنى، بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تىنچ ـ ئاسايشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

نەۋرۇز يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خەلقلەر دوستلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، مەسىلەن ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆت مەملىكەت ئارىسىدىكى سۈركۈلىشنى تۈگىتىپ، بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، شۇ ئارقىلىق خەلقلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

نەۋرۇز ئىنسانىي ئەخلاقى پەزىلەتنى بىر خىل يۈكسەك پەزىلەت دەپ بىلىدۇ. ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ يولدىن ئازدۇرماقچى بولغان بەزى قارا نىيەتچىلەرگە بەرگەن رەددىيىلىرىدىن بۇنى سېزىۋالالايمىز.

نەۋرۇز يەنە فېئوداللىق نىكاھ، مۇھەببەت كۈشەندىلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغۇچى ۋە ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ئاتلانغان شەخس، كونا جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىقىغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى ئەزىمەت.

نەۋرۇز ئاخىرىدا يەنە ئاپتورنىڭ ئۈمىدى ۋە خەلق ئارمىنىنىڭ رايى بويىچە ئېيتقاندا بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ئوبرازى.

ئومۇمەن نەۋرۇز يۇقىرىقىدەك خىسلەتكە ئىگە بولغان تاكامۇل ئوبراز بولسىمۇ، لېكىن، دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلى بەزى نۇقسانلارغىمۇ ئىگە. بۇنىڭغا بىز ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى نەۋرۇز، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىق، مەردلىك، سېخىيلىق، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، خەلقپەرۋەرلىكنى، چىدام ـ غەيرەتنى... ئۆزىدە تولۇق يېتىلدۈرگەن مۇكەممەل ئوبراز.

داستاندا دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورناتقۇچى ئەلچى فەرخارلىق بۇلبۇل، ئەسلىدىن ھەسەتخور كەلگەن، ئەمما ئىشقى مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇش تەرەپكە ئۆتكەن ئايال ئوبراز فەرخارلىق سەۋسەن، پادىشاھ فەررۇخنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان ۋە نەۋرۇزنى مۇساپىرچىلىقتا يوقسۇللۇق گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويغان قارا نىيەت بەگ بەھمەنلەر ئوبرازىمۇ، بىرمۇنچە ئېنىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەسەر سەھىپىسىدە ئورۇن ئالغان.

ئومۇمەن، شائىر داستاندا ئەينى چاغدىكى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان. فېئودال پادىشاھلارنىڭ ھوقۇق - ئابرۇي، پۇل تالىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى دەپ، دۆلەت - پۇقرالىرىنىڭ دەرد ئەھۋالى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ، ئۇنداق ناھەقچىلىكنى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك، باياشات، ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

## 2 - ئەتائى

ئەتائى[1] - (XIV-XV ئەسىرلەر) ئىسمائىل ئاتا دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپ پەرغانە رايونىدا ياشىغان. كېيىن خوراسان ئۆلكىسىدىكى بەلخ شەھرىگە كۆچۈپ كەتكەن. بەزى ماتېرىياللاردا XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى ئاخىرىدا ئەتائى ئەنە شۇ بەلختە تۇغۇلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.[2] نەۋائى «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەين»دە ھاياتى توغرۇلۇق ئازراق مەلۇمات بەرگەن. ئىلمىي خادىملار «ئەتائى» سۆزىنى تەخەللۇس دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى يەسەۋى تەرىقىتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئەتائىلار نەسەبىگە باغلايدۇ. ئەگەر مۇشۇ قاراشقا ئاساسلىنىدىغان بولسا، ئەتائى بىر روھانى، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە بەگزادىلەرچە تۇرمۇش كۆچۈرگەن دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇ يازغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاتائى ئۆز جەمەتىنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى رېئال بەخت ئۈچۈن كورەشكۈچى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كۈيلىگۈچىسى، تەرەپدارى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەتائى چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ھالدا شېئىرىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئاساسەن غەزەلچىلىكتە كۆرۈلگەن. شائىرنىڭ «دىۋانى ئەتائى» (ياكى «دىۋانى شەيخزادە ئەتائى») دېگەن ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 260 غەزەل بار. ھازىر بۇ قوليازما روسىيىنىڭ پېتىربورگ شەھىرىدە ساقلانماقتا.

چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبىدا شېئىر يازىدىغان كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ لىرىكىلىرىدا «يار» سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ. «يار» ئومۇمەن ئىككى خىل مەفھۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىرى تار مەنىدە چۈشەنگەندە «سۆيگۈنى»، «مەشۇقى» دېگەن مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىرى، كەڭ مەنىدە بولۇپ، دوست، يولداش، ھەمدەم، بۇرادەر دېگەن مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ - كەڭ مەنىدىكى مەفھۇم ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ؛ بىرى ئۇلۇس، خەلق، زامان ئەھلى؛ يەنە بىرى بولسا ئىمكانىيەت (ئوڭۇشلۇق)، قوللاش (يار - يۆلەك)، غەزەللەردە تىلغا ئېلىنغان «يار» سۆزى كۆپىنچە ئەنە شۇ كەڭ مەنىدىكى مەفھۇمنى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە «يار»نىڭ مەجازى مەنىسىمۇ بار، ئەلۋەتتە، كلاسسىك شائىرلارنىڭ تولىسى «زامان ئەھلى» توغرىسىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى بىلدۈرۈشتە «يار» سۆزىنى كۆپ ئىشلەتكەن. بۇنداق غەزەللەرنى ئەتائى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلار شېئىرىيىتىدىكى ئۇبدان لىرىكىلارنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

---

① شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى ئېنىق ئەمەس، «ئەتائى» تەخەللۇس دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «ئاتا قىلماق، بېغىشلىماق، ئاتىۋەتمەك» دېگەنلىك.

② بەزى مەنبەلەردە تاشكەنت بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى ھىزدىيان (غىژادىيان) دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان دېيىلىدۇ؛ يەنە بەزى ماتېرىياللاردا بەلختە تۇغۇلغان دېيىلىدۇ.

ئۇنۇتتى بىر يولى گۈل يارى بىۋەفابىزنى،
فىراقى دەردى بىرلە قىلدى مۇفتەلا بىزنى.
(ئۇ بىۋاپا يار بىزنى بىر يولىلا ئۇنۇتتى،
بىزنى پىراقىنىڭ دەردى ـ بالاسىغا مۇپتىلا قىلدى)

ئەتائىنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى بىر ئالاھىدىلىكى، «يار»نىڭ كۆزىنى ھەمىشە مەجازى ئوبراز سۈپىتىدە سېھىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. چۈنكى، «كۆز قەلبنىڭ ئەينىكى، كۆزگە قاراپ شۇ كۆز ئىگىسىنىڭ قەلبىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ» (مىڭزى). تەبىئىيكى ئەتائى چاغاتاي ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى باشقا شائىرلارغا ئوخشاش «سېھىرىي كۆز»نى تەسۋىرلىمەي قالمىدى. ئۇ يەنە بۇ ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بويۇڭ سەرۋۇ، كۆزۈڭ نەرگىس، يۈزۈڭ گۈل،
سېنىڭ قاشىڭدا بوستان ھاجەت ئىرمەس.
(بوي تۇرقۇڭ خۇددى سەرۋى، كۆزۈڭ نەرگىس، يۈزۈڭ گۈل،
سەن تۇرغان يەردە بوستاننىڭ نېمە كېرىكى يار).

ئەتائى كۆز ۋە بوي بىلەن بىرىكتۈرگەن ئاساستا، يۈز، قاش، كىرپىك، خال، چاچ، قاتارلىق مەجازى ۋاستىلاردىن ناھايىتى ئۇتۇقلۇق پايدىلانغان شائىرلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئومۇمەن، ئەتائى غەزەللىرىدە سۆيگۈ تېمىسىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ خان، بەگلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ۋە چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ھەقىقىي، چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ. ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىكنى كۈيلەيدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتنى يەڭگەندىلا ئاندىن ۋىسال شادلىقىغا مۇيەسسەر بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شائىر گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ مۇتەئەسسىپ تەرەپدارلىرىنىڭ قىسمەن تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز غەزەللىرى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنى تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولىدىغان پائال كۈرەشلەرگە چاقىرىدۇ. شۇڭا، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسى ئۇنى لۇتفى، مەۋلانە سەككاكى ۋە نەۋائىيلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇپ مەدھىيىلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ.

## 3 ـ سەككاكى

### 1. سەككاكىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىلەر سۇلالىسى مەيدانغا كېلىپ، چاغاتاي خانلىقى ۋە توختامىش خان باشچىلىقىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىگە خاتىمە بېرىلدى. تۆمۈرنىڭ ھىندىستان، ئىران ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرققە قارىتا ئېلىپ بارغان ئىستېلا خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە كىچىك ئاسىيادىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان پايانسىز كەڭ زېمىندا يېڭى مەدەنىيەت ئۈركىشى (دولقۇنى) مۇمكىنلىكلىرى تۇغۇلدى. تۆمۈر ئوتتۇرا ئاسىيانى، بولۇپ-

مۇ ئۆز پايتەختى سەمەرقەند شەھىرىنى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئاۋات شەھەر قىلىپ قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزى ئىستىلا قىلغان ھەرقايسى ئەللەردىن ماھىر ئۇستىلار، ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنى سەمەرقەندكە يۆتكىدى. ئۇ قېرىنداش موغۇلىستان (شىنجاڭ) رايوندىنمۇ كۆپلەپ ئاھالە ۋە ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغان. چىڭگىزخان ۋاقتىدا ۋەيران قىلىنغان بىر قاتار ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى، جۈملىدىن ھىرات شەھىرى تۆمۈر ۋە شاھرۇخ دەۋرىدە ئاۋات خەلقئارا شەھەرلەرگە ئايلاندى. تۆمۈردىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن «كەنجى رېنېسانس» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت ئۆركىشى بارلىققا كەلدى. بۇ فېئوداللىزمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس مەھەللى خاراكتېرلىك يېڭى مەدەنىيەت ئۆركىشى ئىدى. بۇ خىل «كەنجى رېنېسانس» ھادىسىسى تۆمۈرىلەر دەۋرىدە سەمەرقەندنى، ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە ھىراتنى، بابۇر، بولۇپمۇ ئەكبەر دەۋرىدە دېھلىنى، سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە كاشغەرنى مەركەز قىلدى. مۇھەممەد شويبانىخان باشچىلىقىدىكى دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ ماۋارە ئۇننەھر ۋە خۇراساندىكى ئىستىلاچى ئورۇشلىرى ۋە خوجىلار باشچىلىقىدىكى ئىچكى پاراكەندىچىلىك بۇ خىل مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ بۇ رايونلاردىكى مەنزىرىسىگە بەرھەم بەرگەنىدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى ئىچىدە لىرىك شائىر مەۋلانە سەككاكى (؟ -؟ 1468) مۆتىۋەر ئورۇنغا ئىگە ئىدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەيىن»، «قۇتبەئى دەۋابىن» (نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ كىرىش سۆزلىرى توپلىمى) ناملىق ئەسەرلىرىدە مەۋلانە سەككاكىنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغان ۋە ئۇنى ئەبەيدۇللا لۇتفى بىلەن بىللە «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسەھاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغاتىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفىلەر كىم، بىرىنىڭ شېئرىي ئەدەبىيات ئىشتىھارى تۈركىستاندا بەغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىناھايەتدۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇت بولغاي» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ پاساھەتلىك، يېتىلگەن شائىرلىرىدىن لۇتفى، سەككاكى، سۇھەيلىلەرنىڭ ماڭا ئۇستازلىق ياردىمى كۆپ ئىدى» دېگەن. سەككاكى ھەققىدە شائىر يەقىنى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ «ئوق ۋە يا» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى «شائىرلارنىڭ مۇجتەھىدى (جەسۇرى، قەيسەرى)» دېگەن ئىدى.

ھازىرغىچە مەۋلانا سەككاكىنىڭ ئىسمى ۋە شەخسىي ھايات - پائالىيىتى ھەققىدە روشەن مەلۇمات يوق. ئەلشىر نەۋائى ۋە يەقىنىنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن سەككاكى ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر مەزمۇنىغا قارىغاندا سەككاكى ماۋارە ئۇننەھر – تۈركىستان رايونىدا تۇغۇلغان. ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلمىي دەرىجىسى بويىچە مەۋلانە – ئالىملىق سەۋىيىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى تۆمۈرنىڭ نەۋرىلىرى خەلىل سۇلتان (1405 - 1409)، مىرزا تۇراغاي ئۇلۇغبېك (1409 - 1449) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان. ئەلشىر نەۋائى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا جەۋلان قىلغان ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە لۇتفى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە مۇيەسسەر بولالىغان بولسىمۇ، ئۇ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا پەرۋاز قىلغان يەنە بىر ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە سەككاكى بىلەن ئۇچرىشالمىغان، ئەلشىر نەۋائى 1465 - 1469 - يىللىرى سەمەرقەند شەھىرىگە كەلگەن ۋە سەمەرقەند ۋالىيسى، شائىر ئەھمەد ھاجىبەگ ھامىيلىقىدا سەمەرقەندتىكى شائىرلار بىلەن، جۈملىدىن مەۋلانە سەككاكىنىڭ دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكەن، بۇ چاغدا سەككاكى ئالەمدىن ئۆتكەن. سەككاكىنىڭ قاچان ۋە نېمە سەۋەبتىن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى نامەلۇم.

## 2. سەككاكىنىڭ لىرىك غەزەللىرى.

ئۇنىڭ «دىۋان»غا قارىغاندا ئۇنى لىرىك شائىر دېيىش مۇمكىن. ئۇ باھاۋىدىن نەقشۋەندىچىلىك قاراشلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە مۇھەممەد خارەزمى قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلارنىڭ رىغبىتىدە مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلىپ، گۈزەل ئىشقى لىرىكىنىڭ ئاجايىپ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. سەككاكىنىڭ ئىشقى مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئۈچ لىرىك ئوبرازغا — ئاشىق، يار، رەقىبكە مەركەزلەشكەن. ئۇ ھىجران، ۋىسال، پىراق كۈيلەنگەن غەزەللىرى ئارقىلىق رېئال دۇنيادىكى ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتنى ۋە ئۇنىڭ رەقىب، ھىجران ۋە بىۋاپالىقتا بولغان ئەندىشىسىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئۆز ئىشقى، ئۆز مەشۇقى ۋە ئۇنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىش يولىدا چەككەن جەبىر - مۇشەققەتلەرنى يۈكسەك مۇھەببەت ھېسسىياتى ۋە چوڭقۇر ھاياجان بىلەن بايان قىلغان. ئۇ بىر غەزىلىنى مۇنداق يازغان:

«قارا كۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈزمىڭ جەپا قىلما،
كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مەنىڭتەك مۇپتىلا قىلما.
مەنىڭ بۇ خەستە جانىمغە سەنىڭ دەردىڭ ئېرۇر مەرھەم[1]،
قىيامەتكە تېگىن ھەرگىز بۇ دەردىمگە داۋا قىلما.
مەنى، ئى ئى، قۇرقارمەن قىلىپ دۇنيادا سەرگەشتە،
ئىشىكىڭ تۇپراقىن كۆزگە تاپىلماس تۇتىيا قىلما.
فىراقىڭ بۇتەسى[2] ئىچرە قانىمنى سىزغۇرۇر[3] ھەردەم،
سۆزۈمنى ئالتۇن ئەتكەلى غەمىڭنى كىمىيا قىلما.
ئاخىر بېگانە ئەيلەپ گەر ئىشىكىڭدىن قوۋار[4] بولساڭ،
كۆلەر يۈز كۆرگۈزۈپ ئەۋۋەل كىشىنى ئاشنا قىلما.
باغىرقان ئەيلەدىڭ جەبرۇ - جەفەلار بىرلە سۇلتانىم،
كۆزۈم ياشى بىلە ھەردەم يۈزۈمدىن ماجەرا قىلما.
ئى سەككاكى بۇ شاھ قابىغىن[5] غەنىيمەت تۇت چۇز زۇلفىغە[6]،
ئازاقىن باغلاغان قۇش سەن، ئۇچارغا ھېچ ھەۋا[7] قىلما.

مەۋلانە سەككاكى ئۆز لىرىكىلىرىدا ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى مەجازى ۋاسىتىلەر شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلەشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ ئىككى يۈزلىمىچى (مۇناپىق)، مۇتەئەسسىپلەرنى، رەھىمسىز پادىشاھلارنى تەنقىدلىگەندىمۇ ئەھدىدە تۇرمايدىغان ۋاپاسىز گۈزەللەر تەسۋىرىدىن پايدىلانغان. ئۇ تۆمۈرىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىرغىنچى ئۇرۇشلىرىدا ئېتىلغان سانسىز ئوقنى گۈزەلنىڭ كىرپىكى سىماسىدا مەجازلاشتۇرغان. ئۇ بىر شېئىرىدا:

---

① مەرھەم — دورا، شىپا.
② بۇتەسى — كۆچىتى.
③ سىزغۇرۇر — سۈمۈرۈر.
④ قوۋار — قوغلار.
⑤ قابىغىن — دەرۋازىسى.
⑥ زۇلفى — چېچى.
⑦ ھەۋا قىلما — ھەۋەس قىلما.

«ماۋارە ئۈننەھر ئىچرە قالدىم، چۈنكى ئىككى يانىمدا،
كۆزلىرىمنىڭ بىرى سەيخۇن، بىرى جەيخۇن ئەيلەدى»

دەپ ئەينى زاماندىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە خەلقنىڭ كۆز ياشلىرىنى سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىغا ئوخشاتقان.

مەۋلانە سەككاكى شېئىرىي ماھارىتىگە ئەينى زاماندا گۈللەنگەن فارىسى دارا ئەدەبىياتى ماھىرلىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى، شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى شېئىرلىرى كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى، تىل گۈزەللىكى، سۆزىنىڭ چۈچۈكلۈكى، راۋانلىقىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىگە ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ، ماقال - تەمسىللىرىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق تەسىرى بىغايەت چوڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ:

«كىم كۆرۈپ نەرگىس كەبى كۆز بىلسە گۈلتەك يۈزىنى،
يەلگە[1]بېرىپ ئەقلۇ فەھمىنى مەستۇ ھەيران قالمىدى» .
ياكى: «ئايدۇر سەنىڭ ئالدىڭدا بۇ كۈن بىر ھەبەشى قۇل،
تانسا يۈزىدە زاھىر ئۇلۇر داغ نىشانى»

دېگەن ئوخشىتىشلىرىدا كۆزىنى نەرگىس گۈلگە، يۈزىنى گۈل - چىمەنگە ئوخشىتىدىغان ۋە ساھىبجامالنى ئايدىنمۇ گۈزەل سۈپەتلەيدىغان خەلق ئەدەبىياتى تەسۋىرى ۋاسىتىلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرى مەۋلانە لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى، سەئىدى، رەشىدى ۋە باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىر بالاغىتىنىڭ كامال تېپىشىغا، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىنى ۋەكىل قىلغان يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سارىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تىل، پىكىر ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئۈچمەس تۆھپە قوشتى.

3 . سەككاكى قەسىدىلىرى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەسىدە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋە يىرىك شەخسلەر پائالىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىغا باھا بېرىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ، بۇرۇنقى زاماندا ساراي شائىرلىرى تەرىپىدىن ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى ماختاش ئۈچۈن يېزىلغانىدى، سەككاكى ئىجادىيىتىدە قەسىدە ژانىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىرىنچىدىن، ئېستېتىك ئىدىئال جەھەتتىن ئېيتقاندا پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئالغا بېسىلغان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە تېما جەھەتتىن مۇھەببەت تېمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئىجتىمائىي تېما دائىرىسىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، ئەنە شۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان لىرىك قەسىدە ژانىرىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى بىلەنمۇ يېڭىلىق ياراتقۇچى يۈكسەكلىككە ئىگە بولدى[2] .

شائىرنىڭ ئۆلۈغىېك ھەققىدىكى قەسىدىسى ئۇنىڭ قەسىدىلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەسىدىدە شائىرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ھەم خاھىشى كۈچلۈك ۋە رەڭدار تىل بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. شائىر غوۋغا بىلەن

① يەل – شامال.
② ش. ئۆمەر «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» 289 - بەت.

تولۇپ تاشقان تۆمۈرىلەر دەۋرىدە، ئۇلۇغبەك تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ماۋارەئۇننەھردىكى تىنچ ھايات ۋە جانلىنىشنى:

جاھاندىن كەتتى تەشۋىشۇ مەبائىيى ئامان كېلدى،
خەلايىق، ئەيش ئېتىڭ بۇ كۈن سۇرۇرى جاۋىدان كېلدى.
تەن ئېردى بۇ ئۇلۇس پارچە ئەنىڭتېك جانى بار يا يوق،
بەھەمدىللاھ ئوغان قىزنى بىلە ئول تەنگە جان كېلدى.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇلۇغبېك دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئالتۇن دەۋرنى تەشكىل قىلىپ، خەلققە بەلگىلىك ھالدا تۇراقلىق، ئاسايىشلىق، بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكى؛ خەلق دۈشمەنلىرىگە بولسا زاۋاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكى سەككاكى قەسىدىسىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

بايىندى تەختىنىڭ قەدرى، ئۇزۇڭ تاج كۆككە تاشلادى،
ئادالەت باغى سەبز ئولدى، چۇ نۇشىرۋان كېلدى.
كېرەك جان بۇلبۇلى تۈن - كۈن ناۋادىن تىنماسا بىردەم،
چۇ دوستلارىغە خۇررەم ياز، ئەدۇلەرغە[1] خازان كېلدى.
رەئىيەت قوي ئېرۇر، سۇلتان ئەنگە چوپانۇ يا بۆرى،
بۆرى ئولغايۇ قوي تىنغاي، چۇ مۇساتېك شۇبان كېلدى.
بۇ كۈندىن سۇڭرە كۆپ تىنغاي رەئىيەتلەر رىئايەتدىن؛
ئۇلۇس ھەققىدە مىڭ تۈرلە ئاتادىن مېھرىبان كېلدى.

ئۇلۇغ بەگنىڭ ئادالىتى بولسا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

نىكىم نوشىرۋان[2] ئادىل ئىشى ئېرە قىلدى تەقسىرىن،
قامۇغىنىغە[3] ئەنىڭ بىر - بىر شەرىغزاتى زىمان كېلدى.

ئەمدى ئۇلۇغبېك ھاكىمىيىتىنىڭ فېئودال خەلقچىللىقى بولسا:

گەدالەر رايىگان[4] تاپقاي زەرۇرىي مالى قارۇننى،
يادى بەيزا بىكىن ئىلگىڭ جاھانغە زەر نىشان كېلدى.

دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇلۇغبېك مەدھىيىسىگە شائىر قەسىدىسىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى سىڭگەن، شۇ دەۋرنىڭ ناھايىتى ئىخچام بەدىئىي ئىنكاسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سەككاكى قەسىدىلىرى 11 بېيىتتىن 54 بېيىتقىچە ھەجىمدە يېزىلغان. ئۇ ھەر بىر قەسىدىسىدە ئۆز مەدھىيىلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئىنسانىي قىممىتىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. ئۇ ھەرقانداق ھاكىم ياكى ھۆكۈمراننى مەدھىيىلىگەن ئەمەس. سەككاكى ئوتتۇرا ئاسىيا «كەنجى رىنېسانس»نىڭ ئۇلۇغۋار نامايەندىسى، مەشھۇر ماتېماتىك،

---

[1] ئەدۇ — دۈشمەن.
[2] نۇشىرۋان — ئادىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئىران شاھلىرىدىن بىرى.
[3] قەمۇغ — ھەممە.
[4] رايگان — بوش، بىكار.

ئاسترونوم، مەرىپەتچى، مەدەنىيەت ھامىيسى ئۇلۇغبېكنى غايىۋى ئىدىيىلەر نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مەدھىيىلىگەن، دانىشمەن - ئالىم سىمۋولىدا تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئىلىم - پەن دۇنياسىدىكى ئورنىنى ئارستوتىل، پلاتون، پىتولمى، گالېن، ئېۋكىلىد قاتارلىق گرېك مۇتەپەككۇر، ئالىملىرى ۋە مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى ئىبن سىنا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويغا كۆيۈنىدىغان ئادەتتىكى پادىچىغا ئەمەس، بەلكى چوپانلار پىرى ھېسابلانغان موسا پەيغەمبەرگە تەققاس قىلغان.

## § 3 . ئەلىشىر نەۋائى

### 1 - ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئەلىشىر نەۋائى (1441. 2. 9 — 1501. 1. 3) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھەم پەن - مەدەنىيەت جەڭچىسى.

بولغۇسى شائىرنىڭ قولىقىغا تەكبىر ئېتىپ قويغان ئىسمى (ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا — غىياسىدىنغا ئەگەشتۈرۈپ) نىزامىددىن، مەكتەپتە ۋە جەمئىيەتتە قوللىنىپ ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلىشىر، سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا ئون يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۈچۈن، ئەمىر ياكى مىر دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىغان. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر ياكى (مىر) ئەلىشىر دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. تۈركىي ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى نەۋائى، پارس غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى فانى، تولۇق ئىسمى نىزامىددىن مىر ئەلىشىر نەۋائى.

يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» (1541 - 1546) ناملىق كىتابىدا مىر ئەلىشىرنىڭ «اخىل وي ئاز بەخشىيان ئۇيغۇراست پدرائورا كىچىكنە باخشى مىكفتند» (ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردى) دېيىلگەن، يەنى «ئەلىشىر (نەۋائى) ھىراتتا تۇغۇلغان، مىرزا ھەيدەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتايتتى.»[1] دېمەك «نەۋائى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇرى[2]» ئىدى.

ئەلىشىر 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (ھىجرىيە 844 - يىلى رامىزاننىڭ 7 - كۈنى) خوراسان مەملىكىتىنىڭ مەركىزى ھىرات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى دەسلەپ پەرغانەدە ئولتۇراقلاشقان ھەم ئەمىر تۆمۈر ئاستانىسىدە تۇرغان. بىر مەزگىل ئەسىخ شەھرى (ئەمىر تۆمۈر شاھزادىسى ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر) دە ئۆمەر شەيخنىڭ ئوردا مۇلازىمىتىدە بولغان. كېيىن ھىراتقا كۆچۈپ كەتكەن. ئەلىشىر تۇغۇلغان چاغدا ئۇ شاھرۇخ مىرزا سەلتەنىتىدە خىزمەتتە بولۇۋاتاتتى.

غىياسىدىن باخشىنىڭ ئەسلى يۇرتى توغرىسىدا بىرقانچە خىل قىياس بار. بىرىنچى، غىياسىدىن قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ فەرغانەدە تۇرغان ئۇرۇق جەمەتلىرىنىڭ

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، بىرىنچى توم، 349 - بەت، تۈركىيە دۆلەت كىتابلىرى كومىتېتى تۈزگەن، تۈركىيە مىللىي مائارىپ نەشرىياتى 1978 - يىلى تۈركچە نەشرى.

② لى گوشاڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 133 - بەت، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

پۈشتى بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى موغۇلىستانغا كەلتۈرگەن ئېغىر تالاپەتلىرى نەتىجىسىدە سەئىدىيدىن كاشغەر قاتارلىق كىشىلەر كاشغەردىن فەرغانە بوستانلىقىغا كۆچ - كۆچ قىلغاندا، غىياسىدىنمۇ كاشغەر تەرەپلەردىن كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، غىياسىدىننىڭ ھۆرمەت تەخەللۇسى بولغان «باخشى» ئاتالغۇسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئالاھىدە ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر ئۆلىما - زىيالىيلىرىغا خاس نام - ئاتاققا ئايلىنىپ قالغانلىق ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، غىياسىدىننى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپ قاراش كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جاھان سورىغان زامانلاردا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئاتابەگ، باخشىلار ۋە باج - مالىيە، نوپۇس قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغانلار كۆپ بولغان ۋە ئۇلار بەك ئەتىۋارلانغان.

مەيلى ، نېمىلا بولمىسۇن، «تارىخىي رەشىدى» دىكى بايانغا ئاساسلانغاندا غىياسىددىن ئۇيغۇر قوۋمىگە مەنسۇپ ئادەم ئىدى.

ئەلىشىر يەتتە ياشقا تولغان چېغىدا، يەنى 1447 - يىلى شارۇخ مىرزا ئۆلۈپ، تۆمۈرىلەرنىڭ شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تاج - تەخت تالىشىش تۈپەيلىدىن جەڭ - جېدەل كەسكىنلىشىپ، ئەل - يۇرت مالىمان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ قاتاردا غىياسىدىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ تەفت شەھىرىدە ئۈچ يىلچە ياشىغان. خۇراساندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىققاندىن كېيىن غىياسىدىن ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئەلىشىر ئون ياشتا ئىدى. ھىراتتا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ئوبۇلقاسىم بابۇر غىياسىدىننى سەبزىۋار شەھرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلىشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇغان. ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان. ئەلىشىر 15 يېشىدا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن (1456 - يىلى) ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشھەتكە يۆتكەلگەندە، ئەلىشىرمۇ بىللە كەتكەن. ھىرات تىنچىغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كەلگەن، بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغان.

ئەلىشىر «ئەبۇ سەئىد سۇلتان زامانىدا خۇراسان پايتەختىگە —ھىراتقا بېرىپ بىرنەچچە كۈننى ئەشۇ ئىقبال ئاشىيانلىق ئاستانە مۇلازىمىتىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما، ئۆز ھالىغا مۇناسىپ رىئايەت ۋە تەربىيەت تاپالمىدى. شۇ سەۋەبتىن خۇراساندىن بېھىشت مانەند سەمەرقەندكە بېرىپ خوجا جالالۇددىن ئەبۇلەيس خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى ۋە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب مۇتالىئەسىگە سەرپ قىلدى. بەزىدە ماۋارە ئۇننەھرنىڭ ساھىب ئىختىيارى بولغان ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇردى» («رەۋزەتۇس سەفا»)

نەۋائى سەمەرقەندكە مەجبۇرىيەت ئاستىدا كەتكەن. بۇ ھەقتە زەھىرىددىن بابۇر ئۆز قىياسىنى مۇنداق يازىدۇ:

«بىلمىدىم نە جەرىمە بىلەن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (نەۋائىنى) ھېرىدىن ئىخراج قىلدى، سەمەرقەندكە باردى. نېچە يىلكىم سەمەرقەندتە ئىدى، ئەھمەد ھاجىبەگ مۇرەببى ۋە مۇقەۋۋىسى ئىدى».

ئەلىشىر 18 ياش چاغلىرىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ئۆمەر شەيخنىڭ ۋە شاھرۇخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر جايغا سۈرگۈن قىلغان.

شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەندكە — «كاشغەرى» لەردىن ئەھمەد ھاجىبەگ قېشىغا بارغان. تۆمۈرى سۇلالىسىدىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد خۇراسان پەيتەختى ھىراتنى ئىگىلىگەن يىلى 1458 - (ھىجرىيە 863 -) يىلى ئەلىشىر ھىراتتىن «ئىخراج قىلىنغان» (چىقىرىۋېتىلگەن.)[1]

ئەمما «سەمەرقەند نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان». سەمەرقەندتە نەۋائى سەمەرقەند بېگى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسلەردىن ماددىي ياردەم ئېلىپ ئوقۇغان. («ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت، 1953 - يىل)

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا 1469 - يىلى ھىراتنى ئىشغال قىلىدۇ. ئەلىشىر 1470 - يىلى 12 يىل ياشىغان سەمەرقەندتىن ئايرىلىپ، مەكتەپداش دوستى (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاساسەن ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئاتىسى ۋە تاغىلىرىغىچە شائىر ھەم ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيەتتى. نەۋائى كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ، ئۆز قابىلىيىتى بىلەن مەكتەپتىكى باللاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ھامان ئۇ چوڭلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. زامانىسىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلىرىنىڭ تەربىيىسىدە، ياش چېغىدىلا ئىلىم - مەرتىۋىگە يېتىلىپ، نىزامى گەنجىۋى، لۇتفى، سەككاكى، خارەزمى، جامى، پەرىدىدىن ئەتتارى، قاسىم ئەنۋارى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى ۋە كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى.

ئەلىشىر قايسى بىر شەھەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرمىسۇن شۇ يەردىكى ئالىم - ئۆلىمالارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنگەن. مەسىلەن، ئىراقتىكى تەفت شەھىرىدە مەشھۇر تارىخچى شەرفىدىن ئەلى يەزدىدىن تەلىم ئالغان. سەمەرقەندتىكى چېغىدا بولسا تېخىمۇ كۆپ ئالىملار بىلەن ئۇچراشقان، مەشھۇر مۇدەررىسلەر، جۈملىدىن مەۋلانە فەسھۇددىن مۇھەممەد نىزامى (يەنى «فەسھۇددىن ئاخۇنۇم») ۋە باشقىلاردىن تەلىم ئالغان. ھىراتتا ئىلگىرى كېيىن ئۇچراشقان ۋە تەلىمىنى ئالغان ئالىم، شائىر مۇدەررىسلەر تېخىمۇ كۆپ بولغان. ئۇ زاماندىكى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە ئالىملاردىنمۇ بېرىلىپ ئۆگەنگەن.

نەۋائىنىڭ ئاتىسى شېئىر يازىدىغان، ئىلىم - مەرىپەت، سەنئەت ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پات - پاتلا شائىرلار توپلىشىپ شېئىر ئوقۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش ئىشلىرى بولۇپ تۇرغان. مانا بۇ شارائىت نەۋائىنىڭ قەلبىدە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن زور ھەۋەس ۋە ئىشتىياق قوزغالغان ھەم بولغۇسى شائىر ياش چاغلىرىدىلا بىرمۇنچە ئالىم، شائىر، سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن نەۋائىنىڭ باللىق چاغلىرىدىلا مەۋلانە لۇتفى خېلىلا قېرىپ قالغان ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، نەۋائى ئۇنى «ئۇستازىم» دەپ ھېسابلايتتى. لۇتفىمۇ ياش ئەلىشىرنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەرگەن ئىدى. نەۋائىنىڭ زاماندىشى خۇاندەمىرنىڭ يېزىشىچە، بىر كۈنى لۇتفى نەۋائىدىن ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ

---

① ئى. تۇرسۇن «نەۋائىنىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا» «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1998 - يىللىق بىرىنچى توپلام، 246 - 247 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

بېرشنى ئېيتقاندا، نەۋائى مۇنداق بىر غەزەلنى ئوقۇپ بەرگەن.

ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن تۆكۈلۈر ھەرلەھزە ياش،
بۆيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلدۇز نىھان بولغاچ قۇياش.

......

مەزمۇنى خۇددى كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكىنىدە يۇلتۇزلار نامايان بولغىنىدەك، يۈزۈڭنى ياپقىنىڭدا كۆزۈمدىن ياشلار ئۇنچىدەك تۆكۈلىدۇ.

لۇتفى بۇ غەزەلنى ئاڭلاش بىلەن ئىنتايىن شادلىنىپ، غەزەلنى يۇقىرى باھالىغان ۋە نەۋائىنىڭ قابىلىيىتىگە قايىل بولغانىدى.

نەۋائىشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، نەۋائىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت غەزەل شائىرنىڭ 15 ـ 16 ياشلار ۋاقتىدا يېزىلغانىكەن. نەۋائى ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا كۆڭلىگە يۈكسەك غايىنى پۈككەن. ئۇ بىر غەزەلىدە بۇ غايىسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن.

يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەمەن،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن.

يەنى شائىر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى، مېھنەتكەشلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان. ئادالەتنى ياقلىغان، ھەققانىيەت تەرەپدارى بولغان. قارا كۈچلەر، زالىم ئەمەلدارلارغا غەزەپ ـ نەپرەت بىلدۇرگەن. شۇنداق بولغاچقا، كەڭ خەلق ھەم بۇ ئالىيجاناب ئادەمنى چەكسىز ئىززەتلىگەن. نەۋائى ياش چاغلىرىدا جەمئىيەتتە ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. بەزى ھۆكۈمدارلار نەۋائىنىڭ ئىقتىدارى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىدىن ئەنسىرەپ تەشۋىشكە چۈشسە، بەزىلىرى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولۇشقان.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىغا بىرقاتار ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە ئاتاق بېرىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي رولى بار بولغان. نەۋائىنىڭ بايقارا سەلتەنىتىدە تۇرغان چاغلىرى ئەڭ ئەھمىيەتلىك چاغلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1469 ـ يىلى مارتتا نەۋائىنىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارا ھىرات تەختىگە چىقىپ تۆمۈرى دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغاندا، نەۋائىنى ئۆز سارىيىدا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە قويغان.

1470 ـ يىلى مەملىكەت پايتەختىدە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، ئەمىرلەر، بەگلەر ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلۇم، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نەۋائى بۇ قوزغىلاڭغا چىن دىلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ خوراسان خەلقىنى خورلىغان بىر قانچە بەگلەر ۋە ئەمىرلەرنى جازالاشقا مۇۋەپپەق بولدى. خۇسۇسەن، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەلشىر نەۋائىنىڭ نامى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا غايەت زور شۆھرەت قازانغان.

1472 ـ يىلى ئاپرېلدا ئەلشىر نەۋائى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار ئىلىپ بېرىلدى. نەۋائىنىڭ خەلق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغان بۇ خىل ياخشى ئىشلىرىغا قارىتا، ئوردىدىكى بىرمۇنچە ئەمىرلەر ۋە بەگلەرنىڭ ھەسەت ۋە كۆندەشلىكى قوزغىلىپ ئوردىدا نەۋائىغا قارشى پىتنە ـ پاسات، ئىغۋالار كۆتۈرۈشتى.

ئەلىشىر نەۋائى 1476 ـ 1477 ـ يىللىرى ساراي پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا قارشى نارازىلىق سۈپىتىدە ۋەزىرلىكتىن ئىستېپا بېرىپ، 11 يىلغىچە دۆلەت ئىشلىرىغا رەسمىي ئارىلاشماي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى، مانا مۇشۇ يىللار نەۋائى ئىجادىنىڭ تازا گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە نەۋائى مەشھۇر «تۆھفە تۇل ئەپكار» («پىكىرلەر سوۋغىسى») ناملىق پارسچە ئەسىرىنى يازدى. 1483 ـ يىلى ئۇلمەس ئەسەر «خەمسە»نى يارىتىشقا كىرىشىپ، شۇ يىلى «ھەيرە تۇل ئەبرار» بىلەن «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى يازدى. 1484 ـ يىلى «لەيلى ۋە مەجنۇن» بىلەن «سەبئەئى سەييار» داستانلىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى. «سەددى ئىسكەندەر» داستانىمۇ نەۋائىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىغا كىرىدۇ.

نەۋائى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدا ياراتقان لىرىك شېئىرلىرىدىن ئۈچ قېتىم توپلام تۈزگەن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، «بەدائىئۇل بىدايە» («باشلىنىش ئاجايىپلىرى») دەپ ئاتىلىپ، 1466 ـ 1482 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان؛ ئىككىنچىسى، «نەۋادىرۇن نىھايە» («ئۆمۈرنىڭ كەم تېپىلىدىغان چاغلىرى») بولۇپ، بۇ ئەسەر 1482 ـ 1492 ـ يىللار ئىچىدە يېزىلغان؛ ئۈچىنچىسى، پۈتۈن لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كېيىنكى ۋە ئەڭ مۇكەممەل تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئۇ «خەزائىنۇلمەئانىي» (1492 ـ 1499 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان). بۇلار شائىرنىڭ تەخمىنەن يېرىم ئەسىر داۋامىدا ياراتقان ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەجمۇئەسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەۋائىنىڭ ئالىيجاناب، خەلقپەرۋەر ئىدىيىلىرىگە قارشى بولغان ئوردا تۆھمەتچىلىرى ئۇنىڭ پايتەخت ھىراتتا تۇرۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك ھېسابلاپ، 1487 ـ يىلى ئاستىرابادقا (خوراسان ئۆلكىلىرىنىڭ بىرى) ۋالىي قىلىپ تەيىنلەش نىقابى بىلەن ھىراتتىن سۈرگۈن قىلدى.

نەۋائى ئاستىرابادقا كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئوردىدىكى ئىغۋاگەر تۆھمەتچىلەر ئاستىرابادقىمۇ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلۇغ شائىرغا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇندى. نەۋائى ئاستىرابادتا ئىككى يىل تۇردى. 1488 ـ يىللاردا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن پۈتۈنلەي ئىستېپا بېرىپ، ھىراتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلمىي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى داۋام قىلدۇردى. لېكىن، يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ شىكايەت ۋە ئەرز ـ دادىنى ئاڭلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلاپ، خەلق خىزمىتىنى ئەسلا يادىدىن چىقارمىدى.

نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن «نەسائىمۇل مۇھەببەت» («مۇھەببەت خۇشپۇراقلىرى»)، «خەمسەتۇل—مۇتەھەييىرىن»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر ئۆلچىمى»)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ۋە «لىسانۇت تەير» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇ بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىي ۋە پارس تىلىدا بىرنەچچە ئەسەرلەر ياراتتى. «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن ئالتە مىڭ بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارسچە توپلام تۈزدى. نەۋائىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» بولۇپ، ئۇ 1500 ـ يىلى يېزىلغان.

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ

خاتىرجەم، تىنچ ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھار-
ماي- تالماي كۈرەش قىلدى. ئۇزى شەخسەن مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر، شىپاخانا ۋە سارايلار،
كۆۋرۈك ۋە يوللار سالدۇردى. ئۇستەڭلەر قازدۇرۇپ، خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە
تىرىشتى. شۇڭلاشقىمۇ، نەۋائىينىڭ ۋاپاتى كەڭ ھىرات خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش
ۋە ئىنتايىن چوڭ مۇسىبەت بولغانىدى.

نەۋائىي ئالىملار، شائىرلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى ئىدى. مەشھۇر شەرق تارىخچىلى-
رىدىن مىرخۇەندى ۋە خۇاندىمىر، مۇزىكشۇناس ۋە كومپوزىتور ھۇسەيىن ئۇدى، قولمۇھەم-
مەتناي، تالانتلىق رەسساملاردىن بىھزادە ۋە شاھمۇزەپپەر، مەشھۇر خەتتاتلاردىن سۇلتان
ئەلى، ئابدۇل جەمىل، مىرئەلى قاتارلىق خوراساندىكى ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەكىللىرى نەۋائىينىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، شۇ دەۋر
مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىلىرىگە ئايلانغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ
تۈركىي تىللىق خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە
ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ ئوزۇق ئالغانىدى.

نەۋائىي ياشىغان دەۋردىن سەل بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر
ئالاھىدىلىك شۇكى، يازغۇچى ۋە ئالىملار ئارىسىدىمۇ، تولاراق ئەرەب ياكى پارس تىللىرىدا
ئەسەر يېزىش ئەنئەنىگە ئايلانغان، ھەتتا ئەرەب، پارس تىللىرىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ
چوقۇنۇش ئەۋج ئالغانىدى. شۇنداقلا، تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ كۆپلىگەن
ئەرەب- پارس ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. گەرچە، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئەرەب -
پارس تىللىرى مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۇزدەۋرى ئۈچۈن خاراكتېرلىك
يوسۇندا، نەۋائىي ئۇزىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلدا يازدى. بۇ شۇ
دەۋرنىڭ كونا ئەنئەنىسىگە قارشى زور دەرىجىدىكى بۆسۈش ۋە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.
شۇڭا، نەۋائىي ئۇز ئانا تىلىدا كامالىغا يەتكەن سۆز ئۇستىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەرەب،
پارس تىللىرى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان شائىر. ئۇنىڭدىن بىزگە قالغان بۈيۈك ئەدەبىي
مىراسلار بىرمۇنچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى ۋە
پىكىر تەرەققىياتىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. نەۋائىي ئۇزىنىڭ بەدىئىي
ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىك
ئەسەرلىرى ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە كونكرېتلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە
چوڭقۇرلۇقى، مەجازى ۋاستىلىرىنىڭ ئۇزىگە خاس رەڭدارلىقى، شېئىرىي پىكرىنىڭ كەڭ-
لىكى، تىلىنىڭ ئۇتكۇرلۇكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە
كۆتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىلدا زور ئەسەر يېزىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقانىدى.

نەۋائىي لىرىكىلىرىنىڭ مۇنداق گۈزەل، پاساھەتلىك، ئاجايىپ راۋان، ئۇتۇقلۇق چىقى-
شى، ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق بەدى-
ئىي، ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك تۈردە ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنىڭ
نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ لىرىكىلىرى كىشىلەردە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل
قىلىدىغان ھاياجانلىق كۈيگە ئايلانغان. شۇنىڭدەك، نەۋائىي بۇ ئوخشىتىش ۋە مۇبالىغىلەر
ئارقىلىق رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى ئۇزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلۇق-
نىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ بەختلىك ھاياتقا، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك
ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ۋىسال شادلىقىغا چۆمگەن شېرىن خىياللىرىنى مۇشۇ جانلىق ۋاستى-

لەر ۋە دىللارنى تەرەننۇم (خۇش) قىلغۇچى گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە[①].

تۈركىيە تىل قورۇمى (ئاكادېمىيىسى) تەييارلىغان «مىزانۇل ئەۋزان» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى مۇنداق كۆرسەتكەن:

① دىۋانلار («خەزائىنولمەئانى»)؛ 1) «غەرايىبۇسسىغەر»؛ 2) «نەۋادىرۇششەباب»؛ 3) «بەدائىئۇلۋەسەت»؛ 4) «فەۋائىدۇلكىبەر»؛ 5) «دىۋانى فانى» (پارسچە توپلام)؛ ② «خەمسە» («خەمسە نەۋائى») 6) «ھەيرەتۇلئەبرار»؛ 7) «پەرھاد ۋە شىرىن»؛ 8) «لەيلى ۋە مەجنۇن»؛ 9) «سەبئىئى سەييارە»؛ 10) «سەددى ئىسكەندەر»؛ ③ تەزكىرىلەر؛ 11) «مەجالىسۇننەفائىس»؛ 12) «نەسائىمۇلمۇھەببەت»؛ ④ تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر: 13) «رىسالەئى مۇئەمما»؛ 14) «مىزانۇلئەۋزان»؛ 15) «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەيىن»؛ ⑤ دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەر؛ 16) «مۇناجات»؛ 17) «چىھىل ھەدىس» (ئەربەئىن)؛ 18) «نەزمۇل جەۋاھىر»؛ 19) «لىسانۇتتەير»؛ 20) «سىراجۇل مۇسلىمىن»؛ 21) «مەھبۇبۇل قۇلۇب»؛ ⑥ تارىخىي ئەسەرلەر: 22) «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»؛ 23) «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»؛ 24) «زۇبدە تۇل تەۋارىخ»؛ ⑦ تەرجىمىھال ئەسەرلىرى: 25) «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»؛ 26) «خەمسە تۇلمۇتەيەررىن»؛ 27) «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»؛ ⑧ ۋەسىقىلەر: 28) «ۋەقفىنامە»؛ 29) «مۇنشەئات» (يېزىشمىلار).

بۇلاردىن باشقا، بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئەلىشىر نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز قەسىدىلىرىنى توپلاپ، «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت پەسىل) ۋە «لىسانەئى زەرۇرىيە» (ئالتە زۆرۈرىيەت) ناملىق ئىككى توپلام تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلاردىن باشقا «رىسالەئى مۇفرەدات دەرفاننى مۇئەمما» دېگەن ئەسىرى بولغان. «نەسرۇل لەئالى»نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئەلىشىر ناۋائى قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراش بار. XIX ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك ئالىم مۆجىزى 1854 ـ 1855 ـ يىلى يازغان كىتابىدا 63 پارچە كىتاب يازغان، دېگەن ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن[②].

ئەلىشىر نەۋائى ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى ئىدى. چەت ئەل ئالىملىرى نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن دۇنيادىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سانىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا نەۋائى ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان[③].

نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسان ۋە ئادالەت غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىلغار ئىدىيىلەر ئاساسىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

نەۋائى تۈركىي تىلدا ئەسەر يېزىش، تۈركىي تىلنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش بىلەنلا

---

① ب. ئىسھاق «ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىلى، بىرىنچى سان، 56 ـ بەت.

② مۆجىزى «تەۋارىچى مۇسىقىيۇن»، 56 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 ـ يىل نەشرى.

③ مەسىلەن، ئۆزبېكىستان فىلولوگىيە كاندىداتى بەھرىمەن باقايېۋ «نەۋائى ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، پۇشكىن ئۆز ئەسىرىدە 21197 سۆز، شىكسپىر 20 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، سېرۋانتىس 18 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، ئابدۇللا توقاي 14 مىڭ سۆز، ئاباي ئالتە مىڭ سۆز ئىشلەتكەن. نەۋائىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار 26 مىڭ 35 لېكسىكىلىق بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلغان. پەقەت «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىلا 5431 سۆز ئىشلەتكەن.

قالماستىن، يەنە تۈركىي تىلنى كەمستكۈچىلەرگە قارشى قاتتىق كۆرەش قىلىپ، تۈركىي تىلنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئانا تىلىدا يۈكسەك بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئەينى دەۋردىلا، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ يەنە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋائى ئىجادىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئۇ ئىلىم پەن ساھەسىدە شېئىرىيەتتىن باشقا يەنە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، تۈركىي ۋە پارس تىللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ چىقىش بىلەن، تۈركىي تىلنىڭ باي تىل ئىكەنلىكىنى، ئەينى دەۋردىلا بۇ تىلنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئىلمىي ھالدا ئاساسلاپ بەردى.

ئىككىنچى، نەۋائى ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە «مىزانۇل ئەۋزان» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئاساسلار ھازىرمۇ ئىلمىي ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، نەۋائى ئەسەرلىرى ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرنىڭ، بولۇپمۇ XV ئەسىر دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى، دىنىي ۋە ئېستېتىك كۆزقاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىياللىق ئەھمىيىتى بار.

تۆتىنچى، نەۋائى ئەسەرلىرى XV ئەسىر تۈركىي ئەدەبىي تىلى، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەشىنچى، نەۋائى ئەسەرلىرى ئەينى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئومۇمەن، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالتىنچى، نەۋائى ئىجادىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرىنى كۆپەيتىشتە ۋە ئۇنىڭ ئەركىن مۇسابىقىسىنى يولغا قويۇشتا مۇھىم ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇڭا، ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىيىتى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىلغار يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئۆز ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئۆگىنىش دەستۇرى بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەلىشىر نەۋائى بەش ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىجادچىسى، ئۇلۇغ سەنئەتكارى، ئەدەبىيات پېشۋاسى ھەم ئىپتىخارى بولۇپ كەلمەكتە[①].

## 2 ـ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەلىشىر نەۋائى

نەۋائى ئىجتىمائىي ئىدىيە ـ پەلسەپە، ئەدەبىيات جەھەتتە خاس سىستېما ياراتقان ئەرباب. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە قاراشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە سەھنىسىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نامايەندە ۋە ئۈلگە بولۇپ قالغان. نەۋائى كۆپ خىل ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى

① پ. ئىسھاقنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن.

مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىنغان، كۆپ قاتلامغا ھەم يىراق تارىخىي ۋە ئەينى زامان مەنبەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرغان. ئۇ «مۇنشائات» (يېزىشمىلار) ناملىق خەت - چەكلەردىن تۈزۈلگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغاندەك تاكى ئارستوتىلدىن فارابىغىچە ۋە فارابىدىن ئەينى زامان ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە كەڭ بولغان.

مۇشۇنداق كەڭ مەنبەدىن ئوزۇقلانغان دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى شائىرنىڭ لىرىكىلىرى، داستانلىرى، ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، تۈرلۈك بەدىئىي ژانىرلار بويىچە ئىپادىلىنىپ، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن. نەۋائىي دۇنيا قاراشلىرى ۋە كىشىلىك قاراشلىرى، ئەدەبىيات قاراشلىرىغا تەسىر قىلغان مەنبەلەر ناھايىتى كەڭ. بۇ يەردە پەقەت قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىلا قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل مەدەنىيىتى تەسىر قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھاملانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقئارالىق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئۇنچە سۈزۈپ چىقىشنى نىيەت قىلغان چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئۆز ئانا تىلىنىڭ جەزبىدار كۈچ - قۇدرىتىنى مۆلچەرلەپ چىققان ۋە ئۇنى جېنىدەك ئەتىۋارلاپ، مۇشۇ تىل بىلەن ئەسەر يېزىشنى ئۆمۈرلۈك پىلانى قىلىپ تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا نىسبەتەن ئەدەبىي قۇۋۋىتى كۈچلۈكرەك بولغان ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ يازغان بارلىق ئەسەرلىرى (پارسچە ئەسەرلىرىنى ھېسابلىمىغاندا) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى نامايەندە قىلدى.

ئىككىنچى، يېزىق مەدەنىيىتى تەسىر قىلغان، شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر يېزىقلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارىغان. مەلۇمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ يېزىق ئىشلەتكەن. تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان چاغاتاي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە دەسلەپ ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ، تۈركىي- ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاسىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. نەۋائىي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى (بۇ يەردە ئەرەب تىلى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نى پىششىق بىلەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. نەۋائىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا، ئۆزبېكىستان تەتقىقاتچىسى ئە. ر. رۇستەموۋنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسكە ئېلىشىنىڭ پايدىسى بار. ئۇ مۇنداق يازغان. ئەينى چاغدا «ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ‹ئەتە بەتۇلھەقايىق› داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈشى ۋە كۆپچىلىك ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا نەزەرىنى ئاغدۇرۇشى ئەينى زاماندا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ۋە ماھىر كاللىگرافلار[1] بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.»[2]

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ شانلىق سىماسىدىن ئىلھاملانغان. ئەلىشىر نەۋائىي ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىغان ۋە ئۇلارنى ئۇستاز تۇتقان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەنگەن.

---

① كاللىگراف — كىتابقا رەسىم سىزىپ، نەقىش ئىشلەپ تەييارلىغۇچىلار، يەنى قول يازما كىتابلارنى ياسىغۇچىلار.
② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 56 - بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. 1983 - يىلى ئالماتا پەن نەشرىياتى.

ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. شائىر ئەجدادلىرىدىن ۋە ئەسىرداش قېرىنداشلىرىدىن فارابى-
نى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، سەككاكى،
سۇھەيلى، ئەتائى، سەئىدىددىن كاشغەرى، مەۋلانە فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامى، يەنى
فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم، سەيدۇلمىللەت ۋە لەدىل كاشغەرى، ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىقلارنى
بىلگەن ۋە ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن ھەم ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى
ۋە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىگەن. فارابى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى قاراشلىرى نەۋائىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ فارابىنىڭ ئەسەر-
لىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. نەۋائى «مۇنشائات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 87 - پاراگرافىدا
ئۆزىنىڭ پىفاگور (فىساغورۇس)، ئارىستوتىل (ئارستو) دىن باتكى ئەبۇ ناسىر فارابىغىچە
ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىدا فارابىنىڭ
تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تولىمۇ روشەن. بىز بۇ تەسىرنى نەۋائىنىڭ قەدىمكى گرېك مەدەنىيە-
تىگە، گرېك پەلسەپىسىگە، بولۇپمۇ تولىمۇ پەرقلىق ھالدا ئارىستوتىل قاراشلىرىغا بولغان
ئالاھىدە ھۆرمىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. نەۋائى «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا پەرھادنى ھېك-
مەت خەزىنىسى بولغان يۇنانىستان (گرېتسىيە) غا تەلپۈندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسكەندەر تىلسىمە-
سىنى (پەلسەپە خەزىنىسى) نى ئېچىشتا سوقرات ھېكىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ گرېك
پەلسەپىسىنى سوقراتتىن باشلاپ ئۆگىنىش، پىلاتوننى بېسىپ ئۆتۈش ۋە ئارىستوتىلدا ۋايىغا
يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى فارابى قاراشلىرى بىلەن بىردەك بولغان. ئەگەر «پەرھاد ۋە شې-
رىن» دا چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد ئىشقى مۇھەببەت پىداكارلىقى رىشتىسىدىن يېگانە
ھالدا شەرقتىن غەربكە سەپەر قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ خۇسرەۋ تەرىپىدىن پاجىئەگە ئۇچرى-
غان ۋە بۇ شەخسىي پاجىئە نەۋائى تەرىپىدىن تارىخىي پاجىئە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ
ئىزاھلانغان بولسا، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا يۇنان شاھزادىسى ئىسكەندەر ئادالەت ۋە
ئاسايىشلىق مەجبۇرىيىتى رىشتىسىدىن كۈچلۈك قوشۇن بىلەن غەربتىن شەرققە يۈرۈش
قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ دارا ئۈستىدىن غايەت زور زەپەر تەنتەنىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەريان
باشتىن - ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ «ئىسكەندەر تىلسىمى» نى ئاچقانلىقى بىلەن، باشقىچە ئېيتقان-
دا ئارىستوتىلنى داھى ۋە نامايەندە قىلغان گرېك پەلسەپىسى بويىچە ئىش قىلغانلىقى بىلەن
يورۇتۇلغان[1]. ئەلىشىر نەۋائى ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۈلھلەشكەنلى-
كىنىڭ تەسۋىرىنى خەمسە ئۇستازلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن كۆرە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ
لۇغەتت تۈرك» دىكى رىۋايەت - ھېكايىلەرگە يېقىن قىلىپ تۈزىدۇ، يەنى نەۋائىمۇ ئوخشاشلا
بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسكەندەرنىڭ خاقانى چىن بىلەن ئىززەت - ئىكراملىق سۈلھلەشكەن تەرزدە
ئېينەن شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن[2].

نەۋائىنىڭ لىرىكىلىرى، داستانلىرى ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ تىلى، بەدىئىي شەكلى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ. شائىر ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن مەرىپەتلىك ئادىل شاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن
دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىش ئىدىيىسى بىلەن، ئىلىم -
مەرىپەت، كىشىلىك ئەخلاق، چىن، سەممىمىي ۋاپادارلىق، ئىنسانىي بۇرچ نۇقتىئىنەزەرىدە

---

[1] ئا. م. ئىمىن «ئەلىشىر نەۋائى ۋە «سەددى ئىسكەندەر»» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1985 - يىلى، 4-سان، 61 - 62 - بەتلەر.)

[2] ئا. م. ئىمىن «ئەلىشىر نەۋائى ۋە «سەددى ئىسكەندەر»» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1985 - يىلى، 4 - سان، 61 - 62 - بەتلەر.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يېقىندىن يانداشتى[1]. نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى دۇنياۋى كاتتا ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىدىيىۋى مەزمۇنلارمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، يۈكسەك ۋە كۆپ قىرلىق. شائىر ئۇنى يازغاندا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، خەمسە ئۇستىلىرىنىڭ «خەمسە»لىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، «قۇتادغۇبىلىك» كىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن مۇراجىئەتلەر قىلغان. بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزەرى بىلىملىك، ئادىل شاھ ئەخلاق، بىلىم ۋە قانۇن ئارقىلىق، دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەل يۇرتنى گۈللەندۈرەلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپنىڭ بۇ قارىشى نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھاد ۋە شېرىن» ۋە «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ «سەددى ئىسكەندەر» دىكى ئىسكەندەرنىڭ ئادىل، ئىنساپلىق، مەرىپەتلىك ۋە تىنچلىقسۆيەرلىك خاراكتېرى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بىلىملىك، ئادالەتلىك كۈن تۇغدى ئوبرازىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە يارىتىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پروفېسسور بېرتېلىس 1949 - يىلىلا نەۋائى قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ، نىزامى گەنجىۋى «خەمسە»سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىغا قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئوبرازلارغا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كېلىپ، نەۋائى داستانىدىكى ئەنئەنىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن[2][3][4]. «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاستە تەسىرىدە يېزىلغان داستان بولۇپ، نەۋائى بۇ ئەسەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، مەسىلەن، «نەسەئىمۇلمۇھەببەت» دېگەن ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىشتىن سىرت، باشقا بىر ئەسىرىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىن بىرنەچچە مىسرانى مىسال كەلتۈرىدۇ، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى بىرنەچچە مىسرادا ئۇنىڭدىن ئېلىنغان قاپىيىنى ئەينەن قوللىنىدۇ.

نەۋائىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكى شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار ھەر جەھەتتە ياردەمدە بولغان. مەسىلەن، سەمەرقەندتە ھاكىم بولۇپ تۇرغان سۇلتان مالىك كاشغەرىنىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگ ئاتىدارچىلىق قىلغان ئىدى. «مەجالىسۇننەفائىس»تا ئۇنى (بۇ يەردە ئۇنىڭ «ۋەفائى» تەخەللۇسىنى ئىشلىتىدۇ) سەئىدىدىن كاشغەرى بىلەن بىرلىكتە، بىزگە ئۇستاز ئادەملەر، دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇر شائىر سۇھەيلى ۋە لۇتفىنى ھەم ئۆز ئۇستازى دەپ بىلگەنلىكىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. مەۋلانە سەككاكى، ئەتائىلارنىڭ نەۋائىغا بولغان تەسىرىنى ھەم تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر مىللىي روھى، جۇملىدىن ئەل - يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك روھىي مەدەت بولغان، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن.

نەۋائى، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى

---

① ش. ئۆمەر «قۇتادغۇبىلىك ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى، بىرىنچى سان، 162 - بەت.

② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 61 - بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ.

③ نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر»دە بىر زاھىدنى تاغدىن چاقىرىپ كېلىپ، پادشاھ قىلماقچى بولىدۇ. بۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە زاھىد ئودغۇرمىشنى غاردىن چاقىرىپ كېلىپ، كۈن تۇغدىنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ھەققىدىكى ئېپىزوت بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

④ ب. گ. غۇپۇروپ ۋە ئا. قاسىمجانوۋلار يازغان «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» دېگەن ئەسىرىدە گىرۇزىن (گىرۇزىيە) ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىلى شوتا رۇستاۋېلىنىڭ «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» ناملىق داستانىغا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كونكرېت تەسىر قىلغانلىقىنى بۇ ئەسەر تۈزرىنىڭ ئېستېتىك يۆنىلىشى «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. («بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى، بىرىنچى سان، 162 - بەتكە قاراڭ) بىزگە مەلۇمكى، شوتا رۇستەۋېلىنىڭ داستانى نەۋائى دەۋرىدە شۆھرەتلىك ئەسەر ئىدى.

ئۆز خەلقى ئارىسىدىن تاللاپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ياراتقان ئەڭ نادىر ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئوبرازلىرىنى خەمسە ئۇستازلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا، ئۆز خەلقىنىڭ ئوغلانلىرى ئارىسىدىن تاللىۋالدى[1]. مانا بۇ پاكىت، ئۇنىڭ مىللىي روھىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنى شائىر چۈشەنچىسىدە مەۋھۇم نەرسە ئەمەس بەلكى، كونكرېت ۋە رېئال نەرسە ئىكەنلىكىنى روشەن پاكىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانى، «خەمسە نەۋائىي» ئىچىدىكى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل نەۋائىي ئىجادىي خەزىنىسى، جۈملىدىن ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق شائىرنىڭ توپ ئىدىيۋى قارىشى ۋە ئەدەبىي ماھارىتى ئەڭ جانلىق، مەركەزلىك، يارقىن ۋە تىپىك ھالدا ئىپادىلەنگەن ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى پەرھادنى، شائىر ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ئۆز خەلقىنىڭ ئوغلانلىرى ئىچىدىن تاللىۋالدى، ئۇنىڭ ۋەتىنىنى تەنتەنە بىلەن «مۇلكى چىن» — چىن مەملىكىتى دەپ مۇئەييەنلەشتۇردى. پەرھاد ئوبرازى پەيدا بولغاندىن بۇيان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. پەرھاد ئوبرازىنى تىلغا ئالغان ھەربىر قەلەم ئىگىسى ئۇنى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. مەسىلەن، نىزامى گەنجىۋىنىڭ داستانىدا پەرھادنىڭ ۋەتىنى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن، لېكىن ئوقۇغۇچى نىزامى گەنجىۋى ياراتقان پەرھاد ئوبرازىدىن مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان غايىۋى قەھرىماننى كۆرەلەيدۇ. پەرھادنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكى ئەڭ دەسلەپتە خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدى[2]. نەۋائىينىڭ داستانىدىمۇ پەرھاد چىن شاھزادىسى دېيىلگەن. نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن چىن ئېلىنى بەزى ئالىملار خوتەن ياكى شىنجاڭ دەپ قارايدۇ، ئۇلارچە چىن خانى — خوتەن خانى دېگەنلىكتۇر.[3] بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسرالار دەلىل قىلىنىدۇ:

قابۇ زەررىن غەزالە تۇركى چىن دەي،
قارا تۇفراقغە كىرمەكنى چىن دەي.

نەۋائىي خوتەن شەھرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

دېدى كىم بىز گۇرۇھ تاجىر ئىر دۇك،
يەمەن سارى خوتەندىن سايىر ئېردۇك.
قىلىبان كېمەمىزنى غەرقە كۇلاك.
چۈكۈپ دەريا تۇبىگە بارۇ يوق پاك،
ماڭا روزى بولۇپ بۇ تەختە پارە.
بولۇپ سىز تەختەئى ئۆمرۇمغە چارە.

---

① بۇ يەردە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ پەرھادنى چىنلىق يىگىت قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.

② غ. دېھلىۋى پەرھادنى چىنلىق دەپ ئاتىشىدا ئېنىق مەقسىتى بار ئىدى. شائىرنىڭ ئاتىسى موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ياشىغان. غ. دېھلىۋى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىنى، شۇنىڭدەك، ۋەتەنداشلىرىنى كۆپ ئەسلىگەن. دېمەك، شائىرنىڭ كۆڭلىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىگە نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى بولغاچقا، پەرھادنى چىن شاھزادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

③ د. روزىيېۋا «ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» («بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل، 1 ـ سان)

بۇ تەسۋىرلەرنى پەرھاد تۇغۇلغان يۇرتنىڭ تەسۋىرى دېيىشكە بەلگىلىك مۇمكىنچىلىك بار.

نەۋائىينىڭ قەلىمى بىلەن يارىتىلغان پەرھاد چىن خاقانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ يەردىكى چىننى خوتەن، جۈملىدىن شىنجاڭ دەپ قارايدىغانلار بار دېگەننى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇق. بۇ ھەقتە رۇس ئالىملىرىدىن بېرتېلس، ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن پروفېسسور ۋ. زاھىدوۋ ۋە قازاقىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە پەرھادنىڭ ئانا يۇرتى خوتەن ياكى شىنجاڭ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

نەۋائىي «پەرھاد ۋە شېرىن»دا چىن شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن سۈرەتلەپ قالماستىن، بەلكى پەرھادنىڭ چىن ئېلىدە ھەر خىل ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىنىڭ ئىچىدە تاشچى قارۇننى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، خوتەننىڭ جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قاش تېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، شەرق ۋە غەربكە بۇ خىل ھۈنەر شىنجاڭ ياكى خوتەندىن تارقالغان[1]. قارۇن شىنجاڭ ياكى خوتەن قاش تېشى ئويمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ پەرھادنىڭ ئۇستىسىدۇر.

ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھىلەشكەنلىك، جۈملىدىن دوستلۇقنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە چىن خاقانىغا سوۋغا قىلغان ۋە پەرھادنىڭ ھاياتىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش پەيدا قىلىشقا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان «جاھاننەما» (ئەينەكى) تەسۋىرى ئېپوسى، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان، زۇلقەرنەين بىلەن چىن ئېلىدىكى ئۇيغۇر خاقانىنىڭ سۈلھىلىشىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە بىرقانچە ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئارىسىدا قويۇق تارىخىي بىرلىك ۋە باغلىنىش بارلىقىنى دىققەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىش ئىلمىيلىك بولمىسا كېرەك. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان چىن خاقانى — ئۇيغۇر خاقانىنىڭ زۇلقەرنەين قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارنى «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانىنىڭ سوۋغا - سالام ئالماشتۇرۇشى توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە مەنبە ئاساسى قىلىش، نەۋائىي ئۈچۈن شەرەپلىك خىزمەت ئىدى. ئۇنىڭ «سەبئىي سەييارە» داستانىدا «چىن، خىتا، خوتەن» ئاتالغۇلىرىنى پاراللېل ئىشلەتكەنلىكىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراشقان تېگىشلىك بىر نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، نەۋائىي «خەمسە»گە كىرگۈزگەن داستانلىرىدا يارىتقان بىرقانچە ئوبرازنى چىندىلىق قىلىپ يارىتىپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خوتەننى جۈملىدىن شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى دەپ پەرەز قىلىمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيىتىدە، ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. نەۋائىيغا نىسبەتەن، بۇ خىل ھېسسىيات زور پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، شائىر ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە ئۇلۇغ زات بولغاچقا، ئۆمرىدە ئۆز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىنتايىن يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

---

① غ. ئوسمان «قاش تېشىغا دائىر بىرقانچە ئېنىقلىما»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى»، 1990 - يىلى، 4 - سانىغا قاراڭ.

## 3 - «خەزائىنۇلمەئانى»

نەۋائى لىرىك شېئىرىيەتتە جاسارەت كۆرسەتكەن شائىر. ئۇ لىرىكىلىرىدا ئۆزىنىڭ باشقا تۈردىكى ئىجادىيىتىگە ئوخشاشلا، ئەكسىيەتچى، دىنىي ئىستىبتىك (چۈشكۈن) ئەدەبىياتقا ۋە قاششاق، فېئودال ساراي ئەدەبىياتىغا قارشى كۆرەشتە ئۆسۈپ، تاكامۇللىشىپ بارغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىنى «خەزائىنۇلمەئانى» ۋە «دىۋانى فانى» تەشكىل قىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن سىرت نەۋائى داستانلىرىدا لىرىك پارچىلار (مۇقەددىمە، چېكىنىش، خاتىمە) بار. يەنە «نەزائىمۇل جەۋاھىر»، «مۇنشائات»، «ۋەقفىيە» (ۋەقفىنامە)، «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن»، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»، «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بىرمۇنچە لىرىكىلار، يەنى مۇستەقىل بېيىت، فەرد، رۇبائى، قىتئە ۋە باشقىلار بار.

### 1. «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ يارىلىش تارىخى، تۈزۈلۈشى ۋە تەركىبى[1]

شائىر دەسلەپ لىرىكىلاردىن ئىككى توپلام تۈزگەن، بۇلار «بەدائىئۇل بىدايە»، «نەۋادىرۇننىھايە» دىن ئىبارەت. كېيىنچە، ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جەمئىي تۆت توپلام تۈزمەكچى بولدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خۇسرەۋ دېھلىۋىلا شەرق ئەللىرى ئەدەبىياتىدا «تۆت توپلام» تۈزگەن ئىكەن. لېكىن بۇ توپلاملار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. «خەزائىنۇلمەئانى» «تۆت توپلام» دىن ئىبارەت بولغىنى ئۈچۈن، كېيىنچە «چاھار دىۋان» دېيىلگەن. نەتىجىدە، ھۈسەيىن بايقارا تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، لىرىكىلىرىنى توپلاپ، 1491 - 1498 - يىللىرى «خەزائىنۇلمەئانى» نى تۈزگەن، ئۇنىڭ تەرتىپى كىشىلەرنىڭ ئۆمرىگە تەققاسلىنىپ تۈزۈلگەن، يەنى بىرىنچى ياشلىق، ئىككىنچى يىگىتلىك، ئۈچىنچى ئوتتۇرا ياشلىق، تۆتىنچى قېرىلىق، يەنى شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ شۇ باسقۇچلىرىدا يازغان شېئىرلىرىنى شۇ باسقۇچ سىمۋول قىلىنغان توپلامغا جەملىگەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۆمۈر چېگرىسى مۇنداق ئايرىلغان:

1) سىغەر چاغلار— ئۆسمۈرلۈك مەزگىل 7 - 8 ياشتىن 20 ياشقىچە.

2) شەباب— يىگىتلىك چاغلار، 20 - 30 ياشلار ئارىلىقى.

3) ۋەسەت— ئوتتۇرا ياشلىق چاغلار، 35 - 45 - ياشلار ئارىلىقى.

4) كىبار— قېرىلىق چاغلار، 45 - 65 ياشلار ئارىلىقى.

دېمەك «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ «كىرىش سۆز» دە ئەنە شۇ دەۋرلەرنىڭ چېگرا تەرتىپى توغرۇلۇق توختالغان، شۇنداقلا شېئىرلارنىڭ مەزمۇنلىرى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى قەيت قىلىنغان. لېكىن، زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا نەۋائى لىرىكىلىرى خىرونولوگىيىلىك[2] ئاساستا ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىغا قاراپ تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «تۆت توپلام» نىڭ ھەجمى بىر - بىرىدىن كۆپ پەرق قىلمايدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى توپلامدا 840 غەزەل، ئىككىنچى توپلامدا 759 غەزەل، ئۈچىنچى توپلامدا 740 غەزەل، تۆتىنچى توپلامدا 793 غەزەل.

لېكىن، نەۋائى قېرىغان چاغلىرىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. يۇقىرىقىدىن باشقا، «تۆت توپلام» دىكى شېئىرلار ژانىرلارغا بۆلۈنۈشتە مەلۇم بىر

---

① «خەزائىنۇلمەئانى» توغرىسىدىكى بەزى بايانلار پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى.

② خىرونولوگىيە— تارىخىي تەرتىپ، رەت تەرتىپى.

تەرتىپتە بولماي، ئەركىن بولغان. مەسىلەن، «غەرايىبۇسسىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىباتلە-
رى)، «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) قا سەككىز خىل ژانىردىكى
شېئىرلار، «بەدائىئۇلۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇلكىبەر»
(قېرىلىق نەپلىرى) گە توققۇز خىل ژانىردىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. «توپلام» تۈزۈش-
تىكى يېتەكچى ژانىر بولغان «غەزەل» بولسا ھەممە توپلاملارغا باراۋەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
مەسىلەن: ھەربىر دىۋاندا 650 غەزەل بار بولۇپ، بۇ دىۋاندا جەمئىي 44.803 مىسرا شېئىر
بار. (تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەپسىلىي تەكشۈرۈلىدىغان بولسا «چاھار دىۋان» نىڭ
خىرونولوگىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن) تەتقىقاتچىلار (مەسىلەن، خەمىت سۇلاي-
مانوۋ) نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ خىرونولوگىيىسىنى مۇنداق جەدۋەللەشتۈرۈپ چىققان، يەنى
«خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ خىرونولوگىيىلىك تەرتىپى مۇنداق:

| نومۇرى | تۆت دىۋاندا | قېرىلىق شېئىرلىرى | ئوتتۇرا ياشلىق شېئىرلىرى | يىگىتلىك شېئىرلىرى | ئۆسمۈرلۈك شېئىرلىرى | «خەزائىنۇلمەئانى» دىكى دىۋانلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 840 | 158 | 27 | 499 | 156 | غەرايىبۇسسىغەر |
| 2 | 759 | 356 | 237 | 166 | — | نەۋادىرۇششەباب |
| 3 | 740 | 427 | 106 | 75 | 132 | بەدائىئۇلۋەسەت |
| 4 | 793 | 445 | 87 | 115 | 146 | فەۋائىدۇلكىبەر |
| | 3132 | 1386 | 457 | 855 | 434 | جەمئىي |

«خەزائىنۇلمەئانى» غا لىرىك ژانىرنىڭ 16 خىل شەكلىدىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن.
ژانىرلارنىڭ دىۋانلاردىكى تەرتىپى ۋە شېئىرلارنىڭ مىقدارى مۇنداق:

1) غەزەل 2600
2) مۇستەھزات 4
3) مۇخەممەس 10
4) مۇسەددەس 5
5) مۇسەممەن 1
6) تەرجىبەند 4
7) تەركىبەند 1
8) مەسنەۋى 1
9) قەسىدە 1
10) ساقىنامە 1
11) قىتئە 210
12) رۇبائى 133
13) مۇئەممما 52
14) چىستان 10
15) تۇيۇق 13
16) فەرد 86

ھەربىر ژانىردىكى شېئىرلار قاپىيىسى ياكى رادىفتىكى تۈگىلگۈچى ھەرپكە قاراپ يەنە
مۇئەييەن بىر تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەۋائى بۇ توپلامنى تۈزگەندە دىۋان تۈزۈش
قائىدىسىگە ئاساسەن رىئايە قىلغان، لېكىن «تۆت دىۋان» نىڭ ھەممىسىنى شېئىرىيەتنىڭ
يېتەكچى ژانىرى بولغان «غەزەل» بىلەن باشلاپ، كلاسسىك قائىدىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئەسلى،

كلاسسىك ئەنئەنە بويىچە، دىۋانلار قەسىدە بىلەن باشلىناتتى.

## 2. «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ تېماتىك دائىرىسى ۋە غايىۋى مۇتىۋلىرى

نەۋائىنىڭ لىرىك شېئىرىيەت تەرەققىياتىدىكى كاتتا خىزمىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ لىرىكىنىڭ تار تېماتىك دائىرىسىنى بۇزۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ خىلمۇخىل مەسىلىلىرىنى ئۆز شېئىرلىرى ئۈچۈن تېما قىلىپ تاللىدى، يەنى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى مۇتىۋلىرىنى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقى، تەلىمى مەسىلىلەر بىلەن بېيىتتى. شېئىرىيەتنى بەدىئىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم شائىرنىڭ لىرىك دىۋانلىرى «خەزائىنۇلمەئانى — مەنىلەر خەزىنىسى» دەپ ئاتالدى. «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ كونكرېت تېماتىكىسى مۇنداق: — سۆيگۈ ۋە ساداقەت، ۋىسال ئىشتىياقى ۋە ھىجران ئىزتىراپى، ۋاپا ۋە دوستلۇق، شەپقەت ۋە مەرھەمەت، ئەل - يۇرتقا مۇھەببەت، گۇمانىزم ۋە خەلقلەر دوستلۇقى، ئىناقلىق ۋە ئادالەت، مېھنەت ۋە مەرىپەت، ئەدەب ۋە ئەخلاق، ھىممەت ۋە ساخاۋەت، ھالاللىق ۋە توغرىلىق، مەي نەشىدەسى (لەززىتى) ۋە تەبىئەت كۆركى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتتىن نالە قىلىش، ئادالەتسىزلىك ۋە ئىناقسىزلىقنى قارىلاش، رىيازەت ۋە جاھالەتنى پاش قىلىش، بەدنىيەت ۋە ھىيلىگەرلىكنى تەنقىد قىلىش، پاش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇتەپەككۇر شائىر بەزىدە ئادىشىپ، تەمتىرەپ قالىدۇ، بەزىدە ھاياتتىكى تېپىشماقلار ئالدىدا تېڭىرقاپ قالىدۇ، زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، ھەتتا بەزى مەسىلىلەردە خاتالىشىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقنى قارىلىغاندا: بىرىنچىدىن، پادىشاھلىق دۆلەت تۈزۈمىنى ئەبەدىي دەپ قارايدۇ، پادىشاھنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى تەنقىدلەپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلاردىن ئادالەت، نىجات كۈتىدۇ. ئىككىنچىدىن رىياكار شەيخلەرنى ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۆزى تەسەۋۋۇپنىڭ نەقشبەندى سۇلۇكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما شۇنداق زىددىيەتلىك قاراشلاردا بولۇشىغا قارىماي، گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش ۋە خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ھەممىدە خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىشەنچ نەۋائى لىرىكىسىدا ئاساسىي ئورۇن، يېتەكچى سەپنى ساقلاپ قالىدۇ. دېمەك، شائىر ئايرىم زىددىيەتلەرنى ساقلاپ بارىدۇ. نەۋائىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، لىرىكىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەم مەنىۋى يۈكسەكلىكى مانا مۇشۇ يەردە. مەلۇمكى، لىرىكىنىڭ باش قەھرىمانى سۇبيېكت — شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. ھايات ۋەقەلىك، ئۇنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى، ھېس - تۇيغۇسى، پىكىر ۋە قايغۇ - ھەسرىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

«خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ باش قەھرىمانى نەۋائىنىڭ ئۆزىدۇر. نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى XV ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى شائىر، گۇمانىست، پەيلاسوپ ۋە يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، شادلىق تەبەسسۇمى، ھاياجىنى، ئەلەم - قايغۇلىرى، قەھر - غەزىپى ھەممىدە غايىۋى زىددىيەتلىرى بىلەن بىرگە گەۋدىلىنىدۇ. ھېس - تۇيغۇسى، روھىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن كىتابخاننى ئاشۇ ئەسىر ھاياتى، ئۇنىڭ زىددىيەتلىرى ئالىمىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇ ئورتا ئەسىر زۇلۇم جاھالىتىگە قارشى گۇمانىزم ۋە مەرىپەت نۇرىنى تارىتقان بىر چاقماق شەكلىدە مۇجەسسەملىنىدۇ. شائىرنىڭ قەھرىمانى ئەينى چاغدا ئاشىقتۇر، ھەم رىند[1] ھەم رۇ (مەيپەرەست)، بىراق بۇ

[1] رىند — نازۇك تەبىئەت، ئالىفتە، پاسانچۇق، بايۋەچچە؛ مەيخور، مەئىشەتپەرەست، بىپەرۋا؛ زېرەك ئەۋلىيا.

لىرىك قەھرىمان ھەرقاچان ھەم شائىرنىڭ ئۆز كەچمىش تەسىراتلىرى، ھېس - تۇيغۇرلىرى ۋە تىلەكلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى كۆپىنچە شائىرنىڭ قەلبى، روھى ۋە ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىدىن، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە رەھبەرنى لىرىك قەسىدىدە بىۋاستە نەۋائىنىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىمىز بىلەن بىللە ئاشىق ۋە رىند لىرىك قەھرىمانى ھەققىدە بۇنداق ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. نەۋائى لىرىكىسىدا مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، رەھبەر، ئاشىق ۋە رىند ئوبرازلىرى بىلەن بىرگە يار، رەقىب، شەيخ، زاھىد، ۋاھىز، پادشاھ قاتارلىق لىرىك ئوبرازلار ھەم بار. بۇلاردىن سەلبىي اقلىرىدىن پادشاھ، زالىملىرى، زاھىدلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان شېئىرلاردا لىرىكا كۆپىنچە يۇمۇر، ساتىرا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى لىرىكىلىرى، جۈملىدىن «خەزائىنۇلمەئانى» دىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرى يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇ لىرىك ئەسەرلىرىدە چىن ئىنسانىي سۆيگۈنى كۈيلىدى، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قايغۇردى، دۆلەتتە ئىنساپ ۋە ئادالەت ئورنىتىلىشىنى ئارزۇ قىلدى. نەۋائى ياشىغان دەۋردە مۇدھىش فېئودالىق تۈزۈم خەلق ئاممىسىنىڭ پۇت - قولىنى چىرماپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھەببىتى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنى شەپقەتسىز تۈردە باستۇراتتى. خەلقنىڭ بەخت - سائادەتكە بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى، بىر - بىرىگە بولغان ساپ مۇھەببەتلىرى رەھىمسىز تۈردە قارىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، نەۋائى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئارقىلىق ئالغا سۈرگەن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، خەلقچىللىق، گۇمانىزملىق ئىدىيىلەر XV ئەسىر شارائىتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا مەشۇقنى تەڭدىشى يوق گۈزەللىك ئىگىسى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئەزەلدىن ئەنئەنە بولۇپ كەلگەنىدى. ھەرقايسى ئىجادكارلار خىلمۇخىل تەسۋىرى سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆپتۈرۈپ، مىللىتى ۋە خەلقىنى، ۋەتىنىنى، ئۇلۇغ مەقسەت، ئارزۇنىمۇ گۈزەل مەشۇقە ئوبرازى بىلەن تەسۋىرلىگەن. مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائى مەشۇقىدىكى ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس نازاكىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلەيدۇ:

> ئون سەككىزمىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندە دۇر،
> ني ئەجەپ چۇن سەرۋىنازىم ئون سەككىز ياشىندە دۇر.
> دېسە بولغايكىم يەنە ئون سەككىز يىل ھۆسنى بار،
> ئون سەككىز ياشىندە مۇنچە پىتنەكىم باشىندە دۇر.
> تا نەۋائى تۆكتى ئۇل ئاي پۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك،
> ھەرقاچان باقساڭ قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر.

(«نەۋائى تاللانما ئەسەرلىرى» 76 - بەت).

مەزمۇنى: (ئون سەككىزمىڭ ئالەمنىڭ غوۋغاسى ئاشىقنىڭ بېشىدا بولۇشىغا ھېچقانداق ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ. سەرۋىدەك نازۇك مەشۇق 18 يېشىدا ئەمەسمۇ، شۇنداق دېسە لايىق بولىدۇكى، مەشۇق 18 ياشلىق ھۆسن ئىگىسىدۇر. ئۇ 18 ياشتا ئىكەن، ئون سەككىزمىڭ ئالەمنىڭ پىتنە - پاساتلىرى ئۇنىڭ بېشىدا بولىدۇ، نەۋائى سىنىڭدەك بىر ئايدىن ئايرىلغىنىغا كۆز ياشلىرىنى دېڭىزدەك ئېقىتتى، ھەرقاچان قارايدىغان بولساڭ، كۆز يېشىدا قۇياشنىڭ

شولىسى كۆرۈندۇ).

سەمىمىيەت بىلەن تولغان ئاشۇ ئوتلۇق مىسرالارغا مۇراجىئەت قىلىدىكەنمىز، بۇ پارچىدا چىن مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنى پۈتۈن قەلبى بىلەن سۆيگۈچى ۋاپادار ئاشىقنىڭ پاك قەلبى، مەشۇقىگە بولغان زور ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتىنىڭ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

نەۋائى لىرىكىلىرىدا يار ۋىسالىغا يېتەلمەي ھىجران ئەلىمىنى تارتىۋاتقان ئاشىقلارنىڭ دەردۇ ئەلەمى، پىغانۇ نالىسى تەسىرلىك ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ھىجران ئاشىقنىڭ مۇھەببىتىنى زەئىپلەشتۈرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساداقىتىنى بوشاشتۇرمايدىغانلىقىنى، بەلكى تېخىمۇ چىڭىتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ۋىسال سائەتلىرىنىڭ يېقىنلىقىغا ئىشىنىدۇ. نەۋايى لىرىكىلىرىدىكى مۇنداق رومانتىزملىق روھ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان:

تۈن ئاخشام بولدىيۇ كەلمەس مېنىڭ شەمئى شەبىستانىم،
بۇ ئەندۇھ ئوتىدىن ھەردەم كۆيەر پەرۋانەدەك جانىم.
غەمدىن دۇررۇ مەكنۇندەك سىرشكىم ئاقتى جەيھۇندەك،
مۇزەييەت قىلدى گەردۇندەك جەھاننى ئەشكى غەلتانىم.
نەۋائى كەبى ھىجراندىن بۇ ئاخشام ئۆلتۈم ئەپغاندىن،
غەمىم يوق بويلا يۈز جاندىن، يېتىپ گەر كەلسە جانانىم.

(«نەۋائى تاللانما ئەسەرلىرى» 48 ـ بەت)

مەزمۇنى: (كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمما مېنىڭ كېچىنى يورۇتقۇچى چىرىغىم كەلمىدى، شۇڭلاشقا بۇ غەمدىن جېنىم پەرۋانىدەك دائىما كۆيىدۇ. ئۇنىڭ غېمىدىن كۆز ياشلىرىم جەيھۇن دەرياسىدەك ئاقتى. نەۋائى مۇشۇنداق ئايرىلىش ئازابىدىن بۇ ئاخشام ئۆلەي دېدى، ئەگەر جانانىم يېتىپ كېلىدىغان بولسا، بىر ئەمەس يۈز جاندىنمۇ كېچىشكە رازى ئىدىم.)

نەۋائى ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىلىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىمۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ باشقا مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شائىر چىن سۆيگۈ ۋە ساداقەتنى ئۇلۇغلاش بىلەن زالىم شاھلارنى، ھىيلىگەر روھانىيلارنى پاش قىلىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىككە ئوخشاش غايىلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دەمادەم جەبر ئىلە بۇزدۇڭ نەۋائى كۆڭلىنى ئەنداقكىم،
بۇزۇلغاي مۈلك، گەر زۇلىم ئەتسە شاھى كامران ھەردەم.

مەزمۇنى: (ئەگەر پادىشاھ زۇلۇم قىلىۋەرسە، مەملىكەت ۋەيران بولغاندەك، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ھەمىشە نەۋائىنىڭ كۆڭلىنى خاراب قىلدىڭ.)

يۈز جاپا كەلسە ماڭا، بىر قەتلە فەريات ئەيلەمەن،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا، يۈز قەتلە فەريات ئەيلەمەن.

بۇ پارچىدا نەۋائىنىڭ يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ـ ئىپادىلەنگەن. ھەقىقەتەن، ئۇ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆيلىدى، خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتقان زالىم شاھلارنى، ياۋۇز ئەمەلدارلارنى ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىدى.

جەھان گەنجىگە شاھ ئىرۇر ئەجدەرھا،
كى، ئوتلەر ساچار قەھرىمانگاھىدە.

مەزمۇنى: (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى پادىشاھلار ئەجدىھاغا ئوخشاش بېسىپ ياتىدۇ) نەۋائى لىرىكىلىرىدا زالىم شاھلارنىلا قامچىلاپ قالماستىن، بەلكى پادشاھ ئەتراپىنى ئورىۋالغان ئادالەتسىز، پارىخور، كاززاپ، خۇشامەتچى، تەمەخور ساراي ئەمەلدارلىرىنىمۇ غەزەپ بىلەن سۆكىدۇ ۋە ئۇلارغا نەپرەتلىنىدۇ:

شاھ يانىن پەرزىن كەبى كاژلەر ماقام ئېتمىش نى تاڭ،
........

شائىر شاھماتتىكى پەرزىنگە ئوخشاش، ئالدىدا يۈرىدىغان كىشىلەر خان يېنىدىن ئورۇن ئالغان بولسا، رەھىمدىل ۋە توغرا يۈرگۈچى كىشىلەرنىڭ چەتتىن ئورۇن ئېلىشى ئەجەبلەنەرلىك ئەمەس، دېيىش ئارقىلىق ھىيلە ـ مىكىر، خۇشامەت ۋە ئەگرىلىك بىلەن ئەمەلگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى شاھقا يېقىن تۇرىدىغان پەرزىنگە، ئادالەتپەرۋەر، توغرا كىشىلەرنى بولسا، شاھتىن يىراق تۇرغۇچى پىيادىگە ئوخشىتىدۇ.

نەۋائى لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرى «خەزائىنۇلمەئانى»غا كىرگەن 50 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى ياراتقان لىرىك ئەسەرلەر بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ گەۋدىلەندۈرگەن ھەرقايسى لىرىك ئوبراز ئۆزىنىڭ يارقىنلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن دىللارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرى قىياپىتىنى سۈرەتلەشتە قوللانغان بەدىئىي ۋاستىلىرى چىن ئىنسانىي ھايات روھى بىلەن ئاقىلىپ تۇرىدۇ. نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى مەزمۇنغا مۇستەھكەم ماسلاشقان خىلمۇخىل ۋەزىنلەر بولسا، غەزەللەرگە يېقىملىق ۋە گۈزەل، ئارامبەخش ئاھاڭ بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ شېئىرىيەت دۇردانىلىرى نەۋائى دەۋرىدىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭلا ئەمەس، پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭمۇ سۆيۈملۈك ئەسەرلىرىگە ئايلانغانىدى. نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى باي مەزمۇنغا ئىگە دىلرەبا غەزەللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇقاملىرى ۋە ناخشىلىرىغا سىڭىپ زور مۇھەببەت بىلەن ئوقۇلۇپ كېلىنمەكتە[1].

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەۋائى لىرىكىلىرى، جۈملىدىن «خەزائىنۇلمەئانى» مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان بىر بەدىئىي ئەسەر. ئۇ «خەمسە نەۋائى» بىلەن بىرلىكتە، نەۋائى بەدىئىي ئىجادىيىتى، جۈملىدىن، پۈتكۈل ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن چوققىلىرىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يالقۇنلۇق سېھرىي كۈچىنى مەڭگۈ جۇلالاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

---

[1] پ. ئىسھاقنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە قارالسۇن.

## 4 ـ «خەمسە نەۋائى»

### 1. قىسقىچە بايان

«خەمسە نەۋائى» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خەمسە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەلىشىر نەۋائى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ يۇكسەك چوققىسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ دەبدەبە پەيدا قىلغان شاھانە ئەسەر.

«خەمسە نەۋائى» دىن ئىبارەت بۇ داستانلار توپلىمى 1483 ـ 1485 ـ يىللىرى ھىراتتا ئۇيغۇر، يەنى تۈركىي تىلى بىلەن يېزىلغان[1].

«خەمسە» (بەش) سۆزدىن ياسالغان ئەدەبىياتتا قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ نامى سۈپىتىدە «بەشلىكلەر»، «بەشلىك توپلام»، «بەشلىك مەجمۇئە»، «بەش كىتابچە» تەرزىدە قوللىنىلغان، يەنى بەش داستاندىن تەركىب تاپقان، مەزمۇن ۋە فورۇلما جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشى بولمىغان، ئەمما مەسنىۋى شەكلىدىن ئىبارەت ئورتاق شېئىرىي ئەندىزىسى بويىچە يېزىلغان مۇستەقىل بەش داستان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي توپلام «خەمسە» بولغان.

«خەمسە» لەرنىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى داستان بولغان. بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدا، قالغان ئۈچ داستان ئىشقى مۇھەببەت مەسىلىسى، جۈملىدىن ھىجران پاجىئەلىرى ھەققىدە يېزىلغان.

«خەمسە» نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىسىدە ئۆز دەۋرىگە خاس مەھەللى، يەرلىك مەسىلىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى تارىخىي تەپەككۇر سەمەرىسىنى (نەتىجىلىرىنى) شەرت قىلغان. ئومۇمەن، «خەمسە» گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەيلى پەزىلەتلىك شاھەر ھەققىدە، پەنلەر ھەققىدە، دۆلەت ۋە بەخت ـ سائادەت ھەققىدە يېزىلغان بولسۇن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ سەزگۈر مەسىلىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

«خەمسە» چىلىك ئەرەبلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ـ تاجىكلار، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ھىندىستان خەلقلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئەسىردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم. ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. قەدىمكى ھىندى خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى «بەشنامە» (بەنجە تانتاراس) ۋە يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» نىڭ «بەشنامە» (تۇراخ) دەپ ئاتالغان بىر قىسمىمۇ «بەش» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ مۇكەممەل كىتاب ئۇقۇمىنى ئاڭلاتقان ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي چۈشەنچىسىگە مەنىۋى ئىلھام بېغىشلىغان.[2] ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادا «خەمسە» چىلىكنى ئىلمىي سەۋىيىگە ۋە قېلىپلاشتان ئۆلچەمگە كۆتۈرۈپ شۆھرەت قازانغان شائىر، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1209) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نىزامىي گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى (1253 ـ 1325)، ئابدۇراھمان جامى (1414 ـ 1492) قاتارلىق ئۇلۇغ خەمسە ئۇستىلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە يېزىلغان «خەمسە نەۋائى» دىكى داستانلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور بەدىئىي قىممەتكە، ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئۇلۇغ شائىر ھەربىر داستاندا ئۆزىگە خاس تەپەككۇر

---

① بۇ داستانلار ئا. ئىسلامى، ر. جارى، ت. ئېلىيوپ، ئى. يۈسۈپ، ئا. خوجا، ق. ياراشلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى بەش توم بولۇپ نەشر قىلىندى. بۇ تەھلىل شۇ قېتىمقى نەشر نۇسخىسى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلدى.

② غ. ئوسمان «خەمسە ۋە خەمسەچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى، 11 ـ سان.

ۋە كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ يۇقىرى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىلىم - پەن مەسىلىسى تىلغا ئېلىنماي قالمىغان.

2. «خەمسە نەۋائىي» دىكى داستانلار

1) «ھەيرەتۇل ئەبرار»

بۇ «خەمسە نەۋائىي» دىكى بىرىنچى داستان بولۇپ، 63 باب، 3973 بېيىت. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن پەلسەپىۋى داستان تۈركۈمىگە تەئەللۇق. داستانغا كىرىش سۆز، تۆت مۇناجات، بەش نەئت (رەسۇلىللانىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا)، نىزامى گەنجىۋى ھەققىدە مەدھىيە، ئا. جامى توغرىسىدا، سۆز - تىلنىڭ تەئرىپى ۋە سۆزنىڭ مەنىسى، ھۈسەين بايقارا ھەققىدە مەدھىيە، كۆڭۈلنىڭ تەئرىپى، ئۈچ ھەيرەت، بەھائىددىن نەقشبەندى ھەققىدە مەدھىيە، 20 ماقالات (ھەر ماقالات ئاخىرىدا بىردىن ھېكايەت)، مۇھەممەد پارسا ھەققىدە، نەۋائىي ئۆزى ھەققىدە (قوشۇمچە قۇلنىڭ ھېكايىتى) بولۇپ جەمئىي 64 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن 20 ماقالات داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھەر ماقالاتتا بىردىن مەسىلە (ئىمان، ئىسلام، پادىشاھ، سېخىيلىق، ئەدەب، قانائەت، ۋاپا، ئىشق - ئۇدۇك ئوتى، راستچىللىق، ئىلىم، قەلەمكەشكەر، پايدا يەتكۈزگۈچى، پەلەك - زامان، مەيخورلۇق، خۇمسىلارنىڭ ھېلىگەرلىكى، يىگىتلىك باھارى، ھاياتنى قەدىرلەش، ھىراتنىڭ ئاۋاتلىقى، لەتىپىلەرنىڭ مەجمۇئى) گۈزەل - پاساھەتلىك سۆزلەر، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، تەبىئەت ۋە گۈزەللىك تەسۋىرى بىلەن بايان قىلىنغان. نەۋائىي بۇ داستاندا، خەلق چۆچەكلىرى، مەسەللىرى، ماقال - تەمسىللەردىن كەڭ پايدىلانغان ۋە ئۆزىمۇ نۇرغۇن ھېكمەتلىك ماقالىلەرنى ئىجاد قىلغان. شائىر ئۆزىنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ھەر بىر ماقالات ئاخىرىدا بىردىن قىسقا ھېكايە بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. شائىر بۇ مەسىلىلەر ئارقىلىق زالىملارنى، رىياكار روھانىيلارنى، جاھىللىق، مۇناپىقلىق، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق ئىللەتلىرىنى ئەيىبلەيدۇ؛ ئادالەت، ئىنساپ، ۋاپادارلىق، سېخىيلىق، ئەدەب - ئەخلاق، ئەمگەكچانلىق، راستچىللىق پەزىلەتلىرىنى تەرغىب قىلىدۇ.[1]

شائىرنىڭ داستاندا ھەل قىلماقچى بولغان ئاساسىي ئوي - پىكرى زالىم پادىشاھلارنى، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى شەيخلەرنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قارىلاش، ئادالەت سېخىيلىق، ئەدەب، ۋاپا، دوستلۇق، رەھىمدىللىق، راستچىللىق، قانائەت، كەمتەرلىك، ئەمگەك، ئىلىمنىڭ خاسىيىتى قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئىنسانلارنى بۇ ياخشى ئەدەپ - ئەخلاققا ئۈندەشتىن ئىبارەت.

شائىر بۇ داستاندا، پادىشاھلارنى ئۆز ئىنسانىي بۇرچىنى، پادىشاھلىق ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا ئۈندەپلا قالماستىن، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلماستىن، پادىشاھلىق ھوقۇق مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان زالىم پادىشاھلارنىمۇ قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ.

شائىرنىڭ زالىم پادىشاھلارغا بولغان نارازىلىقى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى جەبىر - زۇلمىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى پاش قىلىپ، تەنقىد ئاستىغا ئېلىش داستاننىڭ 19 - بابىدا بايان قىلىنغان بەھرام ھەققىدىكى ھېكايىدە تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

پادىشاھ بەھرام كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ بىر قىشلاقتا قونۇپ قالىدۇ، بۇ قىشلاق شۇ قەدەر نامرات، شۇ قەدەر ۋەيران ئىدىكى، گويا قەبرىستانلىققا ئوخشايتتى. بەھرام

[1] ئىسمىن تۇرسۇن «نەۋائىي ھەققىدە»، 80 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2000 - يىل نەشرى.

قىشلاقنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋەيران، خاراب بولۇپ بۇ ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، بىر دېھقاندىن سورايدۇ. دېھقان سوئال سورىغۇچى كىشىنىڭ بەھرام ئىكەنلىكىنى تونۇماي، ئۇنىڭغا بەھرام ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پادىشاھ بەھرامنىڭ زۇلمى، قىشلاقنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى دەيدۇ.

بۇ ھېكايە كۈچلۈك رېئالىزم ئېلېمېنتىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئادالەتسىز پادىشاھلارغا بولغان نارازىلىقى، خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى، خاراب بولغان يېزىلارنىڭ تېپىك مەنزىرىسىنى جانلىق سىزىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بەھرامدىن ئىبارەت ئوبرازنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ۋەھشىي ۋە زالىملىقىنى پاش قىلغان ۋە قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالغان.

نەۋائى ياشىغان زاماندا خەلققە جەبىر ـ زۇلۇم سالغۇچىلار يالغۇز زالىم پادىشاھلارلا بولۇپ قالماستىن، ئەمەلدارلار، بەگلەر قازى، شەيخ، ئىشانلارمۇ خەلقنى ئېزىدىغان قارا كۈچلەر ئىدى. «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي» دېگەندەك، خەلقنىڭ بېشى بولغان پادىشاھ ئادالەتسىز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تايانچلىرى بولغان، زالىم بەگلەر، رىياكار موللىلار، ئالدامچى قازىلار پادىشاھنىڭ نامىنى، شەرىئەت ھۆكمىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ خەلقنىڭ يېرىنى، ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى، ھەتتا خوتۇن قىزلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ قۇتۇلغۇسىز بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار قىلاتتى. ئەمەلدارلارنىڭ قايسى يېزىغا قەدىمى يەتسە ئاۋۋالقىدىنمۇ ۋەيران بولۇپ خەلق ئاچ ـ زارلىقتا موھتاجلىققا گىرىپتار بولاتتى. بۇ نۇقتىنى شائىر داستاننىڭ 12 ـ بابىدا ۋەھشىي ئەمەلدارلارنى، قازى، مۇپتىلارنى، ئۈزلۈكسىز يامرايدىغان ۋاباغا ئوخشىتىپ ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى قاتتىق سۆكىدۇ.

شائىرنىڭ زالىم پادىشاھلارنى، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى، ئىشان، سوپىلارنى تەنقىد ئاستىغا ئېلىشى ۋە ئۇلارنى قارىلىشى ماھىيەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشنى چىقىش نۇقتا قىلغان بولۇپ ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلغارلىققا، تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە. ئۇ خەلقنىڭ زۇلمىغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئۇلغايتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دېمەك، داستاندىكى زالىم پادىشاھ، رەھىمسىز بەگلەر، ئالدامچى ئەمەلدارلار، قانخور قازىلار، رىياكار موللا ـ مۇپتىلارنىڭ تېپىك ۋەكىلى، بەھرام گويا ئۆزىنىڭ قويلىرىنى قىشنىڭ سوغۇقىدىن، بۆرىنىڭ خەۋپىدىن ساقلىمايدىغان پادىچى، ئۆزىنىڭ بېغىدىكى كۆچەتلەرنى ئاسراپ، پەرۋىش قىلمايدىغان باغۋەندۇر.

2) «پەرھاد ۋە شېرىن»

بۇ ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك داستان بولۇپ، 54 باب، 5453 بېيىتتىن تەركىب تاپقان.

«پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنى شائىر يەنە «مېھنەتنامە ۋە پىراقنامە» دەپمۇ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭدا چىن ئېلىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەن گۈزىلى مەلىكە شېرىن ئارىسىدا بولغان تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن، ھاياتلىقىدا دىدارلىشالمىغان ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك، تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئاق كۆڭۈل كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. مۇھەببەت كۈشەندىلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار روشەن ۋە جانلىق خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا، تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن.

بۇ داستان نەۋائىنىڭ باشقا داستانلىرى، جۈملىدىن باشقا ئەسەرلىرى ئىچىدە تىپىكلىك

ۋە خاسلىقى، شۇنداقلا تەسىرچان ۋە جەلپكارلىقى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇلغاندۇر. چۈنكى بۇ داستان غايىۋى مەزمۇن جەھەتتە ناھايىتى باي، ئېستېتىك ئىدىيىسى ئېنىق ۋە ئىلغار. شائىر داستاندا ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىنى نىسبەتەن ئىخچام يىغىنچاق، تىپىك ۋە ھەقىقىي ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ داستاندىكى پەرھاد ۋە شېرىن ئوبرازلىرى ئوچۇق خاسلىقتا، جانلىق تىپىكلىككە ۋە يېتۈك نەمۇنىلىككە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىدا ئىلھاملاندۇرۇش، تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ئوڭايلا بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

داستاندا شائىر پەرھاد بىلەن شېرىنىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، خەلق پاراۋانلىقى، ئەمگەكسۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېزا ئىگىلىك، سۇ مەسىلىسى، ئادىل، بىلىملىك ۋە زالىم، نادان شاھ قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەر، جۈملىدىن شائىرنىڭ ئاساسىي غايىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

نەۋائى «پەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق بۇ خەلق رىۋايىتىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن بىلەن روياپقا چىقىرىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. نەۋائىنىڭ داستانى پەرھاد بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق سۆيگۈ - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇنىڭدا مەيلى پەرھاد بولسۇن، مەيلى شېرىن بولسۇن، ئاددىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئىگە كامىل كىشىلەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە بۇ يولدىكى ۋاپا ھەم ساداقەت تۇيغۇلىرى دەسلەپتە ئىنسانىيلىق شەرىپىنى ئۇلۇغلاش، دوستلۇق، باراۋەرلىكنى قەدىرلەش، تۇرمۇشتىن ياخشىلىق ئىزدەش، يۈكسەك غايىلەر يولىدىكى تەلپۈنۈشلەرگە ھەمدەم بولۇش مەنىسىگىمۇ ئىگە. شۇ يوسۇندا نەۋائى داستانىدا سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنىڭ بايانى ھەممە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكلەرنىڭ مەنپەئىتىگە، جەمئىيەتنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا قايتا قۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە ئايلاندۇرۇلغان.

پەرھادقا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ چوڭ بولۇشىدۇر. پەرھادتىكى بۇ خىل ياخشى خىسلەت ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەش بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

پەرھاد ئەمگەك سۆيەر ۋە ئىجادكار بولۇپ ئۆسىدۇ. پەرھادنىڭ ئۆلمەس ئوبرازى ئۇنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە ئىجادكارلىقىدا كامال تاپقان. پەرھاد كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك بالا بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ زور ھەۋەس بىلەن ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر ئىگىلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاشۇ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ زېھنى بارغانسېرى ئېچىلىدۇ ۋە نامايان بولىدۇ. شائىر پەرھادنىڭ ئاجايىپ زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقىنى شۇ دەرىجىدە تەسۋىرلەيدۇكى، ئۇ ھەرقانداق ئىشقا كۆز سالسا شۇ ئىشنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى دەرھال بىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق زېرەكلىكىنى ھۈنەر ئۇستىلىرى مانى ۋە قارۇنلاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرى ئارقىلىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئەگەر بىر قەتلە كۆردى ئول ساباقىنى،
يەنە ئاچماق يوق ئىردى ئول ۋەراقىنى.

نى سۆزىكىم ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىپ،
دىم كۆڭلىنى جان لەۋھىگە قازىپ.
ئوقۇپ ئۆتمەك، ئوقۇپ ئۆتمەك شىئارى،
قالىپ يادىدا سەفھە ـ سەفھە بارى.
جاھاندا قالمادى ئول يەتمىگەن ئىلىم،
بىلىم تەھقىقنى كەسب ئەتمەگەن ئىلىم.

ئانىڭدەك قىلدى خارە يونماغىن ۋىرد،
كى يۈز قارەن قاشىدا بولدى شاگىرد.

قايۇ سۇرەتكى مانى چەكتى تىمسال،
ئاڭا فەرھاد ئاچتى سىھرى فىلھال.

پەرھاد يەنە جىسمانىي ۋە ھەربىي قابىلىيەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئىستىداتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەرنىمۇ ئىگىلەپ تەڭداشسىز كامالەت ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئوخشاشلا كىشىنى چىن دىلىدىن قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىشى ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

پەرھاد شۇنچە ئەقىللىق، باتۇر بولۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا كەمتەر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، پاك دىل، سەمىمىي، ئەخلاقلىق بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بۇ خىسلەتلەر پەرھاد ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

پەرھادتىكى ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ بىرى باشقىلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن ئىبارەت. پەرھاد باشقىلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى تەڭ تارتىدۇ. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە تەڭ ئىشتىراك قىلىدۇ. پەرھاد خەلق ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدا ناھايىتى يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئالىيجاناب، شەخسىيەتسىز، پىداكار ئوبراز.

پەرھاد ـ شېرىننىڭ يۇرتىدا ئىككى تۈرلۈك قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ:

بىرى، شېرىننىڭ خەلقى ئۈچۈن تاغ كېسىپ، سۇ باشلاپ شېرىننىڭ پاك مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەرھاد ئۆز بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىڭبىر مۇشەققەتتە تاش كېسىپ قانال قېزىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ.

يەنە بىرى، ئۇ مۇھەببەت كۈشەندىسى، جاھالەت ھامىيسى، زوراۋان پادشاھ خۇسرەۋنىڭ ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ.

پەرھاد ئوبرازىنى نۇرلاندۇرغۇچى خىسلەتلەرنىڭ يەنە بىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك. پەرھاد باشتىن ـ ئاخىر خەلق پاراۋانلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شېرىننى چىن دىلىدىن سۆيگەن پەرھاد ـ شېرىننىڭ ۋەتىنىنىمۇ، خەلقىنىمۇ سۆيىدۇ. شېرىننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقى دۇچ كەلگەن مۇشكۈل كۈنلەر ئۈچۈن پەرھادمۇ ئوخشاشلا ئازابلىنىدۇ ۋە ئازابنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەردانە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ بالايىئاپەتنى تۈگىتىش-

كه كىرىشىدۇ.

دېمەك، پەرھاد ئۆز تەقدىرىنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئەلدە تىنچلىق، خەلققە خاتىرجەملىك بولغاندىلا شەخس تەقدىرىنىڭ نىجات تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەرھاد كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى.

پەرھاد ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر بالايىئاپەتلەردىن قورقۇپ قالمايدىغان قەھرىمان ئوبرازدۇر. ئۇ ئۆز غايىسى ۋە بەختى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەجدىھا، ئەھرىمەن دىۋە ۋە زالىم شاھ خۇسرەۋلەر بىلەن ئېلىشىشى ۋە غالىب كېلىشى ئۇنىڭ باتۇر قەھرىمان، قورقماس قەيسەرلىكى ئۇنىڭ ئوبرازىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ.

پەرھاد ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىكتە سۇنماس ئىرادىگە ئىگە ئالىيجاناب شەخس. نەۋائى پەرھادتىن ئىبارەت مەزمۇنلۇق بۈيۈك ئادەم ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق خۇسراۋ ۋەكىللىكىدىكى مەنىۋى جەھەتتىن پۇچەك ۋە ئۆلۈك ھاياتقا نەپرەت ئوقۇيدۇ. پەرھادنىڭ پاك خىسلىتى، قابىلىيىتى، بىلىمى ۋە باتۇرلۇقى ئالدىدا زالىم شاھ خۇسرەۋ لەنىتى، چۈپرەندە، ۋەھشىي ھايۋان قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. تۆۋەندىكى دىئالوگنى كۆرۈپ باقايلى.

دېدى: نىدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە؛
دېدى: ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە
دېدى: بۇ ئىشقتىن ئىنكار قىلغىل.
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل.
......
دېدى: بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقتۇر.
دېدى: بۇ شىۋە ئاشىقدىن يىراقتۇر.
دېدىكىم، شاھغە بولما شىركەت ئەندىش.
دېدى ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھى ـ دەرۋىش.
دېدى: جانىڭغا بۇ ئىشتىن ئەلەم يار.
دېدى: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار؟!

يۇقىرىقى مىسرالاردا پەرھادنىڭ خۇسرەۋنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن ھەربىر ئۆتكۈر جاۋابى خۇسرەۋنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. خۇسرەۋنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسىنى، مەنىۋى پۇچەكلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پەرھادنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقى، ئالىيجانابلىقى گەۋدىلىنىدۇ. پەرھاد خۇسرەۋنىڭ مۇھەببەتكە نىسبەتەن قىلمىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ رەسۋالىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەرھاد ئۆزىنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ۋاقتان پەسكەشلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى پاش قىلىپلا قالماستىن، يەنە خۇسرەۋنىڭ شۇ باھانە بىلەن باشقىلارنىڭ ئېلىنى بولاپ ـ تالاپ باي بولۇشقا ئۇرۇنغان قارا نىيىتىنىمۇ پاش قىلىدۇ:

قىلىپ ئەل مۇلكى ئىچرە قاتىلۇ تاراج،
ئالاي دەپ مۇلۇك ئەلدىن تەخت ئىلە تاج.
بىرەۋنىڭ كىم بىرىپ مۇلكىنى پەرياد،
قىلورسەن نازانىن كۆڭلىنى ناشاد.

پەرھادنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ جادۇگەر موماي ھىيلىسى بىلەن خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ نەزەربەند قىلىنغاندا قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق ئۆزىنى نەزەربەند قىلىنىۋاتقان كىشىلەرگە بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن قاچماي، زەنجىر - كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ قورغانغا ئەركىن كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشىدە ۋە خەلق بەختى ئۈچۈن «نەھرۇل ھايات» («ھايات دەرياسى»)، «بەھرۇن نەجات» («نىجات دېڭىزى») دېگەن قانال ۋە كۆللەرنى قېزىپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

پەرھاد ھىيلىگەر موماي ھىيلىسىگە ئالدىنىپ جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ زالىملاردىن، رەزىل دۈشمەندىن قىساس ئېلىشنى، خۇسرەۋنى يوقىتىپ، ئادالەت ئورنىتىپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ. پەرھادتىكى بۇنداق قىساسكار ئىنقىلابىي روھ، پەرھادتىكى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

پەرھاد ئوبرازىدىكى يارقىن بىر ئېلېمېنت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ تاشقان ئالىيجانابلىق روھىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ئالىيجانابلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئوبيېكتقا، ئومۇمەن مۇشكۈل كۈرەشنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇ چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك (خۇنۈكلۈك) بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان، كۈرەش قىلىشىۋاتقان چوڭقۇر جەرياننى نامايان قىلىدۇ. ئالىيجانابلىق گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى، يەنى پەرھاد بىلەن خۇسرەۋ ئارىسىدىكى جىددىي كۈرەش مەنزىرىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە ئېستېتىكىلىق پوزىتسىيىسى قاتتىق قوزغىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق جىددىي كۈرەشتە، گەرچە پەرھاد تراگېدىيىگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئالىيجانابلىق گۈزەللىك — پەرھاد ئارزۇ قىلغان — نىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچى ۋە ئۇنىڭ ھېچ نەرسە توسۇۋالالمايدىغان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالى — خۇسرەۋ قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ، ئەرمەن خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ. شەخسىي پەزىلەتنىڭ ئالىيجانابلىقىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ جاپالىق كۈرەشتە ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقىدا. بۇ ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ماھىيىتى پەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچە ئاڭلىق ۋە شۇنچە روشەن ئىپادىلەنگەنلىكى، مۇشكۈل، دەھشەتلىك ۋە ھايات - ماماتلىق كۈرەشتە جۇشقۇن، چوڭقۇر ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن پەرھاد شەخسىيىتىدىكى روھىي قىياپەت، مىجەز - خۇلق ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئالىيجانابلىق ئوبيېكتقا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى شۇنچە چوڭ بولغان.

پەرھاد ئوبرازىدىكى ئالىيجانابلىق رېئال ھاياتتىكى ئالىيجانابلىقنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسىدۇر. چۈنكى، سەنئەتتىكى ئالىيجانابلىقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غايەت زور ھەجمىنى ۋە رېئاللىقنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى تامامەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. گۇمانىست شائىر نەۋائى پەرھاد ئوبرازىنى خەلق ئارىسىدا سەييارە ئوبرازغا ئايلىنىپ كەتكەن قىياپەتتىلا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ جىددىي ئىجتىمائىي توقۇنۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدىكى ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىدىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ماتېرىيال ئېلىپ، مۇكەممەل ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

قىسقىسى، «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى پەرھاد ئەقىل ـ پاراسەت، باتۇرلۇق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجادكارلىق، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنىڭ يىغىندىسى بولغان پەرھاد يۇقىرىقىدەك ئېسىل خىسلەتلىرى ۋە ئالىيجاناب سۈپەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاپ كەلدى ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئەبەدىي ياشايدۇ.

داستان پېرسوناژلىرى يارقىن ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق) ۋە تىپىكلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مۇئەللىپ داستاندا ئوندەك خاس ئادەملەر ئوبرازى، نەچچە ئون نەرسىلەر ئوبرازىنى ياراتتى. پېرسوناژلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنە بىرى دۇنيا قاراش، غايە، مەقسەت، مىجەز ـ خۇلق، تاشقى قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك پەرھادنىڭ بىر قاتار ئالاھىدىلىكى بىلەن، شىرىن — جەزىبدار خۇلقى ـ مىجەزى، نازاكەتلىكى، ئۇياتچانلىقى، ۋاپادارلىقى، قەتئىيلىكى، ئۆز ھۆسن ـ جامالى بىلەن ئوقۇغۇچى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. سەلبىي پېرسوناژلار بولسا، نادان، جاھىل، زالىم. قۇۋ، شەخسىيەتچى، قارانىيەتلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. خۇسرەۋنىڭ ئەسلى خاراكتېرىگە يەنە قوپال مىجەزلىك، بەتبەشىرە ئالاھىدىلىكلەرنى قوشۇپ تەسۋىرلەش ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىشقا ياردەم بەرگەن.

داستاندا پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى (تاشقى ھالىتى) بىلەن پسىخىكىسى (ئىچكى كەچۈرمىشلىرى) تەبىئىي ۋە مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭغا «جاھاننەما»دە شىرىننى كۆرگەندىكى پەرھادنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى ۋە شىرىننىڭ پەرھادقا يازغان خېتى گەۋدىلىك مىسال بولىدۇ.

داستاندا تاۋلانغان ئەدەبىي تىل بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، داستان ۋەقەلىكلىرىنى تەسىرلىك، قىزىقارلىق بايان قىلغان. پېرسوناژ تىلىنى تىپىكلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن، نەۋائى داستاندا، ھەربىر ۋەقەلىك (ھېكايە)نى باشقا ۋەقەلىك بىلەن پەرقلىك تىل، تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ، يەنى ھەربىر پېرسوناژنى ئۆزىگە خاس تىل بىلەن سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا پەرھاد بىلەن خۇسرەۋ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە جەريانىدىكى دىئالوگ ئېنىق مىسال بولىدۇ.

پەرھاد بىلەن خۇسرەۋنىڭ سۆزى ئۇسلۇب تەرەپتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. پەرھادنىڭ سۆزلىرى مەزمۇنى چوڭقۇر، قاراتمىلىقى دەل ۋە ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنى ئاقىل، جىگەرلىك، مەرد، كەسكىن، ئىرادىسى چىڭ، پەزىلەتلىك ئادەم سۈپىتىدە ھېس قىلىدۇ. خۇسرەۋنىڭ سۆزى تۇتۇرۇقسىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى، ئۇنى نادان، جاھىل، مەنمەنچى، يوغانچى، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن، پەسكەش ۋە شاللاق ئادەم ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ.

شىرىننىڭ پەرھادقا يوللىغان مەكتۇپلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ ئۇزلۇقى، نازاكەتلىكى، ئۇياتچانلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، مېھرىبانلىقى، ساداقەتمەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

3) «لەيلى ۋە مەجنۇن»

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى جەمئىي 38 باب، 3614 بېيىت. شائىر بۇ داستاننى «ماتەمنامە» دەپمۇ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭدا ئابرۇيلۇق قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى بىلەن ئادەتتىكىرەك قەبىلە (بەدۆلەت قەبىلىسىنىڭ) باشلىقىنىڭ ئوغلى مەجنۇن (قەيس) ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە ۋىسال مىنۇتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىق-

لار، سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان. نوپۇز ۋە بايلىقنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، ئەمما ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغان لەيلىنىڭ دادىسىنىڭ كاشىلىسى بىلەن كىچىكىدىن سىردىشىپ، پاك ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا ئۇتۇشۇپ، سۆيگۈ مۇساپىسىگە بىللە قەدەم قويغان ئىككى ياشنىڭ بىئەجەل كۆز يۇمۇشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شائىر بۇ داستاندا كىشىلەرنى قىزلارنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ماددىي تاۋار قىلماسلىققا دالالەت قىلغان.

بىز داستانغا بىرقۇر نەزەر تاشلىساق مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان چىن، ھەقىقىي مۇھەببىتىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. قەيسنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەردىن بولغاچقا، قەيسنى باشقا بىر قەبىلىدە ئوقۇتىدۇ. قەيس ئوقۇش جەريانىدا لەيلىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا ياقىسىنى يىرتىپ ئاھ ئۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە قاراپ ئۇنى «مەجنۇن، ساراڭ» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «مەجنۇن» دېگەن بۇ نام فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سوۋغىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ. مەجنۇن كىچىكىدىنلا ئەدەپ - ئەخلاقلىق، بىلىملىك، قەيسەر، باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىلىدۇ.

مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان ساپ مۇھەببىتى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ رەزىل جەمئىيەتتىن يىراقلىشىپ ھەممە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان زالىملار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ چۆل باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇھەببەتنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنى، فېئودال كۈچلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئىسيانكارلىق روھىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلىگەندىن باشقا يەنە باشقىلارنىڭمۇ مۇھەببىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

مەسىلەن، ئۇ نەۋفەلنىڭ قىزى بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغاندىن كېيىن ئۇ قىزنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتى بارلىقىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ئۇ قىز بىلەن خوشلىشىدۇ.

مەجنۇن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا قىلچە باش ئەگمەيدۇ.

مەجنۇن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن فېئودالىزمنىڭ قالاق قائىدە - تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرغانلىقى ئىنتايىن ئۇلۇغ خىسلەت بولۇپ ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. مەجنۇن لەيلىنى يالغۇز مۇھەببەت يۈزىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئوخشاش، فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەرگە بولغان كۆزقارىشى بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن قىزغىن سۆيگەن.

دېمەك، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مەجنۇن ئەقىللىق، بىلىملىك، قەيسەر ئوبراز بولۇپ، ئۇ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە سادىق، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان، شۇنداقلا ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان جاھىل - مۇتەئەسسىپ فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرغان ئىسيانكار ياشنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن فېئوداللارغا قارشى روھى ھەرگىزمۇ شەخسىي مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ ئەينى

دەۋردىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ فېئوداللارغا قارشى كۈرەش قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى.

دېمەك، مەجنۇن باتۇر، ئەقىل پاراسەتلىك، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش، فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتەك ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە ئوبرازدۇر. ئۇنىڭ يىغىسى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ يىغىسى. قەدىرلىگىنى، ئىنتىلگىنى خەلقنىڭ مۇھەببىتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قەيسەرلىك ئۇنىڭ لەيلىگە بولغان پاك مۇھەببىتىدىن كەلگەن ۋە ئۇنى تېخىمۇ تاۋلىغان. ئۇ مۇھەببەت، ئەركىنلىك، ئىنسانىي پەزىلەت ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغان قەيسەر، باتۇر كىشىلەرنىڭ ئوبرازىدۇر.

4) «سەبئەئى سەييارە»

«سەبئەئى سەييارە» ناملىق بۇ داستان جەمئىي 38 باب، 5009 بېيىت بولۇپ، شائىر ئۇنى «زەۋقناك ھەڭگامە» (قىزىقارلىق ھېكايە) دەپمۇ ئاتىغان.

داستاندا ئىران شاھى بەھرامنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قىممەت باھا ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بەدىلىگە چىن مەملىكىتىنىڭ سودىگىرىدىن چىرايلىق، كېلىشكەن، ئۇسسۇل، ناخشىغا ماھىر، سازچى دىلئارام ئىسىملىك بىر قىزنى چىن ئېلىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە تەڭ ئاقچىغا سېتىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىشق ـ ھەۋەسىنى قاندۇرىدۇ. شېرىن ئايلار داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار ئوۋغا چىقىدۇ. بەھرام دىلئارامدىن ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكىگە تەھسىن ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما دىلئارام قىزلارغا خاس كەم سۆزلۈكى بىلەن، ئۇنىڭ تەلىپىگە جور بولمايدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۆزىنىڭ ئەركىن چاغلىرىدا گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرى پۆت ـ قولىنى باغلايدىغان سىرتماققا ئايلىنىدۇ ـ دە، چۆلگە تاشلىۋېتىلىدۇ. بەھرام ئەمەن يالغۇزلىغاندەك ئوردىغا قايتىپ، كەيپچىلىكتە تاڭنى ئاتقۇزۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن مەھبۇبىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بارىدۇ. دىلئارامنىڭ ھېچيەردە دېرىكىنى ئالالمىغان شاھ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. تېۋىپلەرنىڭ داۋالىشى ئۇز تولا ئۇنۇم بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن «تاماشا سەۋدانى يوقىتىدۇ» دېگەن مەسلىھەتلەر بىلەن ئەينى چاغ ئاسترونومىيىسىدە بايقالغان يەتتە ئاقراق (يەتتە سەييارە) قا تەققاس قىلىنىپ، يەتتە قەسىر ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە ئىقلىم (مەملىكەت) دىن كەلتۈرۈلگەن يەتتە سەتەڭ شاھنىڭ بىر كۈندىن بىر ھەپتىلىك كۆڭلىنى ئېچىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سالپىيىپ، مۇگە باسقاندا يەتتە ئىقلىمنىڭ يەتتە جاھانكەشتە قىزىق ھېكايىچىسى يەتتە خىل رەڭدىكى يەتتە قەسىردە بىر كۈندىن، ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگىچە نۆۋەت بىلەن ھېكايە سۆزلەيدۇ. ئالتە كېچە كۈندۈزدىكى بەزمە ۋە قىزىقارلىق ھېكايە بەھرامنىڭ جۇدالىق دەرىگە ھەقىقى مەنىدە ئاراملىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى خارەزىملىك جاھانكەشتە ئېيتقان ھېكايە ئۈمىد شامى يىلدىرلاپ قالغان شاھقا دەرمان بېغىشلايدۇ. ئۇ ھېكايىدىن دىلئارام ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، خارەزىمگە ماڭدۇرۇپ، ئامراق خانىشىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، كەيپ ـ ساپا تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلايدۇ. بىراق، بىر كۈنى بەھرام شاھ، خانىشنى، ساراي ئەھلىنى ئېلىپ ئوۋغا چىققاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ھەممە يەر سەل ئاستىدا قالىدۇ، بەھرام شاھ ۋە باشقىلار ئون تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يېرىلغان يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. بەھرام داستاندىكى ئاساسىي ئوبراز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇقتىلىق مۇھاكىمىگە قويۇلۇشنى تەقەززا قىلىدىغان ئوبراز.

بەھرام داستاندا ئىراننىڭ مەلۇم سۇلالىسىدە ئۆتكەن پادىشاسى بولۇپ، مەيدانغا چىقىدۇ. بەھرام شاھ ھاكىمىيەت سۈرىغان مەزگىللەردە، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادالەت ۋە مەرىپەتنى ياقلاپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، ئەتراپىغا بىلىملىك

كىشىلەرنى توپلاپ، ئىلىم - مەرىپەتنى روناق تاپتۇرۇپ دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سورايدۇ. كېيىنچە ئۇ چىن سودىگەرلىرىنىڭ ئاسراندا قىزى دىلئارامنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ.

شۇندىن باشلاپ بەھرام ئىشق - مۇھەببەت ۋە شەھۋانى تۇرمۇشنىڭ قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ دۆلەت ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ. خالىغانچە ئىش تۇتۇپ ئىشقى - مۇھەببەت تۇرمۇشىغا ئۆزىنى ئېتىپ روھى جەھەتتىن زەئىپلىشىدۇ. يامان نىيەتلىك ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ ئىلىم مەرىپەتتىن قول ئۈزىدۇ.

دىلئارام ھۆسنى جامالدا تەڭدىشى يوق. ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن بىر قىز بولۇپ، بەھرامنىڭ ئوردا ھەمراھخانىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئايال زاتى بەھرامنى دىلئارامدەك ئۆزىگە مەھلىيا ۋە مەپتۇن قىلالمايدۇ. ئاقىۋەتتە كەيپى ساپا تۇرمۇش بۆلارنى چىرىتىدۇ.

بەھرام دۆلەت ئىشىدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ ئاشىقلارچە ياشايدۇ. دۆلەت ھوقۇقى قارا نىيەت ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىدۇ، بەھرامنىڭ سەلتەنەتلىك شاھلىق ئورنى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

قالايمىقان كەيپ - ساپا تۇرمۇش بەھرامنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىدۇ. ئاخىرىدا دىلئارامنىڭ ئوردىدىن ئايرىلىشى بىلەن سەرسان - سەرگەردانلىق تۇرمۇشى باشلىنىدۇ. ھەسرەت ۋە ھەسەت ئوتىدا پۇچىلانغان بەھرام ئاشىقلىق شارابىنى ئىچىپ سەۋدايىلارچە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە دىئارامنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئۆزىنى يوقىتىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ۋە شاھلىق تەختىنى ئىشق - مۇھەببەت ۋە بۇزۇقچىلىق تۇرمۇشنىڭ قۇربانى قىلىپ ئاخىرەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

داستان پۈتۈنلەي بەھرام شاھنىڭ دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇشتىن تارتىپ كەيپ ساپا تۇرمۇشنىڭ چىرىتىش ۋە ئاخىرىدا ھالاك بولۇشىغىچە بولغان جەريانىنى تەسۋىرلەپ تۈيۈق يولغا ماڭغان كىشىنىڭ ئاخىرىدا بەھرامدەك پاجىئەگە يولىقىدىغاندەك ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

نەۋائى بۇ داستاننى XV ئەسىردىكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسى قىلغان.

تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى شاھلىرىدىن بولغان ھۆسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يۇقىرى قاتلام فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكى ۋە بۇزۇقچىلىقى قاپلىغان تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئىپادىلىدى. ئۇ بۇنى تېخىمۇ يورۇتۇش ئۈچۈن «خەمسە»دىن ئىبارەت ئېپىك ئەسەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىسىنى مۇشۇ ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈپ بەھرامدەك تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق ھۆسەيىن بايقارانى مەنىۋى جەھەتتىن ئىبرەتنامە دەرسلىكىگە ئىگە قىلىپ، قىڭغىر يولدىن قايتۇرۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلدى.

ھۆسەيىن بايقارا ئەسلىدە نەۋائى بىلەن كىچىكىدە بىرگە تەڭ چوڭ بولغان ۋە بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىللەردە نەۋائىنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىدى. دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئىلىم - مەرىپەتنى قوللىغان، دۆلەتنى روناقلىق يولىغا باشلىغانىدى. بۇ پەقەت نەۋائىدەك بىلىملىك زاتلارنىڭ ياردىمى ۋە يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بولغانىدى. ئەپسۇسكى ئۇنداق كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئوردىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار نەۋائىدەك بىر مەرىپەت ئىگىسىنى ھەر خىل بەتنام، پىتنە - پاساتلار بىلەن ھۆسەيىن بايقاراغا چاقتى.

ئەيشى ئىشرەت يولىغا ماڭغان ھۆسەيىن بايقارا قارا نىيەت ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراۋاتقان دوستى نەۋائىغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ ئوردىدىن چەتلەشتۈردى. شۇندىن كېيىن ھۆسەيىن بايقارانىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلاشتى. دۆلەت ھاكىمىيىتى بوشاپ ھەقىقەت ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەت چەككەن نەۋائى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئەسەرلىرىدە چاقنىتىپ ئۇلۇغ رېئالىستىك ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەينى رېئاللىقنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان «خەمسە» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەسەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى شاھ توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزىنىڭ ئادالەت ۋە مەرىپەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان داستانلارنى يېزىپ زامانغا سىگنال قىلدى. زاۋاللىق يۈز تۇتقان ھۆسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىقىنى بەھرام ۋە دىلئارام پاجىئەسىگە باغلاپ بەھرامنىڭ ئىشق - مۇھەببەت يولىدىكى بۇزۇقچىلىقى بىلەن ھۆسەيىن بايقارانىڭ كەيپ - ساپا تۇرمۇشىنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ ئۇنى ئۆز قىلمىشىدىن يېنىشقا ۋە دۆلەت ئىشىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. دېمەك، داستاندىكى بەھرام ئادالەتتىن، مەرىپەت ۋە ساغلام ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خان-پادىشاھلارنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇپ، ئاپتور ئۇنى خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرى ئاساسىدا يەتتە ھېكايىگە باغلاپ، زامانىنىڭ ۋە دەۋرىنىڭ روھى بىلەن بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، بەھرام ئوبرازى ئارقىلىق ئادالەتسىزلىكنى قارىلاپ، ھەقىقەتنى ياقلاش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

5) «سەددى ئىسكەندەر»

«خەمسە» نىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ داستان جەمئىي 89 باب، 7182 بېيىت بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن داستان. شائىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا «خەمسە» دىكى ئالدىنقى تۆت داستاننى تولۇقلاش مەقسىتىدە يارىتىلغان. شائىر مۇشۇ داستاننى يارىتقان ۋە «خەمسە» نى تاماملىغان ئىشنى دىنىي نۇقتىدىن مۇنداقلا ئىزاھلاپ قويغان، يەنى «خەمسە» نى بەش ۋاخ نامازغا تەققاس قىلىپ يازغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۇنداق ئاددىي مەسىلە ئەمەس.

داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە جاسارەتلىك شاھزادە ئىسكەندەر شاھلىق تەختىگە چىقىپ، ئەل - يۇرتتا ئادالەت ئورنىتىدۇ. ئىران شاھىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئولپان ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى شاھ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. ئىران شاھى يېڭىلىدۇ. ئىسكەندەر شۇنىڭدىن كېيىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كەشمىر، ھىندىستانلارنى پەتھ قىلىدۇ. چىن مەملىكىتىگە كەلگەندە، چىن خاقانىنىڭ ۋەزىنلىك نەسىھەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ، سۈلھىلىشىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئۆز ئېلىگە قايتماق بولۇپ يولدا كوھىستان دېيىلىدىغان بىر ئەلگە دوقۇرۇپ قالىدۇ. بۇ تاغلىق ئەل دائىم تاغ ئارىسىدىكى بىر ياۋايى قەبىلىنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچراپ تۇرار ئىكەن، بۇلارنى كۆرگەن ئىسكەندەر تاغ ئارىسىدىكى دۈشمەننىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بىر مۇداپىئە سېپىلى ياسايدۇ. مەزكۇر داستاننىڭ نامى مۇشۇ سېپىلنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان.

ئىسكەندەر يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئاساسەن ئىلىم مۇتالىئە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئىككى قولى جىنازا ساندۇقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغانىكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتى ئىكەن. ئۇنىڭ مەنىسى — ئىسكەندەر جاھاندا ئەڭ كۈچ-

لۇك شاھ، لېكىن ئۇمۇ بۇ ئالەمدىن قۇرۇق قول قايتتى، دېمەك ئىكەن.

نەۋائىينىڭ قارىشىچە، ئىسكەندەر تىنچلىق سۆيەر ۋە ئادالەتلىك شاھ، «ئىسكەندەر سېپىلى» ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى. داستاندىكى باش قەھرىمان ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلدىن 323 ـ يىلغىچە پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان شەخسنى پىروتوتىپ قىلغان. ئىسكەندەر[1]گە دائىر رىۋايەتلەر دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقالغان. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىن ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللىرى، جەڭگى ـ جېدەللىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى تارىخىي داستان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «سەددى ئىسكەندەر» نوقۇل ھالدا تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ شائىرنىڭ گۈزەل، باياشات، غايىۋى جەمئىيەت ۋە ھەققانىي، ئادىل، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك پادىشاھ ھەققىدىكى ئۈتۈپىك تەسەۋۋۇرلىرى، دۆلەت، پادىشاھ، پۇقرالاردىن كۈتىدىغان تىلەك ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى گەۋدىلىك ھالدا سۈرەتلەنگەن بىر بەدىئىي ئەسەردۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي تەسۋىرىدىكى ئىسكەندەر تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ئىسكەندەر ئوبرازىغا ئەمەس، بەلكى غايىۋى جەمئىيەتتە بولۇشى لازىم بولغان ئىسكەندەر ئوبرازىغا بېغىشلانغاندى. نەۋائىي «خەمسە» ئۇستازلىرىدىن پەرقلىق ھالدا تارىخىي شەخس ئىسكەندەرنى بەدىئىي ۋاسىتىلار بىلەن غايىۋىلەشتۈرمىگەن ۋە ياكى ئۇنى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىلاھلاشتۇرمىغان، بەلكى غايىۋى پەيلاسوپ، دۆلەت باشلىقىنى ئىسكەندەر نامى بىلەن سىزىپ چىقتى. شائىر مەزكۇر داستاندا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي غايىلىرىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گۇمانىستىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇنداق قىياپەتتىكى ئىسكەندەر كىچىكىدىن شاھلىق سەلتەنەتى ۋە مال ـ دۆلەت شۆھرىتىگە ئەمەس، بەلكى بىلىم ۋە ھەقىقەتكە قىزىقىدۇ. ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ دادىسى ناقوماجىس قولىدا تەربىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى فەيلاقۇس ۋاپات بولغاندا، تەختكە چىقىشقا قىزىقمايدۇ. ئاخىرى، زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۈپەيلى ئىختىيارسىز شاھلىق تەختىگە چىقىدۇ. ئۇ، ئەلدە ئاسايىشلىق ۋە زور كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. زالىم ئەمەلدارلارنى جازالايدۇ. ئەمەلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. باج ـ سېلىق، باھا ۋە مىزاننى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىككە خاتىمە بېرىدۇ. ئۇ ئادالەت سىمۋولى ۋە نىجادچى سۈپىتىدە مۇستەبىت داراغا قارشى جەڭلەرگە يۈرۈش قىلغاندىمۇ مۇنداق ئادالەت ۋە ئاسايىشلىقنى پۈتۈن يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ دارانىڭ جاھانگىرلىك، مۇستەبىتلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە زىت ھالدا باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەرگە ھۆرلۈك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىن خاقانى بىلەن بولغان دوستانە ۋە ئىتتىپاقلىق سۈلھىسى بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ناۋائىي ئىسكەندەر تېماتىكىسى ئارقىلىق ئەينى زامانىنىڭ دۇنياۋى ۋە مەھەللى رېئال ئىجتىمائىي ھاياتىغا نىسبەتەن ئۆتكۈر تەنقىد ۋە ئىنقىلابىي

① مەنبەلەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، ئالېكساندىر ماكېدونىسكى دەپمۇ ئۇچرايدۇ.

ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن تىزىلغان مىسرالار تارىختا كۆرۈلمىگەن ۋە ئەينى زامان شارائىتىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىشنىڭ غايىۋى تەسۋىرىدىن ئىبارەت. ئۇ نوقۇل تۆمۈرىلەر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر، مەركەزلەشكەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش بىلەن چەكلەنمىگەن①.

3. قىسقىچە تۈگەللىمە

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ھالال مېھنەت ۋە ئىجادىيىتى بەزىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيىتى، بەزىدە ماددىي سەرپىياتى ئارقىلىق — بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يەنە بۇ ئۇلۇغ شائىر ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش ئىستىكىنى ئىزھار قىلدى. ئەمما ئۇ تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ زور ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، بىلىم دائىرىسى كەڭ، غايىۋى ئاڭغا باي مۇتەپەككۇر بولغانلىقى بىلەن، ئىلغار پىكىرلىرى كۆپ، تەشەببۇسلىرى خىلمۇخىل، ئويلىغان پىلانلىرى ئەمەلىي ئىدى. لېكىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرىقىدەك ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ھىراتتىن يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىناتتى. ئۇردا ئىچىدە تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچراپ، بۈيۈك غايىلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالمىدى.

لېكىن، يۈكسەك بەدىئىي تالانتقا ئىگە بۇ زات ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلىرىنى، غايىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى بىر ئۇلۇغ شائىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە، تالانت ۋە خاسىيەتلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم - پەن، ئىنسان ھۆرلۈكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەختى، ئىنسان ئەخلاقى مەسىلىلىرىنى، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى بىر ئۆمۈر لىرىك شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان، كۆپ ئىشلارغا قاتناشقان، كۆپ ئىلىم ئالغان شائىر ئەينى دەۋردىكى زور سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ئۆزىنىڭ مەزمۇنغا باي خىياللىرىنى، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى شېئىرىيەتنىڭ لىرىك ژانىرى ئارقىلىق تولۇق، ئىنچىكە ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە خانلىق ئالمىشىش كۆپ بولغان. ھەر قېتىملىق ئالمىشىش ۋاقتىدا زور جەڭگى - جېدەل، قان تۆكۈشلەر دائىم بولۇپ تۇرغان. ئادەملەر ئارىسىدا قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرغان. ئىلىم ئەھلىلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتكە قېقىلىپ تۇرغانلىقىدەك زور مەسىلىلەر سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەۋردە فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، خۇراپىي، كونا ئادەتلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەر تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيۋاتقان، پىتنە - پاسات رەزىللىك كۆپىيىپ، جەمئىيەتتە ئىناقسىزلىق زور دەرىجىدە يامراپ كەتكەن.

---

① ئا. م ئىمىن «ئەلىشىر نەۋائى ۋە «سەددى ئىسكەندەر»»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 - يىلى 4 - سان.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ زور مەسىلىلەرنى پەقەت ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئادىل قانۇن بىلەن، ئادىل پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستانچىلىق ژانىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدى. ئۇ داستانچىلىقتا بىر داستان يېزىش بىلەنلا بۇ زور مەسىلىلەرنى ۋە غايىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە»گە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ زور غەيرەت ۋە ئىرادە بىلەن شائىرلىق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ ئۆزى توپلىغان باي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بەش يىرىك داستاننى ئۇتتۇقلۇق يېزىپ چىقىپ، زامانىسىدىكى دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىردە شائىرلار يۈرەكلىك يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يىرىك داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى بارلىققا كەلتۈردى.①

شائىرنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئىي سەييارە» دېگەن بۇ ئۈچ داستانى ئومۇمىيلىق جەھەتتە نوقۇل مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغاندەك بىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم، كۆزەتكەندە ئۇلاردا ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشىمىغان يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ۋەقەلىك راۋاجى ۋە داستان يېشىملىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە. «خەمسە نەۋائى»دىكى مەسنەۋىلەر جەمئىي 51 مىڭ 116 مىسرا، نەسرى جۈملە 1974 مىسرا بولۇپ،② ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى بەش داستان ئۆتمۈش ئەدىبلىرى، ئادالەت ۋە تىنچلىققا تەلپۈنگەن ئەمگەكچىلەر ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى قانچىلىك ئۆزىگە تارتقان بولسا، ھازىرقى دەۋر ئەدىبلىرى ئۈچۈن ھەم بەدىئىي دىت ۋە تەسەۋۋۇرنى تاۋلاشقا ياردىمى چوڭ بولغان ئىجادىيەت ئۆرنىكى، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرمۇ نۇرغۇن مەنىۋى زوق ئالالايدۇ. بۇ يەردە كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدى مۇئامىلىدە بولۇش پرىنسىپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## 5 ـ نەۋائىنىڭ بەزى ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى

ئەلىشىر نەۋائى كۆپ ھوسۇللۇق مۇتەپەككۇر ئەدىب، ئۇ تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئەخلاق، دىن، تەزكىرە قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرگەن. تۆۋەندە مۇئەللىپنىڭ ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرى ئىپادىلەنگەن تۆت پارچە ئەسىرى بىلەن توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. «مەجالىسۇننەفائىس»

«مەجالىسۇننەفائىس» 1490 ـ 1491 ـ يىللىرى يېزىلغان. 1497 ـ 1498 ـ يىللىرى قايتا تولۇقلانغان. نەۋائىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن مەقسىتى خەلقىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋلادلارغا ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىدىن يادىكار قالدۇرۇش، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەسەردە، شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ۋە زاماندىش ئۆتكەن 458 مۇسەننىف (ئاپتور)③لەرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى، يۇرتى، ئەدەبىي تەخەللۇسى،

---

① ئە. ئابدۇللا «‹خەمسە›، ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەمسەنى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر» «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان، 62 ـ بەت.

② بۇ سان يېڭى نەشرى بويىچە ئېلىنىدى.

③ ئەسەرنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىدىكى تونۇشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە پەرق بار. شۇڭا بەزى مەنبەلەردە 343، 345، 349، 355 دېيىلگەن.

ماھارىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارنىڭ نەسەبى، قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى، شۇ دەۋردە تۇتقان ئورنى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، قەيەردە، نىمە سەۋەب بىلەن ۋاپات بولغانلىقى، قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىغىچە بولغان جەريانلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە پەقەت يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالىلا تونۇشتۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەر (ئاز دېگەندە ئىككى مىسرادىن بىرقانچە ئون مىسراغىچە) بېرىلگەن ۋە ھەربىر سەنئەتكارغا ئاپتور (نەۋائى) نىڭ باھاسىمۇ بېرىلگەن. شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنە ئورنىدا كىرگۈزۈلگەن بۇ شېئىرلار رۇبائىي، بېيىت، قىتئە، مۇئەمما، تۇيۇق، مۇتەللەئە تارىخ، مەتلەئە قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەرگە ئىگە. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە شائىرلار ساقىغا مۇراجىئەت قىلىش ياكى مەي تولدۇرۇلغان ساغەر (جام) نى قولىغا ئالغان لىرىك قەھرىماننىڭ ياڭراق ئاۋازى، لىرىك ھېسسىياتى ئارقىلىق غايىۋى گۈزەل جانان (تىنچ، ئاسايىش، بەختلىك كۈن، ۋىسالى) غا بولغان چىن مۇھەببىتى، ئۇنىڭ (يارنىڭ) ۋەسلىگە يېتىش ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىستىئارە، گۈزەل مەجازى ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى جانلىق، يارقىن، ئىخچام ئەكس ئەتتۈرگەن. «مەجالىسۇننەفائىس» تا تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلاردىن 35تىن ئارتۇق كىشى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلاردىن ئىبارەت. نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى ئەينى چاغدىكى مەدەنىي ھاياتنى ئۆگىنىشتە رولى چوڭ. كېيىنكى ئەۋلادلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە پەقەت مۇشۇ ئەسەرگىلا تايىنىشقا توغرا كەلگەن. تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەردە تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان[1] «مەجالىسۇننەفائىس» ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئۇزاق ئەسىرلەر ساقلايدۇ.

2. «لىسانۇتتەير»

«لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) 1498 ـ 1499ـ يىللىرى يېزىلغان. نەۋائى ئۆز پىكرىنى ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىر، شەكىللىرىدە ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ چېۋەر بەدىئىي ماھارەتنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«لىسانۇتتەير»[2] دىن ئىبارەت بۇ داستاننىڭ پېرسوناژلىرى قۇشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەردە نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داستاندا بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۇد ھۇد (ھۆپۈپ) نىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇزۇن ۋە قىيىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ «كۆھەقاپ» تا تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ پادىشاھى سىمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغانلىقىدەك ۋەقە سۆزلىنىدۇ. شائىر مېستىپتىك تەركىيدۇنياچىلىق تەرغىباتىدىكى ئەسەرلەر مۇئەللىپى پەرىدىدىن ئەتتارى (1145 ـ 1229) نىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە خېلىلا بەك ئۇچرىغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە دەسلەپ شائىر كىشىلەردىن چەتنەپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويغان. كېيىنچە باشقا ئىجابىي ۋاستىلەر تۈپەيلىدىن، بۇ سەلبىي تەسىردىن يىراقلاشقان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇسمۇرلۇك چېغىدىكى مۇشۇ تەسىر تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ، «لىسانۇتتەير» داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ، (ئەمما مەزمۇنى پەرقلە-

---

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى ئەسەرنىڭ شىنجاڭدىكى قول يازمىلىرى ئاساسىدا ئا. ئىسلامى، ئا. قۇربانلار نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسىنى 1400 تىراژدا نەشر قىلىپ تارقاتتى.

② بۇ ئەسەر بەزى مەنبەلەردە «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) دەپ ئېلىنىدۇ.

نىدۇ). مەلۇمكى، نەۋائىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە كىشىلەردە تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيىۋى ئېقىم كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدى. سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە، ئىنسان «ئىلاھ»تىن باشقىغا ئىشق ـ مۇھەببەت باغلىمايدۇ. ئۇلارچە ئىنسان بەختسائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆزىنى ياراتقان، «تەجەللى» قىلغان «ئاللا»نىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش كېرەك، بۇنىڭ بىردىن بىر يولى بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، زاھىد ـ تەركىيدۇنيالىق يولىنى تۇتۇپ، ھالال بولۇپ، روھىي جەھەتتىن، ئىنسان ئۆزىنى ياراتقان— ئەسلى زات «ئاللا» بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشتۇر. نەۋائى «لىسانۇتتەير»دە ئاللا، پەيغەمبەر، چاھارىيارلارغا ھەمدۇ ـ سانا (مەدھىيە) ئوقۇسىمۇ، شۇنداقلا، ئەسىرنى ئۇستازىنى سېغىنىپ يېزىش بىلەن بىرگە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان پەرىدىدىن ئەتتارى ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا مەدھىيە ئوقۇسىمۇ، ئەمما داستان سيۇژىتىدىكى بەزى ۋەقەھەم «ھېكايەت»لىرىدە قاتمال ۋە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىن جەتنەپ كېتىدۇ. شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن «لىسانۇتتەير»دە «تەڭرى— تەبىئەت — ئىنسان» مەسىلىسىگە ياندىشقان ھالدا «تەڭرى— دىنىي كەسىپدارلار (مەسىلەن سوپىلار) — ئىنسان» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. نەۋائى «لىسانۇتتەير» داستانىدا ھەجازى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپتىكى پېرسوناژلارنى «تەڭرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت»كە ۋەكىل قىلىپ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىكرىگە زىت بولغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەۋائى: تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن جەۋھەر شۇ سەۋەبلىك (قاتمال ۋە بۇرمىلانغان) تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىيدۇنياچىلىق ئازابىنى چېكىپ تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ تەركىيدۇنياچىلىقنىڭ يەتتە باسقۇچىنى بېسىپ، تەڭرى بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان تەسەۋۋۇپچىلارنى، جۈملىدىن پەرىدىدىن ئەتتارنى «ھۇدھۇد» ئوبرازى ئارقىلىق تەنقىدلەيدۇ. «قۇشلار»نىڭ ھاياتلىرىدىن ۋاز كېچىپ «سۇمۇرغ»نى ئىزدەش يولىدا نابۇت بولۇشۇپ، ئاز قالغاندىن كېيىن «ھۇد ـ ھۇد»قا بىلدۈرگەن نارازىلىقىنى قوللايدۇ. «قۇشلار»نى ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلىشكە، ھاياتنى سۆيۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.[1] ئومۇمەن، بۇ داستان نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ[2].

3. «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين»

«مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين» 1499 ـ يىلى يېزىلغان. نەۋائى تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ۋە ئەدەبىياتىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ «مىزانۇل ئەۋزان»، «ئارۇز تۈركى» (تۈركىي شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى) دېگەن ئەسەرلىرى شېئىرىيەت ئىلمىگە قارىتىل-

---

① ئا. م. ئىمىن «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان، 55 ـ بەتلەر.

② بۇ داستان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 2 ـ، ئومۇمىي 9 ـ، 11 ـ، 13 ـ سانلىرىدا ۋە 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن ئېلان قىلىنىشتا، م. باھاۋۇدۇن ئۇنىڭ ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىكى قول يازما نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان.

غان. «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين» ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل بەدىئىي ئەسەر ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان. نەۋائىي دەۋرىدە، تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى[①]. بۇ ئەھۋال ھىراتتا بىرقەدەر ئېغىر ئىدى. ئۇ يەردىكى شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارس تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى. شېئىرنى پەقەت شۇ تىل بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ، دەپ بىلەتتى، ئۆز ئانا تىلىنى بولسا، شېئىر يازغىلى بولمايدىغان تىل دەپ ياراتمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان، ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازىمەن دېسىمۇ يازالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە چوڭقۇر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىپ چىقىدۇ. بۇ تىلدا ئۇقۇمنى دەل، ئېنىق ئىپادىلەيدىغان، ئىنچىكە، نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مولluقىنى، تۇيۇق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ؛ ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلى مۇشۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، تۈركىي تىللىق شائىرلار، بولۇپمۇ ياش شائىرلار، ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى زور ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.[②]

رۇس شەرقشۇناسلاردىن ئا. ك. بورۇۋكوۋ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان. «‹مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين› شۇنداق كىتابكى، توپ ماھىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا بارمايدۇ. بۇ كىتابقا يەنە باشقا پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆزى ھايات چاغدىلا ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىي ھەققانىي ھالدا شۇنداق بىر شان ـ شەرەپكە سازاۋەر بولدىكى، ئۇزاق ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرويى راسا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ ‹لىسانۇتتەير› ناملىق داستانىدا ئېيتقىنىدەك، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى بولغانلىقى بىلەن ئېپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر»

---

① ئۆز ۋاقتىدا پارسگۇيلەر (پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى ئەۋزەل بىلگۈچىلەر) پارس تىلىنى شېكەرگە ئوخشىتىپ، «پارس شەكەرست» (پارس تىلى شەكەردەك) دېگەن؛ يەنە بۇ دەۋردە ئەرەب تىلىنىڭ ھىرات قاتارلىق جايلارغا بولغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ تىلغا ئەقىدە باغلىغۇچىلار ئەرەب تىلىنى «ئەرەبى ھەسەلىست» (ئەرەب تىلى ھەسەلدەك) دەپ ماختاشقان. نەۋائىي بولسا، ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنى ماختاپ «تۈركىي ھۇنەرست» (تۈركىي تىلى ھۇنەر ـ سەنئەت تىلى) دەيدۇ.

② بۇ ئەسەر غ. تۇمۇر، ئا. پولاتلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

### 4. «مەھبۇبۇل قۇلۇب»

«مەھبۇبۇل قۇلۇب»[1] (1500 - يىلى) ئەلىشىر نەۋائى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا ياشلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان پۈتكۈل ئۆمرىدىكى كەچۈرمىشلىرى، تەجرىبە ۋە بىلىمىنى ئىخچام يەكۈنلەپ، بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەر ئۇسلۇبىدا بايان قىلغان.

بۇ ئەسەر شائىرنىڭ مۇرەككەپ جەريانلاردا پىشىپ يېتىلگەن پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنىڭ، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ، پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ جەۋھىرى.

بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى قىرىق پەسىلدىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسىمدا ئادالەتپەرۋەرلىك نۇقتىلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. پادىشاھ، ۋەزىر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، قازى - قۇززات، مۇپتى - ئەلەملەرنىڭ ھەر تۈرلۈك رەزىل قىلمىشلىرى، پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆز، ماختانچاقلىقى قاتتىق پاش قىلىنىپ ئۇلارنى ئادالەتكە ياخشىلىققا، ئىنساپلىق بولۇشقا چاقىرغان.

شائىر ئادىل پادىشاھ ھەققىدە توختىلىپ:

> ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ.
> مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن، گۆھەرلەرنى چاچىدۇ......
> ئادىل پادىشاھ گويا مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت،
> مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى يورۇتىدىغان قۇياشتۇر نۇرلۇق ......

دەپ يېزىپ پادىشاھنى يامغۇرغا، ئۇنىڭ ئادىللىقىنى قۇياشقا ئوخشىتىش ئارقىلىق، ئادىل پادىشاھنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قوي بىلەن بۆرە دوست بولۇپ ياشايدىغان پاراۋان، شاد - خۇرام تۇرمۇشنى جانلىق سۈرەتلەپ، پادىشاھلارنى ئادىل، خەلقپەرۋەر، ئەل - يۇرت سۆيەر بولۇشقا ئۈندىگەن. ئادىل پادىشاھ ئەينەككە ئوخشاش، زالىم، نادان ھەم پاسىق پادىشاھ بولسا ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. ئادىل پادىشاھ يورۇق تاڭ بولسا، زالىم، نادان ھەم پاسىق پادىشاھ قاراڭغۇ كېچىدۇر، دېيىش ئارقىلىق زالىم، كەيپ - ساپاغا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن، خەلقنىڭ ھالى، ئەل - يۇرت بىلەن كارى بولمايدىغان ئەخمەق، دۆت پادىشاھلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. دىيانەتسىز پارىخور ئەمەلدارلارنى بۇزۇق كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلىكى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان ھورۇن، بىغەملىكىنى قاتتىق سۆكۈپ ئۇلارنى بىلىم ئېلىشقا ياخشىلىققا، ئادالەتكە، خەلقپەرۋەر بولۇشقا چاقىرغان. «ھەممە ئىشنى موللام بىلىدۇ، موللام قوپۇپ كۆلگە سىيىدۇ» دېگەن خەلق ماقالىسىدىكى سەللىنى بولۇشغا يۆگەپ ئاۋام خەلقنى ئالداپ، ئۆزى بىلگەنچە پەتۋا تېپىپ، خەلقنى نادانلىققا، خۇراپاتلىققا باشلايدىغان، ئۆز بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان، نەپسانىيەتچى، ئاچ كۆز، ئىمام، مەزىن، موللىلارنى پاش

① بۇ ئەسەر ئا. توختىنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى نەشر قىلىندى.

قىلىپ، ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق ئىنسانپقا، ياخشىلىققا، ھەقىقىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشقا دەۋەت قىلغان.

شائىر يەنە بۇ قىسمىدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرى، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە سادىق بولۇشنى، خەلقنىڭ، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يېيىشنى، ئۇلار ئىگىلەشكە تېگىشلىك زۆرۈر ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى كۆرسىتىپ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، بىكار تەلەپلىك، ھۇرۇنلۇق، لۈكچەكلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىر ئوقۇتقۇچىلارنى:

بەزى ئوقۇتقۇچىلار باركى ئۇلار تۇسۇن، كىچىك باللار كۆڭلىنى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىدۇ. باللارنىڭ يامان ئادەت - قىلىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشتە قوپال كۆرۈنسىمۇ باللارنى تەربىيىلەشتە ئېرىگەن قوغۇشۇندەك يۇمشاق، مۇلايىم. مۇنداق ئوقۇتقۇچىلار قىلغان ئىشنى ھېچكىم قاملاشتۇرالمايدۇ، ھەتتا ئادەم ئەمەس دېۋىلەرمۇ قىلالمايدۇ دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى — ئىنسان دىلىنى يورۇتقۇچى، نادانلىق ئالىمىگە مەرىپەت نۇرۇقىنى چاچقۇچى دېگەن ھەقىقەتنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەڭداشسىز رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

شائىر ھالال ئىشلەپ، ھالال كۈن ئۆتكۈزىدىغان، سەممىي، پاك، ئىشچان، باتۇر دېھقانلارنى دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، خەلققە قۇۋۋەت دورىسى بەرگۈچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى، ئەمگەكچان، ھالال نىيەت - پاك دىيانەتلىكىنى قىزغىن ئۇلۇغلايدۇ. بىر دۆلەتتە دېھقان دۆلەتنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا شەرھلەپ ئۆتىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى «ياخشى ئەخلاق، ناچار ئادەت» توغرىسىدىكى ئون بابدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قىسمىدا يامان يولدا ماڭغانلارنىڭ يامانلىقتىن يىرگىنىپ، ياخشى يۇرسە ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقى، ساداقەت، ئادىللىق، راستلىق، سەۋر، كەمتەرلىك، قانائەت، پاك ئىشق - مۇھەببەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدۇ، يەنى سەۋر - تاقەت، شۈكرى - قانائەت، كەمتەرلىك قاتارلىق پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شائىر قانائەت توغرىسىدا:

قانائەت بىر بۇلاقتۇركى سۈيىنى ئېلىش بىلەن قۇرۇمايدۇ. خەزىنىدۇركى ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆكسۈپ قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېكىنزارلىققا چاچقان ئۇرۇق، ئىززەت - ئابرۇي كەلتۈرىدۇ. ئۇ بىر دەرەخكى شېخى ئىستىغنا ۋە ھۆرمەت مېۋىسىنى كەلتۈرىدۇ......

دەپ يېزىپ قانائەتنى بۇلاققا، تۈگىمەس خەزىنىگە، مۇنبەت ئېكىنزارلىققا، مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشىتىش ئارقىلىق قانائەتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئەھمىيىتىنى بايان قىلسا:

قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلىسەن، ئۇ بىر تاغدۇركى ئۇنىڭغا چىقساڭ دوست - دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن، قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك، ئاجىزلىقتەك سېزىلسىمۇ نەتىجىسى كۈچلۈك بولىدۇ، دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تۇرمۇشتا قانائەتچان بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچە-

لىك، پارىخورلۇق، تەمەخورلۇق قاتارلىق ناچار ئادەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغان. قانائەتچان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شاد - خۇرام، خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقى، قانائەتچان بولغاندىلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شائىر سەۋر باياندا سەۋرنى شادلىقنىڭ ئاچقۇچى، سىرداش دوستقا، ياخشى چۆپچەكتە، ئۈمىدكە، ئاتقا، قاتتىق سۆزلۈك نەسىھەتچىگە، ئۇستا تېۋىپقا...... ئوخشىتىش ئارقىلىق پەقەت سەۋر - تاقەت بولغاندىلا ئارزۇ - ئارمانغا يېتىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، شاد - خۇرام ياشاپ كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن خەلق ماقالىسىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە پەقەت سەۋر قىلغاندىلا ھەرقانداق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى تونۇتقان.

كەمتەرلىك باياندا بولسا كەمتەر كىشىلەرنىڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا، ياخشى كۆرۈشىگە، ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئەنە شۇنداق كىشىلەر بار يەردە دوستلۇق ۋە ئىناقلىق گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدىغانلىقى، كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ئابرويى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەرقانداق مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە كىشىلەرنى تەكەببۇرلۇق، بىھۆرمەتلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن قېچىپ كەمتەر بولۇشقا چاقىرغان.

بۇ قىسىمدا شائىر يەنە ئىشق ئۈستىدە توختىلىپ:

ئىشق - ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق ئەختەردۇر. ئىنسانىيەت تاج - تەختىنى زىننەتلەيدىغان گۆھەردۇر. ئۇ بىر قۇياشتۇركى، غەمكىن كۆڭۈللەر باياۋانى بولىدۇ، ئۇ بىر گۈلشەن، ئۇ پارقىراپ تۇرغان تولۇنئايدۇركى ئۇنىڭ بىلەن زۇلمەت كېچىلىرى بولىدۇ روشەن، ئۇ بىر كەڭ دېڭىزدۇركى كۈرمىڭ ئەقىل - ھوش كېمىلىرى ئۇنىڭغا چۆككەن...... دەپ يېزىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتنى، چىن سۆيگۈنى نۇرلۇق يۇلتۇزغا، گۆھەرگە، قۇياشقا، تولۇنئايغا، كەڭ دېڭىزغا ئوخشىتىپ ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆز سۆيگۈنىگە (مەشۇقىغا) ۋاپادار، راستچىل، سەمىمىي بولۇشقا، چىن سۆيگۈنى قەدىرلەشكە چاقىرغان.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى «تەنبىھلەر باياندا» بولۇپ بۇ قىسىمدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەخلاقىي بىلىملەرنى بايان قىلغان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى خۇلاسىلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ قىسىمدا ئاساسەن بىلىم ئىگىلەش، ئىگىلىگەن بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلۈپ، كىشىلەرنى ئويغىتىپ، نادانلىق ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يول ئېچىش ئىستىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋاپادارلىق، سېخىيلىق، ياخشىلىق، ئادالەت، چىن سۆيگۈ، ئىنسانىي گۈزەللىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەل - يۇرت سۆيەرلىك......قا ئوخشاش بىرقاتار ئىنسانىي پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىپ پاسقىلىق، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق، بېخىللىق......قاتارلىق بولمىغۇر قىلمىشلار ئېچىپ تاشلانغان. شائىر بۇ قىسىمدا ئىلىم مەرىپەت ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەققىدە، ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا ياكى ئۇرۇق سېلىپ ھوسۇل ئالالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

بېيىت:

ئىلىم ئوقۇپ قىلمىغان ئەمەس مەقبۇل،
دانە ساچىپ كۆزتامارى ھوسۇل.

(ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغانلىق — ئورۇق چېچىپ ھوسۇل ئاللمىغانلىقتۇر)

دەپ يېزىپ، بىر ئۆمۈر بىلىم ئىگىلەپ، ئۇنى ئىشلەتمىگەن، ئەلگە تاراتمىغان كىشىلەرنى ئالىم بولسىمۇ، خۇددى مال دۇنيا يىغىپ خەجلەشنى ئۇقمايدىغان بېخىلغا ئوخشىتىپ بىلىم ئىگىلىگەنىكەن. ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ئەل ئىچىگە مەرىپەت ئورۇقىنى چېچىپ، نادانلىققا مەرىپەت مەشئىلى بىلەن ئوت ئېچىشنى تەۋسىيە قىلغان.

شائىر يەنە بۇ قىسىمدا تىل گۈزەللىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولا سۆزلىمەسلىك، قالايمىقان سۆز قىلماسلىق، گەپنى ئورۇنلۇق جايىدا قىلىش، ئىخچام، ئوبرازلىق، مۇلايىم تىل قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. شائىر نادانلىقنى ئېشەكتىنمۇ پەس ئورۇنغا قويۇپ، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىنسانغا نادانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ قىسىمدا يەنە ئىنسانىي گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، راست سۆزلۈك قاتارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، قىسقا سۆز - جۈملىلەر بىلەن جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

دېمەك، يىغىپ ئېيتقاندا شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبولقۇلۇب» ناملىق بۇ ئەسەردە، ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئەل، يۇرت سۆيەرلىك، ئىنسانىي گۈزەللىك، چىن سۆيگۈ، سەۋر - تاقەت، شۈكۈر - قانائەت، ئىلىم - مەرىپەت، كەمتەرلىك، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق، راست سۆزلۈك...... قاتارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رېئال، ئاكتۇۋال تېمىلار شۇ دەۋر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە خۇددى زۇلمەت كېچىدە چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلاردەك پارلاپ نۇر چاچقان. يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئىلغار ئىدىيىۋى قاراشلار شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت سەھنىسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە.

## 6 - ئەلىشىر نەۋائىي ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

نەۋائىي يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن ئۇيغۇر، تۈركى شېئىرىيىتىدە ۋە پۈتكۈل تەپەككۇر ئەدەبىياتىدا يەنە بىر يۈكسەك چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىدىن، ھەتتا شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى شېئىرىيىتى بويىچە مىقدار جەھەتتە كۆپ، تېما جەھەتتە رەڭگارەڭ، بەدىئىي جەھەتتە گۈزەل ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىپقىران»① بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنە - پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇتەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى جەھەتتىنمۇ «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن» پەيلاسوپ «ساھىپقىران» ئىدى. نەۋائىي تارىخىي ئەنئەنىلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقانلىقى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر، تىل ۋە مەجازى جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى تۈپەيلى بىزگە ئاجايىپ قىممەتلىك مىراسلار قالدۇردى.

① ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ ۋاپاتىغا يازغان مەرسىيىسى بولغان «رىسالە»سىدە شۇنداق ئېيتقان.

نەۋائى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرى بىرقانچە ئەسىردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى، شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆلچەملىك كىتابى، شېئىرىي مەۋەسكارلىقنىڭ يالقۇنلۇق ئۈرنىكىگە ئايلاندى.

نەۋائى ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ھەقلىق ئىگىسى ۋە ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئۆز ئوغلانىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى بىلگەندىن باشلاپ، ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلدى. ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، بىباھا تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلاپ، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تارقىتىپ، كۆز قارچۇغىدەك مۇھاپىزەت قىلدى. ھاياتىي ۋە ئىجادىيىتى توغرىلىق ئىزدەندى. ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. نەۋائى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان قەدىمكى زاماندىكى يىرىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يەكۈنلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا نەۋائىنىڭ تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، شىنجاڭدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش، ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش ئەھۋالى. نەۋائى ئەسەرلىرى بۇ ئۇلۇغ شائىر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، نەۋائىنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن كۇچا مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «چاھار دىۋان» تولۇقى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ چىقىلغان. 1557 ـ يىلى يەنە شۇ توپلامنىڭ شىنجاڭنىڭ مەلۇم يېرىدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلانغان. نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى XVI ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ كاشغەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق شەھەرلىرىدىلا كۆچۈرۈلۈش بىلەن قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرىمىز. «چاھار دىۋان» 1700 ـ يىلى يەنە ‹خەزائىنۇلمەئانى› دېگەن نام بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قول يازما نۇسخىسى يەنە شۇ دەۋردە قۇمۇل شەھىرىدە موللا مەخسۇت دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن①.

XIX ئەسىرگە كەلگەندە شىنجاڭدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشنىڭ يۇقىرى دولقۇنى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھالەتنى بەرپا قىلىشتا «كاشغەرى» تەخەللۇسلۇق خەتتات ياكى كاتىپ (مۇنشى) لارنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولغان. يالغۇز شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار ئىچىدە «كاشغەرى» تەخەللۇسلۇقلارنىڭ قولىدىن چىققانلىرى سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەرخىل قول يازمىلار قاتارىدا تۇرغان. ئېنىق بىر مىسال كۆرسەتسەك، ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ 254 قولىيازما نۇسخىسى ئىچىدە 66 قولىيازمىنىڭ تۈزگۈچىسى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ قولىيازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىلىرى «كاشغەرى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاشۇ ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى — «كۇللىيات»ئى بار بولۇپ، بۇ قول يازما 1824 ـ

① روزى قادىرى (قازاقستان) «شىنجاڭدا نەۋائىشۇناسلىق»، «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، ئالمائاتا، 1990 ـ يى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

1830 - يىللاردا كاشغەردە ئابدۇرېھىم فازىل كاشغەرى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ كىتابەت قىلىنغان. بۇ «كۇللىيات»قا نەۋائىنىڭ 19 ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازما نۇسخىلىرى ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ، ئىلمىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى قوليازما ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلمىي تەكشۈرۈشتە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل قوليازمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تېپىلدى. 1950 - يىللىرىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئىلمىي خادىملار نەۋائىي ئەسەرلىرى قوليازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن كۆپرەكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققان. 1957 - يىلى يەركەندە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 700 پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 150 پارچىسى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدىكى مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەمەلىي سانى تېخى ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى قوليازما سۈپىتىدە كۆچۈرۈپ ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى سۆيۈملۈك شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ھەرخىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئويۇپ ساقلىغان. ئۇلار ئەينى چاغلاردا نەۋائىنىڭ غەزەل ۋە بېيىتلىرىنى ھەرخىل نەرسىلەرگە نەقىشلەپ، مازار - ماشايىقلار، مەدرىسە - مەكتەپلەرگە ئېسىشتىن سىرت مېتال ۋە تۆچ بۇيۇملارغىمۇ ئويغان. مەسىلەن، ئىلمىي خادىملار 1955 - يىلى بىر نەقىشلىك ئاپتۇۋا تاپقان بولۇپ، قاراقاش ناھىيىسىدىن بايقالغان بۇ ئاپتۇۋىغا نەۋائىنىڭ يەتتە مىسرالىق شېئىرى نەقىش بىلەن ئويۇلغان. بۇ ئاپتۇۋا 1842 - يىلى سېرىق تۈچتىن ياسالغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى كۆچۈرۈپ چىققان نەۋائىي ئەسەرلىرى ئىچىدە «خەمسە» مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن خەتتات ۋە كاتىپلار «خەمسە»نى كۆچۈرۈش ساھەسىدە ۋە تارقىتىش ئىشلىرىدا كۆپ مېھنەت سىڭدۈرگەن. ھازىر نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ ھەرخىل قوليازما نۇسخىسى ئىچىدە پەقەت قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىلا 21 قوليازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. يەنە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى قوليازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائىي «خەمسە»سى ئىچىدە 14نى شىنجاڭلىقلار (ياكى ئۇيغۇرلار) كۆچۈرگەنىكەن.

نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كىتابەت قىلىش، تارقىتىش نەۋائىي زامانىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر خىل ئىلمىي پائالىيەتكە ئايلانغان بولۇپ، تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل ئىلمىي ئېقىمغا ئايلانغان. كاشغەرنى مەركەز قىلىپ، شىنجاڭدا شەكىللەنگەن بۇ خىل ئېقىمنى زامانىمىزدىكى ئىلمىي خادىملار «كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپى» دەپ ئاتاشقان. بۇ ئېقىم ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، كىتابەتچىلىكى قاتارلىق سەنئەت ساھەسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە روشەن ئىپادە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەتتاتلىق ئېقىملىرى بىلەن مۇتتەسىل ئورۇندا تۇرۇپ رىقابەتلەشكەن. كاشغەر خەتتاتلىق ئېقىمىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن، نەۋائىي زامانىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، شىنجاڭدا نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، كىتابەت قىلىپ، تارقىتىش ئىشلىرى بىر خىل ئىلمىي خىزمەت شەكلىدە ئالاھىدە بىر خىل كەيپىياتقا ئايلانغان. كاشغەر،

يەركەن، خوتەن، كۇچادەك مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىلا ئەمەس، يەنە قۇمۇل، تۇرپان ۋە لوپنۇرغا ئوخشاش چەت، يىراق جايلاردىمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان. ئۇ زامانىسىدا خەتتاتلىق بىر خىل ئالاھىدە كەسىپ ھېسابلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ يېزىشلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ئوقۇغان بولۇش، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولۇش شەرت قىلىنغان. نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەتتات - كاتىپلار نوقۇل ئەسەر كۆچۈرگۈچىلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلار، نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئوقۇپ ئۆگەنگەن، يەنە شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى شائىرلىرى، بولۇپمۇ خەمسە ئۇستىلىرىنىڭ «خەمسە»لىرى بىلەن يېقىندىن تونۇش، نەزەرىيە، تارىخ ئىلىملىرىغا پىششىق بولغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق خەتتات - كاتىپلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزىدە نەۋائى ئەسەرلىرىدىن تاللاپ، بەزىدە تولۇق نۇسخىسى بويىچە ھەرخىل خەت شەكلىدە كۆچۈرگەن ۋە مۇقاۋىلاپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەن بۇنداق ئەسەرلەر «كۇللىيات» (ئومۇمىي توپلام)، «باياز» (تاللانما توپلام)، «دىۋان» (شېئىرلار توپلىمى) دەپ ئاتىلاتتى. بەزىلىرىگە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نامى قويۇلاتتى.[1]

شىنجاڭدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ بەزىلىرى بىر - ئىككى پارچىنى، بەزىلىرى بىرقانچە پارچىنى، يەنە بەزىلەر تولۇق ئەسەرلەر توپلىمىنى كۆچۈرگەن، ھەتتا بەزىلەر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ ئەتكەنلىرىمۇ بولغان. ئۇلار بۇ خىزمەتلىرىنى ھەرخىل خەتتاتلىق ئېقىملىرىغا مەنسۇپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىپ بارغان.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشتە شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مېھنىتى ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەتىجىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدىكى بەزى ھاكىمبەگلەرمۇ مۇئەييەن تەشەببۇسكار رول ئوينىغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھامىيلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسىي نام - ئابرۇيىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە خاتتات - كاتىپلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ بىر مەزگىل تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇپ، نەۋائى ئەسەرلىرىنى بىخارامان كۆچۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ تولۇقلۇقى، سۈپەتلىكلىكى جەھەتتە، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەينى دەۋردە ئىشلىگەن ئىشلىرى باشقا خەلقلەرنىڭ ئالدىدا تۇرسا تۇرىدۇكى، ھەرگىز كەينىدە ئەمەس. كىتاب كۆچۈرۈش، بولۇپمۇ نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى زور، شۇنداقلا بەلگىلىك بىلىم، جۈملىدىن ئەدەبىيات سەۋىيىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت، بىلىشىمىزچە، بۇ ئىشنى ئارتقۇزغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى شائىرلار، ئۇستا خەتتاتلار، ئۆلىما - زىيالىيلار بولغان. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك مەمۇرىيلار ھەم بەلگىلىك دەرىجىدە ھامىيلىق قىلغان.

ئىككىنچى، نەۋائى ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، مۇخەممەس - نەزمە يېزىش، ئۇنىڭ «خەمسە» — داستانلار توپلىمىدىكى ئەسەرلەر سۇژېتىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ۋە ئورىگىنال ئەسەرلەر يارىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى.. نەۋائى ئەسەرلىرىگە (بولۇپمۇ غەزەللىرىگە)

[1] ئە. سۇلايمان «نەۋائىنى ئىزدەپ»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، 2000 - يىلى 3 - سان

تەقلىد قىلىپ ئەسەر يېزىش يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى سەئىدى، رەشىدى، قېدىرى، نەفىسى قاتارلىق شائىرلاردىن باشلاپ، خوجىلار زامانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان شائىر-لاردىن ئەرشى، ھىرقەتى (گۇمنام)، زەلىلى، خاراباتى، نەۋبەتى، سادىقى، تۇردى غەرىبى، نىيازى، زىيائى، نىزارى، سەبۇرى، مەشھۇرى، نازىمى، ناقىس، تەجەللى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇھىم بىر ئىجادىيەت يۆنىلىشى بولۇپ كەلدى. ئۇلار شېئىرىيەتتە نەۋائىنى پېشۋا ھېسابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇلار كۆپرەك نەۋائى لىرىكىلىرىغا تەقلىد قىلىپ، لىرىكا يازدى، نەۋائى لىرىكىسىنىڭ ھەرقايسى بەھرلىرىگە يانداشتى. ئەرشى، زوھۇرى، نىزارى، موللا قۇربان، مۇھەممەد قارى قاتارلىقلار بولسا نەۋائى غەزەللىرىنىڭ مەنا - پىكىرلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە تەخمىسلەر باغلاپ، مۇخەممەسلەر يازدى.

نەۋائى داستانلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ قاتتىق رام قىلىۋالغان ئەسەرلەردىندۇر. ئەدىبلەر داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن نەۋائى داستانلىرىنى ئوقۇش، كۆچۈرۈش، رەتلەش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويىدىغانمۇ ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ بىر قانچە خىل يول بىلەن قانات يايغان. بەزىلەر «خەمسە»دىكى داستانلارنى نەسرىي ئۇسلۇبتا، ئاممىباپلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق دىققىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان. بۇ خىل خىزمەتنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئىچىدە ئۆمەر باقى يەركەندى (1750 - ؟) بىلەن موللا سىدىق (سادىق) يەركەندىلەر بار. ئۆمەر باقى 1792 - يىلى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرلەشتۇرۇپ قىسسەگە ئايلاندۇرغان بولسا، موللا سىدىق 1813- يىلى «خەمسە» ئىچىدىكى تۆت داستانغا «لىسانۇتتەير» نامىلىق ئەسىرىنى قوشۇپ، تولۇق نەسرلەشتۇرۇپ «بۇلبۇلى گۇلشەن نەۋائى» ۋە قوشۇمچە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەين بەگ» دەپ نام بەرگەن. «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى 1930 - يىلى ئىككى قېتىم سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى، كاشغەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە يۈز قېتىملاپ ئوينالغان. «لەيلى ۋە مەجنۇن» مۇشۇنداق قىلىنغان.

نەۋائى داستانلىرىغا ياندىشىشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، بۇ داستانلارنىڭ سيۇژىتلىرى ئاساسىدا يېڭى داستان يارىتىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىزمەت XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەردە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا بەلگىلىك سەۋەب بار. 1830 - 1850 - يىللىرى ئىچىدە كاشغەرنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمەنلىق جەھەتتە بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرى ئالاھىدە گۈللەنگەن. 1831 - 1847 - يىللىرى كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇرىددىن بىلەن تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدۇننىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ ھامىيلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى، تۇردى غەرىبى قاتارلىقلار كاشغەر ۋە تۇرپاندا نەۋائى «خەمسە»سىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى داستانلار سۇژىتى ۋە نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىكى مۇتىفلار ھەم تېمىلار ئاساسىدا بىرقاتار ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «زادۇل نەجاد»، تۇردى غەرىبىنىڭ «بەھرام گۇر»، زىيائىنىڭ «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»،[1] ئۇلار بىلەن زاماندىش ۋە ئۇلپەتداش شائىر سەبۇرىنىڭ «ماقالات» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەردۇر.

① «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»نىڭ ۋەقەلىكى «مەجالىسۇننە فائىس»تا قىسقىچە مىسال ئېلىنغان.

خەتتات ـ كاتىپلار كۆچۈرۈپ چىققان، ئەدىبلەر نەسرىي شەكىلگە كەلتۈرگەن ۋە بەزى شائىرلار تەقلىد قىلىپ يازغان نەۋائىينىڭ داستانلىرى بىر تەرەپتىن يازما ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، شائىرلارنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ، خەلق ئىچىدە يېڭى بىر خىل ئۇسلۇبتىكى رىۋايەتلەر، قىسسەلەر ۋە خەلق داستانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كۆپلىگەن ئەدىبلەر نەۋائىينى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پېشۋا ئۇستاز، ھەتتا «پىر»، «پەيغەمبەر» سۈپىتىدە تونۇشقان. كەڭ ئوقۇمۇشلۇق خەلق ئاممىسى ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنىڭ سېھرىي نوپۇزى يۇقىرى بولغان.

ئۈچىنچى، نەۋائىينىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدىنىش، ئىجادىيىتى، ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مۇتالىئە قىلىش ئەھۋالى. نەۋائى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە جەۋلان قىلغاندىن كېيىن شىنجاڭلىقلار ئۇنىڭ ھاياتىغا ۋە ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ھەم تەقدىرىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. يەركەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىدا، ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئائىلىسىدە كېلىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى، شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن 45 يىل كېيىن پاكىتلىق ھۆججەتلەر بىلەن بايان قىلدى. بۇ مۇئەللىپ نەۋائىينىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق توختىلىپ يەنە مۇنداق يازغان: «مىر ئەلىشىرنىڭ تەخەللۇسى ‹نەۋائى›، دۇر. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلىدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە يۈكسەكرەك يازالىغان ئەمەس. نەۋائى شېئىر سەنئىتىنىڭ ئۇستازىدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان شېئىرلىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارسچە شېئىرلىرى بىلەن ئوخشاشلا شۆھرەتكە ئىگىدۇر. نەۋائى پارسچە شېئىرلارنىمۇ كۆپ يازغان ھەمدە پارسچە شېئىرلىرىغا ‹فانى› تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. خەمسەچىلىكتە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىدىن كېيىن ھېچكىم نەۋائىدەك زور شۆھرەت قازانغان ئەمەس»[1].

ئەنە شۇ يەركەن خانلىقىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تىنىم تاپماي ئىزدىنىپ تۇردى.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر مۇسىقا (مۇزىكا) سەنئىتىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ كۈي ـ ئاھاڭلىرى مۇڭلۇق ۋە ۋەزمىندار بولغاندىن سىرت، تېكىستلىرى خەلقنىڭ قەلب ئىزھارىنى، دەۋرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەتلىك قىممىتى نامايەن بولغاندىن كېيىن مۇسىقىچىلار ۋە ئەدىبلەر «12 مۇقام»نىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن تېكىستلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىپ، 39 تېكىستكە مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ ئاكتىۋال بولغان نەۋائى غەزەللىرىنى تاللاپ كىرگۈزدى[2]. چۈنكى، نەۋائى غەزەللىرى يۈكسەك گۇمانىستىك، راتسىئونالىزملىق ئەنئەنىۋى، غايىۋى تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى سۈپىتىدە كلاسسىك مۇقام، مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە تەلىپىگە يۇقىرى دەرىجىدە ماس كەلگەنىدى. بۇ خىل مۇقام تېكىستلىرى بەش ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئاما تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە.

1700 ـ يىلى كۆچا مەدرىسىدە «ئوي ـ پىكىرلەر خەزىنىسى» نامى قويۇلۇپ كۆچۈرۈل-

① ئىززەت سۇلتان (ئۆزبېكىستان) «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتىرى» 398 ـ بەت، 1969 ـ يىلى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى.

② «12 مۇقام» نەشىرلىرىگە 94 پارچە نەۋائى غەزىلى، بىر قاتار رۇبائىيلىرى ۋە پارچىلىرى تېكىستلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، نەۋائىينىڭ جەمئىي 100 پارچىغا يېقىن ئەسىرى مۇقام تېكىستلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

گەن «خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ خاتىمىسىگە نەۋائىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلگەن. ئىلگەرى شىنجاڭدىن تېپىلغان لۇتفىنىڭ «مەشھۇنۇل ھەقايىق» ناملىق كىتابىنىڭ نەسرىي شەرھىسى بولغان «دەخلۇلجان ئەبىۋا بۇلجاھان» دېگەن قولىيازمىدا نەۋائى توغرىلىق قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغانلىقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىدۇ. مۇھەممەد سىدىق رەشىدى (؟-1715) «سىدىقنامە» دېگەن ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ لىرىك شائىرلىقتا تەڭداشسىزلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ساپ تۈركىي تىلىدا ئەسەر يازغانلىقىنى مەدھىيىلىگەندىن باشقا، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان يەنە بىر كاشغەرلىك شائىر سەبۇرى «نەۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتەردى. XIX ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن ئالىملاردىن مۆجىزى «تەۋارىخىي موسىقىيۇن» دا ئەلىشىر نەۋائىنى «پىرىم، ئۇستازىم» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ «كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم دەپ يازىدۇ. موللا سىدىق نەۋائىنى «سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچى، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى» بىلىپ ئۇلۇغلىدى. نىزارىمۇ نەۋائىغا زور ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرلىرىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. XVIII ئەسىردە كاشغەردە نەۋائى دىۋانلىرىغا لۇغەتلەر تۈزۈلگەنلىكى، 1806 - يىلى نىزارىنىڭ كاشغەردە «نەۋائى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىر جانلىنىش دەپ بىلىشى لازىم ئەلۋەتتە. چۈنكى، نەۋائى ئەسەرلىرى يەركەن خانلىقىدىن باشلاپ شىنجاڭ مەدرىسلىرىدە دەرسلىك قىلىنىپ كېلىنگەن.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن، داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرگەن، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلغان، مۇخەممەس يازغان شىنجاڭلىق ئەدىبلەرنى يەنە بىر جەھەتتىن، نەۋائى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان نەۋائىشۇناسلار دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ تارىخىدا شەكىللەنگەن نەۋائىشۇناسلىق پەنىدىكى بۇنداق زور قوشۇن ۋە كۆپ تەرەپلىمە ھادىسىلەر پۈتكۈل شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن ئېلىپ، نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنى بىر مۇستەقىل ئىلىم سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈردى. نەۋائى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان تەسىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، چوڭقۇرلاپ بارغان. بۇ خىل چوڭقۇرلۇقنىڭ دەرىجىسىنى باسقۇچلار بويىچە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى باسقۇچتا، يەنى يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلار زامانىسىدا ئۇيغۇر شائىرلىرى نەۋائىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلگەن.

ئىككىنچى باسقۇچتا، يەنى بۇ دەۋر مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالدىنقى ھۆكۈمرانلىق باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نەۋائىنى «پىر» سۈپىتىدە تونۇشتى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدىكى ئەدىبلەر بولسا نەۋائىنى «ئىگەم» دەپ، پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىل ھېسسىيات تاسادىپىي قوزغالغان ھېسسىيات ئەمەس. ئۇنىڭ بەلگىلىك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزى بار. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا «باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە

قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ تونۇش ۋە ئەڭ يېقىن»[1] بولغانلىقىدىندۇر.

ئومۇمەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نەۋائىي ئوبرازى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ يارقىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. بۇ خىل ئەھۋاللارنى شىنجاڭنى ساياھەت قىلغان چەت ئەل شەرقشۇناسلىرى چوڭقۇر ھېس قىلغان. مەسىلەن، XIX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان قازاق ساياھەتچىسى ۋە ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىينى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دەپ ھېسابلايدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ھەم ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنۇلارنى يازغان: «ئەلىشىر نەۋائىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك شائىرى بولۇپ، توي ـ تۆكۈن ۋە ئويۇن ـ كۈلكىلەردە ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئوقۇلۇپ تۇرىدىكەن»[2] دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چ. ۋەلىخانوۋ شىنجاڭدا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ XVI ، XVIII ۋە XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس تۈرلۈك ـ تۈمەن نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتىدۇ.[3][4][5][6]

رۇس ئالىملىرىدىن س. ئى. مالوۋمۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن تەسىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ نەۋائىينى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇيدىكەن، دەپ ھېسابلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ بۇ مەزمۇندىكى سۆزنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان: ... نەۋائىي بۇ يەردە كىتابخانلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل قول يازمىلار ئوچۇق مىسال بولىدۇ، ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بىرى بولغان لوپنۇردا نەۋائىي شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، دېكلاماتسىيە ئۈچۈن يادلىنىدىكەن، ھەتتا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ سۇژېتلىرىنى خەلق چۆچەك، ھېكايە قىلىپ ئېيتىدىكەن، بۇ توغرۇلۇق بىزگە مەركىزىي ئاسىيانى ساياھەت قىلغان شۋېت ساياھەتچىسى سېۋېن ھېدىن مەلۇمات بېرىدۇ[7].

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى پەقەت قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، رىسالە سۈپىتىدە ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى سۆيۈملۈك شائىرنىڭ ئوتلۇق غەزەللىرىنى ھەرخىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى قەلب تۆرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر يېرىگە سىڭدۈرۈشنى كەڭ قانات يايدۇرغان. ئۇلار ئەينى چاغلاردا نەۋائىي غەزەللىرىنى لەۋھەلەرگە يېزىپ، مازار، مەدرىسەلەرگىمۇ ئېسىشتىن سىرت، مېتال بۇيۇملارغىمۇ ئويغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىلمىي خادىملار 1955 ـ يىلى قارىقاش ناھىيىسىدە

---

① مۇراد ھەمرايېۋ (ئۆزبېكىستان) «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 2 ـ سان، ئۆزبېكچە.

② ق. ھاسانوۋ، س. موللايېدوۋ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 143 ـ بەتكە قاراڭ. 1982 ـ يىلى، ئالماتا نەشرى.

③ ق. ھاسانوۋ، س. موللايېدوۋ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 143 ـ بەتكە قاراڭ.

④ بەزى مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ 1949 ـ يىلى، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەردە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندى. مەسىلەن، 1950 ـ يىللىرىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئىلمىي خادىملار نەۋائىي ئەسەرلىرى قول يازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن ئوشۇقراقىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن. 1957 ـ يىلى يەركەندە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، كۆزدىن كەچۈرۈلگەن 700 قول يازمىسىنىڭ 150 پارچىسى نەۋائىي رىسالىلىرى بولۇپ چىققان.

⑤ «چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 108 ـ 112 ـ بەتلەر، ئالماتا، 1956 ـ يىلى قازاقچە نەشرى.

⑥ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1954 ـ يىلى ئىلمىي خادىملار كاشغەردىكى قول يازمىلار ئىچىدىن جامىنىڭ «ناخالەتۇن ئۇنس» ناملىق كىتابىنىڭ تۈركىيچە تولۇق تەرجىمىسىنى تاپقان. ئۇلار ئۇنىڭ تىلى، ئۇسلۇبىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن نەۋائىينىڭ تەرجىمىسى دەپ مۇقىملاشتۇرغان، مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، «لىسانۇتتەير» نىڭ 226 بەت، 6000 قۇردىن ئارتۇق بىر نۇسخىسى 1989 ـ يىلى تېپىلىپ، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ 1898 ـ يىلى كاشغەردە كۆچۈرۈلگەنىكەن.

⑦ س. ئى. مالوۋ «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي تىل ۋە يېزىقىدا ئەسىر ئەلىشىر نەۋائىي» 480 ـ بەت. («ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، «پەن» نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 62 ـ 63 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

يىغىلغان ئاسارە ـ ئەتقىلەر ئىچىدىن نەقىشلىك بىر ئاپتوۋا تاپقان. بۇ ئاپتوۋا سېرىق توچتىن 1842 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ئىككى يېنىغا نەۋائىينىڭ:

«نە نامە ئەردىكى غەمكىن كۆڭۈلنى شاد ئەتتىڭ»

ناملىق يەتتە بېيىتلىق غەزىلى تولۇق يېزىلغان، ھەم ئۇنى نەۋائى دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن غەزەل بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە ئاساسەن توغرا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

XIX ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە توپلۇك ئۆزگىرىش بولغان بىر دەۋر بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى 1911 ـ يىلى 2000 يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دېموكراتىك ئاساستىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە قەدەم قويدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لېنىن باشچىلىقىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقىلەر قوزغىغان يېڭى مائارىپچىلىق ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن كۆتۈرۈلگەن جەدىتچىلىك ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈردى. كاشغەردە 1933 ـ يىلى «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا سەنئەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىر بالداق سەكرەش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، يېڭى زامانغا خاس مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، 1949 ـ يىلىدىكى ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتكە رەسمىي قەدەم قويۇلغانلىقى، ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە ماركسىزملىق مەزمۇن قوشتى.

بۇ يىللاردا نەۋائى ئەسەرلىرى يۈكسەك گۇمانىستىك روھقا، ئۇلۇغۋار مەرىپەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە ئالەمشۇمۇل قەدىر ـ قىممىتى ئۆزىدە ئىپادە قىلغانلىقى بىلەن تەۋەررۈك ئىبسىل مىراس بولۇش سۈپىتىدە، يېڭى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسىي ئېقىنلىرىدىن بىرى بولۇش رولىنى ئويناپ كېلىشتەك ئىمتىيازدىن قالمىغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەك مەزمۇن ۋە ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر ئىنكاسى بولغىنى ئۈچۈن ھەم ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى مۇللاشتۇرۇشتا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار ئۈنىڭدىن ئاۋۋالقىدەكلا مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلھام ئېلىپ تۇرۇشى نورمال ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يىللاردا چوڭ تەسىر قوزغىغان ئەھمەد زىيائى، قۇربان ئىمىن، نىم شېھىت، ل. مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئېلىشنى ئۆز ئىجادىي ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەربىيە قىلىشقان. ئۇلار ھەرقايسى ئوخشىمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ، ئۇلۇغ شائىر ئىجادىغا ياندىشقان.

شائىر نىم شېھىت (1906 ـ 1972) «خەمسە» دىكى «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ «مەڭگۈي ۋە فەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق داستانىنى يېزىپ چىقتى. نىم شېھىت بۇ داستانىنى يېزىشتا نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز داستانىدىكى ئاساسىي ئىدىيىسى شىنجاڭدىكى كۆچا بىلەن بايدىكى مەڭگۈيلەرنىڭ ياسىلىش جەريانىدا پەرھاد بىلەن شېرىنىنىڭ رول ئوينىشى جەريانى بىلەن باغلاپ، پەرھاد ـ شېرىن رىۋايىتىنى قويۇق شىنجاڭ تۈسىگە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ روشەن ئىپادىلىدى. ئۇ يەنە «لەيلى ۋە مەجنۇن» سيۇژىتى ئاساسىدىمۇ

ئەسەر يازدى.

ل. مۇتەللىپ (1922 ـ 1945) 1940 ـ يىللاردا «تەسىراتىم» ناملىق شېئىر يېزىپ، ئۇلۇغ شائىر نەۋائىيغا چوڭقۇر ھۆرمىتى، «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە بولغان يۈكسەك ئېھتىرامى، بۇ گىگانت شائىرنىڭ تارىخى ئورنىغا بولغان ھەققانىي باھاسىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلىپ بەرگەن.

دېمەك، تارىخ XX ئەسىرنى تاماملاپ، XXI ئەسىرگە ئۆلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينى ئىلگىرىكى چاغلاردىنمۇ بەكرەك سېغىنماقتا. 500 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ۋە ئەدىب ـ شائىرلىرى بىلەن ھەمىشە بىرگە ياشاپ كەلگەن نەۋائى ئوبرازى ۋە بۇ بۈيۈك شائىرنىڭ ئالتۇن قورلۇق بىباھا ئەسەرلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ سۈلكەتلىك ۋە سېھرىي كۈچىنى ساقلاپ، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر خەزىنىسىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن سىخىي قۇدرىتىنى تەقدىم قىلىشقا ھېچقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

# XI باب. يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## 1 § . ئومۇمىي ئوبزور

يەركەن خانلىقى دەۋرى (1514 ـ 1680) شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرتىپى خېلىلا مۇقىملىشىپ، ئىقتىساد راۋاجلىنىپ، كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا، كۆڭلى ئەمىن تېپىشقا يۈزلەندى. بۇلار قاراخانىيلار ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە داۋاملاشقان تىنىمسىز ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى.

بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخان ئۇنىڭ ئوغلى رەشىدخانلارنىڭ بىر قاتار ئىلغار خانلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى دەسلەپكى چاغلاردىلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ئالاھىدە تەرىپلەشكە تېگىشلىك يەركەن خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ قايناملىق ئۆركىشى غەربكە، يەنى ماۋارە ئۇننەھر ۋە خوراسان رايونىغا يۆتكەلگەنىدى. بۇ خىل ھالەت نەچچە يۈز يىل داۋاملاشتى. ماۋارە ئۇننەھر ۋە خوراسان رايونىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە يازما ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەرەب، پارس ۋە ھىندى ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، زور دەرىجىدە بېيىتىلگەن غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى قايتىدىن شىنجاڭغا يۆتكەلدى.

يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەر يەنە پارس تىلىدىمۇ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. مائارىپ ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە ئەرەب تىلىمۇ قوللىنىلدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىن تارتىپ، يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئەدەبىياتتىن خەۋىرى بار كىشىلەر كۆپ ئىدى. خان، قاتۇن ـ خانىش، ۋەزىر ۋە ئاددىي پۇقرالارمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلدى[1]. بۇ ھال يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىزچىللىقنىڭ ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بۇ دەۋردە ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مائارىپتا مۇئەييەن ئىلگىرىلەشنىڭ بولغانلىقى.

يەركەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋە چاغاتاي مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ پۇختا ئاساسلانغان يېڭى

---

[1] بەزى تەتقىقاتچىلار يەركەن خانلىقىنى «شائىرلار خانلىقى» دەپ ئاتىسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئە. بايتۇر، غ سىدىقلارنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1023 ـ بەتكە قارالسۇن.

بىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر.

يەركەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئاپتورلار، ئەدىبلەر ۋە ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن.

سەئىدى (1487 - 1533). تۇرپاندا تۇغۇلغان. موغۇلىستان خانلىرىدىن ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى. 1514 - يىلى يەركەن خانلىقىنى قۇرۇپ، 1533 - يىلغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان. سۇلتان سەئىدخان نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) دە سەئىدخان «...ئادىل ۋە شائىر پادىشاھ ئىدى، ئۇ پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ياخشى يازاتتى» دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن. سەئىدىنىڭ بىرقانچە كۇپلېت شېئىرى «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) دە ساقلىنىپ قالغان. سەئىدخان يەركەن شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان.

رەشىدى (? 1510 - 1560) يەركەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەخەللۇسى. ئۇ سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەنجاندا تۇغۇلغان. 1533 - 1560 - يىللىرىغىچە يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان. مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) دە رەشىدى «پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقا كامىل شائىر ئىدى» دەپ يازغان ۋە بىر كۇپلېت پارسچە، بىر كۇپلېت تۈركىي (ئۇيغۇر) چە شېئىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. نامەلۇم ئاپتور يازغان «تارىخىي كاشغەر» ناملىق كىتابتا پارسچە بىر كۇپلېت، تۈركىيچە ئۈچ كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەقبەرەسى يەركەن شەھىرىدىكى «ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقى» دا ساقلىنىپ كېلىنگەن.

نەفىسى (1522 - 1557) ئامانىيساخاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى، يەركەن دەرياسى بويىدىكى بىر يېزىدا مەھمۇد دېگەن ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1537 - 1557 - يىللىرى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى بولۇپ، خان ئوردىسىدا تۇرغان. مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» ناملىق كىتابتا «ئامانىيسا خېنىم... ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، ‹دىۋانى نەفىسى› ناملىق شېئىردىن بىر كىتابنى يازغاندى... خوتۇن قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جەمىلىيە› ناملىق بىر كىتابنى يازدى. شائىرلىق ۋە نەغمىچىلىك توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. ‹ئىشرەت ئەنگىز› ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ خانىش ئىجاد قىلغانىدى» دېگەن ئۇچۇرنى قالدۇرغان. ئەپسۇسكى بۇ تەۋەررۇك شائىرەنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. نەفىسى يەركەن خانلىق جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

قېدىرى (? - ? 1562) شائىر ۋە مۇغەننى بولۇپ، يۇسۇپ قېدىرخان يەركەندى نامى بىلەن ئاتالغان. مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» ناملىق كىتابىدا قېدىرخاننى مۇقام پىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جاي - جايلىرىدىن مۇقام - نەغمە ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئۇ «ۋىسال» دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغان.

زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «‹دىۋانى قېدىرى›نىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە،[1] قېدىرى ئەمىرزادەلەر تەبەقىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئاشىقلارچە ھايات كەچۈ-

---

① بۇ كىتاب م. يۇسۇپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

رۇشنى ياخشى كۆرگەن. كۆپ ۋاقتىنى مەھبۇبىنىڭ مەي مۇھەببىتى ئىشقىدا نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن. قېدىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ، ھەر تۈرلۈك بەزمە ـ ئولتۇرۇشلاردا بولغان. بىرەر ئەھۋالغا يولۇققاندا، شۇ ئەھۋالغا قارىتا شېئىر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى، شاھ، شاھزادىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان... خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بېيىتلىرى 2000 دىن ئارتۇق بولغان. توققۇز مۇجەللەت (توم) لىك دىۋان تۈزگەن. قېدىرخان ئامانىنساخان بىلەن بىرلىكتە «12 مۇقام»نى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان.

ئاياز بەگ قۇشچى. بۇ خانلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆتكەن شائىرلاردىن بىرى. «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) دە ئۇنى شائىرلار قاتارىدا سانىغان ۋە ئىككى كۇپلېت غەزىلىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن.

زىلەيخا بېگىم (؟1608 ـ ؟) شائىرە ۋە ئەدەبىي تەرجىمان بولۇپ، كاشغەردە تۇغۇلۇپ، قۇمۇلدا بىر مەزگىل ياشاپ، يەنە كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ چوڭ مەقبەرىسى كاشغەر بەشكېرەم يېزىسى (ھازىر قوغان يېزىسىغا تەۋە) قاراساقال كەنتىدە ئىززەتلىك ئورۇندا تۇرۇپ ساقلىنىپ كېلىنگەن. زىلەيخا بېگىمنىڭ دادىسى كاشغەر ئەمىرزادىلىرىدىن مىرسەئىد جېلىل كاشغەرى دېگەن كىشى بولۇپ، خوجامۇھەممەد شېرىپنىڭ قېيىن ئاتىسى ئىدى. زىلەيخا بېگىم قۇمۇلدا خوجا ھىدەيتۇللا (ئاپئاق خوجا) نى تۇغقان. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ساۋاپچى دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تارىخچى موللا خۇدابەردى خەلىفە تەخمىنەن 1877 ـ يىلى يېزىپ چىققان «سىلسىلەتۇز زەھەب» ناملىق ئەسىرىدە «زىلەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستىدات ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دەپ يېزىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھافىز شىرازى (1300 ـ 1390) غەزەللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن①.

مەھمۇد جوراس (؟ 1620 ـ 1698) تارىخشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس ۋە شائىر بولۇپ يەركەندە موغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلاشقان جوراس (جاراس) قەبىلىسىنىڭ بەگلىرىدىن مىرزا فازىل جوراس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس» (ياكى «تارىخىي شاھ» 1672 ـ 1676 ـ يىللىرى يېزىلغان) «ئەنىست تالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى، 1696 ـ يىلى يېزىلغان) «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) (1686 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق تەزكىرە ۋە تارىخشۇناسلىققا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى بار.

مەھمۇد جوراسنىڭ بۇ كىتابلىرىدا يەركەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، جۈملىدىن ئەدەبىي ھاياتى توغرىسىدا ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دوستى يەركەندى، مىراز زىرەك (مىرەك) چالىس، خوجا ئابدۇرازاق ئوغلى، خوجا ناسىر ئاخۇن، قەلەمدار بەگ، ھەنىفى قاتارلىق شائىرلار ياشاپ ئۆتكەن.

يەركەن خانلىقى ھەقىقەتەن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا شائىرلار كۆپ يېتىشىپ چىققان، مۇھىم بىر تارىخىي دەۋر بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

① شائىرنىڭ بۇ تەرجىمىلىرىدىن پارچىلار «باياز» ناملىق توپلام تەركىبىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. قولىيازما ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

خوجىلار زامانىسىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سالغان ھىرقەتى، قۇسۇرى، سەلاھى، موللا فازىل، زەلىلى، مەھزۇن، ئابىد، خەراباتى، نەۋبەتى قاتارلىقلارنىڭ ياشلىق چاغلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان چاغلىرى يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا توغرا كەلدى. ئۇلار يەركەن خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن ئەدەبىيات گۈلشەنىدىن ئىلھاملىنىپ ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، خوجىلار زامانى ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

## § 2 . مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر

### 1 ـ مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 ـ 1551) يەركەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق زات. ئۇنىڭ تولۇق نامى مۇھەممەد ھۇسەيىن گورگانىنىڭ ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر گوراگانى[1]. ئادەتتە مۇھەممەد ھەيدەر ياكى مىرزا[2] ھەيدەر دېيىلگەن.[3] . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كىتابىدا مۇنداق يازغان. «مېنىڭ جەمەتىم دوغلات موغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى»،[4] «مەن موغۇل خانى (ئابدۇرشىتخان) بىلەن ئوخشاش بىر ئىرق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەۋرە»،[5] «ئەقىللىق كىتابخانغا شۇنى خىتاب قىلىمەنكى، كەمىنە مۇئەللىپ ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسىدۇرمەن، نام ـ شەرىپىم مۇھەممەد ھەيدەر بولىدۇ، يىراق ـ يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسى مىرزا ھەيدەر دەپمۇ ئاتىشىدۇ، مەن مۇھەممەد ھۇسەيىن گوراگانىنىڭ ئوغلى بولىمەن.»[6] . بۇ بىزگە مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ دوغلات جەمەتىنىڭ يەركەن خانلىقى مەزگىلىدىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق ۋەكىلى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ھازىر بەزىلەر قوشۇپ يېزىۋاتقان «دوغلات» ياكى «دولات» دېگەن بۇ تەخەللۇسنىڭ ئەسلى مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن قوللىنىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[7]. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ «ئاياز»، «ئاياز شىكەستە» دېگەن تەخەللۇسى بولغانلىقى ئېيتىلماقتا.

---

① گورگانى– خاننىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىدە.

② مىرزا– ئوتتۇرا ئەسىردە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىقى بولغان غەيرىي موغۇللارغا بېرىلىدىغان يۇقىرى ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى.

③ مىرزا ھەيدەرنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. ت. ھوشۇر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992ـ يىلى، 3 ـ سانىدا «مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر گوراگان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇ ئاياز، ئاياز شىكەستە دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغانلىقى، «جاھاننامە» دېگەن داستانى بولغانلىقى ئېيتىلغان، بۇ كىتابتا مۇشۇ قاراش قوبۇل قىلىپ تۈرۈلدى، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

④ ليۇجېژاۋنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑤ «تارىخىي رەشىدى»، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 149 ـ بەت، 2 ـ قىسىم 1 ـ بەت.

⑥ «تارىخىي رەشىدى»، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 149 ـ بەت، 2 ـ قىسىم 1 ـ بەت.

⑦ تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ تەخەللۇسنى ئەڭ دەسلەپ، «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمانلىرى قوللانغان بولۇپ، كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللانغان (ي. ئىلى «مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن ئۇنىڭ نەسەبىگە بىر نەزەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى، 1 ـ سان، 19 ـ بەتكە قارالسۇن)

مىرزا ھەيدەر كاشغەرلىك ئىدى[1]. ئۇ ئاتا تەرەپتىن چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى، ئاتا تەرەپتىن بولسا دوغلات قەبىلىسىگە تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ جەمەتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. دوغلات قەبىلىسى[2]— چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ئىسەن بۇقا ئەمەلىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋە مەركىزىنى ئالمىلىقتا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان. دوغلات قەبىلىسى ئۇزۇن مۇددەت ئۇيغۇرلار رايونى (بۇ يەردە ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دا ياشاش جەريانىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەن[3]، مىرزا ھەيدەر جەمەتىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» (1990 - يىلى، بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى نەشرىياتى نەشرى) نىڭ 600 - بېتىدە، يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ئەھۋال نەزەرگە ئېلىنىپ، «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسى ۋە ھەربىيشۇناسى» دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) نىڭ ئىككىنچى توم 1662 - بېتىدە بولسا «ئۇيغۇر» دەپ يېزىلغان. مىرزا ھەيدەرنىڭ جەمەتى ئۇزۇن يىللار كاشغەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن چوڭ دادىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، تاغىسى (دادىسىنىڭ ئىنىسى) ئابابەكرى قاتارلىقلار كاشغەرگە ھاكىم بولغان. 1493 - يىلى موغۇلىستان خانى مۇھەممەدخان مىرزا ھەيدەرنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنى تاشكەنت رايونىنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا كاشغەردىكى ئۇزۇن يىل ياشىغان ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئورۇندا ئىشلەيدۇ. مىرزا ھەيدەر ھەم دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە تاشكەنتتە بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. 1508 - يىلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا شەيبانىخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. مىرزا ھەيدەر كابۇلغا بېرىپ، بابۇر شاھنىڭ تەربىيىسىگە كىرىدۇ. 1508 - يىلى سەئىدخاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئەنجانغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ. كېيىن سەئىدخاننىڭ ئابدۇرەشىت ۋە ئىسكەندەر قاتارلىق ئوغۇللىرىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ئوردا ئەزالىرىنىڭ بىر مۆتىبىرىگە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا سەئىدخانغا ئەگىشىپ، يەركەن خانلىقىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ.

1533 - يىلى، سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىپ، بابۇر شاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن شاھ (1530 - 1556) نىڭ ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە بولدى. كېيىن تىبەت ۋە باشقا جايلاردا ئۇرۇشقا قاتناشتى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىمەكچى بولدى. لېكىن، رەشىدخاننىڭ ئۆزىنىڭ تاغىسى مۇھەممەد مىرزا ۋە ئۆز ئىنىسى ئىسكەندەرلەرنى ئۆلتۈرگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ، لاداق، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەشكە كىرىشتى. 1541 - 1551 - يىلغىچە كەشمىردە ئالاھىدە بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن،

---

① مىرزا ھەيدەرنىڭ تۇغۇلغان يېرى توغرىلىق مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە تۇرپان، بەزىلىرىدە تاشكەنت دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇزۇن يىل كاشغەر ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ تۇرغان، شۇڭا كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملار ئۇنىڭ يۇرتىنى كاشغەر دەپ كۆرسىتىدۇ. (ۋاڭ جىزلەي سۆزى)

② دوغلات قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، بەزىلەر ئۇلارنى «قوتلۇق» دېيىلگەن تۈرك قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان دېسە، بەزىلەر، موڭغۇل قەبىلىسى دەيدۇ، ئېھتىمالىم بولمىسۇن ئۇلار، چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ قەبىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا كەلگەن.

③ قەشقەر ئوپالدا دوغلات دېگەن بىر كەنت نامى بار بولۇپ، قەدىمكى دوغلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

1551 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كەشمىرگە تەۋە بېربال دېگەن جايدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا يەنە بىر داستانى بار. بۇ ھەقتە مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ. «ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن نەزمە شەكلىدە يازغان ‹جاھاننامە› ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بىر ھىندى ھېكايىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن ۋاراۋان ئاداپتاسىيۇن (غەيرىي بىر تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەرلىك ئۇسۇلغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش) تىن ئىبارەت 125 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى پىروسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى 1533 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كاشغەر ھۆكۈمدارى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە 1528 ـ يىلى قىشتا ناھايىتى ناچار شارائىتتا تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرىدە بولۇۋاتقان چاغدا، قارلار ئارىسىدا بەدەخشاننىڭ قەلئەئى زەپەر قەلئەسىدە قامىلىپ قالغان ۋاقتىدا يېزىلغاندى».[1] بۇ بايانلار «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا قەيت قىلىنغان[2].

مىرزا ھەيدەر يالغۇز دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان ۋە تارىخشۇناس، ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىر ناتىق ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ يۈكسەك ئىقتىدار ۋە ئالىيجاناب سۈپەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى يادلىنىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە يەركەنلىك شائىر ئابدۇغەففارنىڭ ھىجرىيە 1274 ـ (مىلادى 1857 ـ 1858 ـ) يىلى يازغان «خەيرۇل كەلام» ناملىق بىر شېئىردىكى مۇنۇ قۇرلارنى مىسال قىلىمىز.

رىۋايەت قىلورلاركى ھەيدەر ئەمىر،
بار ئېردى فەراسەتتىن مېھتەر ئەمىر.
ئۆزى ياركەندىيۇ، دانا ئىدى،
فەساھەت، بەلاغەتتە گويا ئىدى.
ھەم ئېردى جەۋانمەردى ئەھلى زەمىن،
كى خۇشخۇيۇ خۇيگۇي شېرىن سۇخەن[3].

2 ـ «تارىخىي رەشىدى»

مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر ئەسەر «تارىخىي رەشىدى» نى يېزىپ چىققى[4][5]. بۇ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[6]. «تارىخىي رەشىدى» تۇغلۇق تۆمۈرخان (1330 ـ 1363) دىن ئابدۇرېشىتخان زامانىسى يەنى 1545 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى

---

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ۷ توم، 1 ـ قىسىم، 388 ـ بەت، تۈركىيە نەشرى.

[2] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەندىن «دىۋانى ئايازى» ناملىق بىر توپلام بايقىلىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بولسا كېرەك، دېيىلمەكتە.

[3] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى، 3 ـ سان، 62 ـ بەت.

[4] ئاپتور بۇ كىتابنى دەسلەپ پارسچە يازغان. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، مەزكۇر ئەسەرنى شەخسەن ئۆزى چاغاتاي يېزىقىدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان. ئەپسۇسكى بۇ نۇسخا ھازىرقى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

[5] بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

[6] ليۇجېشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 790 ـ بەت. 1 ـ قىسىم، 1986 ـ يىلى نەشرى.

ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئابدۇرىشىتخان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەھمەد يۇنۇسخاننىڭ نامىغا ئاتالغان. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇچۇق ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى ئابدۇرىشىتخانغا ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ ئابدۇرىشىتخانغا بولغان سەمىمىي دوستلۇقى، ئابدۇرىشىتخان ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھى يوقلۇقى... جۈملىدىن ئابدۇرىشىتخاندىن رەنجىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى زاماندا توغلۇق تۆمۈرخان نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابدۇرىشىتخان ئىدى.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ. ئاپتور ئەسىرىنى توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىن (1348) باشلايدۇ. ئۇنىڭدا شەرقتە يەنى شىنجاڭدا يەركەن خانلىقى-نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرى-شىتخاننىڭ تەختكە چىقىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلى-نىدۇ. «تارىخىي رەشىدى» خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك «تەزكىرى زەنجىرلىرى ئۈزۈل-مەي بىر ـ بىرىگە باغلانغان» ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە» گە ئوخشاش بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئورۇننى ئىگىلەي-دۇ.

«تارىخىي رەشىدى» نى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا ئۇنى ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككى توملۇق داستان دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ شەرق داستانچى-لىقىدەك ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا ئۆز قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. نەسرىي بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يوغۇرۇلغان چاچما شېئىرىي تىل ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، مىرزا ھەيدەر تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ رېئالىستى سۈپىتىدە ئىش تۇتتى. ئۇ: «تارىخچىلار ئادىتى تەزكىرە زەنجىرىنى ئۈزمەستىن قانچىلىك ئېيتىشقا لايىق بولسا، ئۇنى دەپ ئۆتتۇش ۋە قانداق بولسا شۇنداق شەرھلەپ ئۆتتۈشتۇر» دەيدۇ. ئۇ بۇ پرىنسىپقا باشتىن ـ ئاخىر شەخسىي غەرەز ئارىلاش-تۇرماي ئىزچىل ئەمەل قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز دۇنيا قارىشىدىكى ئىدېئالىزم، قاتمال سوفىزم يوپۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىنى بىرقەدەر تەپسىلىي، رېئال بايان قىلىپ جاھان تارىخىغا ئىنتايىن زور ھەسسە قوشتى.

### 3 ـ «جاھاننامە»

مىرزا ھەيدەر يەركەندە سەئىدخانغا ئەگىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا «جاھاننامە» ناملىق بىر داستان يازغان[①]. بۇ ئەسەر 1528 ـ 1533 ـ يىللىرى يېزىلغان. مىرزا ھەيدەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئاياز شىكەستە» ياكى «ئاياز» دېگەن سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلغان.

«جاھاننامە» ئاپتورنىڭ تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرى جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

---

① «جاھاننامە» ئىلگىرى «ئاياز بەگ قۇشچى» ياكى «ئاياز شىكەستە» دېگەن ئايرىم بىر شائىرنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كېلىنگەن. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن، بۇ ئەسەرنىڭ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ.

بىلەن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان[1]. يەركەن خانلىقى دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. شۇنىڭدەك ئۆز دەۋرىدىكى يىرىك داستان. داستاننىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيە، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى — تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تراددىتسىيىسىنى ناۋاتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەڭرى ۋە چاھارىيارلارغا «ھەمدۇ سانا» 60 مىسرانى ۋە داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە 160 مىسرانى، ئاپتور ھېسسىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە 32 مىسرانى بېغىشلايدۇ. ئەسەرنىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان — بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان قىسمىغا 2398 مىسرا بېغىشلىنىدۇ.

داستان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى پىششىق، چوڭقۇر، ئىجادىي ئۆگىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان[2].

«جاھاننامە»نىڭ يېزىلىش مەقسىتى شۇكى، شائىر گۇمانسىزلىق ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، يەركەن خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراشقا باشلىغان ئىشانلىق تەركىدۇنياچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بەخت ـ سائادەتنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا شائىر يەنە كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «جاھاننامە»نىڭ سۇژىتىنى خەلق قىسسىلىرى ئاساسىغا قۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخت، تاشقەدەھ، شام ھەققىدىكى ئۈچ پارچە ئاساسىي ھېكايە داستاندىكى ۋەقەلىكلەر ئىچىدە تەسىرلىك بولۇپ ھەم كىتابخان دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىپ، شائىرنىڭ توپ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق:

بىر زامانلاردا شەھرىيار ناملىق بىر مەملىكەتتە شەھسۇۋار ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇلسىزلىق دەردىدىن باشقا ھېچقانداق غېمى يوق ئىدى. پادىشاھ شەھسۇۋار 200 ياشقا يېقىنلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى فىرۇز شاھ قويىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە باتۇر بولۇپ ئۆسۈپ بالاغەتكە يەتكەن فىرۇز شاھ خۇشال ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچلىك بەزمىدە شاراب ئىچىپ، ئۇخلاپ چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە گۈزەل چاھار باغدىكى قەسىر ئىچىدە، پەرىلەر ئارىسىدا بولىدۇ. پەرىلەر ئۇنى تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىلىدۇ. فىرۇز شاھ پەرىلەر شاھى گۈزەل رەنا ئۇيۇشتۇرغان بەزمىدە ئۇ سۇنغان بىر جام شارابنى ئىچىپ خۇدىنى يوقىتىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ھېچ نام ـ نىشان كۆرمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رەنا ئىسىملىك بۇ پەرىزاتلار شاھىغا ئاشىق بولۇپ، كۈن ـ تۈن ئۇنىڭ ئوت ـ پىراقىدا يانىدۇ. ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىششقا باشلايدۇ. بۇ ئىشنى پەم قىلغان سەلىم ئاتلىق ۋەزىر فىرۇز شاھنىڭ سىرداش دوستى بولغان ئۆز ئوغلى فىرۇزراينى شاھزادىنىڭ غەمكىن بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئۇقۇشقا ئۈندەيدۇ. شاھزادە چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى فىرۇزرايغا ئېيتىدۇ. ئىككى دوست مەسلىھەتلە-

---

① بۇ داستاننىڭ ھازىر ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسى بار بولۇپ، بىرى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماتېرىياللار بۆلۈمىدە، يەنە بىرى ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئالدىنقىسى ت. ئايخان، ئا. ھاجىلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 9 ـ سانى (1983 ـ يىللىق) دا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئا. تۇردىنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى ئايرىم كىتابچە بولۇپ نەشر قىلىندى.

② مەنبەلەردە ئەسەرنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى ھىندى ھېكايىلىرىدىن كەلگەن دېيىلىدۇ.

شىپ، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا، رەنانىڭ ۋىسالى نېسىپ بولغۇچە تاقەت قىلىشقا، بۇرۇنقىدەك ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋېرىشكە كېلىشىۋالىدۇ. كېيىن شاھزادىنىڭ تەلىپى بىلەن ئاتىسى ئۇنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئوۋدا ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر كېيىك ئۆتىدۇ. فىرۇز شاھ ھېچنېمىگە قارىماي كىيىكنى قوغلاپ، ئاخىرى چۈشىدە كۆرگەن چاھار باغقا كېلىپ قالىدۇ. پەرىلەر ئۇنى كۆشكىگە سېلىپ پەرىزات رەنانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىدۇ. شاھزادە رەنانى كۆرۈش بىلەن تەڭ بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ. پەرىلەر شاھى ئۇنى ئۆز قۇچىقىدا ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار تەخت ئۈستىدە خۇشال بەزمە قۇرۇپ ئەھۋاللىشىدۇ. پەرىزات شاھزادىگە ئۈچ تۈرلۈك شەرت قويۇپ، ئۇنى ئورۇنلىسا، ۋىسال گۈلىستانىغا مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ شەرت بويىچە پەرىزات ئۈچ نۆۋەت ئۇخلىغاندا، قاتتىق ئۈن بىلەن ۋارقىرىماي، قول بىلەن تۈرتمەي، گۈزەل ۋە مەنىلىك سۆز بىلەن ئۇنى ئۈچ قېتىم ئويغىتىش كېرەك ئىدى. پەرىزات بىرىنچى قېتىم ئۇخلىغاندا، شاھزادە پەرىزات ياتقان تەخت بىلەن سۆزلىشىدۇ.

تەخت بولسا — بىر زامانلاردا مىسىر سەھراسىدىكى نىل دەرياسى بويىدا ئۆسكەن بۈك - باراقسان دەرەخ بولۇپ، ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ، تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە يولۇچىلارغا ئارام بېغىشلار ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ، ئاخىرى تەخت قىلىنىدۇ. شاھزادە تەختنىڭ ھېكايىسىگە ئۇلاپلا ياغاچچى، تىكىمچى (تىككۈچى)، زەرگەر ۋە موللا قاتارلىق تۆت سەپەرداشنىڭ ياغاچتىن ياسىلىپ، گۈزەل قىز ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن سەنەم ئۈستىدىكى مۇرەككەپ دەۋانى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەرىزات ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ - دە، بىرىنچى شەرت ئادا بولىدۇ.

پەرىزات ئىككىنچى قېتىم ئۇخلىغاندا، شاھزادە تاشتىن ياسالغان مەي قەدەھى بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ. تاش قەدەھ بىر زامانلاردا ئاسماندىن چۈشۈپ، ئىلبىرىز تېغى ئۈستىدە مۇئەللەق توختاپ قالغان سەنگى نەھەڭ (چوڭ مىتورىت) بولۇپ، سۇلايمان، جەمشىت، كەيقۇباد، ئاد قەۋمى ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، كېيىن قاتتىق يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە غۇلاپ چۈشۈپ، پارچە - پارچە بولۇپ، ئاخىرى ئوبۇلخەيرى ھەككاك ناملىق تاشچى تەرىپىدىن قەدەھ (قاچا) قىلىپ ياسالغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ئۈستىدە ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ پەلەك ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىدۇ. شاھزادە تاش قەدەھنىڭ ھېكايىسىگە ئۇلاپ، زاھىت قىزىغا تەڭلا ئاشىق بولۇپ قالغان سەنگباز (تاش ئاتار)، بەگ، سىپاھ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ قىز دىۋە قولىدىن قۇتۇلدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مۇرەككەپ دەۋانى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەرىزات يەنە ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ - دە، ئىككىنچى شەرت ئادا بولىدۇ.

پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم ئۇخلىغاندا، شاھزادە ئوردىدا ياندۇرۇلغان شام بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. شام بىر زامانلاردا قوزا بولۇپ، ئىككىنى قوزىلىغان، بۇ قوزىلار ۋە ئۆزى يەنە قوزىلاپ، بەش - ئالتە يىل ئۆتمەستىنلا ئۆز ئىگىسىنى باي قىلىۋېتىدۇ، ئاخىر قېرىپ، قىسىر قالغاندا، سەمرىتىلىپ قاسساپقا سېتىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ گۆشى كىشىلەرگە ئوزۇق، يېغى شامنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، (بۇ ئارقىلىق خۇشاللىق مىنۇتلىرىنىڭ كەينىگە خاپىلىق ئېلېمېنتلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن شەپە بېرىدۇ ھەم شائىر ۋاپاسىز پەلەكنىڭ جەبرىدىن شىكايەت قىلىدۇ). شاھزادە شامنىڭ ھېكايىسىگە ئۇلاپلا قاراقچى تەرىپىدىن بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى دوستىنىڭ بىرىنىڭ مەشۇقى بولغان

قىز تەرىپىدىن باشلىرى بىلەن گەۋدىلىرى ئالماشتۇرۇلغان ھالدا تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىنكى قىز تەۋەلىكى ھەققىدىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەرىزات يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ ــ دە ئۈچىنچى شەرت ئادا بولىدۇ.

ئۈچ شەرت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىنغاندىن كېيىن پەرىزات ئۆز ۋەدىسى بويىچە شاھزادىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى شاھ تاجى، ئانىسى ماھرۇيلەر كېلىپ، قىزنىڭ بەختىدىن شادلىنىپ، ئىككى ئاي توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئاپتور داستاننىڭ مۇشۇ يېرىدە شاھزادىنىڭ ئاتىسى شەھسۋارنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، ھىجران ئازابىدا دەرد تارتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ پەرزەنت پىراقىدا ئۆرتىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە چۈشىدە ئاتىسىنى قاراڭغۇ ئوردا ئىچىدە ئوغلىنىڭ دىدارىنى تىلەپ، نالە ــ پەرياد چېكىۋاتقان ھالدا كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكە رەنانى ئېلىپ شەھىرى سىمىنگە بارىدۇ. شەھسۋار تاجۇ تەختىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ۋاپات بولىدۇ. فىرۇز شاھ تەختتە 150 يىل ئولتۇرىدۇ. كېيىن مەلىكە رەنا ۋاپات بولۇپ، فىرۇز شاھ سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىدۇ. لېكىن، خەلقنىڭ ئارزۇسى ھەمدە ۋەزىر فىروزراينىڭ نەسىھىتى بىلەن تەختىنى ئوغلى پەررۇخسۇۋارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شەھسۋار تەركىدۇنيالىقنى تاشلاپ، ئوغلىغا ئەل ــ يۇرتنى باشقۇرۇش رەسىم ــ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوۋغا چىقىپ، ھېلىقى كېيىكنى يەنە ئۇچرىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇرۇنقى چاھار باققا يېتىپ بارىدۇ. قارىسا ئىلگىرىكى ئاۋاتلىق ۋە بەزمىچى پەرىزاتلاردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ... شۇنىڭ بىلەن داستان ۋەقەلىكى ئاخىرلىشىدۇ.

شائىر يۇقىرىدىكى ئۈچ ھېكايىنى پەلەكنىڭ كارامىتى دەپ خۇلاسىلايدۇ. ئاپتور داستانىنى مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يازغان. بىز شائىرنىڭ مەقسىتىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى مۇھىم، ھالقىلىق ۋەقەلەرنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. سەئىدخان يەركەن خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر تالاي ئىشلارنى ئىشلىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ چارە ــ تەدبىرلىرى تېز ئۈنۈم بەردى. بىر مەزگىللىك گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇ ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئىشانلىقنىڭ يەركەن خانلىقى تەۋەسىگە ئېقىپ كىرىشىگە يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. ھەتتا سەئىدخان 1522 ــ يىللىرى، ئىشانلىققا قاتتىق بېرىلگەنلىكتىن، تەختىنى ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابدۇرىشىتكە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئوردىدىكى ۋەزىر ــ ۋۇزرالارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا دۆلەت ئىشلىرىنى پۇختا ئىشلەشنىڭ لازىملىقى توغرۇلۇق نەسىھەتلەر قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ، سەئىدخان ئىچىملىكلەرگە قاتتىق بېرىلىۋەردى. ھەشەمەتلىك زىياپەتلەر ئۈزۈلمىدى، ماتېرىياللاردىن بىلىنىشىچە، ئۇ كېچە ــ كېچىلەپ ئىچىملىك ئىچەتتى. بۇ ھال ئۇنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خېلىلا ئاجىزلاشتۇردى. شۇڭا ئۇ يەنە بىر مەزگىل دۆلەت ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا، 1525 ــ يىلى ئىشانلارنىڭ پىرلىرىغا قول بەرگەندىن كېيىن كېچە ــ كېچىلەپ زىكرى ــ تىلاۋەت قىلىدىغان، مۇراقىبىدە ئولتۇرىدىغان ۋە ئۆزىچە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمىرلىرىمۇ بۇ ئىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ھال ناھايىتى ھەشەمەت بىلەن تىكلەنگەن يەركەن خانلىقىنىڭ تېز گۈللىنىشى ئۈچۈن خېلى ئېغىر تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شۇڭا ئۇ تەختىنى ئىككىنچى قېتىم ئىنىسى ئىمىن خوجىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن رەت قىلىندى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئوردىنى ۋە دۆلەتنى پارچىلايدىغان بىر مۇنچە كۆڭۈلسىز ئىشلار ئارقا- ئارقىدىن يۈز بەردى. بۇلار سەئىدخاننى يۇقىرىقىدەك يامان ئادەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيتە- تى. شۇڭا، سەئىدخان بىر مەزگىل گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېسەللىكتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزەلمىدى. شائىرنىڭ ئالدىدىن مانا مۇشۇنداق قىسمەتلەر بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە قان كېچىپ، جەڭ قىلىپ، تىكلىگەن بىر خانلىقنىڭ ھالاك بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئالدىن سېزىپ قالدى. ئۇنى بۇ خەۋپ - خەتەردىن تېز قۇتۇلدۇرۇۋېلىش زۆرۈرىيىتى ئەينى دەۋر ئىدېئولوگ- لىرىنىڭ زىممىسىگە مۇقەددەس بىر ۋەزىپە بولۇپ چۈشكەن. ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئىشىنى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى ھېسابلانغان شائىر مىرزا ھەيدەر ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل قورالدىن پايدىلىنىپ، ئىبرەتلىك ھېكايىلەر، ئۆلگىلىك ئوبرازلار، فانتازىيە بىلەن تۇرمۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلىك تەپسىلاتى ئارقىلىق سەئىدخانغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىشانلىق يولىغا كىرىپ، رېئاللىقتىن قول ئۈزۈپ، كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى يوقىتىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىشرەتخور ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە روھانىيلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولدى.

«جاھاننامە» دە تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شائىر ھاياتنى رېئالىزملىق كۆز بىلەن كۆزىتىدۇ. ئەمما، رومانتىزم بىر قالقان بولۇپ شائىرنىڭ ئېيتماقچى بولغان ھەقىقىي مۇددىئاسىنى زور دەرىجىدە يېپىپ كۆرىدۇ. شائىر، قولغا كەلگەن بەخت - سائادەتنى قەدىرلەش، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلەپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئابرۇيىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم كاپالىتى دەپ ھېسابلايدۇ. مىرزا ھەيدەر گۇمانىزم ۋە غايىۋى شاھ، غايىۋى دۆلەت چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يەنى، شائىر داستاندا، يىرىك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇپ، ئۇنى ئادىل، بىلىملىك شاھقا تاپشۇرۇپ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرمەكچى بولدى. ئەمما، شائىر بەخت - سائادەتنى ئۆزۈنىغىچە قوغداپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ھەم مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ.

ئومۇمەن، شائىر گۇمانىزملىق ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ، يەركەن خانلىقىنى تۈزەش، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش، ئىشانلىق خاھىشىنى چەكلەش، خەلق ئۆز مېھنىتى بىلەن يارىتىۋاتقان بەخت - سائادەتنى قوغداش لازىملىقىنى ئۈمىد قىلىپ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلار ئىچىدە پەرۋاز قىلىپ، ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن بۇ داستاننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تاماملىغان. بۇ قاراشنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى داستان قۇرلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقساق بەلگە- لىك چۈشەنچىگە كېلىمىز.

ئابابەكرى ئىدى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئېردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى.
ئانىڭ مۇلكىدەكى ئېل - ئۇلۇس تامام،
تاپىپ ئېردى بەندۇ بەلادا مەقام.
ئۆلۈپ بەندۇ زىنداندا ئۆلگەنلەردى،

قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلاردى.
تۇتۇپ بەئىزلەرنىڭ قۇلاغىن كېسىپ،

قولاغو ئىلىكۇ ئاياغىن كېسىپ.
يېتىپ خان ئالدىم ئەلىپ قەلئەسىن،

تەۋبەتكە قاچىپ ئول سالىپ قەلئەسىن.
سوڭغە توشۇپ چىرىك ئاخىر يېتىپ،
باشىنى ئەلىپ كەلدىلەر قول ئىتىپ.

بۇ مىسرالاردا يەركەن خانلىقىدىن ئىلگىرىكى كاشغەر ھاكىمى ئابابەكرى مىرزىنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئىچكى قىسمىدا تولىمۇ مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈپ خەلق ئۈستىگە مىسلىسىز زۇلۇم ۋە بالايىئاپەتلەرنى يۈكلىگەنلىكىنى كۆچلۈك پاش قىلغان. ئابابەكرى دەۋرىنى مىسال قىلىپ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلارنى ئادىل بولۇشقا، خەلق ئۈچۈن بەخت - سائادەت يارىتىشقا ئۈندىگەن.
مىرزا ھەيدەر بۇ داستانىدا چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى، يەنى كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىقىنى ھېكايەت شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، تۇغۇلماقتا ئۆلمەكلىك، خۇشاللىقتا قايغۇ - ھەسرەت، گۈللىنىشتە خارابلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىقىنى، جاھان ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۇ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قاراش غەبلەت ۋە نادانلىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە مۇنداق يازغان:

«ئاياز! ئەجەب غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خاھى بىدار، خاھى ئۇيۇ.
نەۋاقتى نەسائەتكى سەندىن بۇگۇن،
ئۆتەر ئۆمۈر ئېرۇر ئول ئەمەستۇر ئۇ كۈن.
يوق نەرسە ئوشال ۋاقىت سائەت تۇرۇر،
كىم ئاي - يىلۇ ھەركۈنۇ —كۈن يورۇر.
ئۆتەردەك كۆرۈنەر ساڭا ئول ۋەلى،
يورۇرلەر جاھاندىن سېنى سورغالى.»

دەپ يېزىپ، ئۆتۈۋاتقان نەرسە ۋاقىت، سائەت، ئاي، يىل ئەمەس بەلكى ئۆمۈر، ۋاقىت، سېنىڭ كويىڭدا، ئۇ سېنى جاھاندىن ئېلىپ كەتمەك كويىدا يۈرىدۇ دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خەلق رىۋايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ ئەسەر ۋەقەلىكىنى كۈچلۈك فانتازىيىلىككە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.
دېمەك، شائىر داستاننى يۇقىرى بەدىئىيلىك ۋە سالماق مەزمۇن ئارقىلىق تاماملىغان.
داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

# XII باب. خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات

## 1 § . سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال

### 1 ـ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال

ئۇيغۇرلارنىڭ خوجىلار زامانى، يەنى 1678 ـ 1780 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى ئەدەبىياتى يەركەن خانلىقى ئاخىرلاشقان، شىنجاڭدا خوجىلار ۋە جۇڭغارلارنىڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان ۋاقىت يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ دەۋر ئەدەبىياتى «زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتى» ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەپ ئاتالسىمۇ بولىدۇ.

موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سەئىد 1514 ـ يىلى مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دوغلاد قەبىلىسىنىڭ كاشغەرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەركەندە خانلىق تەختكە چىقىپ يەركەن خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق 1680 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئويراتلار جۇڭغار، تورغۇت، دوربۇت ۋە خوشۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1644) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە باتۇر قۇنتەيجى باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلار كۈچىيىشكە باشلىدى. غالدان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەتراپقا قارىتا يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېڭەيمىچىلىك نىشانىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا مەركەزلىشىپ ياشايدىغان ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتتى. يەركەن خانلىقى باتۇر قۇنتەيجى ۋە زەڭگىلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردىلا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بىرقانچە قېتىم ئۇچرىغانىدى. غالدان تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىنىئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقاندا، دەل يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «قارا تاغلىقلار» بىلەن «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. «ئاق تاغلىقلار» نىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا بۇ چاغدا غالداندىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى غالدان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولدى. شۇڭا ئۇ يەركەن خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ تارىم ئويمانلىقى ياقىسىدىكى بوستانلىقلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇرماقچى بولدى. 1678 ـ يىلى غالداننىڭ قوشۇنلىرى دەبدەبە بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قارشى كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خاننى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىر ئالدى. ئاپئاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تارىم ۋادىسى جۇڭغارلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان

ئورنىغا ئايلىنىپ قالدى.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسلىقى خوجىلاردىن پايدىلىنىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇلارنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش» قا قويدى. ئۆزلىرىگە گۇماشتا قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن بەگ تەيىنلىدى. تىزگىنلەش، باج - خىراج ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا قارىتا «بارىمتايلىق تۈزۈمى» نى قوللاندى، يەنى بۇ تۈزۈم بويىچە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىرقانچە ئوغلىنى ئېلىغا بارىمتايلىققا ئەۋەتەتتى، ھەتتا بەزىدە خوجىلار ئۆزىمۇ بارىمتاي (تورغاق) بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، جۇڭغارلار ئۇلارنى دەرھال تۇتقۇن قىلىپ ئېلىدا زىندانغا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى خانلارنى تەيىنلەيتتى. يېڭى خانلار يەنىلا جۇڭغارلارغا ئولپان تاپشۇراتتى. مۇھەممەدخان ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى «قارا تاغلىقلار» نىڭ سەردارى دانىيال خوجىنى ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خانلىققا تەيىنلىدى. دانىيال خوجا 1730 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغارلار يەركەنگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجان جاھان) ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى[1].

جۇڭغارلار خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تەخمىنەن 73 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. .

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن خوجىلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاپئاق خوجا بىرقاتار كۆڭۈلسىز روللارنى ئوينىدى. ئۇ قورچاق خان بولۇش بىلەن بىرگە كۆپ ۋاقتىنى ۋە ئاساسىي زېھنىنى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىشانلىق مەسلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بولسا ئاساسەن نەزەرگە ئالمىدى ياكى ئاز ئويلىدى. قارشى گۇرۇھتىكىلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. بۇ خىل ئەھۋال پۈتكۈل خوجىلار زامانى، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تارىخىغا قويۇق قارا سايە پەيدا قىلدى.

ۋەھالەنكى، بۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بىر قىسىم خوجىلار تەلۋە، قارا قورساق، ئۆكتەم، ئىخلاسمەن ئىشانلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇنداق كىشىلەر بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ھالدا مۇتەئەسسىپ خوجىلارنىڭ مەسلەك ۋە سىياسەتلىرى بىلەن كۆرەش ئېلىپ باراتتى ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي يۈنىلىشىنى تارىخنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسى بويىچە ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولاتتى.

ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر پۈتۈن خوجىلار زامانىسى كۆرۈنۈشتە روھىي بۇرۇقتۇملۇق، چۈشكۈنلۈك، تەپرىقىچىلىك، تەركىيۋەتەنچىلىك قاتارلىق ھادىسىلەر بىلەن تولغانىدەك بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ بۇ بىر مەزگىللىك ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا مۇئەييەن سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بىر مەزگىل بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كەڭ ئەمگەكچى خەلق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن ھۆكۈمران تەبىقە خوجىلار جەمەتى بۇ خىل كۈچنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى تارىخىي ئەھۋاللاردىن ئوچۇق

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى، 343 - بەت.

چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

2 - ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالى

1678 - 1780 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلار ۋە سەۋەبلەر

1. بۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان خوجىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىقتىدارسىز، ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ جاھىل تەرغىباتچىلىرى ياكى تەپرىقىچىلەردىن ئىبارەت. ئەمما، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئەينى چاغدا ئىلغار بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرمۇ كۆپ ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال، پۈتكۈل خوجىلار زامانىسىنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى تونۇشقا ئىجابىي ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر پۈتۈن خوجىلار زامانىسى بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقىچىلىك، چېكىنىش، ئارازلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي جەريانى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەش رىتىمىگە ماسلاشقان. تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلىگەن، جۈملىدىن ئەدەبىياتتا زور يۈكسىلىش بولغان بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋەھالەنكى، «خوجىلار زامانى» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ 1678 - 1780 - يىللار ئىچىدە ياراتقان يۈكسەك بىر ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە نىشان قىلىنغان ئەمەس. ئۇ پەقەت شەكىل جەھەتتىكى ئاتالغۇدىن ئىبارەت.

بۇ مەزگىللىك ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار پىكىرگە ئىگە ئەدىبلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن نادىر ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئەينى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئاكتىۋئال ۋە ئوبرازلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

كىرى كەلگەندە، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خوجىلارنىڭ يۇقىرى قاتلام فېئودال روھانىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشانچىلىق، تەپرىقىچىلىك، تەركىيۋەتەنچىلىك قىلمىشلىرىغا ئاڭسىز يوسۇندا ياكى زورلۇق ۋاستىسى ھەم قايمۇقۇش بىلەن ئەگىشىپ قالغان بىر قىسىم ئاممىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، جۈملىدىن خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان بار. «رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى خوجىلار... ئابدۇرىشىتخان... ۋاقىتلىرىدا سەمەرقەندتىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى مەھدۇم ئەزەم دېيىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاپپارنىڭ خوجا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىلى بولمىغاندەك، شىنجاڭ رايوندىكى خوجىلارغا تېخىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادى دېيىشى پۈتۈنلەي ئەپسانە ياكى ئويدۇرمىدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ رايونىدا ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار. مەھدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كىشىلەر بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىدىن، ئۇلار پۈتۈنلەي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن».[1]

خوجىلار زامانىسىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىدا ئەدەبىيات يۇقىرى بىر تەرەققىيات سەۋىيە-

---

[1] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۆززۈرىدا تۈزۈلگەن.) 1 - قىسىم، 334 - 335 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى.

سىنى ياراتتى. بۇ خىل ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇنداق سەۋەبلەر بار.

1) ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ بوھرانغا دۇچار بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرى. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ قارىشىچە، يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق مەملىكەتلەردە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ۋاقىتلاردا شۇ قالاقلىققا قارشى ۋە يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەش ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ. ف. ئېنگېلسنىڭ كۆرسىتىشىچە، XVIII ئەسىر گېرمانىيىسىدە لېسسىڭ، گېوتې، شىللېرغا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب كەڭ خەلق ئاممىسىدا نارازىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىدى. ف. ئېنگېلس بۇ ھەقتە يەنە: «ئىقتىسادتا قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكىروپكىنى چېلىشى مۇمكىن»[①] دەيدۇ.

2) ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات مىراسلىرى ۋە نەمۇنىلىك سىمالار كۈچلۈك خېمىرتۇرۇچلۇق ۋە ئىلھاملاندۇرارلىق رولىنى ئوينىدى.

3) بەزى تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك كىشىلەر ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

4) چەت ئەل يەنى ئەرەب، پارس، ھىندى ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئىلھاملىنىش نەتىجىسىدە ئاپتورلاردا مىللىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستىكى يەنىمۇ ئۇلغايغان.

## 2. بۇ مەزگىللىك ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى

1678 ـ 1780 ـ يىللار مەزگىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. جۈملىدىن بۇ مەزگىللىك ئەدەبىيات كۆلەم جەھەتتە كەڭ، مەزمۇن يېقىدىن مول، ئىدىيىۋىلىكى روشەن ئاكتىۋئاللىققا، ئىلغارلىققا ئىگە، تېما دائىرىسى خىلمۇ خىل، ئۇسلۇبى رەڭدار، خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. كۆپلىگەن ماھىر ئەدىبلەر قوشۇننى يېتىشتۈرگەن ئەدەبىياتتۇر. بىز بۇلارنى شۇ زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئېنىق ھالدا چۈشىنىۋالالايمىز.

1) ئەدەبىي ئەسەرلەر ژانىر ۋە شەكىل جەھەتتە روشەن ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلدى. بۇ مۇنۇ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، شېئىرىيەت جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ نەمۇنىلىرى قاتارىغا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» (موللافازىلنىڭ داستانى)، «گۈل ۋە بۇلبۇل» (سالاھىنىڭ داستانى)، «سەپەرنامە» قاتارلىق داستانلارنى، «دىۋانى زەلىلى»، «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى ئابىد»، «دىۋانى مەھزۇن»؛ «دىۋانى مەشھۇرى»، «دىۋان قۇتۇمى» قاتارلىق لىرىك شېئىر توپلاملىرىنى، «كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى» ناملىق دىداكتىك ئەسەرنى ساناشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەزكىرە يەنى خاتىرە ئەدەبىيات يۈكسەلدى. يەركەن خانلىقى دەۋرىدە بەزى تەزكىرىلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۇ ئايرىم بىر ئەدەبىي شەكىل (ياكى ژانىر)

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، IV توم، 485 ـ بەت، 1972 ـ يىل، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ.

سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئورۇن ئالدى. مەلۇمكى، خاتىرە - تەزكىرە ئەدەبىياتىدا ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر نەسر ۋە نەزم ئارىلاشقان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىلەتتى. شۇنداقلا ئۇلاردا بەلگىلىك دىنى تۈسمۇ بولاتتى. تەزكىرە ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنى تەسۋىرلىگەندە كۆرۈنۈشتە شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە بۇنداق ھالقىلىق، جىددىي پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ئەدەبىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىنغان. ئەل - يۇرتسۆيەرلىك، قەھرىمانلىق، ئىلىم ، ھۈنەر، مېھنەت، ئىجادىيەت، ئەردەم - پەزىلەت، ئادالەت قاتارلىق ئىلغار خاھىشلار مەدھىيىلەنگەن.

تەزكىرە ئەدەبىياتىغا زەلىلىنىڭ «تەزكىرەئى چىلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار» ، ئابدۇشۇكۇرنىڭ «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان» ، مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك ياركەندىنىڭ 1730 - يىلى يازغان «ھىدايەتنامە» («تەزكىرەئى ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» ) ، خوجا مۇھەممەد شېرىپ ياركەندىنىڭ «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى»① قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن. «تەزكىرەئى بۇغراخان» (بۇغراخانلار تەزكىرىسى) نى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ شىنجاڭ، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭرى تارقالغان. بۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى قول يازمىلىرى ناھايىتى كۆپ. غەرب شەرقشۇناسلىرىدىن گىرنارد «تەزكىرەئى بۇغراخان»غە ئاساسەن «سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» دېگەن ماقالىسىنى يازغان ( «ئاسىيا خەۋەرلىرى»گە بېسىلغان، 1900 - يىلى XV باب، 1 - 79 بېتىگىچە) ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى تېخونوۋ «تەزكىرەئى بۇغراخان»نى «قۇتادغۇبىلىك» ، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى دەپ ئاتىغان.

ئۈچىنچى، تەقلىدىي ئەدەبىيات تەرەققىي قىلدى. تەقلىدىي ئەدەبىياتنى ئۆزلەشتۈرمە — ئوخشاتما ئەدەبىيات دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. خوجىلار زامانى ئاپتورلىرى شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى ئەدەبىياتى ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە باشقا مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىرمۇنچە سەييارە ئىشقىي مۇھەببەت بايان قىلىنغان قىسسەلەرنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ ياكى ئۇ ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلغان ھالدا بىرمۇنچە داستانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەزى داستانلار مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە.

تۆتىنچى، تەرجىمە ئەدەبىياتتا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تەرجىمە ئەدەبىياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشى، شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاج بولۇشىدا گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىي

---

① ئاپتور بۇ ئەسەرنى پارسچە يازغان بولسا كېرەك. ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم خوجا گەدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 1786 - يىلى كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى بولغان. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى «تەزكىرەئى بۇغراخان» نامى بىلەن 1829 - يىلى كۆچۈرۈلگەن.

تەرجىمە ئىشلىرىنى راۋاجلىنىش مەنبەسى قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى خوجىلار زامانىسىغا كەلگەندە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ، مۇستەقىل ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا بىرقانچە خىل سەۋەب بار.

① ئۇيغۇرلاردا تەرجىمە ئەدەبىيات ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، يەنى پۇختا تەرجىمىچىلىك ئەنئەنىسى بار.

② ئۇيغۇرلار شەرق - غەرب ئەدەبىياتى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ماكانلاشقان بولۇپ، ئەدەبىي ئۇچۇرلارنىڭ دائىملىق خەبەردارلىرى سۈپىتىدە ياخشى ئىمكان- يەتكە ئىگە.

③ خوجىلار زامانىسىدىكى مالىمان سىياسىي مۇھىت، تۇراقسىز دىنىي شەرىئەت رېئا- لىزملىق ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئەدەبىياتنى دائىم چەكلەپ، بوغۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەر تەقلىد قىلىش، دارىتمىلاش ۋە كىنايىلەشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈنمۇ بۇ خىل تەرجىمىچىلىكنى كۆچەپ ئىشلىگەن.

④ يەرلىك ھاكىم بەگلەرنىڭ شەخسىي خاھىشى بەزى ھاللاردا تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ قالغان. شۇنداق بولغاچقا، خوجىلار زامانىسىدا داڭلىق تەرجىمانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

پارس - تاجىك تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى. بۇ خىل ئەسەرلەرمۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى، ئۇيغۇر ياكى ئالتە شەھەرلىك ئاپتورلارنىڭ پارس - تاجىك تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى. بۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سانايمىز: «مەجمۇ- ئەتەلمۇھەققىن» (مەخدۇمى ئەئزەم تەزكىرىسى)، 1696 - يىللىرى مۇھەممەد سىدىق يېڭىسارى تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىپ «تەرجىمەئى مەجمۇئەتەلمۇھەققىن» دېگەن نامنى قوي- غان. ئەمما بۇ كىتاب شىنجاڭدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئاپتورى نامەلۇم، رابغۇزىنىڭ XIVئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى بىر تەرجىمان تەرىپىدىن بىر قېتىم پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ نۇسخىدىن 1697 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەمىر ئىزەم ناسىردىن دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر تەرجىمەن كاشغەر ئۇيغۇر تىلىغا قايتا تەرجىمە قىلىپ «قىسسەئى رابغۇزى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان[①]. بەزى ئىلمىي خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا تارقالغان نۇسخىسى مۇشۇ نۇسخىنى ئاساس قىلغان ئىكەن[②]. «تارىخىي رەشىدى» 1751 - يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

يەنە بىرى، پارس - تاجىك ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى. بۇنداق ئەسەرلەرگە مۇنۇلارنى سانايمىز. «رەۋزە تۇس سەفا»، بۇ مىرخۇەندنىڭ ئەسىرى بولۇپ، مىرفازىل موللا كىچىك ساقى تەرىپىدىن بىرىنچى تومى 1737 - يىلى تەرجىمە قىلىنىپ «تارىخىي خۇاۋەندى شاھ» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. «شاھنامە»نى ھىجرانى ۋە شاھ مۇھەممەد- لەر تەرجىمە قىلغان. «سىيەرى شېرف» خۇراسانلىق مەۋلانە موئىن (? - 1230) نىڭ

---

① بۇ ئە. بايتور. خ. سىدىقنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 1058 - بېتىدىكى بايان، بۇ ھەقتە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

② ئا. خوجا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1994 - يىلى 2 - 3 بىرلەشمە سانىدىكى ماقالىسىدە، تەرجىمانىي تىلغا ئالماي، 1697 - يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 1957 - يىلى كاشغەردىن يىغىۋېلىنىپ، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

ئەسىرى بولۇپ، بۇنى مۇھەممەد رەھىم كاشغەرى 1695 - يىلى تەرجىمە قىلىپ چىققان. موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى بولسا «كەلىلە ۋە دىمنە»، «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»نى تەرجىمە قىلغان. نامەلۇم تەرجىمان 1706 - يىلى يەركەن ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزاناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «تارىخىي بىناكىتى» (رەۋزەتۇلۇلباپ فى تەۋارىخىي ۋەلئەنساپ) ناملىق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «تارىخىي خەزاناچى» دەپ نام بەرگەن.[2][1]

ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد تۆمۈر ئاقسۇيىنىڭ 1735 - يىلى تەرجىمە قىلغان «تارىخ تەبەرى»، مۇھەممەد ئاقسۇيىنىڭ «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىقلىرى بار.

بۇلاردىن سىرت بەزى كىتابلار قايسى تىللىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىدا ئاساسەن گۇمان يوق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خوجا جاھاننىڭ ئوردا خىراجىتى بىلەن «تارىخ ئەل ئىسلام»، «فىقىق» (شەرىئەت قانۇنچىلىقى)، «ھەدىس»، «قۇرئان، تەفسىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغانلىقى مەنبەلەردە ئېيتىلماقتا. بۇلاردىن باشقا خوجىلار زامانىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، تەربىيىلىنىپ ھەم ئىلمىي، بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىنى باشلىغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ بۇ دەۋردە بىر قاتار تەرجىمە ئەسەرلىرى بولغان.

2) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىكى ئالاھىدىلىك.

خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي نۇقتىدىن ئىلغار ئىدى. بۇ خىل ئىلغارلىق ئادالەت، مەرىپەت، گۇمانىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەندى. ئادالەت ۋە مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى كۆپچىلىك شائىر - يازغۇچى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئورتاق خاھىش بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ خىل ئىدىيە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن يۇقىرى قاتلىمىغىچە بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يات نەرسە ئەمەس ئىدى.

بىرىنچى گۇمانىزم. خوجىلار زامانىسىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرتىپ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقى دەپسەندە قىلىندى. بۇ خىل ئەھۋال كۆپچىلىك ئاپتورلاردا گۇمانىزملىق ئىدىيىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىلغار پىكىرلىك شائىرلار ئاغزىدىن ھەسەل تېمىپ، دىلىدا زەھەر قايناپ تۇرغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ۋە ئۇلار ئورۇن ئالغان ھۆكۈمرانلار سورۇنىغا گۇمان بىلەن قارىدى. ئۇلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوڭ ھاڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇدى، نەتىجىدە، بەزى شائىرلار، مەسىلەن ئىسمائىل مەھزۇن قاتارلىقلار سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئىپادىلىدى. بۇ دەۋردە يېزىلغان داستانلارنىڭ ئىدىيىۋىلىكى تەرەپتىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، بەزى يازغۇچىلار ئۆز داستانلىرىنى تراگېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى روشەن دەۋر ئەينىكىگە ئايلاندۇردى. موللا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، سەلاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرىدا مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئىنتىلگۈچى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ چىرىك فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بوغۇشى ۋە نىكاھ ھۆددىچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەل-

---

① بۇ 1317 - يىلى سۇلايمان مۇھەممەد ئەلى بىننى ئەبۇل فازىل داۋۇت بىننى مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدۇل بىناكىتى تەرىپىدىن يېزىلغان.

② ئە. بايتۇر، خ. سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1059 - بەت.

مەي، ھەسرەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىدەك تراگېدىيىلىك تەقدىرى كۆڭۈل قويۇپ
تەسۋىرلىنىپ، خوجىلار زامانىسىدىكى گۇمانىزملىق ئىدىيىنىڭ يازغۇچىلار ئىجادىيىتىدىكى
مۇھىم سىياسىي خاھىش بولۇپ قالغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسەتتى.

ئىككىنچى، ۋەتەنپەۋەرلىك ئىدىيە كۈچەپ تەرغىب قىلىندى. م. زەلىلىنىڭ «سەپەرنا-
مە»، گۇمنام، نەۋبەتى، مەھزۇن، مەشھۇرى غەزەللىرى ناھايىتى ئېنىق مىسال بولىدۇ.
خوجىلار زامانىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، يالغۇز
مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ
ئورتاق ئالاھىدىلىكتۇر. لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئابستراكت ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلەشتىن،
بىرقەدەر كونكرېت، جانلىق، تەسىرلىك بايان قىلىشقا ئۆتۈش ئۈچۈن بىرمۇنچە جەريانلارنى
باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئابستراكت ۋەتەن-
پەرۋەرلىك چۈشەنچىلىرى ئورقۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
تىلغا ئېلىنغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ نامى بىلەن بىر قەدەر كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ ئىپادە
قىلىنغانىدى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن نەچچە ئون كوپلېت
شېئىر - قوشاقلاردا قىزىل دەرياسى، ئارتۇچ دەرەخلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مىسرا-
لاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك
ئىدىيە تولىمۇ يوشۇرۇن تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق پىنھانلىق ئادىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەچچە
ئەسىر داۋاملىشىپ، كىشىلەر ئىنتايىن تىت - تىت بولغان چاغلاردا لۇتفى، مەۋلانە سەككاكى
قاتارلىقلار تىرىكلىكىدە ھارماي - تالماي ئىزدىگەن تەڭداشسىز گۈزەل مەھبۇبىنىڭ دىرىكىنى
خوتەن دىيارىدىن ئېلىپ، چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمگەنلىكىنى نەزمىگە قېتىشى ئارقىلىق
خەلقپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، سېھ-
رىي قىممەتكە ئىگە قىلدى. ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئۇستازلىرىدىن بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان
ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسە-
رى «خەمسە»دە «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى پەرھادنى توپ توغرا
چىنلىق يىگىت قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى سۆيۈملۈك يۇرتىغا
بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خوجىلار زامانىسىغا كەلگەندە
ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەشتە تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولدى. گۇمنام ئەزىزانە كاشغەرنى، نەۋبە-
تى گۈزەل خوتەننى، زەلىلى باياشات يەركەن ۋە باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى روشەن ئىبارىلەر،
جانلىق تەسۋىرلەر، سەلتەنەتلىك سۈپەت بىلەن زوق - شوخلۇقتا نەزمىگە قاتتى. ئۇلارنىڭ
بۇ خىل جاسارىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا چوڭقۇر تەسىر
كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، دىداكتىكىلىق شېئىرىيەت تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىداكتىكى-
لىق ئەدەبىيات ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قوچۇ ئۇيغۇر شېئىر - قوشاقلىرى، «قۇتادغۇبى-
لىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلاردىن باشقا نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئۈگۈت - نەسىھەتكە
دائىر ئېسىل مەزمۇنلار بار ئىدى. خوجىلار زامانىسىدا سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي
ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى، دىنىي ئىدېئولوگىيىدە كۆپ مەنبەلىشىش، ئىشانلىق،
تەركىدۇنيالىق،تەركىيۋەتەنچىلىك، ئەۋلىياپەرەسلىك، كارامەتچىلىك قاتارلىق مەۋقەلەرنىڭ
تىزگىنسىز كېڭىيىشى، جاھالەت ۋە ساختىلىقنىڭ يامرىشى بىلەن كىشىلەردە ئادەمگەرچە-
لىك، ئىنسانىي پەزىلەت، ئىجتىمائىي تەرتىپ ئېغىر دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى. بۇلارنى
تۈزەش، توغرا ئىزغا چۈشۈرۈش بىر تەرەپتىن ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە ئەدىبلەرنىڭ

زىممىسىگە چۈشتى. بۇ شەرەپلىك خىزمەتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ «كۇللىيات مەسنىۋى خەراباتى» ناملىق ئەسىرىدە ئىشانلىق ئىدىيە ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت، ئادەم ۋە روھىيەتنى تۈزەشكە دالالەت قىلىنغان قىممەتلىك دۇردانىلەر ناھايىتى روشەن جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ دىداكتىكا مۇھىم مەزمۇنلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

3) بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

بۇ تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، رېئالىم، سىمۋولىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى راۋاجلاندى.

ئىككىنچى ئەنئەنىچىلىك، كلاسسىكىزم ۋە تەقلىدچىلىق ئېقىملىرى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرى ئىزچىل قوللىنىلىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەت ياراتقانىدى. «قۇتادغۇبىلىك»، «جاھاننامە» قاتارلىق قاراخانىيلار ۋە يەركەن خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردە يۇقىرىقى ئىككى خىل مېتودتىن تاشقىرى سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەنىدى. خوجىلار زامانىسىغا كەلگەندە سىمۋولىزم ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلدى. لېكىن، رېئالىزم ۋە رومانتىزممۇ ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى سۈپىتىدە كۈچنى ئاجىزلاشتۇرمىدى، نەتىجىدە سىمۋولىزم رېئالىزمغا سايە بولدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈزلىنىشى ئەنئەنىچىلىك ۋە تەقلىدچىلىك خاھىشىنى كۈچەيتىش، يەنى قەدىمكى تېمىلارنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەن ئۇسۇل ئەۋج ئېلىپ بۇ ساھەدە ئىلگىرىلەش بولدى.

4) ئاپتورلار قوشۇنى ۋە ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىش

بىرىنچى، ئاپتورلار قوشۇنىدا زورىيىش بولدى. بۇ دەۋردە ھىرقەتى، خەراباتى، نەۋبەتى، مەھزۇن، سەلاھى، زەلىلى، ئابىد، موللا فازىل (كىچىك)، ئەرشى، فۇتۇھى، مەشھۇرى قاتارلىق داڭلىق شائىرلار ياشىغاندىن باشقا، يەنە موللا مۆمىن يەركەندى، مۇھەممەد رېھىم كاشغەرى، مۇھەممەد سادىق مىسكىن رۇشدى، ئابدۇئەلىم سەرمەنى، مىر فازىل موللا كىچىك يېڭىسارى، ئىمىنى، دەلىلى، موللا غەزەل، ئەكبەر شاھ، مۇھەممە ئىمىن سەدرى كاشغەرى، شاھ مۇھەممەد پەيرەۋى، ئۇلۇغ ئەزىزەم، بى بى مەسۇم ئەزىزەم، زۇلفىيە كاشغەرى، غەرىبى (? 1700 ـ ? ) قاتارلىق شائىر، ئەدىبلەرمۇ ئىجادىيەت بەيگىسىدە ئۈزۈپ ماڭغان.

ئىككىنچى ، ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىسىدە خاھىشچانلىق تېخىمۇ روشەن تۈس ئالدى، سىنىپىي مەۋقە كۆزقارىشى كونكرېتلاشتى. ھۆكۈمران سىنىپ ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئەدەبىياتىدا ئېنىق ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، زەلىلى شېئىرلىرى مېھنەتكەشلەر ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئەرشى فېئودال يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۆز شېئىرلىرىدا ھەممىشە مېھنەتكەشلەرگە مايىللىقىنى بىلدۈردى، ئەمما بۇنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىدى.

ئۈچىنچى، ئەدىبلەرنىڭ ئورۇنلىشىش دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇزۇن يىل تەرىقچىلىك يۈز بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىشى، زىيالىيلار مەركەزلىشىپ قېلىش ئەھۋالى خوجىلار زامانىسىدا ئومۇمىي ئەھۋال ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ

ئەدىبلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاندا - ساندا، ئەمما، تۈندە پارلىغان يۇرۇق يۇلتۇزدەك يەنى كۆزنى ئالاھىدە قاماشتۇرۇپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە يېتىشىپ چىقىپ تۇردى.

5) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولدى. يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى پارس تىلى بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ئىجادىيەت تىلى بولۇپ قالغان. خوجىلار زامانىسىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي تىللىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى. ئەمما، پارس تىلىدىمۇ ئىجادىيەت يۈرگۈزۈلدى. زەلىلى، ئەرشى، گۇمنام قاتارلىقلار ئىككى تىلدا ئەسەر يېزىشتى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىش بولدى. خەلق جانلىق تىلى ئەدەبىياتقا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىندى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلدى.

يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەر بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان 1678 - 1780 - يىللار مەزگىلىدىكى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە.

## § 2 . مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتى

### 1 - شائىرنىڭ ھاياتى

ھىرقەتى[1] خوجىلار زامانىسى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى كۆزنى ئەڭ قاماشتۇرىدىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا[2] كاشغەرنىڭ تازغۇن يېزىسى، باغچى كەنتىدە تۇغۇلغان[3]. شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن (شائىر «ھىرقەتى» دىن باشقا «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ ئىشلەتكەن.) ئاتىسىنىڭ ئىسمى خاجەم قۇلى، ئۇ ئاپئاق خوجىنىڭ دەۋرىدە باغۋەن، چىراغچى ۋە كاۋاپچى مەنسەپلىرىدە بولغان بۇ ھەقتە شائىر داستانىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ، نامىن بىلەيىن دېسە، مەجھۇل قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن، مەفھۇم بولسۇن دەپ، ھەدەف نامىمنى ۋە تەرەف مەقامىمنى تەئيىن قىلدىكىم مۇھەممەد ئىمىن ئىبن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۇلى... بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋىلايىتىدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدا يەتىدىن خالىي، ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراقچى ۋە سالىسە كەبابچى، بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋەشەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر.»

---

[1] ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا «خىرقەتى (يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى) دەپ ئېلان قىلىنغان. ئىلمىي خادىملار شائىر ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسىنىڭ «ھىرقەتى» (كۆيۈپ يانغۇچى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ھەقتە ئى. يۈسۈپ، ئا خوجا نەشرگە تەييارلىغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»نىڭ 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىغا قاراڭ.

[2] ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا شائىرنى 1634 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1724 - يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ ماتېرىيال ئاساسى كەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

[3] بۇ يەر ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە.

«ئېرور باغ مېھتەرى قىشلاقى باغچى،
ئىككىنچى مەنسەبى ئېرەدى چىراقچى،
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلەيىدۇر.»

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئاپاق خوجا ھوزۇرىدا باغۋەنچىلىك مەنسىپىدە ئىشلىسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا «ئازادەلەر (گوزەللەر، ئېسىلـ لەر) باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت (جاپا ـ مۇشەققەت) تاغىنىڭ گۈلى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، ھىرقەتى داستانىدا ياراتقان «سابا»، «گۈل» ۋە «بۇلبۇل» قاتارلىق سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان ۋىسال شادلىقى ئىشقىدا كۆيۈپ ـ يېنىپ كۈيلەيدۇ.

## 2 ـ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»

شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق داستانى بار[1]. بۇ 2000 مىسرا ئەتراپىدىكى ئەسەرنى[2] ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى «مۇقەددىمە»[3] قىسمى. بۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىرقانچە ئابزاس نەسرىي بايان، بېيىت ۋە نەزمىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇلاردا شائىرنىڭ ئىشقىي مۇھەببەت، ئەمگەك (مېھنەت)، ۋىسال توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك بىر مۇقەددىمە، بەش ماۋزۇ ئاجرىتىـ لىپ، رەسۇلىللا، چاھارىيالارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ؛ ئاخىرىدىكى بىر ماۋزۇدا ئاپتورنىڭ كىتابنى باشلاش توغرىسىدىكى كۆزقارىشى بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلەك داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، بۇ ئىككى بابتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بابى تۆت بەتلىك نەزمىدىن كېيىن 16 ماۋزۇغا، ئىككىنچى بابى ئۈچ بەتلىك نەزمىدىن كېيىن 23 ماۋزۇغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى قىسمى «خاتىمە كىتاب ۋە فاسىھەئى خىتاب» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، بۇ داستاننىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم. داستان پۈتۈنلەي ئارۇز ۋەزىنـ نىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا تۆتلۈكلەردىن 24 كۇپلېت قوشۇمچە قىلىنغان. بۇنى داستان مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، شائىرنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىي دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندە داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھىرقەتى داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىشتىن بۇرۇن «مۇھەببەت» سۆزىدىكى

---

① ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا بۇ داستان 1670 ـ يىلى يېزىلغان، شائىر 16 يىل مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، دېگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەنبەئە ئاساسى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا، بۇلار توغرىسىدا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

② داستاننىڭ بىردىن ـ بىر قول يازمىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، نومۇرى 004. ئىلگىرى يەنى 1957 ـ يىلى، 1982 ـ يىللىرى ر. جارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان. 1993 ۋە 1995 ـ يىللىرى ئى. يۈسۈپ، ئا. خوجىلار تەرىپىدىن قايتا تولۇقلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ۋە ئايرىم كىتابچە بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم بۇ كىتابتا ئاخىرقى قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلدى.

③ ئاپتور ئۆزى «مۇقەددىمە» دېمىگەن، بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق ئاتاپ تۇرۇلدى.

ئەرەبچە ھەرپلەرنى ئاجايىپ ئوخشىتىشلار ئارقىلىق شەرھلەپ، دېمەكچى بولغان مەقسەتنى بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ساپ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، مۇھەببەت قويغان كىشىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ۋە نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقىي ئىشق يولىغا كىرگەن كىشى ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپا قىلىشى، ساداقەت كۆرسىتىشى، جاپاغا چىداپ، ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ ئۈمىدۋار بولۇشى، بۇلار ئارقىلىق مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شائىر بۇ داستاندا پەرۋانىنىڭ شام (چىراق) ئىشقىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى توغرىسىدا ئايرىم باب ئاجرىتىدۇ. ئادەتتە شائىرلار ئىشق - مۇھەببەتكە گىرىپتار بولۇپ قاتتىق كۆيگەن كىشىلەرنى پەرۋانىگە ئوخشىتىدۇ. ھىرقەتى بولسا پەرۋانىنىڭ چىراغ ئىشقىدا كۆيگەنلىكىنى تۇرمۇش رېئاللىقىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ بەرگەن. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك چىققان.

شائىر ئۇندىن كېيىن داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىغا كۆچۈپ، گۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ داستاندا ئەمگەك بىلەن مۇھەببەتنى قىياس قىلىپ، ئەمگەكسىز ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇھەببەت تاتلىق، ئەمگەك بولسا ئاچچىق، لېكىن ئادىل ئەمگەكتىن ئىشقىي مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. شائىر ئادەمنىڭ تېنى قاندۇر، ئۇنىڭ پاكلىقى مۇھەببەتتە، مۇھەببەت بولسا ئادەمنىڭ باھاسى بولۇپ، ئۇ بولمىسا داۋامى بولمىغان بولاتتى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنسانىي خىسلەتلەر داستاندىكى سابا ئوبرازى ئارقىلىق ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ (بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈلنىڭ) پۈتۈن ئىشقىي مۇھەببىتىدە ئاساسىي رول ئوينايدۇ. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئەسلىدە شائىرنىڭ ئوي - پىكرىدىن پەيدا بولغان كىشىلىك ئوبرازلار ئىدى. ئەمما، داستاندا ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئېتى تەبىئەتتىكى غەيرىي ئىنسانىي شەيئىنىڭ نىشان - بەلگىسى قىلىنغان. ھالبۇكى مۇشۇ بەلگىلەرگە XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەخلاقىي قارىشى، پەلسەپە قاراشلىرى سىڭگەن، مۇجەسسەملەشكەن. ئۇ مېھنەت ئارقىلىق مۇھەببەت (ۋىسال) گە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن داستان. شائىر ئەسەرگە بىرقەدەر كۆپرەك ئابستراكت پىكىرلەرنى سىڭدۈرگەن، ئابستراكت نەزەرىيىلەرنى كۆپرەك بايان قىلغان. پلېخانوپ: «ئابستراكت كۆزقاراشلار بىز بىلىدىغان بارلىق ئاقارتىش دەۋرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر»[1] دېگەنىدى. سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇنداق ئابستراكت كۆزقاراشلارنى ئىپادىلەشكە بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بىر فرانسىيىلىك ئالىم: «سىمۋولىزم بىر خىل بەدىئىي شەكىل، ئۇ ھەم بىزنىڭ رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئىستىكىمىزنى قاندۇرىدۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رېئال چەكلەردىن ھالقىغان ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرىدۇ، ئۇ بىزگە كونكرېت چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابستراكت چۈشەنچىلەرنىمۇ

① «پلېخانوپ ئېستېتىكا ئەسەرلىرى»، 1 - توم، خەنزۇچە، 237 - بەت.

بېرىدۇ» دېگەنىدى[1]. ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»نى ئىجاد قىلىشتا سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەل شۇ مەقسەتكە يەتكەن ھەم رېئاللىقنى تەسۋىرلىگەن، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن ھەم كونكرېت نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەن، ھەم ئابستراكت نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەن.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» تىندىنسىيۋىلىكى خېلىلا كۈچلۈك ئەسەر. ئۇنىڭدا ئابستراكت قاراش كۆپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋەقەلىك ئازراق، ئەمما شائىرنىڭ پىششىق بەدىئىي ماھارىتى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقى ھەمدە ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇشتەك ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى داستاننىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتكەن.

ھىرقەتى داستاندا ئۈچ تۈرلۈك سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىدۇ. شائىر بۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا خاس سەمىمىي مۇھەببەت ۋە كىشىلىك ئەخلاق ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سابا كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئوبرازى بولغاچقا، ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى - يامانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. مەلۇمكى، شائىر ئۆمرىنى ئاپپاق خوجىنىڭ دەرگاھىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ («خوجىلار»نىڭ) زىتىغا مۇخالىپ «قىيامەتلىك گۇناھ» دەپ سانالغان ئىشقىي مۇھەببەت مەسىلىسىنى داستانغا ئاساس قىلىپ ئالدى ۋە ئۆزى شۇ مەسلەكنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھىرقەتى «خوجا دەرگاھى»دىكى مەنمەنلىكنى، مەئىشەتلىك تۇرمۇشنى، تېتىقسىزلىقلارنى ئاچچىق كىنايە بىلەن پاش قىلدى. شائىر خەلق بولمىسا، شاھلارنىڭ ھالىغا ۋاي، بۇ دۇنيادىكى ھەممە مەئىشەت — خەلق بىلەن، ئەمگەك بىلەن تاتلىق، دېگەن تارىخىي ھەقىقەتنى ھىمايە قىلدى. ئۇ: «گەر نەۋكەر (ئەسكەر — خەلق) بولمىسا، شاھ گاداي بىلەن ئوخشاش، مۇبادا شۇنداق بولىدىغان بولسا، قايسى بىر شاھ ھۆكمى بىجا كەلتۈرۈلسۇن» دەپ يازىدۇ. ھىرقەتى ئەمگەكتىن قاچقان، ئەمگەكتىن ياتسىنىپ، يىرگەنگەن شەخسلەرنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ. بۇ خىل خاھىش سابا ئوبرازىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

سابا ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئوي پىكرىدىن يۇقىرى تۇرغاچقا، ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلىك ئادالەتنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزىلگۈلدىكى ھۆسن گۈزەللىكنى بۇلبۇلغا مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇلبۇلنىڭ ئىشقىي مۇھەببىتىنى قىزىلگۈلگە ئېلىپ كېلىپ ئۇلىدۇ. شائىر قىزىلگۈل ئوبرازىدا زامانىنىڭ پاك، ۋىجدانلىق ئەخلاق ئىگىسىنى كۆرسەتتى. ئىشقىي مۇھەببەت — ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت، روھىي ئوزۇق، مەردانىلىك بىلەن ئىنسانىي ئادىمىگەرچىلىكنىڭ بەلگىسى. شائىر تەرىپىدىن قىزىلگۈلگە ئاتا قىلىنغان خىسلەتلەر ئەينى شۇنداق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئارتۇق كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلدى. شائىر داستاندا ئادەم بالىسىغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك، مەردانىلىك ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىجابىي خىسلەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شەرتلىك رەۋىشتە ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىنى مەركىزىي مەسىلە قىلىپ ئالدى. ئىشقى - مۇھەببەتسىز ياشاش، — دەپ تەكىتلىدى شائىر، — ئادەم بالىسىنىڭ

① «دۇنيا سەنئىتى ۋە ئېستېتىكىسى»، 1 - قىسىم، 13 - بەت، مەدەنىيەت سەنئەت نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

روھىي جانسىزلىقى دېگەن سۆز، ئىجابىي دەپ سانالغان ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىنىڭ
ھەممىسىگە ئۈز لايىقىدا ئىشقى ـ مۇھەببەت كېرەك. بولۇپمۇ ئادەم بالىسىنىڭ ئىنسانىي
پەزىلىتى —ئۇنىڭ مۇھەببىتىدە، دەپ باھا بەردى. بۇ ئاددىي كىشىلىك خۇسۇسىيەتنى
چۈشەنمىگەن ئىدراكسىز بەغەرەزلەرنى شائىر قاتتىق قامچىلىدى. ئۇ ئىشقىي مۇھەببەت
مەسىلىسىگە شەخسىي غەرەز بىلەن قارىمىدى. شائىر ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ ئىنسانىي
خىسلەتلىرى نېمىدىن ئىبارەت، دېگەن مەسىلىگە قىزىلگۇل بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئارىسىدىكى
مۇناسىۋەت ئارقىلىق جاۋاب بەردى.

بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۇلنىڭ ھايات رولى «ياخشىدىن —ياخشى»نى ئىزدەش ئارقىلىق
كېلىپ ئۇلاشتى. بۇ يەردە ھىرقەتنىڭ دۇنياغا بولغان ئۈمىدۋارلىق كۆز قارىشى يېڭىپ
چىقتى. ئادەتتە شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن داستان ۋە ھېكايە ـ قىسسەلىرىدە
قىزىلگۇل بىلەن بۇلبۇلغا ئوخشاش قەھرىمانلار زامانىسىنىڭ قاراڭغۇ ـ جاھالەت پاجىئەلىرى-
گە ئۇچراپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»
دە ئۇنداق ئەمەس، ئادالەتسىزلىكنى ئەقلىي ئادالەتلىك يېڭىپ، داستاننىڭ تىپىك قەھرىمان-
لىرى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. شائىر بۇ جەھەتتىن داستانغا يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇن
بەردى.

ھىرقەتى بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۇلنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، داستاندىكى: «مۇھەببەت
ئادەمنىڭ باھاسىنى ئۆلچەيدىغان نەرسە، مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ» دېگەن تەلىماتقا
قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. بۇ تەلىمات تىپىك قەھرىمانلارنىڭ كىشىلىك خىسلەتلىرىنى ئېچىپ
كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، داستاندا بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۇلنىڭ ئىچكى روھىي
ھالەتلىرىنى مۇڭ ئارىلاش گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئالاھىدە
دىققەت قىلدى. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئىجابىي قەھرىمانلار سىمۋول-
لۇق كۆچكە ئىگە بولسىمۇ، ئەسلىدىمۇ بۇ شائىرنىڭ يورۇقلۇق، ئادالەت، ئەمگەكچىلەرگە
مۇھەببىتىنى، جاھالەت، زۇلمەت ۋە زالىملارغا بولغان نەپرىتىنى، يەنى ئىجتىمائىي
ھاياتتىكى بىر ـ بىرىگە زىت بۇ ئىككى ئامىلغا بولغان ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتىنىڭ
ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. قىسقىسى، بۇ —ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ ئارىسىدىكى
مەنىۋى كۈرەشنىڭ تەسۋىرى ئىدى. بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۇل شۇ دەۋردىكى ۋىجدانلىق
ياشلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. شائىرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى
ياشنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان كىشىلىك مۇھەببىتى «سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق-
راقتۇر، ئەمدى سېنىڭ ئۆلتۈرگىنىڭ بولسا جاندىن ئارتۇق بولىدۇ» دېگەن مىسرالاردا
ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىپادىسىنى تاپقان.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنىڭ تىلى X VII ۋە X VIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ھىرقەتى بۇ داستانى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانچىلىك بەدىئىي
قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. داستاننىڭ ھەربىر مىسراسى
چوڭقۇر مەنالىق ھېكمەتلەرگە باي بولۇپ، ھىرقەتى بۇ ئوبرازلىق ۋە رەڭمۇ رەڭ ئىبارىلەرگە
پەقەت جانلىق خەلق تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە يەتتى.

خەلق تىلىنىڭ ئەڭ نازۇك ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا بەدىئىي جەھەتتىن رەڭ
بەرگەن شائىر داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ خۇلقى مىجەزىگە يارىشا بايان ۋە تەسۋىر قوللىنى-
دۇ. مەسىلەن، قىزىلگۇلنىڭ بۇلبۇلغا، بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۇلگە يازغان ئىشقى مۇھەببەت
خەتلىرى ياكى سابانىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆزقارىشىنى ئىپادە قىلغان مىسرالىرى بۇنىڭغا

دەلىل بولالايدۇ.

شۇنداق قىلىپ داستاندا، XVII ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىقى بىلەن گۈزەللىكى ۋە ئاددىيلىقى بىلەن مەنىدارلىقى ئۆزىنىڭ ئەكسىنى تاپقان دەپ ئېيتىمىز.

ھىرقەتىنىڭ تىل بايلىقى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»نىڭ بەدىئىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى. شائىرنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن، شېئىر ۋەزنىدە بولغان مەنتىقى بىرلىك، داستاندا تەسۋىرلەنگەن سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. ھىرقەتى داستانىدا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، كىنايە، سوراق ۋە تەكرارلاشقا ئوخشاش ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ تىلدىن پايدىلىنىش ئۈلگىسىنى ياراتتى. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتىي تەجرىبىلىرى، تەسىراتلىرى تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق ئاجايىپ تەسىرلىك يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ شائىر سابا، بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈلنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە تىل ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى. مەسىلەن، بۇلبۇل مەشۇقىنىڭ تەرىپىنى قىلغاندا ئۇنىڭ قانچىلىك كۆيۈپ - پىشقانلىقى «ئەگەر، تۈمەنمىڭ جىلۋە قىلىپ قالسا، مېنىڭ مەشۇقۇم، غېرىب جېنىم تېنىمدە ھېچقانداق ئارام قالمايدۇ، كۆزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىغا سۇ سېپىمەن، ئاھ ئۇرۇپ، ھوشۇمدىن كېتىمەن» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

داستانىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر شەرق مۇسۇلمان كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى داۋام ئەتتۈرۈش بىلەن.بىللە، بۇ داستانىنى يېزىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. بۇ ئۇسلۇب ھىرقەتىگە نىسبەتەن ئىككى جەھەتتىن، يەنى تىل تەسۋىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ روشەنلىكى بىلەن پەرق قىلاتتى.

ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»نىڭ مەزمۇنى بىلەن بىللە، ئەدەبىي شەكلىگىمۇ چوڭ ئېتىبار بەردى. داستان شەرق مۇسۇلمان كلاسسىكلىرىنىڭ مەسنەۋى (جۈپ قاپىيە) شەكلىدە يېزىلىپ داستانىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. داستاندا يەنە بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرىنچى مىسرانى تەشكىل قىلغان ئايرىم سۆزلەر بەزىدە ئىككىنچى مىسرادىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۆز ئەينى بىلەن ئەمەس، قىسمەن گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇچرايدۇ. ھىرقەتى بۇ ئۇسۇلنى ئىپادە قىلماقچى بولغان ئوي - پىكرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان.

داستان ھېكمەتلىك سۆزلەر (ئافورىزم) گە باي. بۇ ھېكمەتلەر شائىرنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىجتىمائىي كۆزقاراشلارغا پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ئەۋلادلىرىغا «ئەي يارانلار، باغرى لەختە - لەختە قان بولغانلار، مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلاي، بىلىڭلاركى، ھەممە تاغنىڭ ئىچىدە كان بولمايدۇ، جاھاندا تاغلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سانى بولمايدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

دېمەك، ھىرقەتى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتىدا ياشاپ، ئىجاد ئەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. ماھىر ۋە ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى سۈپىتىدە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

### 3 - «دىۋانى گۇمنام»

«دىۋانى گۇمنام». بۇ ھىرقەتىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

شائىر ھىرقەتى گۇمنام دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئىشلەتكەن. بۇ توغرۇلۇق ئىسھاق ئىبن زىياۋۇدۇن «تەزكىرەئى قەلەندىران» (1719 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر ئۇچۇر قالدۇرغان[①]:

«پىرمەت سىپتارى رىۋايەت قىلىدىكى، بىرنەچچە يۇرسەت پىقىر مەشرەبى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزەئىنىدىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتسىمال باغىنىڭ مۇتەسسەددىسى خوجا پاشا خىشەلەرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتى يەنە گۇمنام تەخەللۇسى قىلور ئەردى. ئانىڭ قەلەمدىن بەغايەت پۇرمەئىنى ئەبياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى».

بۇ بايانلاردىن بىز ھازىر مەلۇم بولغان «دىۋانى گۇمنام» ناملىق توپلامنىڭ ھىرقەتىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيمىز[②].

«دىۋانى گۇمنام»دا غەزەل كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مۇخەممەس، رۇبائىي، تەرجىبەندلەرمۇ بار[③].

گۇمنام غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا، شائىرنىڭ ئومۇمىي دۇنياقاراش جەھەتتىن سوفىزمنىڭ ئەڭ ئىلغار گۇرۇھى نەقشىبەندىيەلەرنىڭ پانتېستىك ۋە مونىستىك قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا سىڭدۈرگەن ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئىجاد يولىنى يورۇتقانلىقىنى[④] بايقايمىز، يەنى شائىر غەزەللىرىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان «ئاشىق ـ ئاشىقلىق» ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

مەلۇمكى «تەسەۋۋۇپ ئىلاھ ۋە ئىلاھى كۈچلەرگە، ئادەمنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقاد؛ مىستىتسىكا»[⑤].

تارىختىن شۇ نەرسە ئوقۇلۇدىكى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي مەۋقەنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۇز نۆۋىتىدە ئومۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى، دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ... تەسەۋۋۇپ مۇھىم بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەرق تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان بىر خىل دۇنيا قاراش. گەرچە، تەسەۋۋۇپ كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بەدەخشاندىن تارىمغىچە بولغان رايونلاردا خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئاتالمىش سوپىلار تەرىپىدىن سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن بىر خىل پەلسەپە ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە تەسەۋۋۇپ

---

① «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 ـ يىللىق 8 ـ سان، تاشكەنت.

② بۇ قېتىم كىتابىتا بىرىنچىدىن «تەزكىرەئى قەلەندەران» دىكى بايانلار؛ يەنە بىرى بەزى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ھىرقەتى بىلەن گۇمنامنى بىر ئادەم دەپ تونۇشتۇرۇپ تۇرۇلدى. بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا بىر سۆزنى بىرقانچە ئادەم تەخەللۇس قىلغان ئەھۋاللار بار، يەنى «گۇمنام» دېگەن سۆزنى باشقا شائىرلارنىڭمۇ تەخەللۇس قىلىشى نورمال ھادىسە. دېمەك، گۇمنام تەخەللۇسلۇق يەنە باشقا شائىرنىڭمۇ ئۆتكەنلىكى ئېھتىماللىقتىن يىراق ئەمەس. — ئاپتور.

③ م. ئوسمانوۋ نەشرىگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان گۇمنام غەزەللىرىگە قاراڭ.

④ ش. ئۆمەر «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، 632 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.

⑤ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 280 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىي سۆيگۈسى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد ۋە ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھەرقانداق دىنىي پەلسەپە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. شۇڭا، كۆپلىگەن ئالىملار بۇ دەۋرنى «شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى» ياكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى ۋە «كېيىنكى دەۋرلەردىكى ياۋروپا ئويغىنىشىغا ئاساس ياراتتى» دەپ قارىدى[1].

گۈمنام شېئىرلىرىدىكى تەسەۋۋۇپ تەسىرى شەكىل جەھەتتىكى ئۇقۇم بولۇپ، شائىر شېئىرلىرىنىڭ ماھىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئۇنىڭدا ئىنسان قەدىر - قىممىتى، ئەقىل - زاكاۋىتى، گۈزەللىكى، ۋاپادارلىق، يۇرت كۆركى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم خەلقچىل-لىق خاھىشى ئاجايىپ تەسىرلىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.

گۈمنامنىڭ «كاشغەر» ياكى «ھەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر» ناملىق غەزىلى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر بىر غەزەل بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ چىن ھېسسىيات، ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر خىل يۈكسەك ئىنسانىي چۈشەنچە، يەنى ۋەتەنگە سادىق بولۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز خەلقىنى قوغداش، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىدىيىسىدىن ئىبارەت.

ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىلەرنىڭ كەسپى، ئورنى ۋە مەۋقەسىگە ئاساسەن ھەر خىل شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدۇ. گۈمنام چىن ھېسسىياتقا ئىگە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنى ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ كونكرېت ئوبيېكتنى تەسۋىرلىگەندە بىردە كونكرېت تەسۋىرى ۋاسىتىلەرنى ئوقۇشلۇق ۋە تەسىرلىك يوسۇندا ئىشلەتسە، بىردە مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز ۋاسىتىسىگە تايىنىپ، شېئىرىي مىسرالارنى ئاجايىپ جەزىبدار قىياپەتكە ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نازۇك قەلبى ۋە تەسكىن ھېسسىياتىنى لەرزىگە سالىدۇ.

گۈمنام تەسۋىرىدىكى يۇرتنىڭ سېھرىي قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئابى روكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خولۇدىن ئەفزۇن تۇمەنمىڭ لالىزارى كاشغەر.
ئۇد، ئەنبەر تۇپرىغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دۇررى مەرجان تاشلەرىدۇر كوھسارى كاشغەر.
(ئۇنىڭ ئالدىدا رۇكناباد سۇيى ۋە مۇسەللا گۈلشىنى چاغلىق بىر نەرسە،
ئۇنىڭ لالىزارى جەننەتتىن تەمەنمىڭ ھەسسە ئارتۇق.
......
ئۇنىڭ توپىسى ئىپار پۇرايدۇ، سۇلىرى بولسا ئابى كەۋسەر،
كاشغەرنىڭ تاغلىرىنىڭ تاشلىرى ئۈنچە - مارجاندۇر.)

شائىر بۇ مىسرالاردا يۇرتنىڭ خاسىيتى، گۈزەللىكى، سۆيۈملۈكى ئالدىدا ئەپسانىلەردە سۆزلەنگەن «رۇكناباد سۇلىرى»، ۋە «مۇسەللا گۈلشىنى» ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ

---

[1] ئە. سۇلايماننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىدىكى ماقالىسىنىڭ 52 - بېتىگە قارالسۇن.

ھېسابلىغان، ئۇ «كاشغەرنىڭ لالىزارى»نى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇپرىقىنى ئىپار، سۇلىرىنى «كەۋسەر»، تاشلىرىنى «ئۈنچە - مارجان» دەپ تونۇيدۇ ھەم ئاشۇ يۇرت قۇچىقىدا تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن قىممەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە.

گۇمنام ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈپ،

ئەيشى ئىلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،

چۈن سۇلايمان دەۋلەتىدۇر خارى - زارى كاشغەر.

(كۆتۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە بۇ جايىنىڭ، ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۈل پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇنىڭ ۋەيرانلىرى سۇلايمان دۆلىتىگە تەڭدۇر)

دەپ يېزىش ئارقىلىق، كاشغەردە ئۆسكەن ياۋا تىكەنلەرنىڭ گۈلىمۇ خوش پۇراق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ۋەيرانلىرى رىۋايەتلەردىكى «سۇلايمان دۆلىتى»گە تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىزهار قىلىدۇ. ئارقىدىنلا بۇ سۆزنى يەنە كۈچلۈك ئىسپاتلاپ:

يابەرى، ياھۆرى يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،

شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

(كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ھۆر - پەرىلەرگىمۇ ھەۋەس قىلمايدۇ، ئۆز يۇرتىنى بولسا ئۇنتۇپلا كېتىدۇ)

دەپ يېزىپ، بۇ ماكان ئەنە شۇنداق ئەزىز ھەم تەۋەررۇك ماكان، دېگەن يالقۇنلۇق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ.

جۈملىدىن:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر،

دىلكۈشا، ئىشرەت فەزا، ھەر سەبزە زارى كاشغەر.

(كاشغەر شەھرىنى گۇمنامنىڭ يايلاغى دەپ بىلىڭلار،

كـاشغەرنىڭ يـاپيېشىل چـىمەن باغلىرى كىشىنىڭ دىلىنى شادلاندۇرىدۇ. ئىشرەت [ھۇزۇر] بەخش ئېتىدۇ)

دېگەن قۇرلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانلاندۇرغۇچى ۋە چەكسىز ھۇزۇرغا ئېرىشتۈرگۈچى ياپيېشىل باغ - ۋارانلار بىلەن ئورالغان گۈزەل كاشغەرنى چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن «مېنىڭ يايلىقىم» دەپ تەرىپلەيدۇ.

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر تەرەپ،

«ئىشق ئۇلپەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جوش ئېتەر،

تۇپراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.

(ئىشق - ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرت - مېھنەت جوش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قۇرۇلغان)

دېگەن شېئىرىي مىسرالىرىدا تەسۋىرلىگىنىدەك شائىر گۇمنام ياشىغان دەۋرلەردىكى كاشغەرنىڭ «قورغانلىرى» گـەرچە «ھـەسرەت تـوپىسى بىلەن قوپۇرۇلغان»، ئۇنىڭ «ئىشق - ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرد - مېھنەت جوش ئۇرۇپ» تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاسىيە-

تى، گۈزەللىكى، سۆيۈملۈكلۈكىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، تېخىمۇ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ:

دىلرەبالەر باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلىگەي،
بىرنىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۈزارى كاشغەر.
ھۆشمەندۇ، دەرمەندۇ، مەرد زەندۇلەپ چوقۇند،
نارخەندان، سىب رەنا ھەرنە بارى كاشغەر.

(كاشغەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىر بېقىشى بىلەن ھەرقانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن لېۋى خۇددى قەن شېكەرنىڭ ئۆزى، كاشغەرلىكنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇرغان قىپقىزىل ئالما).

دېمەك، شائىر ئۆز يۇرتىنى سۆيۈپلا قالماي، ئۆز خەلقىنىمۇ ئەنە شۇنداق قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ھەم قىزغىن سۆيىدۇ.

شائىر گۇمنامىنىڭ غەزەللىرىنىڭ كۆپى دېگۈدەك ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئوي - پىكىرلىرىنى مۇشۇ تېمىدىكى غەزەللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. ئۇ بۇ غەزەللىرىدە ئىشق - مۇھەببەتكە ۋاپا قىلىش كېرەكلىكى (4 -، 18 -، 32، 41 -، 59 - غەزەللىرىدە)، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ مەردىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى (1 -، 11 -، 13، 18 - غەزەللەر)، نامەرد بولماسلىق، نامەرد بىلەن ئاشنا بولماسلىق لازىملىقى (35 -، 46 - غەزەللەر)، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى جاپا - مۇشەققەت بىلەن (يەنى ئەمگەك ئارقىلىق) قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقى (38 - غەزەل). مەمەدان بولماسلىق، ماختانچاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى خار قىلىش بولىدىغانلىقى (46 - غەزەل) قاتارلىق ئىلغار پىكىرلەرنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن گەۋدىلەندۈرىدۇ[1].

## § 3. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

### 1 - زەلىلىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

زەلىلى يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا رېئالىستىك، رومانتىك شېئىرىيەتنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يالقۇنلۇق شائىر.

زەلىلى شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە مۇھەممەد سىدىق نامى بىلەن ئاتالغان. تەخمىنەن 1676 - 1755 - يىللىرى ياشىغان بۇ شائىر يەركەندە تۇغۇلغان. بالىلىق ھەم

---

① «دىۋانى گۇمنام» (بۇ ماۋزۇ كېيىن قويۇلدى) دىكى بىر قىسىم شېئىرلار 1957 - يىلى يەركەندىن بايقىلىپ، 1963 -، 1981 - يىللىرى ئېلان قىلىنغان. يېقىندا يەنە 5500 مىسراغا يېقىن بىر نۇسخىسى بايقىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىدا تاللاپ ئېلان قىلىندى.

ياشلىق چاغلىرىنى، شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشىپ، يەركەندىكى خانلىق مەدرىستە ئۆز ئانا تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەرەب، پارس تىلى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىيات ھەم باشقا پەنلەرنى پىششىق ئىگىلەيدۇ. شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ.

زەلىلى راسا يىگىتلىك قىرانىغا يەتكەندە «ئىشق ئېتىبارى» بىلەن نەچچە ئون يىللاپ سەپەر مۇشكۇللىنى چېكىپ، نۇرغۇن مەنزىللەرنى كېزىدۇ. كاشغەر، خوتەن، ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇللارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قەلەندەر» تەرزدە «مازارلار»نى تاۋاپ قىلىدۇ. 50 ياشلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، ئۇزۇن مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. قاتمال، بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپ ياكى ئىشانلىق كەمرەك تەسىر كۆرسەتكەن خوتەندە زەلىلى ئىدىيىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك خاھىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە پەسلەپ، رېئالىزملىق خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە، شائىر X VIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدئىي ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە ئايلىنىدۇ.

شائىر 80 يېشىدا، تەخمىنەن 1755 ـ يىلى خوتەندە ۋاپات بولىدۇ. ئۇزى ئۇزۇن يىل تۇرغان «ئالتۇنلۇقۇم» مەھەللىسىدىكى «ئالتۇن مازار»غا دەپنە قىلىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى «مۇھەممەد سىدىق يەركەندى خەلپەم قەبرىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئالتۇن مازارغا تاۋاپ ئۈچۈن كەلگەنلەر شائىرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلماي قالمايدۇ. كىشىلەر ھۆرمەتلىگەنگە يارىشا شائىرمۇ ئىجادىيەت قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. ① «سەپەرنامە» (1718) 2800 مىسرا ئەتراپىدا. ② «تەزكىرەئى چىلتەن» (1734) 226 بېيىت. ③ «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىپ»[1] (ياكى «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار» داستانى)، (1742)، 770 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇ داستاندا سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخانلارنىڭ ئۇستازى خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان. ④ ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا شائىرنىڭ ئىككى قولىيازما دىۋانى— «دىۋان كۇللىيات زەلىلى»، «دىۋانى زەلىلى» ساقلانغان، بۇلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئى. تۇرسۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1985 ـ يىلى بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتى «دىۋانى زەلىلى» توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭغا يۇقىرىقى داستانلاردىن باشقا، يەنە 196 غەزەل، 27 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزات، ئىككى قەسىدە، ئىككى ساقىنامە كىرگۈزۈلگەن.

زەلىلى ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر (تۈركىي) ۋە پارس تىللىرىنى قوللانغان. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرى مەخسۇس بىر توپلام بولغان.

زەلىلى شېئىرىيەتتە نەتىجە قازانغاندىن باشقا مۇسىقا (مۇزىكا)، مۇقام، چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەنمۇ ئوبدان تونۇش بولسا كېرەك. ئۇ شېئىرلىرىدا مۇقامغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە بىرمۇنچە چالغۇ ئەسۋابلارنى تىلغا ئالىدۇ. (مەسىلەن، نەي، ئۇد، ئەرغەنۇن، قالۇن، چاڭ، راۋاب ۋە باشقىلار)[2].

---

① خوجا مۇھەممەد شېرىپ — كاسان خوجىلىرى، 1543 ـ يىلى سايرامدىن يەركەنگە كەلگەن. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا مۇرد بولغان ۋە «دۆلەت ئۇستازى» دەرىجىسىنى بەرگەن، 1566 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

② «دىۋانى زەلىلى، كىرىش سۆزى»، (ئى. تۇرسۇن) 6 ـ بەت.

## 2 ـ زەلىلىنىڭ لىرىكىلىرى

زەلىلى شېئىرىيەت ساھەسىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن يالقۇنلۇق شائىر. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ مەيلى ئېپىك،مەيلى لىرىك تۈرى،مەيلى شېئىرىي تەزكىرە ژانىرىدا بولسۇن ئوخشاشلا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

شائىرنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، توغرا باھالاش زۆرۈر.

زەلىلى ياشىغان يىللار يەركەن خانلىقى ئاخىرلاشقان، «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» خوجا مەزھەپلىرىنىڭ زىددىيىتى ئۆتكۈرلەشكەن، ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا «قورجاقخان» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، جۇڭغارلارنىڭ دەم ـ دەم پاراكەندىچىلىك سېلىشلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلىۋاتقان بىر باسقۇچقا توغرا كەلگەن. دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە سوپى، زاھىد سۇرىتىگە كىرىۋالغان ئېكسپىلاتاتسىيە مۇتلەق ئۈستۇنلۈككە چىققانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرى...بىلەن ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىپ تۇردى. ئىدىيەلوگىيە تارىخىنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەش ئىچىدە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى زەلىلى دەۋرىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن[1].

زەلىلى يەركەندە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى مەلۇم. ئۇ 87 ـ غەزىلىدە:

تەۋفى ئىمام ئەيلەگەلى كەتتى بۇ زەلىلى،
ياركەند ئىچرە نەيلەسۇن ئابىزەمىنى يوق.

دەپ يازسا، 134 ـ غەزىلىدە:

بالا دەشتىدىكى ئەۋارەلەرنىڭ خەيلىدىندۇرمەن،
ھىسار ئولدى مەلامەت دەشتىدە بۇ جىسمى ئۇريانىم،

دەپ ئۆزىنىڭ يالاڭ ـ يالىڭاچلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

زەلىلى ھاياتىدا بەلگىلىك ئىلگىرىلەشمۇ بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن تېرەن مەزمۇنلار شائىرنىڭ كۆپ ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. زەلىلىنىڭ تەپەككۇرى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان يىللار گەرچە داۋالغۇش، پەن ـ مەدەنىيەتتە ئېسەنكىرەش بولۇۋاتقان چاغلارغا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئىككى يۈز يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە يۈكسىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلغان يەركەن خانلىقىنىڭ مەركىزى يەركەن شەھرى تېخىچە ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك سەلتەنىتىنى يوقاتمىغانىدى. زەلىلى ئۆزىنىڭ ئوقۇش ھاياتىغا بىۋاستە ئىلمىي دەرگاھ بولغان يەركەندىكى ئابدۇرىشتخان زامانىدا قۇرۇلغان خانلىق مەدرىسە ھەققىدە توختىلىپ:

چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملىكەت،
رەۋنەقى باغۇ چەمەنى مەئىرىفەت.

---

[1] ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 299 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997 ـ يىل.

بىر تەرەپى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستانىدۇر.
جەمئى ئىكەن مەدرەسەۋۇ ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان...
گەرمى مۇتالىئەدە ھەنگامە،
دەرس بىرۇر ۋەقتىدە ئەللامە.
ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۈچۈن،
مەسنەدى ھېكمەتتە فلاتۇن ئۈچۈن.

دەپ مەدرىستە شېئىرىيەت ۋە ئەفلاتۇنغا دەرس بېرىدىغان مۇدەررىسلەر بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلىم ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئىلىم دەرىجىسىنى ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن قوشۇپ ياخشى تەرىپلەپ ئۆتكەن.

زەلىلى مانا مۇشۇنداق ئالىم ـ ئۆلىمالار توپلانغان مەدرىسلەردە ئوقۇپ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ چىققان. ئۇ گەنگەنسېرى ئىلىمغا قانمىغان، جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە ئىنتىلگەن. مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەت، بۇرۇقتۇملۇق مۇھىت زەلىلى ئىدىيىسىدە قاتتىق سۇركىلىش پەيدا قىلىپ، بۇلار ئىنتىلىشچان شائىردا بۇرۇلۇش ياسىشىغا، گۇمانىزملىق ۋە ئىسيانكارلىق روھىنى تىكلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە شائىر رېئال مۇھىت، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نىسبەتەن باشقىچە چۈشەنچىدە بولۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايە ئەينى چاغدىكى شارائىتىدا قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ بۇ خىل قارشىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان.

چىندا مۇسافىردۇرمەن، ماچىن ئىچرە غەرب،
يار يۈزىنى كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغارىب.
كەتتى بەسى زوقۇنۇن، كەلدى بەسى ئەھلى جۇنۇن،
بولمادى مەندەك زەبۇن، دىلبەرىدىن ئايرىلىپ

زەلىلى تۇرمۇش ۋە ئىدىيىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 40 ياشلارغا كەلگەندە يەركەندىن ئايرىلىپ، جاھانكەشتىلىك سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇ ئالدى بىلەن كاشغەر ئاتۇش مەشھەتكە كېلىپ، سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئۈچ يىل تۇرغان. كېيىن خوتەن، ھەتتا ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرفان (تۇرپان) ۋە قۇمۇللارغىچە ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە «دىۋانە ئاشىقلار» نىڭ تەرزىدە «مازار» لارنى تاۋاپ قىلىدۇ. گوياكى «قەلەندەر سىفەت» (نان تىلىگۈچى دىۋانە ئەمەس، «ئاشىق قەلەندەر» ئەلۋەتتە) بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ يىل، بۇ يەردە ئىككى يىل ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئانىسىنىمۇ ئالدۇرۇپ كېلىپ،

خوتەندە تۇرۇپ قالىدۇ[1][2].

زەلىلى شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىزغىن ھەۋىسى بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئۇچقۇپ تۇرۇشى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسىلەردە كۆپ يىل ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «زەلىلى شۇ زاماننىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان ‹خانلىق مەدرىسە›دە ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇلى ۋە باسقۇچلىرى بويىچە پىششىق ئۆزلەشتۈرىدۇ. مەدرىستە ئوقۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي ساۋاتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى، ئۇزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇمتاز شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىدىكى ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بارلىق چوڭ - كىچىك ۋەقە ۋە شەخسلەر پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە دىتالىغىچە پۇختا ئۆگىنىدۇ. (بۇنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەقەلىك ئىبارىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.) ئۇ چاغلاردا، ئومۇمەن مەدرىستە تالىپلىرىدىن ‹نەزمە تەرتىپ› قىلمايدىغانلىرىنى يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. لېكىن زەلىلىنىڭ ئىجادىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ياش چېغىدىلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا ‹مەجبۇنلارچە ئاشىق› بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەۋەسكار تالىپلاردەك شېئىرنى ‹ئويناپ› يازماي، ‹ئويلاپ› يازغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن»[3]. زەلىلىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى قابىلىيىتى يەنە پارس تىلى بىلەنمۇ شېئىر يازالايدىغانلىقى[4] ئىسپاتلايدۇ.

زەلىلى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، قەسىدە، ساقىنامە ژانىرلىرىدا ناھايىتى سۈپەتلىك نەزمىلەرنى قالدۇرغان.

غەزەل — ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيىتىدىكى تارىخى ئۇزۇن، ئومۇملىشىشى كەڭ، خاس ئۇسلۇب بولۇپ شەكىللەنگەن ژانىرلاردىن بىرى. XI ئەسىردە ياشىغان شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ شەكىلنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى قالدۇرغان. ئۇلۇغ شائىر نەۋائى بولسا غەزەلچىلىكتە سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. نەۋائىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، لىرىك شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ غەزەلچىلىكتە نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ ئۇلۇغ «غەزەل پادشاھى»نى ئۇستاز، ئۆزلىرىنى شاگىرت ھېسابلىشىپ كەلگەن. زەلىلى غەزەللىرىنى مەزمۇن شەكىل تەرەپتىن ئەستايىدىل كۆزەتكەندە نەۋائى غەزەللىرى ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن شەكىل توغرىلىق سۆز قىلساق، نەۋائى ئومۇمىي غەزەللىرىدە ئارۇزنىڭ ئاساسىي بەھرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك (مەسلەن، ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇنسەرەھ، مۇزارى، مۇجتەس، ھەفىف، مۇشاكىل، مۇتەقارىپ، مۇتەدارىك، كامىل، تەۋىل بەھرىلىرىنى) ماھارەت بىلەن

---

① ئىمىن تۇرسۇن «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە» «زەلىلى دىۋانى»غا يېزىلغان كىرىش سۆز، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 6 - بەت.

② ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككىنچى كىتاب، 1-قىسىم، 357 - بەت، 1983-يىلى بېسىلغان) دا زەلىلى ئۆمرىنى يەركەندە ئاخىرلاشتۇرغان، دەپ يازغان بولسا، رەجەب يۈسۈپ «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىلى 2 - سان) ناملىق ماقالىسىدە زەلىلى خوتەندە ۋاپات بولغان دەيدۇ.

③ ئىمىن تۇرسۇن «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە».

④ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ف. سەدۋاقاسوۋ جاۋابكار رېداكتورلىقىدا تۈزۈلگەن)، ئالمۇتا، پەن نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 83 - بەت.

ئىشلەتكەن[1]. زەلىلىمۇ ئۆز غەزەللىرىدە، ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇتەقارىپ، مۇنسەرىھە، تەۋىل، مەقىق بەھرىلىرىنى ئىشلەتكەن[2].

كلاسسىك شائىرلار غەزەلنى كۆپىنچە 5 ـ 7 بېيىت بىلەنلا توگەللەيدۇ. زەلىلىمۇ ئۆز غەزەللىرىنى تولىراق 5 ياكى 7 بېيىتلىك قىلىپ يازىدۇ. لېكىن زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە 9، 15، 17، ھەتتا 25 بېيىتلىكلىرىمۇ بار. مۇنداق غەزەللەرمۇ قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتە قەسىدە ۋە مۇناجاتقا ياتىسمۇ، زەلىلى دىۋانلىرىدا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە غەزەللەر رىتىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، «زەلىلى دىۋانى»نى ئۇيغۇر بۇگۈنكى زامان يېزىق شەكلى بىلەن نەشرگە تەييارلاشتا غەزەل تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنداق بولغاندا، زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىق 70 غەزەل، يەتتە بېيىتلىق 65 غەزەل، ئۇنىڭدىن قالسا ئالتە بېيىتلىق (15غەزەل)، سەككىز بېيىتلىق (13 غەزەل)، توققۇز بېيىتلىق (15 غەزەل) بار.

ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە 16 خىل ژانىر ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ. زەلىلىنىڭ بۇگۈنگىچە ساقلانغان شېئىرلىرى بولسا سەككىز خىل ژانىردىن تەركىب تاپقان.

زەلىلى غەزەللىرى كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا ئىگە. زەلىلى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىللار شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى قاتتىق ئىجتىمائىي بۇھراننى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. خەلقنىڭ تەقدىرى ئۆكتەم ۋە مۇستەبىت خوجا ـ ئىشانلار قولىدا ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان. بۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىنى، يالقۇنلۇق خەلقچىللىق (ياكى گۇمانىستىك) روھ ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئاتا قىلدى؛ ئەليۇرتنىڭ پاجىئەسى، خەلقنىڭ چۇقانى، كۈرەشنىڭ كېلەچىكى، ۋەتەننىڭ تەقدىرى شائىرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ۋە ۋەتەنگە بولغان سەممىمىي مۇھەببەت بىلەن چەكسىز سادىقلىق، ياۋۇز، مۇستەبىت كۈچلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئادالەت ـ ھەققانىيەتنى مەدھىيىلەش، ھەقىقەتنى كۈزلەش ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىپ، خەلقنىڭ مۇھەببىتى، ئارزۇسى ۋە غايىسى ئىزھار قىلىنغان. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقىي ئۇلۇغ بىر سەنئەتكار بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆز ئەسىرىدە ئىنقىلابنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ». زەلىلى شېئىرلىرىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ شۇملۇقلىرى ۋە ياۋۇزلىقلىرىغا قارشى كۈرەشتە شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرى ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىشانلىق پىكىر ئېقىمىغا قارشى كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپلا قالماي، بەلكى بۇگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خوجا ئىشانلارغا قارشى كۈرەشكە قوشقان تۆھپىلىرىنى چۈشىنىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

ئىسيانكار شائىر زەلىلى زەھەرنى زەھەر بىلەن يۇيۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغان. بۇ نۇقتىنى شائىر شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن «ئىشق» مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرىدىن كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇ يەردە دېيىلمەكچى

---

[1] ياقۇبجان ئىسھاقوۋ «نەۋائى پوئېتىكىسى» («خەزائىنۇل مەئانى» ئاساسىدا)، تاشكەنت، س س ر «پەن» نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى.

[2] ئىمىن تۇرسۇن «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە».

بولغان «ئىشق» تەسەۋۋۇپ روھىدىكى «ئىشق» يەنى «ئىشقى شېئىرلار»نى كۆرستىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىش تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھېسابلانغان، «ئىشق» بولسا تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىرىيەتنىڭ جېنى ئىدى.

ئوت يۈرەك شائىر زەلىلىنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە ئىقتىدارى ياش ۋاقتىدىلا نامايان بولۇشقا باشلىغان. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پاراسەت دېڭىزىنى ئىشانلار مەزھىپىگە كەڭ ئېچىپ بەردى. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن زەلىلى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىشانلىققا بېغىشلاشقا قەتئىي نىيەت قىلدى. شائىرنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ، جاھانكەشتىلىك قىلىپ، مازايى - ماشايىقلاردا ئىشانلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە رىيازەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ھەم بەزى شېئىرلىرىدا «ئىشق» روھىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشى ئىشانلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشانلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى «ئىشق» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى «ئىشقى مۇھەببەت» ئىدى. ئۇ زامانىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بويىچە ئېيتقاندا ئىشق ئىككى قات مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرى «مەجازى ئىشق»، يەنى ئىنسانغا ۋە مەۋجۇدىيەتكە بولغان زاھىرى — رېئال مۇھەببەت؛ يەنە بىرى «ھەقىقىي ئىشق»، يەنى ئىنساننى ۋە مەۋجۇدىيەتنى ياراتقۇچى ھەقىقەتكە بولغان ئىشق. كلاسسىك شائىرلارغا ئوخشاش زەلىلىمۇ «ئىشق»نىڭ بۇ ئىككى تەرىپىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمايدۇ. مەجازى ئىشق ھەقىقىي ئىشقنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، زەلىلى شېئىرلىرىدا ئىپادە قىلىنغان «ئىشق» شەكلەنلىك ۋە مەزمۇنەن خاراكتېرگە ئىگە. ئىستىداتلىق شائىر مۇتەئەسسىپ خوجا - ئىشانلارنىڭ كۆزىنى بوياش، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپتىكى ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ «ئىشقىيە» سۆلۇكىدىن بىر قالقان سۈپەتىدە پايدىلانغان بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىكى ئىلغار تەركىبلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يېڭىۋاشتىن بەرق ئۇردۇرۇشنى نىيەت قىلغان.

مەلۇمكى «ئىشانچىلىق» ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىغا، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن «نەقشبەندىيە» مەزھىپى ئاساسىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىم، نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ بىر قىسىم تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلغار پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرتكىلىك رول ئوينىغان[①]. ئەمدى تەسەۋۋۇپ مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلەكنى تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن كۆزەتكەندە ھەم كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، تەسەۋۋۇپ ھەرىكىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن نارازىلىقى، يەنى روھانىيلار، يۇقىرى تەبىقە ۋە دۆلەت مەنپەئىتىگە يەم

① ھ. ئابدۇراخمان «تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى راۋاجى ۋە نەقشبەندىيە تەرىقىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2000 - يىللىق 1 - سان، 73 - بەت.

قىلغۇچى فېئودال تۈزۈمنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىگە بولغان نارازىلىقى تۈپەيلىدىن راۋاجلانغان. تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى رولى ئۈستىدە توختالغان ئىلمىي خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە: «تەسەۋۋۇپ پوئېزىيە ئۇچۇن گويا پەلسەپىۋى ماۋزۇ بولۇپ قالدى. شائىرلار ئارىسىدا دەرۋىشلەر بولغىنىغا ئوخشاش، ھاياتتا تەسەۋۋۇپتىن يىراق تۇرغان، لېكىن تەسەۋۋۇپقا بىر خىل پەلسەپە، ئەركىن پىكىر سۈپىتىدە قارىغان، ئۆز ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇپ ئاساسلىرىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان شائىرلارمۇ كۆپ ئىدى».[1] بۇ يەردە دېيىلگەن «تەسەۋۋۇپ پوئىزىيە ئۇچۇن گويا پەلسەپىۋى ماۋزۇ بولۇپ قالدى» دېگەنلىك چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، «ئىنساننى روھىي كامالەت تاپقۇزۇش» ئۇچۇن تەسەۋۋۇپ بىر قاتار يۈكسەك لىرىكىلىق بوشلۇقتا ئىگە بولغان پوئېتىك ۋاستىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. شۇڭا، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ياراتقان پوئېزىيە كىشىگە خۇددى بۇلۇتلۇق كېچىدە پارلىغان يۇلتۇزدەك ھەقىقەت نۇرلىرىنى غۇۋا كۆرسىتىدۇ[2].

گۇمانىست شائىر زەلىلى مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىن شاخلىنىپ چىققان نەقشبەندىيە مەزھىپىگە تەۋە ئىشانچىلىق مەسلىكىنىڭ تونىنى كىيىپ تۇرۇپ، ھەقىقەت نۇرىغا ئىنتىلىپ، ئادالەت ئىزدىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى تۆۋەندىكى شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تەركىي جەھان قىلمىغىم سەيرى جەھاندۇر غەرەز،
ئەيلەگىلى ئىمتىھان ياخشى - ياماندۇر غەرەز.
......
چەشمە بولۇپ كۆزلەرىم ئاقسا نىچۈك ئەيبدۇر،
ئەلگە تەھارەت ئۇچۇن ئابى راۋاندۇر غەرەز.
......
تەلبە زەلىلى كىلور، خەلق، تاماشا قىلىڭ،
چېھرە سىنىڭ رەڭگىدىن بەرگى خەزاندۇر غەرەز.
......
سەبز خەتتى دىلبەران شەھرى ماچىن بىزگەدۇر،
سىزگە جەننەت چەھار باغىدىن گۈلى رەيھان كېرەك.
ئەي زەلىلى گۇشەئى ئۇزلەت[3] ئىچىدىن چىقماغىل،
خەلق كۆزىدىن ۋەلى دەرۋىش كەبى پىنھان كېرەك.

ئۆكتەم خوجىلار جاھان سوراۋاتقان، ئىشانچىلىق ئىدېئولوگىيىسى جەمئىيەتنىڭ روھى ئاتموسفېراسىنى قاتتىق بولغىغان قاباھەتلىك بىر مۇھىتتا زەلىلىگە ئوخشاش ئىسيانكار يىگىتنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ جاھانكەشتىلىك يولىنى تاللىشىدىكى بىر سەۋەبمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي روھىي بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدىن قۇتۇلۇش-

---

① م. ئارىپوۋ (ئۆزبېكىستان) «نەۋائى سوپىمۇ ياكى سوپىزىممۇ»، «شەرق يۇلتۇزى»، تاشكەنت، 1989 - يىلى 6 - ساندا ئايبەكنىڭ سۆزىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
② ئا. ب. شۇكۇرى «قوسۇرى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدئىيلىكلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسى».
③ ئۇزلەت— دالدا، پىنھان جاي.

نى ۋاقىتلىق رەۋىشتە ئويلىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ:

بۇ كۆڭۈل بۇلبۇل گوياكى ئاسمان زەمىن قەپەس،
سۇندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەرنەفەس.

دەپ يازغان، يەنى زەلىلى ئۆزى ياشىغان زاماننى بىرقەپەزگە ئوخشىتىپ، ئۆز ئىرادىسىنىڭ بولسا بۇ قەپەزنى سۇندۇرۇپ چىقىپ تاشلاشقا ئىنتىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن، كىندىك قېنى تۆكۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - زاكاۋىتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن يەركەندە تۇرماي، قىرائلىق چاغلىرىدىن كېيىن خوتەندە تۇرۇشنى خالاپ قېلىشىنىڭ بىر سەۋەبى تەلۋە ئىشانلار بىلەن پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يەركەن ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، خوجىلارنىڭ ئاتامانلىرى ماكانلىشىپ، باش كۆتۈرگەن، ئىشانچىلىق مەسلىكى كېلىپ چىققان جاي بولۇپ، خوجىلار ۋە ئىشانچىلىقنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ساقلانغان. ئەمەلىيەتچىل شائىر ئىشانچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىشانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ئىشانچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ۋە زىيانلىرىنى پاش قىلىپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ قاراتمىلىقى ئۆتكۈر، تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، يەركەندىكى ئىشانلار، سوپى - زاھىدلار، روھانىي ۋە ھوقۇقدارلارنى قاتتىق تەشۋىشلەندۈرۈپ، ساراسىمىگە سالغان. ئۇلار خىلمۇ خىل ۋاستە ۋە يول بىلەن زەلىلىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن بوھتان چاپلىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغان. ئۇنى «تەلبە زەلىلى» دەپ ھاقارەتلىگەن. تۆۋەندىكى شېئىردا شائىرنىڭ يۈكسەك شىجائىتى، يەنى تەھدىت ۋە مۇستەبىتلىككە قەتئىي باش ئەگمىگەن قەيسەرانە ئىدىيىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

سەراسەر مەزھەبى قارۇن ئېرۇر دۇنيانى يىغماغلىق،
كى شېرىن جانىغا يەئنى زەھەر ئەجدەرھانى يىغماغلىق.
كۆڭۈل ھەرپىنى سەن تېخى زەباندىن ساقلاغىل زىنھار،
ۋەلى ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماغلىق،
قەلەندەر سەيرىنى ۋەقتى سەفەردە كىمكى مەنئ ئەيلەر،
ئېرۇر زەنجىر ئىلە باشتىن - ئاياغ دەريانى يىغماغلىق.
ماڭا مۇشكۇل كۆرۈندى ئەي پەرى رولار تاماشاقىل،
جۇنۇن سەھراسىدا ئاشۇفتە ئۇ رەسۋانى يىغماغلىق.
ئۇتارىدغە زۇھەل شەمشىرىنى ھەيبەت بىلە تەگلەر،
ھەمەل بۇرجىغە لازىمدۇر بۇگۇن جەۋزانى يىغماغلىق.
چۇ تاراجى سەۋادى كۇفرى زۇلفۇڭ ئەيلەدى ئاجىز،
نەقۇدرەتتۇر سىپاھى لەشكەرى دارانى يىغماغلىق.
زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كۈيىدىن قوغلاغانىڭلار،
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇ تەرسانى يىغماغلىق.

[قارۇننىڭ ئىزچىل مەسلىكى مال - مۈلۈك توپلاش بولغىنى بىلەن بۇ ئۇنىڭ شېرىن جېنىغا

زەھەرلىك ئەجدىھانى يىغقانلىقتا ئوخشاش بىكار ئاۋارىچىلىك. كۆڭۈلگە تىزىلغان خەت ھەرپلەرنى تىل زۇۋانىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچىغا يىغىن كەلتۈرمە دېيىشىسمۇ، يادا ئېتىۋەتكەن ئوقنى قايتۇرۇۋالىمەن دېگەندەك بىكار ئاۋارىچىلىك، قەلەندەر ئۆ سىرلىرىنى چەكسىز ۋاقىت سەپىرىدە كىمگە شەرھلەپ چىقالايتتى دېيىشمۇ خۇددى ئېقىۋاتقان دەريانى زەنجىرلىۋالىمەن دېگەندەك بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. ئەي پەرىلەر، ماڭا قاراڭلار، ھالىمنى تاماشا قىلىڭلار، ئۆزەم لەيلى ئىشقىدا چۆلگە چىقىپ كەتكەن سەۋدايى قەيسەدەك بىر ھالغا چۈشتۇم. بۇ يولدىن قايتىش ماڭىمۇ مۇشكۇل بولۇپ تۇرۇپتۇ. مارس يۇلتۇزى قىلىچنى غىلابتىن چىقىرىپ ۋېنىرا يۇلتۇزىغا تاڭدىن دېرەك قىلما دەپ تەھدىت ساپتۇ، بۇمۇ خۇددى يالتىراپ چىقىدىغان قۇياشنى توختىتىمەن دېگەندەك بىر ئاۋارىچىلىك. جانانىنىڭ تارالمىغان چۇۋۇق چاچلىرى مېنىڭ ئىختىيارىمنى قاراقچىدەك تالان - تاراج قىلىۋەتكەن، مېنىڭ مۇنداق قۇدرەتلىك دارانىڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە نېمە قۇربىتىم بولسۇن، ئەمدى مەندەك تەلۋە زەلىلىنى سىلەرنىڭ دىلبىرىم سۆيگۈسىدىن قايتۇرماق بولغىنىڭلارچۇ، بۇ خۇددى بۇتخانىغا كىرىۋالغان جاھىل بىر دىنسىزنى مۇسۇلمان قىلىمەن دېگەندەك بىر بىھۇدىلىك ئەمەسمۇ.]

بۇنداق ئېنىق، كەسكىن ئىدىيىۋى پىكىر، بۇنداق بەدىئىي ئوبرازلىق كىنايە ۋە بۇنداق گۈزەل تىل ۋە ئوخشىتىش ماھارىتى ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ ئىنتايىن كەم تېپىلىدىغان پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. بىز بۇنىڭدىن ھازىرمۇ زوقلىنىپ، سەمىمىي قايىللىق ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

ۋەھالەنكى، شەخسنىڭ كۈچى ھامان چەكلىك، ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك، پىكىرلىرى شۇنچە ئاكتىۋال، ئىدىيىسى شۇنچە ئىلغار بولسىمۇ، كونكرېت ماكان، زامان، بولۇپمۇ ھۆكۈمران كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ نوپۇزىنى بىراقلا بېسىپ چۈشۈشى تەس، گېزى كەلگەندە، ھەتتا قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىشى، ئېغىر بېسىم ۋە زىيانكەشلىك خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن شائىر زەلىلى ئۆزىنىڭ تەركى دۇنيا يولىغا كىرىپ كېتىشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ رېئاللىقتا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ۋەھالەنكى ئىسيانكار كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ ۋە ئىدىيىۋى قاراشلىرى خۇددى قاراڭغۇ تۈندە چاقنىغان نۇردەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەققانىيەت ۋە يورۇقلۇق ئىزدىشىگە مەشئەل ياكى نۇرلۇق چىراغ بولۇپ بېرەلەيدۇ.

ئېنىقكى، زەلىلى بىر خىل يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلغان. كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىشانلار مەزھىپىنىڭ كاتتىۋاشلىرى قورغان دىنىي ئەندىزىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئېلىپ كەلگىنى بالايىئاپەت خاراكتېرىدىكى جاھالەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. رېئال تۇرمۇش بىلەن خوجىلار تەرغىب قىلغان ئۆلگىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق كۆرۈلدى. شۇڭا، ئىشانلار مەزھەپلىرىدىن قۇتۇلۇش خاھىشلىرى ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىمۇ كۈندىن - كۈنگە روشەنلەشتى.

XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلقى بەزىدە ھاكىمىيەت سىرتىدا قالغان قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئاق تاغلىقلارغا قارشى چىقتى؛ بەزىدە ھاكىمىيەت سىرتىدا قالغان ئاق تاغلىقلارنى قوللاپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان قارا تاغلىقلارغا قارشى چىقتى. ئۇلار مۇنداق قىلىشتا ئادىل ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا مۇشۇنداق كۈرەشلەرنى

ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە دەل ۋەھشىيانە ئېكسپىلاتاتسىيە، دەھشەتلىك زۇلۇم، جەمئىيەتتىكى داۋالغۇش ۋە ئەنسىزلىكلەر ئىدى[1].

زەلىلىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيتى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر مەنىۋى قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىۋاتقان شارائىتتا ئىنتايىن ھىيلىگەر ئىشانلار ئىدىيىسى بىلەن پۇت تىپىشقان زەلىلىنىڭ يەركەندە داۋاملىق تىرىكچىلىك قىلىشى ئېغىر تەھلىكىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشانچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى سۇسراق بولغان خوتەندە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ، تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك.

ئېغىر دەرىجىدە مىستىزم پاتقىقىغا كىرىپ قالغان ئىشانچىلىق ئىدىيىسى ئەينى مەزگىللەردە خەلقنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىنى بوغۇپ قويغان ئەھۋالدا ۋىجدانلىق شائىر زەلىلى ئىدىيىسىدىكى ئىسيانكارلىق خاھىشىنىڭ بارغانسېرى كەسكىن تۈس ئېلىشى، ئىجتىمائىي ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە ھادىسىدىن ماھىيەتكە، شەكىل كۆرۈنۈشىدىن مەزمۇن تېرەنلىكىگە قاراپ، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسيانكار شائىر ئىشانچىلىق پىكىر ئېقىمىنى ئۇزۇل - كېسىل بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلارغا باي خەلق. بىقارار ۋە تەركىيەۋەتەن خوجىلارنىڭ ئۆكتەملىكى ھەددىدىن ئېشىۋاتقان دەۋرلەرگە كەلگەندە بۇ ئەنئەنە بىر قاتار ئىلغار پىكىرلىك شائىرلار، جۈملىدىن زەلىلى ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان زور شېئىرىيەت مەزمۇنىغا ئايلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە غەزەللىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ناھايىتى قويۇق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھال ناھايىتى زور ئىجتىمائىي رول ئوينىغان.

ئەينى چاغ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن شائىر زەلىلىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۆزى كەزگەن شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنى سەمىمىي ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن نەزمىلىرىدە، شۇنداقلا سەپەر جەريانىدا ئانا يۇرتى يەركەننى ئەسلەپ ۋە سېغىنىپ يازغان مىسرالىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شائىر بىر غەزىلىدە:

پەرشاندۇر كۆڭۈل تاكاكۇلۇڭ تارىدىن ئايرىلدى،
دىمان ئاشۇپتە بولغاي بى ۋەتەن ئەلبەتتە - ئەلۋەتتە.

(كوكۇلاڭنىڭ رىشتىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەچكە كۆڭلۇم چېچىلىپ كەتتى،
ۋەتەنسىزلىكتىن كۆڭۈل تېخىمۇ پەرىشان بولىدۇ، ئەلۋەتتە)

دەپ يېزىپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتتىن ئايرىلغان چاغدىكى پەرىشان كەيپىياتىنى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئىزھار قىلغان. شائىر يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

جاھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۆن باغۇ - چىمەن ياخشى،
دەمى ئۇلپەت ئالۇرغا دىلبەرى شېرىن سۇخەن ياخشى.
«سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم» ، «بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام»

---

① لېيۇزشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، 854 - ، 855 - بەتلەر.

بىزنىڭدەك تۈركىي ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.
كۆرۈپ كىمخاب ۋە تىللارنى غەزەپ پەرق ئەيلەمەك لازىم،
دېگەي نادان كىشىلەر تۈتىدىن زاغۇ زەغەن ياخشى.

بۇ شېئىردا ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا روھانىيلىرى ئارىسىدا مودا بولۇپ قالغان «سەمەرقەنت سەيقەلى روھى زېمىنەس، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلامى دىنەس» دېگەن ماختىنىش ئىبارىسى يەرگە ئۇرۇلىدۇ. بۇ، «سەمەرقەند روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئۈزۈك كۆزى، بۇخارا ئىسلام قۇدرىتىنىڭ قورغىنى» دېگەن سۆز ئىدى. زەلىلى بۇ ماختىنىش سۆزىنى كىنايە قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن يەنىلا خوتەننىڭ ئەلالىقىنى جاكارلىغان. زەلىلى ئۆز يۇرتىنى باغۇ چىمەن، ئۆز خەلقىنى شېرىن سۆزلۈك دىلبەر دەپ ئىپتىخارلىنىدۇ. زەلىلى ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرۈپ ئەگەر ساڭا كىمخاب تون كىيدۈرۈپ ئالدىڭغا پەتنۇستا تىللا قويسىمۇ، غەزەپ بىلەن رەت قىل، پەقەت نادانلارلا تۈتىدىن قاغىنى ياخشى، ئەۋزەل كۆرىدۇ، دەيدۇ.

زەلىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىدە، ھەرگىز يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئەمەس، ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى تەڭداشسىز ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ئىسلام چۈشەنچىسىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان جۇشقۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسىنى ياڭرىتىپ مۇنداق يازغان:

دۇر ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان،
مەشھەدىڭدەك قىبلەئى ئالەم جەھاندا يانە يوق.

تەبىئىيكى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى ئىپادە قىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسى بولغاچقا، ئۇ ئوخشىمىغان دەۋر، مىللەت ۋە شائىرلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەسىرلىك دەرسلىكىگە ئايلىنىدۇ. زەلىلى شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلار بىزنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

لېنىن «ۋەتەنپەرۋەرلىك تالاي يىللاردىن بۇيان مۇقىملىشىپ كەلگەن ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى» دەيدۇ. زەلىلىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئوتلۇق مىسرالارنى يېزىشى، بىر تەرەپتىن تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى زاھىدلىق يولىغا باشلاشقا ئۇرۇنغان خوجا ئىشانلارنىڭ قىلمىشلىرىغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئۈمىدۋار روھى بىلەن كەڭ ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ بىر يەردىن مەنىۋى ئىلھام ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ:

مەن سەمەندەرمەن ۋەتەن دەريايى ئاتەشتۇر ماڭا،
ئەندەلىبىمگە ھەۋايى باغۇ - بوستانلار لەزىز.

(ۋەتەن ئوت دەرياسىدەك كۆيۈپ ئاققاندىمۇ، مەن ئۇنىڭ سەمەندەرىمەن، ئۇنىڭ كوچى بۇلبۇلىغا ۋەتەننىڭ باغۇ بوستانلىرىنىڭ ھاۋاسى ھەممىدىن ياخشى)
دەپ يازغانلىقى مەڭگۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى سۇسلاشتۇرمايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقچىللىق دىئالېكتىك بىر دەكلىككە ئىگە. خەلق ۋەتەننىڭ كۆركى، زىننىتى، گۈلى، مېۋىسى. خەلقسىز ۋەتەننى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. قەدىمدىن بېرى ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار ياكى ئەدىبلەر خەلق بىلەن ۋەتەننى بىر گەۋدە دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى كۈيلەش، تېگى ـ تەكتىدىن خەلقچىللىقنىڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى. خەلقنى كۈيلەش، مېھنەتكەشلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش، ئۇنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا كۆيۈپ پىشىش، ئەل ـ يۇرتنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىنى قىلىش زەلىلىنىڭ ئىشلىگەن ئەھمىيەتلىك ئىشى، ئويلىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى.

زەلىلى خەلق بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، خەلقنىڭ پىغانلىق قەلبىنى ئۆزىنىڭ ئالەمنى كۆزىتىدىغان يورۇق ئەڭگۈشتەر چىرىغى قىلغان. ئۇ 135 ـ غەزىلىدە:

زەلىلى تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم يەرمۇ،
چە راغان[1] ئەيلەردى ئالەمگە گويا داغى ھىجرانىم.

دېسە، يەنە بىر غەزىلىدە:

مەغرۇر ناماز ئولماغىل ئى زاھىدى خۇدبىن،
دىخان مەگەر سۇمەندۇر، قاشىدە تورە خەستۇر.

دەيدۇ.

زەلىلى ئىبادەتنى ئىلىم دەپ مەغرۇرلىنىدىغان نادان زاھىدلارنى مەسخىرە قىلىپ، دېھقانلارنى سۇمەن گۈلى، زالىم تۆرىلەرنى چىرىگەنخەشەك ـ چاۋار دەپ جاكارلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاددىي، ئەمما ئاساسلىق كۆز قارىشى ئىدى.

زەلىلى جاھىل شەيخلەر ۋە زاھىدلارنى پاش قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىنى كۈيلەيدى.

ئۇ بىر غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

مەي ئىچەرگە گۈل ۋاقتى رەۋنەقى[2]چىمەن ياخشى،
تازە بولدى ھەر مەجلىس شەمئى ئەنجۇمەن ياخشى.
سوفى سۇمئە ئىچرە بەندە جامەۋۇ دەستار،
كوچەئى جۇنۇن ئىچرە بىزگە بەرھەت ياخشى.
......

---

[1] چەراغان— رەڭگارەڭ نۇر، يالتىراق، پارلاق.
[2] رەۋنەق— يالتىراق، پارلاق؛ كۆركەملىك؛ راۋاج.

كەر بالا شەھىدى مەن ئىشق راغى ئىلكىدىن،
دەفنىن ئىتەردە ئاشىقنى[1]لالەدىن كەفەن ياخشى.
خىرقەئى ئىبارەتكى بۇ نەسىھەت ئەي دەرۋىش،
كىمكى بەندە بولمايدۇر ھەق يولىدا زەن ياخشى.

[مەي ئىچەرگە باغدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان ۋاقتى ياخشى. شائىرلار شام ياندۇرۇپ مۇشائىرە قىلىسا تېخىمۇ ياخشى. سوپىلار ئىبادەتخانىغا كىرىۋېلىپ سەللە تون كىيىپ مىختەك ئولتۇرغىنى بىلەن، بىز گە سەۋدايىلىق كوچىسىدا بەخىرامان بوتخانىسىنى تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىك ياخشىراق. مەنمۇ كەر بالا دەشتىدە ئۆلگەن شېھىتلەردەك بىر كۈن ئۆلىمەن. بىراق ئىشق سەۋەبىدىن ئۆلگەن شېھىتلەرنىڭ بىرى بولىمەن، مەندەك ئاشىقنى كۆمۈش ئۈچۈن لالە يوپۇرمىقىدىن ھاسىل بولىدىغان غازاڭ كېپەنلىكلا كۇپايە قىلىدۇ. ھەي دەرۋىش، ئىبادەت دېگەن نېمە؟ مەن ساڭا نەسىھەت قىلايكى، بىر رەڭگە روھىي قۇل بولماي، ھەقىقەتنى ئېپىش يولىدا ئىنسانلىق ئەقىل كۆچىنى ئىشقا سالغان ياخشى.]

زەلىلى 8 - غەزىلىدە زاھىدلار تەرىپىدىن «ساراڭلىق» ، «تەلۋىلىك» دەپ ھاقارەتلەنگەن بۇنداق شېئىرىي ئىسيانكارلىقنى ھاجى ھەرەملىكتىن ئۈستۈن قويۇپ بۇنداق دەپ يازىدۇ.

بۇلبۇل دېمەڭ ھەر سەھەر پەرياد ئەگەر قىلمىسا،
گۈلنى خاراموش ئەيلەر بەربات ئەگەر قىلمىسا.
....
ھاجى ھەرەم ئىچرە لۇتفە ئەيلىمەك نەھاسىل،
ۋەيرانەئى كۆڭۈلنى ئاباد ئەگەر قىلمىسا.
شاھىد شېكەر تۆكەرمۇ شېرىن تەكەللۇمىدىن،
ئىشقىڭ زەلىلى قۇلنى پەرھاد ئەگەر قىلمىسا.

زەلىلى بۇ شېئىردا خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئۇنى زۇلمەتكە قارشى ئەمەلىي كۆرەشكە ئۈيۈشتۇرۇشنى گۈزەل بەدىئىي ئوخشىتىش ۋە سىلىشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق روشەن بايان قىلغان. ئۇ خىيالىي جەننەت تەسۋىرىنى كۆپ قېتىم رەت قىلىپ، رېئاللىقنى، ئىلىمنى ۋە سەنئەتنى دەۋەت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

كىرمىگەيمەن جەننەتۇل مەئىۋاغا دىلبەر بولمىسا،
شىشەپۇشى توشمىگەي دەرياغە گەۋھەر بولمىسا.
......
بولمادى مەئلۇم ھېكمەت ئەھلىغە سەيرى قەمەر،
ئەسمانى نىلگۈنى سەھنىدە ئەختەر بولمىسا.
[كىرمىگەيمەن جەننەت دېگەن گۈزەل جايغا دىلبەر بولمىسا،
غەۋۋاس چۆشمەگەي دەرياغا گۆھەر بولمىسا.

[1] ئاشىقا — ئاشىقلار.

......

كۆك ئاسمان بوشلۇقىدا يۇلتۇز بولمىغان بولسا،
ئاينىڭ يورۇشىنى دانىشمەنلەر بىلەلمىگەن بولاتتى.]

زەلىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىنتايىن چىگىش ۋە مۇرەككەپ بىر دەۋرىدە ياشىدى. بىر تەرەپتىن فېئودال تارقاقلىق - بۆلۈنۈش (بۇ چاغدا شىنجاڭ بىرقانچە فېئودال بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن)، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا بولغان ئۇرۇش - نىزالار، جەڭگى - جېدەللەر، ئىككىنچى تەرەپتىن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلۇقى ۋە تالان - تاراجلىرى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئوي - پىكرىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يەنىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شائىر بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە «ئىشقى مۇھەببەت»نى نوقۇل «دىلبەر»نى كۈيلەشكە قاراتقان بولسا، كېيىنچە يەنى كەڭ جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولدى، يەنى ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن، ۋەتەنداشلىرىنىڭ جەبىر - جاپا، خارلىق - زەبۇنلۇققا گىرىپتار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلارنى يوقلاپ تاۋاپ قىلىش شائىرنىڭ قەرزىدۇر، دېدى. ئۆز خەلقىنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى قوشاققا قاتتى. شائىر يۇرتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قويۇق ئارىلاشقانىېرى ئەسەرلىرىدىكى خەلقچىللىق قاتارلىق خىسلەتلەر شۇنچە چوڭقۇر ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. زەلىلى خەلق ھوقۇقسىزلىقتا، نامراتلىقتا ياشىغان مۇھىتتا رېئالىستىك شېئىرىيەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭدا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاساسىي كۈچ دەل خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر دۇنيا قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولدى، ئۇ بىر غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

ئەل دىلىنى بىھۇزۇر ئەيلە پىغانلىق بۇلبۇلان،
خاكىران دەھرىنىڭ ھەرگىز ئىنتىھائى بولمىسا.
ئابىتابى ئاسمانسىز مەرىپەت چەكمەس ئىلىم،
لاماكان سەر ھەددىدە بىر شەھسۇۋارى بولمىسا.

[ئەي پىغانلىق بۇلبۇل، خەلقىنىڭ دىلىنى خۇشال قىلساڭچۇ، قارىماسەن، بۇ توپىدىن ياسالغان دۇنيانىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ چېكى يوق، ئۇزۇن تۇرسا، ئاسماندا قۇياش نۇرى چاقنىمىسا، ئىلىم - مائارىپ گۈللىيەلمەيدۇ. خەلقنى كۈيلە، چەكسىز بوشلۇق بىلەن چەكسىز ۋاقىت ئارىسىدا ئۆزەڭدىن باشقا ساڭا غەمخورلۇق قىلىدىغان يەنە كىم بولسۇن.]

زەلىلىنىڭ خەلقپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئىرادىسى زامان دولقۇنلىرىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي ماھارىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۇلۇم تەھدىتى سالغان زاھىدلارغا قارشى خىتاب ياڭرىتىپ، ئۆز يولىدىن قايتماسلىق ئىرادىسىنى يۇقىرى ئوخشىتىش ۋە جاراڭلىق شېئىرىي تىل بىلەن «سەراسەر مەزھىپى قارۇن ئىرور دۇنيانى يىغماقلىق» ناملىق شېئىرىدا ناھايىتى كەسكىن ئىپادە قىلغان.

ئومۇمەن، زەلىلى شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق (ياكى گۇمانىزملىق) روھنىڭ يۈكسەكلىكى خوجىلارنىڭ مۇتتەھەملىكى ئەزۋەيلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورنى تولىمۇ تۆۋەنلەپ

كەتكەن بىر شارائىتتا نىسبەتەن مۇلچەرلىگۈسىز ئىلغارلىق ئىدى[1].

شائىر زەلىلىنىڭ غەزەللىرىدىن باشقا رۇبائىي، مۇخەممەس، قەسىدە، ساقىنامە ژانىرلىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىمۇ غەزەللىرىدە ئىپادە قىلىنغان مەزمۇنلار بىلەن ئاھاڭداش. لېكىن بۇ ژانىرلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتلىرى، شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ خىياللىرى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بار. شۇڭا بۇلار توغرۇلۇق ھەم مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر ئەلۋەتتە. لېكىن، سەھىپە چەكلىمىلىكلىرى تۈپەيلىدىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىش بولمىدى.

مەيلى زەلىلىنىڭ غەزەللىرىدە، مەيلى يۇقىرىقى ژانىرلاردىكى لىرىكىلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى سەپەرنامە، تەزكىرىلىرىدە بولسۇن، شائىر باشتىن ئاخىر ھەق - ئادالەتنى كۈيلەپ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مېھنەتكەش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، مۇڭ - زارىنى ئىپادىلەپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا جور بولۇپ؛ سوپى - زاھىدلىق، ئىشانچىلىق، قاشاقلىق - نادانلىق، ياۋۇزلۇق، قاباھەتلىك، مەھكۇملۇق قاتارلىق تەرەپلەرگە يۈرەكلىك ئوت ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىسىنى نامايان قىلدى.

ئومۇمەن، ئۇلۇغ شائىر ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ ھېسسىياتى پەقەت قايغۇ ۋە ئازابتىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلىنىدىغىنى پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئازابى ۋە جاپا-مۇشەققىتى، يول تېپىش ئۈستىدىكى جاراھەت ۋە ئەپسۇسلۇق ھەمدە ئىزتىراپلىق، ئەلەملىك ئوي - خىياللاردۇر. ئەكسىچە ئۇلار قىزغىن مەدھىيە ۋە يورۇقلۇقتا ئىنتىلىشنى ئاز يازىدۇ، ئەمما ساز يازىدۇ. زەلىلى شېئىرلىرىدا تولۇپ تاشقان ئارزۇ - ئىستەك ۋە ئەستىن چىقمايدىغان ئەلەم، ئىپتىخارلىق، جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت ئىپادە قىلىنغان. بولۇپمۇ شائىرنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئالىيجاناب گۇمانىستىك روھى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرى بىزنىڭ ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان نادىر ئەسەرلەردۇر. شائىر ھايا، چېغىدىلا ئۆز مەسلىكىنىڭ بويۇن قىسىپ قالمايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىپ، كېيىنكىلەرگە سىگنال بېرىپ ئۆتكەنلىكى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ، يەنى ئوپتىمىستىك شائىر مۇنداق ئەستىلىك قالدۇرغان:

نەسلى جەھاندا قالمادى تەلبە زەلىلىنىڭ دېمەڭ،
ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈڭ ھەرغەزەلدىن بىر ئوغۇل.
(111 - غەزەل)

### 3 - «سەپەرنامە»

زەلىلى ئېپىك شېئىرىي ئەسەرلەر، يەنى داستان ژانىرىغىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. بۇنىڭ ئىچىدە «سەپەرنامە» مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان داستاندىن ئىبارەت.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا سەپەر - ساياھەت ئەھۋالى تېما قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەتتا خاس ژانىر بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ لىرىك تۈرى ۋە ئېپىك تۈرىمۇ بار. زەلىلىنىڭ بۇ ئەسىرى سەپەرنامە ژانىرىنىڭ ئېپىك

---

[1] ئا. م ئىمىن «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1980 - يىلى 6 - سان، ئۈرۈمچى.

تۇرىگە تەۋە.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، زەلىلى ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى دەرۋىشلىك تۇرمۇشىغا بېغىشلىغان. بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى يۇرت كېزىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت. «سەپەرنامە» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بۇ داستاندا شائىر ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەپەر سەرگۈزەشتىلىرى، جۈملىدىن خوتەن تەرەپكە قىلغان سەپەر كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلەنگەن.

داستانىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى قىسمى، مۇناجات، يەنى «ھەمد» (ئاللاغا مەدھىيە) «نەئت» (پەيغەمبەرگە ھەمدۇسانا) ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تەرىپى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى، ئۆز يۇرتى يەركەننىڭ تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن كاشغەر ـ ئاتۇش مەشھەتكە قىلغان سەپىرىنىڭ بايانىنى سۆزلىگەن.

ئۈچىنچى قىسمىدا، يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، كېيىن ئىنىسى دەلىلى، دوستى شائىر موللا غەزەل بىلەن خوتەن تەرەپكە قىلغان سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەيدۇ.

زەلىلى داستاندا گەرچە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن ناھايىتى يىراقتا ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئەسەردە، شائىر ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى، كەزگەن شەھەر، يېزىلارنىڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى توغرىسىدا كەڭ بايان بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلى بەزىبىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، مازار ـ ماشايىقلار ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەققىدىمۇ، كۆرگەن جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ. رېئالىست شائىر ھەرقاچان خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلق بىلەن يېقىنلىقى ئۇنى يەنىلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇقىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، داستاندا ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ئاۋازى كۈچلۈك جاراڭلايدۇ.

داستاندا باشتىن ـ ئاخىر شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئەل سۆيەرلىكى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شائىر تۇغۇلغان يۇرتى يەركەننى ئۇلۇغلاپ «شاھىن شاھ»، «بەخت كانى» دېسە، قارىغاشنى «ماچىننىڭ قوياشى» دەيدۇ. شائىر ئۆز ئانا تۇپرىقىنىڭ تاشلىرىنى «مۈشكى سىمەندىن ئارتۇق»، يېزىلىرىنى «جەننەتتىن كۆركەم، سۇتلىسە شەربەت بېرىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى مۇھەببەت قويغان گۈللەرنى (ئۆز ۋەتىنىدىكى ئادەمنى) كۆيلىگەندە، ئۇلارنىڭ «ئەگمە قېشىغا زاھىدلار سەجدە قىلىدۇ، شەيخلەر بولسا بەدەر قاچىدۇ» دەپ يازىدۇ. زەلىلى داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز غەزەللىرىدە كۈيلىگىنىدەك، بىۋاستە زاماندىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پېقىر غېرىب ھالىغا ئېچىنىدۇ. داستان دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس، بۇلار پەقەت توغرا مۇئامىلە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## § 4 . مۇھەممەد خاراباتى

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638/60 ـ 1730/50) يەركەن خانلىقىنىڭ

ئاخىرى، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىدا ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئاقسۇلۇق ئىدى[1]. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خاراباتى[2] سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان.

مۇھەممەد كىچىكىدىن ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىققان. زېرەك بالا بولۇپ يېتىشكەن، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتلارنى ئۆز يۇرتى ۋە ئاقسۇدىكى مەكتەپ - مەدرىسلەردە ئالغان. كېيىن بۇخاراغا بېرىپ، ئالىي دىنىي مەلۇمات ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن[3]. مۇھەممەدنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بۇخارادا ئوقۇپ تۇرغان چاغلىرىدىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۇ، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر يىرىك مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، مەكتەپداش تالىپ ۋە مۇدەررىسلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. مۇھەممەد بۇ خىل ياخشى پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ خاس كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كىرىشىدۇ ۋە خېلى كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ يۇرتىدا تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن تىنىم تاپماي مەشغۇل بولىدۇ. مۇھەممەدتىكى ياخشى سۈپەت، ئەقىل - پاراسەت كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سەممىي ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر ئىخلاسىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەد يۇرتداشلىرى ئارىسىدا دانىشمەن، ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلىنىدۇ. مۇھەممەد تەخمىنەن 1730 - 1750 - يىللىرى يۇرتىدا ۋاپات بولىدۇ. لېكىن، ئالىمنىڭ ئىززەتلىك نامى خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ يېيىلىدۇ. ئەل - يۇرت ئۇنىڭغا بىر خىل سىرلىق تۇس ئاتا قىلىدۇ، يەنى يۇرتداشلىرى مۇھەممەد ئۈچۈن خاس ھەيۋەتلىك «ھاجى خاراباتى» مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىنى تىكلەيدۇ. ئالىمنىڭ ئۇلپەتلىرى، مۇرىت - شاگىرتلىرى، ئىخلاسمەنلىرى ۋە يىراق - يېقىندىكى ئىلىمخۇمار كىشىلەر بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ، ئالىمغا بولغان ئۆزلىرىنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. نەتىجىدە بۇ ئورۇن ئۆلىما - تالىپلار، ئىلىمخۇمار كىشىلەر توپلىنىپ، مۇنازىرە، مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان، ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان كۆڭۈللۈك، ياخشى بىر ئىلمىي سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل ئادەت يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۇ پاكىتلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭكى، مۇھەممەد خوجىلار زامانىسىدا خەلق ئارىسىدا تەسىرى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئۆلىما ۋە شائىر. مۇھەممەد «خاراباتى» تەخەللۇسىدا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 13 مىڭ مىسرا ھەجىمدە بولغان[4]. مۇھەممەدنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىزلىنىشلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ھەرخىل دىنىي مەزھەپلەر - گۇرۇھلارنىڭ پىكىر ۋە مەسىلەك جەھەتتىكى قارىمۇ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن نىزالار ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكى

① شائىرنىڭ يۇرتى — ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقسۇ ناھىيىسى، ئىگەرچى يېزىسى، چوغتال كەنتى.

② خاراباتى — تۈپ سۆز خارابات، ئەسلى مەنىسى «مەيخانا»، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مەنىسى يەنە «مەيخانا ئەھلى» دېگەنمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ تەخەللۇس سۈپىتىدە «دەۋائىي ئىشق بىلەن خاراب بولغان كىشى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغانلىقى بىلىنىدۇ.

③ مۇھەممەدنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار «ھاجى خاراباتى» تەزكىرىسى (باش - ئاخىرى كەمتۈك) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى رىۋايەت، ھاجى خاراباتى مەقبەرىسىنىڭ شەيخى مۇھەممەد ئىمىن شەيخ (96 ياش) نىڭ ئېيتقانلىرىغا تايىنىلدى. بۇ توغرۇلۇق «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى، 2 - سانىدىكى ئى. ساۋۇت تەرىپىدىن «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى، دىن تاللانمىلار» دېگەن ئەسەرگە يېزىلغان كىرىش سۆزدە مەلۇمات ئېلان قىلىنغان.

④ «مەسنەۋى خاراباتى» غا كىرىش سۆز، ئى. ساۋۇت يازغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 2 - بەت.

ۋە بۇ ئىزالاردا ئۆزىگە خاس كۆزقاراش ھەم يول تۇتۇپ، باشقا مەزھەپ ـ گۇرۇھلاردىن ئايرىلىپ چىققانلىقى، ئاخىرىدا بۇ خىل جاھىل ۋە نادان مەزھەپ ـ گۇرۇھلارنىڭ چىرىك، چۈشكۈن ئىدىيۇۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بۆسۈپ چىقىشقا ئامالسىز قالغانلىقى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلۈك، بىساتىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپ، تەركىيدۇنيالىقتا ئاشىق سۆپەت كۈن كۆچۈرۈپ، 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ[1].

«كۇللىيات[2]مەسنىۋى[3]خاراباتى[4]» «مەسنىۋى خاراباتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمما، ھەجىمدە ئازراق پەرقمۇ بار. بۇ ئەسەر خاراباتى ئىجادىيىتىنىڭ يۇكسەك چوققىسى، XVIIIئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان قوللانمىلارنىڭ بىرى. توپلامنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق، كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ني ھېساب ئەيلىدىم تارىخقە،
مىڭ ۋە يۈز يانا قىرىق ئالتىغە.

بۇ ھىجرىيە 1146 ـ (مىلادىيە 1733/4 ـ ) يىلى يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ كۇللىياتى 13 مىڭ مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن. بۇلار بايان ۋە پەسىل دەپ ئاتالغان 112 پارچە نەسىھەتنامە (مۇناجات ۋە ھېكايىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[5]. كۇللىيات ئومۇمەن شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى بويىچە يېزىلغان. پىكىر، كۆزقاراشلار ئەدەبىي يول بىلەن ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەسەر كۆچلۈك دىداكتىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە. كۇللىيات قارىماققا سىياسىي، ئەخلاقى، پەلسەپىۋى لىرىكىلار بىلەن تولغاندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شائىر بەزى ئېپىك بايانلارغىمۇ ئالاھىدە دىققەتنى بۇراپ، كىشىلەرنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن: كۇللىياتتا تەسۋىرلەنگەن ئۈچ ئاچكۆز توغرىسىدىكى ھېكايە بىرقەدەر تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۈچ كىشى بايلىق ئىزدەپ يولغا چىقىپ، بىر خىش ئالتۇن تېپىۋالىدۇ. ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ئاچ ۋە ئۇسسىز بولغاچقا، يېشى كىچىك بىرىنى شەھەرگە ئوزۇق تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قېپقالغان ئىككىسى ئالتۇننى ئۆزلىرى بۆلۈشمەكچى بولۇپ، تاماققا كەتكەن ھەمرىيىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ھېلىقى بىرىمۇ ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتۇننى يالغۇز ئۆزىلا ئېلىش مەقسىتىدە تاماققا زەھەر سېلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئىككىسى ئۇنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، خاتىرجەم ھالدا تاماق يەيدۇ. نەتىجىدە بۇلارمۇ ئۆلۈپ، بىر خىش ئالتۇن ئۆز جايىدا قالىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايە ئارقىلىق ئاچ كۆزلۈكنىڭ ھالاكەتلىك

① خاراباتىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئەسىرىنى يازغان يىللار توغرىلىق داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شائىر ئىنسان ئۆمرىنىڭ چاپسان ئۆتىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە يەتمىشكىچە بولغان ياش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. كېيىن ئۆمۈر پىرلىق دەۋرى بىلەن ئۆتتى دەپ ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىپ، ياشنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئەسىرىنى 70 ياشتىن ئۆتكەندە يازغان بولسا كېرەك، دېگەن قىياسنى قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ 1660 ـ يىللىرى تۇغۇلغان، 1750 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشمۇ بار.

② كۇللىيات—بىر پۈرۈش، بىر پۈتۈن، تولۇق، مۇكەممەل دېگەن مەنىدە.

③ مەسنىۋى—ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە قوللىنىلىدىغان بىر خىل شەكلى. يەنى ئىككىلىك—ئىككى مىسراسى ئوخشاش قاپىيىدە يېزىلىدىغان شېئىرىي شەكىل.

④ بۇ «خاراباتىنىڭ مەسنىۋىلەر توپلىمى» دېگەنلىك.

⑤ كۇللىيات بەھرى رەمەل (مۇسەددەسى مەھزۇپ) ۋەزنىدە يېزىلغان.

تەقدىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

خاراباتى دىنىنى ۋاستە قىلغان ھالدا، دىنىي ئەمىر - مەرۇپلار بىلەن قوشۇپ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا مەزكۇر كۆللىياتنى يېزىپ چىققان. ئەمما، توپلام ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتە دىنىي ئۈگۈت - نەسىھەت، تەرغىبات كاتېگورىيىسىدىن خېلىلا ھالقىپ، رېئال تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىلمىي پەلسەپىۋى قاراشلارنى بىرقەدەر چوڭقۇر، ئوبيېكتىپ، ئىلمىي يوسۇندا ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا بەلگىلىك يوسۇندا دىنىي پۇراق، يەنى قاتمال تەسەۋۋۇپ ئېلېمېنتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭلىق بىلەن خاراباتىنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. شېئىرىيەت نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قارىشىچە، «ئادەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئالاقىسى مۇتلەق بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ شۇقەدەر لىرىك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، پەلسەپىۋى قىممىتى بولسىمۇ يەنە تەبىئىي بولمايدۇ. چۈنكى، بىر شائىرنىڭ شېئىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. شۇڭا بىزگە كېرەكى پەلسەپىنىڭ لىرىكىلاشتۇرۇلۇشىدۇر» (ليۇدابەي). مەلۇمكى، «ئەدەبىيات ئىدىيە ۋە پەلسەپە تارىخىنىڭ بىر خىل خاتىرىسىدۇر. چۈنكى، ئەدەبىيات تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تارىخ بىلەن باراۋەردۇر. ئۇ ئەقلىي تارىخنىڭ ئىنكاسى. مەيلى ئوچۇق، مەيلى ۋاستىلىك بايان بولسۇن، ئۇ بىر شائىرنىڭ مەلۇم پەلسەپىگە سادىقلىقىنى ياكى، مەشھۇر پەلسەپە ھەققىدىكى بىۋاستە چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇ شائىرنىڭ بۇ پەلسەپىگە بولغان ئادەتتىكى تونۇشىنى ئىپادىلەيدۇ» (ۋېلىكىي، ئولۇن).②

شۇنداق ئىكەن شائىرنىڭ قويۇق ياكى ئادەتتىكىچە، روشەن ياكى يوشۇرۇن ھالدا پەلسەپىۋى پۇراقنى ئىپادىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. شېئىر گەرچە پەلسەپىنى مۇھاكىمە قىلمىسىمۇ، دىنىي تەشۋىق قىلىشىنىڭ قورالى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدە پەلسەپە ۋە دىن بولمىسا ئۇ ئاسانلىقچە چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە يۈزلىنەلمەيدۇ. شېئىر بىر گۈل بولسا، پەلسەپە بىلەن دىن تۇپراقتۇر. تۇپراق مۇنبەت بولمىسا، يىلتىز چوڭقۇرلىيالمايدۇ، گۈل ۋايىغا يېتەلمەيدۇ. خاراباتى شېئىرلىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن پەلسەپە ۋە دىنىي ئاساسىنىڭ بار بولغانلىقىدا. شائىر شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى پۇراق ئىنتايىن نەپىس ۋە قويۇق. شائىرنىڭ مەسنەۋىلىرى، غەزەللىرى ۋە دىداكتىك شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى مەزمۇنلار قالتىس. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرنى بەدىئىي فورمىدا ئەكس ئەتتۈرگەن نەپىس جىلۋە، پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈپ ئېستېتىك ھېكمەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلغان. ئومۇمەن شائىرنىڭ بىرقاتار شېئىرلىرىدا تولۇپ تاشقان ھېسسىيات ھەم پەلسەپىۋى ھېكمەت بولۇپ، شائىرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ھاياتقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق شېئىرلار كىشىگە تەسىر قىلىدىغان پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يارقىن مەنىگە ماس شەكىلدە يېزىلغان. ئۇلار بىر - بىرىدىن چوڭقۇر بولۇپ كىشىنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىدۇ.

خاراباتى تەپەككۇردا پەلسەپىۋى پىكىر قىلىدۇ. تۇرمۇشتا يېتىلگەن ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆز كۆزقارىشىنى ئىپادىلەشتە ئەدەبىيات قورالىدىن پايدىلىنىپ،

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى، 2 - سان، 288 - بەت.

② ۋېلىكىي، ئولۇن— ئامېرىكا ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى.

بەدىئىي دىتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئىجادىيەت مېتودىدا ئوچۇق رېئالىزم مېتودىنى قوللىنىدۇ. ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتىن تەسەۋۋۇپقا مايىل بولىدۇ. ئەسەرلىرىنى پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش لوگىكىسىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۇقۇملار كاتېگورىيىسىگە ئاجرىتىپ، ئىنسانلار تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنى چوڭقۇر خەيرخاھلىق ھېسسىياتى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. باشباشتاقلىق ۋە بەدنىيەتلىك قىلىقلارنى يۇكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قاتتىق سۆكىدۇ.

كۆللىياتنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئادالەت، ھەققانىيەت، تىنچلىقپەرۋەرلىك (خاتىرجەم تۇرمۇشنى ئىزدەش) ۋە ئادەمگەرچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىش، قاباھەت، زالىملىق (مۇستەبىتلىك)، مۇناپىقلىق (ئىككى يۈزلىمىلىك)، مالىمانچىلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى قارىلاش، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تەلەپ قىلىش خاراباتى ھاياتىدىكى چوڭ ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ ياشىغان دەۋر يەركەن خانلىقى پاجىئەلىك ھالدا مۇنقەرز بولغان، بىر قىسىم ئۆكتەم خوجىلار دىنىي ۋە سىياسىي باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، باشباشتاق ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، جەمئىيەت نورمال قانۇن يولىدىن چەتنىگەن چاغلار ئىدى. شائىر بۇ خىل ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ھەممىسى بىر ـ بىرىنىڭ قەستىدەدۇر،
تىغ ـ زەھەر ئالۇد ئەنىڭ دەستىدەدۇر.
ھېچكىمى قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەس ھەقىقەت قەھرىدىن.
خاھ قازى، خاھ مۇفتى، خاھى مۇھتەسىپ،
ئىستىمەس ھەرگىز ھالاكەتتىن نەسىب.[1][2]

دېمەك، خاراباتى ئۆز دەۋرىدىن ئىنتايىن نارازى بولىدۇ. ئادالەت يوقىلىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ ۋە خەلقنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە ئېغىر زۇلمەت ھەققىدە ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەي مەلەك[3] سورىغىل رەئىيەت[4] ھالىنى،
ئىنسى، ئۇلفەت بىرلە پەرھەم دادىنى.

شائىر ئادالەت ۋە زۇلۇم ھەققىدە توختىلىپ:

زۇلۇمنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن بوشار،
بىئەجىر كۆپ كۈلسە غەيرەتتىن بوشار.

يەنى ھېچ كىشى باشقىلارنىڭ ھەققىدىن قورقمايدۇ، ھەقىقەتنىڭ غەزەپ قىلىشى يادىغىمۇ

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى، 2 ـ سان، 300 ـ بەت.
[2] ھەممە كىشى بىر ـ بىرىنى قەستلىشىدۇ، ئۇلار قوللىرىغا زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان تىغ ئېلىشقان.
[3] مەلەك ـ پادىشاھ.
[4] رەئىيەت ـ پۇقرا، خەلق.

يەتمەيدۇ. قازى بولسۇن، مۇفتى بولسۇن، مۇھتەسىپ (ھېساب ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) بولسۇن، ھەرگىزھالاللىقتىن نېسىبە ئىزدىمەيدۇ.

شائىر ئادالەتنى ئورنىتىدىغان ۋە بۇزىدىغان كىشى ھۆكۈمدار، يەنى «شاھ» دەپ قارايدۇ:

شاھى ئادىل شەھرىغە نېمەت[1] ياغۇر،
شاھى زالىم شەھرىغە لەئنەت ياغۇر.
شاھى ئادىل شەرئىنى[2] پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل پىسقىنى[3] پەيدا قىلۇر.

شائىرنىڭ ئادالەتنى ئادىل پادىشاھ بىلەن، زۇلۇمنى زالىم پادىشاھ بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ يەردە ئېيتىلغان «پادىشاھ» بىر دۆلەت باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خاراباتى ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە، «فېئودال پادىشاھ» چۈشەنچىسىدە بولغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل پادىشاھنى كېرەك قىلىش ئارزۇسى، ھۆكۈمەتسىزلىككە قارشى ھالدا تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى ئىدى.

شائىر تىنچلىق ـ خاتىرجەملىك، ئادىل پادىشاھنىڭ ئادالەت ئورنىتىشى بىلەن قولغا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە ھۆكۈمەتسىزلىك — باشباشتاقلىق جەمئىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ پادىشاھلارنى ئادالەتكە دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، تىنچلىق ئورنىتىلغان جەمئىيەتتىكى خەلقنى ئىنساپقا دالالەت قىلىدۇ. ئۇلاردا شۇ جەمئىيەتكە خاس ئادەمگەرچىلىك خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى چىڭ ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئادەمگەرچىلىك — خاراباتىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي ئۆلچىمى. ئۇ بۇ خىل ئۆلچەمنىڭ شەرتلىرىنى تولىمۇ كەڭ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئۆلچىمى پېقىردىن پادىشاھقىچە قارىتىلغان، دائىرىسى كىشىلىك خاراكتېرلەردىن تارتىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، يۇقىرى تۆۋەن ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. شائىر ئادەمگەرچىلىكنىڭ قىممىتىنى باھالاشقا ناھايىتى كۆڭچىگەن. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جانلىق، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ۋە مۇبالىغە ئۇسۇللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. شائىر ئالدى بىلەن ئادەمگەرچىلىكنى بىلىشتە «ئادەمشۇناس» بولۇش لازىم دەپ قاراپ، مۇنداق يازغان:

خەلقنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس،
بۇ قەدەردۇر بىگۇمان قىلغىل قىياس.

ئۇ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشىنى، خارابلىشىشى ۋە گۈللىنىشىنى، بىر ئادەمنىڭ ھال ـ كۈنىنىڭ ياخشى بولۇشى ياكى پېشكەللىككە يولۇقۇشىنىڭ ھەممىسى «ئادەمگەرچىلىك» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

قىسقىچە ئېيتقاندا، خاراباتىنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى،

---

① نېمەت — مال ـ دۇنيا.
② شەرئى — قانۇن تۈزۈم.
③ پىسقى — يامان ئىشلار.

ئادەم ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلىگەن بولۇش، تىرىكلىكتە ھالال مېھنەت قىلىش، دائىم ئەمگەك قىلىش؛ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە توغرىلىق، راستچىللىق، مەدرىلىك، سېخىيلىق، كەمتەرلىك، تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، دوستلۇق قاتارلىقلارنى قەدىرلەش، ئەگرىلىك، يالغانچىلىق، توخۇ يۈرەكلىك، پىخسىقلىق، ماختانچاقلىق، شاللاقلىق، تەنتەكلىك، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى قىلماسلىق، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشتىن ئىبارەت.

خاراباتى پىكىردە ئوچۇق - ئاشكارا، ئەركىن بولۇپ، تۇرمۇشتا ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىرلىرىنىڭ دەۋر پۇرىقى كۈچلۈك، تەربىيىۋى رولى چوڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولغان ۋە خەلق ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان، قولدىن قولغا كۆچۈرۈلگەن، مەتبۇئاتلاردا كۆپ تىراژدا بېسىلغان.

كېگىل ئۆزىنىڭ «ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتە جۇشقۇن ياشلىق دەۋر شېئىر يازىدىغان ئالتۇن دەۋر دېيىلىدۇ. بىز بۇنىڭغا قارشى بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ياشانغاندا پەقەت ياشلىقتىكىدەك قىلىنىش ۋە تەسىراتنىڭ ھاياتىي كۈچى بولسىلا شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ يېتىلگەن دەۋرى بولىدۇ. ھومېرنىڭ نامىدا تارىلىپ يۈرگەن نەفىس شېئىرلار ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرى ئەما چاغلىرىدا دۇنياغا كەلگەن ئەسەرلەردۇر. گىيوتىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىلا ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان ئالاھىدە چۈشەكىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئاندىن ئۆز شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى». خاراباتى «مەسنەۋى خاراباتى» توپلىمىنى 88 ياشلارغا بارغاندا ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاجايىپ ۋەزمىن شېئىرلارنى قالدۇرغانلىقى بىلىم ۋە ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋەھالەنكى خاراباتى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۇلىما سۈپىتىدە تونۇلغان بولغاچقا، ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ئىدېئولوگىيىسىنى ئۇزۇل - كېسىل بىر چەتكە قايرىيالمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر «كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى»نى 88 ياشقا بارغاندا ئاخىرلاشتۇرغان بولغاچقا، ئەسەردە دىنىي كۆزقاراشلار خېلىلا قويۇق ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان نەرسىلەر شائىر ئالدىدا نامايان بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋردە خاراباتىدەك تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايتتى. نىھايەت شائىر كېيىنكى چاغلاردا ھاياتتىن كۆپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە بۇ خىل ھېسسىيات ئىجادىيەت سەھىپىسىدە ئەكس ئېتىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، خاراباتىنىڭ ئەسىرى 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغاندا تولۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى تاللانما ئەسەر سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. بۇ يېڭى نەشردە 59 باب تاللىنىۋېلىنغان.

خاراباتىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار قاراشلارنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، پاسسىپ تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 5 § . نەۋبەتى

نەۋبەتى (2/1691 - ? 1760) خوتەننىڭ ئىلچىدە تۇغۇلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنىڭ

بىرى. ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولغان «نەۋبەتى»[1] ھەربىر غەزەللىرىنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق شېئىرلىرىدا ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرقانچە پارچە شېئىرىدا «خوتەن» نامىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغان ۋە خوتەنگە چوڭقۇر ئىشتىياقىنى ئىپادىلىگەن. مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئەدەبىياتشۇناسلار نەۋبەتىنى خوتەنلىك شائىر دېيىشىدۇ.

نەۋبەتىنىڭ ياشىغان زامانى توغرۇلۇق شېئىرىدا مۇنداق مەلۇمات بار:

ئۆمرۈم ئەللىك يەتتىگە يەتتى ھۇنۇزمەن ئەل ئەمەس،
ئۆمرى ھەقنى ئۆتمايۇ بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىغ[2].

دېمەك، شائىر 57 ياشقا كىرگەندە مەزكۇر شېئىرىنى يازغان. ئۇ شېئىرلىرىنى (توپلىمى بولۇشى مۇمكىن) قاچان يازغانلىقى (توپلام قىلىپ تۈزۈپ چىققانلىقى) توغرىلىق مۇنداق دېگەن:

ئى يارانلار بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغان جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىشدا ئەردىكىم پەيغەمبەر ھىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىف بولدى ۋەسسالام[3].

بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمى ھىجرىيە 1160 ـ (مىلادى 1747 ـ) يىلى تاماملانغان[4]. نەۋبەتى شېئىرلىرىدا كۆرۈلىدىغان ئىشارەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغان:

بۇ ئالەمى فانىيغا كېلىپمەن گۇزەر[5] ئەتتىم،
تۆت ياشىمدا ئىلىم ئىستەكەلى مەن سەفەر ئەتتىم.
ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم.

شائىرنىڭ ئەقلى ـ زاكاۋىتى ئۇلغايغانسېرى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئىگىلىگۈسى كېلىدۇ. نەتىجىدە يۇرتىنى قالدۇرۇپ سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇ سەپەر مەنزىللىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللەرنى قەتئى ئەيلەپ،

---

① نەۋبەتىنىڭ نەسەب يىلنامىسى شېئىرلىرىدا قەيت قىلىنغان ئىشارەتلەرگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئۇ شېئىرلار توپلىمىنى 1160 (مىلادى 1747 ـ) يىلى 57 يېشىدا جەملىگەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنداق بولغاندا شائىر مىلادى 1691/2ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 1760 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

② «يېشىم 57 گە يەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە مەن ئادەم بولمىدىم، ئىست! ياخشى ئىش قىلالمىدىم. ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى». («بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 207 ـ بەت).

③ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 247 ـ بەت.

④ بۇ يىلنامە قەيت قىلىنغان شېئىر دىۋانىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىيدۇر.

⑤ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 220 ـ بەت.

زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايخان كەلدىم.

نەۋبەتىنىڭ شەھەر كېزىشى ئىلىم ئىزدەش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن باشقا، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن باشقىچىرەك بولغان مۇنداق جەمئىيەت بولغان.

موغۇلىستاندا[①] كافىرى[②] زالىمى خانلىق،
فۇقەرالار غەمۇ ھەسرەتتە بولۇپ ھەيرانلىق.
بۇ مەھەلدە ھەمە زالىملار يۈرۈر راھەتتە،
مۇئمىن ئەل زۇلمۇ ستەم بىرلە بولۇر دەربانلىق[③].

نەۋبەتى بىرمۇنچە يەرلەرنى كۆرۈپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدەك ئۆزىنى مەھلىيا قىلالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاخىرى خوتەنگە قايتىپ بارىدۇ. ئۇ بۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلەگاھىمدۇر خوتەن،
ئۆزگۇسىگە بىنەزەرمەن، مەن خوتەندەك كۆيمەگەچ.

ۋنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، شائىر ئۆمرىنى خوتەندە ئاخىرلاشتۇرغان.
نەۋبەتى شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا ئۇ ئوتتۇرا قاتلام ئائىلىدىن كېلىپ چىقىش بىلەن، كېيىنچە تۇرمۇشى پېقىرلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ پەرقلەنمىگەن. شۇنداق بولغاچقا نامراتلارغا ۋە ئېزىلگۈچىلەرگە سەممىي ھېسداشلىق بىلدۇرگەن. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلىشىگە نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئومۇمەن شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى نەۋبەتى ئىلىمخۇمار، ئەمگەكسۆيەر، پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق بىر ئىنسان سۈپىتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.
«دىۋانى نەۋبەتى»[④] لىرىك شېئىرلار، يەنى غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىيلاردىن[⑤] جەملەنگەن چوڭ ھەجىملىك توپلام.
نەۋبەتى شېئىرلىرى خەلقچىللىق، گۇمانىزملىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك مەزمۇنلار بىلەن تولغان.
شائىرنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسى كۆپ ھاللاردا چىن سۆيگۈگە سادىق بولۇش، ۋاپا

---

① موغۇلستان — شائىر شىنجاڭنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان.
② كافىرى — شائىر بۇ يەردە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلەرنى كۆزدە تۇتقان.
③ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 211 ـ 212 ـ بەتلەر.
④ «دىۋانى نەۋبەتى» نىڭ تولۇق نۇسخىسى تېپىلمىغان.
⑤ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى، 3 ـ ساندا 105 غەزەل، 3 مۇخەممەس، 34 رۇبائىي ئېلان قىلىنغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى» دېگەن غەزىلى ۋە «مەككە زاھىرمەس، چۈشۈمدە»، «دەرىخدۇر ئولمىدى رام»، «زاھىدا زىنھار مېنى»، «مۇساھىبىم قىلساڭ پايام» قاتارلىق 4 رۇبائىيسى «بۇلاق» تا ئېلان قىلىنغانلار قاتارىدا يوق. بۇلار «كۆئېنلۇن ئەدەبىياتى» (خوتەن) 1979 ـ يىلى 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان. شۇنداق بولغاندا، ھازىرچە شىنجاڭدا مەلۇم بولۇپ ئېلان قىلىنغان نەۋبەتى شېئىرلىرى جەمئىي 105 غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، 38 رۇبائىي. م. باھاۋىدىن «دىۋانى نەۋبەتى» نىڭ تۈچ خىل قول يازما نۇسخىسىنى قايتا سېلىشتۇرۇپ ۋە كىرىشتۇرۇپ تەييارلىغان نۇسخا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

ئەملىنى ھۆرمەتلەش[1]، ئىشق ئەھلىنىڭ تەرەپدارى بولۇش ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. نەۋبەتى كىشىلىك تەقدىرگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىمايدۇ. ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرى ھەممىشەم ئادەم بالىسىنى (ۋاپا ئەھلى، چىن كۆڭلىدىن كۆڭۈل بەرگەن مەھبۇبى) قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بار ۋۇجۇدى بىلەن يۇرتداشلىرىغا تەرەپدارلىق قىلىدۇ، ئۇ ئادەمگەرچىلىك كىمگە كېرەك، شەخسىي ئىشرەت كىمگە كېرەك؟ دېگەن سوئالغا ئوچۇق جاۋاب بېرىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجابىي خىسلىتى بىر ـ بىرىگە بولغان ئىنسانىي مۇھەببەت، دەيدۇ. ئەمدى ئەيش ـ ئىشرەتلەر بولسا، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن كۈن كۆرىدىغان نۇقۇل دىنىي ئېتىقادچىلار (زاھىدلار) غا خاس ئىدى.

گۇمانىزم — نەۋبەتى شېئىرلىرىدىكى يارقىن مەزمۇن. شائىر كېچە ـ كۈندۈز ۋاقتىنى «باغۇ بوستان»لاردا ئۆتكۈزىدىغان مۇتەئەسسىپ دىنىي مۇتتەھەملەرنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ (باغۋەننىڭ) جىسمانىي ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلدى. شائىر ئۇچۇن جاپا چېكىۋاتقان خەلقنى قۇللۇقتىن، جەبىر ـ جاپادىن قۇتۇلدۇرۇش يولى خىرە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ فېئودالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي پەرقلەرنى ئايرىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە گۇمان بىلەن قارىدى.

نەۋبەتى بىر شېئىرىدا ئۆزىنى ئىجابىي ئوبراز، خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئۆزى مېھىر ـ مۇھەببەت باغلىغان مەھبۇبىنى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. سەلبىي ئوبراز قارىمۇ قارشى سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا ئىنسانپەرۋەرلىك ئارزۇ ـ ئارمىنى ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىنىدۇ. («ئەي يارانلار مېنى ئول دىلرەبا ئۆلتۈرگۈدەك»[2] دېگەن شېئىرىغا قاراڭ)

نەۋبەتىنىڭ زامانغا بولغان كۆزقارىشى «ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ»[3] دېگەن غەزىلىدە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى ۋە سىنىپىي تۈس ئالدى. لېكىن، شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدىكى كەمچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، نەۋبەتى غەزىلىنىڭ ئاخىرىدا «يوق سەبرى، نە تاقەت، نە ئارام ماڭا» دەپ كېلىپ «رەھمە ئەيلەر ئول ماڭا مەسلىھەت ئەھلى بىلە» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ خۇلاسە شائىرنىڭ سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. نەۋبەتى ئىنسانىيەتنى باي ـ كەمبەغەل قىلىپ، ئىجتىمائىي قاتلاملارغا ئايرىۋەتكەن سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئادالەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، بۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ شائىرنىڭ «جىلبە ئەيلەپ دوستلۇق مېھرىنى»[4] دېگەن شېئىرلىرى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن نەۋبەتىنىڭ ئىجادىيىتىدە گۇمانىزملىق روھ چاقناپ تۇرىدۇ.

«ئەي، سابا بەرگىل خەبەر»[5] دېگەن لىرىكىسىدا شائىرنىڭ ۋاپادارلىق قارشى ئىپادىلەنگەن. نەۋبەتىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزم) خىسلەتلەر توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىش

---

① بۇ ھەقتە «دىلبەرىم سەندەك جەھاندا» دېگەن شېئىرلىرىغا قاراڭ. «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 199 ـ بەت.

② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل، 3 ـ سان، 212 ـ بەت.

③ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 232 ـ بەت.

④ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 196 ـ بەت.

⑤ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى، 3 ـ سان، 225 ـ بەت.

مۇمكىن ئەمەس. شائىر «ئالدى كۆڭلۈمنى بۈگۈن»[1] دېگەن بىر غەزىلىدە دوستلۇق ۋە ئىسيانكارلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ گۇمانىزملىق قارىشى دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا خائىنلىق بىلەن دۈشمەنلىكنى پاش قىلىشقا قارىتىلغان. شائىر ۋاپا بىلەن جاپانىڭ ئارىسىغا ئەستايىدىل چەك قويىدۇ. ئۇنىڭسىز دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش مۈشكۈل، دەپ تەكىتلەيدۇ. نەۋبەتىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ھەر خىل ئىللەتلەر ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر ئىدى. شائىر بۇ زىددىيەتلەرگە شەخسىي نۇقتىئىنەزەردىن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي (ئومۇمىي) نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ باھا بەردى. ئەمەلىيەتتە، نەۋبەتىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ماھىرلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ئۇ ئىشقى مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئادىمىگەرچىلىككە زىت سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئىپادە قىلدى. «سادىق ئىرور، مۇمكىن ئەمەس يېگانە» دەپ يازدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتكەن. دۈشمەنلىكنىڭ ئازابىنى چەككەن شائىر ئىدى.

مەرپەتپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا شائىر نەۋبەتى نادانلىق، جاھىللىق ۋە تەركى دۇنياچى زاھىدلارغا قارشى رەھىمسىزلەرچە ئوت ئاچىدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ «ئاقىل ئەرسەڭ ئېي، بۇ رادەر»[2] دېگەن غەزىلىدە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە بولغان رېئالىستىك كۆزقارىشى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپقان. نەۋبەتى بۇ غەزىلىدە نادانلىق — مۇدھىش، جاھىللىقنىڭ بەلگىسى؛ دانىشمەنلىك — تەرەققىياتنىڭ بەلگىسى دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر خەلقنى قارا گورۇھ ھۆكۈمرانلىرىدىن يىراق بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — نەۋبەتىنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن، كۆپ يەرنى كۆرۈپ ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇشلاردىن ھاسىل قىلغان ئوتلۇق ھېسسىياتىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى. شائىر قويۇق ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇبارەك يۇرتىنىڭ نامىنى تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىلھاملاندۇرارلىق، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق يارقىن، كونكرېت، جانلىق قىياپەتكە ئىگە قىلىپ سۈرەتلەيدۇ. شائىرنىڭ «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى»[3] رەمەككە زاھىرمەس، چۈشۈمدە» قاتارلىق 4 پارچە رۇبائىيسىدە[4] ۋە «ئالما، دەيدۇرلەر ئەلۇرلەر ئالمەنى»[5] دېگەن غەزىلىدە ۋەتەنپەۋەرلىك ئىدىيە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

ئۇ:

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى[6].

دەپ يېزىش ئارقىلىق، يۇرتداشلىرىنى ئۆز يۇرتى بولغان خوتەننى ئەۋزەل بىلىشكە دالالەت قىلىسا:

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982- يىلى، 3 - سان، 229 - بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، 3 - سان، 179 - بەت.
③ «كۆئېنلۈن ئەدەبىياتى» 1979 - يىلى، 1 - سان.
④ «كۆئېنلۈن ئەدەبىياتى» 1979 - يىلى، 1 - سان.
⑤ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، 3 - سان، 237 - بەت.
⑥ «خىيالىڭدا خوتەننى [illegible]

مەككە زاھىرى مەس، چۈشۈمدە ئەسلىدە مەن كۆرمىگەچ،
ئىشقىسىزدۇرمەن ھەمىشە ئاڭا ئەسلى كۆيمىگەچ. ①

دېيىش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ باشلامچىسى (نامايەندىسى) ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا تولغان مىسرالىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاجايىپ تەسىرلىك قۇرلارنى يازىدۇ. شائىر ئۆز يۇرتىنى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق بىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى رەھمەت سۈرمىسى، كۆزلەرگە تۇتىيا ئىكەنلىكىنى، بۇ گۈزەل دىيارنى ھۆر پەرىلەرنىڭ شېرىن لەۋلىرىدىكى ھەسەل، ھۆسنى جامالىدىكى قۇياش، شەھلا كۆزلىرىدىكى يۇلتۇز، يادەك ئەگىم قاشلىرىدىكى يېڭى ئاي دەپ بىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جاھاننىڭ دانىشمەن مۇئەللىپلىرى، شائىرلىرىغا خىتاب قىلىپ، خوتەننى باللارغا دەرس ۋە ماقالا قىلىشنى، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى خوتەننى قوربېشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى دوستلىرىنى دالالەت قىلىش، ئۆزىنى نامايەندە سۈپىتىدە كۆرسىتىش بىلانلا چەكلەنمەي، بەلكى ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يېتىدۇ، ئۇ بۇ توغرىلىق:

سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئېلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى. ②

دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ ھېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ، يەنى بۇ مىسرالاردا شائىر گۈزەل ۋەتىنىنى ياتلارنىڭ يامان كۆزىدىن قاچۇرۇش، يوشۇرۇش، قىزغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پاك ۋە ئەزىز ماكاننى قارا يۈز رەقىبلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقى، ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىداكارانە روھنى نامايان قىلىدۇ.

نەۋبەتى يۇرتىنىڭ ئېسىل مېۋىلىرىنى زوقلىنىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقان. مەسىلەن ئۇ «ئالما، دەيدۇرلەر ئالۇرلەر ئالمەنى» دېگەن غەزىلىدە نازىنىنلەرنىڭ رۇخسارىدەك ئالملار بارچە مېۋىلەردىن ئېسىل ئىكەنلىكىنى، ئۇ قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە ئۇلۇغلار (يۇرتداشلار) غا سوۋغات قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن، كۆڭلىدىكى ھەقىقىي تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ شېئىر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شائىرنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئەتىۋارلايدىغان ئىلغار ئىدىيىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ پىزاۋ لىرىكىسىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

شائىر نەۋبەتى پىزاۋ لىرىكىلىرى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كەڭ ئىپادىلەشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ژانىرىنى ھەم كۆپ خىللاشتۇرۇشقا تىرىشقان. شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى، قايغۇ ـ ھەسرىتى ۋە شادلىقىنى پورترېت تەسۋىرى ۋە پىزاۋ تەسۋىرلىرىگە سىڭدۇرۇپ ئىزھار قىلغان.

---

① «ئەسلىدە مەن مەككىنى كۆرمىگەچكە، ئۇ – مەن كۆرمىگەن جاي چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇنى كۆرەي دېسەم، مەن ئەسلىدە ئىشق باغلاپ كۆيگەن ئەمەس».

② «نەۋبەتى سەن ھەم قارا يۈزلەرگە خوتەننى رەقىبلەرنىڭ زاۋالى (گۆرى) قىلىپ كۆرسەت».

ئالما، دەيدۇرلەر، ئالۇرلار ئالمەنى،
قوينىغا يىلداپ سالورلار ئالمەنى.
ئالمەغە مەيىل ئەتسە ھەركىم ناگەھان،
شاخىدىن ئېگىپ ئالۇرلار ئالمەنى.

......

شائىر پىزاۋ تەسۋىرگە بېغىشلانغان بۇ شېئىرىدا ئالمىنىڭ گۈزەللىكى، خۇش پۇراقلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ، قانداق قەدىرلەيدىغانلىقى قاتارلىق بىرقاتار ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھايات گۈزەللىكلىرىنى ئالمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئىنسانلارنىڭ جۈملىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىش روھىنى نامايىش قىلغان.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالمىنى قەدىرلەش ۋە ئالما ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي مەدەنىيەت چۈشەنچىسىنى، جۈملىدىن باي فولكلور مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئومۇمەن، شائىر ئۆز قەلبىدىكى ئەڭ چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان. ئەڭ قايناق، ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە بەدىئىي ئىستېداتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ بىرمۇنچە غەزەللىرىدە ئانا ۋەتىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش، غۇرۇرلىنىش، ئۇنى جېنىدىن ئەزىز بىلىش تۇيغۇلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىشانلارنىڭ تەركىيۋەتەنچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتى ۋابادەك يامراپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى قاپلاپ كەتكەن ئاشۇ دەۋردە شائىر نەۋبەتىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چىقىشى ھەقىقەتەنمۇ ئىلغارلىقتا، زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل روھ ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك روھ.

تەرەققىيپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرىنى مەردانىلىك بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان نەۋبەتى ئۆز غەزەللىرىدە تولاراق تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن زوقلىنىشقا، تۇرمۇشتىكى نازۇ نېمەتلەردىن پايدىلىنىشقا، ئىنسان بالىسىغا ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن قاراشقا، ئىشقىي مۇھەببەت مەسىلىسىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا دەۋەت قىلىدى. بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ «نە خاتالىق مەندىن ئۆتتى...»[1] دېگەن غەزىلى كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولالايدۇ. نەۋبەتىنىڭ بۇ ئەخلاقىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كۆز قاراشلىرى تەرەققىيپەرۋەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. غەزەللىرىدە ئۆزىگە يەنە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلىدى.

ئاقىل ئەرسەڭ نەۋبەتى كۆڭلۈڭنى ھەرگىز بەرمەگىل،
بولمىغىل مەغرۇرسەن كۆڭلى ئالاغە مۇپتىلا.[2]

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، 3 - سان، 208 - بەت.
② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

ئىستىبدات فېئودالىزم دەۋرىدە دائىم دىنىي شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئاستىدا يۈرگەن نەۋبەتىنىڭ خەلققە مۇھەببىتى، زالىم ئەمەلدارلارغا نەپرىتى بارغانسېرى ئاشتى. شائىر ئۆزىنىڭ بەزىبىر چۈشكۈن ھېسسىياتىغا تەسەللى بەرگىنىگە ئوخشاش، يۇرتداشلىرىنى ھەم ئېغىر چىلىقتىن قورقماسلىققا دەۋەت قىلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەۋبەتى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئىلغار پىكىرلەر ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈك خاھىشلىرىدىكى مىسرالىرىنىڭ ۋەزنىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. «دىۋانى نەۋبەتى» نىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋارىيانتلىرى خەلق قولىدا ساقلانغان. مەدرىسلەردە تالىپلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە پايدىلىنىدىغان قوللانما بولۇپ قالغان. «12 مۇقام» نىڭ تۆت مۇزىكىسىدا نەۋبەتى غەزەللىرى ئورۇن ئالغان[1]. «ئەزىزلەرنىڭ مازارىدا ئەزىزلەر يار بولماسمۇ» دېگەن غەزىلى 1807 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ئاخىرقى سەھىپىسىگە يېزىلغان[2]. 1959 - يىلى قازاقىستاننىڭ پانفىلوۋ رايونىنىڭ سادىر يېزىسىدا تېپىلغان كونا قول يازما پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن نەۋبەتىنىڭ «بىھۇدە غەم يېمەگىز جان بولسا جاھان تاپىلور» ۋە «بىۋاپا دۇنيانى ئىزدەپ يۈرگەن ئەلنىڭ سانى يوق» ناملىق غەزەللىرىنىڭ پارچىلىرى ئېنىقلانغان[3][4].

## § 6 . ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك نامايەندىلىرى

### 1 - موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى

بۇ تەرجىمان XVII - XVIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا كاشغەردە ياشىغان بولۇپ، شېئىرىيەتتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان.

«كەلىلە ۋە دىمنە» بۇنى موللا مۇھەممەد 1717 - يىلى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «ئاسارى ئىمامىيە» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇ بىلەن ئاتىغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» قەدىمكى ھىندىستان خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ، «بەشنامە» (پەنجە تانتاراس) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. كېيىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

---

① «12 مۇقام تېكىستلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، 147 -، 148 -، 164 -، 269 - 270 - بەتلەرگە قاراڭ.

② س. مۇللايېۋ «XVIII ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى». - ئالمۇتا نايكا (پەن) نەشرىياتى، 1990 - يىلى.

③ بۇ غەزەللەر «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982 - يىلى 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان غەزەللەرنىڭ 69 - ۋە 93 - غەزەللىرى ئىدى.

④ يېقىندىن بېرى بەزىلەر نەۋبەتىنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، ئۆز كۆزقارىشىنى ئېلان قىلىشتى. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، نەۋبەتىنىڭ تەخەللۇسى ۋە ھاياتىغا دائىر مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچى، نەۋبەتى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى جىيا يېزىسىدىن بولۇپ، ئىسمى ئۆمەر قارىم ئىدى. ئۇ تېبابەتچىلىكتە ۋە شېئىرىيەتتە شۆھرەت قازانغان ئىدى. شائىر كېيىنچە خوتەن شەھرىنىڭ ئىلچى بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چېرىيىدىن باشلانغان ئاغرىق - سىلاق نەۋبەتى ئائىلىسىگىمۇ پاجىئە ئېلىپ كەلگەن. نەۋبەتىنىڭ تۆت ئىنىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. نەۋبەتكە قاتتىق روھىي ئازاب ئېلىپ كەلگەن. شائىر ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى بولغاي، دەپ بىئارام بولغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقۇملۇق كېسەللىك ئاياغلىشىپ، نەۋبەتى ئامان قالغان. كېيىن شائىر مۇشۇ ئەھۋال سەۋەبلىك ئۆزىگە «نەۋبەتى» دەپ نام قويغان دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، شائىر نەۋبەتى شېئىرىيەت ساھەسىدە نەۋائى، ئەتائى، لۇتفى، سەككاكى قاتارلىقلار دەۋران سۈرگەن، ئەمدى مۇنداق دەۋران سۈرۈش نەۋبەتى بىزگە كېلىپ قالدى، دەپ ئويلاپ، «نەۋبەتى» تەخەللۇسىنى قوللانغان، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ش. قاسىمنىڭ «نەۋبەتى ھەققىدە ئاز - تولا مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992 - يىلى، 21 - ئاپرېل سانى.

«ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» بۇ پارس يازغۇچىسى ھۇسەيىن ۋائىزكاشفىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، موللا مۇھەممەد 1709 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» بۇ پارس ـ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ داستانى بولۇپ، بۇنىمۇ موللا مۇھەممەد مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىققان.

## 2 ـ شاھ ھىجران

شاھ ھىجران يەركەندە ياشىغان تەرجىمان بولۇپ، تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن ئىبنى خوجا نىزامىدىن. بۇ تەرجىمان 1750 ـ 1752 ـ يىللىرى «شاھنامە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «شاھنامەئى تۈركى» دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان.

## 3 ـ مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم ئاقسۇيى

تەخمىنەن XVIII ئەسىردە ئاقسۇدا ياشىغان. بۇ تەرجىمان «مىڭ بىر كېچە» (ئەلفىن لەيلى ۋەللەيلى) نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

# XIII باب. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## § 1 . ئومۇمىي ئوبزور

### 1 - سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال

مىلادى 1759 - يىلى خېلى يىللار پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىۋاتقان چوڭ - كىچىك خوجىلار مەغلۇپ قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى دۆلىتىمىز تارىخىدا مۇھىم بىر ئىش بولدى. بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە نۇرغۇن ئادەتتىكى پۇقرالار چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى` بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جۇڭغارلار ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئالۋاڭ - سېلىقلارنى يەڭگىللەتتى. بۇرۇنقى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈگەتتى. دىنىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا بىرمۇنچە يېڭى سىياسەتلەرنى قوللاندى. ئاۋۋال بەگلىك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. ئىسلاھاتنىڭ يادروسى ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى تارقاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش تۈزۈمى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنداقلا بەگلەرنىڭ تەمناتى، مائاش ئېلىش چارىسى بەلگىلەندى. ئۇلارنىڭ پۇقرالارنى چەكسىز قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئىمكانقەدەر چەك قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا باج - خىراجەتنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا بەزى سىياسەتلەرنىمۇ قوللاندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا ئۇزاققىچە مۇقىم ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1762 - يىلى ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان «جاڭ جۈن» بەلگىلەپ، ئۇنى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئالىي ئەمەلدار سۈپىتىدە ئىلىدىكى كۈرە قەلئەسىدە تۇرغۇزدى. ئۈرۈمچىدە، ئۈرۈمچى رايونىنى باشقۇرىدىغان «زەڭگى» تۇرغۇزدى. ئىلى، تارباغاتاي، كاشغەر رايونلىرىدا «مەسلىھەتچى ئامبال»لارنى تۇرغۇزۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەر - رايونلارنى تىزگىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، نەسەبىي بەگلىك تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگىلا ئۆزگەرتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانغا قەدەر، يەككە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان فېئودال خوجىلىق تۈزۈمى — ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولۇپ كەلدى. بۇ

تۈزۈم بويىچە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك بەگلەردىن تەركىب تاپاتتى[1].

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يەنە بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش، يول ياساش، شەھەر سېپىلى ۋە چېگرا مۇداپىئە قورغانلىرىنى ياساش، كان قېزىش قاتارلىقلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىمۇ خېلى ئاشتى. تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان يېزا - بازارلار، شەھەرلەر ئاۋاتلاشتى. مەدرىس - مەكتەپلەر جانلاندى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. جەمئىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇكەممەللەشتى.

چىڭ سۇلالىسى بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت. ئۇ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەك، ئەزگۈچى سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىپ، ۋەتەننى كەڭ كۆلەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئومۇمىي نۇقتىدىن غايەت زور ئىلگىرىلەش، تارىخ ئېقىمىنىڭ يۈزلىنىشىگە ماسلاشقانلىق. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى كەڭ مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئەمەس. چىڭ ھۆكۈمىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان، ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق ئاممىسىدا ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى بىر خىل كەيپىيات كۈچلۈك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆكتەملىكى، يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈچلۈك ھېسسىياتىدىن پايدىلانغان بىر قىسىم خوجا ئەۋلادلىرى ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرى، خەلق ئىنقىلابىنى كۆپ ھاللاردا تويۇق يولغا باشلاپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما، خەلق باشلىغان «ئىنقىلاب تارىخنىڭ پاراۋوزى» (ماركس) بولۇشتەك شەرەپلىك ئورنى ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن قەدىرلىنىپ تۇردى.

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى مەيلى قانداق بولمىسۇن، شۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇپراق ۋە مەنىۋى مۇھىت بولۇش سۈپىتىدە يېتەرلىك بايان قىلىنىشقا تېگىشلىك.

## 2 - چىڭ سۇلالىسى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. قىسقىچە بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى سوپى - ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا سولغۇن ھالەتكە گىرىپتار بولغانىدى. ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمران كۈچلىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

ئۇلار باشقۇرۇپ تۇرغان كەڭ رايونلاردا مەدەنىيەتكە، ھەتتا ئىسلام دىنى ئىدىيىلىرىگىمۇ خىلاپ بولغان ئىشانلىق سۇلۇكلىرى يامراپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىدە ئەڭ جاھالەتلىك، زۇلمەتلىك، ئەڭ تەرسا، مۇتەئەسسىپ خوجىلارنىڭ ئىشانلىق ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقتى. بۇ مەزگىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى ئىنسانپەرۋەر ھەم تەرەققىيپەرۋەر يۆنىلىش ۋە ئۇتۇقلىرى مىسلىسىز ناپۇت بولغان يىللار بولدى. بابا رەھىم مەشرەپ، زەلىلى، خەراباتى ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن دەردمەن نالە ۋە تەركىيدۇنيا خاراكتېرىنى ئالغان ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلار دەل ئۇنىڭ مەجازى شىكايىتى بولدى. ئەگەر بىرقەدەر ئوچۇق - ئاشكارا شەكىلدە بۇ خىل تارىخىي چېكىنىشكە خاتىمە بېرىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك پرىنسىپى قاتىشقا ئورۇنغان ئەدىب ھەققىدە سۆز بولۇش توغرا كەلسە ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال زەلىلى، شاھ ھىجران، سادىقى قاتارلىق ئەدىبلەردىن ئىبارەت. بۇ بىر تۈركۈم ئەدىبلەر خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى قايتا تىكلەش ۋە جاھان ئىلغار ئىزىغا سېلىش يولىدا ئىجادىيەت، تەرجىمە، شەرھى ۋە تەزكىرە ساھەسىدە ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. بۇ ئىش بۇرھانىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قايتا ھوقۇق تۇتۇشى، قانلىق باستۇرۇشى ۋە جاھىلانە ئىشانچىلىق تەرغىباتى بىلەن يەنە ۋايىغا يېتەلمىدى. ئارقىدىنلا جۇڭغار توپىلاڭچىلىرى، چوڭ - كىچىك خوجا نىزاھلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چەنلوڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا چىقتى. ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھېكىمبەگلىك ۋە بىرقانچە دەرىجە ھەر خىل نامدىكى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمما، ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەنجان دىيارىغا قېچىپ كەتكەن ئوغلى سامساق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، بولۇپمۇ جاھانگىر خوجا، چوڭ - كىچىك يەتتە خوجا، ۋەلىخان تۆرە، ئابدۇرېھىم ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلار داۋاملىق چېگرىدىن كىرىپ ئاپئاق خوجا ئىشانچىلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە ئورۇندى. سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان، قاشاقلىق، نادانلىق ئىچىدە ھالىدىن كەتكەن ئۇيغۇر خەلقى ھەر قېتىم بۇ خوجىلاردىن بىرەر نىجادىيەت كۈتكەن بولسىمۇ، ئەكسىچە خانىۋەيرانچىلىق، تەپرىقىچىلىق ۋە ئۆز يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشتەك ئېغىر بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇردى. بۇنداق ئەھۋال گەرچە گاھى ئۈزۈلۈپ، گاھى ئۇلىنىپ تۇرسىمۇ، 1864 - يىلى چەت ئەل مۇستەبىتلىرىدىن ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر خانلىقى» (1864 - 1877) مەيدانغا چىققۇچە داۋام قىلدى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە زوھۇرىدىن ھېكىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى خوجىلار زامانىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى بەزى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر باشلىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ۋە كلاسسىك قىممىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. ئا. نىزارى، زىيائى ۋەكىللىكىدىكى ئا. نىزارى، زىيائى، غەرىبى، سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەردىن تەشكىل تاپقان يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرى زوھۇرىدىن ھېكىم تەشەببۇسى بىلەن ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قايتا قوزغىغان ئىشانچىلىق تەشەببۇسلىرىغا قارشى يۈكسەك ئاڭ ۋە پىداكارانە جاسارەتتە تەشكىللەنگەنىدى. زوھۇرىدىن ھېكىم خوجىلار توپىلاڭلىرى، جەڭگى - جېدەللىرى پەيتىدە بۇ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىنى قوغدىدى. ئا. نىزارى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ تۇرپانغا سەپەر قىلغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى، يەنى زوھۇرىدىن بۇ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خوجىلار قوزغىغان كۆپ قېتىملىق ئىشانچىلىق مالامەتلىرى ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ گۈزەل كەلگۈسى غايە، ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى، ئەقىل - تەپەككۇر خاسىيىتى، ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەت، ۋەتەن ھەم تۇرمۇشقا بولغان سەممىي ھېسسىيات، ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيە، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەرگە مەسخىرە قىلىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ۋە دۇنياۋى كلاسسىك تېماتىكىسىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئاخىرقى مۇھىم بىر تارىخىي باسقۇچىنى شان - شەرەپ بىلەن بېزىدى. ئۇنى نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا مەزگىللىك چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۇتاشتۇردى. XX ئەسىرگىچە داۋام قىلغان بۇ كەنجى دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتقا سادىقى، قەلەندەر، موللا قۇربان، ئا. نىزارى، زىيائى، غەرىبى، سەبۇرىدىن باشقا، ئەھمەد شاھ، موللا شاكىر، ناقىس، موللا بىلال، سىيىت مۇھەممەد، تەجەللى، مۇسا سايرامى، ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ ھۆسن قوشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەنئەنىسىنى قوغداش ۋە جارى قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان غايەت زور تىرىشچانلىق سەمەرىسى سۈپىتىدە روياپقا چىقتى. ئەگەر ئاپئاق خوجا ئىشانچىلىق جاھالىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان تەكرار ئېلىشىشلار نەزەردىن ساقىت قىلىنىدىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ X VIII - XIX ئەسىردىكى يىرىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشلا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دىققەتتىن يىراقلاشتۇرۇلىدىكەن. XX ئەسىردىن باشلانغان دېموكراتىك - مەرىپەتپەرۋەر يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىخ يېرىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆرەش ئىچىدە ئىلگىرىلەش— مانا بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت.

## 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1) 1759 - 1864 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئەدەبىيات

بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1759 - يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن باشلاپ، 1864 - يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى جۇڭغارلار - خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە يېڭىلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇلارنى كونكرېت بايان قىلساق مۇنداق نۇقتىلار ئارقىلىق ئوچۇقلاشتۇرالايمىز.

بىرىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنى زورايدى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن نۇرغۇن ئاپتورلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سادىقى (مۇھەممەد سادىق كاشغەرى)، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى، قەلەندەر، زىيائى، زوھۇرى، قۇسۇرى، رەشىدى، شائىر ئاخۇن، موللا يۇنۇس يەركەندى، غەرىبى، سەبۇرى، مىسكىن، سالىھى، ئىمىنى، سەدائى، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، ئىسمائىل بەگ، خىسلەت، ئەھمەد شاھ قارىقاشى، خۇشھال غەرىبى، موللا نىياز ئاشىقى، موللا قۇربان قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنەرلىك شائىرلار بار.

بۇ دەۋردە يەنە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشچانلىقىدا بىرقەدەر ئېنىق ئۆزگىرىش بولدى. كۆپچىلىك ئاپتورلار بايرىقى روشەن ھالدا ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا

تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغان، شۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ زارىنى ئىپادىلەيدىغان خاھىش گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كۆپەيدى. ژانىر، شەكىل جەھەتتە ھەر خىل، ئۇسلۇبى رەڭدار بولدى. مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا سان جەھەتتە كۆپ، ھەجمى چوڭ، تېمىسى خىلمۇخىل، مەزمۇنى رەڭگارەڭ ئەسەرلەر بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردىكى يىرىك ئەسەرلەر ئىچىگە «نىزارى لىرىكىلىرى»، «غەرىبى مۇخەممەسلىرى»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى سەدائى»، «دىۋانى زۇھۇرى»، «دىۋانى سەبۇرى»، «دىۋانى ئىمرى»، «دىۋانى بىنىشان»، «دىۋانى نىيازى»، «دىۋانى تەجرىد»، «كۇللىيات خەستە»، قاتارلىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى، «مۇھەببەت داستانلىرى» («ھېكايىتى غە-رىب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ بۇنىڭغا ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى قاتارلىق شائىرلارنىڭ «رابىيە ۋە سەئىدىن»، «زادۇل نەجاد»، «ھېكايەتى غەرىب»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «چاھار دەرۋىش»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەسئۇد ۋە دىلئارا»، «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»، «مۇھزىنۇل ۋاھىزىن»، «كىتابى غەرىب»، «بەھرام گۆر» قاتارلىق ئون نەچچە داستان كىرگۈزۈلگەن)، «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا»، «خوتەننامە» (خوتەن قەسىدىسى)، «رەۋزەتۇل زوھرا»، «ئىسلامنامە»، «مۇھەببەتنامە»، «جەڭنامەئى ھەزرەتى ئەلى»، «رەۋزەتۇششۇھەدا»، «مەنتىقۇتتەيىر»، «ئاتنامە»، «(«ئات ھەققىدە مۇخەممەس») «مەزلۇملار ئاھى» ياكى «ئەرزنامە»، «ئەرزىيەت»، «تۆتنامە»، «بارنامە»، «مەنسۇر» قاتارلىق مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىي داستانلار، «سىدىقنامە»، «پە-دىنامە» قاتارلىق ئەخلاقىي پەلسەپىۋى داستانلار يېزىلدى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە خېلىلا ئېنىق ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەسەرلەردە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى، يەنى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇب بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق، ھۆرلۈك خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە سادىقى، زوھۇرى، موللا توختى، خۇشھال غەرىبى، دىلبەر دورغە، ئابدۇرېھىم نىزارى، شائىر ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ جاسارىتى يۇقىرى بولدى. كۆپچىلىك شائىرلار گۇما-نىزم (خەلقچىللىق)، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىر-لىدى. رېئال تۇرمۇش ئېستېتىكىسى بىلەن غايىۋى ھايات مەۋقەلىرى چىن ھېسسىيات ۋە يۇقىرى بەدىئىي دىت ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودىدا ئۆزگىرىش روشەن بولدى، يەنى رومانتىزم، رېئالىزم، سىمۋولىزمدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى ئىزچىل ۋە ئۈنۈملۈك قوللىنىلغاندىن سىرت تەنقىدىي رېئالىزم خاس مېتود سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بىرمۇنچە يازغۇچىلار، مەسىلەن، سادىقى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زوھۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى.

بەشىنچى، كلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىم بۇ دەۋردە ئاساسىي ئېقىم بولدى. ئالدى بىلەن بۇ يەردە كلاسسىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، كلاسسىزم ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە قەدىمكى دەۋردىكى يۇنان ـ رىم ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئۈلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا «كلاسسىزم» دەپ ئاتالغان. نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قەدىمكى دەۋردىن ئاڭلىق

يوسۇندا ئۆگىنىش كلاسسىزمنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مۇھىم مەدەنىي ۋە تارىخىي شەرت ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىزمچىلار ئىدىيە جەھەتتە ئەقىل ـ ئىدراكقا چوقۇنىدۇ؛ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى تەكىتلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە فېئوداللىق مۇستەبىتلىككە ۋە دىنىي ئەقىدىگە قارشى تۇرىدۇ؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادىسىگە ماس كەلمەيدىغان فېئودالىق قائىدە ـ يوسۇننى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە قەدىمكىنى دوراشنى، مىللىي، يەرلىك تىلنى قوللىنىشنى، ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئېستېتىك مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتىنىڭ ياسالمىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەلۇم خاھىشى ۋە ئارزۇسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش قىياپىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىنكاس قىلغان بولۇپ، رېئالىستىك ئامىلغا ئىگە.

كلاسسىزم غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىرمۇنچە بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ھەرقايسى خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئورتاق بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن مۇستەسناسىز شەكىللەنگەن ياكى بارلىققا كەلگەن كلاسسىزم ئېقىمى بار بولغان. بۇ خىل ئېقىمنى شۇ نەرسە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭغارلار — خوجىلار زامانىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، دوراش بويىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. لىرىك شېئىرلاردىن تارتىپ داستان، تەزكىرىلەرگىچە، تىل، ئۇسلۇب، ئىدىيىۋى خاھىشلارغىچە بولغان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ خىل ھادىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، موللا فازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، ئا. نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «زادۇل نەجاد»، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىنىڭ «بەھرام گۇر»، سەبۇرىنىڭ «ماقالات»، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» قاتارلىق داستانلىرى ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنىڭ داستانلىرىنى ئۈلگە قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان. ئا. نىزارى، زوھۇرى ۋە موللا قۇربان، مۇھەممەد قارىلار نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبى، شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە ئېستېتىك غايىسىگە چىپپىلاشتۇرۇپ، تەخمىسلەر باغلاپ مۇخەممەسلەر يېزىشقان. قەلەندەر، موللا قۇربان نەۋائى لىرىكىلىرىنىڭ ھەرقايسى بەھرلىرىگە تەققاسلاپ شېئىرلار يازغان. ئۆمەرباقى، موللا سىدىقلار «خەمسە نەۋائى» ئىچىدىكى داستانلارنى تاللاپ، نەسرىي شەكىلگە سېلىپ قايتا ئىشلەپ چىققان. موللا يۇنۇس يەركەندى شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىدىكى «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» سيۇژىتى ئاساسىدا «مۇھەببەتنامە» ماۋزۇسىدا چوڭ ھەجىملىك داستان يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. دېمەك بۇ خىل ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس «كلاسسىزم ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئالتىنچى، بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسچىلىق ئېقىمى قايتىدىن بارلىققا كەلدى. تارىختىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھەممەد خارەزمى (؟ 780 ـ ؟ 850)، بىرۇنى (؟ 973 ـ ؟ 1048) پەرغانى، فارا بى، ئىبن سىنا، مەھمۇد كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاتارلىق قامۇسى مۇئەللىپلەر ۋە بىر قاتار قامۇسى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. غەربىي

ياۋروپادا بولسا XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە قامۇسچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئۇيۇشما بارلىققا كەلگەن. قامۇسنىڭ مەسئۇل تەھرىرى ماتېرىيالىزمچى دىدېرو ئىدى. غەربىي ياۋروپانىڭ قامۇسچىلىق ئېقىمى شۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئېنگېلس بۇ قامۇسچىلار تۈزگەن «قامۇس»نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى. «فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدىنى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى بىلەن چەكلەپ قويمىدى؛ ئۇلار تەنقىدنى ئۆزلىرى ئۇچراتقان ھەر بىر ئىلمىي ئەنئەنە ياكى سىياسىي مۇئەسسەسەگىچە كېڭەيتتى؛ ئۆز تەلىماتىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا ئۇلار ئەڭ ئاسان يولنى تاللىدى: ئۆزلىرىنىڭ داڭقىنى چىقارغان چوڭ ئەسەر «قامۇس»تا ئۇلار بۇ تەلىماتنى بىلىم-نىڭ جىمىكى ئوبيېكتلىرىغا دادىللىق بىلەن تەتبىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ماتېرىيالىزم ئۆزىنىڭ ئىككى خىل شەكلىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكلى — ئاشكارا ماتېرىيالىزم ياكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلى بىلەن، فرانسىيىدىكى بارلىق ئوقۇمۇشلۇق ياشلارنىڭ ئەقىدىسى بولدى.»①. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قامۇسچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇرژۇئا ئىدېئو-لوگىيىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇلار «ئەقىل ئالىمى» غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بۇرژۇئا ئالەمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قامۇسچىلار فېئودالىزم ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيە-تىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۆرەشتە قامۇسچىلارنىڭ تارىختىكى ئىلغارلىق رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

XIX ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن قامۇسچىلىق شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇھىتى، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ئاساسى-دا شەكىللەنگەن بولۇپ، غەربىي ياۋروپا قامۇسچىلىرىدەك نەچچە ئون، ھەر خىل كەسىپكە پىششىق ئالىملاردىن ئۇيۇشقان، ھەجىم جەھەتتە نىسبەتەن چوڭ، بىلىم تارماقلىرى كۆپ خىل، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىرقەدەر ئالغا كەتكەن تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدى-غان «قامۇس»لىرىغا سېلىشتۇرغاندا تەڭمۇتەڭ سەۋىيىلىك بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنىڭ قامۇسچىلىق تارىخىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان بىر مۇنچە مۇئەللىپلەر كۆپ تەرەپلىمە بىلىم، جۇملىدىن تەبىئىي پەن، ئىلاھىيەت، ئەخلاقشۇناسلىق ئاثارشۇناسلىق، مۇسىقا (مۇزىكا)، ئاسترونومىيە قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، شۇ ساھەدە قامۇسقا يېقىنلىشىدىغان ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنداق ئەسەرلەرگە سادىقى، قۇدبىدىنشاھنىڭ ئەسەرلىرى، مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشىنىڭ «مەجمۇئەتۇلئەھكام»، مۇجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرب»، نىزارى، زىيائى، غەرىبلەرنىڭ «ھېكايىتى غەرىب» قاتارلىق كىتابلىرى مىسال بولىدۇ.

سادىقى ئۆز زامانىسىنىڭ يىرىك ئالىمى بولۇپ، ئۇ تارىخ، ئەخلاق، دىن، پېداگوگىكا قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار ئون نەچچە پارچە ئەسەر يازدى. قۇدبىدىنشاھ (1760 -

---

① ئېنگېلس «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1976 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 51 -، 52 - بەتلەر.

1866) كاتتا دىنىي ئالىم، تىۋىپ ۋە شائىر. مىسىر، ئەرەبىستانلاردا ئوقۇغان، ئۇيغۇر، ئەرەب، ئوردۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن. تەكلىپكە بىنائەن پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، ھىندونېزىيە، بولغارىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە بېرىپ كېسەل داۋالىغان. ئو توققۇز يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. «رىسالىھى ئىرشادۇسسالىكىن»، «ساقىنامە»، «تىل ئىسمى ئىشىق»، «ھەبىبىل بەھر»، «مەرەقەكەلىمە شېرىپ»، «شېرىكنامە پەلەك» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان[1]. سادىقى ۋە قۇدبىدىننىشاھ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى يەككە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى كىرىشتۇرۇپ، سىستېمىلاشتۇرىدىغان بولسا «قامۇس»قا مەلۇم نىسبەتتە يېقىن تۇرىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر قامۇسچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ياۋروپا قامۇسچىلىق ھەرىكىتىدىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار. ئۇيغۇر قامۇسچىلىرى بىر جەمئىيەتكە ئۇيۇشالمىغان؛ يازغان ئەسەرلىرى بولسا يەككە پەندىن تەركىب تاپقان؛ ئۆزلىرى يازغان ئەسەرلەرنى قامۇس دەپ ئاتىمىغان؛ دىنىي ئەقىدىلەرگە بىۋاستە قارشى تۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

ئۇيغۇر قامۇسچىلىرىنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسىنى شۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك پەنلەرنى ئىگىلىدى ۋە ئۆزلىرى يالغۇز ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى؛ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ فېئودالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ تاشلىدى. خەلقنىڭ ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى.

يەتتىنچى، كوللېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جانلاندى. بۇ دەۋردە بىرمۇنچە ئاپتورلار شەخسىي ئىجادىيەتتىن سىرت ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەدەبىي كۇرۇژۇكلار تەشكىللەندى. نەچچىلىگەن بىرلەشمە ئەدەبىي توپلام «باياز»لار ۋۇجۇدقا كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا زوھۇرىدىن ھاكىم ھامىيلىقىدا قەشقەردە ئابدۇرېھىم نىزارى يېتەكچىلىكىدە زىيائى، غەرىبى، سەبۇرىغا ئوخشاش ئەدىبلەر ئىجادىيەت كوللېكتىپى بولۇپ ئۇيۇشتى. ئا. نىزارى بىلەن زىيائى بىرلىشىپ «چاھار دەرۋىش» داستانىنى يازدى. بۇ ئۇيۇشما ئەزالىرى 39 پارچە ھەر خىل ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھېكايىتى غەرىب» ناملىق چوڭ توپلامنى بارلىققا كەلتۈردى (1841 - 1849 - يىللار ئارىلىقىدا)، موللا نىياز، موللا ھەيدەر (مىسكىن) بىلەن بىرلىشىپ «ئەمىر ئابامۇسلىم» (قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم) ناملىق زور داستانىنى ياراتتى[2]. موللا ئىمىن، موللا ياقۇبلار بىرلىشىپ «مەسنەۋى» ناملىق شېئىرنى يازدى. موللا ھەيدەر (مىسكىن)، موللا نىياز ئەسەرلىرىگە موللا سالىھ (سالىھى) دېگەن شائىرنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قېتىلىپ، 1855 - يىلى، موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇبلارنىڭ كۆچۈرۈشى بىلەن يىرىك بىر باياز بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاپتورلىرى بۇ ئەسەرلەرنى 1785 - 1795 - يىللىرى ئارىلىقىدا يازغان[3]. بۇ بايازغا ئەسىرى، موللا ئەلەم، ھەمدى قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ بىر - ئىككىدىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئەسىرى» تەخەللۇسلۇق ئاپتورنىڭ ئۈچ پارچە غەزىلى بار. موللا ئەلەم ناملىق شائىرنىڭ ئۈچ غەزەل بىر مۇخەممىسى بار. ھەمدى

---

① ئا. ئالىم «قۇتبىدىننىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 1 - سان، 120 - بەت.

③ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 1 - سان، 122 - بەتلەر.

تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ بىر غەزىلى بار. زۇمرەد تەخەللۇسلۇق بىر شائىر ئۆتكەن بولۇپ، ئىلگىرى خوتەنلىك بىر تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن «ئەسىرى»نىڭ ئىككى پارچە غەزىلى بىلەن بىرلىكتە زۇمرەدنىڭ «ئەي رەپىق ساقلاغىل» ناملىق بىر پارچە غەزىلى بايقالغانىدى[1]. لېكىن زۇمرەدنىڭ شېئىرى بۇ بايازغا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ دەۋردە تۈزۈلگەن «بایاز»نىڭ ئەڭ چوڭى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ «مۇھەممەد بەشىر ئىبنى شاھ ئەردەشىر، 1229 - (مىلادىيە 1813 - 1814) يىلى» دېگەن خەت ئويۇلغان تامغا بېسىلغان، «بایاز»دىن ئىبارەت. «بایاز»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگەندە، 33 نەپەر شائىرنىڭ تەخەللۇسى ياكى ئىسمى ئېنىقلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەمسى، شەۋقى، ئابدۇۋاھاپ بەگ، ۋەجدى، مەھمۇدى، گۇدازى، قۇل سۇلايمان، ئابىد، رىزائى، فىراقى، قەرارى، ھۇزۇرى، غەيرەتى، مەزھەرى، ئىمىنى، باقى، ئابدۇراھمانى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىلگىرى ئۇچۇر يوق ئىدى. قالغان شائىرلار ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر، تۈركى، پارس شائىرلىرىدىن ئىبارەت[2]. «بایاز»دا بىر قىسىم شېئىرلارغا شائىرنىڭ تەخەللۇسى سېلىنمىغان. بەزى شائىرلارنىڭ بىرەر يۈز پارچە، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. «بایاز»دا ئەسەرلىرى بېرىلگەن غەيرەتى[3]، رىزائى، فىراقى، ھۇزۇرى، قەرارى[4]، مەزھەرى[5] قاتارلىقلار XVIII – XIX ئەسىرلەردە ياشىغان شائىرلار دەپ قارالماقتا[6][7].

گويا ناھىيىسىدىن بايقالغان يەنە بىر «بایاز» بولۇپ تۈزۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى XVIII – XIX ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى شائىرلار بولغاچقا، بايازنىمۇ شۇ دەۋرلەردە تۈزۈلگەن بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىمىز. «بایاز»[8]دا نەۋائى، ئايازى، ئەرشى، قۇتۇھى، زەلىلى، نەۋبەتى، ۋەفائى، ھەيرەتى، ئابدۇررەھمانى، غىياسى، ئەھمەدى ۋە قاسىمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، قەسىدىلەردىن ئىبارەت.

سەككىزىنچى، تەزكىرىچىلىك داۋاملىق گۈللەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ھەرقايسى دەۋرلەردە شۇ دەۋر ياكى ئالدىنقى ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى يورۇتىدىغان ھەرخىل شەكىلدىكى تەزكىرىلەر يېزىلىپ تۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ، XIX ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يازغان تەزكىرىلەر سان جەھەتتە خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلغان. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ تەزكىرىلەردىن مۇنۇلارنى ساناشقا بولىدۇ. شائىر ئاخۇن (تولۇق ئىسمى موللا مۇھەممەد ئابۇل ئالىم بىن ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد) نىڭ 1767 - يىلى يېزىلغان يەنە شۇ يىلى يېزىلغان مەھمۇد ئابدۇل

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 - يىلى، 2 -سان.

[2] «بایاز»غا باشقا مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىدىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن سالاھى، نەۋائى، لۇتفى، نەۋبەتى، ئەرشى، قۇتۇھى، ئايازى، رەشىدى، ۋەبائى، مەشھۇرى، زوھۇرى، نىيازى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن، يەنە ھۇۋەيدا، سوفى ئاللايار، مەشرەپ، شىرازى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ بار.

[3] غەيرەتىنىڭ 48 كۇپلېت، 240 مىسرالىق بىرمۇخەممىسى بولۇپ، «بۇلاق»نىڭ 1990 - يىلى، 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

[4] رىزائىنىڭ ئىككى پارچە، فىراقىنىڭ ئۈچ پارچە، ھوزۇرىنىڭ بىر پارچە غەزىلى، قەرارىنىڭ بەش كۇپلېت (بىر كۇپلېت تولۇق ئەمەس) لىق بىرمۇخەممەسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلى، 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[5] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىلى 4 - سان.

[6] «بۇلاق «ژۇرنىلى، 1990 - يىلى، 3 -سان، 1 - بەتكە قاراڭ.

[7] بۇ «بایاز» يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىندى.

[8] ئا. سادىر خەۋىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىلى، 3 - سان، 115 - بەت.

ئالىم موللىنىڭ «ئىسلام كىتابى»[1]، قاسىمنىڭ 1799 - يىلى يېزىلغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان»، [2] مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەرىنىڭ 1800 - يىلى يازغان «تەزكىرەئى ھەزرەت موللام» ناملىق ئەسىرى، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەرىنىڭ 1808 - يىلى يازغان «تەزكىرەتۇل ھىدايەت»[3] ۋە «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار»[4] ئەسىرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىكان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھب» قاتارلىق بىر قاتار تەزكىرىلىرى، مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشىنىڭ «تەزكىرەتۇلرشات»[5]، ئىمام ھەسەن كاشغەرىنىڭ «داستان زەئىد ئەنسارى» (1822 - يىلى)، نامەلۇم ئاپتورنىڭ 1825- 1826 - يىللىرى يېزىلغان «شەجەرەئى خوجىكان» ناملىق ئەسىرى، تەلەبىنىڭ «تارىخىي ۋاقىئەئى كاشغەر»، [6] «ئەشئارى سادىق» دېگەن شېئىرلار توپلامىنىڭ ئاپتورى ئەيمەنىنىڭ «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان» ناملىق ئەسىرى، موللا ئابدۇغاپپارنىڭ 1853 - يىلى يازغان «زۇپەرنامە شاھ باھادىرخان» ناملىق ئەسىرى، شەمسىدىن ئەلى يېكسارىنىڭ 1863 - يىلى يازغان «سيەرۇلمۇخلىسىن» ۋە «تەزكىرەئى ئارسلانخان» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۆۋەندىكى بىر قاتار تەزكىرىلەر ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا قىزىققۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇلار موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» (1829 - 1830 - يىللىرى)، موللا مىرسالىھ كاشغەرىنىڭ «تارىخىي كاشغەر» ياكى «چىڭگىزنامە»، مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ «مەھدۇم ئەزەم»، مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» (1854 - 1855 - يىللىرى)، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندىنىڭ «قىسسە سۇلغەرايىپ» (1851 - 1852 - يىللىرى) قاتارلىق تەزكىرىلىرى.

بۇ دەۋر تەزكىرە ئاپتورلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەنمۇ تەزكىرىلىرىنى روياپقا چىقارغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەزكىرىلەرگە بولسا ئەرەب، پارس تىلى ئۇسلۇبى بويىچە ماۋزۇ قويۇشقان. يەنە ئەسەرلەرنىڭ مۇقەددىمە، قىستۇرما بايان ۋە خاتىمە قىسىملىرىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى بىر تەرەپتىن تىل ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا مىللەت خەلقىگە ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشنى ئويلىغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئايرىم سەۋەبلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.

توققۇزىنچى. ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا

---

① «ئىسلامنامە» بىلەن «ئىسلام كىتابى» نىڭ ئاپتورى بىر بولۇشى، ئىككى كىتاب ھەم بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشمۇ بار.

② مەنبەرلەردە قاسىمنىڭ بۇ ئەسىرى 2112 مىسرالىق داستان ئىكەنلىكى ئېيتىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى قاسىمى ناملىق بىر شائىرنىڭ بىر قىسىم قول يازمىلىرى بايقالدى ھەم ئا. سادىرنىڭ تەييارلىشى بىلەن «يېڭى قاش تېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىندى. ئا. سادىرى قاسىمنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىزاھات بېرىشچە قاسىمى XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلياڭ يېزىسىدا ئۆتكەن ئىكەن. «تەزكىرەئى ئارسلانخان» نىڭ ئاپتورى قاسىمى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلىرى بار گۇمىلىق قاسىمى بىر ئادەممۇ ياكى ئايرىم شەخسلەرمۇ، بۇلار ھەققىدە داۋاملىق تەكشۈرۈپ بېقىش لازىم.

③ بۇنىڭ 1883 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلانغان.

④ بۇنىڭ 1846 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلانغان.

⑤ بۇ ئەسەرنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەزىلەر مۇشۇ دەۋردە يېزىلغان بولسا كېرەك، دەپ قاراشماقتا.

⑥ ياپونىيىلىك خامادى ماسامىنىڭ ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1987- يىللىق 3 - سانىغا قارالسۇن.

تونۇشتۇرۇش ساھەسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى جانلىنىش بولدى. بۇ دەۋر تەرجىمە ساھەسىنىڭ بايراقدارلىرى سادىقى ۋە موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى قاتارلىقلار. سادىقى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن «تارىخ تەبەرى»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى تەرجىمە قىلدى. موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندىمۇ «تارىخىي رەشىدى»نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ مۇئەللىپنىڭ باشقا تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ بولغان. بۇ دەۋرنىڭ داڭلىق تەرجىمانلىرىدىن موللا خامۇشاخۇن يەركەندى بار. ئۇ 1780 ـ 1797 ـ يىللىرى «شاھنامە»نى «شاھنامەئى تۈركىي» نامى بىلەن نەسرىي ژانىردا ئىشلىگەن. ئۇزىدىن 30 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن پارچىلىرىنى رەتلەپ، تولۇقلاپ، بىر كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن. ئۇ شاھ ھىجران ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بەرگەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى قايغۇلۇق ھېسسىيات بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. خامۇشاخۇننىڭ تەرجىمىسى نەسرىي ژانىردا ئىشلەنگەن. كېيىنچە موللا نادىر مۇھەممەد بۇخارى ئۇنى ئۆزبېك تەلەپپۇزىدىكى نەسرىي نۇسخا قىلىپ تەرجىمە قىلغان. خامۇشاخۇن تەرجىمە قىلغان نۇسخا تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ كەڭ تارقالغان. موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىنىڭ ئوغلى موللا توختىنىياز بىننى موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى XIX ئەسىردە «ھېكايەتى ھۆرلىقا» ناملىق كىتابنى، موللا مۇھەممەد ھەسەن مۇتىۋەللە ئاخۇنۇم 1835 ـ يىلى[1] ئاقسۇدا «ئاجايىبۇل مەخلۇقات» (ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات)[2]نى، خوجاياقۇب يەركەندى 1800 ـ يىلى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى، قاسىم بېگىم دېگەن تەرجىمانمۇ «چاھار دەرۋىش»نى تەرجىمە قىلغان[3]. نامەلۇم تەرجىمانلار «داراپنامە»[4]، «ئىسكەندەرنامە»[5]، «داستان سەيفۇل مۇلۇك»[6]، «داستان مالىك ئەژدەر»[7]، «زەفەرنامەئى بۇزۇرۇ مېھىر»[8]، «داستانى مېھرماھ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى XVIII ـ XIX ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلغان[9].

ئۈچىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى يېقىنلىق بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات ئاۋام خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قويۇقلىشىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ بولدى. بىرمۇنچە ھاكىم بەگلەر ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئاپتورلار-

---

① بەزى مەنبەلەردە 1863 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان دېيىلىدۇ.

② ت. مۇھەممەد «ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات»، («شىنجاڭ مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى قەرەلسىز ژۇرنال، تۇنجى سان)

③ بۇ ئەسەرنىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. ئۇ يەركەن ھاكىمى مىر يۇنۇسنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا مۇھەممەد نىياز تەرىپىدىن 1908 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى (نومۇرى 0114)، موللا زوھۇرىدىن ئىبنى ئالاۋۇددىن تەرىپىدىن 1887 ـ 1886 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى (نومۇرى 028) ساقلانماقتا. بۇلاردىن بىر قىسمى تاللىنىپ ئا. ئەھەدنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

④ ئەبۇتاھىر ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا تەرسۇسىنىڭ ئەسىرى. ئۇنىڭدا ئەھمەنىلەر پادىشاھى دارا (م. ب 521 ـ 486 ـ يىللار) توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەنگەن.

⑤ نىزامى گەنجىۋىنىڭ ئەسىرى.

⑥ بۇ «سەيفۇل مۇلۇك ۋە بەدىئۇل جەمال ھەققىدە ھېكايە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

⑦ ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۇسەيىن توغرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان ھېكايە.

⑧ ساسانىيلار پادىشاھى نۇشىرۋان ھەم ۋەزىر بۇزۇرۇج مېھرى بايان قىلىندىغان، يەنى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سۇيەتلىرى بايان قىلىندىغان قىسسە.

⑨ ئى. تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» 412 ـ 413 ـ بەتلەر.

غا ھامىيلىق قىلىشىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

ئون بىرىنچى، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە، داستان ـ قىسسە ۋە ناخشا ـ قوشاقلارنى توپلاش، رەتلەش، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇش بويىچە بىرمۇنچە ئىشلار ئىشلەندى. خەلقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئاھاڭ تېكستلىرىدە يېڭىلىنىش بولدى. ھۆرلۈك، ئىنسانىي ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەشكەن بىر قاتار خەلق قەھرىمانلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىدىن ھاسىل قىلىنغان تارىخىي داستانلىرى ۋە كەڭ خەلقنىڭ بۇ قەھرىمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا ـ قوشاقلىرى كاشغەردىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە، خوتەن دىيارىدىن ئىلى گۈلىستانلىرىغىچە كەڭ تارقالدى. تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ياچىبەگ ۋە ياچىبەگ داستانى. بۇ قۇمۇلدا ئۆتكەن خەلق باتۇرى ياچىبەگنىڭ تىللاردا داستان بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە بېغىشلانغان مەدھىيە ناخشىسى. ياچىبەگ XVII ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس. 1679 ـ يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەك ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاتامانى قۇنتەيجى قۇمۇل خەلقىنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. بۇ چاغدا ياچىبەگ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، قانلىق زۇلۇمغا قارشى قولىغا قورال ئېلىپ پىداكارلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلق ئارىسىدا ياچىبەگنىڭ جاسارىتىنى ئىپادىلەيدىغان داستان تارقىلىدۇ[1]. بۇ داستاننىڭ تەسىرى X VIII ـ XIX ئەسىرگە كەلگەندە تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

«ئۆمەر باتۇر داستانى»، ئۆمەر باتۇر 1605 ـ 1668 ـ يىللىرى قۇمۇلغا ھاكىم بولغان مۇھەممەد شاھ غازىبەگ زامانىسىدا ئۆتكەن خەلق قەھرىمانى. ئۇ خەلقنى تەشكىللەپ، جۇڭغار ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى كۆنچەك باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك باسمىچىلارنىڭ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشىغا قارشى مەردلەرچە كۆرەشكە ئاتلىنىپ، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا داستان تارقالغان[2].

سادىر پالۋان (? 1797 ـ ? 1871). مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان خەلق ئوغلانلىرىنىڭ بىرى، رۇس ئالىمى رادلوۋ (1837 ـ 1918) ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كېلىپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سادىر پالۋاننىڭ ئۆزىنىڭ بەش داستانى، كۆپلىگەن تەرمىلىرى ۋە نەچچە يۈز تۆرلۈكلىرى بولغان[3]. خەلق ئارىسىدا يەنە سادىر پالۋاننىڭ باتۇرلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلىدىغان تارىخىي داستان تارقالغان، بۇلار ئىلى خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

نۇزۇگۇم (? 1808 ـ ? 1827) ئەسلى ئىسمى چولپانگۈل. ئۇ كاشغەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋە ئۇ يەردە قىزلىق غۇرۇرى قاتتىق ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئېغىر كۈنلەردە مىللىي خورلۇقنىڭ ھامىيلىرىغا قارشىلىق قىلىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىدا نۇزۇگۇمنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نۇزۇگۇمغا

---

① ئى. ئىسمائىل تەييارلىغان «قۇمۇل نەزمىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 347 ـ بەتلەر.

② «قۇمۇل نەزمىلىرى»

③ رادلوپ بۇ ئەسەرلەرنى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە بىلال نازىم ۋە پاتتۇسوۋلارنىڭ ياردىمىدە توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ VI تومىغا كىرگۈزگەن. (م. زەيدىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىلى 1 ـ سانىدىكى ماقالىسىغا قارالسۇن.)

مەدھىيە ئوقۇغان ناخشا - قوشاقلىرى كەڭ تارقىلىپ، قاراڭغۇ جەمئىيەتتە يۈرەك باغرىلىرى لەختە - لەختە بولغان مەزلۇم خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە مەنىۋى شىپا بولغان.

ئابدۇراخمان خان خوجا داستانى ۋە ئاخۇنئاغىچا قوشاقلىرى. ئابدۇراخمان خان خوجا (1833 - 1863) خوتەندە ئۆتكەن باتۇر يىگىت. ئەينى چاغدا خەلق ئارىسىدا ئابدۇراخمان خان خوجىنىڭ ئۆزىنىڭ، خەلقنىڭ ۋە مەزلۇم ئانىسى ئاخۇن ئاغىچىنىڭ قەھرىمانلىق، جاسارەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت مەدھىيىلىنىدىغان، زۇلۇم، خورلۇق، ئازاب - ئوقۇبەت قارىلىنىدىغان ناخشا - قوشاق ۋە داستانلار تارقالغان.

يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن قەھرىمانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر شېئىرىي ژانىر شەكلىدە تارقالغان ھەم ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىستىك خاھىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

خەلق ئەدەبىياتىدىكى قويۇق رېئالىزملىق تۈسكە ئىگە نەسرىي ژانىرغا مەنسۇپ ئەسەرلەردىن سەلەي چاققان (1790 - 1850) لەتىپىلىرىنىڭ مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى سۆزسىزكى يۇقىرىدۇر. سەلەي چاققان كاشغەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ زېرەك، ئەقىللىق، ھازىر جاۋاب دانىشمەن بىر بالا بولۇپ چوڭ بولغان. كاشغەر، يەركەن، كۇچا، تورپان، ئىلى قاتارلىق جايلارنى كېزىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئېغىر كۈنلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھۆكۈمرانلار سورۇنىغا ئارىلىشىپ، ئۇ يەردىكى پەسكەشلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەق بىلەن ناھەقچىلىكنىڭ پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىگە قارىتا گۇمانىي پىكىردە بولۇپ، خەلقنىڭ مۇڭ - زارىنىڭ ئىپادىلىگۈچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ يەڭگىل، ئەپچىل، ھازىر جاۋاب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ لەتىپە ژانىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ چىرىك، قاراڭغۇ تەرىپىنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ چاكىنا ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

خەلق ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ يۇقىرىقى ئەسەرلەر يازما ئەدەبىياتنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتتى.

ئون ئىككىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملىرى، ئەدىبلىرىدىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش، رەتلەش، ساقلاش، ئۇلارنى ياد ئېتىش بويىچە كەڭ ھەرىكەت قوزغالدى. بۇ ساھەدە سادىقى، ئۆمەر باقى يەركەندى، موللا سىدىق يەركەندى، مۇھەممەد فازىل ئوغلى ئابدۇرېھىم كاشغەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى زور بولدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن قوشۇمچە قىلىپ سۆزلەيدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇ لۇغەتچىلىك ئىشلىرىغا ئائىت بولۇپ، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ لۇغەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانى چيەنلوڭ خان (1736 - 1796) نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1795 - يىلى تۈزۈلگەن «مانجۇچە - تىبەتچە - موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ قول يازما نۇسخىسى ئالتە جىلد، 36 قىسىم، 2563 بەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭغا 18 مىڭ 776 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن. بۇ سۆز - ئاتالغۇلار باشقا مىللەت تىللىرى قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يازما ھالىتى ۋە ئىستېمال، تەلەپپۇز قىياپىتىنى ئۆگىنىشتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئاملى تىل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئەدەبىي ئەسەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغان سۆز ـ ئاتالغۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ئۇنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. كىشىنى ھاياجانغا سالغان مەسىلە يالغۇز بۇلا ئەمەس. بۇ لۇغەت تۈزۈلگەن يىللاردا دۇنيا مىقياسىدا مۇنداق كۆپ تىللىق لۇغەت ئىشلەنگەن ئەمەس. شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن تۈركىي تىللىرى ئائىلىسىدىكى مىللەت تىللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ لۇغەتتىن ئورۇن ئېلىنىشى قالتىس ھادىسە، ئۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخ سەھىپىسىدىكى تىل خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئەبەدىي ئۆچمەس تۆھپە.

ئومۇمەن، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان، ئاكتۇئال ئىدىيىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى يۇقىرى بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

2) 1864 ـ 1911 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى ئەدەبىيات

بۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن 1864 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئاخىرلىشىشى، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىنى ئىپادە قىلغۇچى ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئالدىنقى ئەسەرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتە يۈكسەلگەن ئەدەبىيات بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئالدىنقى باسقۇچ ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەرقلىنىدىغان ۋە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى تەرەپلىرىمۇ بار. بۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، دېھقانلار قوزغىلىڭى خاس تېما سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ھەممىسى «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرى مۇقەررەر، ئىلغار ۋە ئىنقىلابىدۇر»[①] دەپ ھېسابلايدۇ. XIX ئەسىر ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەت، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈم، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە، ئېغىر مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. ئەينى دەۋردە فېئوداللىزم بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت شىنجاڭدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالغان. دېھقانلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەت سەۋەب بولغانىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە دەل مۇشۇنداق داغدۇغىلىق دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇنداق ئەسەرلەرگە موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» (1860 ـ يىلى)، موللا بىلال نازىمى نىڭ «غازات دەرمۇلۇك

① «لېنىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا» 13 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1962 ـ يىلى نەشرى.

چىن» (1876)، سەييىت مۇھەممەد (1820/2 - ؟) نىڭ «شەرھى شىكەستە» (1882، روھىي سۇنغانلىقنىڭ شەرھىسى) ۋە نامەلۇم ئاپتورنىڭ «ئەمىر ئالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مىسال بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامەلۇم بىر ئۇيغۇر شائىرى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر داستانىدا 1864 - يىلىدىكى قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتلىرىنى چىن ھېسسىيات، ھەققانىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. ئومۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەسەرلەردە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى يورۇتۇلغان. كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىملىقى توغرىسىدا سالغان چۇقانلىرىنى كۆرسەتكەن. سىياسىي ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ھايات - ماماتلىق ئېغىر مىنۇتلاردا ھايات ئۈچۈن تىركىشىشنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئوبرازلىق پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن. مېھنەتكەشلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەققانىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكەن جاسارىتىنى بويىماستىن ئەينەن تەسۋىرلەش موللا شاكىر، موللا بىلال ۋە سەييىت مۇھەممەد قاتارلىقلارنى خەلقچىللىق روھىغا ئىگە ئىلغار پىكىرلىك شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزغان.

ئىككىنچى، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپ ئوبرازلار يارىتىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ياكى بىرقانچە ئوبرازى ياكى باش قەھرىمان گەۋدىلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولسا، بۇ دەۋردە بۇ ئەنئەنە ئىزچىل جارى قىلدۇرۇلغاندىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلەردە بىر توپ كوللېكتىپنىڭ جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى كەڭ تەسۋىرلەندى. بۇنىڭغا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «غازات دەرمۇلۇك چىن»، «زەپەرنامە»، «شەرھى شىكەستە» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئادەت ئالاھىدە بىر ھادىسە بولۇپ، مۇھىم تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانغان.

ئۈچىنچى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن، دەھشەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش كۈرىشىگە ئاتلانغان ئوت يۈرەك خوتۇن - قىزلارنىڭ شانلىق ئوبرازى تولىمۇ يارقىن يارىتىلدى. بۇنىڭغا موللا بىلال نازىمىنىڭ «نۇزۇگۇم» داستانىدىكى نۇزۇگۇم ئوبرازى ئۇچۇق مىسال بولىدۇ.

بەشىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. رەڭگارەڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىلدى. موللا بىلال، موللا شاكىر، سەييىت مۇھەممەد قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە مۇنداق ئەدىبلەر ئۆتتى. مەھمۇد قارى (؟1862 - ؟1910)، ئۇنىڭ «دىۋانى قارى» دېگەن توپلىمى بار؛ ئەلى (1835 - 1902)، ئۇنىڭ «دىۋانى ئەلى» ناملىق توپلىمى بار؛ موللا سەئىدۇللا (1840 - 1913)، ئۇنىڭ «دىۋانى موللا سەئىدۇللا» ناملىق توپلىمى بار؛ ئىسمائىل ھاجى (1867 - 1950)، ئۇنىڭ «ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمى بار: ناقىس (؟1840 - ؟1920)، ئۇنىڭ «دىۋانى ناقىس» ناملىق توپلىمى ۋە باشقا بىرقانچە ئەسىرى بار؛ خەستە (1854 - 1907)، ئۇنىڭ «كۇللىياتى خەستە» ناملىق توپلىمى بار؛ ئابدۇقادىر داموللام (1862 - 1924)، تەجەللى (1856 - 1925)، قۇتلۇق شەۋقى (1876- 1937)، غەرىب خەستە (XIX ئەسىر) ئۇنىڭ «ھەمزەنامە» ناملىق داستانى بار؛ ئارەزى (1869 - 1942)، يۇسۇپ غەرىبى (1864 - 1940)، زاھىد ئاخۇن (XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى)، ئۇنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ناملىق داستانى بار: ئاشۇراخۇن غەرىبى (XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى)، نىزامىدىن (1842 - 1902)؛ مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى (1853 -؟)، ئۇنىڭ «دىۋانى شەۋقى» ناملىق ئەسىرى بار؛ موللا توختى غەرىبى (1861 - 1951)، ئۇنىڭ «تۆھبە تولئۇششاق» ناملىق كىتابى بار؛ مۇھەممەد غەرىب

شەھىيارى (XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)، ئۇنىڭ «ئىشتىياقنامە» ناملىق توپلىمى بار؛ موللا مۇسا سايرامى (1836 ـ 1917) قاتارلىقلار.

ئالتىنچى، تەزكىرىچىلىك ساھەسىدە چوڭ مول ھوسۇل قولغا كېلىپ، بۇ ساھەدىكى نەتىجە ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىدىكى نەتىجىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىك ئىزچىل تەرەققىيات يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىپ كېلىنىش بىلەن بىرگە يېڭى دەۋرگە ماس بولغان رېئال تۇرمۇشنى بىرقەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەزكىرىچىلىك ھادىسىسى بارلىققا كەلدى. رىۋايەت بىلەن تارىخ، ئەدەبىيات بىلەن تەزكىرە ئارىسىدا روشەن پەرق كۆرۈلدى. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر تارىخ ئىلمى تەزكىرىچىلىكتىن ئايرىلغان ھالدا مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان مۇھىمراق تەزكىرىلەردىن ھاجى يۈسۈپ (1836ـ 1914) نىڭ «جەمئىل تارىخ» (1907 ـ يىلى)، مۇھەممەد ئاتىپ، مۇھەممەد ئەلەملەر ئايرىم ـ ئايرىم يازغان «تارىخي كاشغەر» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە تەزكىرىنى، موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخي ئەمىنىيە»، «تارىخي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بەزى داستانلارنىڭ يەنە تەزكىرە ۋە تارىخي ماتېرىياللىق قىممىتىمۇ بار.

بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتتا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خۇسۇسىيەتلەر بولغاندىن باشقا يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ كۆرۈلدى. ئەسەرلەردە ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئاپتورلار يەنە پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدىمۇ ئەسەرلەرنى يېزىپ تۇرۇشتى. بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئالدىنقى باسقۇچقا ئوخشاش مېتود قوللىنىلدى. ئەسەرلەرنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى جەھەتتىمۇ ئوخشاش ھالەت ساقلاپ قېلىندى ۋە بۇ دەۋردە بىرمۇنچە تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. ئومۇمەن، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس ياراتتى.

## § 2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرى

سادىقى (1725/6[1] ـ 1849) يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، تارىخشۇناس، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەرباب. سادىقى كاشغەردە[2] موللا شاھ ئەلا ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىسمى موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ياكى موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم بولۇپ، ئادەتتە مۇھەممەد سادىق ياكى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەدىب شېئىرلىرىدا «سادىق، سادىقى، سادىقا» دېگەن ئىسمىنى ئەدەبىي تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان.

سادىقى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن كاشغەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە»[3] ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالىدۇ. ئوقۇشنى تاماملاپ، كاشغەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە

---

① سادىقىنىڭ تۇغۇلغان يىلى مەنبەلەردە 1721 ـ، 1725 ـ، 1740 ـ يىلى دەپ بىرقانچە خىل كۆرسىتىلىدۇ.

② تۇغۇلغان ئورۇنىنى بەزىلەر كاشغەر شەھىرى ئىدى دېسە، بەزىلەر كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ توققۇزاق يېزىسى دەپ كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىدا......

تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كۆپ ئۆتمەي، كاشغەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مانا بۇ مەزگىل ئالىمنىڭ شان - شۆھرىتى يالغۇز كاشغەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا دېگۈدەك يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەقىدىسى بويىچە چىقارغان ھۆكۈملىرىنى رەت قىلىشقا كىشىلەر جۈرئەت قىلالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مۇرەككەپ، چىگىش، ھەل قىلىش تەس دەپ قارالغان مەسىلىلەر سادىقنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھرى ئالتە شەھەر بويىچە ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنغان.

ئالىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەجدادلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، چەكسىز پەخىرلىنىپ تۇرغان. ئۇ قىممەت باھالىق «مەسنەۋى شېرىف»[1]ناملىق كىتابىغا ئالتۇندەك «ھەدىيەنامە» يېزىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كاشغەر ئوپال يېزىسىدىكى قەبرىسىگە مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى. «مەسنەۋى شېرىف» كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا ھىجرىيە 1252 - يىلى (مىلادى 1836 - 1837 - يىللار) «قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك قەبرىسى»گە تەقدىم، دېگەن ھۆججىتى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسىنى بېكىتىشتە مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى[2]. «مەسنەۋى شېرىف»كە يېزىلغان «ھەدىيەنامە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سادىقى ئۆزئەتراپىغا نىزارى، غەرىبى، زىيائى، زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىق ئۆلىمالار، بىلىم ئەھلىلىرىنى توپلىغان. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە بىرلىكتە كۈچ چىقارغان. 1849 - يىلى كاشغەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا ئالىم قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ جەستى ئاق مازار (يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئالدىدىكى قەبرىستانلىققا) غا دەپنە قىلىنغان.

سادىقى ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تارىختا ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىگە ئالاھىدە نەزەر سالىدىغان ئىجتىمائىي ئەرباب سادىقى ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىپ ئەۋلادلارغا ئىبرەت قوللانمىسى يارىتىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «تارىخىي رەشىدى»دىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىنى بىرقەدەر تېپىكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان «تەزكىرەئى ئەزىزان»نى يازدى. سادىقىنىڭ 1840 - يىلى يازغان «زۇبەدتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىد» (مەسىلىلەر جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى جەمئىيەتنى تۈزەشكە بېغىشلانغان. بۇ ئەسەردە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە ئەمەلىي پاكىتلار سۆزلەنگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، ئاپتور ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيسىغا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشقان ۋە ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن قوللانما سۈپىتىدە مۇشۇ ئەسەرنى يېزىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. تارىخىي دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغار تەرەپتۇر. ئالىمنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھب»

---

① «مەسنەۋى شېرىف» بەلخلىق شائىر مەۋلانە جالالىدىن رومى (1207 - 1273) نىڭ ئەسىرى.
② «مەھمۇد قەشقەرى» (ماقالىلار توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.

دېگەن ئەسىرىدە تۇرپاندىكى مەشھۇر ئەسھابۇل كەھب ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايە سۆزلىنىدۇ[1]. سادىقىنىڭ «ئادابۇسسالىھىن»[2] (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى)، «قىياپەتۇلبەشەر» (ھەرخىل قىياپەتلەر بەشەرىسى)، «رىسالەئى كەسىپدار» (كاسىپلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى كىشىلەرنى دىيانەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىلىم ـ ھۈنەرگە ئۈندەيدىغان تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور ئەسەرلەردۇر. سادىقى 1846 ـ يىلى «تارىخي تەبەرى»نى ئۈرنەك قىلىش ئاساسىدا «تارىخي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئەينى چاغدىكى كاشغەر ھۆكۈمرانى يۈنۈس تاجىبەگ بىننى ئىسكەندەر بەگ تەشەببۇسچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ نامى شۇ ھۆكۈمراننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان[3]. ئاپتور بۇ ئەسەر ئۈچۈن ئۈچ يىل ئىشلىگەن. كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى «كۈنلەرنى چىمەنلىكلەردە سەيلە قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خالىي يەردە ئۆتكۈزدۈم؛ باغۇ بوستانلارنىمۇ، دەل ـ دەرەخلەرنىمۇ، مېۋىلەرنىمۇ كۆرمىدىم. ئۈچ يىل جەريانىدا غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ كىتابنى دەخلىسىز ۋە بىخەتەر تامامىلىدىم» دەپ كەلتۈرگەن مىساللىرىدىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە قانچىلىك جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سادىقى يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇب» ناملىق كىتابلارنى يازغان.

ئالىم باشقا خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جافار مۇھەممەد بىن جەرىرئەل تەبەرى (838 ـ 923) نىڭ «تارىخي تەبەرى» دېگەن ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ (? 1800 ـ يىل) چىققان. بۇ «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ مىلادى 915 ـ يىلغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ VIII ـ IX ئەسىرلەردىكى تارىخي ئەھۋالىمۇ سۆزلىنىدۇ. سادىقى بۇنىڭدىن باشقا 1749 ـ 1750 ـ يىللىرى پارس تىلىدىن «تارىخي رەشىدى»نى تەرجىمە قىلغان، بۇ «تەرجىمەئى تارىخي رەشىدى» دەپ ئاتالغان. ئەرەب تىلىدىن «قۇرئان»نى تەرجىمە قىلغان، ھەم «‹قۇرئان› تەفسىرى»نى تاماملىغان[4]. ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ئەمگەكلىرىنى ساقلاش، ئۆگىنىش مەقسىتىدە تالىپ چاغلىرىدا، يەنى 1735 ـ 1736 ـ يىللىرى نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» ناملىق ئەسىرىنى كۆركەم خۇشخەت بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان.

ئالىمنىڭ ئىلىم ـ پەن يولىدا بىر ئۆمۈر ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەن، تىرىشقان مۇبارەك ھاياتى ئۆز زامانىسىدىلا يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسەتمەكتە.

---

① م. سادىق كاشغەرى «ئەسھابۇل كەھب تەزكىرىسى»، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1994 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان.

② «ئەدەبۇسسالىھىن»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1991 ـ يىللىق 5 ـ سان ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» 1992 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلار.

③ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە «تارىخي تەبەرى»نىڭ تەرجىمىسى دېيىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئە. قۇتلۇق بۇ ھەقتە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئايرىم ئىجادىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. مۇختەبەر خانىمنىڭ ماقالىسىدىمۇ، بۇ نۇقتىنى ئوخشاش تەرىزدە كۆرسىتىلگەن. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

④ ئە قۇتلۇق، ئە. ئەسەيدۇللا «‹ئەسھابۇل كەھب تەزكىرىسى›گە ‹نەشرگە تەييارلىغۇچى› سۆزى». 1994 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»[1] (1788) XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەھدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخىنى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى، ئاپپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشقان ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگى ـ جېدەللەرنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇكەممەل ۋە روشەن قىلىپ يورۇتۇپ بەرگەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنى تارىخ نۇقتىسىدىن ئالغاندا خوجىلار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا يەركەن خانلىقىنىڭ سۇلتان ئابدۇلكېرىمخاندىن باشلاپ تاكى يىمىرىلگۈچە ئارىلىقتىكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان مەلۇم بىر دەۋرنىڭ تارىخى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كىتاب خۇددى ئاپتور باشتا «مۇجەمەل سۆزلەرنى قالدۇرۇپ، ئاساسلىق رىۋايەتلەرنى بېكىتىشكە ئەھمىيەت بەردىم، ئۆز ئەينى بولۇشقا دىققەت قىلدىم» دەپ ئىزاھلىغاندەك، تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغانلىقى، شۇنداقلا چىنلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى جەھەتتىن تارىخىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى، كۆزقارىشى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن قارىغاندا بىر بەدىئىي ئەسەر، شۇنداقلا پىروزىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئاپتور كىتابتا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرى ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مەلۇم شەخسنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى ياراتقان. ئىككىنچى، ئاپتور بايان ئۇسلۇبىدا خەلق داستانلىرىنىڭ نەسر بىلەن نەزمىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى نەسرى شەكلى بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، مۇلاھىزە قاراشلىرىنى نەزم شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەللىكىنى تەمىن ئەتكەن. ئۈچىنچى كىتابنىڭ تىلى پىششىقلانغان ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئۇ مەلۇم جەھەتلەردە كۈچلۈك ھەجۋىلىككە ئىگە. ئاپتور كىنايە (ياپتى گەپ) ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بەزى شەخسلەرنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلغان[2]. ئومۇمەن ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيىۋى يۆنىلىشى بويىچە يېڭى تىپتىكى تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىر، ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۆرەشلەر تەسۋىرلەنگەن، ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن بىر ئوچۇم مەلئۇنلار قارىلانغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك شەخسلەر، خوجىلار، ئاپئاق خوجا قاتارلىقلار نەپرەت قەلىمىنىڭ ئاستىغا ئېلىنغان. ئەل ـ يۇرتنىڭ ھۆرلۈكى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەشكەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىشلىرى، ئەل ـ يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ، ئەدەبىياتىنىڭ، سىياسىيسىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان شەخسلەر ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاپ ئۆتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەكچى خەلقنى يېتەكلەپ، فېئودال ئىستىبداتلارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرغان يۇسۇپ زىياغا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ قەھرىمانلىقى، ئانا ماكانىغا بولغان ساداقىتى ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، ئالىمنىڭ ئەسىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆرەش تارىخىنى، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتە ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

سادىقنىڭ لىرىكىلىرى. سادىقنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى لىرىكىلىق شېئىرلارنى يېزىش

---

① بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىندى.
② A ەسابىد «مۇھەممەد سادىق كاشغەرى»

بىلەن باشلانغان. كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا XVIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن
ئىجتىمائىي ۋەقەلەرمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. «تەزكىرەئى ئەزىزان» غا كىرگۈزۈلگەن مەسنە-
ۋىلەر، غەزەللەر، مۇسەممەن ۋە مۇخەممەسلەر، رۇبائىيلار ۋە ساقىنامىلەر سادىقى ئىجادىيە-
تىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يالقۇنلۇق شائىر سادىقى ئەل - يۇرتقا بولغان قىزغىن
مۇھەببىتىنى، چوڭقۇر تۇيغۇلار، ئۆتكۈر سېزىملار بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى
بىلەن ۋەتەننى ھىمايە قىلىشقا، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشكە چاقىردى. ئەل - يۇرت-
نىڭ تەقدىرى شائىرنى كۆپ تەشۋىشكە سالدى. خەلققە كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ھەددى -
ھېسابسىز ئېغىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلارنىڭ، قان تۆكۈلۈشلەرنىڭ ناھايىتى
خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ. خەلق ھۆرلىكى،
بەخت - سائادىتى ئۈچۈن جېنىنى ئايىماي كۈرەشكەنلەرگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇ شېئىرىيەت-
نىڭ ساقىنامە ژانىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. ساقىنامىلىرىدە XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر «كىتۇرساقى
ماڭا بىر نەشئە مەي» دېگەن ساقىنامىسىدە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ يۈزسىز قىلمىشىنى پاش
قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ساقىنامە ئارقىلىق سادىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر
مۇسىبەتنى تەسۋىرلىدى. بۇرھانىدىنىنىڭ خۇمسىلىق قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنى قانخور،
مەككار، كاززاپ دەپ ئاتىدى. خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى دەپ بىلگەن شائىر
زۇلۇمغا قارشى مېھنەتكەشلەرنى—يەنى خەلق ئارىسىدىن چىققان باھادىرلارنىڭ قەھرىمانلىقى-
نى ئىپتىخارلىنىش بىلەن مەدھىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قورقۇنچاق، ۋىجدانسىز-
لارنى قاتتىق قامچىلىدى. دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلىدى.
ئۇنىڭ پىكرىچە ھەرقانداق ئىنساندا ساداقەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ساپ ۋىجدان بولۇشى
كېرەك. ئادەملەر بىر - بىرىگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشى، خىيانەت، مەككارلىققا
ئوخشاش پەسكەشلىكلەردىن نېرى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ. سادىقى
ئەل - يۇرتنى باشقۇرۇۋاتقان شەخسلەرنىڭ ئادىل بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ھۆكۈمدارلارنى
شەرقتە «ئادىل پادىشاھ» نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، ناملىرى رىۋايەتكە ئايلانغان جەم-
شىد، پەرىدۇن، ئىسكەندەرگە ئوخشاش پادىشاھلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

سادىقى ئۇيغۇر فولكلورىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان ھېكمەت-
لەر، قايتىدىن ئىشلەنگەن ماقال - تەمسىللەر «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن، «بۆكۈن ئال دېسە، كېسەر باش»، «غەفلەت بىرلە ياتمىغايسەن، كاردىن قالۇر-
سەن»، «كېيىنكى پۇشايمان سۇت بەرمەس»، «ئۆزەڭنى شىر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىرغوران
بىل»، «بىرەرنى كۆيدۈرسەڭ، ئۆزەڭ كۆيەرسەن»، «باتۇر جەڭگە تۇغۇلىدۇ»......قاتارلىق
ماقال - تەمسىللەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. شائىر ئىجادىيىتىدە ئىلغار،
تەرەققىيپەرۋەر قاراشلار بىلەن بىرقاتاردا بەزى چۈشكۈنلۈكلەر، ئاجىز تەرەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ.
ئەدىب بەزىدە ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئەنە شۇ خىل يامانلىقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم
نورمىلىرىغا باغلىغان ھالدا ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك
ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. چۈنكى دىنىي پانتېئىزم
ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، فېئودال ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمران بولغان دەۋردە ئۇنىڭ
ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئومۇمەن سادىقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى
XVIII - XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ھۆرلۈك-
ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىش بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

## 3 §. قەلەندەر، ئەھمەدشاھ قاراقاشى

### 1 ـ قەلەندەر

قەلەندەر (XVIII ـ XIX ئەسىرلەر) تەخەللۇسلۇق شائىر، ئىسىم ـ فامىلىسى توغرۇلۇق ئەمەس، يۇرتى، يېشى ۋە كەزگەن، ياشىغان يۇرتلىرى، كەچۈرمىشلىرى توغرۇلۇق شېئىرلىرىدا مۇھىم ئىنتىلىمىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شائىر ياش قۇرامى توغرۇلۇق:

ئۆتۈپتۇ قۇلۇغۇلۇڭ، ئەي پەرۋەش، ياشىم ئاتمىشتىن،
ئۆلەر چاغىم بولۇپتۇر، نە بولۇر جانارىزا قىلساڭ،

دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. بۇ يەردە قەيت قىلىنغان «ئاتمىش ياش»نى «دىۋانى قەلەندەر» ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلغان «تارىخىي بىر مىڭ ئىككى يۈز بىر پەلەك يىلى ئەيد قۇربان» دېگەن سان بىلەن ماسلاشتۇرۇلسا[1][2] قەلەندەرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

شائىر يۇرتى توغرۇلۇق سۆز ئاچقاندا:

گۇناھىم نە ئىدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانىمدىن،
پەلەك سالغۇتاشىدەك چۆرۈلۈپ خوتەن سارى ئاتتى.

(نېمە گۇناھىم بار ئىدىكىن، پەلەك خۇددى سالغا تېشىدەك جەننەتتىن بەلگۈ بەرگۈچى يۇرتۇم قۇندۇزدىن خوتەن تەرەپكە چۆرۈپ تاشلىدى)

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى قالدۇرغان، يەنى شائىر «قۇندۇز» دېگەن بىر يەرنى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن نەزمىگە قاتقان. بۇلارغا ئاساسلىنىپ شائىرنىڭ يۇرتى قۇندۇز بولسا كېرەك دەپ قارىلىدۇ. ئىلگىرى كاشغەرنىڭ يېپۇرغا ناھىيىسىدىكى «قۇندۇز» دېگەن يۇرت شائىرنىڭ يۇرتى دەپ قارالغان. كېيىن ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، شائىرنىڭ يۇرتى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى قۇندۇز شەھىرى دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى،[3][4]

شائىر يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىگە مۇناسىپ يولداش ۋە مۇڭداش، كۆڭۈلگە ياقار جاي ئىزدەپ، بىرمۇنچە شەھەرلەرنى كېزىپ، مۇشكۇل ۋە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ خوتەنگە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ، شېئىرلىرىنى خوتەندە يازىدۇ. شائىرغا خوتەن ۋە خوتەن خەلقى تولىمۇ يېقىپ قالغان، ئەمما شائىر قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق

---

① بۇ جۇملە شائىرنىڭ ئۆز سۆزىمۇ ياكى نامەلۇم خەتتات تەرىپىدىن يېزىلغان سۆزمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس.

② 1200 ھىجرىيە يىلى.

③ ئى. يۈسۈپ «‹دىۋانى قەلەندەر›نى ‹نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن، ئېيتىلغان سۆز›». «دىۋانى قەلەندەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ بەت.

④ XIX ئەسىر ئاپتورلىرىدىن ئىمامەلى قۇندۇزى «تارىخىي مەنزۇمە» ناملىق كىتابىدا قەلەندەر دېگەن بىر ئادەمنىڭ يەركەندىن چىققانلىقى، بىر قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى، بۇ ۋەقە بولغان يىل ھىجرىيە 1270 ـ (مىلادىيە 1853 ـ 1854 ـ) يىلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. بۇمۇ قەلەندەرنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتىكى بىر يىپ ئۇچى.

ئۆچۈر يوق. قەلەندەر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى بەزى ئەھۋاللار توغرۇلۇق «خوتەننامە»دە مۇنداق يازغان:

يارانلار بىرلە دائىم دەرسخانلىق،
كىشىگە قىلماس ئەردىم ھېچ يامانلىق.
بار ئەردى مەشرەپىمدە نازۇ نېئمەت،
مۇساھىبلار بارى ئەھلى مۇھەببەت.
كىتابۇ نەغمەۋۇ ساتارۇ قالون،
ھەسەد خەلقى بولۇر ئەردى جىگەرخۇن.

مەلۇمكى، شائىر قوندۇزدىكى چاغلىرىدا «دەرسخانلىق» (مۇدەررىسلىك) قىلىپ، ئىلىم يۇرتلىرىدا دەرس ئۆتكەن. ئالىم ۋە ئاقىل كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، بەزىدە ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر بىلەن، بەزىدە ساز چېلىش ۋە ئاڭلاش بىلەن كۆڭۈللىرىنى مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزگەن.

«دىۋانى قەلەندەر»①. بۇ قەلەندەرنىڭ يىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا غەزەللەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇخەممەس، مەسنەۋى ۋە بىر پارچە داستان بار.

قەلەندەر لىرىك شېئىرلىرىدا سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەل - يۇرت ھەمدە ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، ھايات گۈزەللىكىگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى، ۋاپا - ساداقەت، ياخشىلىق توغرىسىدىكى ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى، زامان جەبىر - جاپالىرى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى، ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

قەلەندەر لىرىكىنىڭ مەركىزى تېمىسى چىن سۆيگۈ، ۋاپادار مەشۇق، پاك ئىنسان مەدھىيىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ گۈزەل ۋە ۋىجدانلىق رەنانى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ھۆسن ئېلى ئىچرە سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز شەرف،
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلەر كەشىق؛
سەيرى ئېتىپ كۆردۈم جەھاننىڭ بىر -بىرىن باشتىن - ئاياغ،
كۆرمەدىم سەندەك يەنە بىر دىلبەرى دەنا ھەرىق.

شائىرنىڭ مۇھەببەتنى مۇنداق ئەزىزلەپ ئەلا بىلىشى ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ساداقەتمەنلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ چىن مۇھەببەتنى ھاياتقا مەزمۇن بېغىشلىغۇچى ئەڭ ئالىي جاناب تۇيغۇ، ھاياتتىكى ھەرقانداق مەزمۇن مۇھەببەتنىڭ مەزمۇنىغا يەتمەيدۇ، دەپ قارىغان.

---

① «دىۋانى قەلەندەر»نىڭ تولۇق قول يازمىسى تېپىلمىغان. 1977 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن بايقالغان بىر قول يازما ھازىر 0228 نومۇر بىلەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم قول يازمىلار بايقىلىپ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ ئى. يۈسۈپنىڭ تەييارلىشى بىلەن «دىۋانى قەلەندەر» نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995-يىلى نەشر قىلىندى.

شائىر كۆچلۈك ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە ئادەم بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ قارا كۈچلىرىگە، تەتۈر قىسمەتلىرىگە، ئادالەتسىزلىككە ۋە رەھىمسىزلىككە قارىتا قاتتىق شىكايىتىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ھەرنىچە قىلسام جاھاندا ئەيش - ئىشرەت ئۆمرىمە،
ھەربىرى ئورنىدا مىڭ جەبرۇ جەفا قىلدى فەلەك.
كۆرمەدىم جەبرۇ جەۋادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا،
لۇتق ئەتەردىن ماڭا گۇياكىم ئىبا قىلدى فەلەك.
ئەھلى فەزلۇدانىش ئەھلىگە... دەردۇ ئەلەم،
دون ئېلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك.

[دۇنيادا ئۆمرۈم بويىچە قانچىلىك راھەت كۆرگەن بولسام، پەلەك بۇ راھەتنىڭ ھەربىرىنىڭ ئورنىغا مىڭلاپ جاپا كەلتۈردى. زاماندىن جەبىر - جاپادىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىدىم، پەلەك گويا ماڭا ياخشىلىق قىلىشتىن ئۇيالدى. پەلەك ئەقىللىق، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە دەرد - ئەلەم كەلتۈرۈپ، پەس - رەزىللەرنى مۇراد - مەقسەتكە يەتكۈزدى.]

«تا سېنىڭدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك» ناملىق بۇ غەزەلدە شائىرنىڭ يۈكسەك گۇمانىزملىق روھى ئىپادىلەنگەن. قەلەندەر ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، قاباھەتلىك پەلەك (دەۋران) نى قاتتىق سۆكۈپ، پەسكەش - رەزىللىكلەرنى پاش قىلىپ، ئەقىللىق، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ دەردلىك پىغانىنى ھەققانىي يوسۇندا ئىپادىلىگەن.

شائىر باشقا غەزەللىرىدە پەلەكنىڭ تەتۈرلۈككە كايىغان ھالدا، ئۆزىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇلىرى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىنىمۇ يېزىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان.

«خوتەننامە» (خوتەن قەسىدىسى) قەلەندەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن داستانى. بۇ بىر كىچىكرەك ھەجىمدىكى داستان بولۇپ لىرىكىلىقى كۈچلۈك، ئىدىيىۋى خاھىشى ناھايىتى روشەن، ئېپىكىلىق خاراكتېرى ئاجىزراق ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

داستاننىڭ نەسرى مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنىشىچە، شائىرنىڭ قۇندۇزدىكى دوستلىرى ئۇنى سېغىنىپ ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم دوستلۇق تەلەپپۇزىدا، ھەم مەسخىرە مەزمۇنىدا «ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپ، خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز، بىزلەر ئىشىتتۇك، خوتەن كىچىك ۋە ياقا يۇرت ئىكەن...» دەپ ئېيتىلغان سالام خەت يوللىغان. قەلەندەر خالىس مەيداندا تۇرۇپ «ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن» ھەم «خوتەننىڭ شەھەرىنىڭ سىفاتىنى شەھەرلەرگە ئاشكارا» قىلماق زۆرۈرىيىتى بىلەن چىن ھېسسىياتقا تولغان ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ داستانىنى يېزىپ چىققان.

داستاننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە قۇندۇزدىن يېزىلغان سالام خەت بىر يۈزەكى سەۋەب بولۇپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىك سەۋەب بولسا شائىرنىڭ خوتەنگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

قەلەندەر ۋىجدانلىق ئەر، تۈزىنى يەپ تۈزلۈقىنى چاقىدىغانلاردىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دوستلىرىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىش، ئەمەلىي ۋە خالىس سېلىشتۇرۇش، ئەتراپلىق كۆزىتىش،

ھەرخىل مەجازى ۋەستىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش، ئۇرغۇپ تۇرغان سەممىي ۋە چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن قولىغا قەلەم ئېلىپ جاۋاب خەت تەرزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا باي بۇ داستانىنى يېزىپ چىققان.

شائىر داستاندا يىراق يەردىن مۇساپىر بولۇپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ، چاقىرىلمىغان بىر مېھمان بولۇپ بارغىنىدا ساخاۋەتلىك ئىللىق قوينى، گۈزەل ھۆسنى، مېھرلىك باغرىغا ئېلىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرگەن ئىككىنچى يۇرتىنى، شەرقنىڭ مەئىشەتلىك سەرخىلى، چىنى ماچىن دەپ تونۇلغان خوتەننى ئاجايىپ گۈزەل تەرىپلەر بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

خوتەن دېمە، دېگىل گۈلزارى ئالەم،
مىسالى يوقدۇرۇر ۋەللاھۇ ئەئلەم،
خوتەن دىمە، جەھاننىڭ زىننەتى دە،
خۇدايى لامەكاننىڭ قۇدرەتى دە،
خوتەن دېمە، دېگەيسەن روھ ئەفزا،
مۇنىڭدەك شەھرى يوق ئالەمدە پەيدا.

مانا بۇ مىسرالاردا ھېچقانداق دەبدەبىلىك، ياسالمىلىق ۋە پەردازلىق تەسۋىرلەر ئىشلىتىلمەي، بەلكى سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە، جەزبىدار تەسۋىرلەر ئىشلىتىپ، كىشىنىڭ قەلبىنى تەبىئىي يوسۇندا ھاياجانغا سالىدۇ. شائىر بۇ مىسرالاردا كەرەملىك خوتەن شەھرىنى يۈكسەك بىر ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ چەكسىز سېھرىي ھۆسنىدىن سۆيۈندۇرۇپ، كۆللى ئالەمدە بۇنداق ساخاۋەتلىك شەھەرنىڭ تېخى ئىككىنچى بىر يەردە كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئىشەنچ ۋە غۇرۇر بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇ شەھەرنىڭ ئالەمنىڭ بىر زىننىتى ئىكەنلىكىگە قەتئىي رەۋىشتە ئىشىنىدۇ.

خوتەن سارى بېھىشت ئىشكى مەفتۇھ،
نەسىيمىدىن ئۆلۈك تەنگە كىرەر روھ.
خوتەن كەلگەن كىشى يانمايدۇ ئەلھەق،
بېھىشكە باردۇ كىرمەك، يوقتۇر چىقماق.
......
سەمەرقەندە ئېرور بىر ئاپ رەھمەت،
ئاقار خوتەندە يۈز دەريايى رەھمەت.

لىرىك ھېسسىياتقا باي شائىر بۇ يەردە ئىككىنچى يۇرتى بولغان خوتەننى بېھىشكە ئوخشىتىپ، بۇ گۈلئۈزار يۇرتنىڭ نەسىيم (تاڭ شامىلى) بولۇپ، ئۆلۈك تەنگە روھتەك كىرىپ، ئۆلۈك تەننىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكىدەك بىر خىل مۇبالىغىلىك تەسۋىرى ۋاستىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر قەلەندەرنىڭ خوتەندىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە ھادىسە ۋە شەكىل دېتاللىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ماھىيەتلىك ئۇقۇملار ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر يەنە خوتەن ئوبرازىنى لىرىك ئوبراز دەرىجىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى

ئېپىك ئوبراز دەرىجىسىدە كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ جەريانى ئارقىلىق پىكىرنى تەرتىپلىك ئىپادىلەپ، ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئۆزىنىڭ باياشات تۇرمۇشى، دىلى سۆيگەن يۇرتىدىن قۇرۇق قول سەپەرگە ئاتلىنىپ، شەھەر كېزىپ، ئاخىرى خوتەنگە كېلىپ قالغانلىقى، كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، خوتەننىڭ ھەقىقەتەن تۇرۇپ قالغۇچىلىكى بار، يەرلىرى گۈلىستان، خەلقى كەرەملىك ساھىبخان ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ. شائىر خوتەندە تۇرغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىدۇ. قەلبىدە ئوتلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. خوتەننىڭ يەر - زېمىنلىرى، باغ - ۋارانلىرى، نازۇ نېمەتلىرى، گۈل - گىياھ، ئاشلىق، مېۋە - چېۋىلىرى، ئوتياش - كۆكتاتلىرى، قاش تېشى - زەركان بايلىقلىرى، قولى گۈل كاسىپلار ئىشلىگەن شايى - ئەتلەس، خام ماتالىرى، ئاقكۆڭۈل ۋە مېھرىبان كىشىلىرى، چېۋەر ھۈنەر ئۇستىلىرى، ئىناق باياشات جەمئىيىتى شائىرغا زور ئىلھام مەنبەسى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى كۆرگەن ۋە ئېسىل تەرىپاتلىرىنى ئاڭلىغان سەمەرقەند، تاشكەنت، ئىسپىھان، كەشمىر، بۇلغار، باغداد، ئۈركەنچ، شىراز قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن خوتەننى ئەمەلىي مىسال، كونكرېت تەسۋىرى بوياقلار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئۆزى كۆڭۈل قويغان مۇبارەك يۇرتنى يۇقىرى جەلپ قىلىش كۈچى بار سۆيۈملۈك دىيار قىياپىتىدە ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. قەلەندەر ئېتىبارسىز شەيئىنى، كۆڭۈلگە ياققان يۇرتنىڭ نەرسىسى دەپ بىلگىنىدە، ئۇنى ئېستېتىك تەپەككۇر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

خوتەن باغىنى چىتلىغان تىكەنى،
دېمە سەن شەھرى سەبزىنىڭ نەۋ باھارى.

شائىرنىڭ بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقىنى غايىۋى يەر، ھەۋزى - كەۋسەرلىرى خىيالىي لەززەت بەرگۈچى سىرلىق جاي ئەمەس، بەلكى كىشىنى نەق نازۇ نېمەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكۈچى رېئال جەمئىيەت ئىدى. شۇڭا، قەلەندەر روھانىلار ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ خۇراپىي قاراشلىرىغا قارشى ھالدا، شىجائەت بىلەن قەلەمنى ئىشقا سېلىپ، كونكرېت، رېئال جەننەتنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

نەسىبىم ئاخىرى تۈشتى خوتەنگە،
كۆز ئاچتىمكىن تۈشۈپدۇرمەن چەمەنگە.
خوتەن دېمە، گۈلىستانى ئېرەم دە،
تەمامى خەلقىن ساھىب كەرەم دە.
خوتەن دېمە، دېگىل جەننەت نەزەرى،
ئېرور خەلقىنىڭ ئەينەكتەك زەمىرى.
خوتەن دېمە، دېگىل فىردەۋسى ئەلا،
كەمالى قۇدرەتى ۋاجىپ تەئالى.
خوتەن دېمە، دېگىل دۇنيا بېھىشتى،
بولۇپتۇر نۇرى رەھمەتتىن سىرىشتى.

شائىر ئۆز مۇددىئا - مەقسىتىنى ناھايىتى ئوچۇق ئىپادە قىلىش ئۈچۈن داستاندا سېلىشتۇ-

روش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.
قەلەندەر شېئىرلىرىدىكى بايانلاردىن بىلىنىشىچە، ئۇ كۆپ شەھەرلەرنى كۆرگەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىغان ۋە كۆپ ئوقۇغان، بىلىمى ۋە نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆرگەن بىلگەنلىرى جىق بولغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن ھەققىدە سۆز قىلغىنىدا، ئۇنى ئۆزى كۆرگەن شەھەرلەر بىلەن لىللا سېلىشتۇرۇپ ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ، پىكرىنى ئەركىن ۋە قاناتلانغان تەرزدە بايان قىلىپ، ئۆزى كۆرگەن ياكى ئېسىل تەرەپلىرىنى ئاڭلىغان سەمەرقەند، تاشكەنت، كەشمىر، بۇلغار، بۇخارا، باغدات، شىراز... قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزى چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇپ قالغان مۇبارەك يۇرتنى يۇقىرى جەلپ قىلىش كۈچى بار سۆيۈملۈك دىيار مىسالىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدۇ.

سەمەرقەندتە ئېرور بىر ئابى رەھمەت،
ئاقار خوتەندە يۈز دەريايى رەھمەت.
......
شامۇ دىھلە تىچەكىم مۆھتىرەمدۇر،
خوتەن شەھرىنىڭ ئالدىدا ئادەمدۇر.
......
خوتەن شەھرىنى كۆرسە شاھى بۇلغار،
تاڭ ئېرمەس قىلسا گەر بۇلغارىدىن ئار.

مانا بۇلار شائىر قەلەندەرنىڭ زوق - شوخقا تولغان ھالدا تەسۋىرلىگەن خوتەننىڭ ھەقىقىي ئوبرازى، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى.
مەلۇمكى، خوجىلار زامانىدا شائىرلار يۇرت - ۋەتەننى كونكرېت ئىبارىلەر بىلەن بەس - بەستە زوقلىنىپ كۈيلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ نىزارى دەۋرىدە بۇ خىل قىزغىنلىقتا قانداقتۇر بىر خىل ئېسەنكىرەش ھادىسىسى كۆرۈلگەنىدى. شائىر قەلەندەر بۇ خىل تورغۇنلۇقنى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزگەرتىپ، يۇرت مەدھىيىسى ئەدىبىيسىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە جۇلالاندۇرۇپ، بىر بايراقدارغا ئايلاندى. بۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ ئىدى. قەلەندەر ھەقىقەتەن بىر تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ تۇزىنى يەپ، ئېشىنى ئىچىپ، ئىززەتلىك مېھمان بولۇپ، كۆڭلىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتقان ئىككىنچى يۇرتى خوتەننى چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكىنى چىن ھېسسىياتى بىلەن ئىزھار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى «قۇندۇز» دىنمۇ مېھرىنى ئۈزمەي دائىم، پىكىر زىكرىدە ئانا يۇرتىنى ياد ئەتكەن، ئۇنىڭغا زارىقىپ تەلپۈنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرغان. مانا بۇلار شائىرنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىگە، قايتماس ئىدىيىگە ئىگە زامانىسىنىڭ ئويغاق، زېرەك ئوغلانى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.
داستاننىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە خوتەندەك گۈزەل، ئېسىل شەھەرنى ئاپىرىدە قىلغان ۋە گۈللەتكەن ئەقىللىق، ئەمگەكچان ۋە ئالىيجاناب خەلق ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، سەمىمىي چەكسىز مۇھەببىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ شىجائەتلىك، تىرىشچان، چىداملىق، خۇش چىراي، ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي روھىغا ئاپىرىن ئوقۇلىدۇ.
مەلۇمكى، بەدىئىي ئەسەرلەردە ئوبراز مەركەزلەشكەن، يىغىنچاقلانغان ھالەتتە تەسۋىر-

لەنسە ئۇنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسى يۇقىرى، جەزبىدارلىقى كۈچلۈك، جەلپكارلىقى روشەن بولىدۇ. ئوبراز كېڭىيىپ كەتكەنسېرى ئەدىبلەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە دىققەت مەركىزى چېچىلىپ، مەركىزىي پىكىر گەۋدىلەنمەي قېلىشى مۇمكىن.

شائىر قەلەندەر، قىسقا، ئەمما تولىمۇ ئىخچام ۋە مېغىزلىق يېزىلغان بۇ داستانىدا خوتەن خەلقىنى تەسۋىرلىگەندە، خەلقنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئەڭ قاتتىق لەرزىگە سالغان ۋە ئەرلىك شىجائىتىگە رام بولغان بىر ماھى تابانىنى چەكسىز ھاياجان ۋە زوق ـ شوخ ئىلكىدە تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ گۈزەل رەنانىڭ شەخسىي خاراكتېر ۋە پەزىلىتى ئارقىلىق خوتەن خەلقىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى، خاراكتېرى، مىجەز ـ خۇلقى، چىرايى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شائىر تەسۋىرىدىكى گۈزەل رەنا مۇنداق ئىدى:

يۈرۈپ ئېردىم خوتەن شەھرىدە ھەريان،
كۆرۈندى كۆزۈمە بىر ماھى تابان.
ئاجايىپ مەھۋەشۇ رۇخسارەسى گۇل،
قەلەندەر بولدى گۈلزارىغە بۇلبۇل.
......
كېچە چىقسا ئۆيدىن ئول قەلەمقاش،
خەلايىق دەر كېچىدە توغدى قۇياش.
قۇياش بىرلە ھەمىشە ئايۇ يۇلدۇز،
قىلور سەجدە كۆرۈشكىن كېچە ـ كۈندۈز.

تارىختىن بېرى ئىنسانلار چۈشەنچىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقچىللىق دىئالېكتىك باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن. ۋەتەننى خەلقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خەلقمۇ ۋەتەندىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق دېمەك ۋەتەن دېمەكتۇر. ۋەتەن دېمەك خەلق دېمەكتۇر.

شائىر تەسۋىرىدىكى گۈزەل رەنا خوتەن گۈزەللىرىنىڭ، يەنى كەڭ خەلقنىڭ ۋەكىلى، يۇرتىنىڭ كۆركى ۋە زىننىتى. داستاندىكى مۇنۇ مىسرالار بۇ پىكىرگە جاۋاب بېرىدۇ:

خوتەن ئەسلىدە ئەردى خۇلدى رىزۋان،
بولۇپدۇر ئول پەرىدىن ئىككى چەندان.
خوتەن ئەسلىدە ئەردى نۇرى مۇسا،
بولۇپدور ئول سەنەمدىن جەننەت ئاسا.

بۇ يەردىكى «ئول پەرى»، «ئول دىلرەبا» بىرلا ئىنساننى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئادەملەر توپىنى كۆرسىتىۋاتقىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

توغۇلدى ئانادىن ئول شوخ مەھۋەش،
سالىپتۇر بۇ خوتەن ئېچرە ئاتەش.

خوتەننىڭ شەھرىنىڭ ئول زىننەتىدۇر،

ئەرۋىسى مۈلك ھۆسنىنىڭ سەۋلىتىدۇر.

قەلەندەرنىڭ شۇنچە يەرلەرنى كېزىپ، كۆپ كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئاخىرى ئۆز رەنانى خوتەندە ئۇچراتقانلىقى، ۋە ئۇنىڭ ھارارەتلىك ئىشقىي پىراقىدا بىر ئۆمرىنى خۇشچاغ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشىنىڭ روشەن قاراتمىلىقى بار ئىدى. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ خىل ئوي - پىكرىدە باياشات يۇرتنى ياخشى كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى خەلقنىمۇ ھۆرمەتلەش، ئىززەتلەش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان. بۇلار شائىر چۈشەنچىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى تەكرار ئىسپاتلايدۇ.

ئومۇمەن، قەلەندەر شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ھالۇ ئەھۋالىنى ئىپادىلىدى. مۇڭ - زارىنى نەزمىگە قاتتى، ئوي - پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلدى. زاماندىشلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىدىيىۋى يۈنىلىشىگە شاھىد بولدى. شۇڭا، «قەلەندەر» سۈپىتى بىلەن خارلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتى، باھاسىز مەنىۋى ئەمگىكى بىلەن يۇرتداشلىرى ئارىسىدا قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2 - ئەھمەد شاھ قاراقاشى

ئەھمەد شاھ (1740/50 - 1828) ئىسىملىك بۇ شائىرنىڭ تەخەللۇسى «قاراقاشى» بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىسىدىكى قاپاقلا يېزىسى ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدە بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئەھمەد شاھنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. ئەينى ۋاقىتلاردا مۇبارەك شاھ قاتارلىقلار تەرىپىدىن دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇۋاتقان نەۋائىي، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ئەھمەد شاھقا كىچىكىدىن تەسىر قىلىپ تۇرغان. ئەھمەد شاھ 1767 - يىللىرى كاشغەر خانلىق مەدرىسكە كېلىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئالىي مەدرىس تەلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ. بولغۇسى شائىر ئەنە شۇ چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان. ئۇ كاشغەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، كەلگىنىدىن كېيىن قاراقاشتىكى چوڭ مەدرىسە «گۇزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئەھمەد شاھ كاشغەردە نەزەر دېگەن بىر ئاقسۇلۇق تالىپ بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان ئىكەن. ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئاقسۇدا مۇفتى بولغان. بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان ئەھمەد شاھ دوستىغا نامى مەشھۇر ئاقسۇ ئېتىدىن بىرنى ئېلىپ ئەۋەتىش توغرۇلۇق ئالاھىدە خەت يېزىپ، يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىدۇ. ئات ئەھمەدشاھنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر قاتتىق رەنجىپ كۈچلۈك ھەجۋى تۈسكە ئىگە «نەزەر مۇفتىغا خەت»نى يېزىپ چىقىدۇ[1]. بۇ سالام خەت خەلق ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن ھەر خىل نام، ھەجىم ۋە شەكىلدە كەڭ تارقىلىدۇ.

① «نەزەر مۇفتىغا خەت»نىڭ ھەجمى زادى قانچىلىك، بۇ ئېنىق ئەمەس، 1948 - يىلى غۇلجىدا چىققان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا 13 كۇپلېت؛ 1960 - يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە بېسىلغان «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» دېگەن كىتابتا 14 كۇپلېت، قەشقەر «كونا شەھەر ئەدەبىياتى» (1979- يىلى، 2 - سان) دا 15 كۇپلېت، «كۇئىنلۇن ئەدەبىياتى» (خوتەن، 1979 - يىلى، 2 - سان) دا 23 كۇپلېت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» (1979 - يىلى، 4 - سان) دا 29 كۇپلېت، «بۇلاق» ژۇرنىلى (1980 - يىلى، 1 - سان) دا 25 كۇپلېت، «بۇلاق» ژۇرنىلى (1999 - يىللىق 3 - سان) دا 32 كۇپلېت ھەجىمدە ئېلان قىلىندى.

سالام خەتنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن بۇ كىتابتا «ئاتنامە» دەپ ئاتىدۇق.

«ئاتنامە» ساتىرا ژانىرىغا مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان داستاندىن ئىبارەت، يەنى بۇ سالام خەت شېئىرىيەتنىڭ ساتىرا، مۇخەممەس، داستاندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ژانىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا يېزىلغان.

«ئاتنامە»نىڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئالاھىدىلىكى ساتىرىك (ساتىرالىق) خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى «ساتىرا تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەرنى، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى قاتتىق مەسخىرە ۋە پاش قىلىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋى ئەسەر».① ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرانىڭ شېئىرىي ۋە نەسرىي تۈرى بولۇش بىلەن بىرگە شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن لىرىك تۈرى ھەم ئېپىك تۈرى بار. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىردە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىردە ھاياتنىڭ خۇنۈك، قاراڭغۇ، يامان، يارىماس تەرەپلىرىنى پاش قىلىش، ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەر ئىككى خىل ئۇسۇل ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە قىلىنغان.

ئەھمەدشاھ ئىنسان خاراكتېرىنى چوڭقۇر كۆزەتكىنى ئۈچۈن، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن رەزىللىكى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق مەسىلىسىدە ئالىيجانابلىق، ئەزگۈلۈك (ياخشىلىق)، مۇرۇۋۋەتلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنىڭ تەرەپدارى بولۇپ، چاكىنىلىق، پەسكەشلىك، ياۋۇزلۇق، خۇنۇكلۇك قاتارلىق قىلمىشلارغا لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرى قىلىپ تاللىۋالغان.

«ئاتنامە»دە ئاتنىڭ ئوبرازى يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن. شائىر چاكىنا ۋە خۇمسى دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋالغان ئاتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى، ئاڭغا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا،
بىرى تەپكەك، بىر مۈڭگەك، بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ، ھەرقەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىيافەتتە.

مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى، يىقىلدىم، نەچچە كۈن ياتتىم،
قويۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەمىشە ئەلنى قاقشاتتىم،
سوغارغاندا قاچىپ سۈرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
تىگىشتىم ئۇي بىلە بەش ـ ئالتە نەۋبەت، ئۇن قاتىم ساتتىم،
قىلىپ دەۋا كېلۋەدى، ماڭا ياندى شەرىئەتتە.

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام، تۇزۇك يۈگرەپ چاپالمايدۇ،
ۋەيا ئۇي ھارۋىسى بىرلە باراۋەرمۇ ماڭالمايدۇ،
مۇبادا توختاپ ئالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ،

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 594 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.

مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بېرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كەسافەتتە.

ئۆرۈپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش،
قورساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش،
يەنە بىر ئەيىبى شولدۇر چىرقىراپ سەت، يولدا تاپتوختاش،
زېرىكمەي مىنسە، بىر سائەت بېرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش،
شەھەر - يېزا ئارا قىلغان سەفەر، سەيلى - ساياھەتتە.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، شائىر يەنە كۆپ كۆچ سەرپ قىلىپ، ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى، خۇيى، خاراكتېرى ۋە ھالىتىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئوقۇرمەنىنىڭ كۆز ئالدىدا تەبىئەت دۇنياسىدىن يەنە بىر ئوخشىشىنى تاپقىلى بولمايدىغان «لەقۋا ئات» ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ.

مانا بۇ نەزەر مۇفتىنىڭ ئاغىنىسى ئەۋەتكەن ئەڭ ياخشى ئات كېلىدىغان 50 تەڭگىنى خەجلىۋېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن سۈيلەپ خەت يازغاندىن كېيىن ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان نەزەر مۇفتىنىڭ بىر يىلدىن كېيىن ئەۋەتكەن «ئارغىماق» ئېتىنىڭ ئەينى كۆرۈنۈشى.

داستاندا شائىر غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن «لەقۋا ئات»نى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋاپاسىز، خىيانەتكار، قىزىل كۆز نەزەر مۇفتىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى قاتتىق پاش قىلغان. ئەھمەد شاھ ئىشىنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان دوستى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان.

دۇئايى بىئەدەد، خاجەم، نەزەرمۇفتىمغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامىم ئانچۇنان ئاھۇ - نەدامەتتە،
ۋىسال ئولغاي دۇئا بىرلەن سەلامىم ياخشى سائەتتە،
سېنى ياد ئەيلەگۇم ھەر كۈن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ساڭا مەن نامە يازدىم، نا مۇناسىپ لەفزدىن، ئەي يار،
بىھەمدۇللاھ، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھار،
بىلىشنى ئىستەسەڭ، مۇندا شۈكۈركىم، بىز ئەمەس بىمار،
تېنىڭ ساقمۇ بۇ كۈنلەردە سېنىڭ، ئاندا نە ھالىڭ بار،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ فەراغەتتە؟

قارىلىق ھالىدىن سورسام، يېتىشتى نەچچەگە ياشىڭ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
ئايال، ئوششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ قارىنداشىڭ،
نېچۈندۇر ئىشتىھايىڭ ھەم، سىڭەمدۇر ئابىيۇ ئاشىڭ،
مىزاجىڭ خوب، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مەلاھەتتە؟

ئىشتكىل، ئەي رەفىقا، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىباشتىن.
ئەقىدەم بار ئىدى شۇنچە يەقىن تۇغقان قارىنداشتىن،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن،
كۆرۈپمەن، بىلگەنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زەرۇرەتتە.

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ، كۆڭۈلدە ئېتىقاد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىغە، ياد ئەتكەچ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتمىش تەڭگەنى، كۆپ ئىتىماد ئەتكەچ،
ئىبەرگەيمۇ دەبان بىر ياخشى ئات، ئۆتتۇم خىيالەتتە.

پۇلۇمنى توختاتىپ بىرىپل، ئىبەرىپسەن ماڭا بىر ئات،
ئېشەكچە يوقكى رەفتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەرنە فىئىلى يات،
كى يولدا توختاۋالدى قامچە بىلەن ئۇرماسام پات ـ پات،
كۆلا ئارغامچەنى ئۆزدى قوزۇقنا باغلاسام قات ـ قات،
ئۆلاپ ئارغامچەنى ھاردىم، كۆنى قالدىم ھالاكەتتە.

شائىر ۋاپاسىز دوستىنى پاش قىلغاندا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلمايدۇ. بۇ نامەرد ئوبرازنى پۇخادىن چىققۇچە، ۋايىغا يەتكۈزۈپ تورۇپ، نەپرەتلىك مىسرالار بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بېرىدۇ.

ھەرقانداق ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈچۈن خىيانەتچىلىك ئەڭ خەۋپلىك ۋە يىرگىنچلىك ئىجتىمائىي ئىللەت بولۇپ، شائىر بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاساستا، بۇخىل قىلمىشنى ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ساۋىداش بىلەن بىرگە ئېسىل پەزىلەت ۋە ئالىيجاناب قەلبىنىڭ ئۆز خەلقىگە ھەققانىي مەسئۇلىيىتى ۋە ۋىجدانىي بۇرچىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

شىكايەتتە ئېغىز ئاچسام ئارام ئالماي قىلارمەن داد،
قۇتۇلدۇم ئۇشبۇ ئاتتىن كۆڭلۈم قايغۇدىن ئازاد.
سۇنۇپ پۇل قولنى ياتقۇم ئەمدى راست روھى راۋانىم شاد،
نەزەرلەردىن ھەزەر ئەيلەمەككە مىڭ قەسەملەر يات،
كى ئۆمرۈم ئۆتكۈسىدۇر دوست ـ يارەنگە ساداقەتتە.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، داستاندا «لەقۋا ئات»نىڭ ئوبرازى قاتتىق ھەجۋى قىلىنغان. ئاتنىڭ ئەيىپ نۇقسانلىرى خىلمۇخىل كىنايىلىك تەسۋىرى ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۆرسىتىلگەن؛ شائىر ئاتنى مازاق قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن ۋاپاسىز، نامەرد، خۇمسى، چاكىنا دوستى نەزەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، مۇخەممەسنىڭ يەنە بىر قاراتمىلىقى جەمئىيەتنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت، يەنى ئەھمەد شاھ بىلەن نەزەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەخسلەر مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ كەتكەن، نەزەرنىڭ كاززاپلىقى، خىيانەتكارلىقىئەينى چاغ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ

جەمئىيەتتىكى پاسىقلىق، ئالا كۆڭۈل، قارا نىيەتلىكنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان بولغاچ-
قا، دوستى ئەۋەتكەن پۇلنىڭ كۆپ قىسمىغا خىيانەت قىلىپ، لەقۋا، ماڭقا، دوكدوك،
كۆرۈمسىز، ئۇركۇگەك، قىسقا قۇيرۇق، سىڭايان سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، تەپكەك، شاتى-
راق بىر ئاتنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شائىر لەقۋا ئات، ۋاپاسىز دوست
ۋە خىيانەتكار جەمئىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە، يۇقىرى دەرىجىدە تىپىك-
لەشكەن ئات ئوبرازىنى ياراتقان.

ئەھمەد شاھ قاراقاشى «ھەجۋى»نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىغا ئەھمىيەت بىلەن
قارىغان. ئۇنىڭچە، ئەدەبىياتتا مەدھىيىلەشلا بولۇپ قالماي، پاش قىلىش ۋە ھەجۋى قىلىشمۇ
بولۇشى كېرەك. ساختا، يىرگىنىشلىك، خۇنۇك تەرەپلەرنى پاش قىلىش، ھەجۋى قىلىش
خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان ئېھتىياج ئۆلچىمى ھەم مۇددىئا تەلىپى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە-
دۇر. شۇنداقلا خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ساپلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، يۇقىرى
ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش، ھايات ھەقىقىتىنى ئېچىپ، دەۋر قىياپىتىنى كۆرسىتىپ،
كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇش، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يىرگىنچلىك نەرسىلەردىن
نەپرەتلىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان
تەسەۋۋۇردىكى گۈزەل غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىرادىسىنى تىكلەش ناھايىتى مۇھىم-
دۇر.

«ئاتنامە» ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئىككى ئەسىردىن بېرى قىزىقچىلار ئۇنى
ئاھاڭغا سېلىپ، ئولتۇرۇش، سورۇنلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى-
نى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇ مۇخەممەس ئۇيغۇر ساتىرىك ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى
نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

شائىرنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا «مېۋەنامە» (مېۋىلەر مۇنازىرىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ
بار.

## 4 §. نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردى غەرىبى

### 1 - نورۇز ئاخۇن زىيائى

#### 1. زىيائىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

زىيائى (? - ? 1850) تەخەللۇسى بىلەن ئاتالغان بۇ شائىرنىڭ ئىسمى نورۇز ئاخۇن
بولۇپ، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدا كاشغەر رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىي گۈللىنىش
ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بايراقدارلىرىدىن زىيائىنىڭ نامى ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردى
غەرىبىلەر بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك، ھەتتا ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا،
زىيائى ئۆز زامانىسىنىڭ شېئىرىيەت سەركەردىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

زىيائىنىڭ ئۆمرى كاشغەردە ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى
ئىقتىدارى ۋە ياخشى ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە دىققەتكە
سازاۋەر بولغان ھەم ئەينى زاماندىكى كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن ئۇنى ھاكىمبەگ
مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. شائىر بۇ خىزمەتنى

تەخمىنەن 1831- يىللىرىدىن 1844 - يىللىرىغىچە جەمئىي 14 يىل ئىشلەيدۇ. بۇ جەريانىدا ئۇ نىزارى، غەرىبلەر بىلەن بىرلىكتە «ھېكايەتى غەرىب» (غېرىبلەر ھېكايىتى) ناملىق چوڭ كۆللىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. زىيائىينىڭ «مەسئۇد ۋە دىلئارا»[1]، «ۋامىق ۋە ئۇزرا»[2]، «مۇھزىنۇل ۋائىزىن»[3]، «ھەفتە داستان»[4] قاتارلىق داستانلىرى ۋە ئا. نىزارى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «چاھار دەرۋىش»[5] ۋە ئۆزىنىڭ «ياۋا توشقان»[6] ناملىق ئەسەرلىرى بولغان. زىيائىينىڭ تەرجىمە ئەمگەكلىرىدىن ئۇبەيدى زاكانى پارسچە يازغان «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسىلىنى شېئىرىي شەكىلگە سېلىپ ئىشلىگەن بىر ئەسىرى بار[7].

زىيائى بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىنىم - تاپماي ئىزدىنىپ چوڭ ئۇتۇق قازانغان ۋە 14 يىل ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە ئېتىبارلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى مۇھتاجلىق، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

«چاھار دەرۋىش»

«چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسەر قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا رۇم مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئازادە بەخت بىلەن شام پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان بىرىنچى دەرۋىش—يەمەنلىك سودىگەرنىڭ؛ پەرەڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ئىككىنچى دەرۋىش — ئەجەم پادىشاھىنىڭ؛ بەسىر مەلىكىسىنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن ئۈچىنچى دەرۋىش —پارس پادىشاھىنىڭ؛ دېۋىلەر باشلىقى مۇلكى سادىق قولىدىكى پەرىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغان تۆتىنچى دەرۋىش چىن ماچىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ ھايات پاجىئەلىرىنى ۋە ئىنتايىن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، جەبرى - جاپالارنى يېڭىش بەدىلىگە ئاخىرى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ قىيىنچىلىقتىن قورقماي تىرىشىپ كۆرەش قىلغان كىشىلەرلا ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ[8]. بۇ ئەسەر ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىقتا يېزىلغان.

2. زىيائىينىڭ داستانلىرى

1) «مەسئۇد ۋە دىلئارا»

«مەسئۇد ۋە دىلئارا»[9] (1841 - 1842) دا بەسىر پادىشاھى مىرزا بانىنىڭ ئوغلى — شاھزادە مەسئۇد بىلەن ئەرەمباغنىڭ پادىشاھى شەربال پەرىنىڭ قىزى دىلئارا ئوتتۇرىسىدا

---

[1] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئەمما، بۇنىڭدا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانى دېيىلىپ قالغان.

[3] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 2 -، 3 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

[4] بۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىلى، 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[5] بۇ ئەسەرنىڭ شاھ ئازادە ھېكايىسى بىلەن 4 - دەرۋىش ھېكايىسىگە زىيائى، 3 - دەرۋىش ھېكايىسىغا ئا. نىزارىنىڭ تەخەللۇسى قويۇلغان.

[6] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانىدا.

[7] زىيائىينىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىشقىي مۇھەببەت ھەققىدە پەلسەپىۋى مۇلاھىزە قىلىدىغان 76 مىسرالىق «ئىشق فەزائىلىدىن شۇتەمەي ئىزھار قىلماق»، 80 مىسرالىق «پەلەكتىن شىكايەت» (ۋاقىتلىق قويۇلغان ئىسىم) دېگەن ئەسەرلىرى بار.

[8] «چاھار دەرۋىش»نىڭ بىرقانچە خىل قول يازما نۇسخىسى بار. ئۈرۈمچى نۇسخىسى 9843 مىسرا، لېنىنگراد نۇسخىسى 13824 مىسرا.

[9] بۇ داستان جەمئىي يەتتە باب، 2432 مىسرا. يەنە 2560 مىسرا دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ «سەيفۇل مۇلۇك» قىسسەسىنىڭ ئىجادىي بېيىتىلگەن نۇسخىسى.

يۈز بەرگەن ئىشقىي مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، سادىق، پىداكار، چىدامىلىق كىشىلەرلا جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، دېگەن ئىلغار ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2) «مۇھزىنۇل ۋائىزىن»

زىيائى بۇ داستاننىڭ ئىسمى ۋە يېزىلغان يىلى توغرۇلۇق ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازغان:

پەند ئەۋراقىدىن تاپىپ ئىسبات،
مۇھزىنۇل ـ ۋائىزىن دېدىم مۇڭا ئات.
تە ئىرىخىن سورساڭىز مىڭ ئىككى يۈز،
ئەللىكىگە ئىزافەدۇر توققۇز.

دېمەك، داستان ھىجرىيە 1259 ـ (مىلادىيە 1843 ـ ) يىلى يېزىلغان[1]. زىيائى «موھزىنۇل ۋائىزىن»نى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان[2]. داستاننىڭ يېزىلىشىدىكى يۈزەكى سەۋەب شۇكى، زىيائى زوھۇردىن بەگ مەھكىمىسىدە ئىشلەپ، كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئىككى يىلچە يېتىپ قالىدۇ. ئۇ بىتاب بولۇپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۆزى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلغان ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن ھال سورىماق ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ خىل قىلىق شائىرغا ئېغىر كېلىدۇ. غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز قەلبىدىكى ھەسرەت ـ نادامىتىنى زامانداشلىرىغا بىلدۈرۈش، ھۆكۈمرانلار سورۇنىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاۋام خەلقنى نادانلىق، ئەخمەقلىقتىن خالاس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، داستاننى يېزىپ چىققان.

«مۇھزىنۇل ۋائىزىن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇڭلۇق ۋەز ـ نەسىھەتلەر دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىت ئۇگۇت ـ نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆز زامانىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ياغدۇرۇلغان قىزغىن ئالقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داستاندا، يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئەۋزەل بىلىشتەك ئەخلاقىي قارىشى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داستان مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا يەتتە بابقا بۆلۈنگەن. ھەربىر بابتا بىر مەزمۇن ئۈستىدە توختىلىپ، ئاخىرىدا شۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىبرەتلىك ھېكايە مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئىسپاتلىغان ۋە يىغىنچاق خۇلاسىلەپ بەرگەن. «موھزىنۇل ۋائىزىن» ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئەدەبىي كۆز قارىشىدىن سىرت يەنە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىمۇ سۆزلەنگەن. بۇ جەھەتتە مەزكۇر داستان، XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پىكىرلەر تارىخىدا تىلغا ئالماي ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] داستان 4800 مىسرا.

[2] بەزىلەر زىيائى بۇ داستاننى زوھۇردىن بەگنىڭ ئوردىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى يازغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

3) «ۋامىق ۋە ئۇزرا»

بۇ زىيائىنىڭ رومانتىك مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن تراگېدىيىلىك داستانى بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئىشقىي مۇھەببەت ھېكايىسىنى ۋاستە قىلىپ، رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن مېھنەت سىڭدۈرگەن.

داستان ۋەقەلىكىنىڭ ھېكايە مەنبەسى توغرىسىدا سۆز ئاچساق، بۇ ھېكايىنىڭ مىلادى X ئەسىردىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانلىقىنى كۆرستىدىغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. بۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنى، دەسلەپ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم ھەسەن ئۇنسۇرى (؟ - ۋاپاتى 941 - يىلى) «ۋامىق ۋە ئۇزرا» نامىدا داستانلاشتۇرۇلغان. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، ئىران شائىرى زاھىر كىرمانى ھەم شۇ نامىلىق داستان يازغان. XVIII ئەسىردە خارەزمدە ئۆتكەن خوجا سەئىد ھەسەنى زاھىر كىرمانى يازغان «ۋامىق ۋە ئۇزرا» داستانىنى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھېكايىنىڭ سيۇژىتىنى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى XIX ئەسىرگىچە، يازما ئەدەبىياتتا قايتا كۆرۈلمىگەن، ئەمما «جامىئۇلھېكايەت» تە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىنگەن.

زىيائى بۇ ھېكايە سيۇژىتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ قىلىپ داستان شەكلىدە يېزىپ ئۇتۇق قازانغان.

شائىر زىيائى «ھىندى دىيارى» دا بولۇپ ئۆتكەن ۋامىق بىلەن ئۇزرانىڭ تراگېدىيىلىك ۋەقەسىنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شائىر داستاندا فېئودالىزم ھىمايىچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئودالىزمنىڭ ئىنسانلار ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان چىرىك ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ. ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇقارشى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، فېئودالىزم شارائىتىدا يارىتىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسىدىن ئىبارەت. بۇ كۆزقاراش فېئودالىزم تۈزۈمى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانىي ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ ئىپادىسى. فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئالدىن كۆرەر خەلقپەرۋەر شائىر زىيائى بۇ جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئەخلاقىغا بولغان نارازىلىقىنى مۇشۇ داستان بىلەن، قارشى تۇرۇش روھىنى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئادەمخور ماھىيىتىنى پاش قىلىشى XIX ئەسىر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەركىن مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلماي تۇرۇپ ئەينى دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش تەس ئىدى. مۇبادا شائىر ئۆز نارازىلىقىنى بىۋاستە ئىپادىلەشكە تىرىشقان بولسا ئەلۋەتتە ئېغىر تەھدىت ۋە خەۋپكە دۇچ كەلگەن بولاتتى. شۇڭا، ئۆز ئارزۇسىنى ۋە غەزەپ نەپرىتىنى، فېئودالىزم ئاسارىتىگە بولغان نارازىلىقىنى مۇھەببەت تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق فېئودالىزم تۈزۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شائىر فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ۋاپاسىزلىقىنى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە «ئاللا»، «ئەۋلىيا» نى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ:

ئەيا ھوشمەندان[1] ساھىب نەزەر،
قىلىپ جىددۇ - جەھد[2] ئىشقىدىن تاپ خەۋەر.
كېچە - كۈندۈز خۇدادىن ئۈيماي تىلە،
مەدەد ئەنبىيا، ئەۋلىيادىن تىلە.

دېيىش ئارقىلىق كىشلەردە فېئوداليزم دۇنياسىغا قارشى كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن. شائىر فېئوداليزمنى كۆرۈنۈشتە «ساھىبجامال ياش چوكان»، ئەمەلىيەتتە بولسا جان ئالغۇچى ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق پاش قىلىدۇ ھەمدە بۇ زاماندىن ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغانلىقىنى ساقىغا مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

كەل ئى ساقى مەخمۇر[3] گەدايىڭغا باق،
تۇتۇپ بادە[4] كۆڭلۈمگە سال ئىشتىياق.

دەپ ھەم داستاننى تاماملايدۇ. مانا بۇنىڭدىن شائىر زىيائىنى فېئوداليزم تۈزۈمىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە دىققەت قىلىۋاتقان ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك گۇمانىستىك كۆز قاراشقا ئىگە دېموكراتىك شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇپ يازغۇچىنىڭ ئەنئەنىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، يەنى ئايرىم ئوبرازلار ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. دېمەك، داستاندىكى ۋامۇق بىلەن ئۇزرا ئوبرازلىرى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ۋە قاتمۇقات زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك بولغان، مىڭلىغان يىگىت - قىزلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئوبرازلار بولۇپ، شائىرنىڭ فېئوداليزمغا قارشى تۇرۇش روھىنى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى مۇشۇ ئىككى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

داستاندا نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە خېلى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان يىگىت ۋامۇق ئوبرازىدۇر. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق، ساپ مۇھەببەت ئىگىسى. ئىنسان ھۆرلۈكى، مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قاماللىرىنى قارشىلىق كۆرسىتىش ھېسابىغا بېسىپ ئۆتكەن ۋىجدانلىق يىگىتتۇر. ۋامۇق يەر، سۇسىز، نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ مىجەز خۇلقىدا مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا خاس تىرىشچانلىق، كەمتەرلىك، بىر سۆزلۈك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ:

[1] ھۇشمەندان— ھەشەمەتلىك، سۆلەتلىك
[2] جىددۇ - جەھد—تىرىشماق، ئىجتىھاد قىلماق، چېلىشقماق.
[3] مەخمۇر— خۇمارى.
[4] بادە— ھاراق، شاراب.

ئاتا دېدى: قىلغىن ماڭا ئاشكار،
قايۇ مەھۇەش ئەتتى دىلىڭنى فىگار،①

مانا بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋاموق دەسلىپىدە ئۇزراغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئۆلۈشكە رازىكى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىشقا ئۇياتلىق ھېس قىلىدۇ ھەم تۇۋەن تەبىقىگە خاس ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئاخىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن تولىمۇ ئۇيالغان ھالدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ۋەھالەنكى بىچارە ئاتا - ئانا ۋاموقنىڭ ئۇزرانى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ:

بۇ سىرىڭنى خالايىققا قىلما پاش،
مەگەر پاش قىلساڭ ئۇچۇپ كەتتى باش.
قاچان شەمغە بولغاي گەدا نەسلى تەڭ،
نەچۇك پىلغە بولغاي دۇچار مۇرلەڭ②.

يۇقىرى سىنىپقا مەنسۇپ بولغان پادشاھ قىزىنى ئۇزىدەك كەمبەغەلنىڭ ئوغلىغا بەرمەسلىك-تىن سىرت بېشىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ يالۇۋۇرىدۇ، تەھدىت قىلىدۇ. لېكىن ئەركىن مۇھەببەتنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتقان ۋاموق:

كى ھىجراندا كۆيگەن تېنىمنى يارىب،
كۆرۈڭلار ئىچىمنى تەمام ئاختارىپ،
.........
چۇ ۋاموق نەسىھەتنى قىلدى بايان،
دېدى ئاھ ئۇزرا پىدا قىلدى جان.

دېيىشكە مەجبۇر بولغان. چۈنكى، ۋاموق ئۇزرانى ياخشى كۆرىدۇ. ۋاموقنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن يۇقىرىقى غەزىلىدىن ئۇنىڭ ئۇزراغا بولغان ساداقىتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكىنى، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۇزرانى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي فېئودال قارا كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

دېمەك، ۋاموق ئوبرازى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئېزىلگۈچى جاپاكەش خەلق ئاممىسىنىڭ، يەنى فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاق تۈپەيلىدىن مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمىگەن نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ۋاموقنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇھەببەت تراگېدىيىسى-نىڭ ئاساسىي ئامىلى XIX ئەسىر فېئودالىزم دۇنياسىدىكى تەڭسىز رېئاللىقتىن ئىبارەت.

داستاندا خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان قىز ئۇزرا ئوبرازىدۇر. ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك ۋاپادار، ساداقەتمەن قىز. ئۇزرا گەرچە يۇقىرى قاتلام ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمگەك سۆيىدۇ، جاپا چېكىۋاتقان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ ھەم ئېچىنىدۇ، ئۇ ئىنسا-

① فىگار — يارىدار، جاراھەتلىك.
② مۇرلەڭ — چۈمۈلە، كىچىك جانىۋار

نى ھۆرلۈككە، ساپ مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچى، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاقنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلغۇچى شەخس. ئۇ ئۆزى كېلىپ چىققان ئائىلىنىڭ بۇرۇقتۇم مۇھىتىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ يالغۇز قىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردا شۇنىڭغىلا خاس، شۇنچە بەختلىك ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ماھىيەتتە دوزاخ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. فېئوداليزم جەمئىيىتىدىكى ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار ئادەم قاتارىدا بولماسلىقتەك تەڭسىزلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ ئەركىن مۇھەببەت ئىگىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى، ساپ مۇھەببەت ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلگۈچى مىڭلىغان خوتۇن قىزلارنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئاياللارنىڭ ئەركىن مۇھەببىتىنى قەدىرلىگۈچى ۋە ئىنتىلگۈچى ساپ ئادىل ۋىجدانلىق ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. شائىر XIX ئەسىر ئۈچۈن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەخس ئۆزرانىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئوداليزمنىڭ خۇنۇك چۈمبەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

تېگىپ جانەگە ئىشقىنىڭ ئاتىشى،
بارى ئەزۋىنى ئېيلەدى كاۋىشى.
ئۆزنى ئوردى ۋاموقغە پەرۋانەۋار.
قۇچۇپ بارىنى ئېيلىدى جان نىسار،
يەنە بولدى ئول شەق بىر - بىرىگە زەم.
نىھان بولدى ۋاموق بىلە ئول سەنەم.

ئۆزرانىڭ ئۆزىنى ۋاموق جەسىتىگە ئۇرۇپ ھالاك بولۇشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى بولماستىن، بەلكى سۇلماس، پاك ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەتكە قارشى تۇرۇشى ھەم ئۆزىنى بويسۇندۇرماقچى بولغان فېئوداليزم ئىسكەنجىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدە. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزرا ئوبرازى فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان يۈز مىڭلىغان خوتۇن - قىزلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئوبرازدۇر. شائىر ئۆزرا ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاقنى جان - جەھلى بىلەن قوغدىغۇچى قارا كۈچلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ھەم جاپاكەش خەلق ئاممىسى بىلەن فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى يوقىرى - تۆۋەن ئورۇن مەسىلىسىدە ھەرقانداق كىشى باراۋەر بولۇشتەك گۇمانىزم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزرا ئوبرازى يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىشىشى فېئودال قارا كۈچلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئۆتكۈر كۈرەشتۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ۋاموق ۋە ئۆزرا» داستانى يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ۋاموق بىلەن ئۆزرانىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى خەلقنىڭ ئەنە شۇ دەۋردىكى تەقدىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ھەقىقىي ئىپادىلىگەن ئەسەردۇر.

ئەسەر بەدىئىلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. داستاندا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ئىلغار رومانتىزم بىلەن رېئالىزم ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ھەم پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى رېئال

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولمىسىمۇ، ئەمما ئەسەرنىڭ رېئال ئاساسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ھەم پېرسوناژلار ئوبرازى ئەينى دەۋر ئۈچۈن روشەن ئومۇمىيلىققا ئىگە. شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شائىرنىڭ تالانتى شۇ يەردىكى ئىلغار رومانتىزم پرىنسىپى بويىچە تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى، ئۆلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈكنى بىر- بىرىگە قوشۇپ مۇراد - مەقسەتكە يەتكەن قىلىپ تەسۋىرلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرى، كۈرەش قىلىش روھى ۋە ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەرىجىدە روشەن، رېئال ئىپادىلەنگەن بولۇپ ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ غايىسى، ئىشەنچ ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ۋاموق بىلەن ئۇزرانىڭ تراگېدىيىسى كىشىنى ئېچىنىش، روھسىزلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش يولىغا ئەمەس، بەلكى ئەركىن مۇھەممەد ئۈچۈن قىساس ئېلىش، قارشىلىق قىلىش ھەم كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شائىرنىڭ تىپىك شارائىت ئىچىدە ئوبراز يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بىر تەرەپ. چۈنكى، تىپىك شارائىت پېرسوناژلارنىڭ تراگېدىيىلىك داستانلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان كونكرېت مۇھىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كونكرېت مۇھىتنى دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ كونكرېتلىقى، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى بىلەن تراگېدىيە توقۇنۇشىنىڭ كونكرېتلىقى دەپ قاراش مۇمكىن. تراگېدىيىدە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ تىپىك، كونكرېت ھەم ئۆزگىرىشچان مۇھىت شارائىتى يارىتىپ بېرىلمىسە، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تۇرغۇزۇش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. شائىرنىڭ تراگېدىيىلىك داستانلاردا يارىتىپ بەرگەن مۇھىت شارائىتى پېرسوناژلارنىڭ داستاندىكى ھەرىكەت پائالىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىم. ئومۇمەن شائىر تراگېدىيە ۋەقەلىكى، ئۇنىڭدىكى رېئاللىق، ھادىسە، دەۋر، تراگېدىيە ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ماكان ھەم زامان، شۇنداقلا تۇرمۇش شارائىتلىرىغا ئالاھىدە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، تەسۋىرلەش ئېلىپ بارغان. ئوقۇرمەن، داستاندىكى ئۇزرا تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبىگە دائىر تەپسىلاتلارنى ئوقۇغىنىدا تراگېدىيە ۋەقەلىكىنىڭ مۇئەييەن شارائىت ۋە مۇھىت ھەمدە مۇئەييەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى ئارىسىدا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق داستان ۋەقەلىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنىڭ تېزرەك مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ تراگېدىيە ۋەقەلىكىنىڭ تېزدىن قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ روشەن خاراكتېرىنىڭ نامايان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى يۈرەكلىك ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولغان شائىر زىيائى داستاندا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى تەسۋىرلەش ۋە تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، ناھايىتى باش قاتتۇرۇپ، بۇنى تولىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان. تراگېدىيىلىك داستانلاردا، ئاساسلىق پېرسوناژلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش كېرەك. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ تراگېدىيىلىك داستانلارنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنيا زىددىيىتى توقۇنۇشنىڭ ئاساسى، تراگېدىك مۇھىت بولسا

ئۇنىڭ شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا زىددىيەت ئۆزگىرىشى بولمىسا تراگېدىيىلىك داستاندا ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. توقۇنۇش دېگەندە ئاساسلىقى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان زىددىيەت توقۇنۇشنى ئوبدان تەسۋىرلەپ بەرگەندىلا ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىگە خاس جانلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ تراگېدىيىلىك داستانمۇ مول ھەم مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. ۋاموق بىلەن ئۇزرا مۇراد - مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى روھىي جەھەتتە تۈپلۈك بۇرۇلۇش ياسايدۇ. بىز بۇ تەرەپنى كىرچىنىڭ ئوغلى ۋاموقنىڭ شاھ قىزىغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ، ئىشىق سەۋدالىقى چېكىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ۋىسال پەيتىنىڭ ئەسلا يارىتىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسىغا، پادىشاھ باغۋىنى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ نېمە كېرەك دېسە شۇنى بېرىپ، پادىشاھلىق بېغىدىكى شاھ سۆيىدىن گۆرلۈك قېزىپ، ئۆزىنىڭ جەسىتىنى شۇ يەرگە مەخپىي دەپنە قىلىشى توغرىلىق قىلغان ئۆتۈنۈش جەريانى تەسۋىرلەنگەن قۇرلار، يەنە ئۇزرانىڭ باغنى سەيلە قىلىۋېتىپ، ۋاموق جېنىدىن كېچىپ دەپنە قىلىنغان سۆيىدىن ئۆزى تەرەپكە ئۇرۇلۇۋاتقان مەيىن شامالنىڭ تەپتى بىلەن سۆيىگە يوشۇرۇن نەزەر تاشلىغىنىدا ۋاموقنىڭ يۈزىدىن چېچىلغان نۇرنىڭ شولىسى شىددەت بىلەن تەسىر قىلىپ مۇھەببەت ئوتى چۇلغىۋېلىپ، پەرۋانىگە ئوخشاش ئۆزىنى ۋاموققا ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بۇ ئىككى تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بولۇپ، بۇ تراگېدىيىلىك داستان، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەر ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك. ئۇنىڭ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزلۈكىدىن ئىپادىلىنىدىغان تەرىپىمۇ؛ ئەقلىي تۇيغۇغا ۋە ھېسسىي تۇيغۇغا تايىنىپ ئىپادىلىنىدىغان تەرىپىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ۋاموقنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىغا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانا ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز بىتاقەت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قاتتىق زارلىنىدۇ. ۋاموق ئاخىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ زارىغا تاقەت قىلالماي، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپ ئوردا كىرلىرىنى يۇيۇۋاتقان چاغدا كەشتىلەنگەن كۆڭلەك (قەمىد) ئارقىلىق ئۆزىگە مۇھەببەت ئوتىنىڭ تۇتاشقانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، بىچارە ئاتا چۆچۈپ كېتىپ، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ. بېشىغا تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولىدۇ. سىنىپ ۋە تەبىقە مۇناسىۋىتىگە قۇرۇلغان ئەينى چاغ فېئودالىزم جەمئىيىتىدە مەلىكىنىڭ مالايىنىڭ ئوغلىغا مۇناسىپ كېلىشى ئەقىلگە قەتئىي ماس ئەمەس ئىدى. مالايلار ئوغۇللىرىغا خانقىزىنى ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئاشىقلىق خەۋىرى سىرتقا چىقىپ كەتسىلا كىرچى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بېشى كېتەتتى. فېئودال ھاكىممۇتلەقلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتىكى سىنىپىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قاتتىق روھىي بېسىمىنى چۈشەنگەن شائىر ۋاموقنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن «بۇ سىرنى خالايىققا پاش قىلما، ئەگەر پاش بولۇپ قالسا باش كېتىدۇ. شاھ بىلەن گاداي نەسلى قاچان تەڭ بولغان، بۇ خۇددى پىل بىلەن چۈمۈلە تەڭ بولالمىغاندەكلا ئىش، ئۆزۈڭنى سۇ،

پادىشاھنى تىغ بىلگىن، شاھنىڭ يېنىغا بارىدىغان يۇتۇڭنى يىغىۋالغىن». دېگەن ھەسرەتلىك سۆزلەرنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋامۇق مەجنۇن بولۇپ كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالىدۇ. بىچارە ئاتا - ئانا يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنىڭ ھاياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلسىمۇ، ئەمما سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىشىدا ھېچقانداق چارە - سەۋەب قىلالمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەتتا پاسسىپ توسقۇنلۇق قىلىش خاھىشىدا بولۇشى ۋامۇقنىڭ ئىدىيە جەھەتتە دەرىجىمۇ دەرىجە بۇرۇلۇش ياسىشىنى ئىتتىكلىتىپ ، تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىنى تېزلىتىۋېتىدۇ. شائىر ۋامۇقنى باشتىن - ئاخىر چىگىش زىددىيەتلەر ئىچىگە قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تراگېدىيىلىك داستان ۋەقەلىكى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە تارىخ داۋامىدا شەكىللەنگەن ئېستېتىك قارىشى بولىدۇ. تراگېدىيىلىك داستانلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە سۆيۈشىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم قويۇق مىللىي تۈسكە ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مول مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى جۇغلانغان شەھەردە ياشىغان شائىر زىيائى «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» ناملىق داستانىدا مىللىي ئەنئەنىلەر ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەسۋىرلەشكە بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ۋامۇقنىڭ ئۇزراغا ئاشىقلىقى «كەشتىلەنگەن» بىر كۆڭلەكنى كۆرۈشتىن باشلىنىدۇ. بۇ كۆڭلەك (قەمىد) ئەسلى چاھرى باغدا مۇھەببەت ئوتىغا مۇپتىلا بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي قايتقان چاغدا ئانىسى سالدۇرۇۋالغان كۆڭلەك ئىدى. بۇ سېھىرلىك كۆڭلەكنى كۆرۈپ ھەم تۇتۇپ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان ئەنبەرنىڭ پۇرىقى ۋامۇقنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇش بىلەن ھوشىدىن كەتكەن چاغدا ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەجەل تەگدى دەپ قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرىپ، كېچىچە بېشىدا پايپېتەك بولۇشىدۇ... ئەتىسى كۈن چىققاندا ئوغۇل بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇ دەسلەپ ئاتا - ئانىسى سورىغان سوئاللارغا قاتتىق خىجالەت - ئىزا ئىچىدە قېلىپ، قەتئىي جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىچارە ۋە سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسىنىڭ زارىقىپ تەلمۈرۈشلىرى ۋە يۈرەكنى ئېزىدىغان زارىغا چىدىيالمىغان ئەھۋالدىلا ئاندىن بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مەلۇمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۈنكى ئۆرپ - ئادىتىدىمۇ تويلاشمىغان يىگىت - قىزلار مۇھەببەت ۋە توي ئىشى، ھەتتا يات جىنستىكى مۇناسىۋەتلىشىۋاتقان دوستلىرى توغرۇلۇق ئاتا - ئانىسىغا بىۋاستە ئېغىز ئېچىشتىن ئۇيىلىپ، دوستلىرى، تۇغقانلىرى ياكى بىر ۋاستىچى ئارقىلىق ئېغىز ئېچىپ، ئۇچۇر بېرىشىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەتلەر زىيائى زامانىدا ھازىرقىدىن تېخىمۇ قويۇقراق ساقلانغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا قىز - يىگىتلەر بىۋاستە ئۇچراشماي، ۋاستىلىك تېپىشىدىغان ئادەتلەرمۇ گەۋدىلىك ساقلانغان. بۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە «غايىۋانە ئاشىق بولۇش» يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «كەشتىلەنگەن كۆڭلەك» داستاندا شەكىل خاراكتېرىدە سۈرەتلەنگەندەك قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئىنسانىي ھېسسىيات ماھىيىتى مۇجەسسەملەشكەن، يەنى قويۇق مىللىي خاسلىق ئامىلى يوشۇرۇنغان. شۇڭا شائىر كەشتىلەنگەن كۆڭلەك، ئاتا - ئانىسىدىن ئۇيىلىش قاتارلىقلارنى تراگېدىيىلىك داستان سەھىپىسىگە سىڭدۇرگەن. مىللىيلاشتۇرۇش داستاندا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ زىچ بىرلەشكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، مەزمۇن يېتەكچى رول ئوينايدۇ. روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي خاراكتېرنى سۈرەتلەپ بېرىشكە ۋە ئۇنى يارىتىشقا

ھەمدە بۇ خىل خاراكتېرنى شۇ مىللەتنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس خاراكتېر قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك: باشقا بىر مىللەتتىن ئەمەس، دەل شۇ مىللەتتىن بولغان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىدىكى ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇملۇقنى، خاسلىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ ئورتاقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش لازىم.

زىيائىينىڭ بۇ داستاندىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىدە قويۇق مىللىي خاراكتېر بار. ۋامۇق تۆۋەن قاتلام ئائىلىدىن كېلىپ چىققىنى بىلەن ھېسابلاشماي كىشىلەر يوشۇرۇن قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان مەلىكىگە ئاشىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا ۋامۇق خاراكتېرىدىكى شىجائەت. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل جاسارىتى بىلەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئالدىدا گاداي بىلەن شاھ باراۋەر دېگەن ئىدىيىۋى بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كەڭ نامرات، تۆۋەن قاتلام يىگىتلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. ئۇزرا ئاق سۆڭەك قىز بولۇپ تۇرۇقلۇق، كىرچىنىڭ كېلىنى بولۇشتىن باش تارتمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ ھەممىنى يېڭەلەيدىغان سېھرىي كۈچىگە باش ئېگىدۇ. فېئودال تەبىقىچىلىك ۋە پادىشاھ ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ قاتتىق رامكىسى ۋە توسقۇنلۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋامۇق بىلەن ئۇزرادىكى بۇ خىل جاسارەت فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى بۇ قارىمۇقارشى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز مەۋقەلىرىدىن ھېچبىر قورقۇش ھېس قىلماي بۇرۇلۇش ياساپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن بىرلىشىشىنى ئارزۇ قىلىشى يۈكسەك گۇمانىستىك روھنىڭ تاڭ شەپىقىدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە چولپاندەك پارلىغان خەلقچىل شائىر زىيائىي ئۆزىنىڭ ئەگرى ـ توقاي جاپالىق ھايات مۇساپىسىدە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەزى تۈگۈنلىرىنى يېشىشكە ھەرىكەت قىلدى. ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولدى. نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلدى. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىدا ۋامۇق، ئۇزرا قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بىر دەۋرنىڭ تراگېدىيىسىنى ئېچىپ، كېيىنكىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر ئىلھام بەخش ئەتتى.

## 2 ـ تۆردى غەرىبى

مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە ھۈنەر ـ ماھارىتىنى قىزغىن ئىشتىياق، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەپ ۋە مەدھىيىلەپ، ئۇنى ھەم ئەدەبىي، ھەم تەزكىرە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان غەرىبىينىڭ مۇبارەك نامى ئەدەبىيات تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

غەرىبىينىڭ ئىسمى تۆردۈش[1] ئاخۇن، لەقەبى غەرىبى[2] بولۇپ[3]، تەخمىنەن 1802 ـ

① تۆردۈش—تۆردى سۆزىنىڭ تەلەپپۇزدىكى بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، بىر خىل تىل ئادىتى.
② ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا تەخمىنەن 13 نەپەر شائىر ئۆزىگە «غەرىبى» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان.
③ ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ـ بۇلاقتىن بىر ئوتلام» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 151 ـ بەت) دا شائىرنىڭ ئىسمىنى تۆردۈش موللا ئىبنى ئابدۇللا دەپ ئالغان.

1877 ـ يىللىرى كاشغەردە ياشىغان[1].

غەرىبى ئۆز دەۋردە بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتتە يۇقىرى ئورۇن ئىگىلىگەن شەخس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن كاشغەرنىڭ مەرىپەتلىك ھاكىمبېگى زوھۇرىددىننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ۋە نىزارى، زىيائى قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «ھېكايەتى غەرىب» («مۇھەببەت داستانلىرى») دىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

شائىر غەرىبى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەدىبلىرىدىن بولۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ «غەزەللەر»، «بەھرام گۆر»، «كىتابى غەرىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار[2].

«غەزەللەر» «ھېكايەتى غەرىب» ناملىق كۆللىياتنىڭ ھاشىيەسىگە غەرىبى تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 41 غەزەلدىن تەركىب تاپقان[3].

«بەھرام گۆر» (1838 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن)[4] داستانىدا ئىران شائىرى بەھرام بىلەن چىنلىق سودىگەرنىڭ ئاسراندى قىزى دىلئارام ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى، جۇملىدىن تراگېدىيىلىك پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن. بۇ نەۋائىينىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانى ئاساسىدا ئىخچام قىلىپ، ئاددىي ئۇسلۇبتا مۇقەددىمە ۋە خاتىمە بېرىلمىگەن ئاساستا يېزىلغان داستان بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىققان بەدىئىي ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ.

«كىتابى غەرىب»

بۇ شائىر غەرىبىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا دېھقانلار، ھۈنەرۋەن، ئىشچىلارنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمدەملىكى مەدھىيىلىنىپ،[5] رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئۇلغىيىشىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان.

شائىر كىتابنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1841 ـ يىلى يېزىپ چىققان.

تۇردى غەرىبى زوھۇرىددىننىڭ تاپشۇرۇشىدىن ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر كىتاب يېزىش توغرۇلۇق ئالدىن ئويلىغان. چۈنكى، شائىرنىڭ ئۆزى ھۈنەرۋەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان

---

① ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يۇقىرىقى كىتابىدا يەنە تۇردى غەرىبىنىڭ ھىجرىيە 1293 ـ (مىلادىيە 1876 ـ) يىلى «تەزكىرەئى خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى»نى كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئەشۇ يىللارغىچە ھايات ئىكەنلىكى ئۇقۇلىدۇ.

② شائىرنىڭ يەنە «ئەمىر ئەلىشىر ‹خەمسە›لىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بىر ھېكايەت» دېگەن ئەسىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

③ ئىلمىي خادىملارنىڭ بايقىشىچە، بۇ غەزەللەر ئەسلى فۇزۇلى دىۋانىدىن تاللىۋېلىنغان ۋە ۋەزىن، قاپىيە، رادىفنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ چىقىلغان. ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئايرىم كۇپلېت، مىسرا ۋە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە بېيىتىشقا تىرىشقان. غەرىبىنىڭ فۇزۇلى غەزەللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندىن كېيىن «فۇزۇلى» دېگەن تەخەللۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆز تەخەللۇسىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

④ بۇ داستان 4032 مىسرا بولۇپ (بەزى نۇسخىسى 3900 مىسرا) «شاھ بەھرام»، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام»، «بەھرام ۋە دىلئارام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ م. يۈسۈپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

⑤ ش. ئۆمەر «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 408 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

ۋە مەلۇم مەزگىل هۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ئۇمۇ باشقا هۈنەرۋەن ـ كاسىپ، دېھقانلار قاتارىدا دەللال سودىگەر، قەللاپلارنىڭ، ئەمەلدار ـ هاكىملارنىڭ، جازانەخورلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان. مۇنداق تەقدىرداشلىق، هەمدەردلىك بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان يوقسۇللارنىڭ نامراتلىق ئىچىدىكى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ سودىگەر، ئەمەلدار ۋە باشقا ھەر خىل تەبىقىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى جەريانى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، مىجەز، خۇلقىنى چۈشىنىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرىدە بولۇۋاتقان ئۆزئارا رىقابەت، پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى هىيلەنەيرەڭلەرنى تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شائىرنىڭ زوهۇرىددىن هاكىم ئوردىسىدا كاتىپلىقتا بەلگىلىنىشى جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەن ئەرز ـ شىكايەت خەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جەمئىيەت تۇرمۇشىدا، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ هېس قىلالمىغان يېڭىچە مۇناسىۋەت، يېڭى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرىنى چۈشىنىپ يېتىش شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1830 ـ يىللار ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى پادشاهى دۇگاڭ (دوۋاڭ) نىڭ يارلىقى بويىچە كاشغەر شەهرىنىڭ «تاشقى شەهەر» دەپ ئاتالغان غەربىي جەنۇب قىسمىنى سېپىل ئىھاتىسىگە ئېلىش ئىشى باشلىنىپ، بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي دېگۈدەك دېھقانلار، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ جەلپ ئېتىلىشى، بۇ ئىشتا كۆپ جەبىر ـ سىتەم كۆرگەن دېھقان، قول هۈنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى شائىرنىڭ چوڭقۇر هېسداشلىقىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت هاياتىدا تۇتقان ئورنى، رولىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن شائىردا تەڭسىزلىك، مۇناپىقلىق، ساختىلىق، ئوغرىلىق ئەۋج ئالغان، قەبىھچىلىك، نامراتلىق قاپلاپ كەتكەن قاراڭغۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى خاتا، نامۇۋاپىق ئىشلارنى تۈزىتىش ئوي ـ پىكرى تۇغۇلغان. شائىر ئۇنى توغرا يولغا سېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىلىم ـ مەرىپەت، شەرىئەت يولى دەپ هېسابلىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غايىسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئامال ئىزدەپ يۈرگەندە زوهۇرىددىن هاكىم جەمئىيەتتىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە غەرىبنى چاقىرتىپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى، سودىگەرلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئاممىباب بىر كىتاب يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر بىر يىل ئىشلەپ، بىر مۇقەددىمە، 32 باب، 1956 مىسرادىن تەركىب تاپقان زور ھەجىملىك شېئىرىي ئەسىرى «كىتابى غەرىب»نى يېزىپ پۈتتۈرۈپ زوهۇرىددىن هاكىمغا تەقدىم قىلغان①.

شائىر ئۆزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى توغرۇلۇق توختىلىپ، مۇنداق يازغان:

چۇ كاشغەر ئارا بار ئىدى ئەسرى شاھ،
دىلى ئىچرە مەرغۇپ ئىمەس قەسرى جاھ.
ئۆزى كاشغەر شاھى شانى ئۇلۇغ،
ئۇلۇم خەۋپىدىن كۆڭلى ئەردى سۇنۇغ.

---

① ئا. سابىد «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 380 ـ بەتلەر.

زوھۇرىددىن ئىسمى باشى ئۇزرە تاج،
زامانىدا ئەردى شەرىئەت راۋاج.
جاھان ئىچرە كۆرگەن بەسى سەرگۈزەشت،
جاھاننىڭ بىناسىنى كۆرگەن شىكەست.
بار ئەردىم مەن چۇغزە ۋەيران نىشىن،
ھەمىشە ئۆلۈم ئەھلىگە ھەمنىشىن.
ئۆلۈم ئەھلىگە كەپىش بەردار ئىدىم،
جاھان ئەھلىدىن ئەسرۇ بىزار ئىدىم.
جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب،
ئىدى تۇردى ئىسمىم غەرىبى لەقەب.
دېدى تەئىلىم ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،
خەلايىق دىماغىغا يەتكۈر گۇلاپ.
بارى ھىرپەگەر سۆزلىرىدىن قىل تامام،
كى نەزم ئەيلىگىل ئاڭلىسۇن خاسۇ ـ ئام.
داغى ئەيلىگىل بىر نەچچە مەئىرىپەت،
شەرىئەت بايانىنى ھەم زاھىر ئەت.
جاھان ئەھلى مەككارلىق قىلمىسۇن،
ھۇنەر ئىچرە غەددارلىق قىلمىسۇن.
ھاۋا ۋە مەنىيەتنى تەرك ئەيلىسۇن،
ھەمىشە شەرىئەت يولىن ئىزدىسۇن.
سۆزۈڭ ئاڭلىبان ھىرپەگەرلەر بارى،
قەدەم قويماغاي شەرئىدىن تاشقىرى.
بۇ يەڭلىغ ماڭا ھۆكمى قىلدى ئەمىر،
بېرىپ كۆرسىتىپ سۆزنى گوياكى پىر.
ئىشتىم بارى ئەمرى پەرمانلىرىن،
بايان ئەيلىدىم بارچە ئويغانلىرىم.
جاھان ئىچرە بولغاي كىتابى ئېجىب،
ئاڭا ئىسمىم قويدۇم كىتابى غەرىب.
چۇ تارىخغە ئەيلەر ئەرسەڭ رەجۇئ،
غەرىب ئۈستىگە ئەيلەدى «مە» تولۇئە.
«غەرىب» ئىلە «مە»نى ھېساب ئەيلىگىل،
مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك داغى يەتتە يىل.
زامان ئەھلى كۆرسىڭىز بۇكىتاب،
بىناگاھ خاتا بولسا ئەيلەڭ ساۋاب.
خاتا كۆرسىڭىز ئەيلىمەك بىزگە تەئىن،
ياساڭ ئانى كۆپ قىلماڭىز بىزگە لەئىن①.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 16 ـ سان، 361 ـ 362 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

«كىتابى غەرىب، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ... (ئۇنىڭدا) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەشۇ دەۋردىكى (ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى) قول سانائەت كەسپ- لىرى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەنگەن»[①].

شائىر غەرىبى بۇ ئەسىرىدە مۇنازىرە ئۇسۇلى ئارقىلىق شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلە- دىن پايدىلىنىپ ئەينى چاغ جەمئىيىتىدىكى 32 خىل (34 خىل)[②] ھۈنەرنىڭ ۋە ھۈنەرۋەن كاسىپنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىچكى زىددىيەتلىرى ۋە خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىدۇ. سوئال - جاۋاب شەكلى ئارقى- لىق ئەمگەك، ھۈنەر، ئادالەت، راستچىللىق، ئۆزئارا ياردەم، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئۇلۇغلاپ ھەم يۇقىرى دەرىجىدە باھالايدۇ[③].

شائىر كىتابىدا ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، كەسىپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەرخىل تەبىقىلەرنىڭ بەرپا بولۇشىنى ئىلاھىي كۈچكە باغلاپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسان ئەمگىكىنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرى ۋە مېھنەتكەشلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل- پاراستىنى ئالاھىدە كۈيلەيدۇ. بۇ ھال غەرىبىنىڭ خەلقچىل، ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شائىر غەرىبى دىنىي يوپۇق ئاستىدا ئىجاد ئەتكەن بولۇشىغا قارىماي، ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراشقا ياندىشقان ھالدا پىكىر بايان قىلىدۇ، يەنى شائىر ئىنسان ھاياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىر بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق ۋە دېھقانلار ئەھۋا- لىنى بايان قىلىشنى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ» («نېمىس ئىدېئولو- گىيىسى») شائىر غەرىبىمۇ كىشىلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزگۈچى دېھقان توغرىسىدا ئالدى بىلەن سۆز باشلاپ مۇنداق يازغان

سېچىپ دانە ئادەم كېلىپ ئول زامان،
كى ئەۋلادىغا كەسىپ ئېتىپ بەردى نان.
سەبەپ ئەيلابان رىزىق يولىن ئېچىپ،
زېمىن سەتھىگە سۇ ۋە دانە سېچىپ.
يانا ئەيلىدى باغ ۋە بوستانلار،
كى پەيدا قىلىبان گۈلىستانلار.
تېرىپ ئۈندۈرۈپ نەچچە ئەشجارىنى،

---

① لىيۇزىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم، 1060 - 1063 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

② ئوتتۇرا ئەسىردە شەھەرلەر 32 خىل ھۈنەرۋەنگە ئىگە بولىسا شەھەر ھېسابلىنىدىكەن.

③ ۋ. قۇپۇر، ئە. مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى» 954 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى.

كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارىنى،
زېمىننىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
چۇ ھۇشۇ تويۇر تاپتى ئاندىن ناۋال.
كى دېھقانچىلىق ئىلمى بىزگە نېسىپ،
تەۋەككۇل بىلە يەرنى يىرتىپ تېرىپ.
زىرائەت قىلىپ ئانچە مېھنەت بىلە،
ھوسۇلىن ئېلىپمىز مۇشەققەت بىلە.
زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،
رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.
تېپىپ بەھر بىزدىن كى شاھۇگەدا،
ناۋا تاپقۇسىدۇركى ھەر بىناۋا.

مەلۇمكى، ئۇزۇق بولمىسا، مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ھەم ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرغان جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. بۇ شائىر ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي مەسىلە ئىدى. شائىر دېھقانچىلىق كەسپىنىڭ ئەھمىيىتى، دائىرىسىنى ئىنچام، ئەمما خېلى تولۇق ھالدا تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاق ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«كىتابى غەرىب» دا دېھقاندىن قالسا مۆتىبەر ئورۇندا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگىنى تۆمۈرچىدۇر. شائىر داستاننىڭ ئىككىنچى قەھرىمانى قىلىپ تۆمۈرچىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنى «دېھقاننىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى»، «ئۆز ھۈنىرى بىلەن بارچە ئىنسانىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچى» دەپ قىزغىن تەرىپلەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى چاغدا تۆمۈرچى ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىسىز تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئامىسى بولغان قول ھۈنەرۋەن ۋە دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىدە 32 خىل ھۈنەرۋەننىڭ قويغان سوئاللىرىغا خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى شەكلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ جايدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، شۇنچىلىك مۇھىم ۋە سالماق بولغان پەلسەپىۋىي پىكىرلەرگە خىشچىنى جاۋاب بېرىشكە تاللاش ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى، ماركسىزملىق سىنىپىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەركىبىگە كىرىدىغان 32 خىل ھۈنەرۋەن ئىچىدە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىشچى، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا تۇرىدىغان، كېيىن پەيدا بولغان پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئالدىنقى ئەجدادى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر بۇ نۇقتىنى خىشچىنىڭ شەخسىيەتسىزلىك جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۆز زامانىسىنىڭ دۇنيا قارىشىدا يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىشىنى، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەزگەن بولسا كېرەك[1].

غەرىبنىڭ داستانىدا يۇقىرىقى ھۈنەرۋەنلەر ئوبرازىدىن كېيىن زەرگەر، ياغاچچى، بابكار، سودىگەر، ناۋاي، قازانچى، مىسكەر، جۇۋچى، تامچى، موزدوز، زىلچىچى (گىلەم-

[1] ش. ئۆمەر «XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 428 ـ 429 ـ بەتلەر.

چى – خالۋاب) ، ئۈشتىگەر، بوياقچى، سەرراج، باسماچى، تۆگمەنچى، جۇۋازچى، قاسساپ، باققال، ئەبرىشىمكار، تاۋاقچى، سىرچى، شالگەر، بورىچى، كىگىزچى، سوپۇنچى، قورچى، ساتىراش، ئاتقۇچى، زەيتاپ، كۆنچى، خىشچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ داستانى ئەدەبىي قىممەت جەھەتتە رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلغار ۋە سالماق ئىدىيىنى مۇكەممەل ۋە پىشقان بەدىئىي ئەسەر شەكلىگە كىرگۈزۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، كەسىپلەر مۇنازىرىسى شەكلىدە يېزىلىپ ئۇتتۇقلۇق چىققان ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتە بولسا XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىشتە ئەھمىيىتى بار.

شائىرنىڭ ئەمگەكنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىجتىمائىيلاشقان بىر جەمئىيەتنىڭ بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلغانلىقى بىلەنمۇ قەدىرلىكتۇر. غەربىي داستانىدا كىشى كىشىنى ئەزمەيدىغان، ھەرخىل تەبىقە - كەسىپلەر بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ، ئۆزئارا تەڭ تەرەققىي قىلغان، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك بولمىغان، ئەمگەك - مېھنەت ۋە ئەمگەكچى، كاسىپلار قەدىرلەنگەن بىر جەمئىيەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. بۇ ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى بىر تەرەپ، ئەلۋەتتە.

## § 5 . ئابدۇرېھىم نىزارى

### 1 - ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك ئەدەبىياتنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، چوڭ شۆھرەت قازانغان شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (؟ 1797/8 - ؟ 1880/1)[①] كاشغەردە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن دەسلەپتە دىنىي مەكتەپلەردە (كونا مەكتەپ) ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. كېيىن كاشغەردىكى «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئىلىم - ھېكمەت يولىدا پەللىگە چىقىش ئۈچۈن تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. نىزارىنىڭ ئىگىلىگىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىدى. نىزارى مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەندىن باشلاپلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىگىلىگەن. 1831 - يىللىرى زوھۇرىددىن ھاكىم نىزارىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى

① شائىرنىڭ ياشىغان يىللىرى ۋە يۇرتى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا قىياس بويىچە ھەر خىل ئېلىنغانىدى. ئاتاقلىق ئۇلۇما ئىمىر ھەسەن قارى ئاخۇنۇم شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىزدىنىشلەردە بولغان ۋە «ئەنجانلىق» نامىلىق بىر شېئىرىنى ساقلىغان. بۇ ماتېرىياللارنى 1981 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋەلىگە بەرگەن. مۇشۇ ماتېرىيالغا قارىغاندا نىزارى ھىجرىيە 1211 - (مىلادى 1796 - 1797) - يىلى كاشغەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 1298 - (مىلادى 1880 - 1881 - ) يىلى كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىگە تەۋە ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئېكساق كەنتىدە ۋاپات بولغان. دېمەك، بۇ مۇھىم بىر ماتېرىيال بولسىمۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ كۆرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ.

بايقاپ، ئۇنى ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق (مىرزىلىق) خىزمىتىگە تەيىنلەندى. نىزارى ئەدەبىيات - سەنئەتكە قىزىقىدىغان، خېلى ئىلغار قاراشتا ئىگە زوھۇرىدىن ھاكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كاشغەردە بىر كىچىك ئەدەبىي كۇرۇژۇك (كاتىبات ئىشخانىسى) تەشكىللەندى[1]. بۇ كۇرۇژۇكتا شائىرنىڭ زامانداشلىرىدىن — غەرىبى، زىيائى، سەبۇرى(؟) قاتارلىق شائىر، تارىخچى، ئالىم، سەنئەتكار، رەسسام، خەتتاتلار قاتناشتى ۋە قىزغىن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەرەب، پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىپ بەس - بەستە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۆز زامانىسىدا بىلىملىك ۋە دانا ھېسابلانغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق نىزارى زوھۇرىدىن بەگكە ئىجابىي جەھەتتىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. نىزارى زىيائى بىلەن بىرلىكتە، زوھۇردىن بەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن تورپانغا بېرىپ، تورپان ۋاڭى ئەپىرىدۇننىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل تۇرىدۇ ۋە شۇ يەردە داۋاملىق يوسۇندا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ قېتىمقى سەپەرگە ۋە كوللېكتىپ ئىجادىيەتكە غەرىبىمۇ قاتناشقانلىقى مەلۇمدۇر. ئۇلار 1841 - يىلدىن 1842 - يىلغىچە تورلۇك ھەجىمدىكى 39 پارچە ئەسەرنى[2] ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «ھېكايەتى غەرىب — غېرىبلار ھېكايىتى» (بۇ توپلام «مەجمۇئات»، «ھېكايىتى ئۇششاق»، مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتىلىپ كېلىنمەكتە) ناملىق كۈللىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.[3][4] ئابدۇرېھىم بۇ كۈللىياتنى يېزىش، تۈزۈش ئىشلىرىغا باشلامچىلىق بىلەن كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ بىر قانچە خىل قول يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر ئا. نىزارىغا تەئەللۇق دەپ قارالغان مۇھىم ئەسەرلەر، تۆۋەندىكىچە: «مۇقەددىمە»[5]، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۇلنىسا»، «زادۇن نەجاد»، «رابىئە ۋە سەئىدىن»[6]، «ھېكايەتى غەرىب»[7] «شەيخ سەئىدى شىرازى ھېكايىتى داستانى»، «مۇخەممەسلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار[8].

بەزى ئىلمىي خادىملار نىزارىنى نەۋائى كۈللىياتىنى كۆچۈرگەن دەپ قارايدۇ ھەم 1824 - 1830 - يىللىرى كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن بۇ ئېسىل كۈللىياتتا قەيت قىلىنغان «ئابدۇرېھىم مۇھەممەد پازىل كاشغەرى ئوغلى»، «بەندەئى زەئىب، ئاجىز ئابدۇرېھىم» دېگەن ئىمزالارغا قاراپ بۇ دەل ئابدۇرېھىم نىزارى دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئابدۇرەھىم مۇھەممەد

---

① بۇنى بىر ئىستىخىيلىك تەشكىل دەپ چۈشىنىش لازىم.

② بۇنىڭ ئىچىدە 14 پارچىسى لىرىك ئەسەر.

③ كۈللىياتتا 18383 بېيىت، 36766 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭغا يەنە نىزارىنىڭ 37 مۇخەممەس، غەرىبنىڭ 39 مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن. (بەزى مەنبەلەردە جەمئىي 39321 مىسرا دېيىلگەن)

④ توپلامنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى 1849 - 1850 - يىللىرى تۈزۈلگەن.

⑤ «مۇقەددىمە»، نىزارى بۇ ئەسىرىگە ماۋزۇ قويمىغان، 1985 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «نىزارى داستانلىرى» دا شۇنداق ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىندى.

⑥ «رابىيە ۋە سەئىدىن» نىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بەزى بىر قاراشتا ئۇنى زىيائى يازغان دېيىلىدۇ.

⑦ «ھېكايىتى غەرىب» ناملىق كوللېكتىپ توپلامنىڭ ئىچىدە ئايرىم بىر داستانمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان. («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

⑧ يۇقىرىقىلاردىن باشقا «دىيارى ئىمام» («قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 - يىللىق 1 - سان)، «نەقىل ۋە تەمسىللەر»، «پەند-نەسىھەت ۋە ئىشقىي مۇھەببەت ھەققىدىكى پاچىلار»، «مۇناجاتلار»، «مەۋزۇنلەر» (نەسىھەتلەر)، «زوھۇرىدىن ھېكىمنىڭ بۇيرۇتمىسى»، «كىتابنىڭ تەرتىپى ۋە ماۋزۇلىرى ھەققىدە بەيان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

پازىل كاشغەرى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنى بىر ئادەم دەپ چۈشىنىشكە پاكىتلار ئازلىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن كەلگۈسىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن ئابدۇرېھىم نىزارى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، يۇقىرى غايىۋى، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ھەجىم جەھەتتىمۇ، نەۋائىدىن كېيىن زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن داڭلىق شائىر بولۇپ سانىلىدۇ[1]. ئاخىرىدا يەنە شۇ نەرسە-نى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يېقىنقى تەكرار تەكشۈرۈشلەردە «رابىئە ۋە سەئدىن»نىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىغا تەئەللۇق ئەمەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ھېكايەتى غەرىب»گە كىرگۈزۈلگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «ھېكايەتى غەرىب» («غېرىبلەر ھېكايىتى» كۈللىياتىنىڭ ئىچىدە يەنە شۇ نامىلىق ئايرىم بىر داستان ئورۇن ئالغان) تەۋەلىكىنى يەنىمۇ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە سۆزلەن-مەكتە[2]. [3][4]. بۇ ھەقتە بىز كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ ئېنىق يەكۈننى كۈتۈپ، بۇ دەرسكە ۋاقىتلىق بۇ داستانلارنى ئا. نىزارىغا تەۋە قىلىپ تۇردۇق.

## 2 - ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانلىرى

### 1. «پەرھاد ۋە شېرىن»

«پەرھاد - شېرىن» داستانى — پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ئىشقىي مۇھەببەت پاجىئەسىگە

---

① بەزىلەر نىزارى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇدەررىس بولغان دەپ قارىشىدۇ.

② ئا. سابىد «مۇھەببەت داستانلىرى، توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە» (ئىلمىي ماقالە تېزىسى، مىخ مەتبەئەلىك نۇسخا. 1994 - يىلى 11 - ئاي)

③ بۇ داستاننى ئابدۇرېھىم نىزارىغا تەۋە قىلىشمۇ ئاساسسىز قاراش ئەمەس. بۇنىڭغا مۇنداق بىر پاكىتمۇ بار. مەرھۇم شائىر ئەھمەد زىيائى 1930 - يىللاردا كاشغەردە ئابدۇرېھىم نىزارى تەخەللۇسىدىكى «رابىئە ۋە سەئدىن» داستانىنىڭ بىر قول يازمىسىنى كۆرگەن، ئەمما بۇ نۇسخا كېيىنچە يوقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ، زىيائىمۇ ئوخشاش ماۋزۇدا داستان يازغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئوخشاش بىر ماۋزۇ ھەم ئوخشاش ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ بىر قانچە ئاپتورنىڭ ئەسەر يېزىشى تارىختا كۆرۈلگەن ئەھۋال.

④ سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسى قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان «ھېكايىتى غەرىب» («مۇھەببەت داستانلىرى») تە ئىمزا قويۇلمىغان يەنە مۇنداق ئەسەرلىرى بار: 1) «تالىب ھەققى ئۈز نەپسى بىرلە نىزاھ مۇخالىفەت ئەرقىن ئۇتماقى»، 330 مىسرا. «پەندى نەسىھەت» (نەپسە ھەققىدە)، لەيلى - مەجنۇن تەمسىل قىلىنىدۇ. 2) «ئىشقىدىن ۋاقىئات»، 68 مىسرا، ئىشقىنىڭ شەرتلىرى. 3) «نەشتەئەل ھەززەت نەبىئى سەللى ئاللا ئەلەيھا سەلەم» (نەقىل، مەنىسى «پەيغەمبەر مۆجىزىلىرىنى مەدھىيلەش») قىسقىچە مەزمۇنى رەسۇلۇللا-نىڭ مۆجىزىلىرى. 4) «مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەل ھاجەت»، 62 مىسرا، قىسقىچە مەزمۇنى تۆبە - نىياز، گۇناھتىن كەچۈرۈم سوراش. 5) «فىرەست كىتاب»، 30 مىسرا. بۇنىڭدا توپلامغا كىرگەن ئەسەرلەرنىڭ تىزىمى بېرىلىدى. 6) «ھەزرىتى سۇلتان ئەسھابۇل كەھب»، «نەقىل، 30 مىسرا. 7) «ھەزرىتى سۇلتان قۇتلۇق قاراخان»، نەقىل، 81 مىسرا (ئۇنىڭ قەبرىسى تورپاندا دېيىلىدۇ). 8) «ھەزرىتى زەئىدى ۋاققاس»، نەقىل، 48 مىسرا، (ئۇنىڭ قەبرىسى تورپاندا دېيىلىدۇ). 9) «زىكرىيا، يەھيا، جىرجىس، يۈسۈپ، ئەلى، ھەسەن، ھۈسەيىن، سىياۋۇش ئۆلۈملىرى ھەققىدە»، تەمسىل، بۇ بابتا ئاداۋەت بىلەن پىتنىنى قارىلايدۇ. 142 مىسرا. 10) «ئۆلۈمنىڭ بەرھەقلىقى»، (ئىلمىي خادىملار ۋاقىتلىق قويغان ئىسىم)، 44 مىسرا، ئۇنىڭدا كىشىنىڭ بىر ياخشىلىق قالدۇرۇشى ھەققىدە سۆز بولىدۇ. 11) «ئەسمە ھېكايىتى»، 23 مىسرا، بۇنىڭدا ئەسمە دېگەن سوپى كىشىنىڭ مۇھەببىتى «يوشۇرۇن قىلىش كېرەك» دېگەن چۈشەنچىسى مازاق قىلىنغان؛ 12) «نەۋائى (خەمسە) دىكى مەجنۇن ھېكايىتىگە تەھرىر»، 28 مىسرا، بۇنىڭدا لەيلىنىڭ مەجنۇنغا يازغان نامەسى، مەجنۇننىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىشىدىن ساقلاپ قالغانلىقى مەسىلىسى سۆزلىنىدۇ. ئىلمىي خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، نەۋائى «خەمسە»سىدە بۇ ئېپىزوت يوق ئىكەن؛ 13) «ئايا دىكا-دىكالىڭ ناۋا تاۋۇشقان»، بەسەل، (بۇنىڭغا ماۋزۇ قويۇلمىغان)، 48 مىسرا؛ 14) «مۇناجات»، 26 مىسرا، بۇ تۆبە نىياز - گۇناھتىن كەچۈرۈم سوراشقا بېغىشلانغان؛ 15) «راست بىلەن يالغانچىلىق» — پەند - نەسىھەت، 118 مىسرا، ئۇنىڭدا راست بىلەن يالغانچىلىق كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى بىلەن شەرتلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى نىزارى قەلىمىگە تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن. [بۇ مەلۇمات ب. ئەرشىدىنوۋنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدە داستان ژانىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. - قازاقىستان «نايكا (پەن) نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى]

يېغىشلانغان. پەرھاد چىنلىق شاھزادە، ئۇ بىلىم ۋە ھۈنەرگە قابىل، چىن مۇھەببەتكە سادىق، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنى، خەلقچىللىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەتلىك ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ئادالەت، خەلقلەر دوستلۇقى، يەنى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئاڭغا ئىگە بولغان، ياۋۇزلۇق، مۇتەئەسسىپلىك قىلىقلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ كۈرەش قىلىدىغان يۈكسەك ئوبراز.

پەرھاد يارقىن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بىر يىگىتتۇر، يەنى تەخت ۋارىسى بولغان پەرھاد باشقىلار ئارزۇ قىلىپ ئىنتىلىدىغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن، يەنى مال ـ دۇنيا، ھوقۇق، ئورۇن، ئالىي نەسەب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سەلتەنەت ۋە شان ـ شەرەپ بەخش ئېتەلەيدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى پەرھادقا نىسبەتەن ئېيتقاندا خۇددى تۇمانغا ئوخشاش. ئۇ شاھ ئاتىسىدىن قالغان مىراستىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى كۆرستىشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولى ئارقىلىق ئەتە ئۈچۈن گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىشنى ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەۋرەنمەستىن ئىزلىگىنى پەقەت ئۇ ئۆزى ياراتقان گۈزەل ئەركىن تۇرمۇش. بۇ خىل تۇرمۇش مۇھەببەتنىڭ ۋە مۇھەببەت ئۇرغۇتقان ھاياتىي كۈچنىڭ ھەم ئەركىن ئىرادىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. پەرھاد مۇشۇ خىل ئىسيانكار خاراكتېرى بىلەن خەتەرلىك مۇھىتقا كىرىپ قالغان. چۈنكى، پەرھاد مۇھەببەتنى ئۆز روھىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ھاياتىنىڭ ئۈمىدى، تەۋرەنمەس ئېتىقادى قىلغان. ئۇ ئۆز قىممىتىنى خىيالى، ساپ روھى دۇنياغا ئاتىۋەتكەن. شۇنداقلا ئاشۇ ئۈمىدلىك، ئەمما غايىبانە مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆز مەملىكىتىدىن ئايرىلىدۇ. بارلىق ماددىي ئىشرەتلەردىن ۋاز كېچىدۇ، چۈشىدە ئايان بولغان غايىۋى ۋىسالىنى جان تىكىپ ئىزدەيدۇ. بۇ خىل قەتئىي ھالدا «ئۆزلۈك»نى ساقلاش تىرىشچانلىقى ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىنى مۇشەققەتلىك قىلىۋېتىدۇ.

پەرھاد رىيازەت چەككەن بولسىمۇ ئەقىل ۋە باتۇرلۇقى ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، ئۆزىنى مۇھەببەت دېڭىزىغا تاشلىغاچقا، پەقەت ئۇنىڭدىن چىققان ئەكس سادا ئۇنى قۇتقۇلدۇرالايتتى. ئەپسۇسكى كېچە ـ كۈندۈز تەلپۈنۈپ ئىزلىگەن شېرىننى تېپىپ مۇھەببەت لەززىتىنى سۈرمەكچى بولغاندا بەختكە قارشى جاھاننى ئوت يولقۇنى قاپلايدۇ. ئۇرۇشتا ئۇ جادۇگەر موماينىڭ پىتنە ـ پاساتىغا ئىشىنىپ شېرىننى ئۆزى ئۈچۈن جېنىنى ھالاك قىلدى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىھىستۇن تېغىدا شېرىن ئۈچۈن ئۆلۈۋالىدۇ.

بۇ تراگېدىيە قارىماققا ئادەتتىن تاشقىرى تاسادىپىيدەك تۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە پەرھادنىڭ ئۆلۈمى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مۇبادا ئۇ ھۆكۈم قىلىشتا خاتالاشمىغىنىدا شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىپ ياشىغان بولاتتى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئەنە شۇنداق تەرسالىق بىلەن مۇھەببەتنى قوغلاشمىغان بولسا، پۈتمەس ـ تۈگىمەس باياشاتلىق ئىچىدە ياشاۋەرگەن بولاتتى. ۋەھالەنكى، تراگېدىيە شائىرى بىزدىن بۇنى سەۋدالىق ۋە تاسادىپىي ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە پەرھاد مۇھەببەت سەۋەبىدىن مۇئەييەن ئەسەبىيلىك (سەۋدالىق) ھالىتىدە ھېسسىياتىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر تەرەپتىن پۇل ۋە ھوقۇققا تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسى، ساختا شان ـ شۆھرەتنى مەنسىتمەسلىكى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ پاجىئەسى ئۇنىڭ تاللىغان يولى ۋە ئىنتىلىشى، ئۇنى رېئاللىقنىڭ كەسكىن زىددىيەت قاينىمىغا تاشلىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىزلىگىنى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئۇنىڭغا

تاڭغىنى توقۇنۇشقان. ئۇنىڭ تەلپۈنۈپ ئېرىشمەكچى بولغىنى دەل شۇ دەۋر رېئاللىقى جېنىنىڭ بارچە چەكلىگەن نەرسىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەرھادنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ يېڭى ھاياتقا تەلپۈنگەنلىكىنىڭ خۇلاسىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس.

لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، بەلكىم بىز ئاللىقاچان ھېس قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن، مۇھەببەت خۇددى بىر خىل غايەت زور ئېنېرگىيە ھەم جەزبىدارلىقتا ئىگە غايىۋى ھېسسىيات مەنزىلى سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنغان. پەرھادنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن غايىۋى مۇھەببەت مەنزىلى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك توقۇنۇش مەۋجۇت. بۇ خىل مۇھەببەت ئادەمنى تەلپۈندۈرىدۇ، بىراق ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۇھەببەتتۇر[①].

شائىرنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى نەۋائىينىڭ «پەرھان ـ شېرىن» داستانىنىڭ سيۇژىتىدىن ئېلىنغان. يەنە خەلق ئارىسىدىكى قىسسە شەكلىگىمۇ دىققەت قىلغان بولسا كېرەك. نىزارى نەۋائى داستانىغا تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مەزكۇر سيۇژىتنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقتى. شۇنداقلا، تەسۋىرى ۋاسىتىلەر، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئوبرازلار خاراكتېرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ماھارىتىنى ئىپادىلىگەن.

2. «لەيلى ۋە مەجنۇن»

«لەيلى ۋە مەجنۇن» رىۋايىتى— شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تەسىر قىلغان ئىشقىي پاجىئەلەر تەسۋىرلىنىدىغان ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇنىڭ رىۋايەت، ھېكايە، داستان شەكىللىرى بار. نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن»[②] داستانى ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنى، سەممىي دوستلۇقنى، ھۆرلۈك، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆيلىگەن. بۇ داستان باشتىن ـ ئاخىر پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھاياجانلىق تەسۋىرلەرگە تولغان. قەھرىمانلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى مۇڭلۇق ۋە گۈزەل لىرىك كەيپىياتتا بايان قىلىنغان. نىزارىنىڭ بۇ داستانى غايىۋىلىكى ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. شائىر بۇ داستاننى غەزەل شەكلىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان. بولۇپمۇ قەھرىمانلارنىڭ مونولوگىيىسىنى غەزەل شەكلىدە ئىپادىلىگەنلىكى ئالاھىدە ھادىسىدۇر. نىزارى داستاندا بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئاجايىپ ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ھەر تۈرلۈك سۆز ئويۇنلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس بولغان ئەنئەنىۋى تەسۋىرى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، پىكىرلەرنى راۋانلاشتۇرغان. مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان.

لەيلى ۋە مەجنۇن رىۋايىتى ئەرەب سەھرالىرىدا يۈز بەرگەن دېيىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ، يىرىك يازغۇچىلارنىڭ تەسىرلىك داستانلارنى يارىتىشقا خام ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى كۆپچىلىككە چۈشىنىشلىك. نىزارى «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىغا ئوخشاش، تەييار ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى، يۇرتداشلىرى-

---

① رېھان «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىك»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى، 2 ـ سان، 65 ـ بەتلەر.

② بۇ داستان 1900 مىسرا.

نىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى، قىسقىسى دەۋر روھىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى تېما «لەيلى ۋە مەجنۇن» رىۋايىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى داستان ھالىتىگە كەلتۈردى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئوي - پىكىرلىرىنى ۋە ھايات ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلىدى. داستاندا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتى ۋىسال شادلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ نىزارىنىڭ ياشلارنىڭ بۇنداق تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردىمۇ مەۋجۇت دەپ قارىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى ئىدى.

بۇ داستاندا مۇھەببەت يولىدىكى بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىق تەسۋىرلەنگەن، شائىر مۇھەببەت، ھەسەت، ئىنسانلىق، قىساس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېسسىيات ئىچىدە مۇھەببەت ئۇچرىغان غايەت زور بېسىم ئارقىلىق ھاياتنىڭ بەختسىزلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىگە خاس تراگېدىيىلىك كۆزىتىش نۇقتىسىنى نامايان قىلىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بىر قاتار تراگېدىيىلىك داستانلىرى، جۈملىدىن «لەيلى ۋە مەجنۇن» تراگېدىيىسى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ بىر خىل يارقىن ھېسسىيات، بىر خىل مەنىۋى روھ بولۇش سۈپىتى بىلەن غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالىغان.

بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى كىشىلىك تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە كەچۈرمىشىدىن يىراقلاشقان جايلىرى ئاز. بۇ شائىرنىڭ تراگېدىيىگە نىسبەتەن ئۆزىگە خاس مۇستەقىل قارىشىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شائىر ئادەتتىكى پرىنسىپلاردا تراگېدىيىنى تاسادىپىي ئوڭۇشسىزلىق ياكى ئالدىن بەلگىلەنگەن تەقدىرنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىماي، بەلكى ئۇنى تراگېدىيىلىك ئوبرازلارنىڭ تەقدىرنى ئىنسان تەبىئىيتى بىلەن ئىجتىمائىي ئادەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ساپ مۇھەببەت بىلەن چىرىك فېئوداللىق تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز زىددىيەتتىن ئىزلەيدۇ. بۇ يالغۇز «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىغىلا تالىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مۇھەببەت تراگېدىيە داستانلىرىنىڭ خېلى مۇقىملىشىپ قالغان ئالاھىدىلىكىدۇر.

3. «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»

مەھزۇن باغداتلىق سودىگەر مەسئۇدنىڭ ئوغلى، گۈلنىسا خوجا سەئىد ئىسىملىك يەنە بىر سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا ياش چاغلاردىلا مۇھەببەت رىشتىسى باغلىنىدۇ. ئەمما، تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت يولىدا پەيزى سۈرۈشىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان، ئاڭلىسا دەماللىققا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مۈشكۈلاتلار بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنى ئىمتىھان قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھارماي تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تاسادىپىي كېلىپ قالغان پايدىلىق ئامىللارنىڭ شاراپىتى تۈپەيلىدىن، ئۇلار مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ. نىزارى بۇ داستاندىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنى جەمئىيەتتىكى ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدىن تاللىۋالغان. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى تۆۋەن قاتلامدىكىلەر باشتىن كەچۈرىدىغان ۋەقەلەر ئىدى. ئەمما، شائىر بۇنداق ئادەتتىكى ۋەقەلەرنى بەدىئىي يوسۇندا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى يۇقىرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە تەسىرلىك داستان قىلىپ چىقتى ۋە مەھزۇن بىلەن گۈلنىسانىڭ مۇھەببىتىنى خۇشال بىرلىشىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غايىسىنى، گۈزەل ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. داستاندا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم قويۇق بىرلەشتۈرۈلگەن، يەنى رېئال مەسىلىلەرگە غايىۋى پىلان بويىچە جاۋاب بېرىلگەن. نىزارىنىڭ مەھزۇن بىلەن گۈلنىسانىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى دەسلەپ قىلىپ داستان شەكلىگە

كەلتۈرگەنلىكى مەمنۇنىيەتلىك ۋەقەدۇر.

4. «رابىيە ۋە سەئىدىن»

كاشغەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزا سۇبھانالار كەنتىدە كىشىلەر بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان زىيارەت قىلىش ۋە خاتىرىلەشنى تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «قوشماق مازار» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر مەقبەرە بار. بۇ XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يىرىك تراگېدىيىلىك داستان «رابىيە ۋە سەئىدىن» نىڭ باش قەھرىمانى رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ مەقبەرىسىدۇر. مەلۇمات ۋە پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئەينى چاغدىكى سۇبھانالار كەنتى① تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ بويىدىكى سۇيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت گۈزەل بوستانلىق جاي بولۇپ (تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ ئېقىنى كېيىنچە ئۆزگىرىپ كەتكەن) رابىيە شۇ كەنتتىكى يەر، سۇ ئىگىسى ياقۇپباي ئائىلىسىدە، سەئىدىن بولسا كەمبەغەل دېھقان ئىبراھىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن. ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە قىيامەتلىك جۈپ بولۇشقا ئەھدى قىلىشقان. ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ئاخۇن ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەندە ياقۇپباي تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ياقۇپباي قىزى رابىيەنى ئۆز كەنتىگە تەۋە بولغان بايتوقاي بەگلىكىنىڭ زالىم بېگى جابىرغا بەرمەكچى بولغان. سەئىدىن مەشۇقى رابىيەنىڭ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ، رابىيەنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ياقۇپباي ئاخىرى رابىيەنى جابىرغا ياتلىق قىلغان. ئەھد - پەيمانىغا ماس ھالدا جابىرغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان رابىيە ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىپ، سىڭلىسى بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ ئاشىقى سەئىدىننىڭ تۇپراق بېشى (قەبرە بېشى) غا بېرىپ، ئىچىدىكى ھەسرەت - پىغانلىرىنى تۆكۈپ، ئامراق سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپ خوشلىشىپ، ئارقىدىن «سەئىدىن مەن ھازىرلا يېنىڭىزغا بارىمەن» دەپ، ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ كاچكولىغا ئۆزىنى تاشلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر يىغا - زارە قىلىشىپ، پالتا، كەكە، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، دەريانىڭ مۇزىنى چېقىپ رابىيەنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىغان. يەنە بىر يىلى، يەنى ھىجرىيە 1248 - (مىلادى 1832- 1833) ئەتىياز مۇزلار ئېرىپ، تولۇق كۆتۈرۈلگەندە رابىيەنىڭ جەسىتى سەئىدىننىڭ قەبرىسىگە يېقىنلا بىر لاي - لاتقىدىن تېپىلغان. يۇرتتىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، بۇلار ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىگە قوشۇلالمىدى. ئەمدى روھى بىر يەردە بولسۇن» دېيىشىپ، گۈزەل رابىيەنىڭ جەسىتىنى سەئىدىننىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ بىر جۈپ قەبرە ياسىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەقبەرىسى «قوشماق مازار» دەپ ئاتالغان.

قەبرە ياسىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئىككى قەبرە ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئۈنۈپ چىقىپ، شاخ - چاتاقلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ باراقسان ئۆسكەن؛ يەنە بىر يىلى بىر تۈپى قىزىل، بىر تۈپى ئاق چېچەكلىگەن، باراقسان ئۆسكەن بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇننىڭ شاخ چاتاقلىرى بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاق - قىزىل چېچەكلەر گويا بىر تۈپ يۇلغۇندا ئېچىلغان ئىككى چېچەكتەك كۆرۈنگەن. شۇڭا يەرلىك

① بەزى ماتېرىياللاردا بۇ يەر پەيزىۋات ناھىيىسىگە تەۋە ئىدى، دەپمۇ يېزىلىدۇ.

كىشىلەر بۇ مازارنى «ئاق چاتاق مازار» دەپمۇ ئاتىغان. (ھازىر يۇقىرىقى ئىككى ئىسىم تەڭ قوللىنىلىدۇ ھەمدە رابىيە ـ سەئىدىن مەقبەرىسى جايلاشقان مەھەللە «چاتاق مازار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ). ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۇ يۇرت خەلقى «قوشماق مازار»نى زىيارەت قىلىپ، رابىيە ـ سەئىدىننى خاتىرىلەشنى زىنھار تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ھەر يىلى يۇلغۇن چېچەكلىگەن مەۋسۇمدە يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىشىدۇ. ياشانغان مويسىپىتلار رابىيە ـ سەئىدىن روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسا، ياشلار يۇلغۇنغا سۇ قۇيۇپ مەقبەرىنى سۈپۈرىدۇ. قىزىل چېچەكنى رابىيەنىڭ، ئاق چېچەكنى سەئىدىننىڭ سىمۋولى قىلغان ھالدا، يۇلغۇن شاخلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشىدۇ[1].

رابىيە ـ سەئىدىننىڭ بىر تراگېدىيىلىك ۋەقەسى ئۆز زامانىسىدىلا كاشغەر تەرەپتە خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك زىل ـ زىلە پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە خەلقنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە جارچىسى بولغان ئەدىبلەرنىمۇ ئۆزىگە تارتقان. دەسلەپ بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە ئابدۇجېلىل دېگەن بىر شائىر قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇنى داستان شەكلىگە كىرگۈزگەن. لېكىن ئابدۇجېلىلنىڭ يۇرتى، داستاننى قاچان، قەيەردە يازغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق[2].

بىز بۇ يەرە توختىلىۋاتقان كاشغەر شائىرىنىڭ رابىيە ـ سەئىدىن ھەققىدىكى داستانىنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بېشىدا مۇنداق ئەسكەرتمە بار:

خىرەد پىكرىن ھەريان رەۋانە قىلور،
بۇ يەڭلىغكى شىرىن فەسانە قىلور.
ۋەرەق ئۆزرە ئانداغ يازىپدۇر رەقەم،
مىداد جۇش ئەيلەپ چېكىپ ئون قەلەم.

بۇ شېئىرىي پارچىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا «رابىيە ۋە سەئىدىن» ۋەقەسى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلىدە قەلەمگە ئېلىنىپ بولۇنغانلىقى، شائىرنىڭ ئەشۇ نۇسخىدىن ئىلھاملىنىپ قايتىدىن بۇ داستاننى يېزىپ چىققانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

دېمەك، شائىر «رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىنى يېزىشقا خەلق ئارىسىدا تارقالغان «رابىيە ۋە سەئىدىن» ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، ئابدۇجېلىل يازغان «رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بويىچە چوڭقۇر مەزمۇن، زور بەدىئىي تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان

① ئۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدا (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە) رابىيە بىلەن سەئىدىن «فېئوداللىزمنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلىرى» دەپ ئاتىلىپ، خەلقنىڭ ئۇلارنى خاتىرىلەش پائالىيىتى «تۆت كونىلىق» سانىلىپ، مەقبەرە چېقىپ تاشلانغان. زىيارەت قىلىش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى مەنئى قىلىنغان. يۇلغۇنمۇ ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن. ئاپەتلىك يىللارغا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە، يۇلغۇن يېڭىۋاشتىن كۆكلەدى، چېچەكلىدى. 1985 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ «قوشماق مازار»نى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتتى. (ئا. ئابباس «رابىيە ـ سەئىدىن ۋە قوشماق مازار»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» 1993 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۈرۈمچى).

② بۇ داستاننىڭ بىر قول يازمىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدىكى «ئەبۇرەيھان بىرۇنى» نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىنى يازاتقان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ[1].
رابىيە - سەئىدىن ھېكايىسىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكى توغرىسىدا داستاندا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن.

خىرەد چۇن تارىخ ھېسابىن دېدى،
مىڭۇ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز ئىدى.

يەنى بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1248 - يىلى، مىلادى 1832 - 1833 - يىللىرى يۈز بەرگەن.
داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىلىق بولسا ئەسەردە:

«دەر ئېردىكى تىنتىرەپ چۇبادى خەزان،
كى ئۆچتى ‹چىراغىم› نىتەي ئاھ، جان»
«چىراغىل ھورۇفىلكى ئەھلى خىرەد،
كى تارىخىن سالىن دېمىش بەلئەدەر.»

دەپ يېزىلغان بولۇپ، شائىر تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىشارە قىلىنغان ئەبجەت ھېسابىنى بىلدۈرىدىغان سۆز — «چىراغىم» دىن قارىغاندا ھىجرىيە 1254 - (مىلادى 1838 - 1839) يىلى يېزىلغان.
«رابىيە ۋە سەئىدىن» ناملىق بۇ داستان رېئالىستىك خۇسۇسىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن XIX ئەسىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە تراگېدىيىلىك داستان.
شائىر رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى چاغ فېئودالىزم مۇھىتىدا ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئارزۇسى ۋە مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ھەققانىي ئىستىكى يولىدىكى تىرىشچانلىقى، سەلبىي كۈچلەرگە قارشى كۆرەشتىكى يېڭىلمەس ئىرادىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەلىك ئۆلۈمى قاتارلىق ۋەقەلەرنى كەسكىن تراگېدىيىلىك مۇھىت ئىچىدە ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەسەر باش قەھرىمانى رابىيە ئوبرازىنى يۇقىرى تراگېدىيىلىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ، فېئودالىزم شارائىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتى ھەم خۇنۇك ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق يىلتىزى بىلەن ئېچىپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا يەنە تراگېدىيە قەھرىمانى رابىيەنىڭ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ھاياتىدا كەڭ ئومۇملاشقان نامۇۋاپىق تۈزۈم ۋە قائىدە - يوسۇنلارغا قارشى باشتىن - ئاخىر قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھەققانىي مەقسەت ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشتىن يانمايدىغان ئۆلۈغۋار ئىرادىسىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.
ئەسەردە رابىيە ئوبرازىدىكى بارلىق ئىجابىي خىسلەتلەرنى داستاندىكى پاجىئەلىك ھايات مەنزىرىسىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودالىق ئىجتىمائىي مۇھىتتا خارلانغان كەڭ ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىقتىن ئىبارەت ئىنتايىن جىددىي ھەم تاقەت قىلغۇسىز مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى دەۋر بۆلگۈچ ئىجتىما-

---

[1] ش. ئۆمەر «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2 - قىسىم، 1079 - بەت.

ئىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان[1].

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مەرتىۋە قارىشى ھۆكۈمران سىنىپ ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنىڭ ئەخلاقىي قارىشىنى قوغدايتتى. بۇ خىل قاراش ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلاتتى. بۇ خىل قارىمۇ قارشىلىق ۋە ئاداۋەت ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجى. بۇ خىل جەمئىيەت قۇرۇلمىسى مۇقىم خاراكتېرگە ئىگە. بۇ خىل مۇقىم قۇرۇلما كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ ۋە زىددىيەتكە دۇچار قىلاتتى. «رابىيە ۋە سەئىدىن»دىن ئىبارەت بۇ تراگېدىيىلىك داستاندا تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئىنسانىي قۇدرىتى بېسىم ۋە بوغۇشقا ئۇچراش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. شۇڭا بۇ تراگېدىيىلىك داستاننىڭ ئاپتورى تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەسىگە نىسبەتەن ھېسسىيات جەھەتتىن ھېسداشلىق قىلىپلا قالماستىن، جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ھەم ئۇنى پاش قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئۇ ئاددىي ھالدا تراگېدىيىنىڭ سەۋەبىنى تەقدىرگە باغلاپ قويمىغان، بەلكى تەقدىردىن ھالقىش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە[2].

ئومۇمەن، بۇ تراگېدىيىلىك داستاننىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي ئىنتىلىشى بىلەن تاشقى مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ توقۇنۇشىغا ئېتىبار بىلەن قارىغان. گەرچە تەقدىر تۇيغۇسى بۇ خىل كەيپىياتقا ھامان مەلۇم دەرىجىدە ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تراگېدىيىنىڭ كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈشى ئۈچۈن رول ئوينايدۇ.

رابىيە داستاندىكى باش قەھرىمان. ئۇ كىشىلىك غۇرۇرى ۋە ئەركىن مۇھەببىتى تەھدىتكە ئۇچرىغان چاغدا تەقدىرگە باش ئەگمەيدۇ. ئۇ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئالىيجاناب، كەسكىن ۋە ئۇلۇغۋار، ئۇ تەقدىرگە تەن بەرمىگەچكە ئازاب - ئوقۇبەت ۋە خورلۇققا دۇچ كەلدى. بەختكە قارشى بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. بېلىنسكىي مۇنداق دېگەن ئىدى: «كۈرەش جەريانىدا قۇربان بولغان ياكى غەلىبە قىلغاندا ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمىز، لېكىن مۇنداق قۇربان بېرىشلەر ۋە ئۆلۈپ كېتىشلەر بولمىسا، ئۇلارنىڭ قەھرىمان بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز بەدىلىگە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقىنى ھەم دۇنيانىڭ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق قانۇنىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمىز»[3]. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. رابىيە جاپا - مۇشەققەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەندىن تارتىپ بەختكە قارشى بولغان تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە قەدەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. رابىيە كەسكىن تراگېدىيە-

---

① ئا. مۇھەممەد «تراگېدىيە ۋە ‹رابىيە - سەئىدىن› داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىلى 3 - سان.

② رەيھان «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىك»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، خەنزۇچە، 1992 - يىلى 4 - سان.

③ بېلىنسكىي «‹ئېستېتىكا›» دىكى «‹شېئىر تۈرلىرى›»، «قەدىمكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىدىن تەرجىمىلەر»، 1962 - يىلى 3 - سان، 37 -، 138 - بەتلەر، خەنزۇچە.

لىك روھقا باي بولۇپ، ئۇ شەرق مۇسۇلمان خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى تراگېدىيىلىك داستانلار-
دىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تراگېدىيىلىك قەھرىماننىڭ ئوبرازى.
داستاندىكى رابىيە خېلى يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي مۇكەممەللىككە ۋە يۈكسەك
ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئىجابىي ئوبرازدۇر. ئۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى، شۇنداقلا
ئۇنىڭدىكى تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغۇچى شەخ-
سى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل ھالدا ئۆز ئەركىنلىكى يولىدا كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ
ئىسيانكار، قەيسەر ۋە تىز پۈكمەس خاراكتېرى، مۇھەببەتكە سادىق، ئۆز غايىسى ۋە ئېتىقادى-
نى مەڭگۈ قەدىرلەيدىغان بىر قاتار گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى ھەم ئۇلۇغۋار ھەرىكىتى بىلەن
كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. رابىيە شۇ قەدەر پاك دىل، ئەقىللىك
قىز بولغانلىقى ئۈچۈن فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە - تۈزۈملەر-
نىڭ قاتمۇ قات ماددىي ۋە مەنىۋى كىشەنلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، ئۆز مۇھەببىتى يولىدا
ئەركىن قەدەم تاشلاپ سەئىدىندىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان نامرات
دېھقان يىگىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ تامامەن يوللۇق بولغان شەخسىي مۇھەببەت
ئىشلىرىغا ئاتىسى ياقۇپ ۋە باشقا سەلبىي كۈچلەر جان - جەھلى بىلەن قارشى چىققان
شارائىت ئاستىدىمۇ، ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلىتىنى نۇر چاقنىتىپ،
ئەقىدىسىدىن قايتمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز ئاشىقى بولغان سەئىدىننى ئەسەردىكى پۇل، مال -
دۇنيا ۋە يۇقىرى ئىمتىياز ئارقىلىق ھەممىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالالايمەن دېگەن خام خىيالدا
يۈرگەن جابىردىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل بىلىپ، جابىرنىڭ نىكاھ تەلىپىنى ئۇنىڭ بارلىق
ھەشەمەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتئىي رەت قىلىدۇ.
شائىر رابىيە ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇشنى تەسۋىرلەشكە
بەك ئەھمىيەت بەرگەن. مەلۇمكى پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنيا زىددىيىتى توقۇنۇشنىڭ ئاسا-
سى، داستاندىكى تراگېدىيىلىك مۇھىت بولسا ئۇنىڭ شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېرسوناژ-
لارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت ئۆزگىرىشى بولمىسا، تراگېدىيىلىك داستانلاردا ئۇلار-
نىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. توقۇنۇش دېگەندە ئاساسلىقى
پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ روھىي
دۇنياسىدىكى باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئوبدان تەسۋىرلەپ بەرگەندى-
لا، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىگە خاس جانلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ ياراتقىلى بولىدۇ. تراگېدى-
يىلىك داستانلارمۇ مول ھەم مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.
قاباھەتلىك فېئودالىزم شارائىتىدا رابىيەگە ئوخشاش ئەركىن مۇھەببەتنى تەلەپ قىلغۇ-
چى ئوغۇل - قىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى ياكى ئاسارەت-
لىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا بورۇقتۇم بولۇپ، ھەتتا ئېچىنىشلىق ھالدا
ھالاك بولاتتى. داستاندا، XIX ئەسىر پاجىئەلىرى ئۈچۈن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان
مەزمۇنلۇق شېئىر رابىيەنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ زەئىپ
نىقابىنى مەردانىلىك بىلەن بۇزۇپ تاشلايدۇ. رابىيەنىڭ دەرياغا تاشلىنىپ ھالاك بولۇشى،
ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەمەس، بەلكى سۇنماس، پاك ئىرادىسىنى، خورلۇق ۋە ئەركىسىزلىككە
قارشى شىجائەتلىك روھىنى ئىپادىلەيدۇ. ماھىيەتتە، رابىيەنىڭ ئىرادىسى ئۇنى بويسۇندۇر-
ماقچى بولغان ئىستىبدات فېئودالىزم ئىسكەنجىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.
ئومۇمەن، رابىيە ئوبرازى رەھىمسىز فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە
قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك، ئەقىللىق، ئۇياتچان،

گۈزەل قىز. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان كەم سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈللۈك، راستچىللىق، جىگەرلىك ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەشكەن.

«رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىش كۆپ سەھىپە تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئاساسىي ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇقلا بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆتىمىز.

يۇقىرىدا داستان ۋەقەلىكىنىڭ تۇرمۇشتىكى رېئال ھادىسىلەردىن تاللىۋېلىنغانلىقىنى، رابىيە تارىخىي شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن داستاندا بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. يەنە شائىر تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلىكنى پىششىقان بەدىئىي ماھارەت ۋە مۇكەممەل ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

داستاندا تەسىرلىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت. تراگېدىيىلىك ئاڭ، تراگېدىيىلىك كەيپىيات «رابىيە ۋە سەئىدىن»دە ناھايىتى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر، تراگېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش داستاندا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. «رابىيە ۋە سەئىدىن»دىكى تراگېدىيە قەھرىمانلىرى ۋە تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر داستاننىڭ تراگېدىيىلىك ئېستېتىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ داستاننى ئىنتايىن كۈچلۈك بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان.

شائىر قەلىمى ئاستىدىكى رابىيە بىلەن سەئىدىن تراگېدىيىسىنى تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلىپ تۇرغان يەنە بىر ئامىل شېئىرىي تىل ئىشلەتكەنلىكتىندۇر. بۇ تراگېدىيىدىكى گۈزەل، نەپىس تىل، قاپىيىلەر، مول تەسەۋۋۇر ۋە رەڭدارلىق تراگېدىيە ۋەقەلىكىنى ئادەتتىكى ھاياتتىن زور دەرىجىدە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان.

«رابىيە ۋە سەئىدىن»دىكى تراگېدىيە قەھرىمانلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئىگە. بۇ بىغۇبار ياشلار دۇچ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە دەرد ـ ئەلەملەر ھەممە ئۇلارنىڭ بەختسىز ئۆلۈمى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. چوڭقۇر ۋە سەمىمىي ھېسسىيات خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ـ داستانچىلار سۆيگۈ قەھرىمانلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، قۇربان بولغانلىرىنى تەسۋىرلەپ، ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغاندا، ئاڭلاۋاتقانلار ئۆكسۈگەن ھالدا ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆكۈپ توختىيالمايدىغان تەسىرلىك مەنزىرە پەيدا بولغاندا تولىمۇ يارقىنلىشىدۇ. داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك ـ تارىلىرىنى چېكىدۇ. بۇ ناتىۋانلارنىڭ بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىشىدەك پاجىئەلىك ئاقىۋەت كىشىلەر قەلبىنى زىل ـ زىلىگە سالىدۇ. «رابىيە ۋە سەئىدىن» جانلىق بىر تارىخىي داستان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىش جەريانى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك، تراگېدىيىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ ئۈنۈمىگە ئىگە بولغان.

شائىر داستان قەھرىمانلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭغا بىر خىل سىرلىق تۈس بەرگەن. رابىيە بىلەن سەئىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قولىنى كۆتۈرۈپ ئەرشتىن مەدەت تىلىگەندە، ئايرىم كىشىلەر ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان كۈچلەردىن غالىب كېلىشكە ياردەم بېرىدۇ، بەلكى تېڭىرقىغان بۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىدا بىر خىل روھىي ھالقىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە روھىي ياردەم بولۇپ، تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشىغا، شۇنداقلا ئۇ تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ مەلۇم ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئاقىۋەتتە باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈمگە

قاراپ مېڭىشقا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ.[1]

ئومۇمەن، «رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانى يۇقىرى ئىدىيىلىك ھەم يۈكسەك بەدىئىيلىك ئاساسىغا ئىگە نادىر داستانلارنىڭ بىرى.

5. «زادۇل نەجاد»[2] (قۇتۇلۇش ئوزۇقلىرى)

بۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان داستانى بولۇپ، 476 بېيىت (952 مىسرا) دىن تەشكىل تاپقان. شائىر كاشغەر ھاكىمبېگى زوھۇرىددىننىڭ بۇيرۇقى ۋە تەشەببۇسى بىلەن يازغانلىقىنى مەزكۇر داستاننىڭ خاتىمە قىسمىدا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

داستان ۋەقەلىكى ئۆتكۈر زىددىيەت، مۇنازىرە شەكلى بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، مەركەزىي ئىدىيە يورۇتۇلغان، يەنى بىر - بىرىگە زىت ئىككى شەخسنىڭ سوئال - جاۋابى تەرزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى شەخسنىڭ بىرى خاۋەران (شەرق) دىيارىدا پۈتۈن جەمئىيەت، خەلقنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى، جاھانغا مەشھۇر بىر دانىشمەن ئالىم مۇقبىل رەۋشەندىل؛ يەنە بىرى دانىشمەندىن سوئال سورىغۇچى، خەلققە زىيانلىق، ھىيلىگەر - مەككار، زالىم، ماۋەرانلىق مۇدبىر خۇدبىن.

مۇدبىر خۇدبىن ئۇلۇغ دانىشمەن مۇقبىل رەۋشەندىلنىڭ ياخشى سۈپەت، ئۇلۇغ خىسلەتلىرىنى ئاڭلاپ رەشك - ھەسەت قىلىپ ماۋەراندىن خاۋەرانغا بېرىپ مۇقبىل رەۋشەندىل بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇدبىر خۇدبىننىڭ موقبىل رەۋشەندىلدىن سورىغان چىگىش سوئاللىرىغا دىققەت قىلىنغاندا، ئۇنىڭمۇ كۆپ ئىلىملەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇدبىر خۇدبىننىڭ مۇقبىل رەۋشەندىلدىن سورىغان سوئاللىرى چىگىش، مۇرەككەپ، تېپىشماق شەكىللىك سوئاللار بولۇپ، ئۇ بۇ سوئاللىرىنى مۇقبىلدىن غەرەزلىك سوراپ، مۇقبىلنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ خالايىق ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن دانا ئالىم مۇقبىل ئۇنىڭ غەرەزلىك سوئاللىرىغا ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئاخىرى مۇدبىر خۇدبىن مۇنازىرىدە مەغلۇپ بولىدۇ، دانىشمەن مۇقبىل ئالدىدا ئۆزرە بايان قىلىپ، مەمەدانلىق ۋە خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتىدۇ.

مۇدبىر دانىشمەن مۇقبىلدىن ئومۇمەن 99 سوئال سوراپ جاۋاب ئاڭلايدۇ. مۇدبىر مۇقبىلدىن 47 سوئالغىچە ناھايىتى ئەدەپسىزلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، دانىشمەن ئالىم مۇقبىلنى يەڭمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ دانىشمەن ئالىمنى توسۇيالمىغاندىن كېيىن 48 - سوئالدىن باشلاپ ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىپ، ئۆزىنى تۈزۈۋېلىپ، بىر شاگىرت (ئوقۇغۇچى) ھالىتىگە كېلىپ، ئەدەپ بىلەن سوئال سورايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم، دانىشمەن مۇقبىل يەنىلا ئەدەپ - ئەخلاق خىسلىتىدە تۇرۇپ مۇدبىرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئاخىرىدا مۇدبىر ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ئەخلاقى جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ ياخشى كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ، قالغان ئۆمرىدە ياخشى ئىشلار بىلەن

① رەيھان «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىك»

② داستان «دوررۇئول نەجاد» (قۇتۇلۇش دۇرلىرى)، «دەھرئول نەجاد» (قۇتۇلۇش دۇنياسى) دېگەن ناملاردىكى نۇسخىلىرىمۇ بار.

شۇغۇللىنىپ، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولىدۇ[1].

داستاننىڭ مەزمۇنى خېلى كەڭ ساھەلەرگە تۇتاشقان. شائىر ئۇنىڭدا فانتىزم، ئادالەت ۋە ئادىل شاھ، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئېتىكا ـ ئەخلاق، گۇمانىزم، سىياسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سالماق، ۋەزمىن قۇرلار بىلەن جانلىق، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق يوسۇندا ئىپادىلەپ بەرگەن.

داستاندىكى ئادالەت ۋە ئادىل شاھ ھەم ئىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شائىر قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلىنىپ، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار نەزەرىيىۋى سىستېمىغا سالغان ئادىل شاھ ھەققىدىكى قاراشلارنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىپادىلىگەن.

ئا. نىزارى بۇ ئەسىرىدە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىككى ئوبراز ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادىل شاھ ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شائىر ئەسەردە ئۆزىنىڭ ئادىل شاھ ھەققىدىكى قارىشىنى مۇنداق يازىدۇ:

دېدى: شاھ بولسا دىيانەت رەۋىش،
ئادالەت بىلە قىلسا ئول ھەرنە ئىش.
بۇدۇر خەير ـ ئېھسان ئەدايى سەلات،
ئادا ئەيلىسە ئۆشرە بىرلە زاكات.
رەئىيەتدىن[2] ئول قىلسا ئاگاھلىق،
ئەدەپ بەرسە كىم قىلسا گۇمراھلىق.
بۇ ئىش خۇپدۇرۇر بارچەغە دەھىر ئارا،
تەلەپ قىلغۇسى بارچە ئەل شەھرئارا.

شائىر ئادىل شاھ ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

دېدى: ياخشىلىق شاھقە بۇ رەۋىش،
ئۆزى بولسا ئاگاھ ۋە تائىرىققە ئىش.
سوراغىن كىشى ئىلگىلە بەرمەگەي،
كى تەفتىش ئېتىپ ئۆزى ئەدىل ئەيلەگەي.
رەئىيەتنى كۆرگەيكى بىر كۆزى بىلە،
كى شاد ئەتكۇچى بەندەنى سۆز بىلە.
قىلۇر ئول ۋىلايەتدىن ئاگاھلىق،
يېتەر ئاڭا كەۋنەيىن[3] ئاراشاھلىق.

---

[1] ئا. ئىسلامى «دەھر ۋننەجاد، قا كىرىش سۆز» ئا. نىزارى «دەھرۋننەجاد»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىلى نەشرى؛ داستاننىڭ بۇ نۇسخىسىدا 97 سوئال ـ جاۋاب بىلەن ۋەقەلىك تاماملانغان. كۆچۈرگۈچى خەتتاتلار تەرىپىدىن 2 خىل سوئال ـ جاۋاب شەكلى چۈشۈپ قالغان دەپ قارالماقتا.

[2] رەئىيەت ـ پۇقرا، خەلق.

[3] كەۋنەيىن ـ ئىككى ئالەم.

بۇ مىسرالاردا شائىر شاھلارنىڭ دىيانەتلىك، ئادالەتلىك بولۇشىنى، جەمئىيەتنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشىنى، يامانلىق قىلغانلارنى دەرھال جازالاشنى، خىزمەتنى شاھنىڭ ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىشىنى، خەلققە ياخشىلىق قىلىشنى ئۈتتۈرىغا قويىدۇ ۋە بۇنداق شاھلارنىڭ ئادالەتلىك ياخشى شاھ ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شائىر ئادالەتلىك ياخشى شاھلارنىڭ قارشىدىكى ئادالەتسىز يامان شاھلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

دېدىكىم: يامان شاھ فاسىق بولۇر،
ھەمىشەكى رەددى خەلايىق[1] بولۇر.
ئۆزىنىڭ سوراغىن كىشىگە بېرىپ،
رەئىيەتنى تىشلەپ ئويغە كىرىپ.
كېلىشىدىن كېتىشىدىن كى پەرۋاسى يوق،
مۇنى بىلكى جەننەتدە مەئۋاسى[2] يوق.
چۇ دەييۇسلاردەك مىسالى ئانىڭ،
قىيامەتدە دىشۋار ھالى ئانىڭ.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالىرىدا يامان شاھلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، يامان شاھلارنىڭ دائىم خەلققە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى يېزىپ، يامان شاھلارنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ياخشى شاھلار بىلەن يامان شاھلارنى سېلىشتۇرۇپ ياخشى شاھلارنى مەدھىيىلىسە يامان شاھلارنى قاتتىق قامچىلايدۇ. شائىر ئەسەردە يەنە شاھقا نۇقسان يېتىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

دېدى: تۆتدىن شاھقا نۇقسان يېتەر،
مۇنى بىلمەسە ئابرويى كېتەر.
بىرى زالىم ئولسا ئەمرى ئانىڭ،
بىرى خائىن بولسا دەبىرى[3] ئانىڭ،
ۋەزىرى ئانىڭ چۈنكى غەفلەتدەدۇر،
ئەسىرى ئانىڭ زۇلمۇ كۆلفەتدەدۇر.
ئەگەر قىلماسا شاھ ئاگاھلىق،
قىلالاماس جەھان ئەھلىغە شاھلىق.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا شاھلارنى خەلققە زالىملىق قىلماي ئادالەت بىلەن ئەلنى باشقۇرۇشنى، كاتىپ - پۈتۈكچىلەرنى، شۇنداقلا باشقا خىزمەتچى ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويۇشتا ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن تاللاپ ئىشقا قويۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شاھلارنىڭ ئۇنداق قىلمىغاندا شاھلىق تەختىدە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

---

[1] رەددى خەلايىق — خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىساق.
[2] مەئۋا — جاي، ئورۇن.
[3] دەبىر — كاتىپ، مىرزا.

بىلىملىك بولۇش، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خېلى بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مۇھىم ئىدىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. «فارابى ئەقىل - پاراسەت دېگەندە پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پائال ئەقىل مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولغان ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان»[1] بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدىبلەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»دە بىلىم ئۆگىنىش ۋە بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئەھمەد يۈكنەكى، نەۋائى قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ بۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىدى. شۇنىڭدەك يۇقىرىقى ئەدىبلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كېلىۋاتقان ئا. نىزارىمۇ «ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىنى ئۆز ئەسىرىدىن چەتتە قالدۇرمىدى.[2] شائىر ئەسەردە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

قەلەم دەبدۇرۇر مەنكى شاھى جەھان،
كى شاھى جەھانغە ئىرور تەق ئەمان.
قەلەم كەشكە يەتكەي فەقىردىن مۇراد،
قەلەم نەۋكىدە مۇشكۇلدۇر كۇشاد.

بۇ مىسرالاردا بىلىملىكلەر ئۇچۇن ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى، ئەلگە بىلىملىكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا خەلققە خاتىرجەملىك بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر بىلىملىك كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلغانلارنى يامان ئادەملەر دەپ قارايدۇ. ئۇلارنى «كاززاپ» دەپ تەنقىدلەيدۇ:

بىرى دانىش ئەھلىغە يالغانچىدۇر،
كى كاززاپلىق بەلكى ھەزيانچىدۇر.

شائىر بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بىرى دۇركى ئىلىم ئەھلىنىڭ سۆھبەتى،
ھەمىشە ئانىڭ بىرلەدۇر ئۇلفەتى.
بىرى دۇركى ئاقىل بىلە مەسلىھەت،
نىچۇك ئەمرىدە ئەيلەمەك مەشۋەرت.
بىرى ئالىم ئەھلىغە بولماق يېقىن،
بىرى قاچسا زالىم ئېلىدىن كېيىن.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە بىلىملىكلەرگە يېقىنلىشىپ،

---

[1] ئا. م. ئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 200 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
[2] م. مۆمىن «‹دەھرۇننەجاد›نىڭ ئىدىيىۋىلىكى ھەققىدە».

بىلىملىكلەردىن ئۆگىنىپ، بىلىملىكلەرنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاش، مەسلىھەت سورىغاندا بىلىملىكلەردىن سوراش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن.

«زادۇل نەجاد» بىر قاتار مۇھەببەت داستانلىرىغا ئوخشاش كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم ۋەقەلىككە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ توغرۇلۇق شائىر داستاننىڭ 12 مىسرالىق ھەمدۇ سانىدىن كېيىنلا داستاننىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا:

«...بەئىدۇ سۆز جەۋھەرشۇناسلىرى — لىسان ئالماسى نەۋكى بىرلە نەقۇلات جاۋاھىرلاردىن سۇفتە ئەيلەپ، تەقرىر رىشتەسىغە تىزىپدۇرلەر ۋە ئانىسى ئەيان قىلماققە سەھىفە دىۋانىدە تەرتىپ بىرلە سىزىپدۇرلەر» دەيدۇ. دېمەك، نىزارىدىن ئىلگىرى بۇ تېمىنى باشقا ئەدىبلەر يېزىپ چىققان.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا مۇنداق نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن: «مۇقبىل رەۋشەندىل بىلەن مۇدبىر خۇدبىن» ھېكايىسى ئەسلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بار بولۇپ، بۇ رىۋايەت XIII ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەد ئەۋفىنىڭ «جەۋمۇلى ھېكايەت ۋە لەۋامىئور رىۋايەت» (ھېكايىلەر جەمئىسى ۋە رىۋايەتلەر يالقۇنى) كىتابىدا مۇقبىل بىلەن مۇدبىرنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان جان دورىسى — سەندەلنى ئىزدەپ تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە بار①. نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل قولۇپ» كىتابىنىڭ III بابىدا مۇقبىل بىلەن مۇدبىرنىڭ ھېكايىسى بېرىلگەن. نەۋائى بىلەن تۇردى غېرىبنىڭ «بەھرام ۋە دىلئارام» داستانلىرىنىڭ IV دەرۋىش ھېكايىسىدىمۇ مۇقبىل بىلەن مۇدبىر ھېكايىسى بار، ئەمما يۇقىرىقى رىۋايەتلەردىكى مۇقبىل بىلەن مۇدبىر ئوبرازلىرىنىڭ خاراكتېر - سۈپەتلىرى «زادۇل نەجاد» داستانىدىكى مۇقبىل بىلەن مۇدبىرنىڭ خاراكتېر - سۈپەتلىرى ئاساسەن ئوخشىسىمۇ، ئەمما ۋەقەلىك، بايان قىلىش شەكلى ئوخشىمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» داستانى مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بۇ داستان دىنىي، پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي - دىداكتىكلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق مەزمۇنلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، نەۋائى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى، گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى، ھەيدەر خارەزمى قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مەنسۇپ شائىرلار، روداكى، سەئىدى، شىرازى قاتارلىق پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خىلمۇخىل دائىرە، خىلمۇخىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. شائىر نىزارى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولغان بولسا كېرەك. شائىر «زادۇل نەجاد» داستانىنى شەرق مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئېستېتىك غايىسى، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان. بولۇپمۇ XIX ئەسىر شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي قىياپىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئاساستا شائىر نىزارى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قارىشىنى بەدىئىي شەكىل ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

### 3 - نىزارى مۇخەممەسلىرى

ئا. نىزارى مۇخەممەس ھەم تەخمىس يېزىش ساھەسىدە مېھنىتى زور شائىردۇر. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى پېتروگراد بۆلۈمىدە ساقلىنى-

① ش. ئۆمەر «XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 - قىسىم، 1117 - بەت.

ۋاقتان نىزارى قول يازمىسىنىڭ ئىچىدىكى «زادۇل نەجاد»نىڭ ھاشىيەسىگە شائىرنىڭ 35 پارچە مۇخەممىسى كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 49 بەتنىڭ ھاشىيەسىگە كۆچۈرۈلگەن بۇ مۇخەممەسلەر 290 كۇپلېت، 1450 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

نىزارىنىڭ بۇ مۇخەممەسلىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىگە يېزىلغان تەخمىسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، غەزەللەر «چاھار دىۋان»دىن مۇۋاپىق نىسبەتتە تاللاپ ئېلىنغان.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نىزارى يۇقىرىقى غەزەللەرنى «چاھار دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى 26 ھەرپنىڭ ھەربىرى بىلەن قاپىيىلىنىدىغان غەزەللەرنى بىر - بىرلەپ تاللاپ ئالغان. «ب، ھ» ھەرپلىرى بىلەن قاپىيىلىنىدىغان غەزەللىرىدىن بولسا تەكرار تاللىغان ۋە ھەر بىر ھەرپ بىلەن قاپىيىلىنىدىغان غەزەلگە «ھۇرۇفۇل — ئا» («ئا» ھەرپى)، «ھۇرۇفۇل ب» («ب» ھەرپى) دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇ قويۇپ چىققان.

مۇخەممەس لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ئۇنىڭ ھەر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. بىرىنچى خىلى مۇستەقىل مۇخەممەسلەر، يەنى شائىر ئۆزى يازغان پەقەت ئۆزىگە تەئەللۇق مۇخەممەسلەر بولۇپ، بۇ خىل مۇخەممەسلەر شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا «خۇدمۇخەممەس» دەپ ئاتالغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. ئىككىنچى خىلى، بىرەر شائىرنىڭ غەزىلىگە بېغىشلانغان مۇخەممەس بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا بەش مىسرادىن تەشكىل تاپقان. بىر شائىر يازغان غەزەلگە يەنە بىر شائىر تەرىپىدىن مەزمۇنى، شەكلى ماس ئۈچ مىسرا قوشۇپ يېزىلغان مۇخەممەس. تەخمىس ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن مۇخەممەس بىر شائىرغا ئەمەس، ئىككى شائىر ئىجادىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

تەخمىس بىرقانچە خىل ئەھۋالدا يېزىلىدۇ.

بىرىنچى، ئارۇز ۋەزىندە يېتۇك قەلەم ئىگىلىرىگە، ئۇستازلارغا ھۆرمەت ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ياش شائىرلار، ھەۋەسكارلار ئۇلارنىڭ غەزەللىرىگە مۇخەممەس يازىدۇ.

ئىككىنچى، پېشقەدەم ياكى ئارۇز ۋەزىندە يېتۇك شائىرلار يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ ياكى ئۈمىدلىك ھەۋەسكارلارنىڭ ياخشى چىققان غەزىلىگە تەخمىس يېزىپ، ئۇلارغا بولغان زوقلىنىشىنى، قوللىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، پىكىرداشلىقىنى، قەلەمداشلىقىنى، دوستلۇقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن شائىرلار بىر - بىرىنىڭ چىرايلىق پۈتكەن غەزەلىگە مۇخەممەس يېزىشىدۇ.

تۆتىنچى، ياخشى چىققان، لېكىن پىكىر، شېئىرىي مۇھىت تېرەنلىكىگە ۋە كەڭلىكىگە ئېرىشەلمىگەن ياكى پىكىرنى يەنىمۇ تولۇقلاش، كېڭەيتىش، كۈچەيتىش زۆرۈر بولغان غەزەلگە ئىككىنچى بىر شائىر تەخمىس يېزىش بىلەن ئەسلىدىكى پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەتراپلىق ئىپادىگە ئىگە قىلىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئالدىغا بىر شېئىرىي مۇھىت يارىتىدۇ. پىكىرنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ ياكى باشقىچىرەك بىر يېڭى پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

بەشىنچى، تەخمىس يېزىش روشەن خاراكتېرگە تويۇنغان ماھارەت كۆرسىتىش، بەسلىشىش، كۈچ سىناش بەيگىسى بولۇپ، شائىرلار بىر - بىرىنىڭ غەزىلىگە تەخمىس يېزىپ،

---

[1] ئابدۇرېھىم نىزارى «نىزارى لىرىكىلىرى» (م. باھاۋۇدۇن تەييارلىغان) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى، ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزىنىدىكى قەلەم قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىدۇ.

بىر پارچە تەخمىستە يۇقىرىقىدەك ئامىللارنىڭ ھەممىسى تەڭلا مەۋجۇت بولۇشىمۇ، مەلۇم بىر ئامىل ياكى بىرقانچە ئامىل كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، تەخمىس يېزىشتا ئەسلى غەزەلنىڭ سۈپىتىگە ھۆرمەت قىلىش، پىكىر ئىزچىللىقىنى قوغلىشىش لازىملىقى، زورمۇزور مىسرا توشقۇزۇپ يېزىپ قويۇشتىن ياكى ئەسەرنى قۇرۇق سۆز دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش شەرت. بۇ خىل شېئىر شەكلى ئىككى ئاپتور تەرىپىدىن ئاياغلىشىدىغانلىقى، ئاپتورلار ئادەتتە ئۆزئارا ئۇچراشماستىن ياكى بىۋاسىتە پىكىر ئالماشتۇرماستىن، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا بىر تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى غەزەل بىلەن كېيىن يېزىلغان تەخمىس مىسرالىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىشى، ئەسەر خۇددى بىر ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىن چىققاندەك تاماملىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. غەزەلگە يېزىلغان تەخمىس ئادەتتە ئاپتورنىڭ مۇستەقىل ئەسىرى بولۇپمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

دېمەك، تەخمىستىن ئىبارەت ئۆزگىچە كلاسسىك شېئىر شەكلىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق بولغانلىقتىن تەخمىس يېزىش ھەرقانداق بىر شائىرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئادەتتىكى شېئىر ئىجادىيىتىدىن ياكى مۇخەممەستىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ[①].

ئا. نىزارى تەخمىسلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى توغرىسىدا توختالساق، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بۇ تەخمىسلەر لىرىك ژانىرغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىمىز.

مەلۇمكى لىرىكىلاردا لىرىك قەھرىمان ئوبرازى يارىتىلىدۇ، ئۇ تېپىك، يۈكسەك، رېئال ۋە غايىۋى ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئۆز دەۋرى، جەمئىيىتى ۋە خەلقىنىڭ جارچىسى ھەم ۋەكىلى. نىزارى تەخمىس قەھرىمانى دەل مانا مۇشۇنداق لىرىك قەھرىمان. ئۇ دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە. خەلقىنىڭ كۈيچىسى، مۇرۇۋۋەتلىك شەخس، فېئودالىزمنىڭ ئىستىبدات تۈزۈمى ئاستىدا يەتكۈچە خورلانغان چىن ئىنسان— «گۈزەل يار»غا مەردانىلىق بىلەن مۇھەببەت باغلىغۇچىلار ۋە ئۇنى جان دىلى بىلەن ھىمايە قىلغۇچى، ۋاپا، ساداقەت، دوستلۇق، ھەمدەردلىك، ھالاللىق، پاكلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، شۇم پەلەك ۋە ئىستىبداتلىق تۈزۈم ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغۇچى، رىياكار سوفى - زاھىدلارنىڭ مىستىنتىك ئىدىيىۋى قارشى بىلەن پىكىردە بىرلىك بولمىغان ئىلغار پىكىرلىك شەخس.

ئومۇمەن نىزارى لىرىكىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ كەڭ تېمىسىنى، ئۇنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆتكۈر زىددىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي ئاڭ - پىكىرلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنى ئىككى دەۋردە ياشىغان ئىككى شائىر دۇنيا قارشى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەخمىسلىرىنىڭ تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە كۆپ قىرلىق؛ لىرىك قەھرىمان ئىدىيىۋى كۆزقاراش جەھەتتە سىستېمىلىق تەپەككۇرغا ئىگە، زامانىسىنىڭ ئويغاق، دانىشمەن، مەسئۇلىيەتچان ۋەكىلى.

بۇ تەخمىسلەرنىڭ بەدىئىي شەكلى، تىلى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەخمىس يېزىشنىڭ

---

① ت. يىلتىز «جانان كېلىدۇ»، 3 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

بەش خىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ماس كەلگەنلىك جەھەتتىن، جۇملىدىن ئۇلۇغ شائىر نەۋائى غەزەللىرىگە تولۇق ئىشەنچ بىلەن پەنجە ئۇرۇلۇپ، باغلانغان تەخمىسلەر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇكەممەل شېئىرىي شەكىلگە ۋە كامالەتكە يەتكەن سۆز ئىشلىتىش ماھارىتىگە ئىگە دەپ باھالىشىمىزغا ئىشەنچ قىلىمىز.

## § 6 . موللا شاكىر

موللا شاكىر ( (1805 ـ 1870) ياكى موللا شاكىر ئىبنى موللا تاھىر ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ بازىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. ئۇز خەلقىنىڭ ھايات سەرگوزەشتىلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىدىن پارس ۋە ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋىرى بار موللا شاكىر كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى) نى 61 يېشىدا تاماملىغان[1]. 40 يىل ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان شائىر 4380 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك داستانىنى بەش ئاي ئىچىدە تاماملايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ پارس تىلى ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئەينى چاغدىكى قارا كۇچلەرنىڭ زىيىنىغا تېگىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئەسىرىنى دەسلەپ پارسچە يازغان، بۇنىڭغا ئۈچ يىل مېھنەت سىڭدۇرگەنلىكى مەلۇم، 1866 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇچتۇرپاندا ئۇيغۇرچە قايتا ئىشلەپ چىققان. ھازىر ھەر ئىككى خىل تىلدىكى نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ساقلانماقتا. موللا شاكىرنىڭ داستانىدا كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئوبرازلىق يوسۇندا نامايان قىلىنغان. بىز داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۇچا قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1755 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى، 1758 ـ يىلى ئاق تاغلىق غوجىلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن جۇڭغارىيە ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزدى. مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى يەرلىك بەگلەر ۋە دىنىي تەبىقە ئىچىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئۇچۇم فېئوداللار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى. مىللىي ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەت سالدى. ئۇيغۇرلارنىمۇ بىر ـ بىرىگە زىتلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

بولۇپمۇ XIX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غەرب جاھانگىرلىرى جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ۋەتەن ساتقۇچ چىڭ سۇلالىسى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامىلەر جۇڭگونى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. بۇنداق ئەھۋال 1860 ـ يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چىڭ سۇلالىسى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ۋەتەن ساتقۇچ چىڭ سۇلالىسى بۇنداق چوڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلىش يولىغا

[1] موللا شاكىر «زەپەرنامە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىلى 2 ـ سان.

ئۆتتى. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېزىش تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقلىرىنىڭ تۈرلىرى 50 كە يېقىنلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك بەگلەرگە چىڭ ھۆكۈمىتى مائاش بەرمەي، مەلۇم نىسبەتتە يەر ۋە يانچى بەرگەن ئىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەر ئۆزىگە بېرىلگەن ئاشۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە قانائەت قىلماي، پۇقرالارنىڭ يەرلىرىنى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالاتتى. مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەر خەلقنى دائىم زورلۇق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى، بۇنى ئاز دېگەندەك چىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقنى ھەر جەھەتتىن ھاقارەتلەيتتى. خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلاتتى. مۇنداق ئېزىش ھاقارەت، ئاياغ ئاستى قىلىشلار بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىدە مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەر ئاقسۆڭەكلىرىگە نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك قوزغىدى. خەلق خىلمۇ خىل ئالۋاڭ - ياساقلارنى تاپشۇرغاندىن تاشقىرى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك زومىگەر بەگلەر ئۈچۈن كۆۋرۈك، ئۆتەڭ، تۈگمەن، قاراۋۇلخانا، مازار ياساش، ئۆستەڭ چېپىش، كان ئېچىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ھەقسىز قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىندى. موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «مەجبۇرىي ھاشار - سەيسىگە تۇتۇلغان نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرالار ئاچ - يالىڭاچ، سوغۇق ۋە زۇلۇم ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتتى. پۇقرالارنى ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئانىغا قوشماي ئالۋاڭ - ياساقنا ھەيدەپ كەتتى. خەلق پۇل ئاچچىقى ۋە جان ئاچچىقىدىن يىغلىدى».

زۇلۇمغا چىدىيالمىغان خەلق مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەر ئىستىبداتلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زوراۋانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى، 1857 - يىلى كۇچادا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى «كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا پارتىلىغان كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پارتىلىشى تامامەن فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنىڭ نەتىجىسى ئىدى».[1] خۇددى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك «پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلمى دېھقانلارنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى»،[2] 1860 - يىلى يەركەندە، 1863 - يىلى ئىلىدا قوزغىلاڭ بولدى. بۇنداق قوزغىلاڭلار قانلىق باستۇرۇلۇپ، خەلقتىن ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئېلىندى. زۇلۇم ۋە خورلۇق ئۈستىدە شىكايەت قىلغانلار دارغا ئېسىلدى. تامغا تىرىك مىخلاپ ئۆلتۈرۈلدى. زىندانغا سولانغانلارنى زىنداندا قاتتىق قىيناپ ئۇسسۇز، ئاچ قويۇپ، ھاكنى دوغاپ قىلىپ ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈردى. يۇقىرىغا ئۆلارنى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ مەلۇم قىلىپ كۆمۈۋەتتى. قانلىق باستۇرۇلۇشلاردىن قورقۇپ قالمىغان خەلق 1864 - يىلىغا كەلگەندە كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان ھۆرلۈك، ئەركىنلىك قوزغىلىڭىنى باشلىدى ۋە زور غەلىبىگە ئېرىشىپ مۇستەبىت ھۆكۈمران فېئودال ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تىترەتتى. بۇنداق قوزغىلاڭلار ئىچىدە كۇچا

---

[1] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھوزۇرىدا تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى، 2 - توم، 183 - بەت.

[2] «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1968 - يىلى، 2 - توم، 546 - بەت.

قوزغىلىڭى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەنلا مەشھۇر ئىدى.

1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچا شەھىرىنى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭ دولقۇنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىدى، بۇنىڭ بىلەن كۇچا، ئۈرۈمچى، كاشغەر، ئىلى، خوتەن قاتارلىق بەش قوزغىلاڭ مەركىزى شەكىللەندى. تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشغال قىلدى.

1864 - يىلى ئەتىيازدا، كۇچانىڭ ئۆگەن دەرياسى بويىدا ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئېچىۋاتقان دېھقانلاردىن ئاچ - يالىڭاچلىق، ئېغىر ئەمگەك ۋە تاياق ئازابىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. دېھقانلاردىن توختى نىيازقارى قاتارلىقلار باشلامچىلىق بىلەن قوزغىلاڭ ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ، بىر كېچىدىلا ئىككى ئەمەلدار ۋە 15 بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىنلا كۇچاغا يۈرۈش قىلدى. كۇچا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلارمۇ قوزغىلىپ ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. يەرلىك خۇيزۇلاردىن مالۇڭ، ماسەنباۋ قاتارلىقلار يۈيىبىن (قاشقوۋۇق) دىن مەخپىي كەلگەن خۇيزۇ ياڭ چۈن بىلەن بىرلىكتە ئاممىنى باشلاپ توقناي (ياقا) قوشناۋاتىتىكى ھەربىي راباتقا ئوت قويۇپ، كۇچا شەھىرىنى قورشىۋالدى، ئارقىدىنلا شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارغا ئوت قويۇۋەتتى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇچا شەھىرىنى ئالدى.

جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، 1864 - يىلى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا، كۇچا قوزغىلىڭى مۇھىم ئورۇندا تۇردۇ. قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە، كۇچا دېھقانلىرى كۇچانىڭ ئىنانچىخانى ئەھمەد[1] نى ئۆزلىرىگە يولباشچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەھمەد قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاچقا، قوزغىلاڭچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچى ئامما كۇچادىكى جالالىدىن جەمەتىدىن مەدەت تىلىدى. بۇ جەمەتتىكى راشىددىن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يولباشچى قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ، پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان ئەۋلادى، زەپەر قۇچقۇچىلارنىڭ ئاتىسى، «سەيىد غازى راشىددىن خام خوجام» دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئىگە بولدى، ئۇ ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى.

راشىددىن خان بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم پەرمان ئېلان قىلىپ، بۇرھانىددىن (راشىددىن خوجىنىڭ تاغىسى، كېيىن خېتىپ خوجا دەپ ئاتالغان) ۋە مەھمۇدىن (راشىددىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى) نى كۇچانىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، باي، ئاقسۇ، يەركەن، كاشغەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشقا ھەمدە پامىر تېغىنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى[2]. بۇرھانىددىن قاتارلىق 168 كىشى كۇچادىن سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلارنىڭ قوشۇنى يول بويى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئۇلار باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەردىن كېيىن شۇ يىلى 11 - ئايدا كاشغەر شەھىرىگە قىستاپ باردى، ئۇلار كاشغەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىسى سىدىق بىلەن بىر - بىرىگە چېقىلماسلىق ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

1865 - يىلى ئەتىيازدا، شەيخ نەزەر (راشىددىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى) 7000

① ئەھمەت ۋارىسلىق قىلغان ئىنانچىخان بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەن چىڭمىن دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ خان ئوردىسىغا كىرىش شەرىپىگە ئىگە ئىدى. بۇرۇن يەركەننىڭ ھاكىم بېگى بولغان، 1861 - يىلى ئۆز يۇرتى كۇچاغا يالاپ ئاپىرىلغان.

② «تارىخىي ھەمىدى» شاپىگراۋ باسمىسى، 2 - قىسىم.

كىشىلىك كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار مارالبېشىغا يېتىپ بارغاندا، شۇ جايدا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان خويزۇ ۋە خەنزۇ دېھقانلىردىن 200 دەك كىشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. يەركەندە كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن تىركىشىدىغان ئۈچ ھەربىي كۈچ بار ئىدى، يەنى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى يەرلىك كۈچ، يەركەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خويزۇلار قوشۇنى ۋە يەركەن يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىدە قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بار ئىدى. يەركەندىكى دېھقانلار ئاممىسى گەرچە شەيخ نەزەرنىڭ خوجىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن نەزەر بۇ جايدا باشتىن - ئاياغ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىيەلمىدى، يەركەن ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا بۆلۈنمە ھالەتتە تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى يەركەندە ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئاقسۇغا قايتتى.

1865 - يىلى 6 - ئايدا، راشىددىن خوجا يەنە كۇچانىڭ شەرقىگە يۈرۈش قىلىشنى ئويۇشتۇردى، بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت «شەرققە يۈرۈش قىلىش» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسھاق خوجا (راشىددىن خوجىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى) قوماندانلىق قىلدى. شەرققە يۈرۈش قىلغان كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس، گۇچۇڭ، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىر مەھەل بارىكۆل شەھىرىنىڭ بېقىنىدا تىركەشتى.

شەرققە يۈرۈش قىلىش غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن 1866 - يىلى يازدا، راشىددىن خوجا يەنە ئىككىنچى قېتىملىق يەركەن جېڭىگە ئويۇشتۇردى، 70 مىڭ كىشىلىك كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى مارالبېشى ئارقىلىق يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار يولدا ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بەرھەم يېڭەلمىگەچكە كەينىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق يەكەنگە يۈرۈش قىلىش جېڭى تايىنسىزلا ئاياغلاشتى.

1866 - يىلىنىڭ باشلىرى، راشىددىن خوجا شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى يۆتكەپ، يەركەنگە ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئاۋۋال يەركەن كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئۇلارنى ئالدىدا بېرىپ، مارالبېشىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق يەركەنگە يۈرۈش قىلىش جېڭى يەنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، راشىددىننىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى تەسىر دائىرىسىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كېتىپ، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى دائىرىسى پەيدىنپەي ئاقسۇدىن كورلىغىچە بولغان لىنىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى[1].

موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىدا 1864 - يىلىدىكى ئەنە شۇ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسى خېلى تەپسىلىي ھالدا بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى، شائىر داستاندا قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت - شىجائىتىنى ناھايىتى چوڭ ئىجتىھات بىلەن تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر. موللا شاكىر شىددەتلىك جەڭلەرنى تەسۋىرلىگەندە غوجىلارنىڭ قەھرىمانلى-

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 450 - 454 - بەتلەر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى.

قىنى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ جان پىدالىقىنى، باتۇرلۇقىنى، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا خەلقنىڭ قىزغىن ۋە ئاكتىپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. كۇچا قوزغىلىڭىغا غوجىلار يېتەكچىلىك قىلغان. كۇچا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قارا شەھەر تەرەپتىن كېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىر قىسىم كۈچنى ئاجرىتىپ شەرققە ماڭدۇرىدۇ، بىر قىسمىنى تەشكىللەپ ئاقسۇغا ماڭدۇرىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىر تۈمەن جەڭچىگە سېيىت غازى ئىسھاقخان قوماندان بولۇپ، تۇرپان، قارا شەھەردىن كېلىدىغان قارا كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن بۈگۈر، كورلا، لوپ قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلغان بولسا، كاتىپ غوجا قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىرقەدەر پۇختا بولۇپ، خېلى مۇستەھكەم ھەربىي ئىنتىزامغا ئىگە ئىدى. داستاندا تەسۋىرلەنگەن شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كۇچا خەلقىنىڭ ئۈزىتىشىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملار كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزدىن ياش ئاقتۇرىدۇ. موللا شاكىر ئەنە شۇنداق مۇراسىملارنى ناھايىتى كۈچلۈك ئوتلۇق قۇرلاردا تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى، ئادالەت يولىدا ئەزىز جانلىرىدىن كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئالغان كۇچا قوزغىلىڭى گەرچە دىنىي تۈس ئالغان بولسىمۇ ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلىش قوزغىلىڭى ئىدى. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان غوجىلار خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئەزگۈچىلەرگە قارشى «مۇقەددەس غازات» قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە دىنىي تۈس ئالغان چاقىرىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ناھايىتى كۈچلۈك رول ئوينىغان. داستاندا تەسۋىرلەنگەن قۇرلارغا دىنىي روھنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە موللا شاكىرنىڭ ياشىغان دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە ئۆزىنىڭ دىنىي كۆز قارىشىنىڭ چەكلىمىسى بويىچە قارىغاندىمۇ «زەپەرنامە» داستانىدا ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.①

كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىدە دىننىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ بولىدىغانلىق مەسىلىسى ھەققىدە ف. ئېنگېلسنىڭ مۇنداق بىر بايانى بار: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى؛ پۈتۈنلەي دىننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى.»② دېمەك، ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش ھېسابلانغان دىننىڭ ئەينى زاماندىكى كۈچلۈك مەھلىيا قىلىش سېھرى كۈچىنى ماتېرىيالىزملىق

---

① قۇتلۇق «موللا شاكىرنىڭ ‹زەپەرنامە› داستانى توغرىسىدا»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.
② ف. ئېنگېلس «لېيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر. ئۇيغۇرچە.

كۆز قاراش بويىچە پەرقلەندۈرۈپ قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

موللا شاكىر داستانىدا، تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە كۆرسەتكەن جان پىدالىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلغان ياردەملىرىنىمۇ ئالاھىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. كۇچادىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققان قوزغىلاڭچى قوشۇن باينىڭ قىزىل يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، باي خەلقىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئۆزلىرىنى نىجاتلىققا چىقارغۇچى سۈپىتىدە قارشى ئالغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

بۇرھانىدىن غوجا قوماندانلىقىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى كۇچا قوشۇنى، بايدىكى قارا كۈچلەرنى يوقىتىپ باي بىلەن قىزىل بۇلاق ئارىسىدىكى مارئاقچى دېگەن جايدا قارارگاھ قۇرىدۇ. بۇ جاي ھاۋالىق ياخشى يايلاق بولۇپ، قوشۇننى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. قوشۇن بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ مۇزداۋان ئارقىلىق كېلىدىغان قارا كۈچلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاقسۇ تەرەپكە چارلىغۇچى ئەۋەتىپ قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇرھانىدىن غوجا بەزى ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ قارا يۇلغۇنغا كېلىدۇ. مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ ئاقسۇدىكى ئامبىلى كۇچادا قوزغىلاڭ بولغانلىقىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇ دەككە - دۈككىدە قېلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي بۇتخانىغا بېرىپ زار - زار يىغلاپ ماتەم تۇتىدۇ. موللا شاكىر مۇستەبىت زالىم ئەمەلدارلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى ئاجايىپ ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

1864 - يىلى 5 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن قارا يۇلغۇندا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. داستاننىڭ قارا يۇلغۇندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا بېغىشلانغان بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا راشىدىن غوجا ئاكىسى جامالىدىن غوجا باشچىلىقىدا، ئاقسۇغا قايتا قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. جامالىدىن غوجا كۇچا ۋە بايدىن يارىملىق ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ھامىدىن باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز ئەسكەرنى مۇز داۋاننى توسۇشقا ئەۋەتىپ ئۆزى بىر تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇنغا باش بولۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا 7 - ئايدا جام بىلەن توز ئاۋات ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا قارا كۈچلەرنى تارمار كەلتۈرۈپ شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنى ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىنلا قارا كۈچلەرنىڭ ئالتە شەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا ھەربىي قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھەربىي بازىسى ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى 8 - ئايدا ئالىدۇ. مانا شۇ غەلىبىلىك ئۇرۇشلاردا قوزغىلاڭچى خەلق قوشۇنلىرىنىڭ جان پىدالىقى، قەھرىمانلىقى كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن. شائىر كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۇچادىن تارتىپ ئۈچتۇرپانغىچە بولغان جايلاردا قارا كۈچلەرنى تازىلاشتا ئېلىپ بارغان غەلىبىلىك ئۇرۇشلىرىنى ۋە بۇ ئۇرۇشلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ئوينىغان ھالقىلىق رولىنى شېئىرىي شەكىل بىلەن ئاجايىپ جانلىق، تەسىرلىك ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

كۇچا قوزغىلىڭىنى ھەيۋەت بىلەن ئۇلغايتقانلار كەڭ مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇرۇش سەپلىرىدە نامرات دېھقانلار، شەھەر كەمبەغەللىرى پىداكارلىق كۆرسەتكەن. تىلاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلغان. ئەمما، ئەينى چاغ تارىخىي شارائىت، ئىدېئولوگىيىلىك ئەھۋال ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى

قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭغا مۇتەئەسسىپ روھانىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان «خوجا»لار يېتەكچىلىك قىلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشۋالدى. دىئالېكتىپ ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، داستاندا تەسۋىرلەنگەن، جۈملىدىن رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەن كۈچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە قوزغىلاڭدا ئاساسلىق رول ئوينىغان كەڭ مېھنەتكەشلەر بىلەن ئۇنىڭ يېتەكچىلىرى ھېسابلانغان ئاقسۆكەڭلەر، دىن ۋە روھانىيلارنىڭ رولىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك.

ك. ماركس دىن ھەققىدە توختىلىپ: «شۇنىسى مەلۇمكى، دىنىنىڭ ئۆزى مەنىسىز، ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيادا، دىننى نەزەرىيە قىلىۋالغان ۋە بورمىلانغان رېئاللىقنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن دىنمۇ ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىپ بارىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بايان دەل دىنىي يوپۇق بىلەن يوپۇقدىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كۈچا قوزغىلىڭىنىڭ ماھىيەتتە خەلقنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياردىمى بولىدۇ.

تارىختىكى تۇرلۇك تراگېدىيە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، موللا شاكىر «زەپەرنامە»دە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «زەپەرنامە»دىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇش ئۆزگىچە بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. داستان ۋەقەلىكىنى چىقىش قىلىپ، قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈچا دېھقانلار قوزغىلىڭى بىر خىل كونا شەيئى ۋە كونا تۈزۈمنىڭ تراگېدىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تراگېدىيە ئاساسەن ئەينى تارىخىي باسقۇچتا بىر مەزگىل ئىلغار ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھېسابلانغان ئىجتىمائىي كۈچ ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ كونا كۈچ، كونا تۈزۈم بولۇپ قېلىشىغا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلاپ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن زىتلىشىپ قالغان، لېكىن خوجىلارنىڭ كۈچ - تەسىرى ۋە ئۇلار يولغا قويغان تۈزۈملەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئاساسىنى تېخى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويمىغان ئەھۋالدا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبىگە ئېرىشكەن. شۇڭا بۇ ھەرىكەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ھالاكىتىمۇ مەلۇم تراگېدىيە خاراكتېرىنى ئالغان. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «كونا تۈزۈم تېخى ئۆزىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىغا ئىشىنىشۋاتقان ھەم ئىشىنىشى لازىم بولغان چاغدا، ئۇنىڭ تارىخىي تراگېدىيە خاراكتېرىنى ئالىدۇ. كونا تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۇنياۋى تۈزۈم سۈپىتىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن دۇنياغا قارشى كۈرەش قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆتكۈزىدىغىنى شەخسنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك تارىخىي خاتالىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كونا تۈزۈمنىڭ يوقىلىشىمۇ تراگېدىيە خاراكتېرىدە بولىدۇ».[2] بۇنىڭدىن باشقا، كونا شەيئىنىڭ تراگېدىيىسى كونا دۇنيانىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ئىچىدە يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. ھالاكەتكە يۈز تۇتقان سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغان راشىدىن خوجىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك، ئىسلام ئېتىقادچىلىقىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلغىنىغا ئوخشاش خوجە-

---

① «ماركسنىڭ ئا. روگېغا يازغان خېتى» («ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دىن توغرىسىدا»، 39 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى)

② ماركس «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد، كە مۇقەددىمە»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 8 - بەت.

لاردىن ئىبارەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرمىغان كونا كۈچلەرنىڭ چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىغا، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان چىلىك سۇلالىسى مەۋجۇت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشى گەرچە تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىنىپىي مەنپەئەتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلق تەرەپتە تۇرالمىغاچقا، يەنىلا مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدىغان تراگېدىيىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كونا شەيئىلەر تراگېدىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى نېگىزلىك زىددىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا، سىنىپىي نۇقتىئىنەزەر ۋە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى بىلەن كۆزەتكەندىلا ئاندىن چوڭقۇر ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، داستاندا تەسۋىرلەنگەن راشىدىن خوجا ۋەكىللىكىدىكى خوجا ئاق سۆڭەكلىرىدىن ئىبارەت كونا شەيئى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى كۆرگەن چاغدا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشقا ياكى ھېسداشلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىز ۋە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك ھادىسە كۈچا دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابىي تراگېدىيىسى. بۇ تراگېدىيىگە قاتناشقان يېڭى شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى كۈچلەر ئەينى تارىخىي شارائىتتا تارمار بولۇپ كەتكەن، غايەت زور بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ خەلق ئاممىسىدا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز دېگەن ئىشەنچ يوقالغان ئەمەس. بەلكى ئۇلاردا بۇ ئىشەنچ بارغانسېرى ئېشىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە قارىتا ئۈمىدۋارلىق ئارزۇسىنى قوزغىغان.

يۇقىرىقىلار «زەپەرنامە»نىڭ ئۆزگىچە تراگېدىيىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا سۆز ئاچساق يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك قويۇق تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىكى بولغاندىن باشقا ئالدى بىلەن شائىرنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال كۈرەش تارىخىنى ھەققانى مەيداندا تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۇسۇلى ئارقىلىق گەپ باشلايمىز. ئومۇمەن، رېئالىست شائىر كۈچا قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىنى توغرا ئىدىيە، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق، چىن ھېسسىيات بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى داستاننىڭ بىرىنچى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان داستاننىڭ قىسقىچە ۋەقەلىك تەپسىلاتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. داستاننىڭ ئىككىنچى بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ماھارىتىدە كۆرۈلىدۇ. داستاندا كۆپ خىل، مۇرەككەپ ئوبرازلار يارىتىلغان. شائىرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىقىنى، چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. كۈچا قوزغىلىڭىغا ئەسلىدە غوجىلار سەردار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. شىددەتلىك جەڭلەردە غوجىلار دۆڭ قىلىپ چەتتە قاراپ تۇرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەندەك، ھەرقانداق جەڭگە دېھقانلار، خەلق ئاممىسى قاتنىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ شائىر بەزى ۋاقىتلاردا غوجىلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئاندا - ساندا مەدھىيىلەپمۇ قويىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى توغرىدىن - توغرا ئېچىپ تاشلىمايدۇ. شائىر داستاندىكى لىرىك چېكىنىشلەردە قوغىلاڭ رەھبەرلىرى غوجىلارغا مەسلىھەت بېرىپ ئۇلارنى ئادىل ھاكىم بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

موللا شاكىر «زەپەرنامە»دە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يولىدا كۆرسەتكەن كوللېكتىپ جان پىدالىقىنى، قەھرىمانلىقىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىگەن

بولسىمۇ، باقىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل بىر بەگنىڭ گۇناھكارلارنى قاماقخانىدىن قاچۇرۇشىدا ئوينىغان رولىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كونكرېت بولغان گەۋدىلىك بىرقانچە ئىجابىي ئوبرازلارنى ياراتقان ئەمەس، موللا شاكىر ئاق كۆڭۈل بەگ باقىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۇنىڭ قارا يۇلغۇن قاماقخانىسىدىكى گۇناھكارلارنى قاچۇرۇپ تاشلىشىدىكى ئالىيجاناب مەقسىتىنى تەسىرلىك بايان قىلىدۇ. قاماقخانىدىكى گۇناھكارلار باقى بەگنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىلەن كېچىسى بىرى قالماي قېچىپ قۇتۇلىدۇ. باقىبەگ ئەقىل ئىشلىتىپ، كېچىسى گۇناھكارلار تامنى تېشىپ قېچىپ كېتىپتۇ، مەندە نە چارە بار، بۇ ئىش بېشىمغا بالا بولدى، دەپ يالغاندىن يىغلىغان بولۇپ زالىم ئەمەلدارلارنى ئالداپ ئاران قۇتۇلىدۇ. شائىر يۇقىرىقى تەسۋىرلەر ئارقىلىق كىتابخانلاردا باقى شاڭيۇغا نىسبەتەن ئاپىرىن ئوقۇش، ھېسداشلىق قىلىش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ.

داستاندىكى سەلبىي ئوبرازلار توغرىلىق سۆز بولغاندا دەسلەپ ئاقسۇ ئامبىلىنىڭ قىياپىتى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئامبالنىڭ ئوبرازى خەلق ئەركىنلىكىنى، ھۆرلىكىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىدۇر. شائىر ئامبالنى ھەر خىل مۇھىتتا يەنى ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قارشى ئېلىشقا قانداق تەييارلانغانلىقىنى، ئاقسۇ خەلقىنى قانداق ئەزگەنلىكىنى ئەينەن تەسۋىرلەشكە تىرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ پارىخورلىقى، مەنسەپنى ئاقچا بىلەن سېتىۋالغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر كىشىلەرگە بىر خىل يىرگىنىشلىك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

«زەپەرنامە»دە سايىد بەگنىڭ ئوبرازى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەنگەن ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. سايىدنىڭ ئوبرازى فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوبرازىغا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ ئامبالغا ئوخشاش فېئودال ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قويۇلغان ھاكىمبەگدۇر ۋە يەرلىك فېئودالنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. سايىد بەگ فېئودال ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال ئورۇنلايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپسەندە قىلغان مەلئۇننىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«زەپەرنامە»نىڭ دىققەتكە سازاۋەر ئوبرازلىرىدىن بىرى قوزىبايىنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن قايتمايدىغان بۇ شەخس پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سايىد بەگكە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى، قورال جابدۇقى ۋە كەيپىياتى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى سايىد بەگكە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. «زەپەرنامە»دىكى سەلبىي قەھرىمانلار ئامبال، سايىد بەگلەر تارىخىي شەخس بولسا، قوزىباي شائىرنىڭ ياراتقان بەدىئىي ئوبرازىدۇر. بۇ ئوبراز ئامبال سايىد بەگلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى تولۇقلىغان.

داستاندا خەلق كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە راشىددىن خوجا تەسۋىرلىنىپ، ئۇ «بۇرھانىددىن غازى غوجام پادىشاھ»، «پادىشاھىم» دەپ ئۇلۇغلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خەلققە قىلغان بىرەر ياخشىلىقى داستاننىڭ ھېچبىر يېرىدە كونكرېت كۆرسىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى راشىددىننىڭ ياقۇپبەگكە نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن راشىددىن دەۋرىدە ھېچقانداق تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.[1] راشىددىن غوجا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلققە ۋاقىتنچە ئەركىنلىك بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدارە ئىشلىرى ئىلگىرىكىدەك فېئوداللار ۋە روھانىيلار قولىدا ساقلىنىپ قالدى. يەرلىك فېئوداللارنىڭ

① ئا. سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 456 ـ بەت.

قارشى چىقىشىدىن قورققان راشىددىن ئۇلارغا چەكسىز ھوقۇق بەردى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى يەنىلا ئېغىرلاشتى. خەلق ئىچىدە راشىددىنغا نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتى كۈچەيدى. شۇنداق بولغاچقا، راشىددىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى پەقەت بىر يېرىم يىل ساقلاپ قالالىدى. 1865 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ياقۇپبەگ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى تىكلەش قارانىيىتى بىلەن كاشغەر تەرەپتىن قانلىق ئۇرۇش باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن راشىددىن ھاكىمىيىتى ئوڭايلا ھالاك بولدى.

شائىر موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»دە سەلبىي پېرسوناژنى باش قەھرىمان قىلىپ ئېلىشى، ئىجابىي قەھرىماننى بەك گەۋدىلەندۈرمەسلىكىنى ئالاھىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا. شائىر ئەمگەكچى خەلققە مۇۋاپىق باھا بېرىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەيدانى روشەن ۋە ئېنىق. ئۇ ئۆز داستانىدا باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. ئامبال ۋە سايىد ھېكىمبەگ باشچىلىقىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى سۆكۈپ ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى راسا پاش قىلغاندىن باشقا، باقى شاگىيۇدىن (باقى بەگ) ئىبارەت بىر گوندىپاينىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان 20 نەپەر خەلق قوزغىلاڭچىسىنى يوشۇرۇن قاچۇرۇۋەتكەنلىك ۋەقەسىنى قىستۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر روھ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

«زەپەرنامە»نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچى داستان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپنىڭ (ئىجابىي) ئوبرازىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن دەسلەپكى يىرىك ئەسەر. ئىككىنچى، داستان ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرىشىنى تارىخىي چىنلىق پرىنسىپى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، داستان ئاپتورى موللا شاكىر رېئالىستىك ۋە خەلقپەرۋەر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. موللا شاكىرنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سويۇتغا مازىرىغا جايلاشقان قەبرىسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىخلاس قىلىدىغان مۇھىم تاۋاپگاھى بولۇپ كەلگەنلىكى شائىرنىڭ خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 7 § . موللا بىلال نازىمى

### 1 ـ موللا بىلالنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (1825 ـ 1900) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان غۇلجا دىيارىدا تۇغۇلۇپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە تىرىكچىلىك، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىنى، ئەسلىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ماكانى بولغان كېيىن چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ياركەنت شەھىرىدە نامراتلىق ھەم ۋەيرانچىلىقتا ئۆتكۈزگەن، 70 يېشىدا ئەما بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان «نازىمى» (ياكى «بىلال نازىمى») تەخەللۇسلۇق بولغۇسى شائىر موللا بىلال ئاتا تەربىيىسىدىكى ۋاقتىدىلا ساۋادىنى چىقىرىپ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شۇ يەردە ئىجادىيەتكە ئىنتىلگەن. ياش شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى ھەم شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. شائىرنىڭ شۇنداق ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاساس ۋە تۈرتكە بولغان. شۇڭا موللا بىلال مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋە ئۇنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم مەسچىتتە مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ياكى 1867 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ھامان خەلق بىلەن دىلكەش بولغان، ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇلىرى، ئىنقىلابىي پائالىيىتىدىن ئۆز ئەسەرلىرى ئۈچۈن تېما ۋە ماتېرىيال ئىزدىگەن. ئۆزى بىلەن زامانداش خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن دوست بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي كامالىتى ئۈچۈن بەھىر ئالغان. موللا بىلال لىرىكىلىرىنىڭ ئەينى چاغلاردىلا خەلق ئارىسىغا تارقاپ، خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ توپ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانى بىزگە ئۇنىڭ ھۆكۈمران مۇستەبىت فېئودال ئاقسۆڭەك دائىرىلىرىنىڭ ئىلى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى ھېسسىياتى بولغانلىقىنى، ئېزىلىشكە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى، چاررۇسىيىنىڭ ئۆز يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى بولۇپ، قارشى تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. موللا بىلال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول نەتىجە ياراتقان شائىر، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ئۈلۈش قوشقان. ئۆز ۋاقتىدىلا ئىلى ۋادىلىرى ۋە رۇسىيىدىكى شەرقشۇناس كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان.

### 2 ـ «غەزەلىيات»

شائىر موللا بىلال 13 ـ 14 ياش ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئەمما ئۇ

چاغدىكى شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالمىغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن 27 ياش چېغىدا يازغان «غەزەلىيات» ناملىق توپلىمى بار بولۇپ، 1852 ـ يىلى يېزىلغان.

«غەزەلىيەت» جەمئىي 65 پارچە لىرىك شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 2016 مىسرا ھەجىمدە.① بۇ توپلامدا شائىر مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئىجتىمائىي، ئېستېتىك قارىشى ۋە غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مولla بىلالنىڭ بۇ توپلىمى بەلگىلىك بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شائىر قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەندە تولىمۇ نامراتچىلىق ئىچىدە قالغان ھەم شۇ مەزگىللەردە غونچەم ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان. ئۇ قىزمۇ مولla بىلالنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالغان. گەرچە ئۇلار بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار بولسىمۇ، لېكىن مولla بىلالنىڭ قولىدا بىساتى يوق نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياراتماي ھەم قىزنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە پىسەنت قىلماي، غونچەمنى باي بىر كىشىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋەتكەن. بۇ ئەھۋال مولla بىلالغا ناھايىتى چوڭ زەربە بولغانلىقتىن، ئۇ روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ئۆزى ئاشىق بولغان بۇ ساھىبجامالغا بېغىشلاپ، چىن مۇھەببەت ۋە سەمىمىي ھېسسىياتىنى شېئىرىي مىسرالارغا قېتىشقا باشلىغان ھەم غەزەل يېزىشنى ئۈچ يىلغىچە داۋاملاشتۇرۇپ مۇشۇ «غەزەلىيات»نى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ مەشۇقى غونچەمگە ھەدىيە قىلغان.

«غەزەلىيات»تىكى شېئىرلاردا شائىر ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببەت ھەققىدىكى چوڭقۇر، قايناق ھېسسىياتلىرىنى باي تەپەككۇرى، كەڭ تەسەۋۋۇرى، ئۆز سۆيگۈسىگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى، چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن.

«غەزەلىيات»تىكى ئاشىق ئېغىر تورمۇش ئاستىدا دىلى خەستىلەنگەن، ئازاب ئىچىدە پۇچۇلغان، ھىجران ئوتىدا كاۋاپ بولغان، ئاھى پەلەككە يەتكەن، دەرد ـ ئەلەم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان بىر يىگىتتۇر:

......

يىغلاماي نەيلەي بۇگۈن بىر خەستەئى ئاۋارەمەن،
كىم ئەمىن سائەتتە بولدۇم بىقارارىمدىن جۇدا.
بەختى قاچقان بولمىسام ھەم تالىيىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئەردىمۇ بۇ كۈن رۇيى ئانارىمدىن جۇدا.

ئەمما، بۇ بىتەلەي ئاشىقنىڭ يەلكىسىدىن ئېغىرچىلىق قانچىلىك دەرىجىدە باسمىسۇن، چىن مۇھەببەتكە سادىقلىق كۆرسىتىدۇ، گۈزەل ھاياتقا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمايدۇ، روھىي چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، ۋاپادارلىقىنى كۈيلەشنى ئۈمۈرلۈك ۋەزىپە قىلىپ تاللىۋالىدۇ:

ئىلاھا ئول پەرىگە مەن غەرىبنى ئەيلەگىل شەيدا،

---

① مولla بىلال «غەزەلىيات» (م. كانالى، ت. زىرىدىن تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

پىراقىدا مېنى قىلغىل مىسالى بۇلبۇلى گويا.
......
پەقرى بىلالى، قىلغىل دۇئايى،
يارغا يېتەرسەن بولساڭ سالامەت.

ئەينى چاغدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ غەمكىن ۋە ئېغىر ھاياتى، نامرات ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ بەختسىز مۇھەببىتى، يىراقتىكى يارىنى سېغىنىش، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىشتىياقى بىلەن ئېيتىلغان شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ھەقىقىي ھايات مەنزىرىسىنى كەلتۈرىدۇ. شائىر ئەنە شۇ ئاشىق يىگىت بىلەن ھىجران ئازابىدا كۆيگەندەك، ئۇنىڭغا ئاھاڭداش بولۇپ ئېيتقان قوشاقلىرى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

موللا بىلال شېئىرلىرىدا يارنى ئۇلۇغلاش، يەنى فېئودال كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇلارغا ئوقۇلغان قىزغىن مەدھىيىلەر ئارقىلىق كىشىلىك ئەركىنلىكى، تەڭلىكى، ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىر نەزىرىدە ئاياللارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانىي ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغان ئىدى.

موللا بىلال ئەينى زاماندىكى ئاياللارنى «چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» دەپ كەمسىتىدىغان، ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، خورلايدىغان فېئودallıق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ ئۇنى سۆكۈپ، قىز - چوكانلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئىجتىمائىي ئورنىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاياللارنى جەمئىيەتتە ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش كېرەك دەپ قاراپ، ئاياللار ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

شائىر موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات»قا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى يىگىت - قىزلار ئوبرازى ۋە مۇھەببىتى دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. شائىر تۇرمۇشتىكى قارىمۇقارشىلىقلار، بايلىق، نامراتلىق، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، ئىنساپ ۋە ئاچكۆزلۈك، ياخشى نىيەت ۋە ھەسەتخورلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆردى. ھەتتا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى كىشىنىڭ، يەنى يىگىت ۋە قىزنىڭ بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈنمۇ ئادالەتلىك تۈزۈمنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى شائىر «ئادىل پادىشاھ بولسا، ھەركىم سۆيگىنىنى ئالسا» دېگەن قۇرلاردا ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

شائىر، ئادالەتلىك پادىشاھنى ماختاش بىلەن زالىم ھۆكۈمرانغا شۇنچە لەنەت ياغدۇرىدۇ. زالىملار تىرىكلىكىدىمۇ، ئۆلگىنىدىمۇ خەلقنىڭ يادىدىن يىراق تۇرىدۇ، ئۇلار يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

شائىر خەلقپەرۋەر ئىنسان سۈپىتىدە ئىجتىمائىي خاھىشتىكى شېئىرلىرىدا يەرلىك روھانىي، فېئودال ھۆكۈمران گورۇھلارنى ئادالەت، ئىنساپقا چاقىردى. بىراق ئەينى چاغدا، شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋە دىنىي دائىرىلەر ئەمگەكچى خەلقنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئەزدى.

نازىمى لىرىكىلىرى ھەقىقەتەن شەكىل ۋە بەدىئىيلىك يېقىدىن ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىر لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرۇلۇق سۆز ئاچساق نازىمى ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋردە يارالغان «غەزەلىيات» دىۋانىغا كىرگەن غەزەللەرنىڭ كۆپچىلىكىدە شەرق

مۇسۇلمان كلاسسىك پوئېزىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئىجادىنىڭ پەيدىن - پەي راۋاجى جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىي يولنى ئىزدىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋائىيغا ئوخشاش، ئۇ ئۆز ئىجادىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پوئېتىكىلىق ئۇسلۇبلاردىن كەڭ پايدىلاندى ۋە كلاسسىك پوئېزىيىنىڭ غەزەل ژانىرىنى يېڭى پوئېتىكىلىق ئېلېمېنتلار بىلەن بېيىتتى. بۇ پوئېتىكىلىق ئېلېمېنتلار شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى روشەن ئىپادە قىلىش ئۈچۈن شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ۋە خەلق ئىجادىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئىجادىي پايدىلانغان بىلال نازىمى ئۆز ئىجادى پائالىيىتىدە قىسقا شېئىرلاردا كەڭ مەزمۇننى ئىپادە قىلىشقا ئىنتىلدى.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن سۆز سەنئەتكارى سۈپىتىدە كىچىك ھەجىمدىكى لىرىكىلىق پارچىلاردا چوڭقۇر ۋە مەزمۇنلۇق پوئېتىكىلىق تەپەككۇرنى ئىپادە قىلىشقا تىرىشقان.

شائىرنىڭ لىرىكىلىرى 18 مىسرادىن ئاشمايدۇ، يەنى شائىر لىرىكىلارنى قىسقا يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

موللا بىلالنىڭ دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «غەزەلىيات»تا ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇلار شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىۋى خاھىشىدىكى ئىلغار ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

### 3 - «غازات دەرمۇلكى چىن»

بۇ «كىتابى غازات دەرمۇلكى چىن»① («چىن مەملىكىتىدە ئۆزئارا يۈز بەرگەن مۇقەددەس ئۇرۇشلار ھەققىدە كىتاب») دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادى 1876 - يىلى يېزىلغان.

بۇ كىتابنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسى، 1864 - يىلى، ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر بەدىئىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ داستان ئىلى ۋىلايىتىدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى تارىخىنى ئۆگىنىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قاتاردا XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

«غازات دەرمۇلكى چىن» يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك بىلەن يۇقىرى بەدىئىيلىكنىڭ ماھىرانە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

داستاندا ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى بويالماستىن، بۇرمىلانماستىن، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ، دۇرۇس ۋە لىللا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن گەپنى ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

موللا بىلالنىڭ يېقىن دوستى ئەلى ئۇنىڭغا ھىجرىيە 1281 - يىلى (مىلادى 1864 - يىلى) ئىلىدا بولغان خەلق قوزغىلىڭى ھەققىدە بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. موللا بىلال ئەلىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇق - پالۋانلىقلىرىنى تەرىپلەپ، ئۆزى كۆرگەن ۋە ئىشتىراك قىلغان ئەھۋاللار ئاساسىدا «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق مەشھۇر تارىخىي داستاننى يېزىپ چىقىدۇ. شائىر

① موللا بىلال «غازات دەرمۇلكى چىن» (غ. يۇنۇس تەييارلىغان) «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 2 -، 3 -، 4 - سانلار.

داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، داستانىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى بايانقىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«يۈرۈپ بۇ بىلال بۇ جىھاد ئىچرە كۆپ،
پىتىپ دەفتەرى ئىچرە ئالدى كۆرۈپ.»
«ئىلەنىڭ جىھادىنى نەزم ئەيلەيىن،
ئوقۇلسا بۇ ئەشئار مەقلىس ئارا،
ئۇمىدىم بۇدۇر بىزگە قىلسا دۇئا.»

شائىر چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ جەڭنامىدە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، بۇ قوزغىلاڭدا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسۇر قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەن، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئەنە شۇ ئەھمىيەتلىك جەڭ توغرىسىدا ئۆچمەس يادىكارلىق قالدۇرغان.

شائىر ئېلىنىڭ XVII ئەسىردىن 1864 - يىلىغىچە بولغان تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ قانداق شارائىتتا باشلانغانلىقى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ، داستاندىكى ۋەقەلىك 1871 - يىلى چارروسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

موللا بىلال قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«نە ۋەجھە ئىدى بۇ جىھادقا سەبەب،
ئانى ئۇقتۇرۇرمەن بەياتىمدا دەب.»
«قىلىپ كۇفرى مۇئمىنىگە زۇلۇم - ستەم،
ئالىب ئارفا، بۇغداي، قوناقۇ دىرەم،»
«مۇدام نەقرە - زەرلەر ئالىب بايىدىن،
كى تارتىب ئالىب بايلار تايىدىن.
قەقىرلەر ئۆلۈمنى كۆرۈپ ياخشىراق،
سىپاھلار فەقىرنى ئۇرۇپ كۆپ تاياق.»
چىدالماي بۇ كۇففارلار زۇلمىغا،
رىئايا چىدالماي تاياق - غۇلدىغا.
ھوسۇلغا ساتىب ياخشى فەرزەندىنى،
كى جاندىن ئەزىزراق جىگەر بەندىنى.»

ئەمگەكچى خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغان خەلق شائىرى نازىمى ھەققانىي يوسۇندا خەلق ئىنقىلابىغا قاتناشقاندى ۋە ئۇنى چوڭقۇر كۆزىتىپ بارغانىدى. ئىلغار پىكىرلىك، سەزگۈر ئەدىب خەلق ئىنقىلابىنى مېھنەتكەشلەرنىڭ ئادالەتسىزلىككە قارشى ھەرىكىتى ۋە ئۆز غايىسىدىكى ئادالەتكە ئىنتىلىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى قىلىپ ئەكس ئەتتۇردى.

مەزكۇر داستانىنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىدىن بىرى، گەرچە دىنىي پەردە

ئاستىدا بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلىگەنلىكتە كۆرۈلىدۇ. ئاپتور جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، ئۇنىڭدا بىرەر تارىخىي شەخس ئەمەس، بەلكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى نىسبەتەن ئەينەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە، شۇنداقلا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان يۇقىرى تەبىقە ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. تارىخىي شەرت - شارائىت ۋە يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن نازىمى قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، قوزغىلاڭ جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن، قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ داستان سەھىپىسىدە كەڭ مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرى ھەر تەرەپلىمە ۋە تىپىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن. چۈنكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالىيجانابلىق خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن.

مەلۇمكى، ئىلى رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ھەققانىي خەلق ھەرىكىتىنىڭ ئالىيجانابلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئوبيېكتىغا، ئومۇمەن مۇشكۇل كۈرەشنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئۇ چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك (خۇنۇكلۇك)، ھەققانىيەت بىلەن ياۋۇزلۇق بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان چوڭقۇر جەريانىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئالىيجانابلىق گۈزەللىك ياكى ھەققانىيلىق بىلەن سەتلىك ياكى ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش مەنزىرىسىنى تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن شائىر نازىمى داستانىدا كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە ئېتىكىلىق پوزىتسىيىسىنى زور دەرىجىدە قوزغىغان. دەل مۇشۇنداق جىددىي كۈرەشتە گۈزەللىك، ھەققانىيەتنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچى ۋە ئۇنىڭ ھېچ نەرسە توسۇۋالالمايدىغان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالى نامايان قىلىنغان.

ئىجتىمائىي ھاياتتا، جەمئىيەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشىمۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ۋە ئەگرى - توقاي كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە، غايەت زور بەدەل بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. دەل مۇشۇنداق كۈرەشلەردە، يەنى ئىلى خەلق قوزغىلىڭىدا ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئالىيجاناب روھى نامايان قىلىنغان. مەلۇمكى، بۇ قېتىمقى ئىلى دېھقانلار ھەرىكىتى — ئېلىمىزدە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاشلا ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەر كونا تۈزۈمگە، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇشكۇل كۈرەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت مۇئەييەن قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق روھىنىڭ بولۇشىغا موھتاج ئىدى. شۇڭا بۇ كۈرەشنى تارىختا مەردانىلىق ۋە ئالىيجانابلىق سەھىپىسىنى ئاچقان، دەپ قارايمىز. دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە شەھەر نامراتلىرى ئاساسىي كۈچ بولۇپ ئېلىپ بارغان ئىلى قوزغىلىڭى شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇشكۇل ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان قەھرىمانانە ۋە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئالىيجاناب غايىسى

ۋە ئۈزۈل - كېسىل ئىنقىلابىي روھىنى گەۋدىلەندۇردى. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان جاسارىتى پەلەكتىن ئاشقان باتۇر ئىنقىلابى قۇربانلار ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئالىيجانابلىقنىڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر.

ئىلى خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي كۈچى گەرچە تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ئىلغار تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار فېئودال كۈچلەر ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ۋە نابۇت قىلىشى بىلەن تراگېدىيە خاراكتېرلىك ھالەتكە دۇچار بولدى. داستان تراگېدىيىسىدىكى ئايرىم شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، نام - ئابرويى، مۇھەببىتى ئۈستىدىكى ھەسرەت - نادامىتى بىلەن چىرمىلىپ قېلىپ، چىگىش ئىچكى زىددىيەتكە پېتىپ قالغاچقا، خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ يۈكسىلىش دەۋرىگە خاس ئىنقىلابىي روھنى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى يوقىتىپ قويغان. خەلقچىل شائىر نازىمى ھەق ناھەق مەسىلىسىدە قىلچە تەۋرىنىشتە بولماي، خەلق ئىنقىلابىنى يۈكسەلدۈرگەن كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە مەزىمخان بىلەن ئەھمەدخان خوجا قاتارلىق مۇناپىق، پىتنە - پاساتچى، رەزىل، سەلبىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئارقىلىق يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ دىنىنى نىقاپ قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئىنتىلىدىغان ۋە شۇ مەقسەتتە ھەرقانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل ماھىيىتىنى جانلىق ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئاساسىدا پاش قىلىپ ئۆتكەن.

ماركس دىن، جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەملەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «دىن - تېخى ئۆزىگە ئىگە بولمىغان ياكى ئۆزىنى قايتىدىن يوقاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئېڭى ۋە ئۆز تۇيغۇسى. لېكىن ئادەم ئابستراكت، دۇنيانىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئادەم ئادەمزات دۇنياسى دېمەكتۇر، دۆلەت ۋە جەمئىيەت دېمەكتۇر. دۆلەت ۋە جەمئىيەت دىنىنى، يەنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراشنى پەيدا قىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا ئىدى.»[1] مانا بۇ دىنىنى بايراق قىلىپ، خەلقنى قوزغاپ، ئۆز مەسلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى روھانىلارنىڭ مەسىلەكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان نەزەرىيە. مەلۇمكى ئەينى چاغدا ئەمگەكچى خەلق رىيال مەئىشەت ئۈچۈن ئىنتىلگەن ئىدى.

«ھەرقانداق يېڭى شەيئى ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇشكۈل ۋە ئەگرى - توقاي يوللاردىن ئۆتىدۇ... مۇشكۈل ۋە ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتمەي، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي، ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇشنى، ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلاش خام خىيالدىنلا ئىبارەت».[2] ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تراگېدىيە خاراكتېرلىك توقۇنۇشنى پەيدا قىلىپ، تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەھالەنكى، قەھرىمان شەخسلەر مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

---

① ماركس «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد،گە مۇقەددىمە»، («ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دىن توغرىسىدا»، 3 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى).

② ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 608 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1977 - يىلى نەشرى.

كۆرەشتە ئىپادىلەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئالىيجاناب ئوبرازى مەڭگۈ ياشاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىپ، «ئۇلۇغ ھايات ۋە شەرەپلىك ئۆلۈم» نى ھەم خەلق ھۆرلۈكى ئىشلىرى ئۈچۈن قەتئىي كۆرەش قىلىشنىڭ چەكسىز ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلغان. ئىنقىلابىي ئىشلار ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىمۇ ئۇنىڭدىن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، خەلق ھۆرلۈك تەرەپدارلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە قەيسەرلىكىنى چېنىقتۇرۇپ، ئېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن ئوبرازلىق بىشارەت بەرگەن.

بىزگە مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مۇھىم مەسىلە گۈزەللىك مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن ئەسەردە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ ماسلىقى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، روسىيىلىك پەيلاسوپ پىلخانوۋ «ھەققانىيلىق — ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر، شائىر ھاياتنى، ئۇ قانداق بولسا شۇنداق پەردازلىماستىن ۋە بۇزماستىن تەسۋىرلىشى لازىم» دېسە، ئېنگېلس بالزاك رومانلىرىغا بەرگەن باھاسىدا «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرەلىگەنلىكىدۇر» دېگىنى دەل ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. نازىمى ئىلغار پىكىرلىك خەلقچىل شائىر بولغاچقا، داستاندا بەدىئىي چىنلىق پرىنسىپىغا باشتىن ـ ئاخىر قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلگەن. داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىدىكى تارىخىي چىنلىق يۇقىرىقى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلىنىشى بىلەن يۇرۇتۇلغاندىن باشقا، داستان يەنە بىر قاتار تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ داستان بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە ئالاقىدار ۋاقىتنى ئېنىقلاشتا تايىنىدىغان مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ داستان بىزنى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ داستان قوزغىلاڭدىن ئىلگىرىكى ئىلىنىڭ ھاكىمدارلىرى، ئىلى سۇلتانلىقى مەزگىلىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

تۆتىنچى، بۇ داستاندىن يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ھۈنەرۋەنلەر، سەنئەتكارلارغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بار.

بەشىنچى، بۇ داستان ئۇرۇش، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى جەھەتتە بىۋاسىتە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ[1].

داستاننىڭ ئىككىنچى بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى رەڭگارەڭ ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

شائىر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ تەسۋىرلەيدۇ. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئەسەردىكى ئىجابىي قەھرىمانلار بولۇپ، ئۇلارغا ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ، ئەلاخان پالۋانلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ بېشىدىن تارتىپلا مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇر، تۇنگان (خۇيزۇ) خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىپ كۆرەش قىلىشى لازىملىقىنى بىلەتتى. بۇ گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىچىدە قازى نەسرىدىن ئاخۇنۇم (قازى كالان)، ئەھمەد خەزىنىچى بەگ، موللا

---

[1] خوجا ئەھمەد يۇنۇس «مۇھاكىمە ئۇنچىلىرى»، 152 ـ 167 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى

روزى ئاخۇن (مۇفتى)، سادىر پالۋان، شەمسىدىن خەلپە قاتارلىق كىشىلەر بار. ئىككىنچى گورۇپپىدىكىلەر ئەسەردىكى سەلبىي قەھرىمانلار بولۇپ، ئۇلارغا مەئىزەم خان (بۇرۇنقى ھاكىم بەگ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى)، ئەھمەدخان خوجىلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭغا خەلقنىڭ ھوزۇرلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قاتناشقان. ئۇلارنىڭ كاللىسىنى مەنسەپ تۇتۇش، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئويى - خىيالى چىرمىۋالغاچقا، قوزغىلاڭ داۋامىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. بۇ گورۇپپا ئەزالىرى ئىچىدە موللا شاۋكەت ئاخۇن (ئىلى سۇلتانلىقىدا قازى ئەسكەر، قازى كالان، سۇلتان بولغان)، پوچى مەھمۇد (ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى)، ئىككىنچى توختى ئاخۇن (ئەمىرلەشكەر، ئەھمەدخان خوجامنىڭ ئىنىسى)، سەيىد ئۆمەرخان خوجام (ئەنجاندىن كەلگەن) قاتارلىق كىشىلەر بار. مەئىزەمخان جاڭجۈننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قوزغىلاڭچىلار سېپىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، سۇلتانلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنى، قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىنى يوق قىلىشقا كىرىشىدۇ.

بايانداي ئۇرۇشتا ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ قالتىس يەم - پاراستى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇي قازىنىدۇ. شائىر داستاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

باھادىر ئاتاندى بۇ جەڭگە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر، شاھ ساھىب سەرىر.
ئەمىردىن ھەممىنىڭ دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلەدى تافتى غەمدىن نىجاد.
دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرەسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇسۇت،
دىلى دۇرۇست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست.

مەئىزەمخان سۇلتان ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭغا قەست قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئۇنىڭ پىلانلىشى، ئەھمەدخان خوجىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىشى بىلەن دەسلەپ ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ، ئىسھاق بەگلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، قازى نەسىرىدىن ئاخۇن زىندانغا تاشلىنىدۇ، كېيىن ئەھمەد خەزىنىچى بەگ (ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ قېيىناتىسى)، ئۇنىڭ ئوغلى ئاخۇن بەگ، قازى كالان نەسىرىدىن ئاخۇنۇملار تۈرلۈك ئىپلاس يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. موللا بىلال ئەسىرىدە بۇ رەزىل ھەرىكەتلەرنى قارىلايدۇ، قاتىللارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. شائىر قازى كالان نەسىرىدىن ئاخۇنۇم ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا مەئىزەمخاننى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كى ئېرەشتۈرۈپ نەچچە ناداننى شاھ،
كى قان تۆككەلى ئاتلىنىپ تۇتتى راھ.
بۇ شاھ يولداشى جۇملە جاھىل ئىدى،
ۋەلى خۇن ناھەققە كامىل ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا مەنسەپ تالىشىش يولىدا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئەۋج ئالىدۇ. باياندىن ئىلگىرىكى سەككىز ئاپتوبۇستىن بىرى يېنىغا بارىدۇ ... بايانداي ئىلىنغاندىن كېيىن غۇلجىدا پەيدا بولغان پوچى مەھمۇد (قېرى غوجا) ئەھمەدخان غوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇلتان مەئىزەمخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئاران 36 كۈن «سۇلتان» بولغان پوچى مەھمۇدقا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موللا شاۋ-كەت ئاخۇن سۇلتان، ئەلاخان پالۋان ئەمىر بولىدۇ. كۆرەنى ئېلىشقا ئەلاخان پالۋان يولباش-چىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى، سادىر پالۋاننىڭ سىپىل ئاستىدىن ئۇزۇن ئۆڭكۈر كولاپ، دورا قويۇپ سېپىلنى پارتلىتىۋېتىشى بىلەن كۆرە قەلئەسى ئېلىنىدۇ. سۇلتان موللا شاۋكەت ئاخۇن ئەمىر ئەلاخان پالۋاننىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلى-قىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭغا گۇناھ قويۇپ، ئۇنى ئەمىرلىكتىن ئېلىۋېتىدۇ. شائىر ئەسىردە بۇ ئەھۋاللاردىن قاتتىق ئېچىنىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئۇلۇغلار دىلىدا بۇزۇلدى نىيەت،
كى ئارى بۇزۇق دىلدا يوق خاسىيەت.»
«كى دۈشمەن ھەر ئەتراپىمىزدا تۇرۇپ،
تۈگەتۇر ئىكەن بىر - بىرىن ئۆلتۈرۈپ.
كى مۆئمىن مۇسۇلمان قانىنى تۆكەر،
كى شەك يوق بۇ يۇرت ئىلكىمىزدىن كېتەر.»

خەلق بۇ ئەھۋاللارغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئەمىر ئەلاخاننى سۇلتان قىلىدۇ. ئەھمەدخان غوجا تۇنگانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار موللا شاۋكەت ئاخۇننى زىندانغا تاشلايدۇ ۋە كېيىن تاغارغا سولاپ ئىلى دەرياسىغا تاشلايدۇ، ئەمىر توختى ئاخۇننى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر بۇ تارىخىي داستاندىن قوزغىلاڭ ۋە ئىلى سۇلتانلىقى مەزگىلىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، شېھىت ۋە قازىلارنى، ئالىم - ئۆلىمالارنى، باتۇر - پالۋانلارنى، دانا ئەمىر، ئادىل، ئادالەتلىك سۇلتاننى ھەم ساتقىن - پاسىقلارنىڭ سۈرىتى، قىلمىشلىرىنى ۋە قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايدۇ. دېمەك، ئىلىدە بولغان بۇ خەلق قوزغىلىڭىنى ئىلمىي تەكشۈرۈشتە موللا بىلالنىڭ بۇ ئەسىرى ئاساسلىق تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ[1].

ئومۇمەن «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان XIX ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا يۈز بەرگەن خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى خەلقچىللىق مەيدانىدا تۇرۇپ، تۇرۇشقا سادىق بولغان ئاساستا، ھەققانىي يوسۇندا تەسۋىرلەنگەن. بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، يەنى داستاندا كوللېكتىپنىڭ بەدىئىي ئوبرازى ئوتتۇرىغا

---

[1] غوجا ئەھمەد يۇنۇس «مۇھاكىمە ئۈنچىلىرى» 54 - 57 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى.

يارىتىلغان؛ ۋەقە ـ كومپىلىكىت جىددىي، كەسكىن ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن، پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، بىر قاتار تەسىرلىك ۋە نەمۇنىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجابىي پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. نەسر ۋە نەزمە بايان شەكلى مۇۋاپىق ماسلاشقان ھالدا قوللىنىلغان. ئېپىك بايان ئاساسىدا، لىرىك بايانلارنىڭ تەسىرىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان.

## 4 ـ «نۇزۇگۇم»

بۇ داستان 1882 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرغان باتۇر قىز نۇزۇگۇمنىڭ شانلىق ئوبرازى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.[1]

دستان باش قەھرىمانى نۇزۇگۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى چولپانگۇل بولۇپ «... موللا ئايال ئىدى. ئۆزى ئىلباغدەك ئۈلۈك، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەن بولغانلىقى ئۈچۈن كاشغەر خەلقى ‹نازۇگۇم› دەپ ئات قويغان ئىدى» (نازىمى «نۇزۇگۇم» داستانى). ئۇ تەخمىنەن 1808 ـ يىللىرى[2] ئەتراپىدا كاشغەردە بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئوقۇپ موللا بىر ئايال بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ ياشىغان يىللار كاشغەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. نازىمى نۇزۇگۇم تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىسىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلغان.

«داۋۇت خان خان بولۇپ ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر خوجام كاشغەرگە كېلىپ سوقۇشۇپ، كاشغەرنى ئۆزىگە تەئبە قىلىپ، ئالتە ئاي سورىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدىن چىنگوندىكى دېگەن جاڭجۇن (سانغۇن) نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ كاشغەرگە كەلگەن. بەيخوزا، ياڭدارىن دېگەن جاڭجۇنلەر بىر بولۇپ، جاھانگىر خوجام بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر خوجامنى تۇتۇپ، داۋۇت خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىپ كاشغەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەن. ئەمما، نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەنىكەن»

داستاندا تىلغا ئېلىنغان داۋۇت خان چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ خانى، جاھانگىر خوجام بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى ساماساقنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جاھانگىر بولۇپ، بىرقانچە قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭدا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرگەن شەخس ئىدى.

بىر قېتىم، يەنى 1826 ـ يىلى جاھانگىر خوجا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن باشقا قوقەنلىكلەردىن ۋە بۇيرۇتلاردىن 500 نەپەر ئادەم توپلاپ ئەنجان تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئاتۇشقا ھۇجۇم قىلغان. ئارقىدىن ئۇيغۇرلاردىن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ كاشغەر بىلەن يەركەنگە ھۇجۇم قىلغان. كاشغەرنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن ئامبىلى چىڭ شياڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. كاشغەر، يەركەن، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق تۆت شەھەر ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كەتكەن .

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جاڭجۇنى چاڭ لىڭنى 36 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جاھانگىر خوجىنى قورشاپ يوقىتىشقا ئەۋەتكەن. چىڭ قوشۇنلىرى يېرىم يىل جاپالىق

---

[1] موللا بىلال «نۇزۇگۇم» (م. باھاۋۇدۇن تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى 1 ـ سان.

[2] بەزى مەنبەلەردە نۇزۇگۇمنىڭ ياشىغان يىللىرى 1800 ـ 1830 ـ يىللىرى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئا. ھىلىمھاجىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم توغرىسىدا» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

ئۇرۇش قىلىپ، غەربتىكى تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلغان. جاھانگىر خوجا پامىر ئېگىزلىكـ
ىگە قېچىپ بېرىپ، بۇيرۇتلارنىڭ ساياق قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايىغا يوشۇرۇ-
نۇۋالغان. 1828 ـ يىلى ئەتىيازدا جاھانگىر خوجا قاچقاندا قولغا چۈشۈپ، بېيجىڭغا يالاپ
ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن بۇ
ھەرىكەتكە قايمۇقۇپ قاتناشقان يەرلىك ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن قاتتىق بېسىش سىياسىتە-
نى يولغا قويغاندىن سىرت، 12 مىڭ تۇتقۇننى ئىلى جىياڭجۈنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى
ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767ـ
يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىشى
ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن 12 مىڭ تۇتقۇن ئىچىدە نوزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا
غوجىمۇ بار ئىدى. بۇ مۇساپىرلار چوغيۇلتۇزغا كەلگەندە نوزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا
غوجا بىر موغغۇل ئاقساقىلىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

نوزۇگۇم كاشغەردىكى چېغىدىلا ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئىشلىرىنىڭ ياقلىغۇچىسى،
جەڭگەرلىك ۋە ۋىجدانلىق قىز خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبى
ئاساسىدا ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ۋە قاباھەتلىك زامان، پاجىئەلىك دەۋرانغا بولغان
قارشىنى يارقىن ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، تەسىرلىك يوسۇن-
دا ئوقۇپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئىلىغا كېتىۋاتقاندا ئوقۇغان مۇنۇ قوشاقلىرى بىر خەلق
شائىرەسىنىڭ مۇڭ ـ زارىنىڭ دولقۇن كەبى ئۆركەشلەپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇز داۋانىنىڭ يولىدىن،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ.
ئىلىخوغا بارغۇچە،
جېنىمىز ئامان بارمۇ.

خەير ئاتا مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ ـ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
كاشغەر شەھرىم ياخشى قال.

نازىمى قەلىمى ئاستىدىكى نوزۇگۇمنىڭ ھاياتى تراگېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز-
دۇر. ۋەھالەنكى، رېئاللىقتىكى نوزۇگۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۆلۈمى بىر تراگېدىيە
ئىدى. بۇ خىل تراگېدىيىلىك تۇرمۇش شائىرنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە تالانتىنىڭ نەتىجىسىدە
رېئاللىقتىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كىتابخان قەلبىنى چەكسىز ھاياجان ئىلكىگە
ئالغان. نوزۇگۇمنىڭ ھايات يولى ئۇنى ئادەتتىكى ئائىلە ئاياللىرىدىن تەدرىجىي ئىجتىمائىي

ئادالەتنى قوغدىغۇچى، ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەشكۈچى ئىسيانكار ئىنسان ئورنىغا ئېلىپ چىقىدۇ. كىچىككىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئاتىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۆسكەن بۇ چوكان قانخور چېرىكلەر تەرىپىدىن ئۈچ ياشلىق ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى، سۆيۈملۈك دادىسى، ئىللىق ئائىلىسى، ئەزىز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ خورلۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشى، قارا كۈچلەر قولىدىن ئىككى قېتىم قېچىپ، قومۇشلۇقتا يوشۇرۇنۇپ، يېڭى ھايات يولى ئىزدەش جەريانىدىكى تىركىشىشى تراگېدىيىلىك ھاياتىنىڭ چوڭقۇر زىددىيەتكە تولغان جەريانى ئىدى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا ئىنسانلار تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تراگېدىيىنىڭ مەنبەسى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ، تراگېدىيە توقۇنۇشىنىڭ يىلتىزى جەمئىيەتتىكى ئىككى خىل سىنىپىي كۈچ، ئىككى خىل تارىخىي يۈزلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ خىل زىددىيەتنى مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا ھەل قىلغىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىنى مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئىلغار پىكىرلىك سەنئەتكارلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تراگېدىيە توقۇنۇشى ئومۇمەن بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى يېڭى شەيئى، يېڭى كۈچلەرنىڭ تراگېدىيىسى، بۇنداق تراگېدىيە ئاساسەن يېڭى شەيئى ئۆزى تۇغۇلغان چاغدا تېخى ئانچە كۈچلۈك بولمىغانلىقى، گەرچە تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ئىلغار تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ تەلەپنى شۇ باسقۇچنىڭ ئۆزىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ياكى يېڭى شەيئى، يېڭى تۇغۇلغان كۈچلەرنىڭ ئۆزىدە تېخى بىر تەرەپلىمىلىك بولغانلىقى، سۇبيېكتىپ جەھەتتە تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقى، خاتالىق ۋە كەمچىلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەر ئىككىسىدە يېڭى تۇغۇلغان كۈچلەرنى كونا كۈچلەر بېسىپ چۈشىدۇ ياكى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەتلىك گۈزەللىكنى بېسىپ چۈشىدىغان تراگېدىيە شەكىللىنىدۇ. لېكىن، تراگېدىيە مۇشۇنداق توقۇنۇش ۋە ھالاكەت ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق تراگېدىيە توقۇنۇشىدا يېڭى شەيئىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار مەلۇم تارىخىي شارائىتتا تارمار بولۇپ كەتسىمۇ، مەلۇم مەزگىلدە كۆتۈرگۈسىز بەدەللەرنى بەرسىمۇ، بۇ ھال ئۇلارنى ئاخىرى قەلبىنى قولغا كەلتۈرىمىز دېگەن ئىشەنچتىن ياندۇرمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. كىشىلەردە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە قارىتا ئۈمىدۋارلىق ئارزۇسىنى قوزغايدۇ. «نوزۇگۇم» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتىدە كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان كۈچى نامايان قىلىنغان. تراگېدىيىدە سەتلىكنىڭ گۈزەللىكنى ۋاقىتىنچە بېسىپ چۈشۈشى ئارقىلىق گۈزەللىكنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۈچلۈك دەرىجىدە نامايان قىلىنىدۇ. تراگېدىيىنىڭ مۇنداق ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ماھىيەتتە بىر خىل ئالىيجاناب گۈزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئالىيجانابلىق ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي كۈرەشنىڭ جاپالىقلىقى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا تراگېدىيىدىكى قەھرىماننىڭ قۇربان بولۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

نوزۇگۇم خېلى بىر مەزگىل يەككە - يېگانە ئېلىشىپ قارا كۈچلەر قولىغا قايتا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن ئويلىنىپ، ئۆزىگە ھەققانىيەت

كۆچلىرىنىڭ يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇستەبىت قارا كۈچلەر ھۆركىرەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان نوزۇگۇمنىڭ ئۈمىد ـ تىلىكىنى بەجا كەلتۈرۈش ھېچقانداق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولالمايتتى. نوزۇگۇمنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى ئوخشاش ئەينى تارىخىي شارائىتتا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

يەتتە يۆلەكتىن تۈزۈلگەن بۇ داستاندا، نوزۇگۇمنىڭ قەتلى قىلىنىش جەريانى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«جاڭجۇن خانغا ئەۋەتكەن خەت 41 كۈندە يېتىپ بېرىپ، خاندىن ھەم 41 كۈندە جاۋاب خەت كېلىدۇركى (بۇ خەت كېچە بارسا كۈندۈزگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن، ئەگەر كۈندۈزى بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن) دەپ خانغا بارغان خەتنىڭ جاۋابى 42 كۈنگە كەلگەن كۈنى نوزۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مويتوگۈزىغا ئېلىپ بارىدۇ. خالايىقلار سانجاق ـ سانجاق بولۇپ، مويتوگۈزىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. نوزۇگۇمنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ، قىبلىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. بىر جاللات نوزۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلگەن بولۇپ تۇرغاندا يەنە بىر جاللات ئارقىسىدىن كېلىپ چاپقان، نوزۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ».

نوزۇگۇم تراگېدىيىسى جۇڭگونىڭ فېئودالىق مۇستەبىت تۈزۈمى ئەڭ قاباھەتلىك باسقۇچقا كىرگەن بىر چاغدا يۈز بەرگەن. بۇ تراگېدىيىدە ئەنە شۇ جەمئىيەت تارىخىنىڭ مۇقەررەرلىكى بىلەن قارا كۈچلەر چۈشەنگىلى ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل تەقدىر سۈپىتىدە ئادەم بىلەن قارشىلىشىپ، تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنداقتىمۇ بۇ تراگېدىيىدە نوزۇگۇمنىڭ ئىجتىمائىي ياۋۇز كۈچلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېلىپ بارغان قەھرىمانە كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان فېئودالىق جەمئىيەتتە فېئودالىق تۈزۈم، مىللىي زۇلۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دېموكراتىيە، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتقان يېڭى كۈچلەرنى بېسىپ كەلگەن. بۇ كۈرەشلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نوزۇگۇم تراگېدىيىسىگە ئوخشاشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نوزۇگۇمنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېرى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆسۈۋاتقان دېموكراتىزم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىخلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ گەرچە تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ئىلغار تەلپىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ فېئودال كۈچلەر ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ۋە نابۇت قىلىشى بىلەن تراگېدىيە خاراكتېرلىك ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. نوزۇگۇم تراگېدىيىسى كونا تۈزۈم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن پاش قىلىش ۋە غەزەپلىك شىكايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نوزۇگۇم خاراكتېرىدە ھەققانىيەتنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كىشىلىك ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئېلېمېنتلار يۈكسەك ئۇلۇغلۇق (ئالىيجانابلىق) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ھەقىقەت ئىزدەش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، ھەققانىيەتنى ھىمايە قىلىش، ئەركىنلىك ئىنسان خاراكتېرىدىكى ئورتاق ئىنتىلىشچان سەزگۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەۋقەسى ۋە شەخسىي خاھىشى بويىچە پىكىر بايان قىلىدۇ ياكى ھەرىكەت قىلىدۇ. نوزۇگۇم ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان چاغلىرىدا كاشغەر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان مۇستەبىتلىك بىلەن ئېزىلىشكە ۋە ئادالەتنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلارغا قارشى مېھنەتكەشلەر سېپىگە قېتىلىپ كېتىدۇ. ۋىجدانلىق قىزنىڭ تراگېدىيىلىك ھاياتى دەل مۇشۇ چاغدا يارلىۋىگە كېلىپ قالغانلىقى بىلىنىسمۇ، ئەمما بۇ

ھەققانىيەت يولىدىن قايتمايدۇ. بۇ يولدا جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىدۇ. بۇ نۇزۇگۇم خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈش جەريانىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىدى.

نۇزۇگۇمنىڭ قايمۇققان ۋە ناھەق قارىلانغان تۇتقۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىشى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئوت پىلتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ سۆيۈملۈك بالىسى، كۆيۈملۈك ئانىسى ۋە ئىللىق يۇرتىدىن ئايرىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يوقىتىش دەپ ھېسابلاپ، ھىجران، موڭ - ئەلەم، پىغانغا تولغان قوشاقلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب پەزىلىتى يۇرتداشلىرىنىڭ قەلبىدە يۇلۇپ ئېلىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلىك ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداشتا نۇزۇگۇم قىلچىلىك ئارىسالدى بولمايدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. بەختسىز قىز - چوكانلارنىڭ قاتارىدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان نۇزۇگۇم مۇستەبىت ئەمەلدارلارنىڭ «ھەر بىر (ئۇيغۇر) ئايالى بىر قالماققا خوتۇن قىلىنسۇن» دېگەن يارلىقىدىن كۆڭلى شىكەستىلىنىپ، ھەسرەت ئىچىدە قوشاق توقۇيدۇ.

تۆگىلەر ئاغزى قامغاقتا،
بىر ئاكام بىر قالماقتا،
كاپىر قالماقنىڭ قەستى،
مەن نازۇكنى ئالماقتا.

داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، نۇزۇگۇم چوڭيۇلتۇزدا ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاكىسى ئۇنى قېچىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قېچىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قارا كۆچلەر قولىدىن ئىككى قېتىم قېچىپ چىقىدۇ. نۇزۇگۇمنىڭ قېچىشى بەختلىك بىر ئائىلىگە، تىنچ باياشات بىر مۇھىتقا، ئۆزىنى پاناھىغا ئالىدىغان جايغا قېچىش ئەمەس، بەلكى قومۇشلۇققا، نە يېگۈلۈك، نە تۇرغۇلۇق جاي بولمىغان جاڭگاللىققا قېچىش، ئۇچار - قۇش، ھايۋانلار ماكانىغا بېرىش. شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزىگە يار - يۆلەك، باش پاناھ ئىزدەش. نۇزۇگۇمنىڭ قېچىشى كىشىلىك ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش، ھەرقانداق زورلۇق - زومبۇلۇق ھەيۋە - پوپوزىدىن، شۇنداقلا ھوقۇق - ئىمتىيازدىن قورقماسلىق. ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى سۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئويلىغىنى بويىچە تەۋەككۇل دەرياسىدا جاسارەتلىك يېگانە غەۋۋاس بولۇپ ئۈزۈپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ زۇلۇم ئۇچىقىدىن شۇڭغۇپ چىقالىغان. شۇنداقلا تارتقان جەبىر - زۇلۇم، جاپا - مۇشەققەتلەرگە ھەسرەت چېكىپ، نالە - پەرياد قىلىپ، ياش تۆكمەيدۇ. نۇزۇگۇمنىڭ ئىپپەت - نومۇسى ۋە ئادىمىلىك غورۇرىنى ساقلاش ئىرادىسى زۇلۇم ۋە نىجاسەت مەرتىۋىلىكلىرىگە بولغان قاتتىق قارشىلىقى، ئۆز ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان يەنى خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىلگەن قارا كۆچلەرنىڭ ۋەكىلىنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى بېرىپ، ئۇنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋېتىشى، ھۆرلۈك - ئەرك يولىدا قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، ئىسيانكار، قەھرىمانلىق روھىنى ئاجايىپ يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازىنىڭ سۆيۈملۈكلۈكى ۋە ئەبەدىيلىك قىممىتىنى ئاشۇرغان.

## 5 - «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا خوجا ئىشانلارنىڭ ئىمتىيازىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن جەمئىيەتتە باشباشتاقلىق، ئىدىيە جەھەتتە ۋەھىمىلىك، ئېسەنكىرەش، داۋالغۇش ئالامەتلىرى كۈچىيىپ كەتتى. خوجا - ئىشانلار تىنىمسىز قۇتراپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تۈگىمەس نىزا ۋە تەپرىقىچىلىك مۇھىتىغا سۆرەپ كىرگۈزۈپ قويغانلىقى مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە سوپى - ئىشانلارنىڭ گۈلقەقەلىرىنى ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يىراقنى كۆرەر، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، تېگىشلىك دەككىسىنى يېيىشى تارىخنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. ھەرقانداق بىر دەۋر، بىر جەمئىيەتتە گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ھەققانىيەت بىلەن ساختىلىق قاتارلىقلارنىڭ كۈرىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن. ئىشانلىقتىن ئىبارەت ساختا مەۋقە ھەرقانچە سېھىرلىك، بىلەرمەنلىك، دانىشمەنلىك يوپۇقى بىلەن ئورالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمىغا تەڭ قەدەم بىلەن ماسلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆز دائىرىسى ئىچىگە ئېلىۋالالىغان ئەمەس. گۇمانىستىك شائىر نازىمى ئاكتىئۇال كىشىلەرنىڭ ئىز باسارى ۋە ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جەمئىيەتكە ئاپەت، خەلققە نادامەت ئېلىپ كېلىۋاتقان خوجا ئىشانلارنىڭ كومېدىك ئوبرازىنى ھەجۋىلەشتۈرۈپ، ئۆتكۈر ساتىرا ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ، خەلققە بىر ئىبرەتنامە قالدۇرۇش مەقسىتىدە «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» داستانىنى يېزىپ چىققان.

شائىرنىڭ بۇ داستانى 1882 - يىلى يېزىلغان[1]. داستاندا بايان قىلىنغىنى ئەينى چاغدىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا بولۇپ ئەتكەن ۋەقەلىك بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەسەر يېزىلىشتىن 44 يىل (1838 - يىللىرى) بۇرۇن يۈز بەرگەن. داستاندىكى ۋەقەلىك ۋە ئوبرازلار تەسۋىرىگە قارىغاندىمۇ، شائىرنىڭ بۇ داستانى ھەقىقەتەن رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ئەمەلىي ئىشلار ئاساسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، يەنى نازىمى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن، كېيىن ئىلى ۋادىسىغا تارقىلىپ كەتكەن ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ بۇ ئەسەرنى يازغان.[2]

داستاننىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: ئات يىلىنىڭ سەپەر ئېيىدا (2 - ئايدا) كەتمەن يېزىسىغا ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان ئۆمەرخان خوجىنىڭ ئوغلى يۇسۇپخان ئىسىملىك بىر ئالدامچى كېلىدۇ. بۇ مەككار شۇ يەردىكى بەگ، موللا، قازى ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، زور «شۆھرەت» تاپىدۇ.

خوجىغا ئىشەنگەن بۇ فېئودال روھانىيلار ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئۇنىڭ «شۆھرىتى»نى تېزلا ئەتراپتىكى يېزىلارغا تارقىتىدۇ. ئاق كۆڭۈل خەلق بۇ گەپ - سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئاچ قويۇپ بولسىمۇ، مال - مۈلۈكلىرىنى، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ. مەككار خوجا خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېتىقادىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ، كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئۇ «خۇداغا ئىبادەت قىلىش» دېگەن باھانە بىلەن ئايرىم ئۆي ھازىرلاتقۇزۇپ، ئۆي ئىچىنى قىزىل پەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، پەردىنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلگەن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، ئىشىككە قارايدىغان ئادەم قويىدۇ.

تويۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇن

① «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»، (ئۇ. ئوسمان تەييارلىغان) «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى 2 - سان.

② ئا. ھىلىمھاجى «‹چاڭمۇزا يۇسۇپخان› داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 2000 - يىللىق 1 - سان، ئۈرۈمچى.

ئىسمىلنىڭ خوشچاقچاق ئادەم مال ئېلىپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلارغا بېرىشىدا يولدا ئۇنىڭغا ئىككى كىشى ھەمراھ بولىدۇ. شېرىپ ئاخۇن ئۇلارنىڭ يۇسۇپخان خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. خوشچاقچاق شېرىپ ئاخۇن بۇ ئىشنىڭ ئەخمىقانە ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇلارغا مۇنداق چاقچاق قىلىدۇ:

شېرىۋاخۇن ئويناپ دېدى: ھەي كىشى،
مېنىڭ بىلەن باردۇر خوجامنىڭ ئىشى،
بېرىپ مەن خوجامنى ئۇتارمەن! — دېدى،
كى ئەجدىھار سۇپەتلىك يۇتارمەن! — دېدى.

ھېلىقى ئىككى ئادەم چاڭمۇزا يۇسۇپخاننىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن چاڭمۇزنىڭ «شەھەر تەرەپتە نېمە خەۋەرلەر بار» دېگەن سوئالىغا، شېرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

چاڭمۇزا يۇسۇپخان «ئابدۇشېرىپ» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى ئېغىپ، رەڭگى ئۆڭۈدۇ، ئەسلىدە ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئالدامچى قوقەندىكى بىر سودا - سېتىقچى بولۇپ، شېرىپباي ئىسمىلىك بىرىدىن ئون مىڭ تەڭگە قەرز پۇل ئېلىپ، قايتۇرال- ماي، بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەن. چاڭمۇزا يۇسۇپخان غۇلجىلىق شېرىپباينى قوقەنلىك شېرىپباي دەپ قاراپ، ئۇ مېنى ئۇتقىلى كەپتۇ دەپ قورقىدۇ. سىرىنىڭ پاش بولۇپ، بۇ راھەتلىك تۇرمۇش، مال - دۇنيا ۋە شۆھرەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن يۇسۇپخان شېرىپباينى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارا نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن، دۆلەتنەزەر، شەيخ باقى، شەيخ مەمەكلەرنى چاقىرتىپ بۇ ئىشنى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قولچوماقچىلار يۇسۇپخان- نىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن مازارغا چۈشۈپ، بىر ئۆيدە مېھمان بولۇۋاتقان ئابدۇشې- رىپ ئاخۇننى تېپىپ، ماللىرىنى تاغدىكى مالچىلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتسا، نۇرغۇن پايدا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئۈچ نەپەر خۇنپەر يېرىم يولغا كەلگەندە، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ بويىنىغا سالما سېلىپ ئاتقا سۆرىتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاخىرى جەسەتنى تاغ كامىرىغا يوشۇرۇپ، ماللىرىنى ئۈچى بۆلۈشۈپ ئېلىپ قايتىدۇ.

كى يەنجىپ بۇلار تاش بىلەن بېشىنى،
تېنىنى ئۈستىگە دۆۋلەپ تېشىنى.
كى تاغنىڭ كامارىغا مەدفۇن ئېتىپ،
ئۈچى مالنى تەقسىم ئەيلەپ ئېتىپ.

تاغ باغرىدا مال بېقىپ يۈرگەن باللار يېشىل جەندە كىيگەن، يېشىل سەللە ئورىغان بىر ئادەمنىڭ تاغ ئۆڭكۈرى ئالدىغا كېلىپ، نالە - زارە قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. باللىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر تاش دۆۋىسىنى ئېچىپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى تولۇق يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، باقىبەگكە مەلۇم قىلىدۇ. باقىبەگ

ئىلى جاڭجۇنگە بېرىپ، ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ. ئامالسىز قالغان جاڭجۇن چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ، چاڭمۇزا يۇسۇپخان باشلىق ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان شەيخ، يۈزبېگى ۋە باشقىلارنى تۇتۇپ، كورەگە كەلتۈرىدۇ. جاڭجۇن چاڭمۇزا يۇسۇپخان باشلىق بىرقانچە ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ بالايىئاپەت تېرىپ، ئىغۋا تارقاتقۇچى چۈپرەندىلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

يۇسۇپخان قويۇق ساتىرىك ۋە كومىدىك خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز. ئۇنىڭدا خۇنۇكلۇك، سەتلىك ئامالى بېسىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەلۇمكى سەتلىك، خۇنۇكلۇكنىڭ ئېستېتىك قىممەتى يەنىلا ئۇنى گۈزەللىك بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىك بىلەن بولغان قارىمۇقارشى بىرلىكىدىن كېلىدۇ. سەت، خۇنۇك رېئاللىقنىڭ ئېچىپ تاشلىنىشى ئارقىلىق گۈزەل غايە نامايان بولىدۇ. سەتلىكنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق گۈزەللىك مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. تەرەققىيپەرۋەر شائىر يۇسۇپخاننىڭ كومېدىك خاراكتېرىنى خېلى ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. ۋەھالەنكى موللا بىلال ماركسىزمدىن خەۋەرسىز ئۆتكەن شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتتە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، يۇسۇپخاننىڭ كومېدىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ئېچىپ بېرەلمىدى.

مەلۇمكى، كومېدىيە رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈستىگە ئورنىتىلغان. كومېدىيە ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئۆز ماھىيىتىنى باشقا بىر ماھىيەتلىك ساختا كۆرۈنۈشى بىلەن يېپىش»تىن ئىبارەت. بۇ دەل تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ «كونا تۇرمۇش شەكىللىرىنى گۆرگە تىقىشى»[1]نىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىدۇر. دېمەك، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»دىن ئىبارەت بۇ كومېدىك ئەسەرمۇ ماھىيەتتە ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۈچنىڭ توقۇنۇشىدىن ئىبارەت. لېكىن يۇسۇپخان بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى ۋە شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، شۇنداقلا زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن يۇسۇپخان كومېدىيىسى ئالىيجانابلىق بىلەن تراگېدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان. داستاندا يۇسۇپخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، خەلقنىڭ شىللىسىگە يۈك بولۇۋالغان نىجاسەت يوقىتىلىشىدىن ئىبارەت يېڭى شەيئى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تەبىئىي يوسۇندا يۇسۇپخان سەپسەتىلىرىمۇ ئىنكار قىلىپ تاشلىنىدۇ. «يۇسۇپخان سەپسەتىلىرى» بولغان كونا شەيئى «كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت» بىلەن مۇتلەق زىتلىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندە، مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلىنىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغان. چۈنكى، كونا شەيئىنىڭ قالدۇقى ئەمەلىيەتتە ئىچكى ئاجىزلىقى ۋە رەزىللىكىنى ئاشكارىلاپ چوقۇم يوقىتىلىدىغان چاغدا، كىشىلەر ئېستېتىك نەزەر بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. يۇسۇپخاننىڭ خۇنۇك ئوبرازى كىشىلەرگە تراگېدىيەگە ئوخشاش تراگېدىيە خاراكتېرىدىكى ھاياجانلىنىش ۋە مەردانىلىقنى ئاتا قىلماستىن، بەلكى يېنىك، خۇشال كۈلكە ۋە قىزىقچىلىق، ئۆتكۈر - قاتتىق مەسخىرە، پاش قىلىش ۋە مازاق قىلىشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەسەردە گۈزەللىك، ھەققانىيەتلىك سەتلىك، رەزىل-

---

① ماركس «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد، كە مۇقەددىمە»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، بىرىنچى توم، 8 - بەت.

لىكنى ئىنكار قىلىش ۋە پاش قىلىش جەھەتتىكى رولى چوڭ بولغان. شائىر ئاساسىي دىققىتىنى خۇنۇكلۇك، رەزىللىكنى بىۋاسىتە ئىنكار قىلىشقا قاراتقان، نازىمى داستانىدا ئادالەت، ھەققانىيەتنىڭ پات ئارىدا بارلىققا كېلىدىغان رېئال مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئوبرازلىق بېشارەت بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ گۈزەللىك، ھەققانىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا كونا شەيئىلەردىن — كاززاپ، ئالدامچى، سۈيىقەستچى يۈسۈپخاندىن ھېساب ئېلىنغان تارىخىي باسقۇچنى تەسۋىرلەيدۇ. دېمەك، بىر تەرەپتىن كومېدىيە ئوبيېكتى بولغان يۈسۈپخاننىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، «قىلچىلىكمۇ قىممىتى يوق نەرسە» ئىكەنلىكىنى، ماھىيەتتە ئۇنىڭ «ئۆزىنىڭ ئىچى قۇرۇقلۇقى ۋە ئەھمىيەتسىزلىكىنى مەزمۇنلۇق ۋە رېئال ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈش بىلەن نىقابلىۋالغان»① مەخلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر زەربە بېرىلمەيدىغان، ئوجۇقتۇرۇۋېتىلمەيدىغان بولسا بۇنداق كونا كۆچىنىڭ ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. سەنئەت شەكلى بولغان كومېدىيىنىڭ چوڭقۇر ئىستېتىك ئەھمىيىتىمۇ دەل ئۇنىڭ كونا دۇنيانىڭ، كونا كۆچىنىڭ ئىچى قۇرۇقلۇقى ۋە قىممىتى يوقلۇقىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا دەپنە قىلىش ئىشەنچىسىنى ۋە غەيرىتىنى قوزغاپ، «ئىنسانىيەتنى ئۆز ئۆتمۈشى بىلەن خۇشال ۋىدالىشىدىغان»② قىلىشىدا.

داستاندا يۈسۈپخان ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. بۇ ئوبرازنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا كاززاپلىق، ئالدامچىلىق، خۇنخورلۇقتەك رەزىل قىلمىشلار يەتكۈچە بار. يۈسۈپخان قىزىل كۆز، ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن ھالال ياشاپ، تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ ئون مىڭ سەر ئاقچىسىنى ئېلىۋېلىپ، قوقەندىن ئىلىغا قېچىپ كېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشتىن باشقا، ئاللانىڭ يولىنى تۇتقۇچى، خەلقنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى پەرىشتە «خوجا» بولۇۋېلىپ، كاززاپلىقتا ئۇچىغا چىقىدۇ. ئەسلى ماھىيىتىدىن ئوغرى، ئالدامچى بولۇشىغا قارىماي، تېخى «خوجا ھۇجرىسى»نىڭ ئىچىنى پەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ بىرىدە ئۆزى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «ئاللا يولى»نىڭ ئەكسىچە «ناشايان»، «بەدقىلىق»لىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نادان، بىچارە كىشىلەرنى ئالداپ ئەخمەق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە تاپقان پۇل مېلىنى قاقتى - سوقتى قىلغاندىن باشقا ئاتالمىش «سوۋغاتلىق قىزلار»نى ھېچبىر ھايا قىلماستىن بىر - بىرلەپ ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. بۇ مەككار بۇنداق رەزىل قىلمىشلار بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ قالماستىن، بەلكى يۈرىكى بارغانسېرى يوغىناپ، خۇدىنى يوقىتىپ، خۇنخورلۇق قىلىش يولىنى تاللاپ، گۇمان ۋاستىسى بىلەن ئىمانىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىلىلىق ھالال ئوقەتچى ئابدۇشېرىپنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ بىر كۆشەندىسىنىڭ ئىزىنى قالدۇرماي، ھۇزۇر - ھالاۋەتتە داۋاملىق ياشىماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، چۆچۈرىنى خام سانىغان بۇ مەلئۇننىڭ پەيمانى لىق تولغانلىقى ئۈچۈن قىلمىش - ئەتمىشلىرى خەلقئالەم ئالدىدا بىردىنلا ئاشكارىلىنىپ، «پەرىشتە خوجا»لىق ئىمتىيازىدىن ئەسلى خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسىغا ماس بولغان خۇنخور ئادەمگە ئايلىنىپ، ھەقىقەت قىلىچى بىلەن ئىپلاس كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ. ئەمگەكچى

---

① چېرنىشېۋسكىي (رۇسىيە) «تۇرمۇش ۋە ئېستېتىكا»، 34 - بەت، خەنزۇچە.
② ماركس: «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد» كە مۇقەددىمە»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، بىرىنچى توم، 9 - بەت.

خەلقنىڭ ھەقىقانىي ئۈچى ئېلىنىپ، ھەق ـ ئادالەت ئايدىڭلىشىدۇ.

شائىر موللا بىلال يۇسۇپخاننىڭ كىشىنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ۋە رەزىللىك بىلەن تولغان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى قويۇق كومېدىك ئېلېمېنتلار بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تەسۋىرلىگەندىن باشقا خەنزۇ تىلىدىكى « 长帽子 » (ئۇزۇن تەلپەك) دېگەن ئاتالغۇنى لەقەم قىلىپ قويۇپ يەنىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ[①]، ئۆتكۈر ساتىرىك خۇسۇسىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك بىلەن يۇقىرى بەدىئىيلىك ئۇيغۇنلۇققا ئىگە قىلىنغان. ئىدىيىۋى مەزمۇنى يىرگىنىش ئىچىدە سەلبىي ئۇلگە قىلىنىشى زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان يۇسۇپخان ئوبرازىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەلۇمكى ئەدەبىياتتا مەدھىيىلەشلا بولۇپ قالماي، پاش قىلىش ۋە ھەجۋى قىلىشمۇ بولۇشى كېرەك. ساختا، خۇنۇك، يىرگىنچلىك تەرەپلەرنى پاش قىلىش، ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ ھەجۋى قىلىش خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان ئېھتىياج ئۆلچىمى ھەم مۇددىئا تەلىپى بىلەن بىردەكلىككە ئىگىدۇر، شۇنداقلا خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ساپلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش، ھايات ھەقىقەتنى ئېچىپ، دەۋر قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇش، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يىرگىنچلىك نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان تەسەۋۋۇرىدىكى ئەۋزەل غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىرادىسىنى تىكلەش ناھايىتى مۇھىمدۇر. مانا مۇشۇ جەھەتتىن موللا بىلالنىڭ ساتىرا ژانىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى توغرا بولغان.

## 6 ـ كىچىك خۇلاسە

موللا بىلال XIX ئەسىردە ئۆتكەن رېئالىزمچى، خەلقچىل شائىر. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى ئۆزىنىڭ مول ھوسۇللۇق ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن بېزەدى. شائىر شېئىرىيەتنىڭ داستانچىلىق ژانىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشتە، ئەنئەنىۋى تېمىلاردىن رېئال، ئىجتىمائىي تېمىلارغا بۇرۇلۇشتا بۆسۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە يازغۇچىنىڭ خەلق، جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچى مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ قەتئىي مەيدانىنى نامايان قىلىپ، يازغۇچى خەلقنىڭ تەقدىرى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشى لازىملىقىنى بەدىئىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. نوزۇگۇم، ئابدۇرەسۇل بەگ، ئەلاخان پەلۋانلاردەك ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ ئالىيجاناب، قەيسەر خاراكتېرىنى يارىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ئىستىكى ۋە كۈرەشچانلىق ئىرادىسىگە ئىلھام بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا؛ چاڭمۇزا يۇسۇپخان، پوچى مەھمۇدقا ئوخشاش كاززاپ، ئالدامچى، خۇنخورلارنىڭ يىرگىنچلىك خاراكتېرىنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ خۇنۇكلۇكىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلق روھىيىتىنى پاكلاشتۇرۇشنى، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى يوق قىلىشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلدى. نازىمى، داستانچىلىق ژانىرىنىڭ تەسىرچانلىقى، ساتىرىك ۋە كومېدىك ئېلېمېنتلىرىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن»، «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ پارچە داستانى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئاسمىنىدا ئالاھىدە يورۇپ تۇرىدىغان چولپان كەبى داستانلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئەبەدىي تۆۋەنلەشتۈرمەيدۇ.

---

① موللا بىلال «چاڭمۇزا» دېگەن سۆزنى «ئۇزۇن چاچ» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ توغرا ئىزاھ بولۇشى ناتايىن. داستاننىڭ ماۋزۇسى ئۆزبېكچە نەشردە «كۇلاھلىق يۇسۇپخان» دەپ ئېلىنغان. «كۇلاھ» پارىسچە سۆز بولۇپ، دەرۋىشلەر تۇمىقى ياكى سەللە ئوراشقا بولىدىغان ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق باش كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

## § 8 . موللا مۇسا سايرامى، سابىر ئاخۇن ناقىس، ئابدۇقادىر داموللام، ھۈسەيىنخان تەجەللى

### 1 ـ موللا مۇسا سايرامى

1 . موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

موللا مۇسا سايرامى يەنى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى (1836 ـ 1917) يېقىنقى زامان تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى.

مۇسا 1836 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا (ھازىرقى باي ناھىيە توقسۇن يېزىسى ئاناقىز كەنتى توغايلا مەھەللىسىدە) دۇنياغا كەلگەن، كېيىن كۇچادىكى داڭلىق ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇپ، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالىندارشۇناسلىق)، ئىلمى نۇجۇم، ناباتات (ئاگروبىئولوگىيە)، جۇغراپىيە، ئەرەب ۋە پارس تىلى قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجادخان» (كالىندارشۇناس) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئوقۇش جەريانىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىمۇ تىكلەپ بارغان. مۇسا قوۋم قېرىنداشلىرىنىڭ مىسكىنلىكىنى، كۈلپەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇلدۇرۇش مەقسىتىدە 1864 ـ يىلى قوزغالغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ناھايىتى قىزغىن قوللايدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق تالىپلىرىنى، جۈملىدىن بىرقانچە يۈز نەپەر سايراملىق يىگىتلەرنى باشلاپ، سايرامغا كېلىپ، يەرلىك ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى قارشى ئالىدۇ ھەم قوشۇننىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ، قىزىل، سايرام، باي، ياقىرىق، ئاراشور قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك فېئودااللارنى باستۇرۇش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىدۇ. 1867 ـ يىلى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن موللا مۇسا، بەدەۋلەتنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇلۇق باش زاكاتچىسى مىرزابابا بەگ ھىسارىنىڭ مەخسۇس مىرزىسى سۈپىتىدە 1877 ـ يىلىغىچە خىزمەت قىلىدۇ. مانجۇ فېئوداللىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن موللا مۇسا يۇرتىغا كېلىپ، 40 يىلغا يېقىن يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىرمۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان[①]. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇر بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» («تەزكىرە تۇل ئەۋلىيائى موفتا ھۇل ئىمان»، 1885)، «دەريايان ئەسھابۇل كەھىب» («تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھىب» 1898)، «تارىخىي ئەمىنىيە»[②] (1903)، «دىۋانى مەسنەۋى» (1907)، «تارىخىي ھەمىدى» (1908)، «سالامنامە» (1916)، «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «پەرھاد ۋە شېرىن» قاتارلىقلار بار.

---

① ئەنۋەر بايتۇر «موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخىي ھەمىدى»»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى، 3 ـ سان.

② موللا مۇسا «تارىخىي ئەمىنىيە» (م. زۇنۇن تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

## 2. «تارىخىي ھەمىدى»

«تارىخىي ھەمىدى» — موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى. بۇ ئەسەر «مۇقەددىمە»، «ئەۋۋالقى داستان»، «ئىككىنچى داستان» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن[①].

«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «مۇقەددىمە» قىسمى ئاساسەن، ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر، قەدىمىي تۈركىي قوۋملەر، موغۇللار ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ مىلادى XIII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا «ماڭلايسۇيە» رايونىدىكى پائالىيەتلىرى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يەركەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، تەرىقەتچىلەرنىڭ سەئىدىلەر خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، XVII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان. «تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «ئاۋۋالقى داستان» قىسمى، جەمئىي 16 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن 1864 - يىلى كۆتۈرۈلگەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەربتە يەركەن، كاشغەرغىچە، شىمالدا تەڭرى تاغلىرىغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا لوپنور ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈش جەريانى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى، مۇھىم ئۇرۇش - جەڭلەرنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، شۇنداقلا شۇ يىللىرى قوزغالغان خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭى (ھەبىبۇللاخان قوزغىلىڭى)، يەركەندىكى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، كاشغەردىكى سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار قوزغىلىڭى، ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپە (تۇدەلىك) باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى قاتارلىق قوزغىلاڭلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ قىسقىچە بايان قىلغان، بولۇپمۇ كۇچا، يەركەن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بەدەۋلەتكە قارشى كۈرەشلىرى ئالاھىدە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «ئىككىنچى داستان» قىسمى جەمئىي 20 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن، بەدەۋلەت (ياقۇپبەگ) ھەم ئاپئاق خوجا ئەۋلادى بۇزرۇك خان خوجىنىڭ كاشغەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا مۇداخىلە قىلىشى، ئۇنىڭ كاشغەر، يەركەن، خوتەن، كۇچا، ئۈرۈمچى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇشى، قوقان خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى ۋە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۇنىڭ تەدبىر ۋە سىياسەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز نەسەبنامىسى، بەدەۋلەت دەۋرىدە ياشىغان ئالىم ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

«تارىخىي ھەمىدى» نىڭ «خاتىمە» قىسمىدا، ئاساسەن، كاشغەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان، لوپنۇر رايونىنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيىسى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان

① موللا مۇسا «تارىخىي ھەمىدى» (ئە. بايتۇر تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1986 - يىلى نەشرى.

قىلىنغان، بولۇپمۇ تورپاندىكى ئەسھابۇل كەھەب ھەققىدىكى بىر قانچە رىۋايەت ھەم ئاپتورنىڭ بۇغار ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

ئومۇمەن، ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا 1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە بەدەۋلەتنىڭ ئارتۇقچە ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ۋە كەڭ توختالغان. موللا مۇسانىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ئەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوبدان ئەدەبىيات قوللانمىسى بولغان. ئاپتور بىر قاتار ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسەلەرنى توپلاپ ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرلار يادلاپ يۈرگەن قىسسەلەردىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ئىزاھلاشتا پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنىڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلىشتىن بۇرۇنقى مۆجىزىلەرگە كىرگۈزۈلگەن ياكى شۇ چاغلاردا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قىسسەلەر ئىسلام تىلىدىكى قىسسە ـ ھېكايىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان. بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۈر ۋە ژانىرلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، جۈملىدىن داۋاملىشىش ھالىتىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىمىز. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتە ھەم دىققەتكە سازاۋەر ماتېرىيال.

3. موللا مۇسا سايرامىنىڭ شېئىرلىرى

موللا مۇسا قەلىمى پىشقان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ «قەسىدەئى سىدىق»، «دىۋانى مەسنەۋى»، «غەزەلىيات» (1908)، «سالامنامە»، «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان. شائىر شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ھۆجەيرىلىرىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېغىر جەبىر ـ زۇلمىنى، ئۇلارنىڭ قورالى بولغان سوپى ئىشانلار ۋە «ئەۋلىيالار»نىڭ ئالدامچىلىقى ۋە تەمەخورلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەرگە، جۈملىدىن ئىشانلارغا قول بەرگەن مۇرىتلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. خەلقپەرۋەرلىكنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى مەدھىيىلەيدۇ، ھالال ئەمگەكنى كۈيلەپ، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شائىرنىڭ «قىشنىڭ كۈنى ئوت» ۋە «پاتقاقتىن شىكايەت» دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىكىرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن دىققەتنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

«قىشنىڭ كۈنى ئوت»①② ناملىق غەزەلدە ئوتنى سىمۋوللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خاسىيىتىنى تولىمۇ تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەش ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ شەيئىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى پەلسەپىۋى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئاجايىپ ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوتنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكلىرىگە تەڭلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردە خۇددى شائىر ئېيتقاندەك، «... زىمىستان پەسلى كەلگەندە ئۇنىڭدىن تولىمۇ قاتتىق شىددەت يەتكەن...» زۆرۈر شارائىتتىلا ئوتنىڭ قۇدرىتى نامايان بولىدىغانلىقى تولىمۇ ئېنىق. بىزگە مەلۇمكى، ئوتنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلار ھايۋانلار دۇنياسىدىن

① شائىر بۇ شېئىرنى «ئوت تەرىپىدە، كىم زىمىستان پەسلى كەلگەندە، ئاندىن خۇپىراق رەڭ شىددەتنى يەتكەندە، ئانىڭدىن ئەرغۇپىراق ئېھتىرىسى بولمىغانلىغى ئەرانە تۈزگەنى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن باشلىغان.
② «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن» (ئە. بايتۇر تەييارلىغان) «بۇلاق» ژۇرنىلى، (1985 ـ يىلى) ئومۇمىي 15 ـ سان.

ئايرىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم بېسىشىقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. دېمەك، ئىنسانلار ئوتنى ئىختىرا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ رولى ۋە ئورنىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراپ كەلگەن. دىنىي چۈشەنچىلەر دائىرىسىدە ئوت «مۇقەددەس شەيئى» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شائىر ئوتنىڭ تارىخىي جەريانىنى ئەمەس، پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى رولىنى توغرا مۆلچەرلەپ، كىشىلەرگە بىر خىل سېھرىي چۈشەنچە بەخش ئېتىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرىدە ئوت «باغ-بوستان»، «ئوتلۇق چېھرە»، «ئاي يۈزلۈك گۈزەل»، «نازۇك پەردە ئىچىدىكى دىلرەبا»، «كۆڭلى سۇنۇق» ئاشىققا قاراپ «كۈلۈپ تۇرغان جانان» سۈپىتىدە جىلۋىلىنىدۇ. ئوت، شائىر نەزىرىدە شۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنكى، ئۇنىڭ موردىدىن چىققان تۈتۈنى غەم ئەھلىنىڭ ئاسمانىغا چىققىنى بىلەن، ئوتنىڭ كۆيگەن ئاۋازى سازەندىلەرنىڭ يېقىملىق نەغمىسى بىلەن، ئوتتىن قىزارغان يۈزلەر شاراپ تەسىرىدىن ياقۇت رەڭگە كىرگەن پەرىيلار بىلەن، قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ ئوتۇن - يىغقانلار دانىشمەن ئەپلاتون[1] بىلەن، ئوتنىڭ ئىسسىقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئاجىز بىر قېرى ئەمىر تۆمۈر كۆرگانى[2] بىلەن، تىترەپ تۇرغاندا ئوتقا يولۇققان كىشى دوزاختىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن بىلەن باراۋەر. ئومۇمەن، شائىر ئوتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنى تەبىئەت ۋە تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، ھاياتنى سۆيۈشكە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى ساقلاشقا، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈشكە دالالەت قىلىدۇ.

«پاتقاقتىن شىكايەت»[3] ناملىق بۇ شېئىردا شائىر بىر قېتىملىق يامغۇر ئاپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى تەبىئىي ئاپەتنىڭ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە قىلچە كۆيۈنۈش ۋە ھىماتقا ئىگە بولمىغان بىچارە دېھقانلار ئۈچۈن زور ئىجتىمائىي ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى، نەتىجىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاچ - يالىڭاچ ھالەتتە ئۆلۈم گىردابىغا چۈشكەنلىكىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. خەلقنىڭ دەردۇ ھالى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ھوزۇرلىنىشنىلا بىلىدىغان ئەزگۈچى بايلارغا نىسبەتەن نەپرەت بىلدۈرىدۇ. ئۇ بىر خىل تەبىئىي ھادىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىكىنى كۆزگۈل قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ئومۇمەن، موللا مۇسا سايرامى كلاسسىك ئاپتورلار ئانچە دىققەت قىلمىغان ئاددىي دېتاللارنى تاللىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان. ئۇ ئەنئەنىۋى ئوبرازلار رامكىسىدىن يۈرەكلىك ھالدا چەتنەپ، رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئوبراز تاللاپ، ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلق، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى.

## 2 - سابىر ئاخۇن ناقىس

ناقىس (1840[4] - 1920/2) سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى كاشغەر يېڭىسار

---

① ئەپلاتون (م. ب. 427 - 347) يۇنانلىق پەيلاسوپ پلاتون.
② ئەمىر تۆمۈر كورگانى—تۆمۈرىلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى.
③ شائىر بۇ شېئىرنى «جاھان سەفھەسىنى كۆك پاغىنى كۆككەرتىپ، زېمىن سەھنىسىنى قىتىق قىلىپ، ئۈيدىن چىقماق مۇشكۇل بولغاندە، مۇتەزەللۇم ئولغانىدىن شىكايەتكە ئاغىز ئاچقانى، بەلكى ئۆزلۈك لايىدىن ئاياغىنى ئارتىپ ئاللىمافانىغە ئاجىزلىقىن شەفقى كەلتۈرۈپ، مۇناجات بىرەر گاھى قازىتۇلماچاتقە مۇتەرەننۇم ئولغانى بەيانى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن باشلىغان.
④ بەزى مەنبەلەردە تۇغۇلغان يىلى 1842 - يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىگە جايلاشقان مەدرىس كۆل بېشى مەھەللىسىدە بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. يېڭىسارىدىكى ۋە كاشغەر شەھىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلى، ئەرەپ تىلى ۋە پارس تىللىرىنى، جۈملىدىن بۇ تىلدىكى ئەدەبىيات ۋە تارىخ، ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە مول بىلىم ئىگىلىگەن.[1] كاشغەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يېڭىسارغا قايتىپ بارغان شائىر تايىبەگ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلمىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە كۆپ نەتىجىلەرنى ياراتقان.

«ناقىس» سۆزىدىن باشقا مۇئەللىپ يەنە «يېڭىسارى» نامىنى تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان. سابىر ئاخۇن ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا «دىۋانى ناقىس» «قۇتلۇق-نامە»، «بەيىس ھەكىم بەگ»، «مەۋجۇدۇلقۇلۇب»[2]، «نوللى دىمەن»[3]، «نەسىھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىرانلىق يازغۇچى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ (؟ 1677) «باھار دانىش» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا «گۈلزار بىنىش»[4] ناملىق ئەسەرنى ئىشلەپ چىققان[5].

«گۈلزار بىنىش»تە شائىر ئەدەپ - ئەخلاق، ۋاپا، سەمىمىيەت، دوستلۇق، بۇرۇچ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا، ئۇنى ھېكايە شەكلى بىلەن يورۇتۇش ئارقىلىق خوتۇن - قىزلارنىڭ ساپدىل، توغرا نىيەتلىك، ۋاپادارلىق، دوستلۇق خىسلەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، فېئودال قارا كۆچلەرنىڭ، خوتۇن - قىزلارنى «ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز» دەپ، ئىشەنمەيدىغان، كەمسىتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقارىشىغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ.[6][7][8]

«دىۋانى ناقىس» (؟ 1893) سابىر ئاخۇننىڭ، جۈملىدىن XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك بەدىئىي يادىكارلىقى. دىۋان— ئەنئەنىۋى دىۋان تۈزۈش قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن[9]. ئۇنىڭدا غەزەل، مۇخەممەس، مەرسىيە، رۇبائىي، قىتئە، مەسنەۋى، قىتئە (قىتئەئى تارىخ)[10]، قىتئە (قىلمۇزەممەتى)[11] قاتارلىق شەكىللەردە يېزىلغان.

«دىۋانى ناقىس»[12] نىڭ تولۇق نۇسخىسى تېپىلمىدى، ئەمما ھازىر مەلۇم بولۇپ، ئېلان قىلىنغان قىسمىدىكى شېئىرلار كۆپ ھەجىمنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ بىر يىرىك توپلام ھېسابلىنىدۇ[13].

ناقىس شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ ساھەلەر بىلەن تۇتاشقان. شائىرنىڭ ۋاپا، ھۆر-

---

① ناقىس ھەم تۆۋەن ئىدى.
② «قەلب ھاركىغلىرى» دېگەن مەنىدە.
③ «تېخى تۈل(؟) دىمەن» دېگەن مەنىدە.
④ «تىكەنسىز گۈلزار» دېگەن مەنىدە.
⑤ ناقىس ئەسەرلىرىنى ئۆزى ئۆلۈپ 50 يىلدىن كېيىن نەشر قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن.
⑥ غ. ئەبەيدۇللا «ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1981 - يىلى، 5 - سان.
⑦ «دىۋانى ناقىس»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، 3 - سان، 1988 - يىلى، 1 - 2 - سانلار.
⑧ «گۈلزار بىنىش»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى، 4 - سان.
⑨ كلاسسىك شائىرلار ئۇيغۇر چاغاتاي ئېلىپبەسىدە ئىشلىتىلگەن 28 ھەرپنى ئۆلچەم قىلىپ، قاپىيە ۋە رادىفلىرىنىڭ ئاخىرلاشقان ھەرپى بويىچە، ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى قائىدىسىگە ئىلىپ، دىۋان تۈزەتتى. ھەربىر ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان گۇرۇپپىلاردىن بىرقانچە پارچە يېزىلغان.
⑩ تارىخ كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىتئە دېگەن مەنىدە.
⑪ مۇزەممەت (تەنە، كىنايە) مەزمۇنىدىكى قىتئە.
⑫ «دىۋانى ناقىس» ئىچىگە كىرگەن «تەرىقەت بىيىشەسىنىڭ سەيد جۇيى» دېگەن «قىتئە قىتئەئى تارىخ»تىكى ئەبجەد سانىدا «ئاقىرىق»، يەنى ھىجرىيە 1311 - (مىلادىيە 1893 -) يىلىنىڭ ئالامىتى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن توپلامنىڭ مۇشۇ يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە تۈزۈلگەنلىكىنى پەملىگىلى بولىدۇ.
⑬ «دىۋانى ناقىس»نىڭ ھازىر ئېلان قىلىنغان قىسمىدا، جەمئىي 220 غەزەل (بىر قانچە پارچە غەزەل كەمتۈك)، 19 مۇخەممەس، 5 مەسنەۋى، 4 رۇبائىي، 13 قىتئە، 1 مەرسىيە بار. ش تۇ گار ر مۇزېيىدا ساقلانغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىلى، 1 - 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «دىۋانى ناقىس»قا جەمئىي قاپىيە ۋە رادىفلىرى 13 ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان لىرىكىلار كىرگۈزۈلگەن. نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئىبتىشىغا قارىغاندا، «دىۋانى ناقىس» رەتلەنمىگەن بولۇپ، شائىرنىڭ قالغان 15 ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان لىرىكىلىرىنىڭ بار بولۇشى ئېھتىماللىقا يېقىن ئىكەن. «دىۋانى ناقىس» م. مىرزا ئەھمەدىنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى ئايرىم كىتابچە بولۇپ نەشر قىلىندى.

لۇك، ئادالەت، مەرىپەت، ئەخلاق قاتارلىق ئىدىيىلەرنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىش ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئىشلىرى ئالاھىدە ئىپادە قىلىنىدۇ. ناقىس ياشىغان يىللار دەھشەتلىك يىللار ئىدى. كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىۋاتقان، ئىجتىمائىي قاتلام ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىپ، قانۇن - تەرتىپ، فېئودال يۇقىرى قاتلام ۋە روھانىيلار تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايۋاتقان شارائىتتا شائىرنىڭ بىر قاتار ئىلغار پىكىرلەرنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇشى ئەينى شارائىتتا ناھايىتى ئىلغارلىق ئىدى. شائىر ناقىس تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى قوللىنىپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىش، ئاشكارىلاشتا خېلىلا چوڭقۇرلايدۇ. ئۇ بۇ خاھىشنى ئىپادىلەشتە ھەجۋى قىلىش، يەنى ھەزىلكەشلىك ئۇسلۇبىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى. شائىرنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى ھەجۋى خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. ناقىس «بۇرادەرلەر ھەزەر ئەيلەڭ بۇ كوندە بەگۇ ئامبالدىن»[1] دېگەن مۇخەممەسىدە فېئودال ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىنى، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، پۇقرالارنىڭ قان - تەرىنى شورىغانلىقىنى، باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقلارنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، مېھنەتكەشلەرنىڭ بېشىغا بالايى - قازالارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق روشەن سېلىشتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرى تۈزگەن قائىدە - قانۇنلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئاۋام خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قانۇنلاشتۇرغۇچى بىر خىل ئەكسىيەتچى تۈزۈم ئىكەنلىكىنى مەلۇم تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتا، شائىر، بۇ چۈشەنچىنىڭ قارشىسى بولغان نادانلىق، ئەخمەقلىق قاتارلىقلارنى مەسخىرە قىلىش، ھەجۋى قىلىش، ئەيىبلەش يولى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ناقىس «دىن ساتىپ بۇغداي قوناقتا قوناغىل سەھرا ئارا»[2] دېگەن غەزىلىدە ئۆز بورچىنى ئۇنتۇپ قالغان نەپسانىيەتچى موللىلارنىمۇ نەزەرىدىن ساقىت قىلماي، بەلكى ئۇلارنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش بىلەن كارى بولمىغانلىقى، دىنىنى كەسىپ قىلىپ تۇرۇپ ھارامدىن بايلىق توپلاشقا ئۇرۇنغان شەرمەندە قىلىقلىرىنى ئۆتكۈر تىل بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ.

«پەيدا بولۇپتۇ بىر مۇنچە نادان» دېگەن غەزىلىدە بولسا، ياسانچۇق، سۆلەتۋاز، يانچۇقىدا پۇل كۆپ، ئەمما ئۆزى خەجلىسە ئىچى ئېچىشىدىغان، كىشىلەرگە بەرسە چىدىمايدىغان چاكىنا، نادان، ئەخمەق كىشىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەردە ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ.

ئومۇمەن، ناقىسنىڭ جەمئىيەتنىڭ چاكىنا تەرەپلىرىنى، ناچار ئادەملەرنىڭ پاسىقلىقىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، كەسكىن، قاتتىق كىنايىلىك ئىبارىلەر بىلەن تولغان شېئىرىي مىسرالىرى تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ بولغان دۇردانىلەردۇر.

شائىر ناقىس ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن مۇزىكا (مۇسىقا) مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان بىر زات ئىدى. ئۇ لىرىكىلىرىدا مۇزىكىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدۇ. شائىر «مۇغەننى، راك ئاھاڭگى بىلە كۆڭلۈمنى بىدار ئەت»[3] دېگەن غەزىلىدە راك مۇقامىنى تىلغا ئالغان بولسا، «مۇغەننى چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى، 3 - سان، 397 - بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 1 - سان، 60 - بەت.
③ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 1 - سان، 71 - بەت.

مەستانە»[1] ناملىق غەزىلى بىلەن «راك ئىلە چەببەياد داغى سىگاھ»[2] دېگەن قىتئەسىدە ئوخشاشلا راك، سىگاھ، چەببيات، ئۇشاق، چارگاھ، پەنجىگاھ، بايات، ناۋا، ئەجەم، ئىراق، ئۆزھال، مۇشاۋىرەك قاتارلىق «12 مۇقام» تەركىبىدىكى مۇقاملار ئىسمىنى تولۇق ساناپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە،[3] بىر خىل لىرىك مۇزىكا (مۇسىقا) سىستېمىسىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. «12 مۇقام» ھەققىدىكى قىتئەسى مۇنداق:

راك ئىلە چەببەياد داغى سىگاھ،
بىر تۈزۈپ قىلماغىل ھەزەر ھەرگىز.
داغى ئۇششاق ئىلە بەياد ئايتۇر،
قاچمە، ئەي چارگەھ - نەۋا، ھەرگىز.
پەنجەگە ھۇ نىش ئاۋارەك[1] تۇز سەك،
بارمۇ ئۆزھالىدىن غەنا ھەرگىز.
كىم ئەجەم مۇلكىنى ئىراق دېسۇن،
قىلمايىن ئۆزلۈكىنى فەنا ھەرگىز.

ناقىسنىڭ «12 مۇقام» نىڭ تەپسىلىي تىزىملىكىنى مۇنداق خاتىرىگە ئېلىشى، ئۇنىڭ مۇقامدىن خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قالماستىن، بەلكى كلاسسىك شائىرلار ئىچىدە مۇقامنىڭ سىستېمىلىق ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە ئۆلگىلىك رول ئوينىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ناقىسنىڭ لىرىك شېئىرىي ئوبرازلارنى خىلمۇ خىللاشتۇرۇشتىكى ماھارىتى «ھۇرۇفى ھىجا»[5] شەكلىدە يېزىلغان ئىككى پارچە غەزىلىدە ئىپادە قىلغان ھەرپىي ئوبرازلاردا قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىر «‹ئەلف›، ئەلف قامەت يۈزىن كۆردۈم قەددىم دال ئەيلەدى» دېگەن غەزىلىدە[6] ئۇيغۇر چاغاتاي ئېلىپبەسىدە بار بولغان ھەرپلەردىن 27 ھەرپنى تاللىۋېلىپ[7]، ئۇلارنىڭ بىرىنچىدىن، شەكىل كۆرۈنۈشىنى ئاساس قىلغان ھالدا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇش تەلەپپۇزىغا بىرىنچى بوغۇمى ماس بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنى تاللاش ئاساسىدا، ھىجران ئازابىدا ئۆرتەنگەن، بىر تالاي ئىسسىق سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، بىر شەخسنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شائىر بۇ غەزىلىنى:

«ئەلف» ئەلف قامەت يۈزىن كۆردۈم قەددىم دال ئەيلەدى،
«بە» باقۇر چاغدا تۈتۈپ ھەيرەت تىلىم لال ئەيلەدى.

دېگەن مىسرا بىلەن باشلاپ ئىش كۆرمىگەن، ھېسسىياتى توختىمىغان ئاشىقنىڭ قىياپىتىنى كۆرسەتكەن بولسا:

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 2 - سان، 89 - بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 2 - سان، 123 - بەت.
③ شائىر «مۇغەننى چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە» دېگەن غەزىلىدىمۇ «مۇشاۋىرەك» نى «نىش ئاۋەرەك» دەپ يازغاندىن باشقا «12 مۇقام» ناملىرىنى تولۇق ساناپ ئۆتكەن.
④ نىش ئاۋەرەك— مۇشاۋىرەك. بۇ خەتتات پاكى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن مۇشۇنداق يېزىلىپ قالغانمۇ ياكى شائىر ياشىغان يىللاردا شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنغانمۇ، بۇنى ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.
⑤ ھۇرۇفى ھىجا— ئېلىپبە تەرتىپى، ئېلىپبە جەدۋىلى.
⑥ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 2 - سان، 112 - بەت.
⑦ شېئىرنىڭ قول يازمىسىدا «فە» (ف)، «قاف» (ق) ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان مىسرالارنىڭ يوقالغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ.

...

«لام ئەلىف» قەددىم پۈكۈلگەچ ئوقى غەربال ئەيلەدى،

«يا» يىمە دۇنيا غەمىنىكىم فەنادۇر ئاقىبەت،

ناقىسا، ھىرىس ئۆتى لەبگە تەنجال ئەيلەدى.

دېگەن مىسرالارنى تۈگەللىمە قىلغان ھالدا، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئىرادىلىك كىشىگە ئايلانغان ئاشىق قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ.

شائىر «بۇ غەزەل تەرتىپى ھۇرۇفى ھىجابىرلە مەنزۇمدۇر» دېگەن ئىلاۋە بىلەن يازغان ئىككىنچى بىر غەزىلى «‹ئەلىف ئەۋۋەل چاغداكىم ئادەمنى پەيدا ئەيلەدى»[1] ناملىق شېئىرىدا يەنە شۇ ھەرپلەر جەدۋىلىدىن 25 ھەرپنى تاللىۋېلىپ[2]، ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ئوقۇلۇش تەلەپپۇزىنى مىسرالارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى، زورىيىشى، ئەقىل ـ زاكاۋىتى، ئەخلاق پەزىلىتى، تىرىكلىك مېھنىتى، ئىشقىي ھەۋىسى قاتارلىق ئىنسانىي پائالىيەت ۋە خىسلەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بىر خىل مۇناجات خاراكتېرىگە ئىگە شېئىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شائىرنىڭ، جۈملىدىن ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، يەنى، ئادەملەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئۆلگۈيىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئېتىلگەن.

شائىر ناقىس «كۆرۈندى ئەل ئاراسىدىن ماڭا بىر ئەرغۇۋان كۆڭلەك»[3] دېگەن غەزىلىدە «كۆڭلەك» ئوبرازىنى ياراتقان بولسا، «بىر پەرى جىلۋەسىدىن بولدى جاھان رەڭگارەڭ[4]» دېگەن غەزىلىدە «رەڭ» ئوبرازىنى ياراتتى. شائىر «كۆڭلەك»، «رەڭ» قاتارلىق شەيئىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن قالماستىن، بەلكى لىرىكىلىرىنى رەڭگارەڭ ئوبرازلار دۇنياسىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ناقىسنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنىلەرنى بېيىتىش ساھەسىدە ئىشلىگەن يۇقىرىقىدەك بىر قانچە خىل ئىشلىرىدىن باشقا، «قىتئەلەر» ۋە «قىتئات ۋە تەۋارىخ»، «قىتئە فىتتەئىرىخ»، «قىتئە فىلمۇزەممەتى»، «فىلمەر سىيە»، سەرلەۋھىسى ئاستىدا يازغان لىرىكىلىرىنى ساناپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ماۋزۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن يېڭىلىق سانىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن تارىخ، ھەزىلىي ئوبرازلار، كىنايىلىك ۋەقەلەرنىڭ تارىخىيلىقىمۇ بىزنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ.

شائىر لىرىكىلار، بولۇپمۇ غەزەللەرنىڭ مىسرالىرىدىكى ئەنئەنىۋى بوغۇم سانىنىڭ 7 بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولۇشتەك قائىدىدىن چىقىپ، بىر غەزىلىدە 20 بوغۇملۇق مىسرا تۈزىدۇ:

ۋىسالىڭ ئۈمىدى بىرلە كۆڭلۈمكى ئېرۇر گويا باھارى جەننەت،

فىراقىڭ ئىچرە چۈشتى بىلدى خەيال ئىكەندۇك ۋىسالى سۈرەت.

قاراڭغۇ قىلمىشى جاھاننى خالىڭكى دېمەك ئۇلغاي سەۋادى سەۋدا،

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 2 ـ سان، 113 ـ بەت.
[2] بۇ شېئىرنىڭ قول يازمىسىغا تۆت ھەرپ بىلەن باشلانغان مىسرالارنىڭ كۆچۈرۈلمەي قالغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ.
[3] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 2 ـ سان، 51 ـ بەت.
[4] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 2 ـ سان، 53 ـ بەت.

يارۇتتى دەۋران ئۆيىن جامالىڭكى دېسە بولغاي مەقامى ھەيۋەت①.

ناقىسنىڭ بۇ خىل ماھارىتىدا، بىر خىل يېڭىلىق بار. ۋەھالەنكى، كلاسسىكلار ئىجادىدا بولغان «نەفەس ۋەزنى» شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىر، ناقىس قەلىمى ئاستىدا بىزگە ئېنىقراق يازما ماتېرىياللىق قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولىمىز، ئەلۋەتتە.

دېمەك، شائىر ناقىس، شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار، ئەھمىيەتلىك، ۋەزىندار پىكىرلىرى بىلەن ئىستېداتلىق شائىر بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ لىرىك ئوبرازلارنى تاللاشتا، شېئىرىي شەكىللەرنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا، ھەجۋى ئوبرازلارنى يارىتىشتا ئۆزىگە خاس، يېڭى يول تۇتقان شائىر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى سۆزسىزكى يۇقىرىدۇر.

## 3 - ئابدۇقادىر داموللام

ئابدۇقادىر (5/1854 - 1924) ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى دېموكرات بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن، هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى.

ئابدۇقادىر كاشغەردە دۇنياغا كەلگەن.② كاشغەر، بۇخارا مەدرىسلىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. كېيىنچە مەكتەپ، مەدرىسلەردە مۇئەللىملىك، مۇدەررىسلىك قىلىپ، جامائەت خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى كۆپرەك مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا كۆرۈلگەن. ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ «سەرف نەھۋى»③، «ئىلمىي تەجۋىد»④، «ئىلمىي ھېساب»، «ئاقائىت زۆرۈرىيە»⑤، «ئاقائىت جەۋھەرىيە»، «تەلىمى سەبىيات»⑥، «فەسايىھۇل ئەنپال»⑦، «مىفتاھۇل ئەدىب»⑧، «نەسەھەتى ئاما» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.⑨⑩

ئابدۇقادىر داموللام ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ «مۇتالىئە ھىدايەت» دېگەن ئەسىرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئاڭ - پىكرىنى ئېچىش، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئابدۇقادىر داموللام يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەق، ئادالەتنى كۈيلەيدىغان، ئەينى زاماندىكى پارىخورلۇق، تۆرىچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، قاششاقلىق، مەككارلىق قاتارلىق يارىماس

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، 1 - سان، 69 - بەت.
② ش. خۇشتار «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»، 353 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى
③ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس.
④ قىرائەت.
⑤ زۆرۈر ئەقىدىلەر.
⑥ تەلىمى سەبىيات — باللار تەربىيىسى.
⑦ ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت.
⑧ ئەدەبىيات ئاچقۇچى.
⑨ ئۇنىڭ «جەۋاھىررۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
⑩ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى» (شاۋۋېنيۈەن قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان)، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 990 - بەت.

ئادەتلەرگە نەپرەتلىنىپ، شىكايەت بىلدۈرگەن شېئىر، مۇخەممەسلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر بەدىئىي تىل، ھەجۋى كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نەپسانىيەتچىلەرنىڭ يېغىرىغا تەگكەن.

ئابدۇقادىر داموللام بىر تەرەپتىن ھەق ئادالەت، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلىگەن، ئۇلۇغۋار غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە جامائەت ئەربابى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، خەلقنىڭ ئېگىنى زەھەرلەيدىغان قىلمىشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كاتتا ھادىسە بولۇپ سانىلىدۇ. شۇڭا، كاشغەر شەھەر كونا ئوردىدىكى ئۆيىنىڭ كۆتۈپخانىسىدا سۇيىقەستچىلەر تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك تراگېدىيىگە دۇچار بولىدۇ. لېكىن، ئالىمنىڭ مۇبارەك نامى ۋە شانلىق ئىدىيىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئورنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرمەكتە.

شائىرنىڭ «بۇ زاماندىن نەچچە ئەفسانە ھېكايەت ئەيلەيىن» ۋە «مېۋەنامە» دېگەن شېئىرىي ئەسەرلىرى داڭلىقتۇر.

ئالدىنقىسى مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان داستان بولۇپ[1] شائىر بۇ مۇخەممەسنى لىرىكىلىق كەچۈرمىشلەر تەرزىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ئوبرازلىق ئىپادە قىلىدىغان بىر خىل تارىخىي مۇخەممەس شەكلىدە يېزىپ چىققان. مۇخەممەستە لىرىكا بىلەن ئېپىكا، تارىخىيلىق بىلەن ئەدەبىيلىك، ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىق ئەقىلگە سىغارلىق دەرىجىدە جىپسىلاشتۇرۇلغان. شائىر مۇخەممەسنى مۇنداق باشلىغان:

بۇ زاماندىن نەچچە ئەفبانە ھېكايەت ئەيلەيىن،
كۆڭلۈمە ناقىسغە يەتكەنىن رىۋايەت ئەيلەيىن.
چەرخى مەككار ھىيلەسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچچە تەئرىف شىكايەت ئەيلەيىن.
دەر تەسەللىم بولسا مۇنسىق زىخرەد ئەھلى زەمان.

دېمەك، شائىرنىڭ مۇخەممەسنى يېزىشتىكى مەقسىتى تارىخنى ئەسلەش، شۇنداقلا ئاچچىق ساۋاقلار، پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەر، مەسخىرىلىك مەغلۇبىيەتلەر، قايغۇلۇق تۇرمۇشلارنى ئىبرەت قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئۇ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغان، نەپسىنى يىغىپ، ئىنساپنى دوست تۇتقان، ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىققان، ھالال ئەمگەك قىلغان، رەھىم شەپقەتلىك بولغان، ئەدەپ - ئەخلاق يولىنى تۇتقان كىشىلەرنىڭ نام - نىشانى، شانۇ شەۋكىتى زىيادە بولۇپ، تىللاردا داستان قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر بولسا، نام - نىشانسىز، ئىز-دېرەكسىز دۇنيادىن كېتىپ قالغانلىقىنى نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر بۇ شېئىردا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تارىخىي ۋەقەلەرگە يانداشتۇرغان ئاساستا دەۋر ۋە زاماندىن شىكايەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ شانۇ شەۋكەتلىك كىشىلەر دەۋران سۈرۈپ

① مۇخەممەس جەمئىي 118 كۇپلېت، 598 مىسرا. «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى، 1 - سان.

ئۆتتى، ئەپسۇسكى ئۇلار ھازىر بارمۇ، بۇ «زامان» ئۇلۇغلارنى، كاتتىلارنى ئۆتكۈزگەن، ھەممىسى ئۆتكەن، ھۆنەرۋەن ـ كاسىپ، ھامبال ـ خىزمەتچى، چاكارلارنىمۇ ئۆتكۈزگەن. ئادەم، دۆلەت، بايلىق، ئابرۇي، خىزمەت ھەممىسى ئۆتكەيدۇ، پەقەت قالىدىغىنى «زامان» دەيدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:

پەھلىۋانلىق نامى مەشھۇر زال ئىلە رۇستەم قەنى،
ئول سەخىلىق بىرلە مەشھۇرمال ئىلە ھاتەم قەنى،
ئىشق ئارا مەۋسۇفدۇر فەرھاد ئىلە شىرىن قەنى،
ھەم سىفەت بولغاي داغى لەيلى بىلەن مەجنۇن قەنى،
شاھ ـ گاداي ھەم ئاشىقۇ مەئشۇقنى ئۆتكەزگەن زەمان.

تۆت مىڭ ئۈچ يۈز ئالتە يىل ئىچرە بۇ شاھلار ئۆتتىلەر[1]،
ھەر ئىشنى ئالەم ئىچرە خاھىشچە ئەتتىلەر.
تويمادىلەر قابىزۇل ـ ئەرۋاھ كۆنىدە يەتتىلەر،
چارە تاپماي ئاھۇ ئەفسۇس بىرلەر بىر ـ بىر كەتتىلەر.
بىر ـ بىر ئارقا بويلە ئىقلىمگەرنى ئۆتكۈزگەن زەمان.

ئابدۇقادىر داموللام زامانىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىپ، قانۇنىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەل ـ يۇرت بېشىغا مۈلچەرلىگۈسىز دەرد ـ ئەلەم كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

يۈز تۈمەن ئەفسۇس، خىجالەتلىك بىلە قاتمىش باشىم،
ئايغالى ھېچ كارى خەيرىدىن ماڭا يوق قىلمىشىم.

شائىر يەنە «غافىلا، تېز ئويغىنىپ ئۆتكەن ئۆمۈر ھالىڭغا باق» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى تەقدىرى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا دالالەت قىلىدۇ، ۋە:

ۋەقتىنى بىلگىل غەنىيمەت ۋەسىف ئىلە شكۈەڭنى قوي،
بىئىرادە بولماغاي ھەر ئىشكى ئەفسانەڭنى قوي،
سەئيى كەتكىل چىقىپكىم خانەۋۇ مانىڭنى قوي،
ئۈستىگە ئانىڭ ئۆزۈڭ بىرلە يەنە زاتىڭنى قوي،
ۋەقتىنى بىلگىل غەنىيمەتكىم، تۈزەلمەس بۇ زامان.

دېگەن ئوتلۇق، جەڭگىۋار مىسرالار ئارقىلىق، خەلقنى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل جەڭگىۋار مىسرالىرى بىلەن تولغان شېئىرى شىنجاڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

«مىۋەنامە» ـــ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىمۋوللىزملىق مېتود بويىچە يازغان مەسەللىك

---

[1] شائىر بۇ يەردە ئىران شاھلىرىنىڭ تارىخىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى كېرەك.

داستانى[1]. شائىر داستاندا ئۆجمە، جىنەستە، ئۆرۈك قاتارلىق 17 خىل مېۋىنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش شەكلى ئارقىلىق، ئۇلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان پوچىلىق، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق قىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىتتىپاقسىزلىق، باشباشتاقلىق قىلمىشلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، زەرداب يۇتۇشنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى سۆزلەيدۇ، ئاخىرى خورمىنى شاھ، باشقا مېۋىلەرنى دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرى قىلىپ بەلگىلەپ، ئەل - يۇرتنى تەرتىپكە چۈشۈرۈپ، ئىناق، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ھەممىنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولى جارى بولىدىغان ئىجتىمائىي ئۇيۇلما بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. مەسنەۋى شەكلدە يېزىلغان بۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن مېۋىلەر ئوبرازىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئىجتىمائىي پېكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن، ئىلگىرىكى شائىرلار يازغان قوشاق شەكلىدىكى «مېۋىلەر مۇنازىرىلىرى» داستانلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ، شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پېكىرلىرى ۋە دەۋرنىڭ ئېقىمىغا قارشى كۆزقاراشلىرى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلغان. دېمەك، ئابدۇقادىر داموللام ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتچىسى ۋە ئەدىبى.[2]

## § 9 . ھۈسەيىنخان تەجەللى

### 1 - تەجەللىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى (1856 - 1925)[3] قاغىلىق ناھىيىسى زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىدىكى ئۆلىما، تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۈسەيىنخان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىدە ئالغان. كېيىن، دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ۋە دېھلى شەھىرىدىكى «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپىھان دارىلفۇنۇنى»دا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇنى»دا ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگەنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان. ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «مەۋلەۋى»[4] دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ھۈسەيىنخان مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، ئىستانبۇل، ھەتتاكى روسىيىدىكى بەزى شەھەرلەرگىچە بېرىپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە ساياھەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان. ھۈسەيىنخان ھەج ۋە ئوقۇشنى

---

① داستان جەمئىي 307 مىسرا «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى، 1 - سان.
② «ئۇيغۇر پېداگوگ ئابدۇقادىر داموللام»، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» 4 - توم، 3424 - 3425 - بەتلەر، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى.
③ تەجەللىنىڭ يىلنامىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بۇ يىلنامە «نەسەبنامە»دىن ئېلىنغان.
④ ئۆز دەۋرىدە ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان.

تۈگىتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگە كەلگەندە، ئانىسى بىبى گۈلسۇم بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەركەن دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتۇلى كېچىكىدىن ئۆتۈشتە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولغان. ھۆسەيىنخان يول ئازابىدىن غەم ـ قايغۇغا چۆمگەن ھالدا يەركەنگە كېلىپ، توغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ۋە يەركەندىكى «يېشىل مەدرىسە»گە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. ھۆسەيىنخان «كابۇل دارىلفۇنۇنى»دا ئوقۇشنى تاماملىغاندا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئۆلپەتداشلىرى ئۇنىڭغا «تەجەللى ـ مۇجەللى»① دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ نامى «تەجەللى» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. تەجەللى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بىلىمى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ئارقىلىق يەركەندىكى بىلىم ئەھلىرىنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولدى. لېكىن، بەزى خۇراپىي موللىلار ۋە مۇتەئەسسىپلەر تەجەللىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلايدۇ. گەرچە بۇنداق پىتنە ـ پاساتلار تەجەللىنىڭ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئازابلاپ، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدى. تەجەللى مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆتكۈر ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. لېكىن تۆھمەتچىلەر ھۇجۇمىنى توختاتمايدۇ. ئۇلار تېخىمۇ رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تەجەللىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە چېقىشتۇرۇپ قارىلايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى تەھدىت ئاستىدا قالىدۇ. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قاغىلىقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات مۆتىئەللا ئەلەم ئاخۇنۇم يەركەنگە كېلىپ، تەجەللىنى قاغىلىققا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. مۆتىئەللا ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىگە قازىلىق، مۇفتىلىق، مۇدەررىسلىك...كە ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ بىرەرىنى ئىشلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. بىراق تەجەللى خالىراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلمىي ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكلىپلەرنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانا يۇرتى زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىگە ماكانلىشىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بورا كەنتىگە كۆچۈپ، ئۇ يەردە تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆتامغا (ھازىرقى كىلياڭ يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا) كۆچۈپ كەلگەن. كېيىن يەنە قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، شىر ئېرىق (شور ئېرىق) كەنتىدە ماكانلاشقان. تەجەللى بۇ يەردە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. بۇ جەرياندا قاغىلىق مەدرىسلىرىگە كىرىپ، مۇدەررىسلىك قىلغان. كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان. تەجەللى جامائەتچىلىككە دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلانغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقان. جۈملىدىن ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھىندى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان، ھەتتا خەنزۇ تىلىدىمۇ بەزى شېئىرلارنى يازغان. تەجەللىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولغانلىرى مۇنۇلار: «بەرقى تەجەللى»—بۇ توپلام ئۇيغۇر، ئەرەپ تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن.

① تەجەللي — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، چاقناپ تۇرغان نۇر دېمەكتۇر؛ مۇجەللى — بۇمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى دېگەنلىكتۇر.

ئۇنىڭغا ئىمان تەۋھىدىنىڭ دەلىللىرى شەرھلەنگەن قەسىدىلەر، مەرسىيەلەر، مۇھەببەت غەزەللىرى ۋە ساتىرالار كىرگۈزۈلگەن[1]. «سەبەقى مۇجەللى» — بۇ توپلامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان قەسىدىلىرى كىرگۈزۈلگەن[2]. «دىۋان ئەرەبى» — بۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئارۇز ۋەزنىنىڭ رۇبائىي ۋە قىتئەلەردىن ئىبارەت. توپلام ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسىمغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان قەسىدىلەر؛ ئىككىنچى قىسىمغا، ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر، شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان مەدھىيىلىرى، قىسمەن ھەجۋى شېئىرلار، مۇھەببەت غەزەللىرى، مەرسىيەنامىلەر كىرگۈزۈلگەن[3]. «تۆھبەتۇل بەررەين»[4] بۇ توپلامدىكى قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلىدا، بەزىلىرى پارس تىلىدا يېزىلغان. توپلامدىكى ئەسەرلەر بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلغان مەدھىيە، زاماندىن شىكايەت، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، سۇلتان ئابدۇلھەمىت خانغا مەدھىيە، مۇتەئەسسىپلەر ھەجۋى قىلىنغان ساتىرا...لاردىن ئىبارەت[5][6]. «مەجمۇئەتۇلقەسائىد»[7] — بۇ مەرسىيە ۋە قەسىدىلەردىن ئىبارەت[8]. «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا مەدھىيە) بۇ ئۇيغۇر، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت.[9] «تىلسىم ئىشق»[10] — بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە غەزەللەردىن ئىبارەت[11]. «"قۇرئان"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، بۇ 1910 - يىلى ئىشلەنگەن[12].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەجەللىنىڭ «ساقەنامە»، «مۇراققى كەلىمە شەرف» ناملىق كىتابلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئالىمنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن 17 قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل ئېمىدىكى ئەسەرلىرى، دوستلىرىغا يازغان سالام خەتلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىسلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىنىپ ئوقۇتۇلغان. 1896 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە ئاتۇشتا «ھۇسەينىيە مەكتىپى» قۇرۇلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تەجەللى مەدھىيە شېئىرى يېزىپ، مەكتەپ سالغۇچى ئۇستىلارغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتقان.

تەجەللىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە جەملەنگەن «باياز»لارغا كىرگەن. 1908 - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «مىفتاھۇل ئەدەب»[13] ناملىق كىتابقا ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ لوقمان ھاكىمنىڭ «تېببىي ئەزەم» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى — سەبەق مۇجەللى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1899 - يىلى كاشغەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» مەتبەسىدە بېسىل-

---

① بۇ توپلام ھۇسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋۇدىن بايلارنىڭ خىراجىتى بىلەن كاشغەردە، تاش مەتبەدە بېسىلغان.
② بۇ توپلاممۇ يۇقىرىقى توپلام بىلەن بىرلىكتە بېسىلغان.
③ تەجەللى بۇ شېئىرلارنى ۋاپاتىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا تاپشۇرۇپ، پۇرسەت تېپىلغاندا نەشر قىلدۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ بۇ شېئىرلارنى رەتلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان. بۇ قوليازما ھازىرمۇ بار.
④ «ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە» — تۈركىيىنىڭ بىر قىسمى ئاسىيا قىتئەسىگە، يەنە بىر قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.
⑤ توپلامنىڭ ئەسلى قول يازمىسى ھازىر بار.
⑥ شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى م. مامۇدنىڭ تەييارلىشى بىلەن «تەجەللى شېئىرلىرى» دېگەن نام بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى نەشر قىلىندى.
⑦ قەسىدىلەر توپلىمى.
⑧ بۇنىڭ ئازراق بىر قىسمىنىڭ قول يازما نۇسخىسى ساقلانغان.
⑨ بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يوقالغانلىقى ئېيتىلىدۇ.
⑩ سىرلىق مۇھەببەت.
⑪ بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يوقالغانلىقى ئېيتىلىدۇ.
⑫ شۇنىڭ نۇسخىسى دەۋرىدە يوقالغانلىقى ئېيتىلىدۇ.
⑬ ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى دېگەن مەنىدە.

غان. كېيىن بۇ توپلام «دىۋانى تەجەللى» نامى بىلەن بولغارىيىدە نەشر قىلىنغان. تەجەللىنىڭ خەمسىگە ئائىت كىتاب يازغانلىقى مەلۇم.

مەشھۇر ئالىم تەجەللى خاسىيەتلىك ھاياتىدا قىممەتلىك ئەمگەك ۋە ياخشى نام ـ سۆھرەت قالدۇرۇپ، 69 يېشىدا كېسەللىك سەۋەب بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى كاسكى مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.[②①]

## 2 ـ تەجەللىنىڭ شېئىرلىرى

تەجەللىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ئىچىدە شېئىرىي ئىجادىيىتىمۇ چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى تېمىلار بويىچە شېئىر يازىدىغان مۇتەپەككۇر شائىر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپرەك غەزەل، قەسىدە ۋە نامە (خەتنامە، سالام خەت) ژانىرى شەكلىدە يېزىلغان. تىل جەھەتتە ئەرەب، پارس، ھىندى تىللىرىدا ھەم ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلغان.

تەجەللىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرى ئەينى چاغ ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئۆلگىسىدۇر. شائىر ئۆزى ئىجادىيىتىدە ئىدىيە جەھەتتىن شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى، يەنى فېئوداللىق ئاسارەت، دىنىي خۇراپات، خەلق بېشىغا كېلىۋاتقان زۇلۇم ـ زەخمەت، جاپا ـ مۇشەققەتنى پاش قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، فېئودالىزمغا بولغان نارازىلىقنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئالىم سۈپىتىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەرغىب قىلدى. خەلقنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. بەدىئىي جەھەتتە بولسا كلاسسىك ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ قەسىدە ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ[③].

شائىر شېئىرلىرىدا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مەسىلە ئەينى دەۋر فېئودالىزم ئەدەبىياتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان تەسەۋۋۇپنىڭ ئايرىم سۇلۇكى تەشەببۇس قىلغان «ئىنسانلار ئۆزى ياراتقان ماددىي نېمەتلەردىن پەقەت بايلار، فېئوداللار، ئەكسىيەتچى روھانىيلارلا پايدىلىنىش، مېھنەتكەش خەلق پايدىلانماسلىقى كېرەك» دېگەن سەپسەتىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم تەڭ پايدىلىنىشى كېرەك دېگەن ئىلغار ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈردى:

كېرەلىم گۈلۈستانە زەۋق ساباتەك،
ۋېرەلىم گۈلەزەۋق راھەت كۆرەلىم.
باھاردا ۋەفا يوق، غەنىمەتتۇر ئولكىم،
چىمەن ئىچرە بىر بەزمە ئىشرەت قۇرەلىم.

(گۈلىستانلار ئارا زەۋق سۈرگەن سابادەك كىرىپ، گۈللەرگە زەۋق بېرىپ، زوقلىنىپ راھەت كۆرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق، ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت

① ئا. م. ھاجى «تەجەللى ـ مەجەللى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى.
② م. م. مۇھەممەدى «ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىل 4 ـ سان.
③ لى. ئەھمىدى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىكى نامايەندىلەر»، 293 ـ 294 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

بەزمىسى قۇرايلى)

شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا رېئال دۇنيا ۋە كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان ئىنتىلىشى ئىزھار قىلىنغان.

تەجەللىنىڭ «سەنسىز ئولسام باغ ئارا» ناملىق شېئىرى يۇكسەك ئىدىيۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن شېئىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىر مۇنداق باشلانغان:

سەنسىز ئولسام باغ ئارا ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

ئى نەھالى ھۆسنى لۇتفۇڭ سايەسىن باشىمغا سال،
كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمۇمىدىن خازان ياپراغىدۇر.

يۈز تۈمەن ئەرمان زىمىنى كىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئىرۇر،
دەرد ئاڭا ساھىب تەسەررۇپ، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.

(سەن بولمىساڭ باغ ئىچىدە يۈرگىنىم بىلەن ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تېغىدۇر. سەن بىلەن تاغدا بىللە يۈرسەم ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر.

ئەي ھۆسنى جامالىڭ ياش كۆچىتى مەرھەمىتىڭنىڭ سايىسىنى بېشىمغا سال، چۈنكى ئىشقىڭنىڭ سەمۇنى (ئىسسىق شامال) دىن يۈزۈم غازاڭدەك قۇرۇپ كەتتى.

مېنىڭ كۆڭلۈم يۈز تۈمەن ئارمان ـ ھەسرەتنىڭ جايى بولۇپ قالدى.

دەرد ـ ئەلەم كۆڭلۈمنى ئىگىلەپ ئالدى، غەم ـ قايغۇ شېرىك ـ ھەمرايى بولدى.)①

بۇ يەردە شائىر «گۈزەل يار» دىن ئىبارەت لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى تەڭداشسىز مەھبۇب، پۈتۈن ئوي ـ خىيالىنى ئىگىلەپ ئالغان، ھايات ياشىشىنىڭ بىر ـ بىردىن سەۋەبكارى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىيا ـ سىي كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر مۇھەببەت تېمىسىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئەينى چاغدىكى ئەزگۈچى ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، تەجەللى لىرىكىلىرىدىكى «گۈزەل يار» ۋە ئۇنىڭ ئاشىقى ئۆز زامانىسىدا ھېچقانداق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا ھىجران ئازابىنى چەككۈزۈپ، ۋىسالىغا يېتىشنى توسۇپ تۇرغان «سىياسىي تام» دەل فېئودال چىرىك سىياسىي تۈزۈمدىن ئىبارەت.

تەجەللىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «ئاشىق» «گۈزەل يار —مەشۇق» (خەلق) ۋىسالىغا (سىياسىي ئەركىنلىككە) يېتىشكە قەتئىي بەل باغلىغان ئۈمىدۋار ۋە جەڭگىۋار قەھرىمان. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى «كۆڭلۈم قەدىدىن ئافەتۇ» ناملىق شېئىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تەجەللى بۇ شېئىرىدا «كۆكلۈم يارنىڭ بوي تۇرقىدىن ئاپەت ۋە چېچىدىن كىشەن ئىزلەيدۇ. مەنسۇر ھەللاجى بولدىمىكىن دار بىلەن ئارغامچا ئىزلەيدۇ... كىمكى تاش يۈرەك گۈل بەدەن يارنى ئىزلىسە، باغرىنى تاشقا ئۇرۇپ ماڭا ئوخشاش قان يۇتىدۇ... ئۇنىڭ شېرىن

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 618 ـ 619 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى

لېۋىگە جانۇ ـ دىلىم بىلەن مايىل بولىدۇ، شىرىننى خۇسرەۋ بىلەن تاغ كەسكۈچى پەرھاد ئىزلىگەندەك... كۆڭلۈم يەنىلا مەسلەرچە سۈرە يۈسۈپنى ئوقۇيدۇ، يەنى ئەي گۈلدىن كۆيىنەك كىيگەن مەي تۇتقۇچى كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ. كىمكى ئېھسان ئىگىسىنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنى ئىزلىسە، مۇنداق رەھىم ـ شەپقەت گۈزەل سەنەمسىز ۋە گۈل رەڭلىك مەيسىز بولمايدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق، ۋىسال ـ ھۆرلۈك يولىدا قاتمۇقات قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قىلچە مىننەت قىلمايدۇ ھەم تەمتىرەپ قالمايدۇ، بەلكى مىننەتنىڭ كۆزىگە سانجىلغانىكەن كەبى مەزمۇت تۇرىدۇ، ھەتتا غايىۋى گۈزەل يار ـ ھۆر مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن مەنسۇر ھەللاجى، پەرھاد، يۈسۈپ (يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام) غا ئوخشاش ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشقا تەييار تۇرغان، ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە يۈكسەك شىجائەتكە ئىگە قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«قارا قەسىدىسى» . بۇ «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ياكى «قارا ۋە ئاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەجەللىنىڭ سىياسىي شېئىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاراشلىرى روشەن ھالدا ئىپادە قىلىنغان.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرى شەكىل، ژانىر تەرەپتىن «نامە» (سالام خەت) ژانىرىغىمۇ تەۋە بولۇپ، ئۇنى نەزەر ئاخۇنۇم دېگەن بىر دوستىغا خەت شەكلىدە يازغان. كېيىن «بەرق تەجەللى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

قەسىدىدە «قارا» رەڭ ئوبرازى سەلبىي ۋە ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. سەلبىي ئوبراز قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن قارا رەڭ شائىر ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ مۇدھىش، قاباھەتلىك، زۇلۇم ئىچىدىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈس ئالغان. شائىر بۇ پىكىرنى خەپفاش (شەپەرەڭ) ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

مەلۇمكى، شەپەرەڭنىڭ بىرىنچىدىن پۇتى يوق، ئىككىنچىدىن ئۇنىڭ كۆزى كۈندۈزدە كۆرمەيدۇ، ئەمما كېچىدە ئۇنىڭ كۆزى ھەممىدىن ئۆتكۈر. قاراڭغۇ كېچىدە تالادا ياتقان بىر تال چىۋىننىمۇ كۆرەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆز پەردىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. شۇڭا ئۇ كۈندۈزى ئەسكى تام يوچۇقلىرىدا ئۇخلاپ، كېچىدە ئوۋغا چىقىدۇ. شۇڭا، كۈندۈزنى ئەمەس، كېچىنى ياخشى كۆرىدۇ. نۇرنى ئەمەس، قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ.

شائىر بۇ يەردە قاراڭغۇلۇقنى يۇقىرى دەرىجىدە ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەيدۇ، يەنى ئاپتور ھەممە ئۈچۈن يورۇق كۆرۈنگەن كۈندۈزلا ئەمەس، ھەتتا شەپەرەڭ ئۈچۈنمۇ يورۇق كۆرۈنگەن قاراڭغۇ كېچە كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى دېيىش ئارقىلىق ئۆزى ياشاپ تۇرغان زۇلمەتلىك ئىستىبدات جەمئىيەتنى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ سۈرەتلەيدۇ.

شائىر شېئىرىي ئوبراز يارىتىشقا تولىمۇ چېۋەر بولۇپ، ئۇ «قارا» ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ توپ غايىسىنى ۋەزمىن ئاھاڭدا ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ، يەنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە گۈزەل كېلەچەكنى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن قاراچاچلىق، قارا قاشلىق «گۈزەل يار»غا ئوخشىتىدۇ. بۇ جايغا كەلگەندە «قارا» رەڭ سىمۋوللۇق سەلبىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى ئىجابىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. تەجەللى «قارا» رەڭنىڭ ئىجابىي مەنىسىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇ ئادەملەرنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ، تەڭرىنىڭ سۆزلىرى ھەم ئېتىقاد چۈشەنچىلەر ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر قىلىدىغان تەسۋىرى مىسرالارنى يازىدۇ، مەسىلەن:

«تەگرىنىڭ سۆزى قارا خەت ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدۇ، بىلىمدان كىشىلەرگە رەڭنىڭ قارا بولۇشى ئەيىب ۋە نومۇس ئەمەس؛

رىۋايەتلەردە شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى بەخت يۇلتۇزىدۇر.

ئاشۇ بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قارا، بۇ يۇلتۇز ۋاقتىدا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە «چوڭ قارىنى (زور كۆپچىلىك مەنىسىدە) ئىختىيار قىلىڭلار»، دېدى، شۇڭا مەن خالايىق ئىچىدە ساڭا ئوخشاش ئاق يۈزلۈك قارىنى خالىدىم.

......

بىر تاش باركى ئۇنى ئۇپسا مومىنىڭ يۈزى ئاقىرىدۇ، شۇ تاش كەئبىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تەگرى ئۇنىڭ رەڭگىنى قارا قىلغان.

كۈندۈز ئاق كېچە، كېچە قارا، كېچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قۇرئاندىن كۆرگىنكى، كېچە ئالدىدا، كۈندۈز ئاخىرىدا بايان قىلىنغان.

ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان. ئابى ھاياتنىڭ بۇلىقىمۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ئىدى.»

......

شائىر ئۆزىنىڭ «قارا» رەڭ توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى قارىشىدا ھادىسىدىن ھالقىپ ماھىيەتلىك پىكىر قىلىشقا بۇرۇلىدۇ. چۈنكى، ماھىيەت «شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتى»، «شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى»غا قارىتىلغان؛ ھادىسە بولسا «شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرى»، «شەيئىلەرنىڭ تاشقى باغلىنىشلىرى»[1]دىن ئىبارەت. ماھىيەت شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى، بىر قەدەر مۇقىم، تۇپلۇك، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرگە ئىگە نەرسە، ھەممە شەيئىلەرنىڭ خاركتېرىنى ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بەلگىلەيدۇ. ھادىسە بولسا شەيئىلەر ماھىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىسىگە قارىتىلغان[2].

شائىر تەجەللى «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش» ئۇسۇلى بويىچە، قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك جەمئىيەتتىكى قارا كۈچلەرنى ۋە ئىستىبداتلىقنى، جۈملىدىن جاھان يۈزىدىكى «قارا»نى يوقىتىپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن «قارا»نىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندىن باشقا، «ئاق» رەڭ سىمۋولى ئارقىلىق كۆيۈۋاتقان يالقۇنلۇق ئوتقا ياغ چېچىپ بېرىدۇ:

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قاراتۇن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناقى بىرلە تار - تار.
چەشمەئى خورشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ
يۈز - يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

[سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەندى ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گورۇھى — قاچتى. قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تۈننى قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال - تال قىلىپ يىرتىۋەتتى. قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى

---

① «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» بىرىنچى توم، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى، 541- بەت
② «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، 1 - قىسىم، 335 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

قارىنى (قاراڭغۇنى) يۇيۇپ سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى]

بۇ يەردىكى قاراڭغۇ تۈننىڭ يۈزىدىكى قارىنى نۇر تىرنىقى بىلەن تالا - تالا قىلىپ يىرتىپ ئالەم سەھنىسىدىن قوغلىغۇچى «ئاق نۇر» (قۇياش) خەلق ئىنقىلابىنىڭ؛ قارىلىقتىن تازىلانغاندىن كېيىنكى ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك روشەن كۆرۈنگەن «سۇبھى» كېلەچەك يورۇق كۈنلەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنىڭ؛ خۇددى قارا ئەتلەستىن يۆركەنچە كىيىۋالغاندەك پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان «قارا تۈن» — قاراڭغۇلۇق باسقان كونا جەمئىيەتنىڭ؛ «قارا گۈرزە» ۋە «قارا» مۇستەبىت زالىم كۈچلەر ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان زۇلۇمنىڭ سىمۋولىدۇر[1].

ئوپتىمىستىك ئاڭغا ئىگە شائىر تەجەللىنىڭ «قارا» رەڭنى مۇنداق ھەر خىل پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئىزاھلاپ، ئۇنى يۇقىرى ئاھاڭدا مەدھىيىلىشى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەقسەتدارلىققا ئىگە. مەلۇمكى، «قارا» رەڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋر، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەم مەدەنىي ئالاقىلەر ھادىسىلىرىدە خىلمۇ خىل مەنە قاتلىمىغا ئىگە بولغان. شائىر تەجەللى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئىجتىمائىي قاراشلىرىدىكى «قارا» رەڭ چۈشەنچىسىنى كۆپ قىرلىق ئوبراز ۋاسىتىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگىنىدە، ئۇنىڭ سەلبىي مەنىسىنى يۈزەكى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئوبرازلىق پىكرىدە تەدرىجىي بۇرۇلۇش ياساپ، «قارا» رەڭدىكى تەبىئىي ياخشى خىسلەت، گۈزەل سېھرىي قۇدرىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئىنسان باللىرىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق ئوبرازغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولىنى ئاچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھبۇبىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەللىكى ئۇنىڭ كۆزى، قېشى، مېڭى، چېچىدىكى تەبىئىي قارىلىق دېيىش ئارقىلىق «قارا» رەڭ «ئاق»تىن گۈزەل دېگەن بەدىئىي خۇلاسىنى چىقىرىپ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كېلەچەك زامانىنىڭ سىمۋولى بولغان «گۈزەل يار»غا ئىشقىي مۇھەببىتىنى بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشكە تەشنا بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور ئارزۇ قىلغان كېلەچەك زاماندا، قارا رەڭ بېغىشلىغانلىقىدەك نۇرغۇن گۈزەللىكلەر ۋە ئۇلۇغ خاسىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ، تەشنا بولۇپ، چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ.

دېمەك، بۇ قەسىدىدە شائىر «ئاق» بىلەن «قارا»نى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، «قارا» رەڭنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق دەۋرنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە گۈزەل، پارلاق زامانغا بولغان تەلپۈنۈش ئىستىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىشەنچ، ئۈمىدىنى يۇقىرى ئۈمىدۋارلىق روھتا، لىرىكىلىق تۈستە بايان قىلغان. بۇ قەسىدىدە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق پارلاق ئىدىيەسى، تىل ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەللىكى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، رەڭدارلىقى، بەدىئىي ئۈمىدۋارلىقىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

---

① ئا. سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم، 2 - كىتاب، 598 - بەت، 1984 - يىلى.

# پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار


I سىياسىي يېتەكچى ماتېرىياللار

△ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، پارتىيە توغرىسىدىكى تەلىمات، ئىلمىي سوتسىيالىزم قىسمى، پەلسەپە قىسمى قاتارلىقلار. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981.

△ ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق».

II نەزەرىيىۋى يېتەكچى ماتېرىياللار

△ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

△ م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» I، I توملار تاشكەنت، 1951 - يىلى نەشرى.

△ «بېلىنىسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

△ ئا. ئۆمەر «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى

△ «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

III قوللانمىلىق ماتېرىياللار

△ «ئېستېتىكا ھەققىدە ئومۇمى بايان» (ۋاڭ چاۋۋېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىغا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى)

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىسى» ۋە «ئۇيغۇر پەيلاسوپلىرى، پەلسەپىۋى كىتابلىرى» («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «پەلسەپە» تومىغا كىرگۈزۈلگەن. 1986 - يىلى)

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقلىرى»، («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «تىل، يېزىق» تومىغا كىرگۈزۈلگەن، 1988 - يىلى.)

△ فېڭ جياڭشېڭ، چېڭ سولو، موگۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى»، ئىككى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1958 -، 1981 - يىللىرى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇر تارىخىي يىلنامىسى» (فېڭ جژ ۋېن، ۋۇ يىڭفەن تۈزگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى»، بىرىنچى قىسىم، (ليوجژشاۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1998 - يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر مىللىتى» («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «مىللەت» تومىغا كىرگۈزۈلگەن، 1988 - يىلى.)

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى» («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «دىن» تومىغا كىرگۈزۈلگەن. 1988 - يىلى نەشرى)

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە كلاسسىك ئەسەرلىرى» («جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. بېيجىڭ شۆيۈەن ئىلىم گۈلزارى نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى)

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («سوۋېت بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ XX تومىغا كىرگۈزۈلگەن، ئۇ. سايرانى تەرجىمىسى، قول يازما نۇسخا)

△ ئا. خوجا، ت. ئايۇپ، ئى. يۈسۈپ تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

△ ت. ئىلىيوپ، ر. جارى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنە-

لەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981ـ يىلى نەشرى.
△ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1 ـ سانىدىن 75 ـ سانىغىچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ 2000 ـ يىللار نەشرى.
△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، I ، II ، III توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ، 1991 ـ، 1992 ـ يىلى نەشرى.
△ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.
△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.
△ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخي پروگراممىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1979 ـ يىلى تۈزگەن، مىخ مەتبەئە نۇسخا.
△ «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» ، ليۇۋېيشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» ، (جى داچۇن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «مىللىي قەدىمكى ھۆججەتلەر ھەققىدە بايان» ، (جاڭ گوڭچىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئا. راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (شاۋۋېنيۈەن قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار ھەققىدە تەتقىقات» (جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» (دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن) خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «ئوكيانۇس» (سىخەي) ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.
△ «شىنجاڭ مىللەتلەر بىلىملىرىدىن قوللانما» ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان) ، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، جىڭ جۇۋ، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە.
△ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى سىستېمىسى» (ليۇبىن، جاڭ خوڭچاۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) 1 ـ، 2 ـ، 8 ـ، 10 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر» ئون بەش توپلام، (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ش ئۇ ئا ر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
△ «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخي شەخسلەر» ، (گۇباۋ نەشرگە تەييارلىغان) ، تۆت قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.
△ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى تۇرمۇش تارىخى» (شۆزۇڭجىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

III باشقا ماتېرىياللار

△ ئا. ۋون. گاباشن «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي ئەدەبىيات» «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ

ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»، ش ئۇ ئا ر مۇزېي تۈزگەن، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا.

△ ر. ر. ئارات «ئەسكى تۈركچى شېئىرلار»، 1975 ـ يىلى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

△ ر. گىرائۇد (فرانسىيە) «شەرقىي تۈرك خانلىقىغا دائىر مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە تەتقىقات»، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۆز ۋرىدا تۈزۈلگەن) ئالمۇتا پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

△س. گ. كىلياشتورنى «قەدىمكى رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، خې لوڭجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى، خاربىن، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

△ ئا. بېرنىشتام (روسىيە) «ئورقۇن-يەنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، I توم، تاشكەنت، 1978 ـ يىل.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئا. ھاسانوۋ، س. موللايېدوۋ تۈزگەن)، ئالمائاتا مەكتەپ نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەر نىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۆزۇرىدا تۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

△ ئا بىئو تاكئو (ياپونىيە) «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»· (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەدەبىيات ـ تەتقىقات گۇرۇپپىسى، 1980 ـ يىلى، 3 ـ ئاي، مىخ مەتبەئە نۇسخا.

△ ئى. تۇرسۇن «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىلى 1 ـ سان.

△ ش. ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ ۋ. غوپۇر، ئە. ھۈسەيىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى، 1982 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987ـ يىلى نەشرى.

△ لى گوشاڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى 1982 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان. لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ليۇ جىڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

△. م. يۈسۈپ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ۋاھىتجان قاتارلىقلار، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، (ماقالىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر» (ماقالىلەر توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ گىڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئوچېركلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ گىڭ شىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ئا. ساىىد «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» .تۆت توملۇق، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان.

△ ھ. مەخسۇت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» «فوداۋ (كولتىناتسىيە) —لېكسىيە ماتېرىياللىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى 1983 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان.

△ ھ. مەخسۇت، غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» («ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى)

△ ئا. تۇردى، ئە. تاتلىق قاتارلىقلار «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» I تومىغا كىرگۈزۈلگەن، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ئا. تۇردى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ سانلار.

△ ھ. ئەھمەد «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ، 1993 ـ يىلى نەشرى.

△ جو شاۋزۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى»، سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» (تېزىسلار) («ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى. تىل ئەدەبىيات ئاساسلىرىدىن تېزىسلار» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى 1987 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان).

△غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ ش. ئۆمەر «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى.

△ ليۇ جىژشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشرى.

△ ھ. ئەھمەد «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، 1980 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا، «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ئە. زىيائى «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ لىن گەن «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى. كۆكخوت، خەنزۇچە.

△ ياڭ شىڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ لىن گەن، گاۋزىخۇۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

△ ئى. تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

△ ئە. بايتۇر. غ، سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990ـ يىلى نەشرى.

△ ئا. راخمان «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تونۇلغان ھېسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى.

△ ئا. ت. ئۆتكۈر «خەزىنىلەر بوسوغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

△ م. زەيدى «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

△ چېڭ سولو «تاڭ، سوڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخي ماقالىلىرى توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992 - يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇلغان.

△ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1993 - يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇلغان.

△ ماشۇلىياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى»، مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

△ ئى. ئەھمىدى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

△ ئى. تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

△ لىن مېيسۇن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى خەنزۇچە.

△ ش. ئۆمەر «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

△ ش. ئۆمەر « X IX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ئۈچ قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

△ ياڭ لېيەن «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت شائىرلىرى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ گو پىڭ لياڭ «ئۇيغۇر تارىخى كۆرسەتكۈچى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ شياۋ جوڭيى «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ نيۇروچى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ گېڭ شىمىن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ «ئۇرقۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ لى زىڭ شياڭ، مەمەترېھىم، جاڭ تيېشەن «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

△ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: راھىلە رامىزان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئادىلجان ئايىت

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئادىل ئېزىز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/16 باسما تاۋىقى: 28.5
2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3,000
ISBN7—228—06215—9/D・689
باھاسى: 38.00 يۈەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: راھىلە رامىزان
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئادىلجان ئايىت

**ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات مەخسۇس كۇرس دەرسلىكلىرى**

- پەلسەپە
- شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى
- ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
- ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى
- يېزىقچىلىق بىلىملىرى
- جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى
- چەت ئەل ئەدەبىياتى (ياۋروپا - ئامېرىكا قىسمى)
- ئومۇمىي لوگىكا
- ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى
- ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى
- جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى

ISBN 7-228-06435-6
9 787228 064359 >

ISBN7 - 228 - 06435 - 6
I · 2389 定价: 38.00 元